
لى يەنشۇ

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى

...دىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ
ئىزاھلىق توپلىمى — 6

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى
ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات
ئورنى نەشرگە تەييارلىدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



TURAN KİTAPLIĞI

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ...................................................... 1

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 1 ـ جىلد ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( I ) ........... 1

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 2 ـ جىلد ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( II ) ........... 8

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 3 ـ جىلد ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( III ) ......... 26

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 4 ـ جىلد ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( IV ) ......... 33

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 5 ـ جىلد ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( V ) ......... 40

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 6 ـ جىلد ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( I ) ......... 44

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 7 ـ جىلد ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( II ) ......... 47

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 8 ـ جىلد ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( III ) ......... 52

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 9 ـ جىلد ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( I ) ......... 55

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 10 ـ جىلد ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( II ) ......... 75

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 11 ـ جىلد سۇي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( I ) ......... 60



**图书在版编目（CIP）数据**

北史 /（唐）李延寿著;新疆大学人文学院中亚文化研究所译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000. 12
ISBN 7—228—07729—6
Ⅰ. 北… Ⅱ. ①李… ②新… Ⅲ. 中国—古代史—北朝时代—纪传体—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ. K239. 204. 2

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2002）第 098563 号

责任编辑：艾合买提. 木明. 塔里米
阿里木江. 塔伊尔
封面设计：艾克拜尔. 萨力

**北史**（维吾尔文）
（二十四史中亚部分—6）
李延寿 著
新疆大学人文学院中亚所 译注

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐新鲁印刷商务中心印刷
850×1168 毫米 32 开本 18.75 印张
2002 年 12 月第 1 版 2002 年 12 月第 1 次印刷
印数：1 — 2,000

ISBN7—228—07729—6/K. 1075
定价：26.00 元

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 12 - جىلد سۇي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( Ⅱ ) ........ 67
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 13 - جىلد خانىشلارنىڭ تەرجىمىھالى ( I ) ........... 78
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 14 - جىلد خانىشلارنىڭ تەرجىمىھالى ( Ⅱ ) ........... 83
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 15 - جىلد ۋېي شاھزادىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى ..................... 87
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 16 - جىلد پادىشاھ تەيزۇ، تەيزۇڭ، شىزۇڭنىڭ شاھزادىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى .................................. 91
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 17 - جىلد ۋېي پادىشاھى جىڭمۇدىنىڭ 12 ئوغلىنىڭ تەرجىمىھالى ( I ) ........... 103
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 18 - جىلد ۋېي پادىشاھى جىڭمۇدىنىڭ 12 ئوغلىنىڭ تەرجىمىھالى ( Ⅱ ) ........... 105
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 20 - جىلد ۋېي گوجېن، مۇلياگلارنىڭ تەرجىمىھالى ... 106
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 21 - جىلد سۇي خاۋنىڭ تەرجىمىھالى .................... 109
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 22 - جىلد جاگسۇن شېڭنىڭ تەرجىمىھالى .................... 119
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 23 - جىلد يۇيىنىڭ تەرجىمىھالى .................... 140
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 25 - جىلد لىيۇ جيېنىڭ تەرجىمىھالى .................... 143
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 27 - جىلد تاڭ خېنىڭ



تەرجىمىھالى .................... 146
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 28 - جىلد لۇچى، خې يۈەنلەرنىڭ تەرجىمىھالى .................... 150
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 29 - جىلد سىما چۇجىننىڭ تەرجىمىھالى .................... 156
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 33 - جىلد لى سۇننىڭ تەرجىمىھالى .................... 158
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 34 - جىلد گاۋ لۇنىڭ تەرجىمىھالى .................... 166
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 37 - جىلد خەن ماۋنىڭ تەرجىمىھالى .................... 180
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 38 - جىلد پېي جۇنىڭ تەرجىمىھالى .................... 190
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 41 - جىلد ياڭ بونىڭ تەرجىمىھالى .................... 206
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 42 - جىلد چاڭ جىڭنىڭ تەرجىمىھالى .................... 212
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 46 - جىلد جاڭ پۇخۇينىڭ تەرجىمىھالى .................... 214
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 47 - جىلد يۈەن فەننىڭ تەرجىمىھالى .................... 217
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 48 - جىلد ئېر جۇرۇڭنىڭ تەرجىمىھالى .................... 224
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 49 - جىلد خومۇچېنيۈنىڭ تەرجىمىھالى .................... 225
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 50 - جىلد گاۋ گۇڭجىننىڭ تەرجىمىھالى .................... 228
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 51 - جىلد شىمالىي چى

سۇلالىسىدىكى جاۋجۇن بېگى
گاۋرۇينىڭ تەرجىمىھالى …… 230
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 52 ـ جىلد چى خاندانى
بەگلىرى تەزكىرىسى………… 233
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 53 ـ جىلد فۇ فۇنىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 238
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 54 ـ جىلد قوغۇرسۇ جىنىنىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 240
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 55 ـ جىلد ۋاڭ جۈنىنىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 246
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 56 ـ جىلد ۋېي لەنگىنىنىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 247
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 57 ـ جىلد جۇ خاندانلىقى
جەمەتى تەزكىرىسى ………… 249
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 59 ـ جىلد لى شيەنىنىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 251
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 60 ـ جىلد يۈ ۋېن گۈينىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 253
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 61 ـ جىلد دۇگۇشىنىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 254
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 62 ـ جىلد ۋاڭ ۋايجىراگان،
گۇيلارنىڭ تەرجىمىھالى …… 262
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 63 ـ جىلد سۇ ۋېينىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 264
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 64 ـ جىلد ۋېي گۇاڭنىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 266
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 66 ـ جىلد ۋاڭ يۇڭ، لى
چېڭلارنىڭ تەرجىمىھالى …… 269



«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 67 ـ جىلد لىن خۇشىنىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 271
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 68 ـ جىلد ياڭ شيۇڭنىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 272
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 69 ـ جىلد شې دىجى، ياڭ
جيەن، جاۋ ۋېنبياۋلارنىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 276
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 70 ـ جىلد خەن باۋنىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 285
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 71 ـ جىلد سۇي خاندانى
بەگلىرى تەزكىرىسى………… 287
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 73 ـ جىلد يۈن شيې، شى
ۋەنسۇيلەرنىڭ تەرجىمىھالى … 290
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 75 ـ جىلد يۈۋېن بى، لى
ئەنلەرنىڭ تەرجىمىھالى……… 299
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 76 ـ جىلد دۇەن ۋېنجېن، شۇ
شىشيۇڭلارنىڭ تەرجىمىھالى …301
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 78 ـ جىلد جاڭ دىڭخې، مەي
تيېجاڭلارنىڭ تەرجىمىھالى … 306
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 79 ـ جىلد يۈۋېن شۇنىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 309
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 80 ـ جىلد خې نا، لۇبى،
فېڭ شىلارنىڭ تەرجىمىھالى… 313
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 81 ـ جىلد جاڭ ۋېينىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 315
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 83 ـ جىلد يۈ شىجىنىڭ
تەرجىمىھالى ……………… 316
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 84 ـ جىلد چېنفۇباۋنىڭ

تەرجىمىھالى ........................ 317
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 85 - جىلد دۇەن جىن، جۇ چاڭشىڭلارنىڭ تەرجىمىھالى ... 319
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 89 - جىلد جاڭ شىڭ، شۇ بيەن، لى شۈنشىڭلارنىڭ تەرجىمىھالى .................. 322
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 92 - جىلد خې شىكەي، ئەنتۇگېنلارنىڭ تەرجىمىھالى ... 324
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 93 - جىلد قىببۇ كورۇننىڭ تەرجىمىھالى .................. 327
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 96 - جىلد دىلار تەزكىرىسى ... 344
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97 - جىلد غەربىي يۇرت تەزكىرىسى .................... 403
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 98 - جىلد جورجانلار ۋە قاڭقىللار تەزكىرىسى ......... 467
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 99 - جىلد تۈركلەر، تېلىلار تەزكىرىسى ........... 528
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 100 - جىلد لى خاۋنىڭ تەرجىمىھالى .................. 579



# كىرىش سۆز

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب مائارىپ مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەر قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن تەتقىقات تېمىسى — «24 تارىختىكى (كەڭ مەنىدىكى) ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىزاھلىق تەرجىمىسى» نىڭ 6 - باسقۇچلۇق نەتىجىسى بولۇپ، خەنزۇچە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى (كەڭ مەنىدىكى) ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ توپلىمىدىن ئىبارەت.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا مىلادىيە 386 - يىلدىن 618 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شىمالىي ۋېي (جۈملىدىن شەرقىي ۋېي، غەربىي ۋېي)، شىمالىي چى، شىمالىي جۇ ۋە سۈي سۇلالىلىرىنىڭ 233 يىللىق تارىخى خاتىرىلەنگەن. ئەسەر جەمئىي 100 جىلد، ئاپتورى لى يەنشۇ.

لى يەنشۇ شياڭجۇ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسى) دىن بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياشىغان. ئۇ دانىشگاھ ئۆلىماسى، تەپتىش بېگى مەھكىمىسىنىڭ باش دەپتەردارى، ئوردا سالنامىچىلىكى مەنسەپلىرىدە ئولتۇرغان. تاڭ پادىشاھى تەيزوڭنىڭ جېنگۇەن يىللىرىدا «سۈينامە»، «ئالدىنقى بەش سۇلالە تەزكىرىلىرى» ۋە «جىننامە» نى يېزىشقا قاتنىشىپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى كۆرۈپ مول ماتېرىيال توپلىغان. بۇ ئۇنىڭ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نى يېزىپ چىقىشىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن.

لى يەنشۇنىڭ دادىسى لى داشى شىمالىي چى ۋە سۇي سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئەمەل تۇتقان. جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر پارچىلانغاندا، ھەرقايسى سۇلالىلەر ئۆز ئالدىغا تارىخنامە يېزىپ، بىر - بىرىنى سۆكۈشكەن. جەنۇبىي سۇلالىدىكىلەر شىمالىي سۇلالىدىكىلەرنى «ئۆرۈم چاچ ياتلار» دېسە، شىمالىي سۇلالىدىكىلەر جەنۇبىي سۇلالىدىكىلەرنى «ئارالىق ياتلار» دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرقايسى سۇلالىلەر ئۆز تارىخىنى تەپسىلىي، باشقا سۇلالىلەرنىڭ تارىخىنى يۈزەكى يازغان. ھەتتا، تارىخىي پاكىتلارنى بۇرمىلايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ تۇرغان.

لى داشى بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، «ۋۇ - يۆ بەگلىكلىرىنىڭ يىلنامىسى» دېگەن يىلنامە ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىپ، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نى يېزىپ چىقىش قارارىغا كەلگەن. ئەمما، ئەسەرنى يېزىپ بولۇشقا ئۈلگۈرمەيلا ئالەمدىن ئۆتكەن. لى يەنشۇ دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن ئورىگىنال ئاساسىدا، ئەسلىدىكى يىلنامە ئۇسلۇبىنى تەزكىرە - تەرجىمھال ئۇسلۇبىغا ئۆزگەرتىپ، بۇ تارىخىي ئەسەرنى تاماملاش ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئۇ «سۇيىنامە»، «ئالدىنقى بەش سۇلالە تەزكىرىلىرى» ۋە «جىننامە» نى يېزىشقا قاتناشقان بولغاچقا، شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ تارىخى بىلەن پىششىق تونۇش ئىدى. ئۇ 16 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مىلادىيە 659 - يىلى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان.

گەرچە لى يەنشۇ مەزكۇر ئەسەرنى «ۋېينامە»، «شىمالىي چىننامە»، «جۇنامە» ۋە «سۇيىنامە» لەر ئاساسىدا يېزىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا يۇقىرىقى تۆت ئەسەردە خاتىرىلەنمىگەن نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە لى يەنشۇ يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىدەك ئارتۇقچە يۈز - خاتىر قىلىش ياكى يان بېسىش خاھىشىدا بولمىغان. شۇ سەۋەبلەرگە كۆرە، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» تارىخىي



پاكىتلارنى بىر قەدەر ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن.

شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە، كېيىنكى لياڭ خانى لۈ گۇاڭ، غەربىي لياڭ خانى لى سۇگلار غەربىي يۇرتتا غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبېگى ياكى غەربىي يۇرت چېرىكچىسى ئەمەللىرىنى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى.

مىلادىيە 386 - يىلى سىيانپىيلاردىن تۇغبات گۇي ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ۋېي ھاكىمىيىتىنى قۇردى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىمالىي جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، جەنۇب ۋە شەرققە لەشكەر تارتىپ، پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولدى. شۇ سەۋەبتىن، غەربىي يۇرتقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى. قوش، كىنگىت، پىشامشان قاتارلىق غەربىي يۇرت ئەللىرىنىڭ سالام ۋە ئولپانلىرى قوبۇل قىلىنغاندىن سىرت، غەربىي يۇرتقا كۆپ قېتىم ئەلچىلەر ماڭدۇرۇلۇپ، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. مىلادىيە 439 - يىلى پىشامشان، قوش، كىنگىت، كۇسەن ۋە سۇلى قاتارلىق ئەللەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختى پىڭچېڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قارام بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى سانغۇن خەن بانى غەربىي يۇرتنى قوغدىغۇچى چېرىكچىلىككە تەيىنلەپ پىشامشاندا تۇرغۇزۇپ، «ئۇ يەردىكىلەردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ۋىلايەت - ناھىيىلەرگە ئوخشاش باج - سېلىق ئالدى». شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پايتەختىنى لوياڭغا كۆچۈرگەندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىن كەلگەنلەرنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن پايتەختتە مەغرىب سارىيىنى بىنا قىلدى. «مەغرىب سارىيى جايلاشقان يەرنىڭ كوچا - قوۋۇقلىرى رەتلىك بولۇپ، تال - سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى»، تولىمۇ ئاۋات ئىدى. مىلادىيە 577 - يىلى، شىمالىي جۇ سۇلالىسى شىمالىي چى سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلىپ،

جۇڭگونىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ۋېي سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇپ، غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بىلەن بەلگىلىك بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلىدى. بولۇپمۇ قوچۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق بولۇپ، قوچۇ خانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئاتاق - ئۇنۋانلىرىنى قوبۇل قىلغاندى.

مىلادىيە 581 - يىلى، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ۋە لەشكىرىي ھوقۇقىنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان باش ۋەزىر ياڭ جيەن سەككىز ياشلىق جۇ پادىشاھى جىڭدىنى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇرلاپ، ئۆزى پادىشاھ بولۇپ، سۈي سۇلالىسىنى قۇردى. كېيىن، سۈي سۇلالىسى جەنۇبىي چېن سۇلالىسىنى يوقىتىپ، جۇڭگونىڭ نەچچە يۈز يىللىق بۆلۈنمە ھالىتىگە خاتىمە بەردى. سۈي سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەسىلەن، غەربىي يۇرت چېرىكچىسى ئەمىلىنى ھەمدە پىشامشان، چەرچەن، ئىۋىرغول ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلدى. مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ ياندىش بېگى پېي جۈگە غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋالىنى، تاغ - دەريا، قاتناش - ئالاقە، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئىگىلەپ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك خاتىرىسى» نى يېزىپ چىقىش توغرىسىدا يارلىق قىلدى. مەلىكە خۋارۇڭنى قوچۇ خانى چۇ بوياغا، مەلىكە شىنيىنى غەربىي تۈرك قاغانى ئىساناغا ياتلىق قىلدى. شۇ ۋەجىدىن، غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بەس - بەستە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» شىمالدىكى ۋېي، چى، جۇ، سۈيدىن ئىبارەت تۆت سۇلالىنىڭ تارىخى ئاساسىدا يېزىپ



چىقىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان قەبىلە - مىللەتلەر كۆپ، ۋەقەلەرنىڭ چېتىلىدىغان رايون دائىرىسىمۇ كەڭرى، تىلغا ئېلىنغان ئازسانلىق مىللەت كىشىلىرى ۋە ئەمەل ناملىرىمۇ نۇرغۇن، ئازسانلىق مىللەت تىللىرىدىن ئاھاڭەن تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەر ۋە ئازسانلىق مىللەتلەرگە خاس شەيئىي ناملىرىمۇ بەك جىق ئىدى. بۇلار مەزكۇر تارىخىي ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش ھەم تەھرىرلەش خىزمىتىگە زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر قوۋم نامى، يەر - جاي نامى، ئەمەل نامى ياكى كىشى ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىش، ئازسانلىق مىللەتلەر تىلىدىن ئاھاڭەن تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەرنى ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرگە خاس شەيئى ناملىرىنى ھەل قىلىش، ھەتتا ھەربىر ئىزاھنى ئىشلەش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشكە توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسەر ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي ۋەقەلىك مۇرەككەپ، ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي دەۋر ئۇزۇن بولغانلىقتىن، خاس ئىسىم ياكى ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلغاندا، ئەينى چاغدىكى تارىخىي رېئاللىقنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ھەرخىل تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلدى. ئالايلۇق، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى « 国 » لارنىڭ بەزىلىرى «ئەل» ، بەزىلىرى «بەگلىك» ، بەزىلىرى «خانلىق» ، يەنە بەزىلىرى «پادىشاھلىق» دەپ تەرجىمە قىلىندى. مۇبادا، ھەممىسى ئوخشاشلا «خانلىق» ياكى «دۆلەت» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسا، ئەينى چاغدىكى غەربىي يۇرت ھاكىمىيەتلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلمەي، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تارىخىي پاكىتلارنى چۈشىنىشىگە زور قىيىنچىلىق تۇغۇلغان بولاتتى. يەنە خەنزۇچە «公»، «侯»، «伯»، «子»، «男» دېگەن مەرتىۋىلەرنىڭ تولۇق ھەم توغرا تەرجىمىسىنى تېپىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، كېيىنكى ئۈچىگە ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ

شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان «گراف»، «ۋىكوند»، «بارون» دېگەن مەرتىۋە ناملىرى ئېلىندى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەزكۇر ئەسەر مائارىپ مىنىستىرلىكى مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەر قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن تەتقىقات تېمىسىنىڭ ئالتىنچى باسقۇچلۇق مېۋىسى بولۇپ، چىن شىمىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. خەنزۇچىدىكى ماتېرىياللارنى فېڭ شىشى تاللاپ چىقتى. ئابلەت نۇردۇن، چى چىڭشۇن، جاڭ شىجۇڭلار تەرجىمە قىلدى. ما دېيوەن بىلەن چىن شىمىڭ ئىزاھ ئىشلىدى. چىن شىمىڭ، ما دېيوەن، ئارسلان ئابدۇللالار تەھرىرلىدى. قۇربان نىياز، ئەركىن ئىدرىسلار ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈردى ھەم كوررېكتورلۇق قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت باشقارمىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەن تەتقىقات باشقارمىسى، مائارىپ مىنىستىرلىكى گۇمانىتار ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر نۇقتىلىق تەتقىقات بازىسى — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئازسانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزى ھەمدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز.

مەزكۇر تەتقىقات تېمىسى قىيىن، سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقتىن، ئەسەرنىڭ نۇقسانسىز بولۇشى تەس. ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىممەتلىك پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بېرىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى
ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى
قەدىمكى رەتلەش ـ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى

2002 ـ يىلى 3 ـ ئاۋغۇست



TURAN KİTAPLIĞI

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 1 ـ جىلد

## ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( I )

پادىشاھ پىڭۋېن① نىڭ ئىسمى توغبات يۈلۈ بولۇپ، قەددى ـ قامەتلىك، كۆچتۈڭگۈر، ئەقىللىق كىشى ئىدى. پىڭۋېن 1 ـ يىلى (مىلادىيە 317 ـ يىلى) كالا يىلى ئىدى. 2 ـ يىلى، ليۇۋۇ② شوفاڭ③ نى بازا قىلىپ، غەربىي رايونلارغا ھۇجۇم قىلدى. پادىشاھ پىڭۋېن ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ھەمدە غەربتە ئۇيسۇن④ لارنىڭ زېمىنىنى، شەرقتە ئۇجى⑤ يۇرتىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى ئۆز دائىرىسىگە قوشۇۋالدى. ئۇنىڭ ئىلكىدىكى لەشكەر ـ سەرۋازلار يۈز تۈمەنگە يەتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 6 ـ بەت)

دېڭگو 4 ـ يىلى (مىلادىيە 389 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، ۋېي پادىشاھى تەيزۇ قاڭقىل⑥ قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. دېڭگو 5 ـ يىلى (مىلادىيە 390 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا، ۋېي پادىشاھى تەيزۇ توغبات گۈي غەربكە يۈرۈش قىلىپ، لۇخۇن كۆلى⑦ گىچە باردى ۋە قاڭقىللارنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، ۋېي پادىشاھى تەيزۇ توغبات گۈي لاڭشەن تېغىدا⑧ قاڭقىللارنىڭ دۈكىن قەبىلىسىگە جازا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 12 ـ بەت)

دىڭگو 6 ـ يىلى (مىلادىيە 391 ـ يىلى) قىش 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، شىمالدا جورجانلارغا[9] يۈرۈش قىلدى. ئۇلارنى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى شاڭشەن تېغى[10] ئېتەكلىرىگىچە قوغلاپ كېلىپ مەغلۇپ قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 13 ـ بەت)

دىڭگو 9 ـ يىلى (مىلادىيە 394 ـ يىلى) قىش 10 ـ ئايدا، جورجانلاردىن سەللان[11] قاتارلىقلار قوۋمىنى باشلاپ غەربكە قاچتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 14 ـ بەت)

تيەنشىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 399 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، سەركەردىلەرگە قاڭقىللارغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا ئايرىم ـ ئايرىم بۇيرۇق بېرىلدى. چاڭشەن بېگى توغبات زۈن[12] ئۈچ تارماق قوشۇننى باشلاپ شەرقىي يول بىلەن چاڭچۈەن[13] دىن ئاتلاندى؛ گاۋلياڭ بېگى توغبات لىيجىن[14] قاتارلىقلار يەتتە تارماق قوشۇننى باشلاپ غەربىي يول بىلەن نيۇ چۈەن[15] دىن ئاتلاندى؛ پادىشاھ تەيزۇ ئالتە تارماق قوشۇننى باشلاپ ئوتتۇرا يول بىلەن بورەن دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن ئاتلاندى. 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ھەرقايسى تارماق قوشۇنلار جەم بولۇپ، قاڭقىللارنىڭ 30 نەچچە قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى. ۋېي بېگى توغبات يى[16] باشقا ئۈچ سەركەردىنى باشلاپ، غەربىي شىمال تەرەپتىن 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول بېسىپ قۇملۇقنى كېزىپ، قاڭقىللارنىڭ ئىبۇر قاتارلىق يەتتە قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇلار نيۇچۈەنگە قايتىش سەپىرىدە بوشەن تېغىغا كەلگەندە، جەڭ نەتىجىلىرىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مەڭگۈ تاش ئورناتتى. ئەسىرگە چۈشكەن قاڭقىل قوۋمىدىكىلەرگە نەنتەينىڭ جەنۇب تەرىپىگە بوغا باغچىسى سالدۇردى. بۇ باغچا شىمالدا سەددىچىنگە، شەرقتە بەيدېڭغا[17]،



غەربتە شىشەن تېغىغا تۇتاشقان بولۇپ، دائىرىسى نەچچە ئون چاقىرىم كېلەتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 19 ـ بەت)

---

تيەنشىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 401 ـ يىلى)، غەربىي لياڭ خانلىقىنىڭ خانى ۋۇجاۋۋاڭ لى خاۋ[18]، شىمالىي لياڭ خانلىقىنىڭ خانى جۈرچى مونسۇنلار[19] ئەلچى ئەۋەتىپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 21 ـ بەت)

تيەنشىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 403 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ۋېي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى يى ۋېي قاڭقىللارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 22 ـ بەت)

يۇڭشىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 410 ـ يىلى) ئەتىياز 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ۋېي سۇلالىسىدىكى نەنپىڭ گۇڭى جاڭسۈن سۇڭ[20] قاتارلىقلار يارلىققا بىنائەن شىمالدىكى جورجانلارغا يۈرۈش قىلىپ، لەشكەرلەرنى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدا بارگاھ قۇرۇپ تۇرغۇزدى. ياز 5 ـ ئايدا، جاڭسۈن سۇڭ قاتارلىقلار قۇملۇقتىن قايتىپ كەلگەندە، جورجانلار ئۇلارنى نيۇچۈەنگە قوغلاپ كەلدى. 19 ـ كۈنى، پادىشاھ تەيزۇڭ شىمالغا يۈرۈش قىلدى. جورجانلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاچتى، پادىشاھ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى بىلەن سەنخيېيغا[21] قايتىپ كەلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 26 ـ بەت)

شىنرۇي 1 ـ يىلى (مىلادىيە 414 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جورجانلار شىمالدىكى چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. 11 ـ كۈنى، ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ ئەكابىر ـ

ئەشرەپلىرى بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 29 ـ بەت)

---

① پادىشاھ پىڭۋېن (平文皇帝) — سىيانپىيلار سەردارى، ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى. مىلادىيە 137 ـ يىلى سەردار بولۇپ بەش يىلدىن كېيىن قەستكە ئۇچراپ ئۆلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 — 6 ـ بەتلەر)

② ليۇۋۇ (刘武) — ھونلارنىڭ جەنۇبىي تەڭرىقۇتىنىڭ ئەۋلادى، سول بىلگە خان چۇبىنىڭ نەۋرىسى، شىمالىي قىسىم سەركەردىسى ليۇمىننىڭ جىيەن ئوغلى، قەبىلە باشلىقى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3062 ـ بەت)

③ شوفاڭ (朔方) — ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 802 ـ بەت)

④ ئۇيسۇن (乌孙) — قەدىمكى قوۋم. دەسلەپ تىلەنتاغ بىلەن دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدا ماكانلاشقان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 161 ـ يىلى ئەتراپىدا ئىلى دەرياسى، تېكەس دەرياسى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا كۆچكەن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر (مىلادىيە 420 — 851 ـ يىللىرى) دەۋرىدە پامىرنىڭ شىمالىغا كۆچكەن.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1041 ـ بەت)

⑤ ئۇجى (勿吉) — جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شىمالدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ بىرى.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 209 ـ بەت)

⑥ قاڭقىل (高车) — شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شىمالدا ياشىغان



مىللەتلەرنىڭ بىرى. كېيىن تۈركلەرگە بەيئەت قىلغان.
(«بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1893 ـ بەت)

⑦ لۇخۇن كۆلى (鹿浑海) — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خارگىلىن دېگەن يەرنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 ـ كىتاب، 54 ـ بەت)

⑧ لاڭشەن تېغى (狼山) — لاڭجۈشۇ تېغى (狼居婿山) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋۇيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1084 — 1085 ـ بەتلەر)

⑨ جورجانلار (蠕蠕) — قەدىمكى قوۋم. ئەسلى شەرقىي غوزلارنىڭ تارمىقى بولۇپ، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە قۇملۇقنىڭ شىمالىغا كۆچكەن. ئۇلار قۇرغان ھاكىمىيەتنىڭ مەركىزى جاڭيېنىڭ شىمال تەرىپىدە بولغان. سۇ، ئوت قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. جەنۇبىي سۇلالىلەر ۋە شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئالاقىدە بولغان. كېيىن تۈركلەرگە بەيئەت قىلغان.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 281 ـ بەت)

⑩ شاڭشەن تېغى (商山) — ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شاڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 841 ـ بەت)

⑪ سەللان (社仑) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى جورجان قاغانلىرىدىن بىرى. ئۇ تەدبىرلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ دەۋرىدە جورجانلار ئۇنىڭ دەۋرىدە بىر مەزگىل قۇدرەت تاپقان. ئۆزىنى دۇفا قاغان دەپ ئاتىغان. يۇڭشىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 410 ـ يىلى) ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ جازا يۈرۈش قىلغاندا، ئۇ قېچىپ كېتىپ يولدا ئۆلگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3250 — 3251 ـ بەتلەر)

⑫ چاڭشەن بېگى توغبات زۇن ( 常山王遵 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى بولغان دەي خانى جاۋ چېڭدى (توغبات شىجيەن) نىڭ 5 ـ ئوغلى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 565 — 567 ـ بەتلەر)

⑬ چاڭچۇەن ( 长川 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى چاخار ئوڭ قانات ئارقا خوشۇنىنىڭ جەنۇبىدا.

(جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 549 ـ بەت)

⑭ گاۋلياڭ بېگى توغبات لېجېن ( 高凉王乐真 ) — گاۋلياڭ بېگى توغبات گۇنىڭ نەۋرىسى، بەگلىككە ۋارىسلىق قىلغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 546 ـ بەت)

⑮ نيۇچۇەن ( 牛川 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كۆكخوت شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1702 ـ بەت)

⑯ ۋېي بېگى توغبات يى ( 卫王仪 ) — دەي خانى توغبات شىجيەننىڭ نەۋرىسى. ۋېي پادىشاھى تەيزۇ دەۋرىدە ۋېي بېگى بولغان.

( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 561 — 562 ـ بەتلەر)

⑰ بەيدېڭ ( 白登 ) — تاغ نامى. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى داتوڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1171 ـ بەت)

⑱ ۋۇجاۋۋاڭ لى خاۋ ( 武昭王李暠 ) — چىڭجى دېگەن يەردىن. يەنە بىر ئىسمى لى شۇەنشېڭ. جىن سۇلالىسىنىڭ لۇڭئەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۇنخۇاڭ، جيۇچۇەنلەرنى بازا قىلىپ لياڭجۇ خانى بولۇۋالغان. 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆلگەن. ۋاپات نامى ۋۇجاۋۋاڭ.

( «جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 438 ـ بەت)



⑲ جۇرچى مونسۇن ( 沮渠蒙逊 ) — لۇشۇي دېگەن يەردىن. فامىلىسى جۇرچى بولۇپ، ھونلارنىڭ ئەۋلادى. لۇگۇاڭ لياڭجۇدا خان بولغاندا، جۇرچى مونسۇن ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئەمەلدار بولغان. كېيىن شىمالىي لياڭ خانلىقىنىڭ خانى دۇەن يېنـــى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى خان بولۇۋالغان.

( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3082 — 3083 ـ بەتلەر)

⑳ نەنپىڭ گۇڭى جاڭسۇن سۇڭ ( 南平公长孙嵩 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن تۆھپىكار ئەمەلدار. پادىشاھ تەيزۇ، تەيزۇڭ قاتارلىقلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ، نەنپىڭ گۇڭى، بېيپىڭ بېگى بولغان.

( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 805 ـ، 807 ـ بەتلەر)

㉑ سەنخېبېي ( 参合陂 ) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى ياڭگاۋ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

( «سىخەي»، 1094 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 2 ـ جىلد

# ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە

شىگۇاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 424 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا، جورجانلاردىن 60 مىڭ چەۋەنداز يۈنجۇڭ① ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىپ، ئەمەلدار ـ پۇقرالارنى قىرغىن قىلدى ۋە بۇلاپ ـ تالىدى، شېڭلېنى② ئىشغال قىلىۋالدى. پادىشاھ شىزۇ چەۋەندازلارنى باشلاپ يۈرۈش قىلىۋىدى، دۈشمەنلەر چېكىنىپ كەتتى. 9 ـ ئايدا، پادىشاھ پايتەختىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئەمىر ـ لەشكەرلەرنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈپ، شىمالغا يۈرۈش قىلماقچى بولدى.

قىش 12 ـ ئايدا، پىڭياڭ بېگى جاڭسۈن خەن③ قاتارلىقلار جورجانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلدى. جەڭ ھارۋىلىرى ۋە چەۋەندازلار زوشەن تېغىغا يېتىپ بارغاندا، جورجانلار شىمالغا قاراپ قاچتى. ھەرقايسى تارماق قوشۇنلار ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، نۇرغۇن ئولجا ئېلىپ قايتتى.

شىگۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 425 ـ يىلى) قىش 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پادىشاھ شىزۇ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلدى. شەرقتىن غەربكىچە بەش يولدىكى قوشۇن بىراقلا جەڭگە ئاتلاندى. پىڭياڭ بېگى جاڭسۈن خەن قاتارلىقلار چوڭ قوشۇننى كېزىپ، دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بەردى. جورجانلار شىمالغا قاچتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 42 ـ بەت)

شېنجيا 2 ـ يىلى (مىلادىيە 429 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئايدا،



سۇڭ سۇلالىسىنىڭ④ ئەلچىسى سالامغا كەلدى. شۇ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، پادىشاھ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قۇملۇققا يېتىپ باردى. ئېغىر يۈكلەرنى تاشلىۋېتىپ، يېنىك جابدۇنغان چەۋەندازلار بىلەن تېز ئىلگىرىلەپ، لىشۈي دەرياسىغا⑤ يېتىپ كەلدى. جورجانلار ئالاقزادە بولۇپ چېدىرلىرىنى، ئۆي ـ ۋاقلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، غەربتىكى ئادەمزات ئاياغ باسمىغان جايلارغا قاچتى.

شېنجيا 3 ـ يىلى (مىلادىيە 430 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، پادىشاھ شىزۇ يۈنجۇڭ ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. تېلېلارنىڭ 10 مىڭدىن كۆپرەك تۈتۈنى ۋېي سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كەتتى. دىۋان بېگى⑥ فېڭ تېيغا ئۇلارنى قوغلاپ يوقىتىش بۇيرۇقى بېرىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، پادىشاھ ئوردىدا بۇ قېتىمقى تېلېلار⑦غا زەربە بېرىشتىكى تۆھپىكارلارنى مۇكاپاتلاپ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالىغاندا ناھايىتى ئادىل بولدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 44 ـ 45 ـ بەتلەر)

شېنجيا 4 ـ يىلى (مىلادىيە 431 ـ يىلى) قىش 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پادىشاھ ئەمرى زېمىن⑧ سۈي خاۋغا ئەمىر ـ پەرمانلارنى ئۆزگەرتىپ چىقىش يارلىقى چۈشۈردى. پادىشاھ ئۆزى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، شىمالدىكى تېلېلارنىڭ موفو قەبىلىسىدىكى كۈرۈيۈي ئىسىملىك كىشى ئۆز قەبىلىسىدىكى نەچچە 10 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، نەچچە مىليون بۇغا ۋە باشقا ياۋايى ھايۋانلارنى ھەيدەپ، پادىشاھ شىزۇ كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغان جايغا كەلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 47 ـ بەت)

تەيیەن 1 ـ يىلى (مىلادىيە 435 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جورجان، كىنگىت⑨، قوش⑩ ئايرىم ـ ئايرىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

ياز 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، پادىشاھ شىزۇ 20 تۈركۈم ئەلچىنى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 49 ـ بەت)

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، كوگورى⑪، پىشامشان ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پادىشاھ شىزۇ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇ ئايدا، سوغدى⑫ ئېلى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 1 ـ توم، 50 ـ بەت)

تەيیەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 436 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئالتە تۈركۈم ئەلچى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، قاڭقىل ئېلى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

قىش 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، خېشى بېگى جۇرچى مۇقان⑬ ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 51 ـ بەت)

تەيیەن 3 ـ يىلى، خېشى بېگى جۇرچى مۇقاننىڭ ۋەلىئەھدى جۇرچى فىنان ئوردىغا كەلدى. كوگورى، قىتان⑭، كۇسەن⑮، ياپبان⑯، كىنگىت، قوش، سوغدى، سۇلى⑰، ئۈيسۈن، كاۋانتا⑱، پىشامشان⑲، پورونا⑳، چەش㉑ قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيیەن 4 ـ يىلى (مىلادىيە 438 ـ يىلى) ئەتىياز 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، پىشامشان بېگىنىڭ ئىنىسى سۇيانچ ئوردىغا



كەلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 52 ـ بەت)

تەيیەن 5 ـ يىلى (مىلادىيە 439 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 11ـ كۈنى، پادىشاھ شىزۇ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى بىلەن غەربتىكى جۇرچى مۇقانغا يۈرۈش قىلدى. شىغاۋۇل㉒، يىدۇ بېگى مۇشۇ㉓ ۋەلىئەھد توغبات خۇاڭ㉔ نىڭ ھاكىمىيەت سورىشىغا ياردەملەشتى. ئۇلۇغ سانغۇن㉕ چاڭلې بېگى جى جىڭ㉖، دۆلەتكە يۆلەكچى سانغۇن جيەننىڭ بېگى توغبات چۈڭ ㉗ جۇرجانلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن 20 مىڭ لەشكەر بىلەن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشتى.

كۈز 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، پادىشاھ شىزۇ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى بىلەن شاڭجۈن ۋىلايىتى㉘ نىڭ قارام ئەل شەھىرى㉙ گە بېرىپ، ئەيش ـ ئىشرەت قىلدى. ھەربىي مۇھاكىمە ۋە مەشىق ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. شۇ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئېغىر يۈكلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ھەرقايسى قوشۇنلارغا ئايرىم ـ ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، پادىشاھ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى بىلەن گۈزاڭ㉚ شەھىرىگە كەلدى. جۇرچى مۇقاننىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جۇرچى زۇ سېپىلدىن چۈشۈپ تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر بۆلۈنۈپ گۈزاڭ شەھىرىنى قورشىۋالدى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، جۇرچى مۇقان بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي ـ مۈلكىي ئەمەلدارلاردىن 5000 كىشى ئۆز ـ ئۆزىنى باغلاپ ۋېي سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بارگاھى ئالدىغا كەلدى. پادىشاھ شىزۇ جۇرچى مۇقاننىڭ قولىنى يېشىپ، ئۇلارغا بەيئەت قىلغان ئەمەلدارلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى. بۇ شەھەردىكى 200 مىڭدىن كۆپرەك تۈتۈننى پۇقرا قىلىپ، خەزىنىدىكى سانسىز ئۈنچە ـ مەرۋايىتنى تاپشۇرۇۋالدى. يەنە

جاڭيې㉛ گوڭى تۇفا باۋجۇنىڭ مەرتىۋىسىنى جاڭيې بېگلىكىكە ئۆستىۈرۈپ، ئۇنى چاپقۇر ئەجدىھا سانغۇن مۇ پى㉜، يىراقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن يۇەن خې㉝ لار بىلەن بىللە ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنى ئىشغال قىلىشقا بۇيرۇدى. جۇرچى مۇقانىنىڭ ئىنىسى جاڭيې ۋالىيسى جۇرچى يىدى غەربكە — جيۇچۇەنىنىڭ㉞ ۋالىيسى جۇرچى ئۇرغۇنىڭ قېشىغا قاچتى، كېيىن يەنە جىنچاڭ㉟ غا قاچتى. لىدۇ㊱ ۋالىيسى جۇرچى ئارگۇ㊲ جەنۇبقا — تۇيغۇنلارغا㊳ قاچتى. شۇ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جورجانلار چېگرىغا بېسىپ كىرىپ، چىجيې تېغى㊴ غا يېتىپ كەلدى. پايتەختتىكىلەر ساراسىمىگە چۈشتى. ۋەلىئەھد توغبات خىۋاڭ شاڭداڭ بېگى جاڭسۇن داۋشىڭ㊵ قاتارلىقلارنى قوشۇن باشلاپ مۇداپىئەلىنىشكە بۇيرۇدى.
قىش 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پادشاھ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى بىلەن ئوردىغا قايتتى. لياڭجۇ㊶ لۇقلاردىن 30 مىڭ تۈتۈن پايتەختكە كۆچۈپ كەلدى. لېپىڭ بېگى توغبات پى㊷، كۈنپېتىشتا يۇرۇش قىلغۇچى سانغۇن خې دولولار لياڭجۇنى ساقلاشقا قالدى. شۇ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، جاڭيې بېگى تۇفا باۋجۇ سىيانپېي قەبىلىلىرىنى ئەل بولۇشقا ئۈندەشكە ئەۋەتىلدى. بىراق تۇفا باۋجۇ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى باشلاپ، جاڭيېنى بازا قىلىپ غەليان كۆتۈردى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 53 ـ بەت)

شۇ يىلى (مىلادىيە 439 ـ يىلى) پىشامشان، كۈسەن، سۇلى، كىنگىت، كوگورى، سوغدى، كاۋانتا، پورونا، كۆكيار قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.
تەيپىڭ جېنجۈن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 441 ـ يىلى) ئەتىياز 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ۋېي سۇلالىسى جۇرچى ئۇرغۇنى غەربكە



يۇرۇش قىلغۇچى بۈيۈك سانغۇن، لياڭجۇ ئايماقدارى، جيۇچۇەن بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، خان ئانا خۇي㊸ گوشەن تېغىغا㊹ دەپنە قىلىندى. شۇ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، شىنشىڭ بېگى توغبات جۈن㊺، لۆياڭ بېگى توغبات جىيىپىر گۇناھى بولغاچقا، مەرتىۋىسى تۆۋەنلىتىلىپ گۇڭلۇققا چۈشۈرۈلدى. 29 ـ كۈنى، جورجانلاردىن يۇجيۇلۇچېگۈي شوفاڭ بېگلىكىگە، جۇرچى ۋاننان جاڭيې بېگلىكىگە تەيىنلەندى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 54 ـ بەت)

تەيپىڭ جېنجۈن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 442 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئايدا، جيۇچۇەن بېگى جۇرچى ئۇرغۇ قاچتى ۋە قۇملۇقتىن ئۆتۈپ پىشامشاننى ئىگىلىۋالدى.
شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، لى باۋ㊻ ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا تارتۇق يوللىدى. لى باۋ غەربنى تىنچىتقۇچى بۈيۈك سانغۇنلۇققا تەيىنلىنىپ، ئاندىن شاجۇ ئايماقدارلىقىغا، دۇنخۇاڭ تۆرىلىكىگە تەيىنلەندى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 55 ـ بەت)

تەيپىڭ جېنجۈن 4 ـ يىلى (مىلادىيە 443 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، پادشاھ شىزۇ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. 6 ـ كۈنى، يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلار تۆت يولغا بۆلۈنۈپ، جورجانلارغا ھۇجۇم قىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 56 ـ بەت)

تەيپىڭ جېنجۈن 5 ـ يىلى (مىلادىيە 444 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، غەربىي يۇرتقا تۆت تۈركۈم ئەلچى ئەۋەتىلدى.
تەيپىڭ جېنجۈن 6 ـ يىلى (مىلادىيە 445 ـ يىلى) كۈز 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، چەۋەنداز مەھرەم بېگى، چېگجۇ گوڭى

ۋەن دۇگۇي يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلارنى باشلاپ پىشامشانغا بېرىپ، پىشامشان خانى جېندانى تۇتۇپ، پايتەختتكە قايتىپ كەلدى. شۇ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى بۈيۈك سانغۇن، گاۋلياڭ بېگى توغبات نار⑰ قاتارلىقلار تۇيغۇنلارنىڭ مۇلىيام⑱ قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، قوشۇن باشلاپ مانتۇ شەھىرىگە يېتىپ باردى. مۇلىيام ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى قوغداپ، غەربكە يۈرۈپ قۇملۇقلاردىن ئۆتتى. توغبات نار ئۇلارنى جىددىي قوغلىدى. غەربىي چىن خانى قىپپۇمۇگۇينىڭ ۋەلىئەھدى قىپپىنام قارشىلىق كۆرسەتكەندە، توغبات نار ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. جۇڭشەن گۇڭى دۇفېڭ ئۇلارنى قوغلاپ سەنۋېي⑲ تېغىدىن ئۆتۈپ، قارلىق تاغقا باردى ھەمدە قىپپىنام ۋە مۇلىيامنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى شىگۇينى، چىپانىڭ ئوغلى چىخلۇگنى ئەسىر ئېلىپ، ئۇلارنى پايتەختكە ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇلىيام غەربكە — ئۇدۇن ئېلى⑳ دائىرىسىگە كەتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 57 — 58 ـ بەتلەر)

تەيپىڭ جېنجۈن 9 ـ يىلى (مىلادىيە 448 ـ يىلى) ياز 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، جياۋجى گۇڭى خەن با غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى مۇۋەققەت سانغۇنلۇققا تەيىنلىنىپ، غەربىي رۇڭلار چېرىكچى بېگى ۋە پىشامشان خانىنى باشقۇرۇپ پىشامشاندا تۇرۇپ، ۋىلايەت ناھىيىلەر بىلەن ئوخشاش ئالۋان ـ ياساق ئالدى. 9 ـ ئايدا، چېڭجۇ گۇڭى ۋەن دۇگۇي كىنگىت خانلىقىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى، ئۇنىڭ خانى كوشىبىنا كۇسەنگە قېچىپ كەتتى.

12 ـ ئايدا، پادىشاھ شىزۇ چېڭجۇ گۇڭى ۋەن دۇگۇيغا كىنگىتتىن غەربكە — كۇسەنگە جازا يۈرۈش قىلىشنى بۇيرۇدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 59 — 60 ـ بەتلەر)



جېڭپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 451 ـ يىلى) ياز 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىندى. 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، يىلنامە «جېڭپىڭ» غا ئۆزگەرتىلدى. قوش ئېلىنىڭ خانى ئوغلىنى ئوردىغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 61 ـ بەت)

شىڭئەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 453 ـ يىلى) سۇلى، كاۋانتا، كۇمۇش، قىتان، كەشمىر㊶ قاتارلىق خانلىقلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيئەن 1 ـ يىلى (مىلادىيە 455 ـ يىلى) جېبى، پېرسىيە، سۇلى قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيئەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 456 ـ يىلى) كۈز 8 ـ ئايدا، پادىشاھ گاۋزۇڭ خۋاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە شىكار قىلدى. غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، يۈياڭ گۇڭى ۋېي جۈەن شىمالدا ئۇۋرغول㊷ غا ھۇجۇم قىلدى ۋە بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، نۇرغۇن ئولجا ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

11 ـ ئايدا ئېفتالىت㊸، پولاد قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيئەن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 457 ـ يىلى) سوغدى، ئۇدۇن قاتارلىق 50 نەچچە ئەل ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 67 ـ، 68 ـ، 69 ـ بەتلەر)

خېپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 460 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى بۈيۈك سانغۇن، ياڭپىڭ بېگى توغبات شىنچىڭ㊹ قاتارلىقلارغا تۇيغۇنلاردىن سىيىمغا㊺ ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇق قىلىندى. سۇي خاۋ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، پۇتۇكچى ئەمىلى بىر مەھەل ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان

بولۇپ، مۇشۇ چاغقا كەلگەندە يېڭىباشتىن تەسىس قىلىندى.

كۈز 7 ـ ئايدا، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلار شىپىڭغا يېتىپ باردى. سىيىم جەنۇبىي تاغقا⑯ قېچىپ كەتتى.

خېپىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 462 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى كېلىپ زىيارەت قىلدى. كوگورى، شىۋاڭ، كىنگىت، سىيان، ئۈش، سۇلى، شاغانىيان، سەمەرقەند، كاۋانتا قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 70 — 71 ـ بەتلەر)

خېپىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 464 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا، توخرى ئېلى⑰ ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

خېپىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 465 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئايدا پەرغانە ئېلى تۇلپار، پولاد ئېلى ئېسىل خەنجەر تەقدىم قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 73 ـ بەت)

خۇاڭشىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 470 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى بۈيۈك سانغۇن، شاڭداڭ بېگى جاڭسۇن گۇەن⑱ گە تۇيغۇنلاردىكى سىيىمگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇق قىلىندى.

ياز 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىندى. 15 ـ كۈنى، جاڭسۇن گۇەن قوشۇن باشلاپ مانتۇ تېغىغا بېرىپ، سىيىمنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، پادىشاھ شيەنزۇ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلدى. ھەرقايسى قىسىملار نۇشۈي دەرياسىغا⑲ يىغىلىپ، جورجان قوشۇنىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 76 — 77 ـ بەتلەر)

---

① يۈنجۇڭ ( 云中 ) — ۋىلايەت. ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم



رايونىدىكى تۇمەن خوشۇنىنىڭ شەرقى، داچىڭ تېغىنىڭ جەنۇبى، جۇزى ناھىيىسىنىڭ غەربى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبى ساھىلى ۋە شەددىچىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

(«سىخەي»، 1803 ـ بەت)

② شېڭلې ( 盛乐 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى خورىنگېر ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 ـ كىتاب، 47 ـ بەت)

③ پىڭياڭ بېگى جاڭسۇن خەن ( 平阳王长孙翰 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پېشقەدەم ئەمەلدارلىرىدىن بىرى. پادىشاھ تەيزۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، جاڭسۇن خەن نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، پىڭياڭ بېگىلىككە تەيىنلەنگەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 830 ـ بەت)

④ سۇڭ سۇلالىسى ( 宋 ) — مىلادىيە 420 ـ يىلى ليۇ يۈ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا قۇرغان سۇلالە. ليۇسۇڭ سۇلالىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(مۇھەررىردىن)

⑤ لىشۈي دەرياسى ( 栗水 ) — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خارخولىن دېگەن يەرنىڭ شىمالىدا.

(مۇھەررىردىن)

⑥ دىۋان بېگى ( 尚书 ) — ئەمەل نامى. يېغىلىق دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، دىۋان ـ ئىنشا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. خەن پادىشاھى ۋۇدى دەۋرىدە خاننىڭ يېنىدا كىتاب پۈتۈش، ھۆججەت تۈزۈش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولغانلىقتىن ھوقۇقى بارغانسېرى چوڭىيىپ كەتكەن.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 485 ـ بەت)

⑦ تېلېلار ( 敕勒 ) — قەدىمكى زاماندا ئېلىمىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ياشىغان مىللەت. جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە

تۈركلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئېگىز چاقلىق هارۋىدا يۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، قاڭقىللار (ئېگىز هارۋىلىقلار ‹ 高车 ›) دەپمۇ ئاتالغان.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 727 ـ بەت)

⑧ ئەمرى زېمىن ( 司徒 ) — دۆلەتنىڭ يەرلىرىنى، خەلقىنى باشقۇرۇپ، دەۋا ـ دەستۇر، ئالۋان ـ ياساقلارغا مەسئۇل بولغان.
(سىخەي»، 242 ـ بەت).

⑨ كىنگىت ( 焉耆 ) — غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلىتى. ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاراشەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1043 ـ بەت)

⑩ قوش ( 车师 ) — غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلىتى، ئالدى قوش ۋە ئارقا قوشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئالدى قوشنىڭ ئاستانىسى يارغول، ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان شەھىرى ئەتراپىدا؛ ئارقا قوشنىڭ ئاستانىسى ئۇتۇ قورغىنى، ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جىمسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئىچىدە.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1638 ـ بەت)

⑪ كوگورى ( 高丽 ) — قەدىمكى دۆلەت. ئورنى هازىرقى جىلىن ئۆلكىسى تۇڭخۇا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن يىتۇڭ ناھىيىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 771 ـ بەت)

⑫ سوغدى ( 粟特 ) — قەدىمكى خانلىق، كانگىيە خانلىقىغا قارام بولغان. ئورنى هازىرقى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى زەرەپشان دەرياسى بويلىرىدا.
(«كېيىنكى خەننامە» 88 ـ جىلدىدىن)



⑬ جۇرچى مۇقان ( 沮渠牧健 ) — جۇرچى مونسۇننىڭ 3 ـ ئوغلى، غەربىي تىنچىتقۇچى سانغۇن، خېشى بېگى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3083 ـ، 3085 ـ بەتلەر)

⑭ قىتان ( 契丹 ) — شەرقىي غۇزلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، هازىرقى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۆزىنى قىتان دەپ ئاتىغان.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 392 ـ بەت)

⑮ كۇسەن ( 龟兹 ) — قەدىمكى خانلىق. ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۇچا ناھىيىسىدە.
(مۇھەررىردىن)

⑯ ياپبان ( 悦般 ) — قەدىمكى ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە. نوپۇسى 200 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىلى قاڭقىللاردىن پەرقلەنمەيتتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3219 ـ، 3020 ـ بەتلەر)

⑰ سۇلى ( 疏勒 ) — قەدىمكى خانلىق. هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑱ كاۋانتا ( 渴盘陁 ) — قەدىمكى خانلىق. ئورنى پامىرنىڭ شەرقىدە.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3232 ـ بەت)

⑲ پىشامشان ( 鄯善 ) — قەدىمكى خانلىق. قەدىمكى زاماندىكى كىروران.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3208 ـ بەت)

⑳ پورونا ( 破洛那 ) — پەرغانىگە يېقىن بىر ئەل.
(مۇھەررىردىن)

㉑ چەش ( 者舌 ) — پەرغانىگە يېقىن بىر ئەل.
(مۇھەررىردىن)

㉒ شىغاۋۇل ( 侍中 ) — ئوردىغا كىرىپ - چىقالايدىغان، خان ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلىدىغان ئەمەلدار.
(«تارىخىي ئەمەل نامىلىرى»، 74 - بەت)

㉓ يىدۇ بېگى مۇشۇ ( 宜都王穆寿 ) — دەيجۈ ئايمىقىدىن. پادىشاھ تەيزۇ دەۋرىدىكى ئەمىرلەشكەر مۇ چۇڭنىڭ ئوغلى. تەيىەن 1 - يىلى 5 - ئايدا، يىدۇ بېگىلىككە ئۆستۈرۈلدى.
(«شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تارىخى»، 49 -، 740 - بەتلەر)

㉔ ۋەلىئەھد توغبات خۇاڭ ( 皇太子拓拔晃 ) — پادىشاھ شىزۇنىڭ چوڭ ئوغلى، تەختكە چىقمايلا ئۆلگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 63 — 64 - بەتلەر)

㉕ ئۇلۇغ سانغۇن ( 大将军 ) — سانغۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۋانى بولۇپ، قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلغان. ئېتىسىلزادىلەر ۋە پادىشاھنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىدىن تەيىنلەنگەن.
(«سىخەي»، 1443 - بەت)

㉖ چاڭلې بېگى جى جىڭ ( 长乐王嵇敬 ) — خېشى قەبىلىسىدىن، جى گېن دېگەن سەركەردىنىڭ نەۋرىسى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 919 - بەت)

㉗ جيەننىڭ بېگى توغبات چۇڭ ( 建宁王崇 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ 6 - ئوغلى. تەيچاڭ 7 - يىلى بەگلىككە تەيىنلەنگەن.



(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 604 - بەت)

㉘ شاڭجۈن ۋىلايىتى ( 上郡 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى يەنئەن، يۈلىن قاتارلىق جايلارغا توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىيۈەن»، 33 - بەت)

㉙ قارام ئەل شەھىرى ( 属国城 ) — خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى يۈلىن شەھىرى تەۋەسىدە.
(مۇھەررىردىن)

㉚ گۇزاڭ ( 姑藏 ) — شەھەر. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي شەھىرى تەۋەسىدە.
(«كېيىنكى خەننامە. ۋىلايەت - بەگلىكلەر تەزكىرىسى»، 4070 - بەت)

㉛ جاڭيې ( 张掖 ) — ۋىلايەت. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى يۈڭچاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربى، گاۋتەي ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(«سىخەي»، 2483 - بەت)

㉜ مۇ پى ( 穆罴 ) — يىدۇ بېگى مۇ شۇنىڭ ئەۋلادى.
(«مۇھەررىردىن)

㉝ يۈەن خې ( 源贺 ) — لېدۇ ناھىيىسىدىن. تەيۇدى ئۇنى ئەتىۋارلاپ، دەسلىپىدە «يۈەن» دېگەن فامىلىنى، ئارقىدىن يەنە «خې» دېگەن ئىسمىنى ئىنئام قىلغان. كېيىن لۇڭشى بېگىلىككە تەيىنلەنگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1023 -، 1026 - بەتلەر)

㉞ جيۇچۈەن ( 酒泉 ) — ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى شۇلې دەرياسىنىڭ شەرقى، گاۋتەي ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى

جايلارغا توغرا كېلىدۇ.
(«سىخەي»، 2143 ـ بەت)

㉟ جىنچاڭ ( 晋昌 ) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ئەنشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 704 ـ بەت)

㊱ لېدۇ ( 乐都 ) — ناھىيە. ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىگە تەۋە. كېيىنكى لياڭ دەۋرىدە ئايماق قىلىپ تەسىس قىلىنغان.
(بىر تومluq «سىيۇەن»، 881 ـ بەت)

㊲ جۈرچى ئارگۇ ( 沮渠安周 ) — جۈرچى مونسۈننىڭ ئوغلى، جۈرچى مۇقاننىڭ ئىنىسى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3085 ـ بەت)

㊳ تۇيغۇن ( 吐谷浑 ) — سىيانپىيلار قۇرغان خانلىق بولۇپ، ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىمالى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان.
(بىر تومluq «سىيۇەن»، 257 ـ بەت)

㊴ چىجيې تېغى ( 七介山 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى چىڭشۇي ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 ـ كىتاب، 47 ـ بەت)

㊵ شاڭداڭ بېگى جاڭسۇن داۋشېڭ ( 上党王长孙道生 ) — نەنپىڭ تۆرىسى جاڭسۇن گاۋنىڭ جىيەن ئوغلى. پادىشاھ شىزۇ ئۇنى شاڭداڭ بېگلىككە تەيىنلىگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 811 ـ بەت)

㊶ لياڭجۇ ئايمىقى ( 凉州 ) — دائىرىسى ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئۆلكىلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان



خۇاڭشۇي دەرياسى ۋادىسى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى نارىن مۆرىن دەريالىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1809 ـ بەت)

㊷ لېپىڭ بېگى توغبات پى ( 乐平王丕 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ 2 ـ ئوغلى.
(مۇھەررىردىن)

㊸ خان ئانا خۇي ( 惠太后 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى شىزۇنىڭ ئىنىكئانىسى بولغان دۇ فامىلىلىك كېنىزەك. پادىشاھ شىزۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا خان ئانا دېگەن نامنى بەرگەن. ئۆلگەندىن كېيىن «خۇي» دېگەن پەخرىي نام بېرىلگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 494 ـ بەت)

㊹ گوشەن تېغى ( 崞山 ) — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خۇڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 ـ كىتاب، 47 ـ بەت)

㊺ شىنشىڭ بېگى توغبات جۈن ( 新兴王俊 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ 7 ـ ئوغلى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 604 ـ بەت)

㊻ لى باۋ ( 李宝 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى لياڭجۇدىكى ۋۇجاۋ خانى لى خاۋنىڭ نەۋرىسى. ۋۇجاۋ خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان.
(مۇھەررىردىن)

㊼ گاۋلياڭ بېگى توغبات نار ( 高凉王那 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىرى توغبات يۈلۈنىڭ چەۋرىسى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 546 ـ بەت)

(48) مۇلىيام ( 慕利延 ) — تۇيغۇنلارنىڭ داڭلىق سەركەردىسى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى شىزۇنىڭ تەيئەن 2 - يىلى (436 - يىلى) تۇيغۇنلار خانى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3180 -، 3182 - بەتلەر)

(49) سەنۋېي ( 三危 ) — تاغ. دۇنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ 30 چاقىرىم شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.
(«تارىخىي خاتىرىلەر»، 1 - توم، 29 - بەت)

(50) ئۇدۇن ئېلى ( 于阗国 ) — غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئەل. چەرچەن ئېلىنىڭ غەربىي شىمالىدا، كۇسەن ئېلىنىڭ جەنۇبىدىن 1400 چاقىرىم نېرىدا.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3209 - بەت)

(51) كەشمىر ( 宾罽 ) — غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى كابۇل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى كەشمىر رايونىدا.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1350 - بەت)

(52) ئىۋىرغول ( 伊吾 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل ناھىيىسىدە.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 98 - بەت)

(53) ئېفتالىت (稜哒) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى پامىر تېغىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 - كىتاب، 52 — 53 - بەتلەر)

(54) ياڭپىڭ بېگى توغبات شىنچېڭ ( 阳平王新成 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى جىڭمۇدىنىڭ 2 - ئوغلى. تەيئەن 3 - يىلى ياڭپىڭ بېگلىككە تەيىنلەنگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 629 - بەت)



(55) سىيىم ( 什寅 ) — تۇيغۇنلار خانى، شۇلوگەننىڭ ئوغلى. پادىشاھ شىزۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، شاجۇ ئايمىقى بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3183 - بەت)

(56) جەنۇبىي تاغ ( 南山 ) — چىلىيەنشەن تاغلىرى كۆرسىتىلىدۇ.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 - كىتاب، 47 - بەت)

(57) توخرى ئېلى ( 吐呼罗国 ) — ئەڭ قۇدرەت تاپقاندا ھازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يەرلەرنى ئىگىلىگەن.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 257 - بەت)

(58) شاڭداڭ بېگى جاڭسۇن گۇەن ( 上党王长孙观 ) — جاڭسۇن داۋشېڭنىڭ نەۋرىسى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 812 - بەت)

(59) نۈشۈي دەرياسى ( 女水 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 394 - بەت)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 3 ـ جىلد

## ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە( Ⅲ )

يەنشىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 471 ـ يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ۋويې①، تۇڭگۇەن②قورغىنىدىكى تېلىلار ئىسيان كۆتۈردى. ئەمىرلەشكەر③، لۇڭشى بېگى يۈەن خې ئىسيانچىلارنى فۇخەن④ گىچە قوغلاپ باستۇردى. تەسلىم بولغانلىرىنى جىجۇ، دىڭجۇ، شياڭجۇ ئايماقلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 87 ـ بەت)

يەنشىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 472 ـ يىلى) ئەتىياز 2 ـ ئايدا، جورجانلار چېگرىغا باستۇرۇپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا شاھىنشاھ پايتەختنىڭ شىمالىدا باراۋەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ جازا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا سانغۇنلارغا يارلىق چۈشۈردى. جورجانلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ چېكىنىپ كەتتى. شىمالدىكى تېلىلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، جورجانلارنى پاناداپ كېتىپ قالدى. شاھىنشاھ ئۇلارنى قۇملۇققىچە قوغلاپ بېرىپ، يېتىشەلمەي قايتىپ كەلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 88 ـ بەت)

يەنشىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 472 ـ يىلى) قىش 10 ـ ئايدا، جورجانلار چېگرىدىن باستۇرۇپ كىرىپ، ۋۇيۈەن ۋىلايىتىگىچە بېسىپ كەلدى. 11 ـ ئايدا شاھىنشاھ ئۆزى لەشكەر



باشلاپ جازا يۈرۈشكە ئاتلاندى. قۇملۇقتىن ئۆتۈش ئالدىدا، جورجانلار بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى ـ دە، شىمالغا ـ نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىققا قېچىپ كەتتى.

شۇ يىلى كوگورى، دىدۇگان⑤، كۇمۇش، قوچۇ ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

يەنشىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 473 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، مۇۋەققەت ئەمرى مىمار، شاڭداڭ بېگى جاڭسۈن گۇەنلەرگە تۇيغۇنلاردىن سىيام قاتارلىقلارغا جازا يۈرۈش قىلىش يارلىق قىلىندى.

يەنشىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 474 ـ يىلى) سوغدى، تېلى، تۇيغۇن، كوگورى، ساۋلى، قوش، قىتان، كۇمۇش، دىدۇگان قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

يەنشىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 475 ـ يىلى) كوگورى، تۇيغۇن، كۇسەن، قىتان، كۇمۇش، دىدۇگان، جورجان قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 89 ـ، 91 ـ بەتلەر)

چىڭمىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 476 ـ يىلى) جورجان، كوگورى، كۇمۇش، پېرسىيە، قىتان، داڭچاڭ⑥، سەمەرقەند قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيخې 1 ـ يىلى (مىلادىيە 477 ـ يىلى) كوگورى، قىتان، كۇمۇش، جورجان، كودورو، غەربىي سىند، شىرۋى، زابۇل، لىيانبو، يۈەنكو قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيخې 2 ـ يىلى (مىلادىيە 478 ـ يىلى) كۇسەن ئېلى ئېسىل تۆگە، تۇلپار ۋە نۇرغۇن ئۈنچە ـ مەرۋايىت تەقدىم قىلدى. تۇيغۇن، جورجان، ئۈجى قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 92 ـ، 94 ـ، 95 ـ بەتلەر)

تەيخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 479 ـ يىلى) تۇيغۇن، كوگورى، جورجان، دىدۇگان، قىتان، كۇمۇش، كۇسەن، سوغدى، جۇيى، خىگۇك، زابۇل، يۈەنكو، سەمەرقەند قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيخې 4 ـ يىلى (مىلادىيە 480 ـ يىلى) جورجان، سەمەرقەند قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيخې 5 ـ يىلى (مىلادىيە 481 ـ يىلى) دىڭجى⑦، جورجان قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيخې 6 ـ يىلى (مىلادىيە 482 ـ يىلى) دىدۇگان، تۇيغۇن قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 96 ـ، 98 ـ بەتلەر)

تەيخې 8 ـ يىلى (مىلادىيە 484 ـ يىلى) جورجان، كوگورى قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيخې 9 ـ يىلى (مىلادىيە 485 ـ يىلى) داڭچاڭ، كوگورى، تۇيغۇن قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيخې 10 ـ يىلى (مىلادىيە 486 ـ يىلى) جورجان، كوگورى، تۇيغۇن، ئۇجى قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 100 ـ، 102 ـ بەتلەر)

تەيخې 11 ـ يىلى (مىلادىيە 487 ـ يىلى) تۇيغۇن،



كوگورى، سەمەرقەند قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيخې 12 ـ يىلى (مىلادىيە 488 ـ يىلى) كوگورى، داڭچاڭ، تۇيغۇن، ئۇجى، ۋۇشاڭ قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيخې 13 ـ يىلى (مىلادىيە 489 ـ يىلى) كوگورى، تۇيغۇن، يىنپىڭ⑧، جۇڭچى، ۋۇشاڭ⑨، داڭچاڭ قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 103 — 104 ـ بەتلەر)

تەيخې 15 ـ يىلى (مىلادىيە 491 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، فۇخەن باسقاق سانغۇنى جاڭسۇن بەينيەن تۇيغۇنلار تەسىس قىلغان تاۋياڭ⑩، نىخې قەلئەلىرىنى ئېلىپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەل قىلدى.

تەيخې 15 ـ يىلى (مىلادىيە 491 ـ يىلى) تۇيغۇن، سەمەرقەند، كوگورى، دىڭجى، داڭچاڭ قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيخې 16 ـ يىلى (مىلادىيە 492 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ياڭپىڭ بېگى توغبات يى⑪، سول ياندىش بەگ⑫ لۇرۇي⑬ لەرگە 12 سەركەردىگە قوماندانلىق قىلىپ شىمالدىكى جورجانلارغا جازا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى. 12 ـ كۈنى داڭچاڭ خانى لياڭ مىچېڭ⑭ پايتەختكە سالامغا كەلدى.

شۇ يىلى كوگورى، دىڭجى، كىنگىت، تۇيغۇن قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 106 ـ، 107 ـ، 108 ـ، 109 ـ بەتلەر)

تەيخې 17 ـ يىلى (مىلادىيە 493 ـ يىلى) ئۇجى، تۇيغۇن، داڭچاڭ، يىنپىڭ، قىتان، كۇمۇش، كوگورى، دىڭجى قاتارلىق

ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تەيخې 19 ـ يىلى (مىلادىيە 495 ـ يىلى) كوگورى، دېڭجى، تۈيغۇن قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 111 ـ، 115 ـ بەتلەر)

تەيخې 21 ـ يىلى (مىلادىيە 497 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا، قوچۇ⑮ خانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 118 ـ بەت)

---

① ۋويې (沃野) — قورغان نامى. ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئىكجاۋ ئايمىقى خانگىن خوشۇنىنىڭ جەنۇبىدا.

(مۇھەررىردىن)

② تۇڭۋەن (统万) — قەدىمكى شەھەر. ئورنى هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خېڭشيەن ناهىيىسىنىڭ غەربىدە. شىمالىي ۋېي هاكىمىيىتى داشيا دېگەن دۆلەتنى يوقىتىپ، بۇ شەھەرنى تۇڭۋەن ھەربىي قورغىنى قىلغان.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1315 ـ بەت)

③ ئەمىرلەشكەر (太尉) — دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 386 ـ بەت)

④ فۇخەن (枹罕) — قەدىمكى ناهىيە. ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا ناهىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«كېيىنكى خەننامە يەشمىلىرى»، 4057 ـ بەت)

⑤ دىدۇگان (地豆干) — شىمالدىكى قەدىمكى ئەل. دائىرىسى



هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى شەرقىي ئۇجۇمچىن خوشۇنىنىڭ دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ.

(مۇھەررىردىن)

⑥ داڭچاڭ (宕昌) — قەدىمكى ئەل. جىن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ چاڭلاردىن لياڭ چىڭ ئۆزىنى داڭچاڭ خانى دەپ ئاتىۋالغان. ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى داڭچاڭ ناهىيىسىدە.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 443 ـ بەت)

⑦ دېڭجى (邓至) — قەدىمكى زاماندا داڭچاڭنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ياشىغان چاڭلار ئۆزلىرىنى «دېڭجى» دەپ ئاتىغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1391 ـ بەت)

⑧ يىنپىڭ (阴平) — دىلار قۇرغان خانلىق. ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋېنشيەن ناهىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(مۇھەررىردىن)

⑨ ۋۇشىڭ (武兴) — دىلار قۇرغان خانلىق. ئورنى هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى لۆياڭ ناهىيىسىدە.

(مۇھەررىردىن)

⑩ تاۋياڭ (洮阳) — قەدىمكى ناهىيە. ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنتەن ناهىيىسىنىڭغەربىي جەنۇبىدا.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 963 ـ بەت)

⑪ ياڭپىڭ بېگى توغبات يى (阳平王颐) — ياڭپىڭ بېگى توغبات شىنچېڭنىڭ چوڭ ئوغلى. ئىسمى توغبات ئەنشۇ.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 630 ـ بەت)

⑫ سول ياندىش بەگ (左仆射) — خەن شيەندىدىن باشلاپ، دىۋان بېگى تۆۋىنىدە سول ۋە ئوڭ ياندىش بەگ تەسىس قىلىنغان.

(بىر تومluq «سىيۇەن»، 520 ـ بەت)

⑬ لۇرۇي ( 陆叡 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داڭلىق ۋەزىرى لۇسىنىڭ نەۋرىسى، دۇۋان ۋازارىتىگە سول ياندىش بەگ بولۇپ تەيىنلەنگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1020 — 1021 ـ بەتلەر)

⑭ داڭچاڭ خانى لياڭ مىجېڭ ( 宕昌王梁弥承 ) — داڭچاڭلىق چاڭلارنىڭ سەركەردىسى لياڭ چىننىڭ ئەۋلادى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3190 ـ بەت)

⑮ قوچۇ ( 高昌 ) — قەدىمكى دۆلەت نامى. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ قاراغوجا يېزىسىدا.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1893 ـ بەت)



شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 4 ـ جىلد

## ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە(Ⅳ)

تەيخې 23 ـ يىلى (مىلادىيە 499 ـ يىلى) قىش 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، دېڭجى خانلىقىنىڭ خانى شياڭسۇپېڭ ئوردىغا سالامغا كەلدى.

جىڭمىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 500 ـ يىلى) كوگورى، تۇيغۇن قاتارلىق ئەللەر ئەلچىي ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى. جىڭمىڭ 2 ـ يىلى (501 ـ يىلى) كوگورى، تۇيغۇن قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

جىڭمىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 502 ـ يىلى) غەربىي يۇرتتىكى 27 خانلىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 131 ـ، 132 ـ، 133 ـ، 134 ـ بەتلەر)

جېڭشى 1 ـ يىلى (مىلادىيە 504 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا، جورجانلار چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. ۋېي پادىشاھى شىزۇڭ سول قول ياندىش بەگ يۈەن خۇەيگە ئۇلارغا جازا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

شۇ يىلى كوگورى ئەلچىي ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

جېڭشى 2 ـ يىلى (مىلادىيە 505 ـ يىلى) دېڭجى خانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

جېڭشى 3 ـ يىلى (مىلادىيە 506 ـ يىلى) كوگورى،

جورجان خانلىقلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

جېڭشى 4 ـ يىلى (مىلادىيە 507 ـ يىلى) كۈز 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، دۇنخۇاڭ① دا قەھەتچىلىك يۈز بەرگەچكە، قۇتقۇزۇش، خەير ـ ئېھسان قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى.

شۇ يىلى غەربىي يۇرت، شەرقىي يىلار زېمىنىدىكى 40 نەچچە خانلىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 135 ـ، 136 ـ، 137 ـ بەتلەر)

يۇڭپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 508 ـ يىلى) شىمالىي دىلار②، شەرقىي يىلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى 18 خانلىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى. قوچۇ خانى چۈجيا③ مەكتۇپ سۇنۇپ، سەددىچىنىنىڭ ئىچكىرىسىگە كۆچۈشنى تەلەپ قىلدى.

يۇڭپىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 509 ـ يىلى) كۈز 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، دىڭجى خانىنىڭ ئوغلى ۋەلىئەھد شياڭلەنتى خان قىلىپ تىكلەندى.

شۇ يىلى غەربىي يۇرت، شەرقىي يىلار زېمىنىدىكى 24 خانلىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

يۇڭپىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 510 ـ يىلى) غەربىي يۇرت، شەرقىي يىلار زېمىنى ۋە شىمالىي دىلاردىكى 16 خانلىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

يۇڭپىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 511 ـ يىلى) غەربىي يۇرت، شەرقىي يىلار زېمىنى ۋە شىمالىي دىلاردىكى 29 خانلىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

يەنچاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 512 ـ يىلى) غەربىي يۇرت، شەرقىي يىلار زېمىنىدىكى 10 خانلىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 138 ـ، 139 ـ،



140 ـ، 141 ـ بەتلەر)

يەنچاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 513 ـ يىلى) شەرقىي يىلار زېمىنى ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئون نەچچە خانلىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

يەنچاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 514 ـ يىلى) شەرقىي يىلار زېمىنى ۋە غەربىي يۇرتتىكى سەككىز خانلىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

يەنچاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 514 ـ يىلى) تۇيغۇن، داڭچاڭ، دىڭجى، قوچۇ، يىنپىڭ قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 142 ـ، 144 ـ، 145 ـ بەتلەر)

شىپىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 517 ـ يىلى) شەرقىي يىلار ئېلى، غەربىي يۇرت، دىلار④، چاڭلار⑤ ئېلى قاتارلىق 11 ئەل ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

شېنگۇي 1 ـ يىلى (مىلادىيە 518 ـ يىلى) شەرقىي يىلار⑥ ئېلى، غەربىي يۇرت، شىمالىي دىلار قاتارلىق 11 ئەل ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

شېنگۇي 2 ـ يىلى (مىلادىيە 519 ـ يىلى) تۇيغۇن، داڭچاڭ، ئېفتالىت قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

جېڭگۇاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 520 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، جورجان خانى ئاناغاي⑦ قېچىپ كېلىپ ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئاناغايغا شوفاڭ ۋىلايىتىنىڭ گۇڭى، جورجان خاقانى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ۋېي پادىشاھى سۇزۇك ئاناغايىنى شىمالغا ئاپىرىپ

قويۇش يارلىقى چۈشۈردى.

جېڭگۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 521 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، جورجانلارنىڭ كېيىنكى خاقانى ئۈجۈلۈ قۇرۇبا خۇەيشو قورغىنىغا ⑧ قېچىپ كېلىپ بېقىندى.

شۇ يىلى ئۈدىيانا⑨، قومىد، پېرسىيە، قوچۇ، ئۈجى، پۇرو، قاڭقىل قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

جېڭگۇاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 522 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، قاڭقىللاردىن ئېلبەگ⑩ غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، شىخەي ۋىلايىتىنىڭ گۇڭى، قاڭقىل دۆلىتىنىڭ خانى قىلىپ تەيىنلەندى.

شۇ يىلى، پېرسىيە، بۇشى، كۇسەن، تۈيغۇن قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

جېڭگۇاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 523 ـ يىلى) ئەتىياز 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، جورجان خاقانى ئاناغاي قوۋمىنى باشلاپ چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. دىۋانبېگىنىڭ سول قول ۋەزىرى يۈەن فۇ⑪ شىمالىي ۋەيس⑫ سۈيىتى بىلەن يارلىق ئېلىپ ئۇلارنى بەزلەشكە باردى. جورجانلارنىڭ كېيىنكى خاقانى ئۈجۈلۈ قۇرۇبا شۇ ۋەجىدىن ئوردىغا سالامغا كەلدى. ئەمرى مىمار⑬ ليۇ تېڭ ئۆلدى.

ياز 4 ـ ئايدا، ئاناغاي يۈەن فۇنى ئەسىر ئېلىپ شىمالغا قېچىپ كەتتى.

شۇ يىلى داڭچاڭ، كۇمۇش قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

جېڭگۇاڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 524 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ۋېي پادىشاھى سۈزۈڭ دىۋانبېگى لى چۇڭ⑭ نى بۈيۈك تۇتۇقلۇققا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا گۇاڭيىاڭ بېگى يۈەن شېن⑮ قاتارلىقلارنى باشلاپ شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلىش



توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 146 ـ، 147 ـ، 148 ـ، 149 ـ، 150 ـ بەتلەر)

شياۋچاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 525 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا، جورجان خاقانى ئاناغاي بالىڭ⑯ نىڭ توپىلاڭچى قوشۇنىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى.

قىش 10 ـ ئايدا، جورجانلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

شياۋچاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 527 ـ يىلى) جورجانلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 152 ـ، 155 ـ بەتلەر)

---

① دۇنخۇاڭ (敦煌) — قەدىمكى ۋىلايەت. ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرى ئەتراپىدا.

(بىر توملۇق «سىيۈەن»، 729 ـ بەت)

② شىمالىي دىلار (北狄) — قەدىمكى قوۋم. خەنزۇچە مەنبەلەردە «翟» دەپمۇ يېزىلىدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىردە قىزىل دىلار، ئاق دىلار، ئېگىز دىلار دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. شىمالدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن شىمالىي دىلار دەپ ئاتالغان.

(«سىخەي»، 1873 ـ بەت)

③ چۇ جيا (麹嘉) — يۈجۈڭلۈق. يەنە بىر ئىسمى چۇ لىڭفېڭ. دەسلەپتە قوچۇ خانى مارۇنىڭ قول ئاستىدا دورغاپ بولغان، كېيىن قوچۇدىكى يەرلىكلەر مارۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى قوچۇ خانى قىلغان. ئۆلگەندىن كېيىن، ۋېي پادىشاھى سۈزۈڭ ئۇنىڭغا غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، لياڭجۇ ئايماق بېگى دېگەن نامنى ئىنئام قىلغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3213 — 3214 ـ بەتلەر)

④ دىلار ( 氐 ) — قەدىمكى قوۋم. غەربىي رۇڭلار دەپمۇ ئاتالغان.
(بىر تومluق «سىيۇەن»، 921 ـ بەت)

⑤ چاڭلار ( 羌 ) — قەدىمكى زاماندا ئېلىمىزنىڭ غەربىدە ياشىغان قوۋملاردىن بىرى. شەرقىي چاڭلار، غەربىي چاڭلار، فا چاڭلىرى دەپ بىر قانچە تارماققا بۆلۈنگەن.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1353 ـ بەت)

⑥ شەرقىي يىلار ( 东夷 ) — قەدىمكى زاماندا ئېلىمىزنىڭ شەرقىدە ياشىغان قوۋملار.
(«نىسخەي»، 1475 ـ بەت)

⑦ ئاناغاي (阿那瓌) — جورجانلار خاقانى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جېڭگۇاڭ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا جورجانلار ئۇنى خاقان قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي نەۋرە ئاكىسى سىفا ئۇنى مەغلۇپ قىلغاچقا، ئۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، شوفاڭ ۋىلايىتى گۇڭى بولۇپ تەيىنلەنگەن. پادىشاھ سۇزۇڭ دەۋرىدە ۋويې قورغىنىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇ يەرنى تىنچىتقانلىقى ئۈچۈن چىلانتۇبىغبا خاقان دەپ ئاتالغان.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1776 ـ بەت)

⑧ خۇەيشو قورغىنى ( 怀朔镇 ) — ئۇرنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بوغىت شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 636 ـ بەت)

⑨ ئۇدىيانا ( 乌苌国 ) — قەدىمكى ئەل. پامىرنىڭ جەنۇبى، ھىندىستاننىڭ شىمالىدا، خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3233 ـ بەت)

⑩ ئىلبەگ ( 伊匐 ) — قاڭقىللار خانى. چۇڭچىنىڭ ئوغلى، مىئەتۇ جورجانلارنىڭ خاقانى چۇنۇ تەرىپىدىن



ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىلبەگ قاڭقىللار خانى بولۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ مەكتۇپ سۇنغان. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، شىخەي ۋىلايىتى گۇڭى، قاڭقىل ئېلىنىڭ خانى قىلىپ تەيىنلەنگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3274 — 3275 ـ بەتلەر)

⑪ يۈەن فۇ ( 元孚 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادى، لىنخۇەي بېگى يۈەن تەننىڭ ئوغلى. يۈەن تەن ۋېي پادىشاھى شىزۇنىڭ 4 ـ ئوغلى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 611 ـ، 613 ـ بەتلەر)

⑫ شىمالىي ۋەيس ( 北道行台 ) — جايلارغا بېرىپ ئورۇندىغا ۋاكالىتەن دىۋان ۋازارىتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ئورگان. بۇ ئورگان كۆپىنچە ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن تەسىس قىلىناتتى.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1523 ـ بەت)

⑬ ئەمرى مىمار ( 司空 ) — قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق ۋە سۇ ئىنشائات ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.
(«كېيىنكى خەننامە. ئەمەلدارلار تەزكىرىسى»، 4141 ـ بەت)

⑭ لى چۇڭ ( 李崇 ) — دۇنچيۇ دېگەن يەردىن. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭنىڭ يۈەن فامىلىلىك خانىشىنىڭ جىيەنى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تۆھپىكار ۋەزىرى.
(مۇھەررىردىن)

⑮ گۇاڭياڭ بېگى يۈەن شېن ( 广阳王深 ) — ۋېي پادىشاھى شىزۇ توغبات تاۋنىڭ 5 ـ ئوغلى، توغبات جىيەننىڭ نەۋرىسى.
(مۇھەررىردىن)

⑯ بالىك ( 拔陵 ) — ۋويې ھەربىي قورغىنىدىن. تولۇق ئىسمى پولوخەن بالىك. جېڭگۇاڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 524 ـ يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن.
(مۇھەررىردىن)

## شىمالىي ۋېي سۇلالىلەر تارىخى، 5 ـ جىلد

## ۋېي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە( V )

يۇڭشى 3 ـ يىلى (مىلادىيە 530 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئېفتالىت دۆلىتى شىر تەقدىم قىلدى.

يۇڭشى 1 ـ يىلى (532 ـ يىلى) جورجان، ئېفتالىت، كوگورى، قىتان، كۇمۇش، قوچۇ قاتارلىق ئەللەر ئەلچىـــى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

يۇڭشى 2 ـ يىلى (مىلادىيە 533 ـ يىلى) قىش 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ھىماتچى سانغۇن، گۇاجۇ ئايماق بېگى، تەيلىن گرافــى①، قوچۇ خانــى چۇ جيەن② ئوردا ئۇچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى③، تەيلىن ۋىلايىتىنىڭ گوڭى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

يۇڭشى 3 ـ يىلى (مىلادىيە 534 ـ يىلى) يازدا قىتان، كوگورى، تۇيغۇن خانلىقلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

«شىمالىي سۇلالىلەر تــارىــخى»، 1 ـ تــوم، 165 ـ، 172 ـ، 173 ـ بەتلەر).

داتۇڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 541 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئايدا، پىشامشان خانىنىڭ ئاكىسى شانجۇنا قوۋمىنى باشلاپ ئىچكىرىگە كۆچۈپ بەيئەت قىلدى.

غەربىي ۋېي سۇلالىسى فېيدىنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىــيە 552 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئايدا، جورجانلارنىڭ ئىلخانى داگوەن



گۇاڭۇغا④ بېسىپ كىردى. 5 ـ ئايدا، ئەل ھىماتچىسى⑤ لى بىي ئۇنى قوغلاپ نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئولجا ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

تيەنپىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 537 ـ يىلى) كوگورى، جورجان خانلىقلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

شىڭخې 2 ـ يىلى (مىلادىيە 540 ـ يىلى) كوگوزى، جورجان، ئۇجى خانلىقلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

شەرقىي ۋېي پادىشاھى شياۋجىڭدىنىڭ شىڭخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 541 ـ يىلى) ئەتىياز 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئاپۇرغۇرلاردىن چوتۇباناخۇندا ئۆز قوۋمىـــــى باشلاپ بەيئەت قىلىشقا كەلدى. 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، لياڭجۇلۇق گوڭسۈن گۈيىلىڭ قوۋمىدىكىلەرنى توپلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزىنــى تەڭرىخان دەپ ئاتىدى. ياڭشيا ⑥ باسقاق سانغۇنــى ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنى ئەسىر ئالدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 178 ـ، 183 ـ، 187 ـ، 189 ـ بەتلەر)

---

شەرقىي ۋېي پادىشاھى شياۋجىڭدىنىڭ شىڭخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 541 ـ يىلى) جورجان، كوگورى، ئۇجى قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

شىڭخې 4 ـ يىلى (مىلادىيە 542 ـ يىلى) جورجان، كوگورى، تۇيغۇن قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

ۋۇدىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 543 ـ يىلــى) تۇيغۇن، كوگورى، جورجان قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتــىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

ۋۇدىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 544 ـ يىلــى) تۇيغۇن، دىندۇگان، شىرۋى⑦، كوگورى، جورجان قاتارلىق ئەللەر ئەلچى

ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.
ۋۇدىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 546 ـ يىلى) شىرۋى، ئۇجى، دىدۇگان، كوگورى قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.
ۋۇدىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 548 ـ يىلى) كوگورى، شىرۋى، جورجان، تۇيغۇن ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.
ۋۇدىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 549 ـ يىلى) جورجان، دىدۇگان، شىرۋى، كوگورى، تۇيغۇن ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.
ۋۇدىڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 550 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، جورجانلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 190 ـ، 191 ـ، 192 ـ، 193 ـ، 194 ـ، 195 ـ بەتلەر)

---

① گراف ( 伯 ) — قەدىمكى بەش دەرىجىلىك مەرتىۋىنىڭ 3 ـ دەرىجىسى.

② چۇ جيەن ( 麴子坚 ) — قوچۇ ئېلىنىڭ خانى. چۇجيانىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىسمى جيەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 201 ـ بەت)

③ ئوردا ئۈچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى ( 仪同三司 ) — مەنسەپ نامى. ئۈچ ئالىي ۋەزىرگە مۇئامىلە قىلغاندەك قائىدە ـ يوسۇن بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپ.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 141 ـ بەت)

④ گۇاڭۇ ( 广武 ) — قەدىمكى ۋىلايەت. ذائىرىسى ھازىرقى



گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭدېڭ ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 551 ـ بەت)

⑤ ئەل ھىماتچىسى ( 柱国 ) — مەنسەپ نامى. ئەسلى ۋەزىرىسى پايتەختنى قوغداش بولغانلىقى ئۈچۈن، پايتەخت قوغدىغۇچىسى دەپمۇ ئاتالغان. كېيىن ھەربىي ئەمەلنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى ياكى تۆھپىكار مەنسەپ بولۇپ قالغان.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 836 ـ بەت)

⑥ ياڭشيا ( 阳夏 ) — قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى تەيكاڭ ناھىيىسىدە.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1789 ـ بەت)

⑦ شىرۋى ( 室韦 ) — قەدىمكى قوۋم. خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە ئېرگۇنا دەرياسى ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن قىتانلارغا بېقىنىدى قىلغان.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 449 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 6 ـ جىلد

# چى پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە ( I )

ئاپۇرغۇرلار جېڭگۇاڭ يىللىرىدىن① بۇرۇن دائىم ئۆزلىرىنى ۋېي سۇلالىسىگە قارام دەپ كەلگەن. ئەمما ۋېي سۇلالىسىدە پات ـ پات مالىمانچىلىق تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ ئاسىيلىق قىلدى. چى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شېنۋۇدى ② ئۇلارنى بەزلەشكە ئەلچى ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە بەيئەت قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقى تىنچىتىلغانلىقتىن، ۋەيس مەنسىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۆزىپ ـ ئادىتى ئوخشىمىغان مىللەتلەر بەيئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، چېگرا ئىشلىرىنى ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلسۇن، دەپ گاۋخۇەنگە يەنە «بۈيۈك ۋەيس» دېگەن نام بېرىلدى. گاۋخۇەن ئۇلارغا ئاشلىق، گەزلىمە بەردى. مۇشاۋۇرلار مالىيە كۈچىمىز بىكارغا كېتىدۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ، دېيىشتى. ئەمما، گاۋخۇەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە پىسەنت قىلماي، دېگىنى بويىچە ئۇلاردىن ھال سورىدى. ئۇلارنىڭ سەردارى تۇچان قاتارلىقلار ئۇنىڭ شاپائىتىدىن مىننەتدار بولۇپ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلدى ھەمدە ساۋغىنى قۇتقۇزۇپ، ۋانچىشۇرۇقاننى ئەسىر ئېلىپ ئوردىغا ناھايىتى ئەسقاتتى. شىمالىي دەريا③ نىڭ غەربىدىكى فىيتۇغ قەبىلىسىدىن بولغان خېدۇلىگىئىل كۇشە دەرياسى بويلىرىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، خەتەرلىك يەر تۈزۈلۈشىگە تايىنىپ ئادەم توپلىۋالغانىدى. گاۋخۇەن ئۇلارنى بەزلەشكە دورغاپ④ خۇجىڭنى



نەچچە قېتىم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار زادىلا ئەل بولمىدى.

تيەنپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 534 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، گاۋخۇەن شىمالىي دەريانىڭ غەربىدىكى فىيتۇغ قەبىلىسىدىن بولغان خېدۇلىگىئىلنى قوۋمىدىكىلەر بىلەن بىللە يوقاتتى. ئۇنىڭ ئاھالىلىرىنى خېدۇڭ⑤ غا كۆچۈردى.

شىڭخې 2 ـ يىلى (مىلادىيە 540 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا، ئاپۇرغۇر قوۋمىدىكىلەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشنى ئۆتۈندى. گاۋخۇەن قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا چىقتى. ۋۇجۇ⑥ نىڭ سىرتىغا بارسا، ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئوۋ ئوۋلاپ قايتىپ كەلدى.

شىڭخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 541 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا، گاۋخۇەن شىمالدىكى چېگرا رايونلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ جورجانلار بىلەن ياراشتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 218 ـ، 219 ـ، 227 ـ بەتلەر)

---

① جېڭگۇاڭ ( 正光 ) — ۋېي پادىشاھى سۈزۇڭنىڭ 520 — 542 ـ يىللىرىدىكى يىلنامى.

( «جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» )

② چى پادىشاھى شېنۋۇدى ( 神武帝 ) — ئىسمى گاۋخۇەن، شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى.

(مۇھەررىردىن)

③ شىمالىي دەريا ( 北河 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇگا دەرياسى.

( «ھونلار تارىخى يىلنامىسى»، 263 ـ بەت)

④ دورغاپ ( 长史 ) — مەنسەپ نامى. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋەزىر مەھكىمىسىدە دورغاپ مەنسىپى بولغان. كېيىنكى خەن دەۋرىدە ئەمىرلەشكەر، ئەمرى زېمىن، ئەمرى مىمار، سانغۇن مەھكىمىلىرىدە دورغاپ مەنسىپى تەسىس قىلىنغان. كېيىن، ئايماقلاردىمۇ دورغاپ تەسىس قىلىنىپ، ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرغان.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1754 ـ بەت)

⑤ خېدۇڭ ( 河东 ) — سەنشى ئۆلكىسى دائىرىسىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ. خەن دەۋرىدە خېدۇڭ ئايمىقى تەسىس قىلىنغان.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 948 ـ بەت)

⑥ ۋۇجۇ ( 武州 ) — قەدىمكى ناھىيە. خەن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، يۈنجۇڭ ۋىلايىتىگە قارىغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە كەلگەندە، ۋۇجۇ قورغىنى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 903 ـ بەت)



## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 7 ـ جىلد

## چى پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە( Ⅱ )

شىمالىي چى سۇلالىسى ۋېنشۇەندىنىڭ تيەنباۋ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 550 ـ يىلى) كوگورى، جورجان، تۇيغۇن، كۇموش ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تيەنباۋ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 551 ـ يىلى) جورجان، شىرۋى، كوگورى ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تيەنباۋ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 552 ـ يىلى) ئەتىياز 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، چى پادىشاھى ۋېنشۇەندى① دەيجۈن② ۋىلايىتىدىكى كۇموشلەرگە جازا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلدى. ئۇلارنىڭ قوۋمىدىكىلەرنى تەيخاڭ تېغىنىڭ شەرقىگە③ كۆچۈرۈپ، چى سۇلالىسىنىڭ پۇقراسى قىلدى. 2 ـ ئايدا، جورجانلار خاقانى ئاناغاي تۈركلەر④ دىن مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ ۋەلىئەھدى يانلوچېن، ئاناغاينىڭ نەۋرە ئىنىسى دىڭجۇ ئېلبەگ⑤ ۋە دىڭجۇ ئېلبەگنىڭ ئوغلى قۇتلار قوۋمىنى باشلاپ چى سۇلالىسىگە قېچىپ كەلدى. جورجانلارنىڭ قېپقالغان قوۋمى دىڭجۇ ئېلبەگنىڭ 2 ـ ئوغلى تەبانى خاقان قىلىپ تىكلىدى.

تيەنباۋ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 553 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، جورجانلار خاقانى تەبانىڭ ئاتىسى دىڭجۇ ئېلبەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قۇت شىمالغا ئاپىرىپ قويۇلدى. تەبا ئۇزاق ئۆتمەي قىستانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. جورجانلار يەنە دىڭجۇ ئېلبەگنى خاقان

قىلىپ تىكلىدى. ئەمما، ئۇنى قەبىلە باشلىقى ئافۇت قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈۋەتتى. جورجان ئېلىدىكىلەر يەنە قۇتنى خاقان قىلىپ تىكلىدى.

شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، تۈركلەر جورجانلارغا يەنە ھۇجۇم قىلدى. جورجان ئېلىدىكى قوۋملارنىڭ ھەممىسى چى سۇلالىسى زېمىنىغا قېچىپ كەلدى.

شۇ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، چى پادىشاھى ۋېنشۇەندى شىمالدا تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، جورجانلارنى كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلارنى ئۆز پۇقراسى قىلدى. ئۇلارنىڭ قاغانى قۇتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاناغاينىڭ ئوغلى يانلوچېننى قاغان قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارنى مايى دەرياسى⑥ بويلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. تۈركلەرگە شوفاڭ ئەتراپلىرىغىچە قوغلاپ زەربە بەردى. تۈركلەر تەسلىم بولۇشنى سورىۋىدى، پادىشاھ ئۇلارغا ئىجازەت بېرىپ قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تۈركلەر ئوردىغا ئۈزلۈكسىز ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى.

تيەنباۋ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 554 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا، يانلوچېن باشچىلىقىدىكى جورجانلار يۈز ئۆرۈۋىدى. چى پادىشاھى ۋېنشۇەندى جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. يانلوچېن ئاتا ـ بالا شىمالغا قېچىپ كەتتى.

شۇ يىلى 4 ـ ئايدا، جورجانلار سىجۇ⑦ دېگەن يەرگە بېسىپ كىردى. پادىشاھ جىنياڭدىن⑧ چىقىپ جازا يۈرۈشىگە ئاتلىنىپ، خېڭجۇ⑨ دېگەن يەرگە باردى. بۇ ۋاقىتتا دۈشمەن چەۋەندازلىرى قېچىپ كەتكەچكە، ئاساسلىق قوشۇن قايتىپ كەتتى. پادىشاھ ۋېنشۇەندى قول ئاستىدىكى 2000 دىن ئارتۇق چەۋەندازنى باشلاپ ئارقىدىن ماڭدى. كەچ بولغاندا خۇاڭگۇادۈي⑩ دېگەن يەردە قوندى. جورجانلارنىڭ باشقا قوۋمىدىن نەچچە تۈمەن چەۋەنداز ئاتنى ياۋىداق مىنىپ كېلىپ ئۇ جاينى قورشىۋالدى. پادىشاھ خاتىرجەم ئۇخلاپ، تاڭ



سۈزۈلگەندە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق قورقۇش ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى، ئۇ قوشۇندىكىلەرنى سەپكە تىزىپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقتى. دۈشمەنلەر قاچتى، قوشۇندىكىلەر ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بەردى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى 20 چاقىرىم ئارىلىقنى قاپلىدى. يانلوچېننىڭ خوتۇنى، ئوغلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئەسىر ئېلىندى. 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، دىدۇگان، قىتان ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى. 22 ـ كۈنى، شىمالدىكى جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىنىپ، ئۇلار ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 6 ـ ئايدا، جورجانلار يىراققا قېچىپ كەتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 248 ـ، 249 ـ، 250 ـ، 251 ـ بەتلەر)

تيەنباۋ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 555 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، چى پادىشاھى ۋېنشۇەندى جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. 25 ـ كۈنى، ھەر قايسى يولدىكى قوشۇنلار چىلىيەنچى دېگەن يەردە توپلاندى. 26 ـ كۈنى، چېگرا ـ پاسىلدىن ئۆتۈپ شېدى جىلغىسىغا⑪ يېتىپ باردى. يۈز نەچچە چاقىرىم دائىرىدە سۇ بولمىغاچقا، قوشۇندىكىلەر ئۇسساپ ھالىدىن كەتكەنىدى. تۇيۇقسىز قاتتىق يامغۇر ياغدى.

كۈز 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پادىشاھ ۋېنشۇەندى بەيداۋ⑫ دا قوشۇننى توختىتىپ، ئېغىر يۈكلەرنى تاشلىۋېتىپ، يېنىك قوراللانغان 5000 چەۋەندازنى باشلاپ جورجانلارنى قوغلىدى. 4 ـ كۈنى خۇەيشو قورغىنىدا ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. پادىشاھ ئېتىلىۋاتقان ئوق، تاشلارغا قارىماي ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى ھەمدە ۋويېغىچە قوغلاپ باردى. 14 ـ كۈنى، جىنياڭغا قايتتى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، پادىشاھنىڭ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى جىنياڭدىن

پايتەختكە⑬ قايتىپ كەلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 252 ـ بەت)

---

① چى پادىشاھى ۋېنشۇەندى ( 文宣帝 ) — گاۋخۇەننىڭ 2 ـ ئوغلى، ئىسمى گاۋياڭ. چى سۇلالىسىنى قۇرۇپ، مىلادىيە 551 — 559 ـ يىللىرى پادىشاھ بولغان.
(مۇھەررىردىن)

② دەيجۈن ( 代郡 ) — قەدىمكى ۋىلايەت. ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ دەيشيەن، فەنجى، ۋۇتەي، يۈەنپىڭ ناھىيىلىرىگە توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 93 ـ بەت)

③ تەيخاڭ تېغىنىڭ شەرقى ( 山东 ) — ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

④ تۈركلەر ( 突厥 ) — قەدىمكى زاماندا ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى قوۋم.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1262 ـ بەت)

⑤ ئېلبەگ ( 俟利 ) — جورجانلارنىڭ ئەمەل نامى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 275 ـ بەت)

⑥ مايى دەرياسى ( 马邑川 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى نىڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى تاغدىن باشلىنىپ، شەرققە قاراپ ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، شىمالغا بۇرۇلۇپ شوشيەن ناھىيىسىگە ئېقىپ كىرىپ، قەدىمكى مايى شەھىرى خارابىسىنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ ساڭگەن دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى قامۇسى»، 330 ـ بەت)



⑦ سجۇ ( 肆州 ) — قەدىمكى يەر نامى. ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شىنشيەن ناھىيىسى.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 ـ كىتاب، 59 — 60 ـ بەتلەر)

⑧ جىنياڭ ( 晋阳 ) — قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى تەييۈەن شەھىرىدە.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 773 ـ بەت)

⑨ خېڭجۇ ( 恒州 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى جېڭدىڭ ناھىيىسىدە.
(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 605 ـ بەت)

⑩ خۇاڭگۇادۇي ( 黄瓜堆 ) — قەدىمكى يەر نامى، يەنە بىر نامى شېندۇي ( 神堆 ). ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شەنيىن ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 977 ـ بەت)

⑪ شىدى جىلغىسى ( 库狄谷 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بولسا كېرەك.
(مۇھەررىردىن)

⑫ بەيداۋ ( 白道 ) — يول نامى. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كۆكخوت شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«هونلار تارىخى يىلنامىسى»، 257 ـ بەت)

⑬ چى سۇلالىسىنىڭ پايتەختى يېچېڭ شەھىرى (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى لىنجاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) ئىدى.
(مۇھەررىردىن)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 8 ـ جىلد

# چى پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە (Ⅲ)

گاۋخۇەن يىراقتىكى قەبىلىلەرنى بەزلەپ قارام قىلىشقا تىرىشىۋاتاتتى. ئۇ شۇ مەقسەتتە جورجان شاھزادىسى يانلوچېيىنىڭ قىزىنى ئۆز ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپ① ئۇنىڭغا مەلىكە لىڭخې دەپ نام بەردى.

خېچىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 563 ـ يىلى) قىش 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شىمالىي جۇ سۇلالىسى② سەركەردىسى ياڭ جۇڭ تۈركلەرنىڭ قاغانى ئاشىنا مۇقان③ قاتارلىق 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، خېڭجۇدىن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ بېسىپ كىرىپ، ئەمەلدار ـ پۇقرالارنى قىردى ۋە بۇلاپ ـ تالىدى. شۇ چاغدا بىر ئايچە قار ـ مۇز ياغدى. جەنۇب ۋە شىمالدىكى مىڭ نەچچە چاقىرىم كەڭلىكتىكى دائىرىدە يەر يۈزىنى نەچچە غېرىچ قېلىنلىقتا قار قاپلاپلىدى. تەيىۋەندە قان رەڭگىدە يامغۇر ياغدى. 26 ـ كۈنى، چى پادىشاھى ۋۇچېڭدى جىنياڭغا باردى. 28 ـ كۈنى، جۇ سۇلالىسى قوشۇنى بىڭجۇ ئايمىقىغا④ يېقىنلاپ كەلدى ھەمدە بۈيۈك سانغۇن داشىۋۇ⑤ نى نەچچە ئون مىڭ لەشكەرنى باشلاپ شەرقىي يۇڭجۇ⑥ ۋە جىنجۇ ئايماقلىرىغا بېرىپ، تۈركلەرگە ماسلىشىشقا ئەۋەتتى.

خېچىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) ئەتىياز 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇ سۇلالىسى قوشۇنى بىڭجۇ شەھىرى⑦ ئالدىدا سەپكە تىزىلدى. ئىككى تەرەپ شەھەرنىڭ غەربىدە ئۇرۇشتى. جۇ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن تۈركلەر قاتتىق مەغلۇپ بولدى. ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئۆلۈكلىرى نەچچە يۈز چاقىرىم ئارىلىقتا تاشلىنىپ قالدى. پىڭياڭ بېگى دۇەن شاۋغا ئۇلارنى شىمالدىكى چېگرىدىن قوغلىۋېتىش يارلىق قىلىندى.



كۈز 9 ـ ئايدا، تۈركلەر يۇجۇ⑧ غا بېسىپ كىردى.

تيەنتۇڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 566 ـ يىلى) تۈرك، موغال⑨ ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

تيەنتۇڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 567 ـ يىلى) قىش 10 ـ ئايدا تۈرك، داملو⑩، شىرۋى، بەيجى⑪، موغال قاتارلىق ئەللەر ئايرىم ـ ئايرىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي چى سۇلالىسى ۋۇپىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 573 ـ يىلى) كوگورى، موغال قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى. تۈرك ئەلچىسى قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1 ـ توم، 281 ـ، 283 ـ، 284 ـ، 288 ـ، 295 ـ بەتلەر)

---

① گاۋخۇەن يانلوچېيىنىڭ قىزىنى ئۆزىنىڭ 9 ـ ئوغلى گاۋجەنگە خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەرگەن. گاۋجەن 561 ـ يىلى چى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ۋۇچېڭدى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

(مۇھەررىردىن)

② شىمالىي جۇ سۇلالىسى (北周) — يۈۋېن تەي 557 ـ يىلى غەربىي ۋېي سۇلالىسىنى يوقىتىپ قۇرغان سۇلالە بولۇپ، 577 ـ يىلى شىمالىي چى سۇلالىسىنى يوقاتقان.

(مۇھەررىردىن)

③ مۇقان (木杆可汗) — تۈركلەر قاغانى. ئەسلى ئىسمى ئېركىن. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىككى خىل خاتىرە بار. بىرى: ئىل قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى ئىل ئىشىگ قاغان تەختكە چىقتى. ئۇ كېسەل بىلەن ئۆلگەندە ئوغلى ئىدۇگنى تەخت ۋارىسى قىلماي، ئىنىسى ئېركىننى قاغان قىلدى. مانا بۇ مۇقان قاغاندى. يەنە بىرى: تۇمەن قاغان ئۆزىنى ئىل قاغان دەپ ئاتىغان. ئۇ ئۆلۈپ، ئوغلى قالا قاغان بولدى، قالا دەل ئىل ئىشىگ قاغان ئىدى. قالا ئۆلگەندە قاغانلىقنى تەختىنى ئوغلى ئىدۇگغا بەرمەي، ئىنىسى ئېركىنگە بەردى. ئېركىن مۇقان قاغان ئىدى. مۇقاننىڭ يەنە بىر ئىسمى ئىلۇران بېگ، ئۇنىڭ ئىلكىدە تۈركلەر خېلى قۇدرەت تاپقان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 3285 ـ، 3287 ـ بەتلەر)

④ بىڭجۇ ئايمىقى (并州) — دائىرىسى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى فېنخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىيۈەن»، 540 ـ بەت)

⑤ داشىۋۇ (达溪武) — شىمالىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق سەركەردە. گاۋياڭ ئايمىقى بېگى، ئەل ھىماتچىسى مەنسىپىدە بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2299 ـ، 2301 ـ بەتلەر)

⑥ شەرقىي يۇڭجۇ ئايمىقى (东雍州) — دائىرىسى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شىنجاڭ ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(«سىخەي»، 1810 ـ بەت)

⑦ بىڭجۇ شەھىرى (并州城) — هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى تەييۈەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.
(مۇھەررىردىن)

⑧ يۇجۇ ئايمىقى (幽州) — دائىرىسى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑨ موغال (鞨韄) — شىمالدا ياشىغان قوۋم. ئۇجى دەپمۇ ئاتالغان.
(بىر توملۇق «سىيۈەن»، 1832 ـ بەت)

⑩ داملو (大莫娄) — شىمالدا ياشىغان قوۋم. ئۇجىلاردىن مىڭ چاقىرىم شىمالدا تۇرغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3131 ـ بەت)

⑪ بەيجى (白济) — قەدىمكى ئەل. هازىرقى كورىيەنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 ـ كىتاب، 17 — 18 ـ بەتلەر)



## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 9 ـ جىلد

### جۇ پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە (I)

شىمالىي جۇ سۇلالىسى پادىشاھى مىڭدىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 558 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئىپتالىت ئېلى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى. شۇ يىلى قىش 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، تۈركلەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي جۇ سۇلالىسى پادىشاھى مىڭدىنىڭ ۋۇچىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 559 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، تۇيغۇنلار چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. 23 ـ كۈنى، جۇ پادىشاھى مىڭدى باش ئەمىرلەشكەر①، بولىڭ گۇڭى خېلەن شياڭ② نى لەشكەر باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تۇيغۇنلار قاچتى. كەبىسە ئېيىدا قوچۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2 ـ توم، 335 — 336 ـ بەتلەر)

---

① باش ئەمىر لەشكەر (大司马) — خاننىڭ هاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە ياردەملىشىدىغان ئالىي ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى.
(«كېيىنكى خەننامە. ئەمەلدارلار تەزكىرىسى»، 4137 ـ بەت؛ بىر توملۇق «سىيۈەن»، 566 ـ بەت)

② خېلەن شياڭ (贺兰祥) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ

سەركەردىسى. غەربىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى ۋېندىنىڭ داتۇڭ 14 ـ يىلى بولىڭ ئايمىقى گۇڭگى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن. شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە شياۋمىڭدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇنى ئەل ھىماتچىسى، باش ئەمىر لەشكەر قىلىپ تەيىنلەنگەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2179 ـ، 2181 ـ بەتلەر)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 10 ـ جىلد

## جۇ پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە( Ⅱ )

شىمالىي جۇ سۇلالىسى ۋۇدىنىڭ باۋدىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 561 ـ يىلى) تۈرك، تۇيغۇن، قوچۇ، داڭچاڭ، كۇسەن ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

باۋدىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 563 ـ يىلى) 9ـ ئاينىڭ 27ـ كۈنى، چى پادىشاھى ۋۇدى ئەل ھىماتچىسى ياڭ جۇڭغا 10 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ تۈركلەر بىلەن بىللە چى سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇدى.

باۋدىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) تۈرك، سوغدى ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

باۋدىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 565 ـ يىلى) تۇيغۇن ئېلى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي جۇ سۇلالىسى ۋۇدىنىڭ تيەنخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 568 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، خانىش ئاشىنا① تۈرك ئېلىدىن كەلدى.

كۈز 7 ـ ئايدا، تۈركلەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئات تەقدىم قىلدى.

شىمالىي جۇ سۇلالىسى ۋۇدىنىڭ جيەندې 1 ـ يىلى (مىلادىيە 572 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، بۈيۈك سانغۇن، چاڭچىڭ گۇڭگى يۈۋېن شېن② تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلدى.

جيەندې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 574 ـ يىلى) ئەتىياز 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، تۈركلەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئات تەقدىم قىلدى.

جيەندې 5 ـ يىلى (مىلادىيە 576 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شاھزادە③ تۇيغۇن زېمىنىغا كىرىپ فۇچى شەھىرى④ گە بېرىپ ئاندىن قايتىپ كەلدى.

جيەندې 6 ـ يىلى (مىلادىيە 577 ـ يىلى) تۇيغۇن، بەيجى ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

شىمالىي جۇ سۇلالىسى ۋۇدىنىڭ شۇەنجېڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 578 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، تۈركلەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

ياز 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، تۈركلەر يۇجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىردى.

شۇەنجېڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 578 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا، تۈركلەر چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. جيۇچۈەننى مۇھاسىرە قىلىپ، ئەمەلدار ـ پۇقرالارنى قىردى ۋە بۇلاپ ـ تالىدى.

شىمالىي جۇ سۇلالىسى جىڭدىنىڭ داشياڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 579 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا، تۈركلەر بىڭجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىردى.

داشياڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 580 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، تۈركلەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلدى ھەمدە مەلىكە چيەنجىن⑤ نى كۆچۈرۈپ ئەكەتتى.

كۈز 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، تۈركلەر چى سۇلالىسىنىڭ فەنياڭ بېگى گاۋشاۋيى⑥ نى ئاپىرىپ قويدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2 ـ توم، 348 ـ، 350 ـ، 351 ـ، 352 ـ، 354 ـ، 355 ـ، 356 ـ، 359 ـ، 363 ـ، 370 ـ، 371 ـ، 374 ـ، 376 ـ، 378 ـ، 382 ـ بەتلەر)

---

① خانىش ئاشىنا ( 皇后阿史那氏 ) — شىمالىي چى سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇچېڭدى گاۋجەننىڭ خانىشى، تۈركلەر قاغانى مۇقاننىڭ قىزى.



جۇ ۋۇدىنىڭ تيەنخې 3 ـ يىلى تۈرك ئېلىدىن ئوردىغا كېلىپ خانىش بولغان. سۇي سۇلالىسى كەيخۋاڭ 2 ـ يىلى 32 ياشتا ئالەمدىن ئۆتكەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 528 ـ بەت)

② چاڭچېڭ گۇڭى يۈۋېن شېن ( 昌城公深 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادى. جۇ پادىشاھى ۋېندىنىڭ جىيەن ئوغلى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2071 — 2072 ـ بەتلەر)

③ بۇ يەردىكى شاھزادە جۇۋۇدى يۈۋېن يۇڭ ( 宇文邕 ) نىڭ چوڭ ئوغلى يۈۋېن يۈن ( 宇文赟 ) نى كۆرسىتىدۇ. ئۇ جۇ ۋۇدىنىڭ شۇەنجېڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 578 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا تەختكە چىققان ۋە جۇ شۇەندى دەپ ئاتالغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 373 ـ بەت)

④ فۇچى شەھىرى ( 伏俟城 ) — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 285 ـ بەت)

⑤ مەلىكە چيەنجىن ( 千金公主 ) — جۇ پادىشاھى ۋېندى يۈۋېن تەينىڭ 7 ـ ئوغلى يۈۋېن جاۋنىڭ قىزى. داشياڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 579 ـ يىلى) تۈركلەرنىڭ تابار قاغانى قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، پادىشاھ جىڭدى بۇ قىزغا مەلىكە چيەنجىن دەپ نام بېرىپ ياتلىق قىلغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3290 ـ بەت)

⑥ فەنياڭ بېگى گاۋ شاۋيى ( 范阳王高绍义 ) — چى پادىشاھى ۋېنشۇەندى گاۋياڭنىڭ 3 ـ ئوغلى. چى سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇ مايىدىن قېچىپ تۈركلەرگە بېقىنىدىغان. تابار قاغاننىڭ قوللىشى بىلەن چى پادىشاھى بولۇۋالغان. كېيىن جۇ سۇلالىسى ئۇنى تۈركلەردىن سېتىۋېلىپ شۇ دېگەن يەرگە سۈرگۈن قىلغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1884 — 1885 ـ بەتلەر)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 11 ـ جىلد

## سۇي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە( I )

سۇي سۇلالىسى ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 581 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، لىيئەن گۇڭگى يۈەن شيې① چىڭخەيدىكى تۇيغۇنلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتىلىپ، ئۇلارنى يەڭدى ھەم تەسلىم قىلدى.

شۇ يىلى موغال، تۈركلەردىن ئاپار قاغان②، ئىشبارا قاغانلار③ ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 582 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، بۈيۈك سانغۇن خەن سېڭشۇ④ جىتۇ تېغىدا⑤، ئەركان سانغۇن لى چۇڭ خېبېي تېغىدا تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى.

كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 582 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا، تۈركلەر جۇپەنگە بېسىپ كىردى. ھەربىي يۈرۈش باشبۇغى داشى چاڭرۇ⑥ قاراقچىلار تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىندى.

كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 583 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ۋېي بېگى ياڭ شۇاڭ⑦ بەيداۋ تېغىدا⑧ تۈركلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. 2 ـ كۈنى، تۇيغۇنلار لىنتاۋ⑨ غا بېسىپ كىردى. تاۋجۇ ئايماقبېگى پى زىشىن بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۆلدى.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ھەربىي يۈرۈش باشبۇغى لى خۇاڭ مونا كېچىكىدە تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى. 25 ـ كۈنى، ھەربىي يۈرۈش سانغۇنى دۇرۇڭدىڭ لياڭجۇدا تۈركلەر بىلەن تۇيغۇنلارنى مەغلۇب قىلدى.



6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، تۈركلەر ئەلچى ئەۋەتىپ يارىشىشنى ئۆتۈندى. 25 ـ كۈنى، ھەربىي يۈرۈش باشبۇغى لياڭ يۈەن ئەرخان تېغىدا تۇيغۇنلارنى مەغلۇب قىلىپ، ئۇلارنىڭ داڭلىق خانىنى ئۆلتۈردى.

شۇ يىلى كوگورى، تۈرك، موغال ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

كەيخۇاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 584 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، تۈرك قاغانى ئاشىنا ديەنچۇر⑩ قوۋمىنى باشلاپ ئەل بولۇشقا كەلدى.

كەيخۇاڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 585 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، بۈيۈك سانغۇن يۈەن چى تۈركلەرنىڭ ئاپار قاغانىنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلدى.

كۈز 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغانى ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مەكتۇپ ئەۋەتتى.

كەيخۇاڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 586 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، تاڭغىتلار⑪ ۋە چاڭلار بەيئەت قىلدى. شۇ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تۈركلەرگە تەقۋىم (كالېندار) تارقىتىلدى.

شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغانى ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

كەيخۇاڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 590 ـ يىلى) تۇيغۇن، قىتان ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

شۇ يىلى كوگورى، موغال ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى. تۈركلەرمۇ يەتتە خىل گۆھەر تاش بىلەن زىننەتلەنگەن قاچا تەقدىم قىلدى.

كەيخۇاڭ 12 ـ يىلى (مىلادىيە 592 ـ يىلى) تۈرك، تۇيغۇن، موغال ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

كەيخۇاڭ 15 ـ يىلى (مىلادىيە 595 ـ يىلى) تۇيغۇن،

موغال، جانپۇ⑫ قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

كەيخۋاڭ 17 ـ يىلى (597 ـ يىلى) ئەتىياز 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، تەيپىڭ گۇڭجى شى ۋەنسۈي⑬ شىنىڭ⑭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى ئىشغال قىلدى.

شۇ يىلى كوگورى، تۈرك ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

كەيخۋاڭ 19 ـ يىلى (مىلادىيە 599 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ تولشاد قاغانى⑮ ئىچكىرىگە كۆچۈپ ئەل بولدى. تاردۇش قاغان شىمالدىكى چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. ھەربىي يۈرۈش باشبۇغى شى ۋەنسۈي ئۇلارغا زەربە بېرىپ مەغلۇپ قىلدى.

شۇ يىلى قىش 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ تولشاد قاغانىغا بۇمىن قاغان دەپ نام بېرىلدى. دالى⑯ شەھىرى بىنا قىلىنىپ، ئۇنىڭ قوۋمى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ دۇلان قاغانى⑰ قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئېلىدە مالىمانچىلىق يۈز بەردى.

سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ۋېندىنىڭ رېنشۇ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 601 ـ يىلى) ياز 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، تۈركلەردىن 90 مىڭ كىشى (سۈي سۇلالىسىگە) بەيئەت قىلدى.

12 ـ ئايدا، ياڭ سۇ⑱ تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ياڭ جيەن مۇلازىمىغا غەربىي يۇرتتىن ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا كەلگەنلەرنى قوغداپ قوۋۇقتىن چىقىرىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. مۇلازىم يول بويىدىكى يەرلىك ئەمەلدار بەرگەن سوۋغا ـ سالاملارنى، يەنى تۆتىقۇش (شاتۇتى)، بۇغا تېرىسى، قامچا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالدى. پادىشاھ بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپلىنىپ



قاتتىق ئاچچىقلاندى. ئۇ يەنە لەشكىرىي ئامبارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپ، ئۇ جايدىكى خىيانەتچىلىك، قالايمىقانچىلىق چېكىگە يەتكەنلىكىنى بايقىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2 ـ توم، 405 ـ، 406 ـ، 408 ـ، 409 ـ، 410 ـ، 411 ـ، 412 ـ، 417 ـ، 418 ـ، 420 ـ، 421 ـ، 422 ـ، 423 ـ، 424 ـ، 430 ـ بەتلەر)

---

① لېئەن گۇڭجى يۈەن شيې ( 乐安公元谐 ) — خېنەن لوياڭدىن. سۈي ۋېندى ياڭ جيەننىڭ ھەمساۋاقى. ياڭ جيەن پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى چوڭ سانغۇن، لېئەن گۇڭجى قىلىپ تەيىنلەنگەن. كېيىن پادىشاھ ئۇنى ئۆلتۈرگەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2515 ـ بەت)

② ئاپار قاغان ( 阿波可汗 ) — تۈركلەر قاغانى. مۇقان قاغان (ئېركىن) نىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىسمى تالاچ. ئىشبارا قاغان ئۇنىڭ بىلەن بىر نەۋرە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئاپار قاغان دەپ نام بېرىپ، ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ قاغان بولۇۋېلىشىغا يول قويغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3290 — 3291 ـ بەتلەر)

③ ئىشبارا قاغان ( 沙钵略可汗 ) — تۈركلەر قاغانى. تۇمەن قاغاننىڭ نەۋرىسى، قالا قاغاننىڭ ئوغلى. ئىسمى ئىدۇگ. قالا ئۆلگەندىن كېيىن، ئىدۇگنى تەخت ۋارىسى قىلماي، ئۆز ئىنىسى ئېركىننى قاغان قىلدى. ئۇ مۇقان قاغاندۇر. مۇقان قاغان ئۆلگەندە ئۆزىنىڭ ئىنىسىنى تەخت ۋارىسى قىلدى. ئۇ تابار قاغاندۇر. تابار ئۆلگەندىن كېيىن، ئەل ئىچىدە مۇقىملىق بۇزۇلۇپ، ئاخىر ئىدۇگ قاغان بولۇپ، ئىشبارا قاغان دېگەن نام بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3286 ـ، 3295 ـ بەتلەر)

④ خەن سېڭشۇ ( 韩僧寿 ) — داڭلىق باتۇر. سۈي سۇلالىسى كەيخۋاڭ يىللىرىدا چاڭلې ناھىيە بېگى، گۇاڭلىڭ گۇڭجى بولغان. كېيىن

تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەل ھىماتچىسى، جاڭدۇ گۈڭى دەپ نام بېرىلگەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2376 ـ بەت)

⑤ جىتۇ تېغى ( 鸡头山 ) — يەنە بىر ئىسمى كۇڭتۇڭ تېغى، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى پىڭلياڭ ناھىيىسىدە.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1805 ـ بەت)

⑥ داشى چاڭرۇ ( 达奚长儒 ) — ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئەمەلدار بولغان. شىمالىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە 15 يېشىدا لېئەن گۈڭى دېگەن ئۇنۋانغا ۋارىسلىق قىلغان. كېيىن تۆھپىلىرى ئۈچۈن چوڭ سانغۇن، جىنجۇن گۈڭى بولغان. سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى، تۈركلەر چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سالغاندا، لەشكەر باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەن بىلەن ئۈدا ئۈچ كۈن قاتتىق ئېلىشىپ، ئۇلارنى چېكىندۈرگەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2520 — 2521 ـ بەتلەر)

⑦ ۋېي بېگى ياڭ شۇاڭ ( 韦王爽 ) — سۈي پادىشاھى ۋېندى ياڭ جيەننىڭ ئانا باشقا ئىنىسى. سۈي ۋېندى پادىشاھ بولۇپلا، ئۇنىڭغا ۋېي بېگى دەپ نام بەرگەن. ئىشبارا قاغان بىلەن جەڭدە ئۇچرىشىپ، ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. كېيىن كېسەل بىلەن 25 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2454 ـ بەت)

⑧ بەيداۋ تېغى ( 白道山 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تۇموت خوشۇنىدا.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1171 ـ بەت)

⑨ لىنتاۋ ( 临洮 ) — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى مىنشيەن ناھىيىسى.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1402 ـ بەت)



⑩ ئاشىنا ديەنچۈر ( 阿史那玷厥 ) — ئىشبارا قاغاننىڭ تاغىسى بولۇپ، دەسلەپتە غەربىي قاغان بولغان. كېيىن ئاپار قاغان ئىشبارا قاغاندىن قېچىپ، ئۇنىڭغا بېقىنغاندا، ئاپار قاغان بىلەن بىرلىشىپ ئىشبارا قاغانغا تاقابىل تۇردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3293 ـ بەت)

⑪ تاڭغۇتلار ( 党项羌 ) — چاڭلارنىڭ بىر تارمىقى. ماكانى شەرقتە لىنتاۋ، شىپىڭ بىلەن، غەربتە تيېخۇ بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. شىمالىي ۋېي ۋە جۇ دەۋرلىرىدە دائىم چېگرىنى پاراكەندە قىلغان. سۈي سۇلالىسى ئۇلارغا جازا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن بەيئەت قىلغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3292 ـ بەت)

⑫ جانپۇ ( 林邑 ) — جەنۇبىي دېڭىز بويىدىكى قەدىمكى ئەل.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 831 ـ بەت)

⑬ تەيپىڭ گۈڭى شى ۋەنسۈي ( 太平公史万岁 ) — دۆلىتلىق. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، سۈي سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى داڭقى چىققان سەركەردە. ياش ۋاقتىدا تەيپىڭ ناھىيىسى بېگى دېگەن ئۇنۋانغا ۋارىسلىق قىلغان. جەڭلەردە نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتكەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2523 ـ، 2526 ـ بەتلەر)

⑭ شىنىڭ ( 西宁 ) — يەر نامى. ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ شەھىرى.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 1546 ـ بەت)

⑮ تولشاد قاغان ( 突利可汗 ) — تۈركلەرنىڭ داڭلىق قاغانى. ئىشبارا قاغاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىسمى رامغان، دەسلەپتە تولشاد قاغان دەپ ئاتالغان. سۈي سۇلالىسى كەيخۇاڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 597 ـ يىلى) مەلىكە ئەنيىنى خوتۇنلۇققا ئالغان. ئىككىنچى يىلى سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇنى ئىلچىن بۇمىن قاغان قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ

ئاخىرىغىچە سۇي سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئۆتتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3296 ـ، 3299 ـ بەتلەر)

⑯ دالى شەھىرى (大利城) — قەدىمكى يەر نامى. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە بىنا قىلىنغان.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 62 ـ بەت)

⑰ دۇلان قاغان (都蓝可汗) — ئىشبارا قاغاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىسمى يارلۇق. ئىشبارا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى يابغۇ چۇلۇق قاغان بولدى. چۇلۇق قاغان جەڭدە ئوق تېگىپ ئۆلگەندىن كېيىن، قوۋملىرى يارلۇقنى قاغان قىلدى. ئۇ ئىلتەرىش چوردۇلان قاغان دەپ ئاتالدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3295 ـ بەت)

⑱ ياڭ سۇ (杨素) — ئەينى زاماندا سۇي سۇلالىسىنىڭ ئەركان سانغۇنى ئىدى.
(مۇھەررىردىن)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 12 ـ جىلد

## سۇي پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە( Ⅱ )

سۇي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭدىنىڭ دايې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 607 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ بۇمىن قاغانى ئۆزىنىڭ ئوغلى توتېگىننى ئوردىغا سالامغا ئەۋەتتى. 18 ـ كۈنى، بۇمىن قاغان ئۆز ئىنىسىنىڭ ئوغلى بىلگە تېكىننى ئوردىغا ئەۋەتتى. 23 ـ كۈنى، بۇمىن قاغان چېگرىدىن ئۆتۈپ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى بىلەن پادىشاھنى كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، پادىشاھ رۇخسەت قىلمىدى.

شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، تۇيغۇن، قوچۇ ئەللىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئولپان تاپشۇردى.

شۇ يىلى كۈز 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، بۇمىن قاغان ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، كىيىم ـ كېچىكنى ئۆزگەرتىپ، خۇاشيا ئۇسلۇبىدىكى كىيىم ـ كېچەك كىيىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ بۇمىن قاغان ئوردىغا سالامغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي، مەرتىۋىسىنى ئاتاش، دەرىجىسى بەگلەردىن يۇقىرى بولۇش توغرىسىدا يارلىق قىلدى. 7 ـ كۈنى، سۇي پادىشاھى ياڭدى ۋىلايەت مەركىزىنىڭ① شەرقىدە كاتتا بارگاھ قۇرۇپ، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ۋە مۇھاپىزەتچىلەرنى تەقلىدى، تۇغ ـ ئەلەملەرنى قاددى. بۇمىن ۋە ئۇنىڭ قوۋمىدىكى 3500 كىشىگە زىياپەت بەردى ۋە مۇزىكا چالدۇرۇپ ئويۇن قويدۇرۇپ بەردى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ئىنئام بېرىلدى.

شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، بۇمىن چېدىرگاھىنى بېزەپ، شاھانە يولنى پاكىزلەپ، پادىشاھ ۋە ئەكابىر ـ ئەشرەپلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. سۈي پادىشاھى ياڭدى ئۇنىڭ چېدىرگاھىنى زىيارەت قىلدى. بۇمىن پادىشاھقا كاتتا زىياپەت بېرىپ ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ قەدەھ كۆتۈردى ۋە نۇرغۇن نەرسە ھەدىيە قىلدى. پادىشاھ كوگورى ئەلچىسىگە: «قايتىپ بېرىپ خانىڭغا دېگىن، ئۇ بالدۇرراق سالامغا كېلىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا مەن بۇمىن بىلەن بىللە سىلەرنىڭ زېمىنىڭلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىمەن» دېدى. خانىشمۇ② مەلىكە يىچېڭ③ نىڭ چېدىرىنى زىيارەت قىلدى. 11 ـ كۈنى، بۇمىن قاغان ئۆز ئېلىگە قايتتى.

دايې 4 ـ يىلى (مىلادىيە 608 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئوردا مەلۇمچىسى④ سۈي يى تۇركلەرنىڭ چولۇق قاغانى⑤ ھوزۇرىغا ئەۋەتىلدى. ئۇ تۇلپار ئاتلارنى تەلەپ قىلدى.

شۇ يىلى ياز 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، «ئىلچىن بۇمىن قاغان قوۋمىنى باشلاپ سۇلالىمىزنىڭ قانۇن، قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئىتائەت قىلىپ، ئۆز قوۋمىدىكىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى. ئۇ ئوردىغا كۆپ قېتىم سالامغا كەلگەندە، ئارزۇسىنى ئىزھار قىلغانىدى. ئۇ كىگىز ئۆيلەر بەك ئاددىي بولغاچقا، لىم تۈۋرۈكلۈك ئۆيلەردە ئولتۇرسام، دەپ كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغانىدى. ئۇنىڭ سەمىمىي ئىستىكى مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. ۋەنشۇ بارگاھى ئەتراپلىرىدا شەھەر بىنا قىلىپ ئۆي سېلىش، بۇ ئۆيلەرگە چىمىلدىق، پەردە، كارۋات، يوتقان ـ كۆرپە قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئېھتىياجىغا ئاساسەن سەپلەپ بېرىش، ئۇلارنى نەپىس، تولۇق قىلىش لازىم» دەپ يارلىق چۈشۈرۈلدى.

شۇ يىلى كۈز 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، سولقانات قوغدىغۇچى بۈيۈك سانغۇن يۈۋېنشۇ مەنتۇ، چىشۈي⑥ دېگەن



جايلاردا تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلدى.

دايې 5 ـ يىلى (مىلادىيە 609 ـ يىلى) ياز 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تۇيغۇن، ئىۋىرغول ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى. 9 ـ كۈنى، پادىشاھ دىنداۋغا⑦ باردى. تاڭغىتلار ۋە چاڭلار يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەقدىم قىلىشقا كەلدى.

5 ـ ئايدا، تۇيغۇن خانى قوۋمىغا باشچىلىق قىلىپ، فۇيۈەنچۈەن ۋادىسى⑧ غا قېچىپ كەلدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھۆدەيچى يۈەن شۇغا جەنۇبتا ئالتۇنتاغدا⑨، لەشكىرىي پىرقە دىۋانبېگى دۈەن ۋېنجىنغا شىمالدا قارلىقتاغ⑩ دا، ئوردا مىراقۇلى ياڭ يىچىنغا شەرقتە پىپاشيا⑪ قىسىغىدا، سانغۇن جاڭ شۇغا غەربتە نىلىڭ⑫ چوققىسىدا لەشكەر تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى قورشاش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى. تۇيغۇن خانى فۇيۈن نەچچە ئون چەۋەندازنى باشلاپ قېچىپ چىقتى. قول ئاستىدىكى داڭلىق خانىنى ئۆزىنى فۇيۈن دەپ ئاتاپ، چېۋۋجىن تېغىغا قېچىپ كىرىشكە ئەۋەتتى. 26 ـ كۈنى، ئوڭقانات مۇھاپىزەتچى سانغۇن جاڭ دىڭخېغا ئۇنى تۇتۇش بۇيرۇقى بېرىلدى. جاڭ دىڭخې كۆكرەك كېرىپ جەڭگە كىرگەندە، دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئورۇنباسار سانغۇن ليۇ ۋۇجيەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، نەچچە يۈز ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى. 28 ـ كۈنى، ئۇلارنىڭ سەردارى شەنتۇ خان ئامالسىز قېلىپ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەر ـ ئايالنى باشلاپ تەسلىم بولۇشقا كەلدى.

6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، سولقول كېڭەش بېگى⑬ لياڭ مو، ئوڭ قانات قوغدىغۇچى سانغۇن لى چۈڭ قاتارلىقلار تۇيغۇنلار خانىنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئەۋەتىلگەندە، دۈشمەنلەرگە يولۇقۇپ جەڭدە ئۆلۈپ كەتتى. 8 ـ كۈنى، قالغانلار دادۇبا جىلغىسى⑭ دېكى تار تاغ يولىدىن بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، قار ـ يامغۇر، تۇمان تۈپەيلىدىن لەشكەرلەر ئارىسىدىكى ئالاقە

ئۈزۈلۈپ قېلىپ، لەشكەرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى توختاپ ئۆلدى. قوچۇ خانى چۇ بويىيا بارگاھقا سالامغا كەلدى. ئۇيغۇرغولدىكى تۇتۇنشاد قاتارلىقلار غەربىي يۇرتتىكى نەچچە مىڭ چاقىرىم زېمىنىنى ھەدىيە قىلىپ، سۈي پادىشاھى ياڭدىنى تولىمۇ خۇش قىلدى. 17 ـ كۈنى، شىنخەي⑮، خېيۈەن⑯، پىشامشان، چەرچەن⑰ دىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەت تەسىس قىلىندى. 20 ـ كۈنى، سۈي پادىشاھى ياڭدى قوچۇ خانى، تۇتۇنشادلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن ئۆزى ئۆرپ ـ ئادەت پائالىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش تەختىگاھىدا ئولتۇرۇپ، نۇرغۇن ئۇنچە ـ مەرۋايىت، گۆھەرلەرنى تىزدۇردى. توققۇز خىل مۇزىكا چالدۇردى. بېلىق ـ ئەجدىھا سېھىرگەرلىكى ۋە سېرىك ئويۇنلىرىنى قويدۇردى ھەم تەختىگاھىدا ئۇلارغا زىياپەت بەردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2 ـ توم، 448 ـ، 449 ـ، 450 ـ، 451 ـ، 452 ـ، 453 ـ بەتلەر)

دايې 7 ـ يىلى (مىلادىيە 611 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ چۇلۇق دولى قاغانى ئوردىغا سالامغا كەلدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنى ئالاھىدە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى.

دايې 8 ـ يىلى (مىلادىيە 612 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، پادىشاھ جەمەتىدىكى قىز خۇارۇڭ مەلىكە قوچۇ خانىغا ياتلىق قىلىندى.

دايې 10 ـ يىلى (مىلادىيە 614 ـ يىلى) ئەتىياز 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، پادىشاھ جەمەتىدىكى بىر قىزغا مەلىكە شىنيى دەپ نام بېرىلىپ، تۈركلەرنىڭ ئىسانا قاغانىغا⑱ ياتلىق قىلىندى.

دايې 11 ـ يىلى (مىلادىيە 615 ـ يىلى) ئەتىياز 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئەمەلدارلارغا زىياپەت بېرىلدى. تۈرك، شىنلو⑲، موغال، بىداس⑳، قوتل㉑، فۇيۈ㉒، ئۇناخ㉓،



بۇلا㉔، توخرى㉕، جۇلۇجان㉖، خۇلۇن㉗، خېدۇ㉘، پەرغانە㉙، كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن، بۇخارا㉚، كېبۇد㉛، كوشانىيە㉜، مۇرۇ㉝، بېتىك㉞، يىمى㉟، باميان㊱، گاچى㊲، قىتان قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

دايې 11 ـ يىلى (مىلادىيە 615 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، پادىشاھ شىمالدىكى چېگرا رايونلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. 8 ـ كۈنى، تۈركلەرنىڭ شىبى قاغانى ㊳ نەچچە يۈز مىڭ چەۋەندازغا باشچىلىق قىلىپ، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى قەستلىدى. مەلىكە يىچېڭ ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى. 12 ـ كۈنى، پادىشاھ بىلەن ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى يەنمېن㊴ گە باردى. 13 ـ كۈنى، تۈركلەر شەھەرنى قورشىۋالدى. ھۆكۈمەت قوشۇنى بىر نەچچە قېتىم جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. پادىشاھ ساراسىمىگە چۈشۈپ، تاللانغان چەۋەندازلارنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقماقچى بولدى. نوپۇس پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى㊵ فەن زىگەي نەسىھەت قىلىپ توسۇپ تۇرۇۋالغاچقا، پادىشاھ تەسلىكتە نىيىتىدىن ياندى. چى بېگى ياڭ جيەن㊶ ئارقا سەپ مۇھاپىزەتچى قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ گوشيەن ناھىيىسىنى㊷ چىڭ ساقلىدى. 24 ـ كۈنى، بارلىق ۋىلايەتلەردىن لەشكەر ئېلىش يارلىقى چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن لەشكەر باشلاپ ياردەمگە كەلدى. 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، تۈركلەر مۇھاسىرىنى بوشىتىپ قايتىپ كەتتى.

دايې 13 ـ يىلى (مىلادىيە 617 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، تۈركلەردىن نەچچە مىڭ كىشى تەييۈەنگە㊸ بېسىپ كىردى. تاڭ گۇڭى㊹ ئۇلارغا زەربە بېرىپ مەغلۇپ قىلدى. كۈز 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ۋۇۋېيلىق لى گۈي ئىسيان

كۆتۈرۈپ، خېشىدىكى ۋىلايەتلەرنى ئىگىلىۋالدى ۋە ئۆزىنى لياڭ خانى دەپ ئاتاپ، يىلنامىنى ئەنلې دەپ بېكىتتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2 - توم، 456 -، 460 -، 463 -، 465 -، 466 -، 469 -، 470 - بەتلەر)

---

① بۇ يەردىكى «ۋىلايەت مەركىزى» يۈلىن ناھىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بوغېت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان يەر ناملىرى قامۇسى»، 877 - بەت)

② بۇ يەردىكى «خانىش» سۇي پادىشاھى ياڭدىنىڭ شياۋ خانىشىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

③ مەلىكە يىچىڭ (义城公主) — رامغان قاغانىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئالغان خوتۇنى. سۇي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 17 - يىلى، سۇي پادىشاھى ۋېندى مەلىكە ئەنيىنى رامغانغا ياتلىق قىلغان. كەيخۇاڭ 19 - يىلى، رامغان بۇمىن قاغان دەپ ئاتالغاندا، مەلىكە ئەنيى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، پادىشاھ يەنە خان جەمەتىدىن مەلىكە يىچىڭنى رامغانغا ياتلىق قىلغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3296 — 3297 - بەتلەر)

④ ئوردا مەلۇمچىسى (司朝谒者) — خانىنىڭ يارلىق - پەرمانلىرى ۋە گەپ - سۆزلىرىنى ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە مەسئۇل ئەمەلدار.
(«خەننامە. ئەمەل - ئۇنۋانلار تىزىمى»، 1110 - بەت)

⑤ چۇلۇق قاغان (处罗可汗) — غەربىي تۈركلەرنىڭ نىلى قاغانىنىڭ ئوغلى دامان قاغان بولغاندا، چولۇق قاغان دەپ نام ئالغان.



(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3299 — 3300 - بەتلەر)

⑥ چىشۈي (赤水) — قەدىمكى شەھەر. ئورنى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(بىر توملۇق «سىيۈەن»، 1618 - بەت)

⑦ دىداۋ (狄道) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنتاۋ ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 - دەپتەر، 5 — 6 - بەتلەر)

⑧ فۇيۈەنچۈەن ۋادىسى (覆袁川) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1322 - بەت)

⑨ ئالتۇنتاغ (金山) — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ شەھىرىنىڭ غەربىدىن 70 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 539 - بەت)

⑩ قارلىق تاغ (雪山) — گەنسۇ ئۆلكىسى داۋخې ناھىيىسىنىڭ غەربىدىن 150 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 869 - بەت)

⑪ پىپاشيا (琵琶峡) — گەنسۇ ئۆلكىسى پىڭفەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 924 - بەت)

⑫ نىلىڭ (泥岭) — گەنسۇ ئۆلكىسى چېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى نىگۇڭ تېغىنى (泥功山) كۆرسەتسە كېرەك.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 523 - بەت)

⑬ كېڭەش بېگى (光禄大夫) — دانىش بەگ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەشۇرەت ـ كېڭەش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.
(بىر توملۇق «سىيۈەن»، 149 ـ بەت)

⑭ دادۇبا جىلغىسى ( 大斗拔谷 ) — گەنسۇ ئۆلكىسى شەندەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 58 ـ بەت)

⑮ شىخەي ( 西海 ) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى كۆكنۇر كۆلى ئەتراپىدا.
(بىر توملۇق «سىيۈەن»، 1545 ـ بەت)

⑯ خېيۈەن ( 河源 ) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى كۆكنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدا، يەنى تۇيغۇنلارنىڭ چىشۇي شەھىرى.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 518 ـ بەت)

⑰ چەرچەن ( 且末 ) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چەرچەن ناھىيىسىدە.
(بىر توملۇق «سىيۈەن»، 44 ـ بەت)

⑱ ئىسانا قاغان ( 曷萨那可汗 ) — غەربىي تۈركلەرنىڭ چوڭلۇق قاغانىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3302 ـ بەت)

⑲ شىنلو ( 新罗 ) — كورىيەدىكى قەدىمكى ئەل.
(بىر توملۇق «سىيۈەن»، 744 ـ بەت)

⑳ بىداس ( 毕大辞 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى نامەلۇم.
(مۇھەررىردىن)

㉑ قوتل ( 诃咄 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سۇرقاب ۋە پاندخ دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، مەركىزى قۇلاب



شەھىرى.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 53 ـ بەت)

㉒ فۇيۆ ( 傅越 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى نامەلۇم.
(مۇھەررىردىن)

㉓ ئۇناخ ( 乌那曷 ) — قەدىمكى ئەل. مەركىزى ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىدە.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3238 ـ بەت)

㉔ بولا ( 波腊 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى نامەلۇم.
(مۇھەررىردىن)

㉕ توخرى ( 吐火罗 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى پامىرنىڭ غەربى، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئەتراپىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 97 ـ بەت)

㉖㉗ جۇلۇجان ( 俱虑建 )، خۇلۇن ( 忽论 ) — قەدىمكى ئەللەر. ئورنى نامەلۇم.
(مۇھەررىردىن)

㉘ خېدۇ ( 诃多 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى نامەلۇم.
(مۇھەررىردىن)

㉙ پەرغانە ( 沛汗 ) — ئورنى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 27 ـ بەت)

㉚ بۇخارا ( 安国 ) — قەدىمكى ئەل. ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3234 ـ بەت؛ «غەربىي يۇرت يەر

نامىلىرى» ، 7 ـ ، 15 ـ ، 74 ـ بەتلەر)

㉛ كىبۇد ( 曹国 ) — «كىشبۇد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى ئەل. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەندنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كىبۇد دىگەن يەردە.

(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» ، 47 ـ بەت)

㉜ كوشانىيە ( 何国 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى هازىرقى سەمەرقەندنىڭ غەربىي شىمالىدىكى پەنشامبە دىگەن يەردە يەنە بەزىلەر، سەمەرقەند بىلەن بۇخارا ئارىسىدىكى كاشانىيە دىگەن يەردە دەپ قارايدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» ، 54 ـ بەت)

㉝ مۇرۇ ( 穆国 ) — قەدىمكى ئەل. «مارۇ» ، «مەر» مۇ دىيىلىدۇ. ئورنى هازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەرۋ دە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» ، 65 ـ بەت)

㉞ بىتىك ( 毕 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى هازىرقى بۇخارانىڭ غەربىي جەنۇبى، ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى بىتىك دىگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» ، 14 — 15 ـ بەتلەر)

㉟ يىمى ( 衣密 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى نامەلۇم.
(مۇهەررىردىن)

㊱باميان ( 失范延 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى هازىرقى ئافغانىستاندىكى كابۇلنىڭ غەربىي شىمالىدىكى باميان دىگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» ، 10 — 11 ـ بەتلەر)

㊲ گاچى ( 伽折 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى هازىرقى ئافغانىستاندىكى بەلىخ شەهرىنىڭ جەنۇبىدىكى گاز دىگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» ، 28 ـ بەت)



㊳ شىبى قاغان ( 始毕可汗 ) — بۇمىن قاغاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىسمى تۇج. سۈي سۇلالىسى پادىشاهى ياڭدى ياڭ گۋاڭنى يەنمېندە قورشىۋالغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 3299 ـ بەت)

㊴ يەنمېن ( 雁门 ) — قەدىمكى ۋىلايەت. ئورنى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى دەيشيەن ناهىيىسىدە.
(«سىخەي» ، 154 ـ بەت)

㊵ نوپۇس پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى ( 民部尚书 ) — پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەر ـ زېمىن، نوپۇس ـ ئاهالە، باج ـ سېلىق، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.
(بىر توملۇق «سىيۇەن» ، 921 ـ بەت)

㊶ چى بېگى ياڭ جيەن ( 齐王暕 ) — سۈي پادىشاهى ياڭدىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 2479 ـ ، 2481 ـ بەتلەر)

㊷ گوشيەن ناهىيىسى ( 崞县 ) — ئورنى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 293 ـ بەت)

㊸ تەييۈەن ( 太原 ) — قەدىمكى ۋىلايەت. هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى تەييۈەن شەهرىگە توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 639 ـ بەت)

㊹ تاڭ گۇڭى ( 唐公 ) — ئىسمى لى يۈەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى. سۈي سۇلالىسىدە تاڭ گۇڭى بولغان.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 856 ـ بەت)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 13 ـ جىلد

## خانىشلارنىڭ تەرجىمىھالى (I)

شىيەنمىڭدى① نىڭ خانىشى خې جەمەتىدىن بولۇپ، شەرقىي قەبىلىلەردىكى بۈيۈك ئاقساقال ئىگانىنىڭ قىزى ئىدى. كىچىكىدىلا چىرايلىق بولغاچقا، ئوردىغا ئېلىپ كىرىلگەنىدى. ئۇ ۋېي پادىشاھى تەيزۇنى تۇغدى. فۇلو ئىچكىرىگە بېسىپ كىرگەندە②، خانىشانا ۋە پادىشاھ تەيزۇ مۇلازىملىرى بىلەن شىمالغا كۆچتى. ئۇزاق ئۆتمەي، قاڭقىللار يەنە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا كەلدى. خانىشانا هارۋىغا ئولتۇرۇپ جەنۇبقا قاچتى. يېرىم يولدا هارۋا چاقىنىڭ تاقىقى چۈشۈپ قالدى. خانىشانا ئاسمانغا قاراپ: «ئېلىمىزنىڭ نەسەبى مۇشۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالارمۇ؟ ئىلاھىم ئامان ساقلىغىن» دەپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى. هارۋا يەنە ماڭدى. هارۋا چاقى داۋاملىق چۆرگىلىدى.

پادىشاھ ۋېندىنىڭ خانىشى يىفۇ خېنەن لوياڭلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ئەسلىدە تۇيغۇنلارنىڭ سەردارى بولۇپ، چىڭخەيدە ئولتۇراقلاشقان، چىڭخەي خانى دەپ ئاتالغانىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى لياڭجۇنى تىنچىتقاندىن كېيىن، خانىشنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى مۇقان قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ ئىچكىرىگە كۆچۈپ بەيئەت قىلىپ، دىڭجۇ③ ئايماق بېگىلىككە تەيىنلەندى. ئۇنىڭغا شىپىڭ گۇڭى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى.

بۇ چاغدا پايتەخت ئەمدىلا گۇەنجۇڭغا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، غەربىي ۋېي سۇلالىسى شەرققە جازا يۈرۈش قىلماقچى بولغاندا، جورجانلار شىمالىي چېگرىغا بېسىپ كىردى. شىمالغا جازا



يۈرۈشى قىلىشقا يېتىشەلمىگەنلىكتىن پادىشاھ ۋېندى④ قۇدىلىشىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق جورجانلارنى بەزلىمەكچى بولۇپ، داۋ دېگەن قىزنى خانىشلىققا ئېلىپ، بۇرۇنقى يىفۇ خانىشنى مەرتىۋىسىدىن قالدۇرۇپ، باشقا قەسىردە تۇرۇپ راھىبە بولۇشقا بۇيرۇدى. شۇنداقتىمۇ داۋ خانىش⑤ يەنىلا گۇمان ۋە ھەسەت قىلىپ، يىفۇ خانىشنى ئۆز ئوغلى، چىنجۇ⑥ ئايماق بېگى يۈەن ۋۇنىڭ قېشىغا كۆچۈرۈۋەتتى. پادىشاھ ۋېندى گەرچە دۆلەتنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن مېھر ـ مۇھەببىتىنى ئۇنۇتماي، يوشۇرۇن ھالدا خانىشقا چېچىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭغا قارىغاندا پادىشاھنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش مۇددىئاسى باردەك قىلاتتى. لېكىن، بۇ ئىش مەخپىي تۇتۇلغاچقا، ئوردا سىرتىدىكىلەر بىلمىدى.

غەربىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى ۋېندىنىڭ داتۇڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 540 ـ يىلى) ئەتىيازدا، جورجان ئېلىدىكىلەر خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتتى. ئالدىنقى قاتاردىكى لەشكەرلىرى شياجۇ ئايمىقىغا⑦ يېتىپ كەلدى. خېلى كۆپ كىشى دۈشمەنلەر داۋ خانىشنىڭ سەۋەبىدىن ھۇجۇم قىلدى، دەپ قاراشتى. پادىشاھ ۋېندى: «بىر ئايال ئۈچۈن تۈمەنمىڭ كىشىنى قوزغاپ يۈرۈش قىلدىغان ئىش نەدە بولسۇن؟ ئەمما، بۇنداق گەپ ـ سۆز بار تۇرسا، مەن ئەمىر ـ لەشكەرلەرگە قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن!» دېدى. ئۇ ئىشىكئاغىسى⑧ ساۋچۇڭنى خانىشقا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بۇيرۇق قىلىنغان يارلىقنى ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتتى. داۋ خانىش يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يىغلاپ تۇرۇپ ساۋچۇڭغا: «پادىشاھ ئالىيلىرى ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگەي، تەڭرى ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە بەخت ئاتا قىلغاي، مەن ئۆلگىنىمگە زادى ئۆكۈنمەيمەن» دېدى. يەنە ۋۇدۇ بېگىگە ۋىدالىشىۋېلىشقا كېلىش بۇيرۇقى بېرىلدى. داۋ خانىش

شاھزادىگە ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن تولغان ۋەسىيەت قالدۇردى. خانىش خېلى ئۇزاق يىغلىدى. مەھرەم ـ مۇھاپىزەتچىلەرمۇ كۆز يېشىنى توختىتىۋالالمىدى. ھېچكىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالمىدى. يەنە راھىبلار چاقىرتىپ كېلىنىپ دۇئا ـ تىلاۋەت سورۇنى راسلاندى. خانىش نەچچە ئون كېنىزەك ـ دېدەككە راھىبە بولۇشنى بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى ئۆز قولى بىلەن چۈشۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىچكى ھۇجرىغا كىرىپ، يوتقان بىلەن ئۆزىنى چۈمكەپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈۋالدى. شۇ يىلى ئۇ 31 ياش ئىدى.

پادىشاھ ۋېندىنىڭ داۋ خانىشى يۇجۇلۇ جورجانلار خانى ئاناغاينىڭ چوڭ قىزى ئىدى. ئۇ تەققى ـ تۇرقى كېلىشكەن، سۇمباتلىق، ئەقىللىق ئايال ئىدى. داتۇڭ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا جورجانلار شىمالدىكى چېگرا رايونلارغا پات ـ پات كىرىپ تۇرغاچقا، ۋېندى جورجانلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش توغرىسىدا كېلىشتى. فۇفېڭ بېگى يۈەن پىياۋ يارلىق بويىچە جورجان مەلىكىسىنى ئاپىرىپ كېلىشكە باردى. جورجانلار شەرق تەرەپنى ئەزىزلەيتتى. خانىش كېلىش بىلەن چېدىرگاھ، ئىشىك، سېلىنچىلارنىڭ ھەممىسى شەرق تەرەپكە قارىتىلدى. 700 ھارۋا، 10 مىڭ ئات، 4000 تۆگە قاراتۈز نۇرغا كەلگەندە، ۋېي سۇلالىسىنىڭ سوۋغا بۇيۇملىرى ئالدىن ئېپكېلىندى. يۈەن پىياۋ خانىشقا جەنۇب تەرەپنى ئەزىزلەشنى تەۋسىيە قىلدى. خانىش: «مەن ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانىنى كۆرمىگۈچە يەنىلا جورجان قىزىمەن، ۋېي سۇلالىسىدىكىلەر جەنۇب تەرەپنى ئەزىزلەۋەرسۇن، مەن يەنىلا شەرق تەرەپنى ئەزىزلەيمەن» دېدى. يۈەن پىياۋ گەپ قىلالمىدى.

داتۇڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 538 ـ يىلى)، جورجان مەلىكىسى پايتەختكە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا خانىش دەپ نام بېرىلدى. شۇ چاغدا، ئۇ 14 ياش ئىدى.



(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2 ـ توم، 492 ـ، 506 ـ، 507 ـ بەتلەر)

---

① شيەنمىڭدى ( 献明帝 ) — دەي خانلىقىنىڭ خانى توغبات شىجيەننىڭ ئوغلى. ئىسمى توغبات شى. جاڭسۇن جىڭ ئوردىدا دەي خانىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ۋەلىئەھد توغبات شى جاڭسۇن جىڭ بىلەن ئېلىشىپ زەخىملەنگەن ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «شيەنمىڭدى» دېگەن نام بېرىلگەن.

(مۇھەررىردىن)

② فۇلو ئىچكىرىگە بېسىپ كىرگەندە ( 苻洛之内侮 ) — دەي خانلىقى خانى توغبات شىجيەن دەۋرىدە، يەنى جيەنگو 39 ـ يىلى، فۇجيەننىڭ باش ئەمىرلەشكىرى فۇلو 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، ئىچكىرىگە بېسىپ كىردى. دەي خانى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي، چوغاي تاغلىرىغا قاچتى. دەي خانلىقىنىڭ ئورنىغا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قۇرۇلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 9 ـ بەت)

③ دىڭجۇ ( 定州 ) — ئايماق. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تيەنشىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 400 ـ يىلى) تەسىس قىلىنغان. دائىرىسى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى مەنچېڭنىڭ جەنۇبى؛ ئەنگو، روياڭنىڭ غەربى؛ جىڭجىڭ، گاۋچېڭ، سۇلۇننىڭ شىمالىدا. مەركىزى ھازىرقى دىڭشيەن ناھىيىسىدە. مىلادىيە 535 ـ يىلى غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختى گۇەنجۇڭدىكى چاڭئەن شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1011 ـ بەت)

④ پادىشاھ ۋېندى ( 文帝 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گاۋزۇنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئىسمى يۈەن باۋجۇ. 535 ـ يىلدىن 551 ـ يىلغىچە غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بولغان.

(مۇھەررىردىن)

⑤ داۋ خانىش ( 悼后 ) — غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندىنىڭ خانىشى. جورجان خانى ئاناغاينىڭ چوڭ قىزى. ئىسمى يۇجۇلۇ. («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 507 ـ بەت)

---

⑥ چىنجۇ ( 秦州 ) — ئايماق. دائىرىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دىڭشى، جىڭنىڭنىڭ جەنۇبى، چىڭشۈي ناھىيىسىنىڭ غەربى؛ شەنشى ئۆلكىسىدىكى فېڭشيەن، لۆياڭ؛ سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى پىڭۋۇ ۋە چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىغىچە بولغان رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1621 ـ بەت)

⑦ شىياجۇ ئايمىقى ( 夏州 ) — تۇڭۋەن شەھىرى. 3 ـ جىلددا بېرىلگەن② ئىزاھقا قاراڭ.

⑧ ئىشىكئاغا ( 中常侍 ) — ئوردىغا كىرىپ ـ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنغان، پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا مۇلازىملىق قىلىدىغان ئەمەلدار.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1410 ـ بەت)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 14 ـ جىلد

## خانىشلارنىڭ تەرجىمھالى( Ⅱ )

جورجان مەلىكىسى يۇجۇلۇ جورجان قاغانى ئاناغاينىڭ قىزى ئىدى. جورجانلار قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، غەربىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ، بىرلىكتە شەرققە يۈرۈش قىلماقچى بولدى. گاۋخۇەن بۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرەپ يۈردى. ئۇ دۇبىنى① جورجانلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، چوڭ ئوغلىغا جورجان مەلىكىسىنى بېرىشنى ئۆتۈندى. ئاناغاي: «خان گاۋخۇەن ئۆزى ئۆيلەنسە بولىدۇ» دېدى. گاۋخۇەن ىككىلىنىپ قالدى. ۋېي جىڭ②، خانئانا ۋۇمىڭ③ ۋە پادىشاھ ۋېن شياڭدى④ پەندى ـ نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، گاۋخۇەن ئۆيلىنىشكە قوشۇلدى. ۋۇدىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 545 ـ يىلى) مۇرۇڭ يەن⑤ مەلىكىنى ئەكىلىشكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلدى. جورجان مەلىكىسى جورجان قۇنچۇيى دەپ ئاتالدى. 8 ـ ئايدا، گاۋخۇەن مېھمان كۈتۈش قەسرىدە مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. ئاناغاي ئىنىسى تۇتوجيانى قىزىنى ئاپىرىشقا ئەۋەتتى ھەمدە ئىنىسىغا: «نەۋرە كۆرگەندىن كېيىن، ئەلگە قايتىسىز بولىدۇ» دەپ تاپىلىدى. مەلىكىنىڭ مىجەزى چۇس، كەسكىن بولغاچقا، ئۆمۈر بويى خەنزۇچە سۆزلەشكە ئۇنىمىدى. گاۋخۇەن بىر قېتىم ئاغرىپ قېلىپ، مەلىكىنىڭ قېشىغا بارالمىدى، تۇتوجيا بۇنىڭدىن ئاغرىندى. گاۋخۇەن كېسەل تۇرۇپ، ئۇقيا ئېتىش سارىيىدىن تەختىراۋان بىلەن مەلىكىنى كۆرۈشكە باردى. مەلىكە ئەنە شۇ دەرىجىدە ئەتىۋارلاندى. گاۋخۇەن ئۆلگەندىن

كېيىن، گاۋ چېڭ جورجانلارنىڭ ئادىتى بويىچە مەلىكىگە ئۆيلەندى. مەلىكە بىر قىز تۇغۇپ بەردى.

سازەندە ساۋ سېڭنۇ ئىككى قىزىنى تەقدىم قىلغاندى. چوڭى پادىشاھنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، يۈزىنىڭ تېرىسى شىلىۋېلىندى. كىچىكى باربىت چېلىشقا ئۇستا بولغاچقا، كىچىك خانىشلىققا تەيىنلىنىپ، ئاتىسى ساۋ سېڭنۇغا رىنەن بېگى دەپ مەرتىۋە بېرىلدى. ساۋ سېڭنۇ ئۆلگەندىن كېيىن، كىچىك خانىشنىڭ ساۋ مياۋدا قاتارلىق ئىككى ئىنىسى ئەزىزلىنىپ، ئىككىسىگە بىر كۈندە ۋىلايەت بېگى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى.

پادىشاھ ۋۇ چېڭدى⑥ نىڭ خانىشى ئاشىنا جەمەتىدىن بولغان تۈركلەرنىڭ مۇقان قاغانى ئېركىنىنىڭ قىزى ئىدى. تۈركلەر جورجانلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، چېگرا نېرىسىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىدى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا بېسىپ كىرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا، جۇ سۇلالىسى پادىشاھى ۋېندى چى سۇلالىسىدىكىلەر بىلەن زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىۋاتقان بولغاچقا، ئېركىن بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ياردەم ئالماقچى بولدى. ئېركىن ئەسلىدە قىزىنى جۇ پادىشاھى ۋېندىغا بەرمەكچى بولغانىدى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي لەۋزىدىن يېنىۋالدى. جۇ پادىشاھى ۋۇدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، بۇ ئىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. باۋدىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، چېنگوڭ بېگى يۈۋېن چۈن⑦، شۇگوڭ بېگى يۈۋېن گۈي⑧، شىڭۇ گۇڭى دۇيى⑨، نەنئەن گۇڭى ياڭ جيەن⑩ قاتارلىقلارغا خانىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۈنچە ـ مەرۋايىت، تاۋار ـ دۇردۇن ۋە مەھرەملەرنى ھەم ئالتىنچى دەرىجىلىك كىچىك خانىشتىن تۆۋەن 120 كىشىنى ئېلىپ، ئېركىنىنىڭ چېدىرگاھىغا بېرىپ خانىشنى ئەكېلىش يارلىقى قىلىندى. لېكىن ئېركىن چى سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ قۇدىلىشىش



تەلىپىگىمۇ قوشۇلغان بولۇپ، باشقىچە غەرىزى بار ئىدى. چېنگوڭ بېگى يۈۋېن چۈن قاتارلىقلار كۆپ قېتىم تەلەپ قويغان بولسىمۇ، ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىدى. دەل شۇ چاغدا، بوران چىقىپ چاقماق چېقىپ قاتتىق يامغۇر ياغدى ـ دە، ئۇلارنىڭ چېدىرگاھىنى ئۆرۈۋەتتى. ئېركىن قاتتىق قورقۇنچقا چۈشۈپ، بۇنى تەڭرىنىڭ جازاسى دەپ قاراندى ھەمدە خانىشنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. يۈۋېن چۈن قاتارلىقلار خانىشنى ئېلىپ قايتتى. تيەنخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 568 ـ يىلى) 3ـ ئايدا، ئۇلار يېتىپ كەلدى. جۇ پادىشاھى ۋۇدى ئۆزى ئالدىغا چىقىپ، قائىدە ـ يوسۇن بويىچە كۈتۈۋالدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 518 ـ، 526 ـ، 528 ـ بەتلەر)

---

① دۇبى (杜弼) — شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى، ھۆدەيچى بولغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1986 ـ بەت)

② ۋېي جىڭ (尉景) — شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى. گاۋخۇەننىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى. باش ئەمىر لەشكەر، چىڭجۇ ئايماق بېگى بولغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1953 — 1954 ـ بەتلەر)

③ خانئانا ۋۇمىڭ (武明皇太后) — شېنۋۇدى گاۋخۇەننىڭ خانىشى. ۋېنشياڭدى گاۋچېڭنىڭ ئاپىسى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 516 ـ بەت)

④ پادىشاھ ۋېنشياڭدى (文襄帝) — شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شېنۋۇدى گاۋخۇەننىڭ چوڭ ئوغلى، ئىسمى گاۋچېڭ. تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ۋېنشياڭدى دېگەن نامنى قوللانغان.

(مۇھەررىردىن)

⑤ مۇرۇڭ يەن ( 慕容俨 ) — شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى. ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي يۇڭجۇ ئايماق بېگى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1919 — 1920 ـ بەتلەر)

⑥ پادىشاھ ۋۇچېڭدى ( 武成帝 ) — پادىشاھ ۋۇدى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جۇ پادىشاھى ۋېندىنىڭ 9 ـ ئوغلى. ئىسمى يۇۋېن يۈەن، 561 — 577 ـ يىللاردا جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بولغان.
(مۇھەررىردىن)

⑦ چېنگۇڭ بېگى يۇۋېن چۈن ( 陈公纯 ) — جۇ پادىشاھى ۋېندى يۇۋېن تەيىنىڭ 9 ـ ئوغلى. چېنگۇڭ بېگى بولغان.
(مۇھەررىردىن)

⑧ شۇگۇڭ بېگى يۇۋېن گۈي ( 许公宇文贵 ) — ۋۇچېڭ يىللىرىدا (مىلادىيە 559 — 560 ـ يىللىرى) شۇگۇڭ بېگلىككە تەيىنلەنگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2137 ـ، 2139 ـ بەتلەر)

⑨ دۇيى ( 窦毅 ) — جۇ سۇلالىسىدىكى داڭلىق ئەمەلدار دۇجىنىڭ جىيەنى. شىڭۋۇ گۇڭى بولغان.
(مۇھەررىردىن)

⑩ نەنئەن گۇڭى ياڭ جىيەن ( 南安公杨荐 ) — جۇ سۇلالىسى بىلەن جورجان، تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئورنىتىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن تۆھپىكار ئەمەلدار.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2395 — 2396 ـ بەتلەر)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 15 ـ جىلد

## ۋېي شاھزادىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى

پادىشاھ جاۋچېڭدىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، فۇجيەن① شىڭتاڭ② گۇڭى فۇلو قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، جەنۇبتىكى چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. پادىشاھ جاۋچېڭدى③ ليۇ كۇرېننى④ شىزىلىڭ تېغىدا⑤ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. پادىشاھ جاۋچېڭدى ئەينى ۋاقىتتا كېسەل ئىدى. شۇڭا، ئۆزى بىۋاسىتە قوشۇنغا قوماندانلىق قىلالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇننى باشلاپ چوغاي تاغلىرىدا⑥ پاناھلاندى. ئاندىن چوڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ شىمالغا ماڭدى. قاڭقىللارنىڭ ھەر تەرەپتىن قىلغان ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاچقا، يەنە قۇملۇقتىن ئۆتۈپ جەنۇبقا كۆچتى. فۇلونىڭ قوشۇنى چېكىنگەندىن كېيىن، يۇنجۇڭغا قايتىپ كەلدى.

چېن بېگى توغبات خەننىڭ ئوغلى توغبات جېن⑦ جىگەرلىك، قەيسەر كىشى ئىدى. پادىشاھ شىزۇ زامانىدا ئوردىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر نازارەتچىلىكىگە تەيىنلەندى. پادىشاھقا ئەگىشىپ جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، دۈشمەننىڭ باشقا قوۋمىغا يولۇقۇپ قېلىپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمىدى.

توغبات جېن تاغ باغرىغا كېلىپ، ئاتلارنىڭ ئېگەر ـ توقۇمىنى ئالدۇرۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۆكتۈرمە باردەك ھالەتنى شەكىللەندۈردى. دۈشمەنلەر بۇنىڭغا ئىشىنىپ قالدى ـ دە، قېچىپ كېتىشتى.

چېنلىيۇ بېگى يۈەن چيەننىڭ ئىنىسى يۈەن چۇڭ پادىشاھ

تەيزۈغا ئەگىشىپ جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلاندى. ھەرقايسى قوشۇنلارغا باشچىلىق قىلىپ چوڭ كۆل⑧ بويىدىن يولغا چىقىپ، جوشيې تېغىدىن⑨ ئۆتۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىنى ساراسىمىگە سالدى. ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جىلڭ بېگى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى.

يۈەن خۈينىڭ يەنە بىر ئىسمى يۈەن شۈيىڭ بولۇپ، ساقال - بۇرۇت، قاش - كىرپىكلىرى كېلىشكەن، ئىش - ھەرىكىتى چەبدەس ئىدى. تۈركلەر ئارقا - ئارقىدىن چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سالدى. ئوردا تۈركلەر بىلەن قۇدىلاشماقچى بولۇپ، يۈەن خۈينى 100 مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن سېتىۋېلىپ تۈركلەرگە ئەلچىلىككە بېرىشقا ئەۋەتتى. يۈەن خۈي بېرىپ پايدا - زىياننى ئېنىق چۈشەندۈردى. قاغان خۇشال بولۇپ، ئۆزىنىڭ داڭلىق خانىنى يۈەن خۈي بىلەن بىللە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي يۈەن خۈي ئوردا ئۈچ ئەمرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى تۈرك خانىشىغا ئۆيلەندى. يۈەن خۈي يەنە سوۋغا ئاپىرىشقا ئەۋەتىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2 - توم، 560 -، 563 -، 575 -، 576 - بەتلەر)

---

① فۇجيەن (苻坚) — ئالدىنقى چىن خانلىقىنىڭ خانى. مىلادىيە 357 — 385 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان، دىلار قوۋمىدىن. دەسلەپتە دۇڭخەي بېگى بولۇپ، ئالدىنقى يەن، ئالدىنقى لياڭ، دەي خانلىقلىرىنى مۇنقەرز قىلىپ، شىمالىي جۇڭگونىڭ كۆپ قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. فېيشۈي ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىچكى جەھەتتە قارشىلىققا ئۇچراپ، مىلادىيە 385 - يىلى چاڭلارنىڭ سەردارى ياۋچاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.



(«ۋېينامە. فۇجيەننىڭ تەرجىمىھالى»)دىن)

② شىڭتاڭ (行唐) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 797 - بەت)

③ پادىشاھ جاۋچېڭدى (昭成帝) — دەي خانى. ئىسمى توغبات شىجيەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى داۋۋۇدى توغبات گۇينىڭ بوۋىسى. جيەنگو 39 - يىلى فۇجيەن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، چوغاي تاغلىرىغا قاچتى. قايتقاندىن كېيىن، ئۆز ئوغلى توغبات شىجۈن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 -، 9 - بەتلەر)

④ ليۇ كۇرېن (刘库仁) — توغبات يۈلۈنىڭ قىزىنىڭ ئوغلى بولۇپ، توغبات شىجيەننىڭ قول ئاستىدا ئەمەلدار بولغان. توغبات گۇي پادىشاھ بولۇشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 732 — 733 - بەتلەر)

⑤ شىزىلىڭ تېغى (石子岭) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى گۇشىن خوشۇنىنىڭ شىمالىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 - دەپتەر، 48 —49 - بەتلەر)

⑥ چوغاي تاغلىرى (阴山) — ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان تاغ تىزمىسى، شەرقتىن غەربكىچە 1200 كىلومېتىر كېلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 411 - بەت)

⑦ توغبات جېن (祯) — پادىشاھ جاۋچېڭدى توغبات شىيجيەننىڭ 3 - ئوغلى چىن بېگى توغبات خەننىڭ ئوغلى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 561 -، 564 - بەتلەر)

⑧ چوڭ كۆل ( 大泽 ) — بۇ يەردە بايقال كۆلىنى كۆرسەتسە كېرەك.

(مۇھەررىردىن)

⑨ جوشيې تېغى ( 涿山邪 ) — قەدىمكى تاغ نامى. ئورنى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ماندال گوبىنىڭ ئەتراپىدا.

(مۇھەررىردىن)





## پادىشاھ تەيزۇ، تەيزۇڭ، شىزۇنىڭ شاھزادىلىرىنىڭ تەرجىمھالى

ۋېي پادىشاھى شىزۇ ئەنىيىڭ بېگى توغبات خۇندىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ ماھارىتى ۋە تالانتىغا ئەھمىيەت بەردى. دائىم ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، مەھرەم قىلىپ ئىشلەتتى. ئۇنىڭ دەرىجىسىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈپ لياڭجۇ باشقاق سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەپ، غەربىي رۇڭ① قوشۇنىغا نازارەتچىلىك قىلدۇردى. قوشۇمچە غەربىي يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى چېرىكچى② لىكنى بەردى. لياڭجۇ ئايمىقى دائىرىسىدە ئۇنىڭ ئىناۋىتى ئۈستۈن ئىدى.

ۋېي پادىشاھى تەيزۇ جورجانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، جوشيې تېغىدىن ئۆتكەندە، توغبات جيەنگە③ ئارقا سەپنى قوغداپ مېڭىش بۇيرۇقى بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيتتى. ساداقتىن ئوق ئۈزۈشى بىلەنلا ئوق تەگكەنلەر يەر چىشلەيتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھەيۋىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىنى تىترەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە پادىشاھقا ئەگىشىپ لياڭجۇنى تىنچىتىپ، جەڭلەردە نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتتى. يەنە تۇفا باۋجۇ④ نى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلىدى ۋە ئۇنىڭ كالللىسىنى پايتەختكە ئەۋەتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇرچى ئۇرغۇنى⑤ تەسلىم قىلدى. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا «جۇاڭ بېگى» دەپ نام بېرىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى توغبات رېن ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە

ۋارىسلىق قىلدى.

تەيپىڭ جىنجۇن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 422 ـ يىلى) توغبات فۇلو[6] غا جىن بېگى ۋە هارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى[7] دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى. كېيىن ئۇ گاۋپىڭ[8]، لياڭجۇدىكى قوشۇنلارغا باشچىلىق قىلىپ تۈيغۇنلاردىن مۇلىيامغا هۇجۇم قىلدى. قوشۇن لېيدۇغا بارغاندا، ئۇ هەرقايسى قوشۇن سەركەردىلىرىگە: «چوڭ يول بىلەن هۇجۇم قىلساق، هەربىي يۈرۈش خەۋىرىمىز ئالدىنئالا تارقىلىپ كېتىپ، دۈشمەنلەر چوقۇم يىراققا قېچىپ كېتىدۇ. شۇڭا، يوشۇرۇن يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىشىمىز لازىم. بۇ دېگەن ئەي شۇ پادىشاھلىقنى يوقىتىشتا قوللانغان چارە[9]» دېدى. سەركەردىلەرنىڭ هەممىسى بۇنداق قىلىش تەس دەپ قوشۇلمىدى. توغبات فۇلو: «سانغۇن بولغان كىشى غەلىبە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. يىراق يەردە جەڭ قىلغاندا، پايدىلىق تەدبىرنى تاللاشتا مۇستەبىتلىك قىلىشىمۇ بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر چىغىر يول بىلەن يۈرۈش قىلىپ، دامۇ كۆۋرۈككە بارغاندا، مۇلىيام قوۋمىدىكىلەر ئالاقزادە بولۇپ، بەيلەنگە[10] قاچتى. مۇلىيامنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى سىيام خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىگە قاچتى. ئۇلارنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق تۇتۇنى ئەل بولدى.

تەيپىڭ جىنجۇن 8 ـ يىلى (مىلادىيە 447 ـ يىلى) توغبات فۇلو ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا سۇيۇرغاللىقى بىكار قىلىندى.

جورجان قاغانى ئاناغاي دۆلىتىگە قايتقان بولسىمۇ، لېكىن ئادەملىرى ئاچ قالغاچقا، ئارقا ـ ئارقىدىن چېگرىدىن ئىچكى جايلارغا كىرىۋالدى. ئاناغاي شىمالىي ۋەيىن مەهكىمىسىدىن ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. يۈەن فۇ[11] نى شىمالىي ۋەيسىلىككە تەيىنلەپ هەم ياردەمگە ئەۋەتىش يارلىق قىلىندى. يۈەن فۇ پادىشاھقا مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مەلۇماتنامە



سۇندى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«تېرىنى كىيىم قىلىپ كىيىدىغان كىشىلەر ئاشلىق يەپ باقمىغان، ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، ئۆكسۈپ قالغان نەرسىلەرنى ياردەم قىلىش كېرەك. بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنۋۇ يىللىرىدا هون تەڭرىقۇتى شىمالىي چېگرىغا كېلىپ بەيئەت قىلغان. شۇ چاغدا، خېدۇڭدىن توشۇپ كېلىنگەن 25 مىڭ خو[12] ئاشلىق، 36 مىڭ تۇياق چارۋا ئۇلارغا ئايرىپ بېرىلگەن. بۇ ئالدىنقى دەۋرلەردە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش، يېڭى بەيئەت قىلغان قەبىلىلەرنى بەزلەش، يىراقتىكى مىللەتلەرنى يۇمشىتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئەڭ دانا سىياسەت هېسابلىنىدۇ. مەن ئۇلارغا ئىنەك، ساغلىق بېرىشنى تەكلىپ قىلىمەن. بۇ ئۇلارغا ئوزۇق بولىدۇ. چارۋىچىلىقى روناق تاپسا، ئۇلارغا پايدىلىق بولىدۇ. هايۋانلارنىڭ ياخشى يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ مەهسۇلاتىنى هەم كىيىم هەم ئوزۇق قىلغىلى بولىدۇ. دىۋان بېگىمۇ مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۇلار يەنىلا يەتتە ئايماقتا ئولتۇراقلاشسا، كەڭ، ئادەمى ئاز رايونغا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، دېدى. مېنىڭچە يۇرتىنى سۆيۈش ئادەمنىڭ تەبىئىتى. شۇنداق ئىكەن، كىم ئىچكىرىگە كۆچۈشكە ئۇنايدۇ؟ ناۋادا، مېنىڭ تەكلىپىم ماقۇل كۆرۈلۈپ، ئۇلارغا مال ـ چارۋا ياردەم بېرىلسە، ئۇلار ئانا ماكانىنى سۆيۈپ ـ قەدىرلەپ، چوقۇم ئەسلى يۇرتىغا قايتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىنماي، ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشى مەنئىي قىلىنسا، زىيان كېلىپ چىقىدۇ. ناۋادا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلسە، بۇمۇ مەڭگۈلۈك ئەمىن قىلىش سىياسىتى بولماي قالىدۇ. چۈنكى سىياقى ئادەم، قەلبى هايۋان كەبى قوۋمنىڭ كېتىش ياكى قېلىشنى خالايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس. ئۇلارنىڭ يەر ـ شارائىتى ئالماشتۇرۇلسا، ئاغرىق ـ كېسەل پەيدا بولىدۇ. نۇرغۇن پاراكەندىچىلىك

توغۇلىدۇ. كىشىنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىدىغىنى، قىيىنچىلىقتا قالغاندا ئۆلگۈچىلەر يەنىمۇ كۆپىيىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ قېپقالغان قوۋمى يەنىلا قوملۇقتا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلغان ھامان كونا ئۇۋىسىغا قايتىپ كېتىدۇ ـ دە، چوقۇم يېزا ـ كەنتلەرنى خانىۋەيران قىلىدۇ ۋە بۇلاپ ـ تالايدۇ، پۇقرانى ئانىي تاپىدۇ. مالىيمانچىلىق تۇغدۇرغاندىن كېيىن تىنچىتقاندىن كۆرە، ئىش تېخى باشلانمىغاندا ئالدىنى ئالغان تۈزۈك.

مال ئالماشتۇرۇشنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ قەدىمكى زاماندا بارلىققا كەلگەن، سودا ئىشلىرى كېيىن روناق تاپقان. خۇاشيالار بىلەن ھونلار يارىشىپ، ئۆتكەل بازارلىرىنى بەرپا قىلغان. ھازىر قوملۇقنىڭ شىمالىدىكىلەر ئاچارچىلىقتىن قىينالغاچقا، پۇتلىرى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغاندەك ھالدا تۇرماقتا. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدىن باشقا چوقۇم سودىلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار تەلەپ قىلسا، ئىجازەت بېرىش لايىق دەپ قارايمەن.»

«ئۇلۇغۋار نىشانى بارلار كىچىك نام ـ ئاتاق بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. يىراق كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتقانلار كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت بىلەن چەكلەنمەيدۇ. شىمال ۋە غەربتىكى مىللەتلەرنىڭ زەئىپلىشىشى ياكى قۇدرەت تېپىشى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئانچە ئوخشاش بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىش ۋە بەيئەت قىلىش ئەھۋالىنى مۇھاكىمە قىلغىلى بولىدۇ. جۇ سۇلالىسى ⑬ شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ئوتتۇراھال سىياسىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. خەن سۇلالىسىنىڭ سىرتقا جازا يۈرۈشى قىلىشى ئازراقلا نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇرۇن دەي پايتەختى⑭ دە ھامان نۇرغۇن لەشكەر تۇرغۇزۇلۇپ، چېگرىنى قوغداشقا تەييارلىق قىلىنىپ، ئەمىر ـ لەشكەرلەر ھېرىپ ھالىدىن كېتەتتى. شۇنچە رىيازەت چېكىپ بەدەل تۆلەنگەن بولسىمۇ، جورجانلارنى يەنىلا بەيئەت قىلدۇرالمىغانىدى. ئەمدى،



تەڭرى بۈيۈك ۋېي سۇلالىسىگە بەخت ئاتا قىلدى. ئۇلارنىڭ زەئىپلىشىپ مۇنقەرز بولىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى. ئوردىنىڭ جاھانغا يەتكۈدەك شاپائىتى، ھاياتلىق ئاتا قىلغۇدەك خىسلىتى بار. پىتراپ كەتكەن قەبىلىلەر جەم قىلىنىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئاپىرىپ قويۇلسا، قايتىپ كېتىش بۇيرۇلسا بولىدۇ. مۇشۇ پەيتتە، ئۇزاق مۇددەتلىك تەدبىر ئۈستىدە ياخشى ئويلىنىش زۆرۈر.

مېنىڭچە، ئەھۋال ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا بىر قانۇنىيەت بويىچە كۆزەتكىلى بولىدۇ، كەلگۈسىدىكى ئىشلار نامەلۇم بولسىمۇ، بۇرۇنقى ئىشلار ئارقىلىق قىياس قىلىش مۇمكىن. خەن پادىشاھى شۇەندى⑮ زامانىدا قوغشار تەڭرىقۇت⑯ چېگرىغا كېلىپ بەيئەت قىلغاندا، خەن سۇلالىسى دۇڭ جۇڭ، خەن چاڭلارنى چېگرىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ لەشكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، قوغشار تەڭرىقۇتنى شىمالدىكى چېگرىدىن ئۆزىتىپ قويۇشقا ئەۋەتكەن. شۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى چېگرىنى قوغداشقا ھەمكارلاشتۇرغان. خەن پادىشاھى گۇاڭۋۇدى ⑰ زامانىغا كەلگەندە، يەنە ئەمىر نۆكەر⑱ دۇەن بىنغا سىلاۋچىبەگ تەيىنلەپ، تەڭرىقۇت تۇرۇشلۇق جايغا ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چېگرىنى تىنچىتىشنىڭ ياخشى چارىسى، چېگرىنى ئەمىن تاپقۇزۇشنىڭ لايىق تەدبىرى ئىدى. ھازىر ئوردىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى قەدىمكى زاماندىكىدىن قېلىشمايدۇ. جورجان ئېلىنىڭ زەئىپلىشىشىمۇ بۇرۇنقى ئەھۋالغا ئوخشايدۇ. بۇرۇنقى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەدبىرلەرگە ئەمەل قىلىپ، بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۈلگە قىلىپ، تاشلاندۇق جايلىرىمىزدا ئۇلارنىڭ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىشىغا يول قويۇشىمىز لازىم. ئۇلارنى بەزلەش ئۈچۈن ئەمەلدارلارنى قويۇشىمىز؛ چېگرىنى قوغداش قۇدرىتىمىزنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، چېگرىدىكى مۇھاپىزەتچى

لەشكەرلەرنى كۆپەيتىشىمىز؛ كەڭ قورساق، شەپقەتلىك بولۇش سىياسىتى ئارقىلىق ئۇلارنى ئىدارە قىلىشىمىز، يىراقنى كۆزلىگەن سىياسەت ئارقىلىق ئۇلارنى تىزگىنلىشىمىز كېرەك. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى يېقىنچىلىق قىلغاندا مەككارلىق قىلمايدىغان، مۇناسىۋەت يىرىكلىشىپ قالغاندىمۇ يۈز ئۆرۈمەيدىغان قىلىش لازىم. ھازىر شىمالدىكى چېگرا بويلىرىغا جايلاشقان ھەربىي قورغانلارنىڭ سانغۇنلىرى بۇرۇنقى تۈزۈم بويىچە دائىم بىر ئادەمنى دېيجۇن ۋە يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىنىڭ سىرتىدىكى جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا مۇداپىئە ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىشىمىز لازىم. بۇ پادىشاھ دانا، تەدبىرلىك بولسا، ئەتراپتىكى تائىپىلەر ئىتائەتچان بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.»

«قەدىمكىلەر باشقا مىللەت كىشىلىرىدىن بەكمۇ ھەزەر ئەيلەپ، بەيئەت قىلغانلارغىمۇ كۆچلۈك رەقىبتەك مۇئامىلە قىلغان. لەشكىرىي كۈچ سىرتقا قارىتىلىپلا قالماي، ئىچكى مالىمانچىلىقنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ قوۋملىرىنى تارقاقلاشتۇرۇپ قايتا ئورۇنلاشتۇرساق، ھەرقايسى ئايماق ۋە قورغانلار بىر ــ بىرىدىن بۆلۈۋېتىلىدۇ ــ دە، ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى توشۇپ يەتكۈزگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈپ، مالىمانچىلىق سېلىشىنى ئالدىنئالا بىلىش تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چېگرا رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ چارۋىلىرى يايلاقلارغا تارالغان. شىمالدىكى تائىپىلەر ئاچكۆز بولىدۇ، بايلىقنى كۆرسىلا بۇلاپ ــ تالىماقنى ئويلايدۇ. بۇياقتىنمۇ مۇداپىئە قىلىش، ئۇياقتىنمۇ ھوشيار بولۇش لازىم. شۇنداق ئىكەن، لەشكەر ئاز بولسا بولمايدۇ. قالايمىقان كۆچۈش داۋامىدا ئاسانلا ۋەقە تۇغۇلىدۇ. ئۇلارنى يۇرتىغا كەت دەپ قوغلىساق، خۇشال بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئۇلارنى ئايماق ــ ۋىلايەتلەرگە تەقسىملەپ، ئىچكىرىگە كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرايلى دېسەك،



بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېمەيدۇ. ئەھۋال شۇنداقكەن، بۇنىڭغا جەزمەن نۇرغۇن خىراجەت كېتىدۇ.» ئوردا ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئەستىنقىلمىدى.

يۈەن فۇ ئاق يولۋاس بەلگىلىك ئەلەمنى كۆتۈرۈپ رۇشۈەن[19]، خۇيخۇاڭ[20] جىلغىلىرىغا بېرىپ ئاناغايدىن ھال سورىدى. ئاناغاي 300 مىڭ ئادىمىم بار دەپ، كۆڭلىدە ئىسيان كۆتۈرۈشنى ئويلاپ، يۈەن فۇنى تۇتۇپ قالدى. ئۇنى كىگىز يېپىلغان هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ھەر كۈنى بىر قاچا قىمىز، بىر پارچە گۆش بېرىپ تۇراتتى. جورجانلار يىغىلغاندا، ئۇنى شەرق تەرەپتە ئولتۇرغۇزۇپ، ۋەيس دەپ ئاتاپ ناھايىتى ھۆرمەتلىدى. ئاناغاي جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىپ بۇرۇنقى پايتەختكە[21] باردى. كېيىن، ئاناغاي يۈەن فۇ قاتارلىقلارنى قايتۇردى ھەمدە كەچۈرۈم سوراپ مەكتۇپ سۇندى. مۇناسىۋەتلىك مەھكىمىلەر يۈەن فۇنىڭ دېلوسىنى يارغۇچى بەگكە[22] تاپشۇردى. يارغۇچى بەگ قارىمىقىدىكى ئەمەلدار گاۋ چيەنزى يۈەن فۇ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىدى دەپ، ئۇنىڭغا سۈرگۈن قىلىش جازاسى بەردى.

شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمدىكى تېلىلار يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، ئوردىدا توغبات شىن[23] نىڭ پىكرىنى قايتا ئويلىنىپ كۆرۈش كېرەك، دېگەن غۇلغۇلا بولدى. ئوردا ھەرەم ئاغىسى[24] لى داۋيۈەننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ھەربىي قورغاننى ئايماق قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا لايىقلاشماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا ئالتە ھەربىي قورغاندا مالىمانچىلىق تۇغۇلغاچقا، يۇقىرىقى مەقسەت ئىشقا ئاشمىدى. توغبات شىن كېيىن: «ھازىر ئالتە قورغاندا مالىمانچىلىق يۈز بەردى، قاڭقىللارنىڭ ئىككى قوۋمىمۇ ئۇلارغا شېرىك بولدى، ھالىدىن كەتكەن لەشكەرلەرنى ئەۋەتىپ جازا يۈرۈش قىلغان بىلەن دۈشمەننى بويسۇندۇرالمايمىز. سەرخىل

ئەمىر ـ لەشكەرلەرنى تاللىساق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خېڭجۇ ئايمىقى قاتارلىق مۇھىم جايلارنى ساقلىسا، كېيىنچە بىر ئامال قىلساق» دەپ تەكلىپ بەردى. لى چۇڭ ھەربىي يۇرۇشتىن قايتىپ كەلگىچە، توغبات شىن ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل بولدى. باللىڭ جورجانلاردىن قېچىپ، جەنۇبقا يۆتكىلىپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 2 ـ توم، 595 ـ، 603 ـ، 604 ـ، 613 ـ، 619 ـ بەتلەر)

---

① غەربىي رۇڭ ( 西戎 ) — قەدىمكى زاماندا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئەتراپىدا ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان رۇڭلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. بەزى كىتابلاردا غەربىي يۇرتتا ياشىغان مىللەتلەرمۇ غەربىي رۇڭلار دەپ ئاتىلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىنخەي»، 1831 ـ بەت)

② غەربىي يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى چېرىكچى ( 护西域校尉 ) — غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبېگىگە قارايدىغان ئەمەلدار.
(«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 ـ كىتاب، 38 ـ بەت)

③ توغبات جيەن ( 拓拔健 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ 5 ـ ئوغلى. يۇڭچاڭ بېگى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 601 ـ، 603 ـ بەتلەر)

④ تۇفا باۋجۇ ( 秃发保周 ) — سيانپېيلارنىڭ توغبات قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقىدىن. فامىلىسى تۇفا، ئىسمى باۋجۇ بولۇپ، جاڭيې بېگى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشكەن. تەيئەن 5 ـ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن.
(مۇھەررىردىن)

⑤ جۇرچى ئۇرغۇ ( 沮渠无讳 ) — شىمالىي لياڭ خانلىقىنىڭ



سەردارى. جۇرچى مونىسۇننىڭ ئوغلى، جۇرچى مۇقاننىڭ ئىنىسى. جيۇچۇەن بېگى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3085 ـ بەت)

⑥ توغبات فۇلو ( 晋王伏罗 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شىزۇ توغبات تاۋنىڭ 2 ـ ئوغلى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 604 ـ بەت)

⑦ ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى ( 车骑将军 ) — جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلىق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغۇچى سانغۇن.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1338 ـ بەت)

⑧ گاۋپىڭ ( 高平 ) — قەدىمكى ناھىيە. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ھەربىي قورغان قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. جېڭگۇاڭ يىللىرىغا كەلگەندە، يەنە ناھىيە قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئورنى ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى گۇيۈەن ناھىيىسىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 2043 ـ بەت)

⑨ دېڭ ئەي شۇ پادىشاھلىقىنى يوقىتىشتا قوللانغان چارە ( 邓艾禽蜀之计 ) — ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە، ۋېي پادىشاھلىقىدىكى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن دېڭ ئەي شۇ پادىشاھلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئادەم ئايىغى تەگمىگەن چىغىر يوللار ئارقىلىق ئۇزۇن يول بېسىپ، دۈشمەنگە بىلىندۈرمەيلا ئاستانە چېڭدۇغا يېقىن جايلاردا پەيدا بولۇپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم باشلاپ، شۇ قوشۇنلىرىنى يوقاتقان.
(مۇھەررىردىن)

⑩ بەيلەن ( 白兰 ) — قەدىمكى قوۋم. چاڭلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تاڭغىت چاڭلار بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان. ياشىغان يېرى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبى ۋە سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1758 ـ بەت)

⑪ يۈەن فۇ ( 孚 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى شىزۇ
توغبات تاۋنىڭ 4 ـ ئوغلى لىنخۇەي بېگى توغبات تەنىنىڭ نەۋرىسى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 611 ـ بەت)

⑫ خو ( 斛 ) — بىر خو 10 كۈرەگە توغرا كېلىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑬ جۇ سۇلالىسى ( 周朝 ) — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 841 ـ يىلى
جۇ خانى ۋۇۋاڭ قۇرغان سۇلالە. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 256 ـ يىلى
يوقىتىلغان.

(مۇھەررىردىن)

⑭ دەي پايتەختى ( 代京 ) — دەي خانلىقىنىڭ پايتەختى شىڭلېنى
كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑮ خەن پادىشاھى شۈەندى ( 汉宣帝 ) — خەن سۇلالىسىنىڭ 9 ـ
ئەۋلاد پادىشاھى بولۇپ، ئىسمى ليۇ شۈن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 72 —
49 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن.
(«خەننامە» ، 209 ـ بەت)

⑯ قوغشار تەڭرىقۇت ( 呼韩邪 ) — ھونلارنىڭ سەردارى. خەن
پادىشاھى شۈەندىنىڭ شېنجۆ 4 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 58 ـ يىلى)
تەڭرىقۇت بولغان. خەن پادىشاھى يۈەندى دەۋرىدە ۋاڭ جاۋجۈننى ئالچىلىققا
ئالغان. كېيىن خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان.
(«خەننامە» ، 1738 ـ بەت)

⑰ خەن پادىشاھى گۇاڭۋۇدى ( 汉光武帝 ، مىلادىيىدىن
بۇرۇنقى 6 — مىلادىيە 57 ـ يىللىرى) —شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ
قۇرغۇچىسى. مىلادىيە 25 — 57 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان. ئىسمى



ليۇ شيۇ.
(«كېيىنكى خەننامە. خەن گۇاڭۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

⑱ ئەمىر نۆكەر ( 中郎将 ) — خاننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە
كۈتكۈچىلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار. ئورنى سانغۇندىن تۆۋەنرەك.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» ، 90 ـ بەت)

⑲ رۇشۈەن ( 柔玄 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىكى ئالتە مەشھۇر
ھەربىي قورغاننىڭ بىرى. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى
شىڭخې ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 1831 ـ بەت)

⑳ خۇەيخۇاڭ ( 怀荒 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىكى ئالتە مەشھۇر
ھەربىي قورغاننىڭ بىرى. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى جاڭبېي
ناھىيىسىدىن موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگە كىرىدىغان شەرقىي ئۆتكەل
ئەتراپىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 864 ـ بەت)

㉑ بۇرۇنقى پايتەخت ( 旧京 ) — شىڭلېنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

㉒ يارغۇچى بەگ ( 廷尉 ) — توققۇز ۋەزىرنىڭ بىرى بولۇپ،
ئەدلىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل.
(«بىر توملۇق «سىخەي» ، 497 ـ بەت)

㉓ توغبات شېن ( 拓拔深 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ
پادىشاھى شىزۇ توغبات تاۋنىڭ 5 ـ ئوغلى گۇاڭياڭ بېگى توغبات جيەننىڭ
نەۋرىسى. گۇاڭياڭ بېگى دېگەن مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلغان. پادىشاھقا
مەكتۇپ سۇنۇپ، چېگرا ئىشلىرى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان
قىلغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 616 ـ، 618 ـ بەتلەر)

㉔ هەرەم ئاغىسى ( 黄门侍郎 ) — ئوردا خەزىنە بېگى تەۋەسىدىكى ئاپپاراتتا خىزمەت ئۆتىگۈچى ئەمەلدار بولۇپ، خاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا، ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە بەگلەر خان بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇلارنى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇشقا مەسئۇل.
(«كېيىنكى خەننامە. ئەمەلدارلار تەزكىرىسى»، 4179 - بەت)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 17 - جىلد

## ۋېي پادىشاھى جىڭمۇدىنىڭ 12 ئوغلىنىڭ تەرجىمھالى( I )

توغبات تيەنسى① گە خېپىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 461 - يىلى) رۇيىن بېگى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. كېيىن، ئوردا ئەمەلدارى بولدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ئوردا ئىشلىرى ۋازارىتىنىڭ دىۋان بېگى خۇموخەن غەربىي تېلى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوردا ياساۋۇللۇقىغا تاللىغاندا، ئۇلاردىن نۇرغۇن مال - مۈلۈك ئالغاچقا، جامائەتنىڭ غەزىپى قوزغالدى. ئۇلار خۇموخەن ۋە گاۋپىڭنىڭ مۇۋەققەت باسقاق سانغۇنى شى لىڭنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، تېلى قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى ئىسيان كۆتۈردى. توغبات تيەنسى بىلەن باش غوجىدار② لو يۈنگە ئۇلارنى باستۇرۇش ھەققىدە يارلىق بېرىلدى. تېلىلارنىڭ ئالدىنقى سەپ قوشۇنى يالغان تەسلىم بولغاندا، لو يۈن بۇنىڭغا ئىشىنىپ قالدى. مۇئاۋىن سانغۇن يۈەن فۇ: «تېلىلارنىڭ ئەلپازى باشقىچە تۇرىدۇ، ۋەقە تۇغدۇرۇشى مۇمكىن. ھازىر ھوشيار بولمىساق، ئۇلار سۇيىقەست قىلىدۇ» دېدى. لو يۈن بۇ گەپكە ئېرەن قىلمىدى. تېلىلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، لو يۈننى ئۆلتۈردى. توغبات تيەنسى ئۆز جېنىنىلا ساقلاپ قالالىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3 - توم، 639 - بەت)

① توغبات تيەنسى ( 拓拔天赐 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ

پادشاھى شىزۇ توغبات تاۋنىڭ نەۋرىسى. ئۇنىڭ دادىسى توغبات خۇاڭ كېسەل بىلەن 24 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 639 ـ بەت)

② باش غوجىدار (给事中) — پەخرىي نام. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ نامغا ئېرىشكەن ھەرقانداق ئەمەلدار ئوردىغا كىرىپ خانغا يېقىنلىشالايتتى ۋە پىكىر ـ تەكلىپلەر بېرەلەيتتى.
(«تارىخىي ئەمەل ناملىرى»، 146 ـ بەت)





# ۋېي پادىشاھى جىڭمۇدىنىڭ 12 ئوغلىنىڭ تەرجىمىھالى (Ⅱ)

جورجانلار شىمالدىكى چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. توغبات يۈن ئوتتۇرا قىسىمنىڭ بۈيۈك تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلىنىپ، پادىشاھ شيەنزۇغا① ئەگىشىپ ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلاندى. ئۇلار چوڭ قوملۇقتىن ئۆتتى. توغبات يۈن: «جورجانلارنىڭ ئاتلىرى قورقۇنچلۇق قالقانلارنى كۆرۈپ باقمىغان، مۇشۇنداق قالقان تۇتقانلار سەپىنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا بۇيرۇق قىلىنسا، ئۇلارنى جەزمەن مەغلۇپ قىلغىلى بولىدۇ» دېدى. پادىشاھ بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆردى. تېلى سەردارىغا ئۆزئارا قول تۇتۇشۇپ ئاتلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3 ـ توم، 653 ـ بەت)

① شيەنزۇ (献祖) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى توغبات خۇڭ. ۋېنچېڭدى توغبات جۈنىنىڭ چوڭ ئوغلى. ئۆلگەندىن كېيىن، شيەنزۇ دەپ نام بېرىلگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 73 ـ بەت)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 20 ـ جىلد

## ۋېي گوجېن، مۇلياڭلارنىڭ تەرجىمىھالى

ۋېي دوخۇ① كىچىك چېغىدىلا ھەربىي ئىشلاردا تالانتلىق ئىدى. ۋېي پادىشاھى شيەنزۇ زامانىدا، دەستەكچىي دەپ نام بېرىلىپ، چاڭلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى چېرىكچى، دۇنخۇاڭنى تىنچىتقۇچى سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى. مەھكىمىسىگە بارغاندىن كېيىن، يېنىك قوراللانغان 5000 چەۋەنداز بىلەن غەربتىكى ئۇدۇنغا كىرىپ، ھەرقايسى ئەللەرنى تىنچىتىشنى، ئۇلاردىن ئالغان ئەشيالار بىلەن ئۆزلىرىنى تەمىنلەپ، تىنچىتىش ئارقىلىق ئۇنۇم ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، تەكلىپى تەستىقلانمىدى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئۇ يەنە شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ئىۋىرغولنى ئىشغال قىلىشنى، جورجانلارنىڭ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولىنى ئۈزۈپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ تەلىپىنى لايىق كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما شەرققە يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

داڭچاڭ خانى لياڭ مىجى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئەمىلىگە ئوغلى مىبو ۋارىسلىق قىلدى. مىبو تۇيغۇنلارنىڭ بېسىمى بىلەن چۇچى② ۋىلايىتىگە قېچىپ كەلدى. مۇلياڭ③ مىبو قوپال، ھاكاۋۇر بولغاچقا، دى ـ چاڭلار ئۇنى تاشلىۋەتتى، لياڭ مىجىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى مىچېڭ غەربتىكى قوۋملارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن كىشى، دەپ قاراپ ئۇنى تىكلەشنى ئۆتۈندى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. شۇنىڭ



بىلەن، تۇيغۇنلار چېكىندۈرۈلۈپ، مىچېڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

مۇخەن④ نىڭ ئىنىسى مۇيى ۋېي پادىشاھى گاۋزۇڭ زامانىدا غەربنى تىنچىتقۇچى بۈيۈك سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى. ئۇ قوشۇنلارغا باشچىلىق قىلىپ، غەربتە تۇيغۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى.

ئەن يۈەن⑤ باتۇر بولغاچقا، سەركەردىلىككە تەيىنلىنىپ، يۈنجۇڭ ۋىلايىتىنى ساقلىدى. جورجانلار چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىرگەندە، ئەن يۈەن ئۇلارغا دەرھال زەربە بېرىپ مەغلۇپ قىلدى. تۆھپە ياراتقاچقا، ئۇنىڭغا ۋۇيۈەن بېگى ۋە لۇ لەشكەرلىرىنىڭ سانغۇنى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى.

لۇباۋ⑥ يۈگۈەن يىللىرىدا مۇۋەققەت پەخرىي مەھرەم بېگى⑦ بولۇپ تەيىنلىنىپ جورجانلارغا ئەلچىلىككە باردى. بۇنىڭدىن ئاۋۋال، جورجانلار قارام ئەل سۈپىتىدە مەكتۇپ يوللاپ، ئەھۋاللىرىنى مەلۇم قىلىپ تۇرغانىدى. كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر زەئىپلىشىپ كەتكەچكە، جورجانلار باراۋەر دۆلەتلەرنىڭ يوسۇنى بويىچە مەكتۇپ ئەۋەتىدىغان بولۇۋالدى. لۇباۋ بۇ ئىشنى ئەيىپلىگەندە، جورجان قاغانى ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تەن ئالدى ھەمدە «بۇ بىتىكچىلەرنىڭ سەۋەنلىكى» دەپ كەچۈرۈم سورىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار يەنە ئۆزىنى قارام ئەل دەپ ئاتايدىغان بولدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3 ـ توم، 735 ـ، 742 ـ، 745 ـ، 752 ـ، 757 ـ بەتلەر)

---

① ۋېي دوخۇ (尉多侯) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۆتكەن ئەمەلدار.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 734 — 735 ـ بەتلەر)

② چۇچى ( 仇池 ) — قەدىمكى ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چېڭشيەن ناھىيىسىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 211 ـ بەت)

③ مۇلياڭ ( 穆亮 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى مۇچۇڭنىڭ ئەۋلادى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 742 ـ بەت)

④ مۇخەن ( 穆翰 ) — مۇچۇڭنىڭ ئوغلى.
(مۇھەررىردىن)

⑤ ئەن يۈەن ( 安原 ) — لياۋدۇڭدىن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى ئەن تۇڭنىڭ ئوغلى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 751 — 752 ـ بەتلەر)

⑥ لۇباۋ ( 楼宝 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى لۇ فۇلىيەننىڭ ئەۋلادى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 756 — 757 ـ بەتلەر)

⑦ پەخرىي ئەمەلدار ( 员外 ) — شىتاتتىن سىرت تەسىس قىلىنغان ئەمەلدار.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 734 ـ بەت)

⑧ مەھرەم بەگ ( 散骑常侍 ) — پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈپ، سەۋەنلىكلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان ئەمەلدار.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1472 ـ بەت)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 21 ـ جىلد

## سۈي خاۋنىڭ تەرجىمھالى

ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ: «قۇلان چۇگەي① قانداق؟» دەپ سورىدى. سۈي خاۋ②: «قۇلان چۇگەينىڭ دۆلىتى مۇتەرز بولۇپ، يۇرتى خانىۋەيران بولغان. ئۇ يەككە ـ يېگانە، باشقىلارنىڭ سايىسىدا كۈن ئېلىۋاتقان ئادەم، ياۋ جەمەتىدىن③ مەرتىۋە ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ مەدىتىگە ئېرىشتى. قۇدرەتلىك قوشنا ئەللەردىن ياردەم ئېلىشنى ۋە قىساس ئېلىپ ئار ـ نومۇسىنى ئاقلاشنى ئويلىمايلا قالماي، بەلكى جورجانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ياۋ جەمەتىنىڭ ۋاپاسىغا جاپا قىلىپ يۈردى. ئۇ ۋىجدانسىز، پەسكەش ئادەم. ئۇنىڭدا ئۇلۇغۋار پىلان ۋە تەدبىر يوق. زوراۋانلىق قىلىپ كەلگەچكە، ئاخىرى باشقا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ بۇ جاۋابتىن قانائەتلەندى ۋە سۈي خاۋ بىلەن تۈن تەڭگىچە پاراڭلاشتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3 ـ توم، 775 ـ بەت)

شېنجيا 2 ـ يىلى (مىلادىيە 429 ـ يىلى) جورجانلارغا ھۇجۇم قىلىش مەسىلىسى غۇلغۇلا قىلىندى. ئوردىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھېچقايسىسى ھۇجۇم قىلىشقا بېرىشنى خالىمىدى. خانىشانا باۋ④ مۇ پادىشاھنى بۇ ئىشتىن توستى. پادىشاھ شىزۇ بۇ گەپلەرگە ئېرەن قىلمىدى. پەقەت سۈي خاۋلا بۇ ھەرىكەتنى قوللىدى. دىۋان بېگى⑤ ليۇ جېي، سولقانات ياندىش بەگ ئەن يۈەن قاتارلىقلار ھەرەم ئاغىسى چيۇ چىنى قۇلان

چاڭ ⑥ نىڭ رەسەت بېگى⑦ جاڭ شېن، شۇ بىيەنلەرنى پادىشاھ شىزۇغا نەسىھەت قىلىشقا ئۇندەپ: «بۇ يىل يىلان يىلى، ئۈچ مۇھەننەسنىڭ تۈنجى يىلىغا تەۋە. مۇشتەرىت (يۇپىتېر) ئايغا تۇيۇقسىز بەرھەم بېرىۋاتىدۇ، زۆھرە يۇلتۇزى غەرب تەرەپتە، بۇنداق چاغدا ھەربىي ھەرىكەت قىلىشقا بولمايدۇ. شىمالغا يۈرۈش قىلساق جەزمەن مەغلۇپ بولىمىز. غەلىبە قازانغان تەقدىردىمۇ، بۇ پادىشاھقا پايدىسىز» دېدى. ئەمەلدارلارنىڭ كۆپى جاڭ شېن قاتارلىقلارنىڭ دېگەنلىرىگە قوشۇلۇپ: «جاڭ شېن ياش ۋاقتىدا فۇجيەنگە جەنۇبقا يۈرۈش قىلغىلى بولمايدۇ دېگەندە، فۇجيەن ئۇنىڭ كېيىنگە قولاق سالمىغاچقا، مەغلۇپ بولغانىدى. ھازىر ئاسمان ئالامىتى، زېمىندىكى ئىشلار بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيۋاتقان تۇرسا، قانداقمۇ ھەرىكەت قوزغىغىلى بولسۇن؟» دېيىشتى. پادىشاھنىڭ بۇ گەپلەردىن كۆڭلى غەش بولۇپ، سۇي خاۋ بىلەن جاڭ شېننى چاقىرتىپ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىگە سالدى.

سۇي خاۋ جاڭ شېننىڭ دېگەنلىرىگە دەككە بېرىپ مۇنداق دېدى: «قۇياش پەزىلەتنىڭ، ئاي جازانىڭ سىمۋولى. شۇڭا، ئاي تۇتۇلسا جازا يۈرگۈزۈش كېرەك. ھالبۇكى، پادىشاھ يۈرگۈزىدىغان جازانىڭ چوڭى كەڭ دالادا لەشكەرلەرنى سەپكە تىزىپ جەڭ قىلىش، كىچىكى بولسا تۆت كوچىدا ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ سازايى قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇرۇش كەڭ كۆلەمدە جازا يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر. بۇنىڭدىن ئۈچ مۇھەننەس يىلىدا ھەربىي يۈرۈش قىلسا، ئاسمان ھادىسىلىرىگە ماس، جازا قوللىنىش مەقسىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. مۇشتەرىت ئايغا بەرھەم بەرسە، ھەر يىلى قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، خەلق سەرسان بولىدۇ. بۇ ياتلار ئېلىنىڭ ئاسمان ھادىسىگە تەۋە ئىشلار جۈملىسىدىن، ئۇنىڭ قەرەلى 12 يىل. زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ زۇھەل يۇلتۇزى پاسىلىغا كىرىشى، ئاسمان



ھادىسىلىرى جەھەتتە شەرق تەرەپكە تەئەللۇق بولۇپ، شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. جاڭ شېن قاتارلىقلار چاكىنا قۇرئەندازلار بولۇپ، بىلىمى تېيىز، نەزەر دائىرىسى پالچىلىقتىكى ئەقىدىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. پالچىلىقنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىلەن چوڭ ئىشلارنى مەسلىھەت قىلىش تەس. پېقىرنىڭ ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاينىڭ ئايلىنىشى ئاق يولۋاس، زوھەل ئۆمۈر يۇلتۇزىنى توسۇۋالدى. بۇ ئەھۋال ھازىرمۇ شۇنداق. بۇنىڭ پال تەبىرى شۇكى، ئۈچ يىل ئىچىدە پادىشاھى ئالەم قوتاز قۇيرۇقى بىلەن زىننەتلەنگەن بايراق قادىغان ئەلنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. جورجان، قاڭقىللار قوتاز قۇيرۇقى بىلەن زىننەتلەنگەن بايراق قادىغان قوۋملاردۇر. دانا پادىشاھى ئالەم ناۋادا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلسە، پەۋقۇلئاددە چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولاتتى. قەدىمكىلەر «غەيرىي پال ئالامىتىدىن ئاۋام خەلق ئەنسىزلىككە چۈشىدۇ. ئەمما، ئۇ ئامەت ئېلىپ كەلسە جىمى ئالەم ئەمىن تاپىدۇ» دەپ ياخشى ئېيتقان. ئالىيلىرىنىڭ گېپىمدىن شۈبھىلەنمەسلىكىنى ئۆتۈنىمەن».

جاڭ شېن قاتارلىقلار خىجالەت بىلەن مۇنداق دېيىشتى: «جورجان ئېلى چۆللۈكنىڭ سىرتىدىكى ئۇنۇمسىز يەردە. ئۇلارنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەرگە ئاشلىق تېرىغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ خەلقىنى قولغا كەلتۈرسەكمۇ ئالۋان ـ ياساق بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى تېز، مۇقىم ماكانى يوق. شۇڭا، ئۇلارنى بەيئەت قىلدۇرغان بىلەنمۇ باشقۇرماق قىيىن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ئالاقزادە بولۇپ لەشكەر ۋە ئاتلىرىمىزنى ھالسىرىتىمىز؟».

سۇي خاۋ مۇنداق دېدى: «ئاسمان ھادىسىلىرى ھەققىدە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش جاڭ شېننىڭ بۇرچى. سىياسىي

ۋەزىيەت ھەققىدە ئۇ ھېچنېمە بىلمەيدۇ. بۇ گەپلەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدە دائىم دېيىلىپ تۇرغان كونا پاراڭ. ئەمەلىيەتتە شۇ بويىچە ئىش قىلىمىز دېسەك، ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. چۈنكى، جورجانلار ئەسلىدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئاسىيلىق قىلغان قۇللار ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ سەردارىنى ئۆلتۈرۈپ، ياخشىلىرىنى ئەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى مەرتىۋىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق. بۇنى ئەسقاتمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. چۆللۈكنىڭ شىمالى ئېگىز، ھاۋاسى سالقىن، پاشا يوق، سۈيى پاكىز، يايلىقى مۇنبەت. يازدا شىمالغا كۆچۈپ، ئۇ يەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ تېرىقچىلىق بىلەن جان باقالمايدىغان جاي ئەمەس. جورجان پەرزەنتلىرى ئەل بولۇشقا كەلسە، ئۇلارنىڭ ئېسىلزادىلىرى مەلىكىگە ئۆيلىنەلىسە، مەرتىۋىسى تۆۋەنرەكلىرىگە سانغۇن، تۆرە نامى بېرىلىدۇ. ئۇلار ئوردىمىزغا تولۇپ كېتىدۇ. قاڭقىللارنىڭ چەۋەندازلىرى داڭلىق، ئەمما بۇ ئۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرغىلى ۋە ئىشقا بۇيرۇغىلى بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ناۋادا جەنۇبلۇقلار⑧ ئۇلارنى قوغلىسا، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكىدىن بىزار بولماي قالمايدۇ. ئېلىمىز لەشكەرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇنداق ئەمەس. نېمىشقا دېگەندە، ئۇلار يىراققا قېچىپ كېتەلەيدۇ، بىزمۇ يىراققا قوغلاپ بارالايمىز. ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش تەس ئەمەس. ئۆتكەن يىللاردا چېگرا رايونلار كۆپ قېتىم ھۇجۇمغا ئۇچرىغاچقا، خەلقىمىز ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ يىل يازدا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېلىنى يوقاتمىساق، كۈزدە ئۇلار يەنە بېسىپ كىرىپ قالسا، ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ خاتىرجەم ئۇخلىغىلى بولمايدۇ. پادىشاھ تەيزۇڭ زامانىدىن ھازىرغىچە بېشارەت بېرىلمىگەن بىر يىلمۇ يوق. بۇ كىشىلەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتمەمدۇ؟ كىشىلەر چاڭ شىن، شۇ بىيەنلەر



مۇنازىرىلىشىشكە ئۇستا، پال سېلىپ غەلىبە قىلىدىغان ياكى مەغلۇپ بولىدىغانلىقىقا ھۆكۈم قىلىشنى بىلىدۇ، دېيىشىدۇ. ئۇنداق بولسا مەن ئۇلارنى سىناپ كۆرەي، ئۇ مېنىڭ غەربىي ئەل (كېيىنكى چىن خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ) مۇنقەرز بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ يوقىلىشىدىن بېشارەت بېرىدىغان ئالامەت بارمۇ؟ دېگەن سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ باقسۇن. ئەگەر ئۇ بىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەرمىسە، ساداقەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ. ناۋادا ھەقىقەتەن بىلمىسە، بۇ ئۇنىڭ پالچىلىقنى بىلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.»

شۇ چاغدا قۇلان چاڭ شۇ سورۇندا ئولتۇراتتى. چاڭ شىن قاتارلىقلار بۇ ئىشنى ئالدىنئالا دېيەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، خىجالەت بولۇپ جاۋاب قايتۇرالمىدى. پادىشاھ شىزۇ خۇشال بولۇپ، ئەمەلدارلارغا مۇنداق دېدى: «مەن بىر قارارغا كەلدىم. دۆلىتى مۇنقەرز بولغان ئەمەلدارلاردىن مەسلىھەت ئېلىشقا بولمايدۇ، دېگەن گەپ ھەقىقەتەن توغرا ئىكەن!» ئەمما، خانئانا باۋ بۇ ئىشتىن يەنىلا گۇمانلاندى. ئەمەلدارلارغا ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشقا باھا بېرىش يارلىق قىلىنىدى. پادىشاھ سۈي خاۋغا ئەھۋالنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ، خانئانىنى غەپلەتتىن ئويغىتىشنى بۇيرۇدى. كېڭەشتىن كېيىن بەزىلەر: «جەنۇبتىكى قاراقچىلار جەنۇبىي چېگرا رايونلىرىمىزغا بېسىپ كىردى. بۇ ئىش بىلەن كارىمىز بولماي شىمالغا يۈرۈش قىلساق، لەشكەرلىرىمىز نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرسە، بۇ ئىشنى كىم بىلمەيدۇ؟ ناۋادا جورجانلار يىراققا قېچىپ كەتسە، ئالغا بېسىشتىن نەپ چىقمايدۇ. ئارقا تەرىپىمىزدە يەنە جەنۇب قوشۇنلىرىنىڭ بېسىپ كىرىش خەۋپى مەۋجۇت. بۇ خەتەرلىك ھەرىكەت ئەمەسمۇ!» دەپ سۈي خاۋنى ئەيىبلەشتى. سۈي خاۋ مۇنداق دېدى: «بۇ يىل جورجانلارنى بىت ـ چىت قىلمىساق، جەنۇبتىكى دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرالمايمىز. دۆلىتىمىز غەربىي ئەلنى قوشۇۋالغاندىن

بۇيان، جەنۇبلۇقلار قورقۇنچقا چۈشتى. ئەمدى ئۇلار دەبدەبە پەيدا قىلىپ، نۇرغۇن لەشكەر قوزغاپ خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالىنى قوغداشقا كىرىشىدۇ. ئۇلار شىمالغا يۈرۈش قىلسا، بىز جەنۇبقا جازا يۈرۈشى قىلىمىز. ئۇلار قوۋمىنى سەپەرۋەر قىلسا، بىز ئارام ئالىمىز. ۋەزىيەت مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. بىز شىمالدا جورجانلارنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغان، قايتقان چاغدا ئۇلارنىڭ قوشۇنىدىكىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرمىدۇق دېگەن گەپنىڭ ئاساسى نېمە؟ ليۇيۇ[9] گۈەنجۇڭنى[10] ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەتىۋارلىق ئوغلىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، نەچچە تۈمەن سەرخىل لەشكەر، قابىل سەركەردىلەرگە باشچىلىق قىلىپمۇ ئۇنى ساقلاپ قالالماي، بارلىق قوشۇنى بىلەن مەغلۇپ بولدى. تاھازىرغىچە يىغا - زار توختىمىدى. سۇلالىمىز روناق تېپىپ، لەشكەر - ئاتلىرىمىز كۈچلەنگەن چاغدا، نېمىشقا تايچاق، موزايلارنى يولۋاسنىڭ ئاغزىغا ئاپىرىپ بېرىمىز؟ ئېلىمىز خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلارنى ئۇلارغا بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇ يەرنى ساقلىيالمايدۇ. ساقلىيالمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكەن، جەزمەن بېسىپ كىرمەيدۇ. ئۇلار قوشۇن ئەۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ پەقەت چېگرىنى ساقلىغۇچى قوشۇندىن ئىبارەت، خالاس. كۈزدىكى سۇنىڭ توڭلىغىنىغا قاراپ، جاھاننىڭ سوغۇق بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. بىر پارچە پىشقان گۆشنى يەپ كۆرۈپ، قازاندىكى گۆشنىڭ تەمىنى بىلگىلى بولىدۇ. شەيئىلەرمۇ مۇشۇنداق خاراكتېرغا ئىگە، بۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. جورجانلار يىراق تۇرساقلا ھۆكۈمەت قوشۇنى زېمىنىمىزغا كېلەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ، بىخۇد يۈرگىنى خېلى ئۇزاق بولۇپ قالدى. يازدا تارقاق قوۋملار مال - چارۋا باقىدۇ. كۈزدە ئاتلىرى سەمرىگەندە ئاندىن جەم بولۇپ، سوغۇق چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن ئىللىق چېگرا رايونلارغا كېلىپ،



جەنۇبتىكى چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىرىدۇ ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ. ھازىر ئۇلار جەڭگە ھازىرلانمىغان چاغدا، قۇدرەتلىك قوشۇنىمىز ئۇلارغا تۇيۇقسىز يېتىپ بارسا، ئۇلار قورقۇنچقا چۈشىدۇ - دە، قوشۇنىمىزنىڭ چاڭ - توزانلىرىنى كۆرۈپلا بەدەر تىكىۋېتىدۇ. ئايغىر يىلقىنى قوغدايدۇ، بايتال تايچاقتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ، ئاتلارنى ھەيدەپ يۈرۈپ ماڭماق تەس بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار سۇ ۋە ئوتلاقتىن مەھرۇم قىلىنسا، بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ھالىدىن كېتىپ، قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ. مۇنداق پەيتتە بىز ئۇلارنى بىراقلا يوقىتالايمىز. شۇنىڭ بىلەن، ۋاقىتنىچە رىيازەت چەكسەكمۇ، مەڭگۈلۈك ئەمىنلىككە ئېرىشىمىز. بۇنداق پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەسلىكىمىز لازىم. مەن پادىشاھىمىزدا ئاشۇنداق مۇددىئا يوق بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم، ئەمدى پادىشاھى ئالەم بىر قارارغا كەلگەندە نېمىشقا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ توسىمىز؟» شۇنىڭ بىلەن قوشۇن يۈرۈشكە ئاتلاندى. مۇنەججىم سۈي خاۋدىن: «بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈش ئوڭۇشلۇق بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، سۈي خاۋ: «جەزمەن ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. پەقەت سەركەردىلەرنىڭ يۈرەكزادە بولۇپ ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرەلمەسلىكىدىن، نەتىجىدە دۈشمەننى تولۇق يوقىتالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

قوشۇن جورجان ئېلىگە يېتىپ بارغاندا، جورجانلار مۇداپىئەلەنمىگەن بولغاچقا، لەشكەرلەرنى بۆلۈپ ئۇلارنى ئاختۇرۇشقا توغرا كەلدى. شەرقتىن غەربكە 5000 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا 3000 چاقىرىم كەڭلىكتىكى دائىرىدىن ئولجا ئېلىنغان چارۋا مەھسۇلاتلىرى بېسىلغان ھارۋا، چېدىر ۋە ئەسىر قىلىنغانلار نەچچە مىليونغا يەتتى. جورجانلارنى ئۆلتۈرۈپ ئەل بولغان قاڭقىللار 300 مىڭ تۈتۈندىن كۆپرەككە يەتتى.

دۈشمەنلەر ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. پادىشاھ شىزۇ روشۈي دەرياسىنى بويلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ جوشىي تېغىغا بارغاندا، سەركەردىلەر دۈشمەننى قوغلاۋەرسەك ئۇلارنىڭ بۆكتۈرمىلىرىگە يولۇقىمىز دەپ ئەنسىرەپ، پادىشاھنى قوغلاپ زەربە بېرىشنى توختىتىشقا ئۈندىدى. مۇنەججىم سۈي خاۋنىڭ ئىلگىرى دېگەن گەپلىرىنى دەپ، پادىشاھنى دۈشمەنلەرنى قوغلاۋېرىشكە دەۋەت قىلغاندا، پادىشاھ ئۇنىمىدى. كېيىن تەسلىم بولغانلاردىن بىرى مۇنداق دېدى: «جورجانلار خانى داتان ئاغرىپ قېلىپ، قانداق قىلىشنى بىلمەي بېشى قاتقاچقا، چېدىرلارنى كۆيدۈرۈپ، ئۆزى ئات ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ، نەچچە يۈز ئادىمى بىلەن جەنۇبىي تاغقا قاچتى. ئادەم، مال - چارۋىلىرى ھالسىراپ پاتپاراق بولۇپ كەتتى، 60 چاقىرىم دائىرە ئىچىدە ئۇلارنىڭ سەردارى يوق ئىدى. ئۇلار قېچىپ 180 چاقىرىم نېرىسىغا بارغاندا، قوغلاۋاتقان لەشكەرلەر كەلمىگەچكە، غەربكە ئاستا قېچىشقا باشلىدى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ تەلىيى كەلگەنلىكىدۇر. لياڭجۇلۇق سوغدى سودىگەرنىڭ دېيىشىچە، قوشۇن يەنە ئىككى كۈن ئىلگىرىلىگەن بولسا، ئۇلارنى تولۇق يوقىتالايتىكەن.» پادىشاھ شىزۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3 - توم، 779 — 782 - بەتلەر)

پادىشاھ جىڭمۇدى⑪ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرغاندىن كېيىن، سۈي خاۋ بىلەن يىدۇ بېگى مۇشۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ياردەملەشتى. جورجانلارغا يەنە جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولغاندا، ليۇ جيې باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. پادىشاھ جىڭمۇدى يەنە بىر قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىش قارارىغا كەلگەچكە، سۈي خاۋنى چاقىرتىپ مەسلىھەت سورىدى. سۈي خاۋ مۇنداق دېدى: «بۇرۇن جورجانلارغا زەربە بېرىشكە ئاتلانغاندا، يۈرۈش قىلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ليۇ جيې قاتارلىقلار قايتىپ



كەتمەكچى بولدى. كېيىن ئەسىر ئېلىنغانلاردىن ئۇققۇشىمىزچە، لەشكەرلەر قايتقان كۈندىكى جايىمىز دۈشمەنلەر تۇرغان جايدىن ئاران 30 چاقىرىم يىراقلىقتا ئىكەن. بۇنىڭدىن، ليۇ جيې قاتارلىقلارنىڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شىمالدىكى جايلاردا قېلىن قار بار، قىشتا ئۇ يەردىكىلەر دائىم قاردىن پاناداپ جەنۇبقا كۆچىدۇ. ناۋادا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەخپىي قوشۇن ئەۋەتىپ زەربە بەرسەك، ئۇلار بىلەن توقۇنۇشىمىز. توقۇنۇشۇپ قالساقلا ئۇلارنى تۇتالايمىز.» پادىشاھ بۇ پىكىرنى دۇرۇس دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن، قوشۇن تۆت يولغا بۆلۈندى. سەركەردىلەرگە لۇخۇن كۆلى بويىدا ئۇچرىشىش بۇيرۇقى بېرىلىپ، ئۇچرىشىش قەرەلى بېكىتىلدى. ھالبۇكى، ليۇ جيې ئۆز تەشەببۇسى قوبۇل قىلىنمىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ، سەركەردىلەرنىڭ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغاچقا، قوشۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي قايتىپ كەلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3 - توم، 787 - بەت)

---

① قولان چوگەي (赫连屈丐) — يەنى قولان بابا (赫连勃勃). ۋېي پادىشاھى تەيزۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى چوگەي قىلىپ ئۆزگەرتكەن. «چوگەي» سىيانپىيچە سۆز بولۇپ، «پەسكەش» دېگەن مەنىدە. ئۇ شيا دۆلىتىنى قۇرغۇچى بولۇپ، مىلادىيە 407 — 425 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3063 - بەت)

② سۈي خاۋ (崔浩) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داڭلىق ئەمەلدارى. بىلىمى مول، تەدبىرلىك، مۇنەججىملىكتىن خەۋىرى بار ئادەم ۋېي پادىشاھى تەيزۇڭ ئۇنى ئەتىۋارلىغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 772 -، 790 - بەتلەر)

③ ياۋ جەمەتى (姚氏) — بۇ يەردىكى «ياۋ جەمەتى» كېيىنكى

چىن سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى خانى ياۋ شىڭنى كۆرسىتىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1955 ـ بەت)

④ خانئانا باۋ ( 保太后 ) — يەنى خانئانا خۇي. 2 ـ جىلدتىكى 43 ـ ئىزاھقا قاراڭ.

⑤ دىۋان بېگى ( 尚书令 ) — ئەسلىدە پەرمان ـ يارلىق چىقىرىشقا مەسئۇل ئەمەلدار ئىدى. ۋېي ـ جىن دەۋرلىرىدە باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بولغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1116 ـ بەت)

⑥ قۇلان چاڭ ( 赫连昌 ) — قۇلان بابانىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، قۇلان بابانىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شيا دۆلىتىنىڭ خانى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3064 ـ بەت)

⑦ رەسەت بېگى ( 太史 ) — كالېندار تۈزۈشكە مەسئۇل ئەمەلدار.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 639 ـ بەت)

⑧ جەنۇبلۇقلار ( 南人 ) — سۇڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى جەنۇبىي جۇڭگوغا جايلاشقانىدى.
(مۇھەررىردىن)

---

⑨ ليۇ يۈ ( 刘裕 ) — جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى قۇرغۇچى. مىلادىيە 420 ـ يىلى پادىشاھ بولغان.
(«سۇڭنامە. پادىشاھ ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

⑩ گۈەنجۇڭ ( 关中 ) — قەدىمكى رايون نامى. ئومۇمەن خەنگۇ قوۋۇقىنىڭ غەربىنى كۆرسىتىدۇ. خەنگۇ قوۋۇقى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لىڭباۋ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 283 ـ بەت)

⑪ پادىشاھ جىڭمۇدى ( 景穆帝 ) — يەنى ۋەلىئەھد توغبات خۇاڭ. ئۇ تېخى پادىشاھ بولماستىلا ئۆلۈپ كەتكەن.
(مۇھەررىردىن)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 22 ـ جىلد

## جاڭسۇن شىڭنىڭ تەرجىمھالى

جاڭسۇن شىڭ①، يەنە بىر ئىسمى جاڭسۇن جىشىڭ بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ئىدى. خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنى چالا ـ بۇلا بىلەتتى. ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولۇپ، چاققانلىقتا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشەتتى. 18 ياشقا كىرگەندە، جۇ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ مەھكىمە قوغداش بېگىلىكىگە تەيىنلەندى. ئەسلىدە ئانچە نام ـ ئاتاق چىقمىغانىدى، سۈي پادىشاھى ۋېندى② ئۇنى بىر كۆرۈپلا: «جاڭسۇن شىڭنىڭ ھەربىي ماھارىتى ئۈستۈنكەن، يەنە كېلىپ ناھايىتى تەدبىرلىك ئىكەن، بۇ يىگىت كەلگۈسىدە داڭلىق سەركەردىلەردىن بولىدىغان ئادەم ئەمەسمۇ؟» دېدى.

تۈركلەردىن ئىدۇگ③ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، جۇ سۇلالىسى جاۋ بېگى يۈۋېن جاۋنىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا خاتۇنلۇققا بېرىشكە چاقىرتتى. جۇ سۇلالىسى بىلەن ئىدۇگ قاغان ئۆز ئېلىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، بەس ـ بەس بىلەن پەھلىۋانلارنى تاللىدى. شۇ سەۋەبتىن جاڭسۇن شىڭ رۇنەن گۈڭى يۈۋېن شىنچىڭنىڭ مۇئاۋىن ئەلچىسى سۈپىتىدە چيەنجىن مەلىكىنى ئىدۇگ قاغاننىڭ بارگاھىغا ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتىلدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نەچچە ئون ئەلچى ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئىدۇگ ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە قائىدە ـ يوسۇن بويىچە مۇئامىلە قىلمىدى. پەقەت جاڭسۇن شىڭنىلا

ياقتۇرۇپ قىلىپ، دائىم ئۇنىڭ بىلەن سەيلە ـ ساياھەت قىلدى، ئوۋ ئوۋلىدى. ئۇنى بىر يىل يېنىدا تۇرغۇزۇپ قالدى. بىر قېتىم ئۇلار ئاسماندا ئولجا تالىشىپ ئۇچۇۋاتقان ئىككى قارچىغىنى كۆردى. ئىدۇگ جاڭسۇن شېڭغا ئىككى تال ئوق بېرىپ، ئۇلارنى ئېتىپ چۈشۈرۈشنى تەكلىپ قىلدى. جاڭسۇن شېڭ ئاتقا مىنىپ ئاتلاندى. بۇ چاغدا ئىككى قارچىغا ئاسماندا ئولجا تالىشىۋاتاتتى. ئۇ بىر ئوق ئېتىپلا ئىككى قارچىغىغا تەگكۈزۈۋەتتى. ئىدۇگ خۇشال بولۇپ ئوغۇللىرى، ئىنىلىرى ۋە ئېسىلزادىلەرگە ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ يېقىنلىشىشنى بۇيرۇق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ساداق تارتىشنى، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىشنى ئۈمىد قىلدى. ئىدۇگنىڭ ئىنىسى چۇلۇقنىڭ نامى تولشاد بولۇپ، قوۋمىدىكىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى. شۇڭا، ئىدۇگ ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، يېنىدىكى يېقىن ئادىمى ئارقىلىق جاڭسۇن شېڭ بىلەن خۇپىيانە ئىتتىپاق تۈزدى. جاڭسۇن شېڭ ئۇنىڭ بىلەن سەيلە ـ ساياھەتكە، ئوۋ ئوۋلاشقا چىققان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تاغ ـ دەريالارنىڭ جايلىشىشى ۋە قوۋملارنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق ئىگىلىدى. ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مىراقۇلبېگى دېگەن ئەمەل بېرىلدى.

كەيخۇاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 581 ـ يىلى) ئىدۇگ قاغان مۇنداق دېدى: «مەن جۇ سۇلالىسىنىڭ تۇغقىنى. ئەمدىلىكتە، سۈي بېگى ياڭ جيەن ئۆز ئالدىغا پادىشاھ بولۇۋالدى. مەن ئۇنى توسۇيالمىدىم. ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن خاتۇن④ نىڭ دىدارىنى كۆرىمەن.» شۇنىڭ بىلەن، ئۇ گاۋ باۋنىڭ⑤ بىلەن بىرلىشىپ لىنيۇ قورغىنىنى ⑥ ئىگىلىۋالدى ھەمدە ئەتراپتىكى قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە جەنۇبقا بېسىپ كىرىش پىلانىنى تۈزۈشكە ئەھد قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئەمدىلا پادىشاھ بولغاچقا، بۇنىڭدىن ئىنتايىن قورقتى. شۇڭا، سەددىچىنىنى رېمونت



قىلدۇرۇپ، شىمالدىكى چېگرا رايونلاردا تۇرۇشقا لەشكەر ئەۋەتتى. يەن شۇ⑦ غا يۇجۇ ئايمىقىنى، يۈ چىڭزېغا⑧ بىڭجۇ ئايمىقىنى قوغداش، لەشكەر توپلاپ مۇداپىئەدە تۇرۇش بۇيرۇقى بېرىلدى.

جاڭسۇن شېڭ ئىدۇگ، ئاپار، تولشاد قاتارلىقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا كۈچلۈك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ھەر قايسىسى ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ، تۆت تەرەپكە جايلاشقانلىقىنى، كۆرۈنۈشتە ئىتتىپاق بولسىمۇ، كۆڭلىدە بىر ـ بىرىگە غۇم ساقلايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇش تەس، ئارىسىنى بۇزۇش ئاسان ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، ئوردىغا مۇنداق مەكتۇپ سۇندى: «مەن جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يات قوۋملار ئەلچىسى بولغان بولغاچقا، تۈركلەرگە دائىر ئەھۋاللارنى ياخشى بىلىمەن. تاردۇش بىلەن ئىدۇگنى سېلىشتۇرساق، تاردۇشنىڭ ھەربىي كۈچى قۇدرەتلىك بولسىمۇ، ئورنى تۆۋەن، نامدا ئىدۇگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسىمۇ، كۆڭلىدىكى نارازىلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇنىڭ قارشىلىق كەيپىياتىنى قوزغىساق، ئۇلار جەزمەن بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىدۇگنىڭ ئىنىسى چۇلۇق ناھايىتى مەككار بولسىمۇ، ھەربىي كۈچى ئاجىز. ئەمما، ئۇ قوۋملارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ئىش كۆرگەچكە، ئەل ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئىدۇگ ھەسەت قىلىدۇ. تۈركلەرنىڭ يەنە ئاپار ئىسىملىك بىر سەردارى بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تەڭلىكتە قالغان. ئۇ ئىدۇگدىن بەك قورقىدۇ، ئىدۇگ ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. كىم كۈچلۈك بولسا، ئۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ، بىر مەۋقەدە تۇرمايدۇ. شۇڭا، يىراقتىكىلەر بىلەن دوست بولۇپ، يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش، كۈچلۈكلەرنى پارچىلاپ، ئاجىزلار بىلەن بىرلىشىش تەدبىرىنى قوللانغىنىمىز تۈزۈك. تاردۇشقا ئەلچى

ئەۋەتىپ، ئاپار بىلەن ياراشتۇرساق، ئىدۇگ جەزمەن لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىپ، زېمىنىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ. يەنە چۇلۇقنى ئۆزىمىزگە تارتىپ قومۇقلار[9] ۋە ئەقسىدلەر[10] بىلەن بىرلەشسەك، ئىدۇگ جەزمەن قوشۇنىنى بۆلۈپ سول تەرەپنى مۇداپىئە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ، جەمەتلەر بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئون نەچچە يىلدىن كېيىن، زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا زەربە بەرسەك، ئۇلارنىڭ ئېلىنى جەزمەن بىراقلا قورۇقداپ قويالايمىز.»

سۈي پادىشاھى ۋېندى بۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ ئىنتايىن خۇشاللىنىپ جاڭسۇن شېڭنى يۈزتۇرانە سۆھبەتلىشىشكە چاقىرتتى. جاڭسۇن شېڭ ۋەزىيەت ھەققىدە سۆزلەپ، تاغ ـ دەريالارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ قەيېرى كۈچلۈك، قەيېرى ئاجىز ئىكەنلىكىنى بەش قولدەك ئېنىق چۈشەندۈردى. پادىشاھ ۋېندى ئۇنىڭ گەپلىرىگە ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى تولۇق قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوردا مىراقۇلى يۈەن خۇيغا ئىۋىرغولدىن ئاتلىنىپ، تاردۇشنىڭ بارگاھىغا ئەلچىلىككە بېرىشنى، ئۇنىڭغا بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن تۇغ ھەدىيە قىلىپ؛ يالغاندىن پادىشاھ نامىدا ئالاھىدە ئىلتىپات قىلىشنى بۇيرۇدى. تاردۇشنىڭ ئەلچىسى كەلسە، ئۇنىڭغا ئىدۇگنىڭ ئەلچىسىدىن يۇقىرى ئورۇن بېرىلدى. مۇنداق بۆلگۈنچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار دەرۋەقە بىر ـ بىرىدىن گۇمانلىنىدىغان بولىدى. جاڭسۇن شېڭغا ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى دېگەن مەنسەپ بېرىلدى. ئۇ خۇاڭلۇڭ[11] يولى بىلەن يولغا چىقىپ، قومۇق، ئەقسىد، قىتان قاتارلىق قەبىلىلەرگە پۇل ـ پىچەك ئىنئام قىلدى. ئۇلارغا يول باشلىتىپ، چۇلۇقنىڭ بارگاھىغا باردى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى بەيئەت قىلىشقا



قىزىقتۇردى.

كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 582 ـ يىلى) ئىدۇگنىڭ 400 مىڭ كىشىلىك چەۋەندازلار قوشۇنى لەنجۇدىن[12] ھۇجۇم باشلاپ جۇپەنگە يېتىپ باردى ۋە داشىچاڭرۇ[13] نىڭ قوشۇنىنى بىت ـ چىت قىلدى. ئۇ داۋاملىق جەنۇبقا ئىلگىرىلىمەكچى بولغاندا، تاردۇش ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي، قوشۇنىنى باشلاپ كەتتى. شۇ چاغدا، جاڭسۇن شېڭ يەنە رامغاننى ئىدۇگقا يالغاندىن مۇنداق دەپ مەلۇمات بەرگۈزدى: «تېلى قاتارلىق قوۋملار يۈز ئۆرۈپ، بارگاھىمىزغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.» ئىدۇگ قورقۇنچقا چۈشۈپ، قوشۇنىنى چېگرا رايونلاردىن قايتۇرۇپ كەتتى.

كېيىنكى يىلى، تۈركلەر يەنە كۆلەمدە بېسىپ كىردى. سۈي سۇلالىسىدىكى سەككىز يول قوماندانلار لەشكەر تارتىپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇردى. ئاپارنىڭ قوشۇنى لياڭجۇغا كەلگەندە، دۇ رۇڭدىڭ[14] ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلدى. دۈشمەن سەركەردىسى ئۇدا مەغلۇپ بولدى. بۇ چاغدا جاڭسۇن شېڭ يانداش قوماندان ئىدى. ئۇ ئاپارغا ئەلچى ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى: «ئىدۇگ ھەر قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا، جەڭلەردە زور غەلىبە قىلاتتى. ئاپار ئەمدى كېلىپ مەغلۇپ بولدى. بۇ تۈركلەر ئۈچۈن نومۇس. ئىدۇگ بىلەن ئاپارنى سېلىشتۇرساق، ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئۇلار ئەسلىدە ئوخشاش رەقىب ئىدى. ئەمدىلىكتە ئىدۇگ غەلىبە قازىنىپ، تۈرك قوۋمىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئاپار جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، تۈرك ئېلىدە ئار ـ نومۇسقا قالدى. ئىدۇگ جەزمەن بۇ ئىشتا ئاپارغا گۇناھ ئارتىپ، ئۆزىنىڭ شىمالدىكى بارگاھىنى يوقىتىش ئىستىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.» ئاپارنىڭ ئەلچىسى كەلگەندە، جاڭسۇن شېڭ يەنە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ھازىر تاردۇش سۈي سۇلالىسى بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزدى. ئىدۇگ بۇنىڭغا نائىلاج ماقۇل بولدى.

قاغان جانابلىرى پادىشاھقا بېقىنىپ، تاردۇش بىلەن ئىتتىپاق تۇزۇپ، بىرلىشىپ قۇدرەت تاپسا نېمىشقا بولمايدىكەن! بۇ ئەڭ مۇكەممەل چارىدۇر. ئەجەبا، لەشكەرلىرىدىن مەھرۇم قېلىپ، گۇناھ ئارتىلىپ، ئېلىگە قايتقاندىن كېيىن ئىدۇگنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىتائەت قىلىپ، قىرغىنچىلىققا، ئار - نومۇسقا تەن بېرەمدۇ؟» ئاپار بۇ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىپ، لەشكەرلىرىنى چېگرىدا قالدۇردى. كېيىن ئەلچىسىنى جاڭسۇن شىڭغا ئەگىشىپ ئوردىغا بېرىشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئىدۇگ ۋېيۋاڭ بېگى ياڭ شۋاڭنىڭ قوشۇنى بىلەن توقۇنۇشۇۋاتاتتى. بەيداۋ قەلئەسىدىكى جەڭدە ئىدۇگ مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ئىدۇگ قۇملۇققا بارغاندا، ئاپارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شىمالىي تەرەپتىكى بارگاھقا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئاپارنىڭ بارلىق قوۋمىنى ئەسىر ئالدى ھەمدە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈردى. ئاپار قايتىدىغان ماكانى بولمىغاچقا، غەربكە بېرىپ تاردۇشنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭدىن 100 مىڭدىن كۆپرەك لەشكەر ياردەم ئېلىپ، شەرقتە ئىدۇگقا ھۇجۇم قىلىپ، بۇرۇنقى سۆيۈرغاللىق زېمىنىنى يەنە تارتىۋالدى. پىتىراپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى يىغىپ ئىدۇگ بىلەن ئۇرۇشتى. جەڭلەردە ئاپار ئۇدا غەلىبە قىلغاچقا، تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى. ئىدۇگ يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى. مەلىكە چيەنجىن فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى پادىشاھنىڭ قىزى دەپ ئاتاشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

كەيخۇاڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 584 - يىلى) جاڭسۇن شىڭ يۈچىڭزىنىڭ ياردەمچىسى نامى بىلەن ئىدۇگنىڭ بارگاھىغا ئەۋەتىلدى. مەلىكىنىڭ فامىلىسى «ياڭ» غا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭغا مەلىكە دايى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. ئىدۇگ يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ سەجدە قىلىشقا ئۇنىمىدى. جاڭسۇن شىڭ مۇنداق دېدى: «تۈرك قاغانى بىلەن



سۇي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تەڭرىزادىلىرى. قاغان ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىسا، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قانداقمۇ خىلاپلىق قىلغىلى بولسۇن؟ لېكىن، خاتۇن پادىشاھنىڭ قىزى بولغاچقا، قاغان بۈيۈك سۇي سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ كۈيئوغلى بولىدۇ. قېيىنئاتىسىنى ھۆرمەتلىمىسە قانداق بولغىنى؟» ئىدۇگ ئۇنىڭ مەنسەپدارلىرىغا كۈلۈپ تۇرۇپ: «قېيىنئاتىغا ئەلۋەتتە تازىم بەجا كەلتۈرۈش كېرەك» دېدى - دە، تىزلىنىپ تۇرۇپ يارلىقنى ئالدى. ئەلچى ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداپ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، قائىدە - يوسۇن جەھەتتە ئۇچ مەھكىمە دىۋانبەگلىرىدەك ھۆرمەتتىن بەھرىمەن بولدى. سولقانات تۆھپىكار قوغدىغۇچى، ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەندى.

كەيخۇاڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 587 - يىلى) ئىدۇگ ئۆلدى. پادىشاھ جاڭسۇن شىڭنى ئەلچىلىك دەستىكى بىلەن ئەۋەتىپ، ئىدۇگنىڭ ئىنىسى چۇلۇققا[15] باغا قاغان دەپ، ئۇنىڭ ئوغلى يارلۇققا[16] يابغۇ قاغان دەپ نام بەردى. چۇلۇق جاڭسۇن شىڭ ئارقىلىق ئوردىغا مۇنداق مەكتۇپ يوللىدى: «ئاپار تەڭرى تەرىپىدىن بىتت - چىت قىلىنغاچقا، 5 - 6 مىڭچە ئاتلىقنى باشلاپ تاغ - ئېدىرلارغا مۆكۈنۈۋالدى. ئۇنى تۇتۇپ، پادىشاھقا ھەدىيە قىلىش كېرەك.» بۇ چاغدا ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلار يىغىلىپ كېڭەش قىلىۋاتاتتى. لېئەن گۇڭ يۈەن شيې مۇنداق دېدى: «جىنايىتىدىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن، شۇ يەردە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.» ۋۇياڭ گۇڭ لى چۇڭ ئۇنى تىرىك تۇتۇپ ئوردىغا ئەكىلىپ، جامائەتنىڭ ئالدىدا كاللىسىنى ئېلىپ يۇقىرىلارغا كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ جاڭسۇن شىڭدىن قانداق قىلىشنى سورىدى. جاڭسۇن شىڭ مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئاپارنىڭ قەبىھ قىلمىشى ئېلىمىزگە ئاسىيلىق قىلغانلىق ئەمەس. قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن

پايدىلىنىپ، ئۇنى تۇتۇپ كاللىسىنى ئالساق، بۇ يىراقتىكى قوۋملارنى بەزلەش سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەسمىكىن، مېنىڭچە ھەر ئىككى تەرەپنى ساقلاپ قالغان تۈزۈك.» پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ: «ياخشى پىكىر» دېدى.

كەيخۇاڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 588 ـ يىلى) چۇلۇق ئۆلدى. جاڭسۈن شېڭ ماتەم تۇتۇشقا ئەۋەتىلدى. ئۇ چېن خانلىقى ھەدىيە قىلغان گۆھەر، مۇراسىم بۇيۇملىرىنى ئالغاچ بېرىپ يارلۇققا ئىنئام قىلدى.

كەيخۇاڭ 13 ـ يىلى (مىلادىيە 593 ـ يىلى) مۇساپىر ياڭ چىن تۈرك زېمىنىغا قېچىپ بېرىپ، پىڭگو گۇڭجى ليۇ چاڭ[17] بىلەن يوۋېن فامىلىلىك قىز[18] تىل بىرىكتۈرۈپ سۈي سۇلالىسىگە قارشى چىقماقچى بولدى، مېنى يوشۇرۇن ھالدا مەلىكىگە[19] خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى، دەپ ئۇسەك سۆز تارقاتتى. يارلۇق بۇنىڭغا ئىشىنىپ ئوردىغا ۋاقتىدا ئولپان تاپشۇرمايدىغان بولۇۋالدى. جاڭسۈن شېڭ يەنە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلدى. ئۇ بېرىپ ئەھۋالنى تەپسىلىي كۆزەتتى. مەلىكە[20] جاڭسۈن شېڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، گەپ ـ سۆزدە ھۆرمەتسىزلىك قىلدى. يەنە ئۆزى بىلەن زىنا قىلغان ئانسۇيگانى ياڭ چىن بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە ئەۋەتىپ، شۇ ئارقىلىق يارلۇقنى قۇتراتماقچى بولدى. جاڭسۈن شېڭ قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى ھەمدە قايتىدىن ياڭ چىننى قايتۇرۇپ كېلىشكە باردى. يارلۇق ياڭ چىننى چىقىرىپ بېرىشنى خالىماي، مېھمانلىرىم ئارىسىدا ئۇنداق ئادەم يوق، دەپ تۇرۇۋالدى. جاڭسۈن شېڭ يارلۇقنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنى سېتىۋېلىپ، ياڭ چىن تۇرۇشلۇق جاينى بىلىۋالدى ـ دە، كېچىسى ئۇنى يوشۇرۇن تۇتتى. شۇنداقلا، يارلۇقنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، مەلىكىنىڭ خۇپىيانە ئىشلىرىنى ئاشكارىلىغۇزدى. پۈتۈن ئەل بۇنىڭدىن نومۇس ھېس قىلىشتى. يارلۇق ئانسۇيگا قاتارلىقلارنىمۇ تۇتۇپ، جاڭسۈن



شېڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. جاڭسۈن شېڭ ئەلچىلىكتىن قايتىپ كەلگەندە، پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوردا ئۇچ ئەمرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى دېگەن نامنى بەردى. ئۇنى يەنىلا تۈرك زېمىنىغا ئەۋەتتى. ئۇ مەلىكە داينىنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.

يارلۇق ئوردىغا يەنە قۇدىلىشىش تەلىپىنى ئىزھار قىلدى. ئوردىدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ ماقۇل دېگۈدەك بولغاندا، جاڭسۈن شېڭ مۇنداق دەپ تەكلىپ بەردى: «مەن يارلۇقنىڭ ئۆزگىرىشچان، ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ تاردۇش بىلەن زىددىيىتى بولغاچقىلا، ئېلىمىزگە يېقىنماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭ بىلەن قۇدىلاشساقمۇ ئۇ ھامان ئاسىيلىق قىلىدۇ. ناۋادا ئۇ مەلىكىگە ئۆيلەنسە، ئېلىمىزنىڭ ئابرويىدىن پايدىلىنىپ جەزمەن تاردۇش، رامغانلارنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالىدۇ. قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن يەنە يۈز ئۆرۈيدۇ. كېيىن ئۇنى ئىتائەت قىلدۇرۇش تەس بولارمىكىن. رامغان چۇلۇقنىڭ ئوغلى، بۇرۇندىن ساداقەت بىلەن بەيئەت قىلىپ كەلگەن. ھازىرغىچە ئىككى ئەۋلاد شۇنداق قىلدى. مەن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويغان. ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان تۈزۈك. ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، جەنۇبقا كۆچۈرۈش كېرەك. لەشكىرى ئاز، كۈچى ئاجىزلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئاسان. رامغاننى يارلۇق بىلەن قارشىلاشتۇرۇپ، ئۇنى چېگرا قوغدىغۇچى قىلىش كېرەك.» پادىشاھ: «دېگەنلىرىڭ دۇرۇس» دېدى. جاڭسۈن شېڭ يەنە رامغاننى بەزلەشكە ئەۋەتىلدى. مەلىكىنى ياتلىق قىلىشقا ئىجازەت بېرىلدى.

كەيخۇاڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 597 ـ يىلى) رامغان جاڭسۈن شېڭغا ئەگىشىپ مەلىكىنى كۈتۈۋېلىشقا ئەلچى ئەۋەتتى. خان جەمەتىنىڭ قىزىغا مەلىكە ئەنيى دەپ نام بېرىلىپ، رامغانغا

ياتلىق قىلىندى. جاڭسۇن شېك رامغاننى جەنۇبقا كۆچۈپ، بۇرۇنقى چوڭ بارگاھ ئۆتۈكەن㉑ نىڭ جەنۇبىدا ماكانلىشىشقا قايىل قىلدى. يارلۇق بۇنىڭدىن غەزەپكە كېلىپ، دائىم پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى. رامغان ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغاچقا، شەپىسى بولسا ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ مەلۇم قىلىپ تۇردى. شۇڭا، تۇركلەر ھەر قېتىم بېسىپ كىرگەندە، ھامان ئالدىنئالا مۇداپىئە كۆرۈلدى.

كەيخۇاڭ 19 ـ يىلى (مىلادىيە 559 ـ يىلى) رامغان جاڭسۇن شېك ئارقىلىق يارلۇقنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىدىغان قورال ياساپ، داتۇڭ㉒ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئوردىغا مەلۇم قىلدى. ئالتە باشبۇغنىڭ قوشۇنىغا خەن بېگى ياڭ جىڭنىڭ قوماندانلىقىدا بۆلۈنۈپ چېگرىدىن ئاتلىنىپ يارلۇققا جازا يۈرۈش قىلىش يارلىقى بېرىلدى. يارلۇق قورقۇنچقا چۈشۈپ، يەنە تاردۇش بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇلار كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ رامغانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، سەددىچىن ئاستىدا جەڭ قىلدى. جەڭدە رامغان يېڭىلىپ، ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى، قوۋمى تارقىلىپ كەتتى. رامغان جاڭسۇن شېك بىلەن ئاران بەش چەۋەندازنى باشلاپ، تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ جەنۇبقا قاچتى. تاڭ يورۇغىچە ئۇلار 100 چاقىرىمدىن يىراق جايغا قېچىپ بېرىپ، يول بويلىرىدىن نەچچە يۈز چەۋەندازنى يىغدى. رامغان قول ئاستىدىكىلەر بىلەن مۇنداق مەسلىھەت قىلدى: «مەن بۈگۈنكى كۈندە مەغلۇپ بولۇپ ئوردىغا بارسام، پەقەت بىر تەسلىم بولغۇچى بولىمەن. بۈيۈك سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ماڭا قانداقمۇ ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلار. تاردۇش بىزگە ھۇجۇم قىلغىلى كەلگەن بولسىمۇ، بىز بىلەن بۇرۇندىنلا زىددىيىتى ۋە ئاداۋىتى يوق. ئۇنىڭغا بېقىنساق ئامان قالىمىز، ياردەمگە ئېرىشەلەيمىز.» جاڭسۇن شېك



رامغاننىڭ يۈز ئۆرۈش نىيىتىنى بىلگەچكە، فۇيۈەن ھەربىي قورغىنىغا يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تۇرلارغا دەرھال گۈلخان يېقىشقا بۇيرۇدى. رامغان تۆت تۇردا بىراقلا گۈلخان يېقىلغانلىقىنى كۆرۈپ، جاڭسۇن شېڭدىن: «سېپىلدىكى تۇرلارغا نېمىشقا ئوت يېقىلدى؟» دەپ سورىدى. جاڭسۇن شېك ئۇنى ئالداپ: «سېپىل ئېگىز، زېمىن كەڭ، سېپىلدا تۇرۇپ يىراقتا كېلىۋاتقان دۈشمەننى كۆرگىلى بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ تۈزۈمىدە، دۈشمەن ئاز بولسا ئىككى تۇرغا ئوت يېقىلىدۇ. كۆپ بولسا ئۈچ تۇرغا ئوت يېقىلىدۇ. بەك نۇرغۇن دۈشمەن يېقىنلاپ كەلسە تۆت تۇرغا ئوت يېقىلىدۇ. كىشىلەر بۇنىڭدىن دۈشمەننىڭ بەك كۆپ ئىكەنلىكىنى ۋە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى چۈشىنىدۇ» دېدى. رامغان بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ، قول ئاستىدىكىلەرگە: «قوغلاپ كەلگەن لەشكەرلەر يېقىنلاپ قاپتۇ، شەھەرگە كىرىپ پاناداپ تۇرايلى» دېدى. فۇيۈەن ھەربىي قورغىنىغا كىرگەندىن كېيىن، جاڭسۇن شېك رامغاننىڭ ئەمەلدارى جىشىرنى ئۆز قوۋمىغا باشچىلىق قىلىشقا قالدۇردى. ئۆزى رامغاننى ئېلىپ، ئۆتەڭ ئېتىغا مىنىپ تېزلىكتە ئوردىغا يېتىپ باردى. پادىشاھ ۋېندى خۇشال بولۇپ، جاڭسۇن شېڭنى تۆھپىكار قىران چەۋەندازلار سانغۇنلىقىغا ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭغا يارلىق چۈشۈرۈش تەمتىكى بېرىپ تۇركلەرنى نازارەت قىلىشقا قويدى. جاڭسۇن شېك تۇركلەردىن تەسلىم بولغانلارنى يارلۇقنىڭ ئەھۋالىنى پايلاپ كېلىشكە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بارگاھىنىڭ ئەتراپىدا ئۇدا بالايىئاپەت ئالامىتى كۆرۈلگەنلىكىنى، كېچىسى قىزىل شەپەق نۇرى نەچچە يۈز چاقىرىم ئارىلىقنى يورۇتقانلىقىنى، ئىت يۇلتۇزى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۈچ كۈن قىزىل يامغۇر ياغقانلىقىنى، ئاقار يۇلتۇزلار ئۇنىڭ بارگاھىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز چىقارغانلىقىنى، يارلۇقنىڭ ھەر كۈنى كېچىسى چۆچۈپ ئويغىنىپ، سۈي سۇلالىسى لەشكەرلىرى كېلىدۇ، دېگەندەك

گەپلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئېگىلىدى ۋە بۇ ئەھۋاللارنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى.

ئۇزاق ئۆتمەي رامغان ئېلچىن بۇمىن قاغانلىققا تەيىنلەندى. ۋۇئەن قەسرىدە ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش بۇيرۇق قىلىندى، 12 ئوقياچى تاللىنىپ، ئىككى سەپكە بۆلۈندى. رامغان: «ئەلچى جاڭسۇن شېڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق پادىشاھنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم، شۇڭا بۈگۈنكى مۇسابىقىدە مەن ئۇ بار سەپكە كىرىشنى خالايمەن» دېدى. ئۇنىڭ تەلىپىگە رۇخسەت قىلىندى. جاڭسۇن شېڭغا ئوقيا بېرىلدى. ئۇ ئاتقان ئالتە ئوقنىڭ ھەممىسى نىشانغا تەگدى. ئاخىرى رامغاننىڭ سېپى يەڭدى. شۇ چاغدا ئاسماندا بىر توپ تورنا ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. پادىشاھ: «سەن ئوقيا ئېتىشنى پۇختا بىلىسەن، ئۇلارنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ باق» دېدى. ئېتىلغان ئون ئوقنىڭ ھەممىسى تېگىپ، تورنىلار يەرگە چۈشتى. شۇ كۈنى، ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىگە ئىنئام بېرىلدى، جاڭسۇن شېڭغا بېرىلگەن ئىنئام ھەممىدىن كۆپ بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي رامغاننى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، جاڭسۇن شېڭ يەنە 50 مىڭ ئادەمنى باشلاپ، شوجۇ ئايمىقى دائىرىسىدە دالى شەھىرىنى بىنا قىلىشقا ئەۋەتىلدى. مەلىكە ئەنىيى ئۆلدى. جاڭسۇن شېڭ يەنە ئەمەلدارلىق تەمتىكىنى ئېلىپ، مەلىكە يېچېڭنى رامغانغا خاتۇنلۇققا ئاپىرىپ قويدى. جاڭسۇن شېڭ مۇنداق دەپ مەلۇمات يوللىدى: «رامغاننىڭ قوۋمىدىن بەيئەت قىلغانلار بەك كۆپ، ئۇلار سەددىچىننىڭ ئىچىدە بولسىمۇ، يەنىلا يارلىقنىڭ تويۇقسىز ھۇجۇمىغا، تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچراۋاتىدۇ. كۆپ رىيازەت چېكىپ، خاتىرجەم ياشىيالمايۋاتىدۇ. ئۇلارنى ۋۇيۇەن[23] گە كۆچۈرسەك، خۇاڭخې دەرياسىنى توساق قىلىپ، شاجۇ بىلەن شېڭجۇ[24] ئايماقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەرقى، غەربى خۇاڭخې دەرياسىغا تۇتىشىدىغان، جەنۇب ـ شىمال ئارىلىقى 400 چاقىرىم



كېلىدىغان يەرنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولىساق، ئۇلار شۇ دائىرىنىڭ ئىچىدە بىمالال مال ـ چارۋا باقسا. بۇنداق بولغاندا، ئۇلار بۇلاڭ ـ تالاڭدىن خالىي بولۇپ ئەمىن تاپاتتى.» پادىشاھ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قوشۇلدى.

كەيخۇاڭ 20 ـ يىلى (مىلادىيە 600 ـ يىلى) دۇلان قاغاننىڭ ئېلىدە قاتتىق مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، دۇلان قاغان قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. جاڭسۇن شېڭ مۇنداق دەپ تەكلىپ بەردى: «دۈشمەننىڭ ئىچكى قىسمىدا مالىمانچىلىق تۇغۇلۇپ، خانى ئۆلتۈرۈلدى. مۇشۇنداق پەيتتە ئۇلارنى بەزلىسەك، ئۇلار بەيئەت قىلىشقا كېلىدۇ. رامغاننىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ئەۋەتىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھال سورىساق.» پادىشاھ بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى. دەرۋەقە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەيئەت قىلىشقا كەلدى. تاردۇش قورقۇنچقا چۈشۈپ، يەنە نۇرغۇن لەشكەر يىغدى. جاڭسۇن شېڭغا بەيئەت قىلغان تۈركلەرنى باشلاپ، چىنجۇ ئايمىقىدىكى ھەربىي يۈرۈشنىڭ باشبۇغى سالاھىيىتى بىلەن جىن بېگى ياڭ گۇاڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇنغا تەۋە بولۇپ تاردۇشقا جازا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇق قىلىندى. تاردۇش بىلەن جىن بېگى قوشۇنلىرى تىركىشىپ قالدى. جاڭسۇن شېڭ مۇنداق چارە كۆرسەتتى: «تۈركلەر بۇلاق سۈيى ئىچىپ كەلگەن، ئۇلارنى زەھەرلەش ئوڭاي.» شۇنىڭ بىلەن زەھەر كەلتۈرۈلۈپ، بۇلاق سۈيىنىڭ باش ئېقىنىغا زەھەر تاشلاندى. تاردۇشنىڭ ئادەم ۋە چارۋىلىرى بۇ سۈنى ئىچكەندىن كېيىن كۆپى ئۆلدى. تاردۇش ھەيران قېلىپ: «تەڭرى زەھەرلىك سۇ چۈشۈرۈپتۇ، بۇ بىزنى يوقالسۇن دېگەنلىك ئەمەسمۇ!» دېدى. شۇڭا، ئۇلار كېچىسى قېچىپ كەتتى. جاڭسۇن شېڭ ئۇلارنى قوغلاپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى، يۈز نەچچە ئادەمنى ئەسىر ئالدى. جىن بېگى ياڭ گۇاڭ خۇشال بولۇپ، جاڭسۇن شېڭنى چوڭ بىر چېدىرگاھقا

چاقىرتىپ زىياپەتتە بىرگە بولدى، يۇخادىن چىققۇچە كۆڭۈل ئاچتى. تۈركلەرنىڭ بىر ئەمەلدارى ئەل بولۇشقا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ زىياپەتتىن ئورۇن بېرىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تۈرك ئېلىدىكىلەر باشبۇغ جاڭسۇن شىڭدىن بەكمۇ قورقىدىكەن. جاڭسۇن شىڭ ھەققىدە ئۇنىڭ ئوقى گۈلدۈرماممىدەك ئاۋاز چىقىرىدىكەن، مىنگەن ئېتى چاقماقتەك چاپقۇر ئىكەن، دېگەن گەپ تارالغانمىش. جىن بېگى كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «سانغۇننىڭ سۈرى سۇلالىمىزدىن سىرتقى جايلارغىمۇ تارقىلىپ، گۈلدۈرماممىغا ئوخشىتىلىپتۇ. بۇ قالتىس باتۇرلۇقتە!» قوشۇنلار قايتقاندىن كېيىن، جاڭسۇن شىڭغا ئوردا ئۈچ ئەمرىگە ئوخشاش ھۆرمەتكە ئېرىشىش ئىمتىيازى بېرىلدى. ئۇ يەنە دالى شەھىرىگە قايتىپ، يېڭى بەيئەت قىلغان قەبىلىلەرنى بەزلەشكە ئەۋەتىلدى.

رېنشۇ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 601 ـ يىلى) جاڭسۇن شىڭ ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، مۇنداق تەكلىپ بەردى: «مەن كېچىسى شەھەر راۋىقىغا چىقىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا نەزەر سالسام، كەڭلىكى 100 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان دائىرىدە قىزىل، نۇرلۇق شولا كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ئۇ خۇددى يامغۇر تامچىلىرىدەك يەرگە چۈشۈۋېتىپتۇ. ھەربىي ئىشلار دەستۇرلىرىنى ئەستايىدىل كۆرسەم، بۇ خىل نۇرلۇق شولا ‹شاراپقان› دېيىلىدىكەن، ‹شاراپقان› بولغانلىكى ئەل جەزمەن يوقىلىدىكەن. غوزلارنى يوقاتماقچى بولساق، ھازىر يوقىتىشىمىز كېرەك.» شۇنىڭ بىلەن ياڭ سۇ يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن قوماندانلىقىغا، جاڭسۇن شىڭ تەسلىمنى قوبۇل قىلغۇچى ئەلچىلىككە تەيىنلىنىپ، رامغاننى قوغداپ ئاپىرىپ قويۇش، شىمالغا يۈرۈش قىلىش يارلىق قىلىندى. رېنشۇ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 602 ـ يىلى) قوشۇن شىمالىي دەريا㉕ بويىغا يېتىپ بارغاندا، دۈشمەن سەردارى سەلئەركىن قاتارلىقلار قوشۇنىنى باشلاپ جەڭگە



چىقتى. جاڭسۇن شىڭ بىلەن بۈيۈك سانغۇن لياڭ مو ئۇلارنى چېكىندۈردى. دۈشمەن قوۋمىنىڭ كۆپى ئەل بولدى. جاڭسۇن شىڭ يەنە رامغاننى شىمالدىكى تېلى قاتارلىق قوۋملارغا ئايرىم ـ ئايرىم ئەلچى ماڭدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىشقا ۋە پارچىلاشقا، ئۇلارنىڭ قوۋمىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۈندىدى.

رېنشۇ 3 ـ يىلى تېلى، ئىزگىل، فۇجۆر، غون، قوشۇر، ئابۇ، بۆكە قاتارلىق 10 نەچچە قەبىلە تاردۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، بەيئەت قىلدى. تاردۇشنىڭ قوۋمى تارىلىپ كېتىپ، غەربكە قېچىپ تۈيغۇنلارغا بېقىندى. جاڭسۇن شىڭ رامغاننى قوغداپ ئاپىرىپ، چۆللۈكنىڭ ئېغىزىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، پادىشاھقا سالام بېرىشكە پايتەختكە كەلدى.

دەل شۇ چاغدا، سۈي پادىشاھى ۋېندى ياڭ جيەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆلۈم خەۋىرى جاكارلانماي تۇردى. سۈي پادىشاھى ياڭدى ياڭ گۇاڭ جاڭسۇن شىڭنى ئوردا ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۇنى ئىچكى ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ياساۋۇل بېگىلىككە تەيىنلەپ، ئوردىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. شۇ كۈنى يەنە سولقانات قوشۇنىنىڭ سانغۇنى قىلدى. ياڭ لياڭ㉖ ئىسيان كۆتۈرگەندە، جاڭسۇن شىڭنى ئەسلىدىكى مەنسەپ دەرىجىسى بويىچە شياڭجۇ ئايمىقى㉗ بېگىلىككە تەيىنلەپ، شياۋشەن تېغىنىڭ شەرقىدىكى لەشكەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، لى شيۇڭ قاتارلىقلار بىلەن توپىلاڭنى تىنچىتىشقا بۇيرۇق قىلدى. جاڭسۇن شىڭ ئوغلى جاڭسۇن شىڭبۇنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەن جايدا ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتتى. سۈي پادىشاھى ياڭدى مۇنداق دېدى: «سىز ئوغلىڭىزنىڭ ئىشى تۈپەيلى مېنىڭ ئىرادەمگە خىلاپلىق قىلمايسىز، ۋەزىپىدىن ئىستىپا سورىماڭ.» شۇنىڭ بىلەن جاڭسۇن شىڭ شياڭجۇغا ئاتلاندى. ياڭ لياڭ مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، جاڭسۇن شىڭ قايتۇرۇپ كېلىنىپ، مەنسىپى

مۇھاپىزەتچى سانغۇنلۇقتا ئۆزگەرتىلدى.

دايې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 607 ـ يىلى) سۇي پادىشاھى ياڭدى يۈلىنگە كېلىپ، چېگرا سىرتىدىكى جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، قوشۇنلارنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەربىي كۈچىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچى بولدى. ئۇ تۈرك ئېلى ئارقىلىق ئۇدۇل جوجۇن ۋىلايىتىگە㉘ بارغاندا، رامغان چۆچۈپ كەتمىسۇن دەپ، ئالدى بىلەن جاڭسۇن شېڭنى ئۇ يەرگە بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ پادىشاھنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈشكە ئەۋەتتى. رامغان جاڭسۇن شېڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزىگە تەۋە ئەللەردىكى قومۇق، تاتابى، شىرۋى قاتارلىق نەچچە ئون قوۋمنىڭ ئاقساقاللىرىنى يىغدى. جاڭسۇن شېڭ بارگاھ ئىچىدىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئىرماش ـ چىرماش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، رامغانغا ئۇنى يۇلدۇرۇپ، ھەرقايسى قوۋملارغا پادىشاھنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىققىشى سۇرلۇك ۋە قەدىرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارگاھ ئالدىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇنداق ئۆتىنىڭ يىلتىزى ئىنتايىن خۇش پۇراق» دېدى. رامغان دەرھال يۇلۇپ پۇراپ كۆرۈپ: «ئانچە پۇرىمايدىغۇ» دېدى. جاڭسۇن شېڭ: «ئېلىمىزنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى بويىچە، پادىشاھ كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغان جايلارنىڭ بەگلىرى پادىشاھ تۇرىدىغان جاينىڭ ئەتراپىنى شەخسەن ئۆزى سىپىرىپ ـ سۈپۈرۈشى، ئوت ـ چۆپلەرنى يۇلۇپ پادىشاھنىڭ مەيىسى ماڭىدىغان شاھانە يول ھازىرلىشى، شۇ ئارقىلىق پادىشاھقا بولغان ئالىي ھۆرمىتىنى ئىپادىلىشى كېرەك. قارىسام، بارگاھ ئىچىدىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئىرماش ـ چىرماش ئۆسۈپ كېتىپتۇ. مەن تېخى پۇراقلىق ئوت ـ چۆپ دەپ قالدۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىمەن» دېدى. رامغان شۇندىلا گەپنى چۈشىنىپ: «مەن خاتالىشىپتىمەن، مېنىڭ جان ـ تېنىمنى پادىشاھ ئاتا قىلغان،



پادىشاھ ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشتىن باشقا تارتىدىغان ئىش نەدە بولسۇن! بۇ پەقەت چېگرىدىكى قوۋملارنىڭ دۆلەت قانۇنىنى بىلمىگەنلىكىدىن بولغان، خالاس» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال قىلىچىنى ئېلىپ ئوت ـ چۆپلەرنى ئوردى. ئۇنىڭ ئېلىدىكى ئېسىلزادىلەر ۋە ھەرقايسى قوۋملارنىڭ سەردارلىرىمۇ بەس ـ بەس بىلەن ئۇنى دورىدى. شۇنداق قىلىپ، يۈلىننىڭ شىمالىي چېگرىسىدىن رامغان بارگاھىغىچە، يەنە شەرقتە جى㉙ غىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3000 چاقىرىم، كەڭلىكى يۈز نەچچە چامدام كېلىدىغان يولنى ياساشقا پۈتۈن ئەل سەپەرۋەر قىلىنىپ، شاھانە يول پۈتتى. سۇي پادىشاھى ياڭدى بۇ خەۋەردىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى. جاڭسۇن شېڭ يەنە خۇەيياڭ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەندى. ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالماي تۇرۇپلا يەنە ئوڭ قانات جەسۇر مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى دېگەن مەنسەپكە تەيىنلەندى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3 ـ توم، 817 — 823 ـ بەتلەر)

---

① جاڭسۇن شېڭ (长孙晟) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داڭلىق سەركەردىسى. ئوقيا ئېتىشقا ماھىر.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 817 ـ، 823 ـ بەتلەر)

② سۇي پادىشاھى ۋېندى (隋文帝) — سۇي سۇلالىسىنى قۇرغۇچى، ئىسمى ياڭ جيەن. مىلادىيە 581 ـ يىلى ئۆز ئالدىغا پادىشاھ بولۇۋېلىپ سۇي سۇلالىسىنى قۇرغان. ئاندىن، كېيىنكى لياڭ ۋە چېن سۇلالىلىرىنى مۇنقەرز قىلىپ، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى بۆلۈنمە ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىپ، جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن. مىلادىيە 604 ـ يىلى كېسەل بولۇپ ياتقاندا، ئۆز ئوغلى ياڭ گۇاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(«سۇينامە. پادىشاھ ياڭدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

③ ئىدۇگ (摄图) — يەنە «ساتۇق» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

11 ـ جىلدتىكى ③ ئىزاھقا قاراڭ.

④ خاتۇن ( 可贺敦 ) — بۇ يەردە مەلىكە چىيەنجىننى كۆرسىتىدۇ.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 3291 ـ بەت)

⑤ گاۋباۋنىڭ ( 高宝宁 ) — جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە يىڭجۇ ئايماق بېگى بولغان. يىڭجۇنىڭ ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى جاۋياڭ شەھىرى ئەتراپىدا.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 2534 ـ بەت؛ بىر تومluۇق «سىخەي» ، 1626 ـ بەت)

⑥ لىنيۇ قورغىنى ( 临渝镇 ) — قەدىمكى ھەربىي قورغان. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى شىنياڭ شەھىرىنىڭ غەربىدە.
( «جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى» ، 1293 ـ بەت)

⑦ يىن شۇ ( 阴寿 ) — ۋۇۋېي دېگەن جايدىن. دەسلەپتە جۇ پادىشاھى ۋۇدىنىڭ قول ئاستىدا تۇرغان. كېيىن سۈي پادىشاھى ۋېنىدىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن ھەربىي خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، جاۋجۇن گۇڭى دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 2534 ـ بەت)

⑧ يۈ چىڭزې ( 虞庆则 ) — دەسلەپتە جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. كېيىن سۈي سۇلالىسىنىڭ پېڭچېڭ گۇڭى بولغان.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 2516 ـ بەت)

⑨ قومۇقلار ( 奚 ) — قەدىمكى قوۋم. خەنزۇچە مەنبەلەردە « 库莫奚 » دەپمۇ يېزىلغان. رولو دەرياسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى شىرا مورۇن دەرياسى) ۋادىسىدا ياشىغان.
(بىر تومluۇق «سىخەي» ، 1495 ـ بەت)

⑩ ئەقىسدلەر ( 霫 ) — خۇاڭشۈي (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى شىرامورۇن) دەرياسىنىڭ شىمالىدا ياشىغان،



چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قوۋم.
(بىر تومluۇق «سىخەي» ، 2002 ـ بەت)

⑪ خۇاڭلۇڭ ( 黄龙 ) — قەدىمكى شەھەر، يەنى لۇڭچېڭ شەھىرى. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى جاۋياڭ ناھىيىسىدە.
(بىر تومluۇق «سىخەي» ، 1657 ـ بەت)

⑫ لەنجۇ ( 兰州 ) — ئايماق. سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 581 ـ يىلى) ئايماق قىلىپ تەسىس قىلىنغان. مەركىزى ھازىرقى لەنجۇ شەھىرىگە توغرا كېلىدۇ. باشقۇرغان دائىرىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ شەھىرى ۋە لىنتاۋ ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(بىر تومluۇق «سىخەي» ، 282 ـ بەت)

⑬ داشىچاڭرۇ ( 达奚长儒 ) — سۈي پادىشاھى ۋېنىدى دەۋرىدىكى بۈيۈك سانغۇن.
(مۇھەررىردىن)

⑭ دۇ رۇڭدىڭ ( 窦荣定 ) — سۈي پادىشاھى ۋېنىدىنىڭ چوڭ ئاچىسى چوڭ مەلىكە ئەنچىڭنى خوتۇنلۇققا ئالغان. ئەنفېڭ گۇڭى مەرتىۋىسى بېرىلگەن.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 2177 ـ ، 2179 ـ بەتلەر)

⑮ چۇلۇق ( 处罗侯 ) — ئىشبارا قاغان ئىندۇگىنىڭ ئىنىسى. ئىشبارا قاغان ئۆلگەندە قاغانلىقنى ئوغلى يارلۇققا بەرمەي، چۇلۇققا بەرگەن. چۇلۇق يارلۇقنى تەختكە ئولتۇرغۇزماقچى بولغاندا، يارلۇق ئۇنىمىغان. شۇنىڭ بىلەن چۇلۇق تەختكە چىققان. كېيىن جەڭدە ئوق تېگىپ ئۆلگەن.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3295 ـ بەت)

⑯ يارلۇق ( 雍间 ) — ئىشبارا قاغاننىڭ ئوغلى، تاغىسى چۇلۇق جەڭدە ئوق تېگىپ ئۆلگەندىن كېيىن قاغان بولغان. دۇلان قاغان دەپمۇ

ئاتالغان.
(مۇھەررىردىن)

⑰ ليۇ چاڭ (刘昶) — جۇ پادىشاھى ۋېندى يۇۋېن تەينىڭ قىزى مەلىكە شىخېغا ئۆيلەنگەن. كېيىن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن پىڭگو گۇڭى دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن. سۇي سۇلالىسى كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئوغلىنىڭ سەۋەبىدىن پادىشاھ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2305 ـ بەت)

⑱ يۇۋېن فامىلىلىك قىز (宇文氏女) — جۇ پادىشاھى ۋېندى يۇۋېن تەينىڭ قىزى چوڭ مەلىكە شىخېنى كۆرسىتىدۇ.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2305 ـ بەت)

⑲⑳ بۇ يەردە مەلىكە دايى كۆزدە تۇتۇلغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3295 — 3296 ـ بەتلەر)

㉑ ئۆتۈكەن (乌度斤) — تاغ نامى. ھازىرقى تامىر دەرياسى ۋە ئورخۇن دەرياسىنىڭ مەنبەسى بولغان خانغاي تاغلىرىنىڭ بىر قىسمى بولسا كېرەك.
(«غەربىي يۇرت يەرناملىرى»، 72 ـ بەت)

㉒ داتۇڭ (大同) — قەدىمكى شەھەر. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە تۈركلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان. خارابىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئويرات ئالدى خوشۇنىنىڭ شىمالىدا.
(بىر تومluق «سىخەي»، 623 ـ بەت)

㉓ ۋۇيۇەن (五原) — قەدىمكى ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى خۇتاۋ رايونىنىڭ شەرقى، چوغاي تېغىنىڭ جەنۇبى، بوغىت شەھىرىنىڭ غەربى، دالاد ۋە جۇڭغار خوشۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 32 ـ بەت)



㉔ شېڭجۇ (胜州) — قەدىمكى ئايماق. دائىرىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى جۇڭغار، دالاد، ئېكىنخولو خوشۇنلىرىنى ۋە دۇڭشىڭ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى توكتو دېگەن يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1508 ـ بەت)

㉕ شىمالىي دەريا (北河) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى خانغىن ئارقا خوشۇنىدىن ئويرات ئالدى خوشۇنىغىچە ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا.
(مۇھەررىردىن)

㉖ ياڭ لياڭ (杨谅) — سۇي پادىشاھى ۋېندى ياڭ جيەنىنىڭ كەنجى ئوغلى. خەن بېگى بولغان. رېنشۇ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 604 ـ يىلى) ئىسيان كۆتۈرۈپ ياڭ گۇاڭغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلىنىپ ئاددىي پۇقرا قىلىپ قويۇلغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 440 ـ، 2471 ـ، 2472 ـ بەتلەر)

㉗ شياڭجۇ ئايمىقى (相州) — دائىرىسى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شىڭتەي، گۇاڭزۇڭ ناھىيىلىرىنىڭ جەنۇبى؛ خېنەن ئۆلكىسى لىنشيەن، تاڭيىن، چىڭفېڭ، فەنشيەن ناھىيىلىرىنىڭ شىمالى؛ شەندۇڭ ئۆلكىسى ۋۇچېڭ، شىڭشيەن ناھىيىلىرىنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1284 ـ بەت)

㉘ جوجۈن ۋىلايىتى (涿郡) — دائىرىسى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىگە قاراشلىق تۇڭشيەن، چاڭپىڭ ناھىيىلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى؛ خېبېي ئۆلكىسى باشيەن ناھىيىسى ۋە تيەنجىن شەھىرىنىڭ شىمالى؛ جوشيەن، جولۇ ناھىيىلىرىنىڭ شەرقى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 961 ـ بەت)

㉙ جى (蓟) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 605 ـ بەت)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 23 ـ جىلد

## يۇ يىنىڭ تەرجىمىھالى

جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋمىندى①تەختكە چىققاندىن كېيىن، يۇ يى② ۋېيجۇ ئايمىقىغا③ بەگ بولدى. يۇيىنىڭ ئاكىسى يۇ شى بۇرۇن ئۇ يەرنى باشقۇرغاندا، يۇرتنى شاپائەت بىلەن ئىدارە قىلىپ ئۇتۇق قازانغانىدى. يۇ يىمۇ ئۇ يەردە ساداقەت بىلەن ئىشلەپ، نام ـ ئابرويغا ئىگە بولدى. ئەلگە شاپائەت قىلىپ خەلقنى ياخشى باشقۇرغاچقا، يات مىللەتلەر بىلەن خۇاشيالار ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلدى ھەم ئۇنى فېڭ فامىلىلىك ئاغا ـ ئىنىلەرگە ④ ئوخشاتتى. شۇ چاغدا، تۈيغۇنلار خېشىغا بېسىپ كىرىپ، لياڭجۇ، شەنجۇ⑤، خېجۇ⑥ ئايماقلىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئەلچى كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندا، چىنجۇ تۇتۇقى يۇ يىنى ياردەمگە ئەۋەتمەكچى بولدى. يۇ يى بۇيرۇققا ئىتائەت قىلمىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى بۇ ئىشقا دەۋەت قىلسا، يۇ يى مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «تۈيغۇنلار شەھەر ئېلىشقا ماھىر ئەمەس، ئۇلارنىڭ كېلىش مەقسىتى چېگرا رايونلاردىكى مال ـ چارۋىلارنى بۇلاشتىن ئىبارەت. ئۇلار سېپىل ئاستىغا لەشكەر تۇرغۇزۇپ، ئۇزاققىچە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋەرمەيدۇ. بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئولجىغا ئېرىشەلمىسە، جەزمەن ئۇزلۇكىدىن قايتىپ كېتىدۇ. قوشۇن ئەۋەتىلسىمۇ ئۇلارغا يېتىشەلمەيدۇ. مەن پەرىزىمنى ئېنىق ئېيتتىم، قايتا ۋەز ـ نەسىھەت قىلماڭلار.» بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سورىۋىدى، دەرۋەقە يۇ يىنىڭ ئويلىغىنى توغرا



چىقتى. خې لەنشياڭ تۈيغۇنلارغا جازا يۇرۇشى قىلغاندا، يۇ يى ئۆز ئايمىقىدىكى لەشكەرلەرنى باشلاپ سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، دۈشمەن زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. جەڭلەردە تۆھپە ياراتقاچقا، ئۇنىڭ سۇيۇرغالى كۆپەيتىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي چاقىرتىپ كېلىنىپ، ئوڭ قەسىر بېگىلىكىگە تەيىنلەندى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3 ـ توم، 856 ـ بەت)

---

① شياۋمىندى ( 孝闵帝 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ 2 ـ ئەۋلاد پادىشاھى يۈۋېن جۆ.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 330 ـ بەت)

② يۇ يى ( 于翼 ) — جۇ پادىشاھى ۋېندى يۈۋېن تەينىڭ كۈيئوغلى، مەلىكە پىڭيۈەنىنىڭ ئېرى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 856 ـ بەت)

③ ۋېيجۇ ئايمىقى ( 渭州 ) — دائىرىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لۇڭشى، دىڭشى، جاڭشيەن، ۋېييۈەن، ۋۇشەن ناھىيىلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 976 ـ بەت)

④ فېڭ فامىلىلىك ئاغا ـ ئىنىلەر ( 大小冯君 ) — ئاكىسى فېڭ يېۋاڭ غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لۇڭشى ۋالىيسى بولغان. ئىنىسى فېڭ جۈنمۇ ئاكىسىدىن كېيىن لۇڭشى ۋالىيسى بولغان. ھەر ئىككىسى ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئىشلەپ، ئاۋامغا نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن. شۇڭا، پۇقرالار ئاغا ـ ئىنى ئىككىسىنى ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ماختاپ كەلگەن.

(«خەننامە. فېڭ فېڭشىنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑤ شەنجۇ ( 鄯州 ) — قەدىمكى ئايماق. دائىرىسى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىنىڭ شەھىرى ۋە خۇاڭجۇڭ، كېدۇ ناھىيىلىرىنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 455 ـ بەت)

⑥ خېجۇ (河州) — قەدىمكى ئايماق. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا ناھىيىسىدە. خەنزۇچە مەنبەلەردە فۇخەن (枹罕) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 911 ـ بەت)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 25 ـ جىلد

## لىيۇ جىيىنىڭ تەرجىمھالى

شۇ چاغدا، جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. لىيۇ جىي① كەڭ كۆلەمدە تېرىقچىلىق قىلىپ ئاشلىق جۇغلاپ، ئۇلارنىڭ بېسىپ كىرىشىنى كۈتۈش كېرەك، دېگەن تەكلىپنى بەردى. ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ۋېي پادىشاھى شىزۇ جازا يۈرۈشى قىلىش نىيىتىگە كېلىپ، سۇي خاۋنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆردى. قوشۇنلار جازا يۈرۈشىگە ئاتلانغاندىن كېيىن، سانغۇنلار لۇخۇن جىلغىسىدا ئۇچرىشىشنى دېيىشتى. ئەمما، لىيۇ جىي ئۆز تەكلىپىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ، سانغۇنلارنى تېزگىنلىمەكچى بولدى ـ دە، يالغان يارلىق ئويدۇرۇپ چىقىپ، يىغىلىش ۋاقتىنى ئۆزگەرتتى. شۇڭا، سانغۇنلار ۋاقتىدا ـ قەرەلىدە كەلمىدى. بۇ چاغدا جورجانلاردا مالىمانچىلىق يۈز بەردى. پادىشاھ جىڭمۇدى② ئۇلارغا زەربە بېرىشكە ھازىرلانغاندا، لىيۇ جىي قوشۇلماي، لەشكەرلەرنى لۇخۇن جىلغىسىدا ئالتە كۈن توختاتتى. سانغۇنلار يەنىلا يىغىلمىدى، دۈشمەن يىراققا قاچتى. لەشكەرلەر ئۇلارنى تاش دەريا③غىچە قوغلاپ يېتىشەلمەي قايتىشقا مەجبۇر بولدى. لەشكەرلەر قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ئاشلىقى تۈگەپ كەتكەچكە، نۇرغۇنى ئۆلۈپ كەتتى. لىيۇ جىي ئاستىرتتىن ئادەم ئەۋەتىپ، قوشۇندا مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى ۋە پادىشاھنى قوشۇننى تاشلاپ يەڭگىل قوراللىنىپ كېتىشكە ئۈندىدى. پادىشاھ ئۇنىڭ گېپىگە

كىرمىدى. ليۇ جيې ھەربىي يۇرۇشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۇي خاۋغا دۆڭگەپ قويماقچى بولغاندا، پادىشاھ مۇنداق دېدى: «سانغۇنلار كېچىكىپ كەلدى ھەم دۈشمەنگە يولۇققاندا ھۇجۇم قىلمىدى. گۇناھ سانغۇنلاردا تۇرسا، بۇنىڭغا سۇي خاۋ ئەيىبلىكمۇ؟» ئۇزاق قالماي ليۇ جيېنىڭ ساختا يارلىق ئويدۇرۇپ چىققانلىقى پاش بولۇپ قالدى. پادىشاھ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى بىلەن ۋۇيۇەنگە قايتىپ بارغاندا، ليۇ جيېنى تۇتقۇن قىلىپ قاماپ قويدى.

چاشىرو كىنگىتلىك غوزلاردىن بولۇپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا كىنگىتنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشاپ كەلگەن قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى بولغان. باشتىن ـ ئاخىر ۋېي سۇلالىسىگە سادىق بولۇپ، ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇپ كەلگەن. يەنخې يىللىرى (مىلادىيە 432 — 434 ـ يىللىرى) چاشىروغا غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، ئالدى قوش خانى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. ئوردىغا بارماقچى بولغاندا، جۇرچى ئۇرغۇ ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالدى. چاشىرو ئۇنىڭغا ئۇدا جازا يۇرۇشى قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. جۇرچى ئۇرغۇ ئۆلگەندە، چاشىرو ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئوغلى جۇرچى چيەنشۇ قاتارلىقلاردىن ھال سورىدى ۋە ئۇنىڭ قوۋمىدىكى 500 تۈتۈندىن كۆپرەك كىشىنى پايتەختكە④ ئاپىرىپ قويدى. ھەمدە قول ئاستىدىكى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ قوچۇغا ھۇجۇم قىلدى. كىنگىت، شەرقىي قوۋۇق قاتارلىق يەتتە شەھەرنى ئىشغال قىلدى.

يەنپىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 452 ـ يىلى) چاشىرو پايتەختكە پادىشاھقا سالام بېرىشكە كەلدى. ئۇنىڭغا ئوردا قەسرىنىڭ دىۋانبېگى، سانغۇن دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. خان دېگەن مەرتىۋىسى ساقلىنىپ قالدى. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا «كاگۇاڭ خانى» دەپ نام بېرىلدى. دەپنە مۇراسىمى



لۇلۇيۇەنىڭكىگە⑤ ئوخشاش ئۆتكۈزۈلدى. ئوغلى چاشە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3 ـ توم، 913 ـ بەت)

---

① ليۇ جيې (刘洁) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تۆھپىكار ئەمەلدارى. كېيىن جىنايىتى سەۋەبىدىن پادىشاھ تەيۋۇدى ئۇنى ئۆلتۈرگەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 908 — 909 ـ بەتلەر)

② پادىشاھ جىڭمۇدى (景穆帝) — يەنى شاھزادە توغبات خۇاڭ. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى تەيۋۇدى توغبات تاۋنىڭ چوڭ ئوغلى، 24 يېشىدا ئۆلگەن.

(مۇھەررىردىن)

③ تاش دەريا (石水) — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇلانباتور شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 ـ دەپتەر، 54 ـ بەت)

④ ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پايتەختى پىڭچېڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى داتۇڭ) شەھىرى ئىدى.

(مۇھەررىردىن)

⑤ لۇلۇيۇەن (卢鲁元) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى تەيۋۇدى دەۋرىدە ياشىغان ئەمەلدار. تەيۋۇدى ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلىغان. ئۇ ئۆلگەندە، تەيۋۇدى ئىشنى تاشلاپ سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا ماتەم تۇتقان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 915 ـ بەت)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 27 ـ جىلد

## تاك خېنىڭ تەرجىمىھالى

تاك خې، يەنە بىر ئىسمى تاك يۈچى، جىنچاڭ① ۋىلايىتىنىڭ مىڭئەن ناھىيىسىدىن. لياڭجۇ ئايمىقىدا مالىمانچىلىق يۈز بەرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئاتىسى تاك ياۋنىڭ تەكلىپى بىلەن لياڭجۇدىكى ۋۇجاۋۋاڭ② خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوڭ قېتىدا③ تەپرىقىچىلىك قىلىپ، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋالدى. غەربىي لياڭ خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، تاك خې بىلەن ئاكىسى تاك چى جىيەننى، يەنى ۋۇجاۋۋاڭنىڭ نەۋرىسى لى باۋنى ئېلىپ، ئىۋىرغولغا پاناھداش ئۈچۈن قېچىپ باردى. ئۇلار 2000 تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ، جورجانلارغا ئەل بولدى. جورجانلار تاك چىنى ئىۋىرغول بېگىلىككە تەيىنلىدى.

20 يىلدىن كېيىن، تاك خې بىلەن تاك چى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولدى. جورجانلار قىستىغانلىقتىن، ئۇلار قوۋمىدىكىلەرنى باشلاپ قوچۇغا باردى. جورجانلار سەركەردىسى ئارو تاك خېغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن پۇچامنى④ شەھىرىگە كەلدى. تاك خې ئاۋۋال گاۋنىڭغا⑤ ھۇجۇم قىلدى. تاك چى بىلەن ئارو ئۇرۇشتا ئۆلدى. تاك خې قالغان ئادەملىرىنى يىغىپ، ئالدى قوشقا پاناھ تىلەپ باردى. بۇ چاغدا جۇرچى ئارگو خېڭجىيې قەلئەسىدە⑥ بولغانلىقتىن، تاك خې بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، جۇرچى ئارگونىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جۇرچى شۇنى



ئۆلتۈردى. يەنە گاۋنىڭ، پۇچامنى شەھەرلىرىنى ئالدى. ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ مەكتۇپ سۇنۇش ئارقىلىق ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى تەيۋۇدى ئۇنى تەقدىرلەپ كۆپ قېتىم يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئالدى قوش خانى چاشىرو بىلەن بىرلىشىپ جۇرچى ئارگونى مەغلۇپ قىلدى. ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى تەيۋۇدى چېڭجۇ گۇڭگى ۋەن دۇگۇينى كىنگىتقا جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى ھەم تاك خې بىلەن چاشىرونى ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ ۋەن دۇگۇينىڭ يېنىغا بېرىپ، ليۇلۇ⑦ نىڭ شەرقىدىكى ئالتە شەھەرنى ئىشغال قىلىشقا بۇيرۇدى. بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسىدە، ئۇلار بوجۇلو⑧ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىرلىكتە كۇسەنگە لەشكەر تارتتى. ۋەن دۇگۇي تاك خېنى كىنگىتنى ساقلاشقا بۇيرۇدى. شۇ چاغدا، ليۇلۇنى ساقلاپ ياتقان باش سەركەردە يىجىنجيا ئاسىيلىق قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرغانىدى. تاك خې ليۇلۇ شەھىرىگە ئۇدۇل بېسىپ كىرىپ، يىجىنجيانى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، غەربىي يۇرت تىنچىدى. بۇنىڭدا تاك خې زور كۈچ چىقاردى.

جېڭپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 451 ـ يىلى) تاك خې ۋېي سۇلالىسى ئوردىسىغا باردى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ئۇنى بەك ئىززەتلەپ، ئېسىل مېھمان قاتارىدا كۈتۈۋالدى. ۋېي پادىشاھى ۋېنچېڭدى تاك خېنى ئۆز ئەجدادىنىڭ خانىدانىغا ئەل بولدى، دەپ جيۇچۇەن گۇڭى قىلىپ تەيىنلىدى. تەيئەن يىللىرىدا ئۇ جېجۇغا ئايماقبېگى بولۇپ، ماختاشقا ئەرزىيدىغان تۆھپىلەرنى ياراتتى. شۇڭا پايتەختتە چوڭ مەنسەپكە قويۇلدى. ئۇ دەۋا سورىغاندا قېيىن ـ قىستاق قىلمايتتى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەش ئۈچۈن گۇمانلىق مەسىلىلەرنى كۆپ تەكشۈرەتتى. بۇ ئىشقا جامائەت ئاپىرىن ئوقۇغانىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، كۆن پېتىشقا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، ئوردا مۇراسىم بېگى، جيۇچۇەن گۇڭى

دىگەن مەرتىۋىلەر بېرىلدى. يەنە شۇەنگۇڭ دېگەن نام بېرىلدى. ئوغلى تاڭ چىن، يەنە بىر ئىسمى تاڭ مىڭجېن، شەنجۇ ئايمىقىنىڭ⑨ بېگى ئىدى. مەرتىۋىسى گۇڭلۇقتىن بەگلىككە چۈشۈرۈلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى تاڭ جىڭشۇەن ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ئۆلگەن چاغدا دۇڭجۇن ۋالىيسى ئىدى.

تاڭ چىنىنىڭ ئوغلى تاڭ شۇەندا كەسكىن، قەيسەر كىشى بولۇپ، ئاتىسىغا ئوخشايتتى. تاغىسى تاڭ خې بىلەن بىرلىكتە ۋېي ئوردىسىغا قايتىپ بېرىپ، ئەزىز مېهمانلار قاتارىدا كۈتۈۋېلىندى، جىنچاڭ گۇڭى دېگەن نامغا ئېرىشتى. پادىشاھ شيەنۋېندى دەۋرىدە، خۇاجۇغا ئايماق بېگى بولدى. تەيخې 16 ـ يىلى گۇڭلۇقتىن بەگلىككە چۈشۈرۈلدى. ئوغلى تاڭ چۇڭ، يەنە بىر ئىسمى تاڭ جىزۇ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 4 ـ توم، 989 — 990 ـ بەتلەر)

---

① جىنچاڭ ( 晋昌 ) — قەدىمكى ۋىلايەت. مەركىزى مىڭئەن (هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ئەنشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) دە بولۇپ، دائىرىسى تەخمىنەن هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ئەنشى ناھىيىسىدىن يۈمېن شەھىرىنىڭ غەربىدىكى شۇلې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى ئەتراپى ۋە تاش دەرياسى ئەتراپىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1829 ـ بەت)

② ۋۇجاۋۋاڭ ( 武昭王 ) — غەربىي لياڭ خانى لى خاۋ.
(«شىمالى سۇلالىلەر تارىخى»، 3314 — 3315 ـ بەتلەر)

③ خۇاشى دەرياسىنىڭ ئوڭ قېتى ( 河右 ) — هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى خېشى كارىدورىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)



④ پۇچامنى ( 白力 ) — قەدىمكى شەھەر. ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پىچان ناھىيىسىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 75 ـ بەت)

⑤ گاۋنىڭ ( 高宁 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى نامەلۇم.
(مۇھەررىردىن)

⑥ خېڭجيې قەلئەسى ( 横截城 ) — قەدىمكى قەلئە. ئورنى نامەلۇم.
(مۇھەررىردىن)

⑦ ليۇلۇ ( 柳驴 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى نامەلۇم.
(مۇھەررىردىن)

⑧ بوجۈلو ( 波居罗 ) — قەدىمكى شەھەر. ئورنى نامەلۇم.
(مۇھەررىردىن)

⑨ شەنجۇ ئايمىقى ( 陕 州 ) — دائىرىسى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ سەنمېنشيا شەھىرى، شەنشيەن، لونىڭ، مەنچى، لىڭباۋ ناھىيىلىرى ۋە سەنشى ئۆلكىسىنىڭ پىڭلۇ، رۇيچېڭ، يۈنچېڭ ناھىيىلىرىنىڭ شەرقىي شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 434 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 28 ـ جىلد

# لۇ چى، خې يۈەنلەرنىڭ تەرجىمىھالى

لۇچى خۇەيخۇاڭ قورغىنىدا تۇرۇشلۇق سانغۇنلۇققا كۆتۈرۈلۈپ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشماستىنلا، قاغىقىل بەگلىرى ئۇنى تەلىپى بەك يۇقىرى ھەم قاتتىقكەن دەپ ئەرز قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا بۇرۇنقى باسقاق سانغۇن لاڭ گۇنى قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ۋېي پادىشاھى تەيۈۋدى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، لۇ چىنى ئوردىغا چاقىرتتى. لۇ چى: «بىر يىلغا قالماي، لاڭ گۇ چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، قاغىقىللار چوقۇم توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ» دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭ گېپىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قاراپ، ئۇنى ئەيىپلىدى ھەم خىزمىتىدىن قالدۇرۇپ يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتتى. ياندۇرقى يىلى، دىگەندەك ھېلىقى بەگلەر لاڭ گۇنى ئۆلتۈرۈپ، توپىلاڭ كۆتۈردى. پادىشاھ تەيۈۋدى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئەجەپلىنىپ، لۇ چىنى چاقىرتىپ كېلىپ سەۋەبىنى سورىدى. لۇ چى: «قاغىقىللار چوڭىدىن ـ كىچىككىچە ئەدەپ ـ قائىدە دېگەننى بىلمەيدۇ، ئەدەب ـ قائىدىسى يوق خەلقنى ئىدارە قىلىش تەس. مەن ئۇلارنى نوپۇز ۋە قاتتىق تەلەپكە تايىنىپ ئىدارە قىلغان، قانۇن ئارقىلىق تىزگىنلىگەن. تەدرىجىي تەربىيىلەپ ـ يېتەكلەپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە ھەرىكەت قائىدىسىنى تونۇتقانىدىم. لېكىن، رەزىللىك كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، مېنى بىزگە نەپ بەرمىدى دەپ ئەرز قىلدى، لاڭ گۇنى ياخشى دەپ ماختىدى. لاڭ گۇ قايتىپ بېرىپ خىزمەتكە ئولتۇرغاندىن



كېيىن، ياخشى ئاتاققا ئېرىشكەنلىكىدىن خۇش بولۇپ، چوقۇم پۇقرالارغا ئىلتىپات كۆرسەتتى. مېنى كەتكۈزۈپ قويدى، دەپ مەسخىرە قىلدى. ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلدى ۋە نەپ بەردى. ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمەيدىغان كىشىلەردە ئاسانلا ھاكاۋۇرلۇق تۇغۇلىدۇ، بىر يىلغا بارمايلا يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ پەرقى قالمايدۇ. يۇقىرى ـ تۆۋەننىڭ پەرقى قالمىغانىكەن، بۇنداق ئەھۋالنى نوپۇزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولى بىلەن ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، كىشىلەردە نارازىلىق، ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ. نارازىلىق، ئۆچمەنلىك كۈچەيسە، توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈشى تۇرغان گەپ» دېدى. پادىشاھ تەيۈۋدى ھەيران بولۇپ: «ئۆزۈڭ شۇنچە ۋىجىك ئىكەنسەن، ئەجەپ شۇنچە يىراقنى ئويلايدىكەنسىنا!» دېدى ۋە شۇ كۈنىلا ئۇنى قايتىدىن چەۋەنداز مەھرەملىككە تەيىنلىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 4 ـ توم، 1007 — 1008 ـ بەتلەر)

بۇ چاغدا، جورجانلار چېگرىنى يەنە پاراكەندە قىلدى. پادىشاھ لۇ چىنىڭ نەۋرىسى لۇ رۈينى ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىشكە بۇيرۇدى. لۇ رۈي قوغلاپ چۆللۈككە بارغاندا، جورجانلارنىڭ ئاتامانى چىئاتۇ باشلىق نەچچە يۈز ئادەمنى قولغا چۈشۈردى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭغا چەۋەنداز مەھرەم مەنسىپىنى بەردى ھەمدە دىۋان بېگىنىڭ سول قول ياردەمچىسى قىلىپ ئۆستۈرۈپ، شىمالىي قىسىمنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى.

تەيخې 16 ـ يىلى (مىلادىيە 492 ـ يىلى) بەش دەرىجىلىك مەرتىۋە تۆۋەنلىتىلدى. دادىسى لۇلى ئالدىنقى پادىشاھ دەۋرىدە ئوردىغا كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، لۇرۈي جۇلۇ① گۇڭى قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ماندات تۇتقۇچى، شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، مىرزىبەگ، مۇھاپىزەتچى سانغۇن

بولۇپ، جورجانلارغا لەشكەر تارتىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىپ قايتىپ كەلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 4 ـ توم، 1020 ـ بەت)

ۋېي پادىشاھ تەيۋۇدى لياڭجۇغا يۈرۈش قىلغاندا، خې يۈەننى يول باشلىغۇچى قىلدى. پادىشاھ خې يۈەندىن لياڭجۇغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاماللىرىنى سورىدى. خې يۈەن: «گۇزاڭ شەھىرىنىڭ ئىچىدىمۇ شەھەرگە يۆلەك بولۇپ تۇرغان تۆت سىياتىپى قەبىلىسى بار. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بوۋامنىڭ يارەنلىرى. مەن قوشۇننىڭ ئالدىدا مېڭىپ، دۆلەتنىڭ ھەيۋىسى ۋە ئىناۋىتىنى تەشۋىق قىلسام، ئۇلار چوقۇم ئارقا ـ ئارقىدىن ئەل بولىدۇ. گۇزاڭنىڭ يار ـ يۆلەكلىرى بىزگە ئەل بولسا، يالغۇز قالغان بۇ شەھەرنى ئالمىقىمىز بەك ئاسانغا توختايتتى» دېدى. پادىشاھ: «بولىدۇ!» دەپ خې يۈەننى بەزلەش ۋە ھال سوراشقا ئەۋەتتى. 30 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەم ئەل بولدى. گۇزاڭغا تاشقى ياردەم بولمىغانلىقتىن، پۈتۈن كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. لياڭجۇ ئايمىقى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ شىپىڭ گۇڭى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. ئۇ يەنە پادىشاھقا ئەگىشىپ جورجانلارغا داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ، ۋۇچېڭ ② غۇزلىرى ۋە تۇجىڭ ③ غۇزلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. گەي ۋۇ قاراقچىلىرىنىڭ جازاسىنى بېرىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن چەۋەنداز مەھرەملىككە تەيىنلەندى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 4 ـ توم، 1023 ـ بەت)

كېيىن ئەمىر لەشكەرلىككە ئۆستۈرۈلدى. جورجانلار چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالغاندا، خې يۈەن پادىشاھقا ئەگىشىپ جازا يۈرۈشكە ئاتلاندى ۋە جورجانلارنى مەغلۇپ قىلدى. ۋېي پادىشاھى شيەنۋېندى تەختنى كىنجاب بېگى توغبات زىنتۇي ④ گە بېرىدىغان چاغدا، خې يۈەن لەشكەرلىرى بىلەن چۆللۈكنىڭ



جەنۇبىدا تۇراتتى. پادىشاھ پوچتا يولى بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ، خې يۈەننى مەخسۇس چاقىرتتى. خې يۈەن ئوردىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كەسكىن پوزىتسىيە بىلەن ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ دەپ چىڭ تۇردى. پادىشاھ شيەنۋېندى دەرھال يارلىق چۈشۈرۈپ، خې يۈەننى ئەلچىلىك دەستىكىنى ئېلىپ، پادىشاھنىڭ تامغىسى بىلەن پۈتىسىنى شياۋۋېندىغا ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتتى. شۇ يىلى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى تېلىلار ئاسىيلىق قىلدى. پادىشاھ شياۋۋېندى خې يۈەننى تېلىلارنىڭ جازاسىنى بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇ تېلىلارنىڭ كۆپ قىسمىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئەل قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 4 ـ توم، 1025 ـ بەت)

جېڭشى 1 ـ يىلى (مىلادىيە 504 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا، جورجانلار 120 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ ئالتە يولغا بۆلۈنۈپ تەڭ قوزغالدى، ئۇلار ۋويې، خۇەيشو قورغانلىرىغا ئۇدۇل بېرىپ، جەنۇبتىكى فېڭجۇ ئايمىقى ۋە دەيجۇن ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرمەكچى، دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. پادىشاھ خې يۈەننىڭ كىچىك ئوغلى خې خۇەيگە ئەسلى مەنسىپىنى ساقلىغان ھالدا يەنە ماندات تۇتقۇچى ۋە شىغاۋۇللۇق مەنسىپىنى بېرىپ، شىمالىي ۋاسسالنى تايانچ بازا قىلىپ، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ستراتېگىيىسى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈشكە، ئېھتىياجغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ھەممە ھەرىكەتنى ياخشى قىلىشنى بۇيرۇدى. خې خۇەينىڭ ئوردىدا كىچىكلىك كۆزەت قىلىۋاتقان ئوغلى خې جېڭنى دادىسى بىلەن بىللە شىمالغا يۈرۈشكە بۇيرۇدى. پادىشاھ خې خۇەيگە ئات، ساۋۇت، شاھانە نەيزە ئىنئام قىلدى. خې خۇەي بۇ نەرسىلەرنى ھەشقاللا ئېيتىپ تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قەسىر ئىچىدىلا ئاتقا مىنىپ، قولىغا نەيزە ئېلىپ نەرە تارتتى. مېھمانلارغا قاراپ: «مەن كۈچۈمدىن قالغان بىلەن يەنىلا مۇشۇنداق تۇرىمەن. جورجانلار كۈچتۈڭگۈر ياشلاردىن قورقىدۇ،

قېرىلارنى سەل چاغلايدۇ، ئەمما مېنى بوزەك ئېتەلمەيدۇ. ئوردىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىش كېرەك دېگەن تاپشۇرۇقىنى قوبۇل قىلدىم. جەسۇر جەڭچىلەرنى ئۆزۈم باشلاپ جورجانلارنىڭ كاتتىباشلىرىنى تۇتۇپ، ئەسىرلەرنى ئوردىغا تەقدىم قىلىمەن» دېدى. خې خۇەي شۇ چاغدا 61 ياش ئىدى. ئۇ يۈنجۇڭغا يېتىپ بېرىشى بىلەن جورجانلار قېچىپ كەتتى. ئۇ خېڭجۇ، دەيجۈن رايونلىرىغا قايتىپ بېرىپ ، لەشكەرلەر تۇرىدىغان مۇھىم يەرلەرنى، قەلئە ياساپ مۇداپىئەلىنىشكە بولىدىغان يەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇ يەرلەرنىڭ ئېگىز ـ پەس، ئوي ـ چوڭقۇرنى ئۆلچىدى. ئاش ـ ئوزۇق، قورال ـ ياراغ ساقلايدىغان يەرلەرنى تاللىدى. ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىشتە ئۆزئارا ھىمايە قىلىدىغان يەرلەرنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قوللانماقچى بولغان 58 تەدبىرنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. ۋېي پادىشاھى شۇەنۋۇدى ئۇنىڭ پىكرىگە تامامەن قوشۇلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، «ستۇ گوڭى» دېگەن مەنسەپنى ۋە «خۇي» دېگەن نامنى بەردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 4 ـ توم، 1029 ـ بەت)

---

① جۇلۇ ( 钜鹿 ) — قەدىمكى ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى خۇتو دەرياسىنىڭ جەنۇبى، پىڭشياڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالى، بوشياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقى، شۇلۇ، شىنخې ناھىيىلىرىنىڭ غەربىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(بىر تومluq «سىخەي»، 167 ـ بەت)

② ۋۇچېڭ ( 五城 ) — قەدىمكى ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

(مۇھەررىردىن)



③ تۇجىڭ ( 吐京 ) — قەدىمكى ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

(مۇھەررىردىن)

④ كىنجاب بېگى توغبات زىتۇي ( 京兆王子推 ) — پادىشاھ جىڭمۇدىنىڭ 3 ـ ئوغلى، شيەنۋېندىنىڭ تاغىسى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 632 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 29 ـ جىلد

# سىما چۇجىنىڭ تەرجىمىھالى

ۋېي پادىشاھى تەيۇۋدى جورجانلارغا قارشى لەشكەر تارتقاندا، جەنۇبنى ئەمىن قىلغۇچى سانغۇن سىما چۇجى ① بىلەن جىيىن گۇڭى لۇجۇگشەن قاتارلىق كىشىلەر چوڭ قوشۇنغا ئاشلىق ۋە ئوت ـ خەشەك يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. شۇ چاغدا، شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن فېڭ تا جورجانلارغا قېچىپ بارغان ھەمدە جورجانلارنى سىما چۇجىغا ھۇجۇم قىلىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاشلىق توشۇش يولىنى ئۈزۈۋېتىشكە دەۋەت قىلغانىدى. جورجانلار سىما چۇجى لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى پايلاشقا ئادەم ئەۋەتتى. بارغان ئادەم سىما چۇجى قوشۇنىنىڭ ئاشلىق توشۇۋاتقان ئېشەكلىرىنىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىپ ئەكەتتى. سىما چۇجىنىڭ قوشۇنىدىن ئېشەكنىڭ قۇلىقى يوقاپ كەتتى، دېگەن مەلۇمات كەلدى. سىما چۇجى: «دۈشمەننىڭ پايلاقچىلىرى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن كېسىپ كەتكەن گەپ، دۈشمەن ھايال قالماي يېتىپ كېلىدۇ» دېدى ۋە سۆگەت كەسكۈزۈپ كېلىپ، ئۇستىگە سۇ قۇيۇپ مۇزلىتىپ قەلئە ياسىدى. قەلئە ياسىلىپ بولۇشىغا دۈشمەنلەر يېتىپ كەلدى. لېكىن، قەلئە بولغانلىقتىن ھېچنېمە قىلالماي، پېتىراپ كەتتى. پادىشاھ تەيۇۋدى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇنى مۇكاپاتلىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 4 ـ توم، 1043 ـ بەت)



① سىما چۇجى ( 司马楚之 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى تەيۇۋدىنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە. غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، شوجۇ ئايماق بېگى بولغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1042 — 1043 ـ بەتلەر)

### شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 33 ـ جىلد

# لى شۇننىڭ تەرجىمىھالى

لى شۇننىڭ يەنە بىر ئىسمى لى دېجىڭ، جۇلۇ گۇڭى لى لىڭنىڭ تاغىسىنىڭ ئىنىسى. لى شۇننىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى لى سى بولۇپ، مۇرۇن چۇي ① نىڭ قول ئاستىدا .چەۋەندازلار مەھرىمى، دۇڭۇۋ شەھىرىنىڭ ئامبىلى بولغانىدى. ۋېي پادىشاھى داۋۇدى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئۇنى پىڭجى ھاكىملىقىغا قويغان. ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جاۋجۇن ۋالىيسى، پىڭجى بارونى ② دېگەن مەرتىۋىلەرنى بەرگەن.

لى شۇن دەستۇر ـ دىۋانلارنى كۆپ ئوقۇغان، پەم ـ پاراسەتلىك كىشى ئىدى. شېنرۇي يىللىرى (مىلادىيە 414 — 416 ـ يىللىرى) دىۋان ئۆلىماسى بولۇپ تەيىنلەندى. كېيىن، دىۋان بېگىلىككە ئۆستۈرۈلدى. پادىشاھقا ئەگىشىپ، جورجانلارغا يۈرۈش قىلدى. پىلانلاش ۋە مەسلىھەت بېرىشكە ماھىر بولغانلىقتىن، پىڭجى ۋىكوندى ③ ئۇنۋانى بېرىلدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى قۇلان چانغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، سۇي خاۋغا: «مەن بۇرۇن شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا، لى شۇننىڭ بىر نەچچە ئىشتا كۆرسەتكەن تەدبىرى ئومۇمىي ستراتېگىيە ۋە چوڭ پىلانغا ئۇيغۇن بولۇپ چىقتى. ھازىر ئۇنى باشلامچى قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلسۇن دەيمەن، قانداق دەيسىز؟» دېدى. سۇي خاۋ: «خۇددى ئۆزلىرى دېگەندەك، لى شۇن ھەقىقەتەن ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئادەم. بىراق مەن ئۇنىڭ بىلەن قۇدا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ مىجەزىنى بەك ئوبدان



بىلىمەن. ئۇ كەسكىن بولسىمۇ، ئىشنى لايىقىدا قىلمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى بىرەر ئالاھىدە خىزمەتكە مەسئۇل قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالدى. ئەسلىدە سۇي خاۋنىڭ ئىنىسى لى شۇننىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەن، ئىنىسىنىڭ ئوغلى لى شۇننىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەنىدى. سۇي خاۋ لى شۇن بىلەن قۇدا بولسىمۇ، لېكىن لى شۇننى كۆزگە ئىلمايتتى، لى شۇنمۇ تەن بەرمەيتتى. شۇڭا، بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن سۇي خاۋ ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلغانىدى. چوڭ قوشۇن تۇڭۋەن دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، قۇلان چاننىڭ قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. لى شۇن مەسلىھەت ـ تەكلىپ بېرىپ ئەڭ كۆپ خىزمەت كۆرسەتتى. ئاندىن كېيىن تۇڭۋەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى، قۇلان چان ئالدىغا چىقىپ سوقۇشتى. لى شۇن ئۇنىڭ سولقانات قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. تۇڭۋەن شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ تەيۋۇدى سەركەردىلەرگە قىممەتلىك مارجان ـ ياقۇت قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىنئام قىلدى. لى شۇن ئالغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، پەقەت نەچچە مىڭ جىلدلىق كىتابلا ئالدى. پادىشاھ ئۇنى ماختىدى ۋە ھەرەم ئاغىلىقىغا ئۆستۈردى. لى شۇن پادىشاھقا ئەگىشىپ پىڭلياڭدا قۇلان تىنغا ④ زەربە بەردى. ئۇچ چىن ⑤ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، مەرتىۋىسى بەگلىككە، ۋەزىپىسى چاھار دىۋان بېگىلىككە ئۆستۈرۈلۈپ، پادىشاھنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېتىبارىغا مۇيەسسەر بولدى.

جۇرچى مونسۇن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى يەرلەر بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندا، پادىشاھ ئەلچى تاللىماقچى بولدى. سۇي خاۋ: «بۇيرۇققا بىنائەن بېرىپ، ھال سوراپ رىغبەتلەندۈرۈشكە ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ياخشى ۋەزىردىن بىرنى ئەۋەتىش كېرەك. دىۋان بېگى لى شۇن بۇ ئىشقا لايىق ئادەم» دېدى. پادىشاھ: «لى شۇن دېگەن پادىشاھنىڭ ئەمرىنى

بىجا كەلتۈرىدىغان ۋەزىر. شۇڭا ئەلچىلىككە چىقسا مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئەگەر جۇرچى مونسۇن قاشتېشى بىلەن شايى ئېلىپ ئۆزى كەلسە، مەن قانداق مۇئامىلە قىلسام بولىدۇ؟» دېدى. سۈي خاۋ: «ۋۇ بەگلىكىگە ئەلچىلىككە بارغان شىڭ جېن ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ مۇراسىم بېگى ⑥ ئىدى. ئەگەر بۇ ئىش مۇۋاپىق كۆرۈلسە، مەنسەپ چوڭ بولۇپ كەتتى دەپ قارىماسلىق كېرەك» دېدى. پادىشاھ سۈي خاۋنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، لى شۈننى مۇراسىم بېگىلىككە قويدى. جۇرچى مونسۇننى ئۇستاز بەگ، لياڭجۇ بېگى قىلىپ تەيىنلەپ پەرمان چۈشۈردى. لى شۈن ئەلچىلىككە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماندات تۇتقۇچى، تۆت ئايماقنىڭ ⑦ ھەربىي ئىشلىرىنى نازارەت قىلغۇچى، چاڭئەننى ساقلىغۇچى باش سانغۇنلۇققا، غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇنلۇققا تەيىنلىنىپ، ئوردا ئەمرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى ۋە گاۋپىڭ گۇڭى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، چاھار دىۋان بېگىلىككە يۆتكەلدى. چەۋەنداز مەھرەم دېگەن مەنسەپ بېرىلدى.

يەنچې ⑧ نىڭ دەسلەپكى يىللىرى، لى شۈن لياڭجۇغا ئەلچىلىككە باردى. جۇرچى مونسۇن ئاغرىپ قالدىم، دەپ ئورنىدىن تۇرىدىغان خىيالى يوق شىرەنىڭ ئارقىسىدا ئىككى پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇرۇپ، تولىمۇ ئەدەپسىزلىك قىلدى. لى شۈن سۈرلۈك ئاۋاز بىلەن: «بۇ قېرى ھەجەپ ئەدەپسىز ئىكەنغۇ!» دەپ تەمتەكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. جۇرچى مونسۇننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوتتۇرانچى نۆكەر ياڭ دىڭگۇي كەينىدىن قوغلاپ چىقىپ: «بېگىم، ئورنىدىن جۇرچى مونسۇن تىزلىنىپ تازىم قىلمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەن بۇيرۇق بار دەپ ئۆزلىرى ئېيتقان ئىدىلە. شۇڭا، جۇرچى مونسۇن شۇنداق قىلىشنى خاتا ھېسابلىمىدى. ئەگەر سىلى سالام بەرگەن، تىزلىنىپ تازىم قىلغان بولسىڭىز پادىشاھنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت



قىلماپسەن، دېگەن بولسىلا بىز بۇنىڭغا تووۋا قىلايلى» دېدى. لى شۈن كىرىپ: «چى بېگى خۇەنگوڭ ⑨ بەگلەر بىلەن كۆپ قېتىم ئىتتىپاقلىق ئەھدى تۈزۈپ، جاھاننى ئوڭشىغان. جۇخانى ⑩ ئۇنىڭغا ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىدىغان گۆش ئىنئام قىلغان، ئۇنى تاغا⑪ دەپ ئاتاپ، تىزلىنىپ تازىم قىلىش قائىدىسىنى كەچۈرۈم قىلغان. لېكىن چى بېگى خۇەنگوڭ يەنىلا ئارقىسىغا يېنىپ، تىزلىنىپ تازىم قىلىپ ئاندىن ئىنئامنى قوبۇل قىلغان. ھازىر شىمالىي ۋېي ئوردىسى سىزگە تىزلىنىپ تازىم قىلماڭ، دەپ بۇيرۇق بەرگىنى يوق. سىز ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتىڭىز، بۇ سىزنى بالاغا تىقىدىغان يول» دېدى. جۇرچى مونسۇن بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەن تىزلىنىپ، تېگىشلىك ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى بىجا كەلتۈردى.

لى شۈن ئوردىغا قايتىپ كەلدى. پادىشاھ جۇرچى مونسۇننىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ۋە ئۆز ئېلىنى قانداق ئىدارە قىلغانلىقىنى سورىدى. لى شۈن: «جۇرچى مونسۇن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىنى 30 نەچچە يىل ئوڭچە سورىدى. نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ۋەزىيەتكە قاراپ تەدبىر قوللىنىشنى چالا ـ بۇلا بىلىپ قالدى. ئۇ سەلتەنىتىنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرالىسىمۇ، ھازىرچە ساقلاپ قالالايدۇ. بىراق ئۇ ئالدىنقى يىلى دارماراكچا ⑫ نى ئەكېلىپ بېرىمەن دېگەن چاغدا، كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقسام، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلدى. قىلغان گېپىدە تۇرماي، بۇ جەھەتتە ئۆزىنى كۆرسەتتى. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئەمدى مۇقىم بولالمايدۇ» دېدى. پادىشاھ: «بۇ گەپچە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇنغا بارمايدىكەن، كېيىنكى ئەۋلادىغا قالغاندىن كېيىن، بەربىر ھالاك بولىدىكەن» دېدى. لى شۈن: «ئۇنىڭ ئوغلىنى بىر ئاز بىلىمەن. ئۇ قابىل كىشىلەردىن ئەمەس. ئاڭلىشىمچە، دۇنخۇاڭ ۋالىيسى جۇرچى مۇقاننىڭ قانات ـ قۇيرۇقى دەسلەپكى

قەدەمدە يېتىلىپتۇ. جۇرچى مونسۇنغا ۋارىسلىق قىلىشقا توغرا كەلسە، چوقۇم شۇ ۋارىسلىق قىلىدۇ. لېكىن ئۇنى دادىسىغا يېتىشەلمەيدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ تەڭرىنىڭ سىلىگە ئوك كۆزى بىلەن قارىغانلىقى بولسا كېرەك» دېدى. پادىشاھ: «مەن كۈن چىقىشنى ئەمدى سوراۋاتىمەن، كۈن پېتىشقا قاراشقا چولام يوق. سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسا، 4 ـ 5 يىلدىن كېيىن بولسىمۇ كېچىكمەيدۇ» دېدى. جۇرچى مونسۇننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ لى شۈنگە: «جۇرچى مونسۇننى ئۆلىدۇ دېگەن ئىدىڭىز، راست دېگىنىڭىزدەك بولدى. يەنە جۇرچى مونسۇننىڭ ئورنىغا جۇرچى مۇقان ۋارىسلىق قىلىدۇ دېگەنىدىڭىز، بۇمۇ دۇرۇس چىقتى. لياڭجۇنى ئىشغال قىلىشىمىزمۇ ئۇزاق ۋاقىت كەتمەيدىغان بولدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ لى شۈنغا 1000 توپ تاۋار ـ دۇردۇن، بىر ئات ئىنئام قىلدى. ئۇنى تېخىمۇ ئەتىۋارلايدىغان، ئۇنى قاتناشتۇرماي چوڭ ـ كىچىك ھېچقانداق ئىشنى قىلمايدىغان بولدى. سۇي خاۋ ئۇنىڭغا ھەسەت قىلدى.

لى شۈن لياڭجۇغا جەمئىي 12 قېتىم ئەلچىلىككە باردى. پادىشاھ تەيۋۇدى ئۇنى تالانتلىق ئىكەن، دەپ ماختىدى. جۇرچى مونسۇن لى شۈن بىلەن كۆپ قېتىم ساياھەت ۋە زىياپەتتە بولدى. ئۇ ھەمىشە ئاسىيلاردەك گەپلەرنى قىلاتتى. لى شۈننىڭ ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن قورقۇپ، لى شۈنغا ئېرىغ مال بەردى. شۇڭا، جۇرچى مونسۇننىڭ ئاسىيلىق جىنايىتىنى ئوردا بىلمىدى. غەربىي يۇرتنىڭ راھىبى دارماراكچا قۇر ئىچىپ كېسەلنى تېپىشنى، مۇنەججىملىكنى بىلەتتى. ئۇ لياڭجۇدا ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. پادىشاھ ئۇنى تۇتۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئېلىپ كېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. لى شۈن جۇرچى مونسۇندىن پارا ئېلىپ، جۇرچى مونسۇنغا ئۇنى ئۆلتۈرۈگۈزۈۋەتتى. بۇ ئىشلارنى سۇي خاۋ بىلەتتى ھەم پادىشاھقا



خۇپىيانە دەپ قويغانىدى. پادىشاھ ئىشەنمىدى. تەيپەن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 437 ـ يىلى) لى شۈن لياڭجۇغا يەنە بىر قېتىم ئەلچىلىككە باردى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى قانداق تىنچىتىش كېرەك، دەپ سورىدى. لى شۈن خەلق ئۇزاق رىيازەت چەكتى، ئۇلارنى يەنە ئۇرۇشقا سېلىشۋېرىشكە بولمايدۇ دەپ قارىدى. پادىشاھ ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل كۆردى. تەيپەن 5 ـ يىلى لياڭجۇغا لەشكەر تارتىش توغرىسىدا مۇزاكىرە بولغاندا، لى شۈن لياڭجۇدا ئوت ـ سۇ كەم، يىراقتا يۈرۈش قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارىدى، سۇي خاۋ يۈرۈش قىلىشقا بولىدۇ دەپ چىڭ تۇردى. پادىشاھ سۇي خاۋنىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆردى. چوڭ قوشۇن گۇزاڭغا يېتىپ بارغاندا، ئوت ـ سۇ مولچىلىق ئىدى. پادىشاھ ۋەلىئەھد جىڭمۇغا يازغان خېتىدە لى شۈنغا كۆپ كايىدى. كېيىن سۇي خاۋغا: «سىز بۇرۇن دېگەن گەپلەر ئەمدى راست بولۇپ چىقتى» دېدى. لياڭجۇ ئېلىنغاندىن كېيىن، پادىشاھ لى شۈننىڭ جۇرچى مونسۇندىن پارا ئېلىپ، ئۇنىڭ دارماراكچانى ئۆلتۈرۈشكە يول قويغانلىقىنى ئاڭلاپ، لى شۈندىن تېخىمۇ نارازى بولدى. لېكىن ئىلگىرى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بولغىنى ئۈچۈن جازالىمىدى. يەنە ئۇنى لياڭجۇ ئەمەلدارلىرىنى خىزمىتىگە قاراپ دەرىجىگە بۆلۈپ مەرتىۋە بېرىشكە قويدى. لى شۈن ئەمەلدارلارغا بەرگەن پارىسى بويىچە مەرتىۋە بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى دەرىجە تەرتىپىدە ئادالەتسىزلىك كۆرۈلدى. لياڭجۇلۇق شۇ جىي بۇ ئىشنى پاش قىلدى. سۇي خاۋ يەنە لى شۈننىڭ يامان گېپىنى قىلدى. پادىشاھ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، گۇزاڭ شەھىرىنىڭ غەربىدە ئۇنى قەتل قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 4 ـ توم، 1212 ـ، 1214 ـ بەتلەر)

① مۇرۇن چۇي ( 慕容垂 ) — كېيىنكى يەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، مىلادىيە 384 — 396 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىن)

② بارون ( 男 ) — قەدىمكى بەش دەرىجىلىك مەرتىۋىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1673 ـ بەت)

③ ۋىكوند ( 子 ) — قەدىمكى بەش دەرىجىلىك مەرتىۋىنىڭ 4 ـ دەرىجىسى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1117 ـ بەت)

④ قۇلان تىن ( 赫连定 ) — هونلارنىڭ ئەۋلادىدىن. قۇلان بابانىڭ 5 ـ ئوغلى، قۇلان چاڭنىڭ ئىنىسى، شىيا سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3066 ـ بەت)

⑤ ئۈچ چىن ( 三秦 ) — چىن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، شىياڭ يۈ بۇرۇنقى چىن سۇلالىسىگە تەۋە گۇەنجۇڭنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، قول ئاستىدىكى ئۈچ سەركەردىسىگە سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ گۇەنجۇڭ رايونى ئۈچ چىن دەپ ئاتالغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 16 ـ بەت)

⑥ مۇراسىم بېگى ( 太常 ) — قائىدە ـ يوسۇن، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى ۋە خان جەمەتى قەبرىستانىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 640 ـ بەت)

⑦ تۆت ئايماق ( 四州 ) — چىنجۇ، لياڭجۇ، يۇڭجۇ، يىجۇ ئايماقلىرىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)



⑧ يەنخې ( 延和 ) — ۋېي پادشاھى تەيۋۇدىنىڭ مىلادىيە 432 — 434 ـ يىللاردا قوللانغان يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

⑨ چى بېگى خۇەنگۇڭ ( 齐桓公 ) — ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چى بەگلىكىنىڭ بېگى. ئىسىم فامىلىسى جاۋ شياۋبەي. ئاكىسى ناھايىتى زالىم بەگ بولغاچقا، لۇ بەگلىكىگە قېچىپ بارغان. ئاكىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ بەگ بولغان ۋە گۇەن جۇڭنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەن. جۇ خانىدانىغا ئىخلاس قىلىپ، يات قوۋملارغا يۈرۈش قىلغان. چى بەگلىكىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، ئەمىنىيە دەۋرىدىكى بەگلەر بېگى بولغان.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. چى تەيگۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑩ بۇ يەردە دېيىلگەن «جۇ خانى» خۇەنۋاڭ جى لىننى كۆرسىتىدۇ. جى لىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 716 ـ يىلىدىن 696 ـ يىلغىچە خان بولغان.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. جۇ خانىدانى تەزكىرىسى» دىن)

⑪ چى بەگلىكىنىڭ ئاتا بېگى لۇشياڭ جۇ خانى ۋۇۋاڭنىڭ قېيىنئاتىسى ئىدى. شۇڭا، جۇ خانى خۇەنۋاڭ چى بېگى خۇەنگۇڭنى تاغا دەيتتى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر. چى بەگلىرى تەزكىرىسى» دىن)

⑫ دارماراكچا ( 昙无谶 ) — جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن غەربىي يۇرتلۇق راھىب. ئۇ دۇنخۇاڭغا بېرىپ، شىمالىي لياڭ خانى جۇرچى مونسۇن بىلەن تونۇشقان. ئۇ يەردە خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىپ، 117 جىلد بۇددا نومىنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيۋۇدى ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، جۇرچى مونسۇندىن ئۇنى سورىغاندا، جۇرچى مونسۇن بەرمەي ئۆلتۈرۈۋەتكەن.
(«ۋېينامە» دىن)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 34 ـ جىلد

## گاۋلۇنىڭ تەرجىمىھالى

ۋېي پادىشاھى شىياۋۋېندى ① گاۋلۇنى جورجانلارغا ھال سوراش مەكتۇبى يېزىشقا بۇيرۇدى. شۇ چاغدا، جورجانلار مۇسبەت ئۇستىدە ئىدى. لېكىن گاۋلۇ يازغان مەكتۇبتا مۇسبەت ئىشى تىلغا ئېلىنمىغانىدى. پادىشاھ: «سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز مىرزىلىق، جورجانلاردىكى مۇسبەت تىلغا ئېلىنماپتۇ، ئەگەر بۇ ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ يازمىغان بولسىڭىز سىزنىڭ گۇناھىڭىز ناھايىتى ئېنىق؛ ئەگەر بۇ ئىشنى ئۇيلاپ يەتمىگەن بولسىڭىز، ۋەزىپىڭىزدىن ئىستىپا بېرىشىڭىز كېرەك» دېدى. گاۋلۇ: «جورجانلارنىڭ مەرھۇم قاغانى ياۋاش ۋە ئابرويلۇق كىشى ئىدى. ئۇ بىز بىلەن قۇدىلاشتى. ئۇنىڭ ئوغلى بولسا چېگرىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. مېنىڭچە، ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش لايىق ئەمەس» دېدى. پادىشاھ: «دادىسىنى ھۆرمەتلىسە، ئوغلى خۇش بولىدۇ، خانىنى ھۆرمەتلىسە، ۋەزىرلىرى خۇش بولىدۇ، دەپتىكەن. ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟» دېدى. گاۋلۇ بۆكىنى ئېلىپ، خاتالىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پادىشاھ: «جورجان ئەلچىسى مۇتى كىچىك پېئىل، ئىززەت ـ ئىكراملىق ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنى بەك ياۋاش دەپ ھەسەت قىلىشىۋاتىدۇ. شىمالغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن قارىلىنارمىكىن. بۇرۇن لىيۇجۇن ② نىڭ ئەلچىسى يىن لىڭدەن ئەلچىلىككە بارغاندا، قول ئاستىدىكىلەرنى ئەدەپسىز ئىشلاردىن



توسقان. ئەمما قايتىپ بارغاندىن كېيىن، قارىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. سىز خەتتە مۇتىنىڭ ئۆز دۆلىتىگە سادىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، جورجان قاغانىنىڭ بۇنىڭدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ قويۇڭ» دېدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 4 ـ توم، 1258 ـ بەت)

جاڭ جەن، يەنە بىر ئىسمى جاڭ زىرەن، جاڭ چۇڭشۇەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دۇنخۇاڭ ۋىلايىتىنىڭ يۈەنچۈەن③ ناھىيىسىدىن. ۋېي سۇلالىسى گۈرزىدارى ④ جاڭ گۇڭنىڭ 9 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى چوڭ نەسەبتىن. ئۇنىڭ بوۋىسى جاڭ جى لياڭجۇدا مەنسەپ تۇتۇپ، جىنچېڭغا ۋالىي بولغان. ئۇنىڭ دادىسى جاڭ شيەن يىراقنى كۆرىدىغان ئادەم ئىدى. غەربىي لياڭ خانى ۋۇجاۋۋاڭ شيا خانلىقىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەتىۋارلاپ، تۆھپە خاتىرىلىگۈچى بەگلىككە كۆرسەتكەن ھەم ئۇنى «مېنىڭ زاڭ زىيۇەنىم» ⑤ دەپ ماختىغان. جيۇچۈەننىڭ ۋالىيلىقىغا قويغان.

جاڭ جەن 20 يېشىدىلا لياڭجۇدا داڭقى چىققان. ئۇ ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولۇپ، ئۇلۇغۋار غايىلىك ئادەم ئىدى. ئۇ جۈرچى مونسۇننىڭ يېنىدا لەشكىرىي پىرقە دىۋان بېگى ⑥ ۋەزىپىسىدە بولغان. لياڭجۇ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، يىراقنى تىنچىتقۇچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلگەن، نەنيۇ بارونى دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن. ئەمرى زېمىن سۈي خاۋ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتى ھەم ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلدى. سۈي خاۋ «پالنامە» ⑦ گە ئىزاھات يازغاندا: «دۇنخۇاڭدىكى جاڭ جەن، جىنچېڭدىكى زۇڭ چىن، ۋۇۋېيدىكى دۇەن چېڭگېن ئۈچەيلەن ئالىم، ئاجايىپ تالانتلىق، شىجۇدا ماختاشقا سازاۋەر بولغان كىشىلەر» دېگەن.

جاڭ جەننىڭ ئاكىسى جاڭ شيەن، يەنە بىر ئىسمى جاڭ خۇەيى. ياۋاش، پاك ھەم قابىلىيەتلىك ئادەم ئىدى. جۈرچى مونسۇننىڭ يېنىدا مەنسەپ تۇتۇپ، جيەنچاڭغا ئامبال بولغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 4 ـ توم، 1266 ـ بەت)

دۇەن چېڭگېن ۋۇۋېي ۋىلايىتىدىكى گۇزاڭ شەھىرىدىن بولۇپ، ئۆزىنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمىر لەشكەر دۇەن

يىگىنىڭ 9 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى دەيدۇ. ئاتىسى دۇەن خۇي، يەنە بىر ئىسمى دۇەن چاڭزو، بويى سەككىز چىدىن ئاشىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇۋياڭ تاڭنى ئۇستاز تۇتقان، ئۇۋياڭ تاڭ ئۇنى قەدىرلەيتتى ۋە ئاسرايتتى. دۇەن خۇي بىلەن بىللە ئۇۋياڭ تاڭنىڭ قولىدا ئوقۇيدىغان بىر بالا بار ئىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ بالا قايتىپ كېتىدىغان چاغدا دۇەن خۇيدىن بىر ئات سورىدى. دۇەن خۇي چاقچاق قىلىپ بىر ياغاچ ئات ياساپ ئۇنىڭغا بەردى. بالا خۇش بولۇپ، دۇەن خۇيگە: «مەن تەيشەن ئەۋلىياسىنىڭ ئوغلى بولىمەن، ئاتامنىڭ ئەمرى بىلەن بۇ يەرگە ئوقۇشقا كەلگەن. قايتىپ كېتىدىغان چاغدا، سەن ئۆزۈڭنىڭ نەرسىسىنى ماڭا ھەدىيە قىلدىڭ. بۇ ياخشىلىقىڭغا نېمە بىلەن جاۋاپ قايتۇرسام بولار. كېيىن سەن بەگ بولىسەن، بۇ مېنىڭ قايتۇرىدىغان ياخشىلىقىم ئەمەس، دوستلۇقىمىزنىڭ نىشانى بولۇپ قالسۇن» دېدى ۋە ئاتقا مىنىپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. دۇەن خۇي بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ چوقۇم دۆلەتمەن بولىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ قىبىبۇ چىپان [8] نىڭ يېنىدا ئەلگە يۆلەك چوڭ سانغۇن، لياڭجۇ ئايماق بېگى، باش تەپتىش بېگى، شىخەي بېگى قاتارلىق مەنسەپلەرنى تۇتتى. قىبىبۇ چىپاننىڭ ئوغلى قىبىبۇ مۇمبو تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىشلىرى مالىمانلاشتى. دۇەن خۇي ئوغلى بىلەن تۇيغۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى. مۇگۇي [9] شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. دۇەن خۇي بىلەن دۇەن چېڭگېن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قايتىپ كەتتى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى چاڭئەنگە بارغاندا، بىرسى: «دۇەن خۇي جەنۇبقا قاچماقچى، ئۇ ئالتۇننى ئىگەر كۆرپىسىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويىدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. پادىشاھ مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرتسە، راست شۇنداق چىقتى. شۇنىڭ بىلەن دۇەن خۇينى قەتل قىلدى. ئۆلۈكىنى نەچچە كۇنگچە كۆمدۈرمەي، سازايى قىلدى. لىن بەينۇ



ئىسمىلىك كىنجاپلىق بىر تالىپ بولۇپ، دۇەن خۇينىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە ئىخلاس قىلاتتى. ئۇ كېچىسى بېرىپ جەسەتنى ئوغرىلاپ كېلىپ، قۇرۇپ كەتكەن بىر قۇدۇققا يوشۇرۇپ قويىدى. دۇەن خۇينىڭ قىزى دۇنخۇاڭ ۋىلايىتىدىكى جاڭ ئائىلىسىنىڭ كېلىنى ئىدى. ئۇ خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، چاڭئەنگە كېلىپ جەسەتنى يەرلىكىدە قويىدى.

دۇەن چېڭگېن ئۆگىنىشكە ئامراق، زوكۇنچى، ماقالە يېزىشتا ئىقتىدارلىق ئىدى. لېكىن قىلغان ئىشىنىڭ بېشى بار، ئايىغى يوق ئىدى. ئەمرى زېمىن سۇي خاۋ ئۇنى يارايدىكەن دەپ قاراپ، شۇ ۋىلايەتتىكى يىن جۇڭدا بىلەن بىللە سايە قىلدى. سۇي خاۋ ئۇلارنى لياڭجۇ رايونىدىكى ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى، يېزىقچىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ قاراپ، پادىشاھ تەيۋۇدىغا يازغۇچى بەگ [10] بولۇپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەشكە سايە قىلدى. جامائەت دۇەن چېڭگېننىڭ ئەدەبىي تالانتىنى چوڭ بىلىسىمۇ، قىلىقلىرىنى ياراتمايتتى. بىراق ئۇ دۇنخۇاڭ گۇڭى لى باۋنىڭ ئېتىۋارىغا ئېرىشتى. سۇي خاۋ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دۇەن چېڭگېن بىلەن زۇڭ چىنمۇ ئۆلتۈرۈلدى.

زۇڭ چىننىڭ يەنە بىر ئىسمى زۇڭ جىڭرو، جىنچېڭلىق. ياش ۋاقتىدا ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولۇپ، موللا مىجەز ئىدى. جۇرچى مونسۇننىڭ يېنىدا مەنسەپ تۇتقان، ھۆدەيچى، ۋەلىئەھدنىڭ جارچى بېگى بولغان. «شەرقىي ئوردا مۇلازىملىرى ئۇچۇن كەلىمە» دېگەن كىتابنى يېزىپ، پادىشاھقا سۇنغان. پادىشاھ تەيۋۇدى لياڭجۇنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئۇ شىمالىي ۋېي ئوردىسىغا كىردى. ئۇنىڭغا ۋوشۇ بارونى دېگەن ئۇنۋان ئىنئام قىلىندى. يازغۇچى بەگ قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. ئۇ گاۋيۇن[11] گە شېئىر توقۇپ ئەۋەتتى. گاۋ يۇنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن شېئىر يازدى. ئىككىيلەن بىر ـ بىرىنى ماختاشتى. زۇڭ چىن

خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدە ئون جىلدلىق «جۇرچى مونسۇن ھەققىدە خاتىرە» نى يازدى. بۇ كىتابنىڭ ھېچبىر ماختىغۇدەك يېرى يوق ئىدى.

كەن يىنىنىڭ يەنە بىر ئىسمى كەن شۇەنيىن، دۇنخۇاڭلىق. ئۇنىڭ بوۋىسى كەن جىڭ، ئاتىسى كەن جيۇلار خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدە داڭقى بار كىشىلەر ئىدى. كەن جيۇ گۇيجىغا ھاكىم بولغان. كەن يىن كلاسسىك ئەسەر ۋە تەزكىرىلەرنى كۆپ تەتقىق قىلغان، ئەقىل - پاراسەتتە ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇراتتى. «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە» ۋە باشقا تارىخ كىتابلىرىنى بىر كۆرۈپلا يادلىۋالالايتتى. شۇ زامان كىشىلىرى ئۇنى يادچى دەيتتى. ئۇ ۋاڭ لاڭ يازغان «پالنامە تەپسىرى» نى ئىزاھلىغان، «13 ئايماق تەزكىرىسى» نى يازغان. جۇرچى مونسۇن ئۇنى بەك قەدىرلەيتتى، ئۆز يېنىدىن ئايرىمايتتى. ئۇنىڭدىن ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى سورايتتى. ئۇنى مىرزا بەگ، ئىمتىھان كاتاۋۇلى قىلىپ تەيىنلىدى. قەلىمى ساھەدىكى كىچىك ئەمەلدارلاردىن 30 كىشىنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، 3000 پارچىدىن ئارتۇق كلاسسىك ئەسەر ۋە ئالىملارنىڭ كىتابلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىشنى تاپشۇردى. جۇرچى مۇقان ئۇنى تېخىمۇ چوڭ بىلەتتى. ئۇنى بارگاھ ئەمىرى قىلىپ تەيىنلەپ، دىۋان بېگىلىككە ئۆستۈردى. گۇزاڭنى تىنچىتقاندا، لېيىڭ بېگى توغبات پى لياڭجۇنى ساقلاپ ياتاتتى. كەن يىن مۇلازىم بەگلىككە كۆرسىتىلدى. لېيىڭ بېگى توغبات پى ئۆلگەندىن كېيىن، پايتەختكە يۆتكەلدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى قىيىن بولۇپ، كۈنى ئاچ - زېرىن ئۆتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئىشتىھالىق بولۇپ، بىر ئولتۇرۇشقا ئۈچ شىڭ ئاش يەيتتى. ئۇ پەرزەنت كۆرمەيلا ئۆلۈپ كەتتى.

ليۇ يەنمىڭ، دۇنخۇاڭلىق. ئاتىسى ليۇ باۋنىڭ يەنە بىر



ئىسمى ليۇ زىيۇ، كۇڭزى تەلىماتلىرىنى بىلىش بىلەن ماختىلاتتى. ليۇ يەنمىڭ 14 يېشىدىلا ئۆلىما گويۇنى ئۇستاز تۇتقان. گويۇنىڭ 500 دىن ئارتۇق شاگىرتى بولۇپ، ئۇلاردىن 80 نەچچىسى كۇڭزىچىلارنىڭ كىتابلىرىنى پىششىق بىلەتتى. گويۇنىڭ 15 ياشلىق بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ كۈيئوغۇل تاللاشتا ئاقىلانە يول تۇتۇپ، ليۇيەنمىڭنى تاللىماقچى بولدى ۋە بىر شىرەنى ئايرىم قويۇپ شاگىرتلىرىغا: «بىر قىزىم بار، ياخشى باللاردىن بىر كۈيئوغۇل تاللىسام دەيمەن. كىم مۇشۇ شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرسا، قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن» دېدى. ليۇ يەنمىڭ بېشىنى كۆتۈرگىنىچە بېرىپ شىرەدە ئولتۇرۇپ ھودۇقماي تۇرۇپ: «بۇ يەردە ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم مانا مەن ليۇ يەنمىڭ» دېدى. گويۇ قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. ليۇ يەنمىڭ كېيىن ئايماق، ۋىلايەتلەرنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلماي، جيۇچۇەندە پىنھان تۇرمۇش كەچۈردى. ئۇنىڭ شاگىرتى 500 دىن ئاشتى.

غەربىي لياڭ خانى ۋۇجاۋۋاڭ ئۇنى دارىلئولۇمغا مۇدەررىس ھەم مۇلازىم بەگ قىلدى. ۋۇجاۋۋاڭ كىتابقا ئامراق بولۇپ، يېپى ئۈزۈلۈپ كەتكەن كىتابلارنى ئۆزى تۈزەشتۈرەتتى. ليۇ يەنمىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. بۇ ئىشنى مەن قىلىپ بېرەي دېسە، ۋۇجاۋۋاڭ: «بۇ كىتابلارنى كىشىلەر قەدىرلىسۇن دەپ ئۆزۈم قىلىۋاتىمەن. ئىككىمىزنىڭ ئۇچرىشىشى كۇڭمىڭ بىلەن شۇەندې ⑫ نىڭ ئۇچرىشىشىدىن پەرقلەنمەيدۇ» دېدى. ليۇ يەنمىڭ يات قوۋملارنى پەيلىگۈچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ سىياسىي ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسىمۇ، لېكىن كىتاب ئوقۇشنى ئۈزمىدى. ۋۇجاۋۋاڭ: «سىز كىتابلارنىڭ بابلىرىغا ئىزاھ يېزىشتا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەۋاتىسىز. كۈندۈزىغۇ مەيلى، كېچىسى دەم ئېلىڭ» دېدى. ليۇ يەنمىڭ: «ئەتىگەندە ئەلنى ئىدارە قىلىش تەلىماتلىرىنى ئاڭلاپ، ئاخشامدا

ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى. ئۆزىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمىگەن كۆڭلى دەل شۇنداق ئادەم ئىدى. مەن ليۇ يەنمىڭ قانچىلىك ئادەم ئىدىم، ئۇنداق قىلماسلىققا ھەددىممۇ؟» دېدى. ليۇ يەنمىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە» نى ھەجىمى بەك چوڭ دەپ، 130 قىسىم 84 جىلدلىق «قىسقىچە خاتىرە» نى يازغان. يەنە 20 جىلدلىق «دۇنخۇاڭ خاتىرىلىرى»، ئۈچ جىلدلىق «دېئالېكت»، بىر جىلدلىق «جىڭگۇڭتاڭ بېغىشلىمىلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. ئۇنىڭ «پالنامە»، «خەنزى تەزكىرىسى»، «شەخسلەر تەزكىرىسى»، «خۇاڭ شىگۇڭ ھەققىدە» دېگەن ئەسەرلەرنى ئىزاھلايدىغان كىتابلىرى ئەلدە كەڭ تارقالغان.

جۇرچى مونسۇن جيۇچۇەننى تىنچىتقاندىن كېيىن، ليۇ يەنمىڭنى كىتابلارغا ئىزاھ يازىدىغان مىرزا بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ شيۇەن بېغىدا لۇشېنگۇەن ئىبادەتخانىسىنى سالغۇزۇپ، دائىم بېرىپ باش ئۇرۇپ تۇرغان. ئۆزىنى شۇەنچۇ ئەپەندى دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ نەچچە يۈز شاگىرتى بولۇپ، ھەر ئايدا قوي ۋە ھاراق سوۋغا قىلىپ تۇرغان. جۇرچى مۇقان ئۇنى ئەل ئۇستازى دەپ ھۆرمەتلەپ، ئالدىغا سالامغا بېرىپ تۇرغان. ھەممە مەنسەپدارلارنى ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىشقا، ئۇنى ئۇستاز تۇتۇشقا بۇيرىغان. بىر ۋىلايەتلىك سوچاڭ، يىن شىنلار ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولغان. ئۇلارمۇ قەلەم شاراپىتىدىن ماختاشقا ئېرىشكەن. ئۇلار بېشىغا بۆك ئورنىدا ياغلىق يۆگەپ بارغان.

ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى لياڭجۇنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئوقۇغان ـ ئۇققانلار، پۇقرالار شەرققە كۆچتى. پادىشاھ ليۇ يەنمىڭنىڭ داڭقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى، ئۇنى لېپىڭ بېگى توغبات پىنىڭ مۇلازىم بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. پادىشاھ تەيۋۇدى 70 ياشتىن ئاشقان قېرىلار ئۆز يۇرتىدا قالىدۇ، بىر ئوغلى باقىدۇ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ليۇ يەنمىڭ شۇ چاغدا قېرىپ



ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى. ئۆزىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمىگەن كۆڭلى دەل شۇنداق ئادەم ئىدى. مەن ليۇ يەنمىڭ قانچىلىك ئادەم ئىدىم، ئۇنداق قىلماسلىققا ھەددىممۇ؟» دېدى. ليۇ يەنمىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە» نى ھەجىمى بەك چوڭ دەپ، 130 قىسىم 84 جىلدلىق «قىسقىچە خاتىرە» نى يازغان. يەنە 20 جىلدلىق «دۇنخۇاڭ خاتىرىلىرى»، ئۈچ جىلدلىق «دېئالېكت»، بىر جىلدلىق «جىڭگۇڭتاڭ بېغىشلىمىلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. ئۇنىڭ «پالنامە»، «خەنزى تەزكىرىسى»، «شەخسلەر تەزكىرىسى»، «خۇاڭ شىگۇڭ ھەققىدە» دېگەن ئەسەرلەرنى ئىزاھلايدىغان كىتابلىرى ئەلدە كەڭ تارقالغان.

جۇرچى مونسۇن جيۇچۇەننى تىنچىتقاندىن كېيىن، ليۇ يەنمىڭنى كىتابلارغا ئىزاھ يازىدىغان مىرزا بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ شيۇەن بېغىدا لۇشېنگۇەن ئىبادەتخانىسىنى سالغۇزۇپ، دائىم بېرىپ باش ئۇرۇپ تۇرغان. ئۆزىنى شۇەنچۇ ئەپەندى دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ نەچچە يۈز شاگىرتى بولۇپ، ھەر ئايدا قوي ۋە ھاراق سوۋغا قىلىپ تۇرغان. جۇرچى مۇقان ئۇنى ئەل ئۇستازى دەپ ھۆرمەتلەپ، ئالدىغا سالامغا بېرىپ تۇرغان. ھەممە مەنسەپدارلارنى ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىشقا، ئۇنى ئۇستاز تۇتۇشقا بۇيرىغان. بىر ۋىلايەتلىك سوچاڭ، يىن شىنلار ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولغان. ئۇلارمۇ قەلەم شاراپىتىدىن ماختاشقا ئېرىشكەن. ئۇلار بېشىغا بۆك ئورنىدا ياغلىق يۆگەپ بارغان.

ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى لياڭجۇنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئوقۇغان ـ ئۇققانلار، پۇقرالار شەرققە كۆچتى. پادىشاھ ليۇ يەنمىڭنىڭ داڭقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى، ئۇنى لېپىڭ بېگى توغبات پىنىڭ مۇلازىم بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. پادىشاھ تەيۋۇدى 70 ياشتىن ئاشقان قېرىلار ئۆز يۇرتىدا قالىدۇ، بىر ئوغلى باقىدۇ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ليۇ يەنمىڭ شۇ چاغدا قېرىپ

قالغاندى. ئۇ گۇزاڭدا بىر يىلدىن كۆپرەك تۇرغاندىن كېيىن، يۇرتىنى سېغىنىپ، لياڭجۇنىڭ غەربىدىن 400 چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان يۇرتى جيۇگۇكۇغا قايتىپ، كېسەل بىلەن ئۆلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 4 ـ توم، 1268 — 1269 ـ بەتلەر)

جاۋ رۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى جاۋ يۈەنشۈەن بولۇپ، جىنچېڭلىق. ياش ۋاقتىدا پەزىلەتلىك، تالانتلىق، بىلىملىك بولغانلىقتىن، خۋاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدە نام قازانغان. جۈرچى مۇقان دەۋرىدە خەزىنە بېگى بولغان. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى لياڭجۇنى تىنچىتقاندىن كېيىن، جاۋرۇ پايتەختكە يۆتكىلىپ، يازغۇچى بەگ، خېنېي ۋالىيسى بولغان. ئۆزى سەمىمىي، كىشىگە نەپ بېرىدىغان ئادەم ئىدى. جاۋرۇ يولدا كېتىۋېتىپ بىر تىزىق ئالتۇن مۇنچاق تېپىۋېلىپ، ئىگىسىنى چاقىرىپ كېلىپ، نەچچە يۈز توپ تاۋارغا يارايدىغان ئالتۇن مۇنچاقنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەن. كېيىن بىرسى ئۇنىڭغا نەچچە يۈز سايان چىشنى بەرگەن، جاۋرۇ ئوغلى جاۋ شەنمىڭ بىلەن ئۇنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ، بىرنى 20 توپ تاۋارغا ساتقان. سودىگەرلەر ئەرزان ساتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بىرىگە 30 توپتىن بېرەيلى دېگەن. جاۋ شەنمىڭ سودىگەرگە بىرىنى 30 توپ تاۋاردىن سېتىپ بەرمەكچى بولغاندا، جاۋرۇ: «كىشى بىلەن ئېلىم ـ سېتىم قىلغاندا، لەۋزىدە تۇرۇش كېرەك. پايدىنى دەپ دىلىغۇل بولسا قانداق بولىدۇ؟» دەپ سودىگەرگە بۇرۇنقى باھا بويىچە سېتىپ بەرگەن. مەرتىۋىلىك كىشىلەر ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىززەتلەپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇغان. لۇڭشى بېگى يۈەن خې چوڭقۇر بۇددىزم ئىدىيىسى بىلەن «رەسىملىك چىخۆەن بۇتخانا خاتىرىسى» دېگەن ئالتە جىلدلىق كىتابنى يازغان. جاۋ رۇ بۇ كىتابقا ئىزاھ يازغان. ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە ئۆز ۋاقتىدىكى



داڭلىق راھىبلار ئاپىرىن ئېيتقان. جاۋ رۇنىڭ بۇ كىتابنى ئاساس قىلىپ يازغان بېغىشلىما، مەدھىيىلىرى ئەلدە كەڭ تارقالغان.

ئوغلى جاۋ مو، يەنە بىر ئىسمى جاۋ چۇڭمىڭ، ۋۇۋېي ۋالىيسى بولغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 4 ـ توم، 1269 ـ بەت)

سو چاڭ، يەنە بىر ئىسمى سو جۈجېن، دۇنخۇاڭلىق. ئۇ ليۇ يەنمىڭغا يارdەملىشىپ بالا ئوقۇتقان. كلاسسىكلارنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، ليۇ يەنمىڭنىڭ بىلىملىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا تولۇق ئۆگەتكەن. لياڭجۇ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، كۇڭزىچىلىق تەلىماتىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن شىمالىي ۋېي ئوردىسىغا كىرىپ ئوركانبەگ بولغان. پايتەختتىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ باللىرى ئۇنىڭ نوپۇزى ۋە سۈرىدىن تەپتارتاتتى ھەم ئۇنى ئىززەتلەيتتى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن خېلى كۆپ ئادەم ئالىملار قاتارىغا قوشۇلۇپ، نەچچە ئون كىشى دىۋان بېگى، چوپاندار، ۋالىي بولغان. سوچاڭ ھازا كىيىملىرى تۈزۈمى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆپ ماقالىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق «ھازا كىيىملىرى ھەققىدە مۇھىم خاتىرە» دېگەن كىتابنى يازغان. ئۇ فۇفېڭ [13] غا ۋالىي بولغاندا، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ، دەپىئى ـ دۇنيا توپلىمىغان، خىزمەت ئۈستىدە ئۆلگەن. ئۇنىڭ دوستلىرى ۋە شاگىرتلىرى ئۇنىڭغا مەرتىۋە بېرىشنى تەلەپ قىلغان. پادىشاھ لياڭجۇ ئايماق بېگى دېگەن مەرتىۋىنى، «شيەنگوڭ» دېگەن ئاتاقنى بەرگەن.

بۇرۇن سوچاڭ بىلەن يۇرتدىشى يىن شىلۇڭ دوست بولۇشقانىدى. يىن شىلۇڭ پايتەختكە بارغاندىن كېيىن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، خېلۇڭغا [14] سۈرگۈن قىلىنىدى. شاڭگۇ [15] غا بارغاندا قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ مەنزىلگە يېتىپ بارالمىدى. شۇ يەرلىك شۇ نىڭ دېگەن كىشى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قۇل قىلدى. سو چاڭ شاڭگۇغا بارغاندا، يىن شىلۇڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىككىيلەن يىغلاپ ئايرىلىشتى. سو چاڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىغا ئەرز سۇندى، قايتا تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە يىن شىلۇڭ كەچۈرۈم

قىلىندى. يىن شىلۇڭنىڭ ئوغلى يىن مېڭگۈي ۋاپادار بالا ئىدى. ئەتىگىنى ئاتىسىغا سالام بېرىپ ئىتىزغا ماڭاتتى، ئېتىزدىن قايتىپ كەلگەندە، يەنە سالام بېرەتتى. يۇرتتىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى.

سۇڭ ياۋ، يەنە بىر ئىسمى سۇڭ تىيې، دۇنخۇاڭلىق. ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد جاڭ جەمەتىدىكىلەر ⑯ نىڭ قول ئاستىدا ئەمەل تۇتۇپ كەلگەن. ئاتىسى سۇڭ لياۋ جاڭ شۈەنجىڭنىڭ ۋۇشىڭ ۋالىيسى بولۇپ، سۇڭ ياۋ تۇغۇلغاندا، جاڭ يۈڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. سۇڭ ياۋ بەش يېشىدا ئانىسىدىن يېتىم قالدى. ئۇ ھاماچىسى جاڭ ئاغىچىغا ۋاپادار ئىدى. ئۇ سەككىز ياشقا كىرگەندە جاڭ ئاغىچا ئۆلدى. ئۇنىڭ جاڭ ئاغىچىغا تۇتقان ھازىسى بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە سۇڭ ياۋ ھاياجانلىنىپ، سىڭلىسىنىڭ ئېرى جاڭ يەنگە: «ئائىلىمىز ۋايران بولدى، يۈك مېنىڭ زىممەمگە چۈشتى. ئەگەر غەيرەتكە كېلىپ، مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستۈمگە ئالمىسام، ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ ئىشلىرىغا قانداق ۋارىسلىق قىلالايمەن» دەپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ جيۇچۈەنگە بېرىپ ئۇستاز تېپىپ ئۆگەندى. ئۆيدىن چىقماي كېچە ـ كۈندۈز كىتاب ئوقۇدى ۋە تەتقىق قىلدى. لۇ گۇاڭ دەۋرىدە خەلپەتلىككە سايلىنىپ كاتاۋۇللۇققا تەيىنلەندى. كېيىن، دۈەن يېنىڭ يېنىغا بېرىپ چەۋەنداز مەھرەم بولدى. دۈەن يېنى يىراقنى كۆرەلمەيدىكەن دەپ، غەربكە — لياڭجۇدىكى غەربىي لياڭ خانى ۋۇجاۋۋاڭنىڭ يېنىغا كەتتى. ئۇ مۇھىم مەنسەپلەردە بولدى، لېكىن ئارتۇق مال ـ بىساتى يوق ئىدى. كىتاب ئوقۇش، تەپسىر ئېيتىشنى ئۇرۇش مەزگىللىرىدىمۇ توختاتمايتتى. ھەر قېتىم ئۆيىگە ئەھلى ئىلىمەر كەلسە، ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالاتتى. ھەتتا ئالدىراپ كېتىپ كەشىنى تەتۈر كىيىپ قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان. مېھمان بىلەن كىتاب ھەققىدە كلاسسىكلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ پاراڭلىشاتتى. ۋەزىيەتنى چۈشىنەتتى، ۋەزىيەتكە جايىدا ھۆكۈم قىلالايتتى.

جۇرچى مونسۇن جيۇچۈەننى تىنچىتقاندا، سۇڭ ياۋنىڭ ئائىلىسى ئاران نەچچە مىڭ پارچە كىتاب، نەچچە ئون كۈرە گۈرۈچكىلا ئېرىشتى. جۇرچى مونسۇن تەسىرلەنگەن ھالدا: «مەن لى جەمەتىنى ⑰ يەڭگىنىمگە



ئەمەس، سۇڭ ياۋغا ئېرىشكىنىمگە خۇش» دەپ، سۇڭ ياۋنى ئەمەل ـ مەنسەپ دىۋان بېگىلىككە تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا مەنسەپدارلارنى تالالاپ ئۆستۈرۈش ئىشىنى ھاۋالە قىلدى. جۇرچى مونسۇن ئۆلۈش ئالدىدا، ئوغلى جۇرچى مۇقاننى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. جۇرچى مۇقان ئۇنى سول قول ۋەزىر قىلدى. ئۇنىڭ سىڭلىسى مەلىكە شىڭپىڭنى پايتەختكە ئالدۇرۇپ كەلدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ئۇنى خىشى بېگىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى قىلىپ، ئۇنىڭغا چىڭشۈي گۈڭى دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. لياڭجۇنى تىنچىتقاندىن كېيىن، سۇڭ ياۋ جۇرچى مۇقانغا ئەگىشىپ پايتەختكە باردى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، «ئىززەتلىك تۆرە» دېگەن ئاتاق بېرىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 4 ـ توم، 1270 — 1271 ـ بەتلەر)

---

① ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندى (魏孝文帝) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى. مىلادىيە 471 — 499 ـ يىللىرى پادىشاھ بولغان. ئۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىنى پىڭچېڭ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ داتۇڭ شەھىرى) دىن لوياڭغا كۆچۈرگەن ھەمدە بىر يۈرۈش ئىسلاھات سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، سيانپىيلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

(«ۋېينامە. پادشاھ گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن)

② ليۇ جۈن (刘准) — سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى. پادىشاھلىق نامى شۈندى. مىلادىيە 477 — 479 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان.

(مۇھەررىردىن)

③ يۈەنچۈەن (渊泉) — ناھىيە. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ئەنشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىگە 120 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.

(مۇھەررىردىن)

④ گۇرزىدار ( 执金吾 ) — پايتەخت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.

(«تارىخنى ئەمەل ناملىرى» دىن)

⑤ زاڭ زىيۈەن ( 臧子源 ) — شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن ئادەم. ئۇ تۆھپە خاتىرىلىگۈچى بەگ بولۇپ ئىشلىگەندە كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن.

(مۇھەررىردىن)

⑥ لەشكىرىي ئىشلار مىنىستىرى ( 兵部尚书 ) — لەشكىرىي ئىشلارغا مەسئۇل ئەمەلدار بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەربىي ئەمەلدارلارنى تاللاپ تەيىنلەش ئىشلىرىنى، ھەربىي ياراغلارنى باشقۇراتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 287 ـ بەت)

⑦ پالنامە ( 易经 ) — كۇڭزىچىلارنىڭ مۇھىم دەستۇرلىرىدىن بىرى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جۇ سۇلالىسىدىكى بىرەيلەن يازغانىكەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 200 ـ بەت)

⑧ قىبىۇ چىپان ( 乞伏炽盘 ) — غەربىي چىن خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد خانى، سىيانپىيلاردىن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3080 — 3081 ـ بەتلەر)

⑨ مۇگۇي ( 慕瑰 ) — تۇيغۇنلار خانى، مۇلىيامىنىڭ ئاكىسى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3180 ـ، 1382 ـ بەتلەر)

⑩ يازغۇچى بەگ ( 著作郎 ) — دۆلەتنىڭ تارىخىنى يېزىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئەمەلدار.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 589 ـ بەت)

⑪ گاۋ يۈن ( 高允 ) — ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاغلىق ئالىم ۋە ئەمەلدار.



(مۇھەررىردىن)

⑫ كۇڭمىڭ ( 孔明 ) — ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى شۇ پادىشاھلىقىنىڭ باش ۋەزىرى جۇگې لياڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى؛ شۇەندې ( 玄德 ) — ليۇ بېينىڭ نامى.

(مۇھەررىردىن)

⑬ فۇفېڭ ( 扶风 ) — قەدىمكى ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى لىنيۇ، چيەنشيەن ناھىيىلىرىنىڭ غەربى، چىنلىڭ تېغىنىڭ شىمالىي رايونلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 668 ـ بەت)

⑭ خېلۇڭ ( 和龙 ) — قەدىمكى شەھەر. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى جاۋياڭ شەھىرىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1739 ـ بەت)

⑮ شاڭگۇ ( 上谷 ) — قەدىمكى ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى جاڭجياكۇ ئەتراپىدىكى كىچىك ۋۇتەي تېغىنىڭ شەرقى، چىچېڭ، يەنچىڭ ناھىيىلىرىنىڭ غەربى، چاڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 170 ـ بەت)

⑯ جاڭ جەمەتى ( 张氏 ) — ئالدىنقى لياڭ خانلىقىنىڭ ئاتا خانى جاڭ شى جەمەتىنى كۆرسىتىدۇ. جاڭ شۈەنجىڭ ئالدىنقى لياڭ خانلىقىنىڭ 6 ـ ئەۋلاد خانى.

(مۇھەررىردىن)

⑰ لى جەمەتى ( 李 氏 ) — غەربىي لياڭ خانلىقىنىڭ ئاتا خانى لى خاۋ جەمەتىنى كۆرسىتىدۇ.

(مۇھەررىردىن)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 37 ـ جىلد

# خەن ماۋنىڭ تەرجىمىھالى

خەن ماۋ 17 يېشىدا كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتە ئادەتتىكى كىشىلەرنى بېسىپ چۈشەتتى. ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا بەك ئۇستا ئىدى. ۋېي پادىشاھى مىڭيۈەندى ① دىڭلىڭلاردىن جەيمېڭغا شەخسەن ئۆزى يۈرۈش قىلغاندا، خەن ماۋ قوشۇننىڭ بايراقدارى بولغان. شۇ چاغدا بوران چىقىپ كېتىپ، باشقا قوشۇنلارنىڭ بايراقلىرى يىقىلغان. خەن ماۋ ئات ئۈستىدە تۇتقان بايراق پەقەت يىقىلمىغان. پادىشاھ ھەيران بولۇپ ئۇنى سورىغان ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە: «بۇ ئىشنى خاتىرىلەپ قويۇڭلار» دېگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، پادىشاھ ئۇنى ۋاقىتلىق بارگاھقا يۆتكەپ بېرىپ، ئارسلان سانغۇن ② قىلىپ تەيىنلىگەن.

كېيىن ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدىغا ئەگىشىپ قۇلان چاغىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، قۇلان چاغىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، پۈيىن ۋىكوندى دېگەن مەرتىۋە بېرىلىپ، ھارۋا ياساۋۇللىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ يەنە پادىشاھقا ئەگىشىپ تۇڭۋەننى ئېلىپ، لياڭجۇنى تىنچىتتى. خەن ماۋ ھۇجۇم قىلغانلا يەردە دۈشمەنلەر ئۇنىڭ ئوقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۇ ئوردا ياساۋۇل بېگىلىكىگە ئۆستۈرۈلدى، جيۈمېن بېگى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشتى. كېيىن پادىشاھقا ئەگىشىپ جورجانلارغا لەشكەر تارتىپ، كۆپ قېتىم زور غەلىبىگە ئېرىشتى. لىيپىڭ بېگى توغبات پى بىلەن خېلۇڭغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، تۇرشاۋۇل سانغۇن بولۇپ، ئەڭ كۆپ خىزمەت كۆرسەتتى. شۇڭا، ئوردا مۇھاپىزەتچى بېگىلىكىگە ئۆستۈرۈلدى.



ئىلگىرى ـ كېيىن كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ، چەۋەنداز مەھرەم ۋە ئوردا ئىشلىرى ۋازارىتىنىڭ دىۋان بېگىلىكىگە تەيىنلەندى. مەرتىۋىسى ئەندىڭ گۇڭلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. شۆيۈڭزۇڭ، گەي ۋۇلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، زىندان بېگىلىكىگە يۆتكەلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 5 ـ توم، 1349 — 1350 ـ بەتلەر)

پى داۋمىڭ ③ نىڭ 8 ـ ئىنىسى پى خۈەنشى ئابرويلۇق ۋەزىرنىڭ ئوغلى بولغانلىقتىن، ۋېي پادىشاھى ۋېنچېڭدى ئۇنى شىغاۋۇللۇققا ئۆستۈرۈپ، باش ياساۋۇللۇققا يۆتكىدى. ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، تۇيغۇنلارنىڭ شىيىن قەبىلىسى قەھەتچىلىكتە قېلىپ، جياۋخې ④ رايونىنى بۇلىدى. پادىشاھ ئۇنى كۆن پېتىشنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، گۇاڭچۈەن گۇڭى بولۇپ شاڭداڭ بېگى جاڭسۈن گۈەن بىلەن بىللە شىيىنغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى. پى خۈەنشىنىڭ ئاتىسى پى باۋزى بۇرۇن چۈچېغا تۇرغاۋۇل بولۇپ ئابروي قازانغان ئادەم بولغاچقا، پى خۈەنشى يارلىق تەمتىكى تۇتقۇچى، شىغاۋۇل، چىنجۇ، يۈڭجۇ ⑤، جىڭجۇ ⑥، لياڭجۇ ⑦، يىجۇ ⑧ ئايماقلىرىنىڭ ھەربىي تۇتۇقى، سانغۇن، چارپىانسات، چۈچېنىڭ تۇرغاۋۇلى قىلىپ تەيىنلەندى. كۆن پېتىشنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، گۇاڭچۈەن گۇڭى دېگەن ئەمەل، مەرتىۋىلىرى تۇرۇۋەردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 5 ـ توم، 1352 ـ بەت)

فېڭ چىۋېن شىگۇاڭ (مىلادىيە 424 — 428 ـ يىللىرى) نىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئوتتۇرا دورغاپ ئىدى. كېيىن غەربىي قىسىم دىۋان بېگىلىكىگە، تاشقىرىدا يارلىق تەمتىكى تۇتقۇچى، چارپىانسات، غەربتىكى يات قوۋملارنى قوغدىغۇچى چېرىكچى ⑨، چىنجۇ، يىجۇ ئايماقلىرىنىڭ بېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە

تەيىنلەندى. تيەنشۈي گۇڭى دېگەن مەرتىۋە بېرىلىپ، شاڭگۈي ⑩ رايونىنى ساقلىدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى فېڭ چۈۋېننى فۇخەنگە بېرىپ تۈيغۇنلاردىن مۇلىيامىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى شىگۈيگە زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى. فېڭ چۈۋېننىڭ ئادىمى ئازلىق قىلىپ كۈچى يەتمىگەندە، پادىشاھ گۇاڭچۇەن گۇڭى پى خۇەنشىنىڭ ۋە يى ۋۇتۇنىڭ ئىككى قوشۇنىغا لۇگىيۇدا فېڭ چۈۋېن بىلەن ئۇچرىشىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. قوشۇن ۋۇشىغا يېتىپ بارغاندا، شىگۈي كېچىدە قېچىپ كەتتى. فېڭ چۈۋېن لەشكەر باشلاپ فۇخەنگە بېرىپ، شىگۈينىڭ خوتۇنى ۋە بالا ـ چاقىسىنى ئەسىرگە ئېلىپ، 1000 ئۆيلۈك ئادەمنى شاڭگۈيغا كۆچۈردى. يى ۋۇتۇنى فۇخەننى ساقلاشقا قويدى.

جىنچېڭلىق بيەن جيۇڭ، تيەنشۈيلۈك ⑪ لياڭ خۇيلار ئاسىيلىق قىلىپ، شاڭگۈينىڭ شەرقىي شەھىرى بىلەن جەنۇبىي شەھىرىنى بېسىۋالدى ۋە غەربىي شەھەرگە قىستاپ كەلدى. فېڭ چۈۋېن بالدۇرلا ئامالىنى قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەن چېكىندى. بيەن جيۇڭ لياڭ خۇيلار شەھەرگە يەنە ھۇجۇم قىلدى، چاڭلاردىن 10 مىڭ كىشى جەنۇبىي چوققىغا، شيۇگۇەن ⑫، تۇق ⑬ ۋە باشقا قەبىلىلەردىن 20 مىڭ كىشى شىمالىي چوققىغا ئورۇنلىشىپ، بيەن جيۇڭ قاتارلىقلارغا مەدەت بەردى. فېڭ چۈۋېن لەشكەرلەرنى پەم بىلەن ئىشقا سېلىپ، دۈشمەننى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ھەم بيەن جيۇڭنى ئۆلتۈردى. ھەممەيلەن يەنە لياڭ خۇينى يولباشچى قىلىپ كۆرسەتتى. ئەنفېڭ گۇڭى لۇگېن لەشكەر باشلاپ فېڭ چۈۋېنغا ياردەم بەردى. فېڭ چۈۋېن پادىشاھتىن يەنە ياردەم سوراشقا تەمشىلىۋىدى، ئۇلگۇرەلمىدى. لياڭ خۇي قاچماقچى بولدى. ئەسلىدە فېڭ چۈۋېن شەرقىي شەھەرنىڭ سىرتىغا خەندەك كولىتىپ، دۈشمەننىڭ قاچىدىغان يولىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتكەنىدى. يېرىم كېچىدە، لياڭ خۇي خەندەككە شوتا قويۇپ قاچتى. فېڭ چۈۋېن بالدۇرلا لەشكەر باشلاپ بېرىپ، خەندەكنىڭ ئۇ تەرىپىدە كۈتۈپ



تۇرغانىدى. ئۇ قاچقان دۈشمەننى توسۇۋالدى، ئاخشامدا باشلانغان جەڭ تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى. فېڭ چۈۋېن كۆپچىلىككە: «قورشاۋدا قالغان يىرتقۇچ ھايۋانمۇ جان تالىشىپ باقىدۇ، ئادەم ئۇنداق قىلماي قالامدۇ» دېدى ۋە ئاق تۇغنى چىقىرىپ، ئەل بولغانلارغا ئۆلۈم يوق، دەپ بىشارەت بەردى. شۇ ھامان 600 دىن ئوشۇق ئادەم تەسلىم بولدى. لياڭ خۇي ئادەملەرنىڭ نىيىتى بىردەك ئەمەسلىكىنى پەملەپ، بۆلۈنۈپ قاچتى. فېڭ چۈۋېن ئاتلىق لەشكەرلەرگە قورقماي چەيلەڭلار، دەپ بۇيرۇق بەردى. دۈشمەننىڭ تەڭدىن تولىسى ئات ئاستىدا ئۆلدى.

لياڭ خۇي تۇپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكتىن، لۆياڭ بېگى يۈەن دا ئادەم تۇپلاپ شاڭگۈيگە ھۇجۇم قىلدى. شيۇگۇەن، تۇق قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە رام قىلىپ، تيەنشۈيدىكى شيۇگۇەن بېگى گۇەن شىڭنى چىن زېمىنىغا بەگ قىلىپ تىكلىدى. فېڭ چۈۋېن لىنخۇەي گۇڭى موجېن بىلەن بىللە ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 5 ـ توم، 1353 — 1354 ـ بەتلەر)

لۇلوخەن دىيانەتلىك ئادەم ئىدى. 20 يېشىدا ئايماق ـ ۋىلايەتلەردە ھەربىي ئىشلار خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقتىدىلا نامى چىققانىدى. ئاتىسى لۇۋېن چىنجۇ ئايمىقىغا ئەمىرلەشكەر بولغاندا، ئاتىسىنىڭ خىزمىتىدە بولدى. لۇگىيۇدىكى دىلاردىن ياڭ نەنداڭ شاڭگۈيغا بېسىپ كىرگەندە، شاڭگۈينى ساقلاپ ياتقان سەركەردە يۈەن يىتۇ لۇلوخەننىڭ ئوقيا ئېتىشتا ئۇستىلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزى بىلەن بىللە غەربىي شەھەرنىڭ سېپىلىگە چىقىرىپ دۈشمەننى ئاتقۇزدى. ئۇ ياڭ نەنداڭنىڭ قول ئاستىدىكى نۆكەر ۋە لەشكەردىن 23 نى ئېتىپ ئۆلتۈردى. دۈشمەنلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەندە، لۇلوخەن: «ھازىر بېرىپ دۈشمەننى قىرمىساق، دۈشمەنگە تومۇرىمىزنى تۇتقۇزۇپ قويىمىز» دېدى.

يۈەن يىتۇ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلدى. 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى تاللاپ، لۇلوخەننى جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلارغا ھېچقانداق دۈشمەن تەڭ كېلەلمىدى، ياڭ نەنداڭ ھەيران قالدى. دەل شۇ چاغدا، ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. خەتتە ئۇنى ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتتىڭ، دەپ ئەيىبلىگەنىدى. ياڭ نەنداڭ چۆچۈپ قايتىپ كەتتى. يۈەن يىتۇ جەڭ ئەھۋالىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ لۇلوخەننى ياساۋۇل بېگىلىكىگە ⑭ يۆتكىدى.

شاڭگۇي ئامبىلى لۇفېڭ، تۇق ۋاڭى فېيلۇ قاتارلىقلار مۇھىم جاينى ئىگىلىۋېلىپ، ئاسىيلىق قىلدى. لۇلوخەن پادىشاھ تەيۋۇدىنىڭ يارلىقى بىلەن يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى تۇتۇۋالدى. كېيىن، ئۇ يەنە پادىشاھقا ئەگىشىپ شۈەنخۇغا ⑮ يۈرۈش قىلدى. خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ياساۋۇللار بېشى ⑯، ئەلەمدار سانغۇن ۋەزىپىلىرىگە ئۆستۈرۈلدى. ۋۇچېڭ ۋىكوندى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. نەنئەن بېگى توغبات يۇ ⑰ تەختكە ئولتۇرغاندا، لۇلوخەن ئوردىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. پادىشاھ ۋېنچېڭدى⑱ تەختكە چىققاندا كۈچ چىقاردى. شۇڭا پادىشاھ ۋېنچېڭدى ئۇنى ئۇچقۇر ئەجدىھا سانغۇن دېگەن ۋەزىپىگە قويدى. ئەلەمدار سانغۇنلۇق ۋەزىپىسى تۇرۇۋەردى. مەرتىۋىسى يېۋاڭ بېگىلىككە ئۆستۈرۈلۈپ، قورۇقچى بەگلىككە تەيىنلەندى. چەۋەنداز مەھرەم، ئوردا دىۋان بېگىلىككە ئۆستۈرۈلدى. مەرتىۋىسى شەنياڭ گۇڭلۇققا ئۆستۈرۈلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، كۆن پېتىشنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، چىنجۇ، يىجۇ ئىككى ئايماقنىڭ ئايماق بېگى بولدى. شۇ چاغدا چۆچىدىكى دى - چاڭ قەبىلىلىرى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، لوگۇ جىلغىسىغا ⑲ بېسىپ كەلگەنىدى. لوگۇنى ساقلاپ ياتقان سەركەردە ۋۇباۋيۈەن بەيچېڭغا قېچىپ بېرىپ، لۇلوخەندىن ياردەم تىلىدى. لۇلوخەن پىيادە ۋە ئاتلىق لەشكەرلەرنى باشلاپ،



شاڭداڭ بېگى جاڭسۈن گۈەننىڭ باشلامچىلىقىدا دى - چاڭلارغا بۆكتۈرمە قويۇپ زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. دۈشمەنلەر تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. پادىشاھ لۇلوخەننى يارلىق بىلەن رىغبەتلەندۈردى. جىڭجۇ ⑳ لۇق جاڭ چياڭلاڭ 1000 دەك ئادەمنى توپلاپ توپىلاڭ كۆتۈردى. جىڭجۇ قوشۇنى ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بويسۇندۇرالمىدى. لۇلوخەن ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، ئۇنى تۇتۇۋالدى. چۆچىدىكى ئاسىيلىق قىلغان چاڭلارنىڭ كاتتىلىرى چيۇڭلىيەن، فۇشىنلار سۇڭ سۇلالىسى بەرگەن مەرتىۋە، تۆمۈر يارلىقنى قوبۇل قىلدى. لۆياڭ گۇڭى فۇئانۇ باش سانغۇن بولۇپ لۇلوخەن بىلەن بىللە يۈرۈشكە ئاتلاندى. بارغانلا يېرىدە دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، چيۇڭلىيەن، فۇشىن قاتارلىقلارنى تۇتۇۋالدى.

چىنجۇ، يىجۇنىڭ يەر تۈزۈلۈشى خەتەرلىك، يولى يىراق ئىدى. جەنۇب تەرىپى چۆچى بىلەن، غەرب تەرىپى چىڭشۈي دەرياسى ㉑ بىلەن تۇتىشاتتى. چاڭلار خەتەرلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ كۆپ قېتىم توپىلاڭ كۆتۈرگەنىدى. لۇلوخەن ئۇ يەرگە بارغاندىن باشلاپ، نوپۇزغا تايىنىپ ئاتىدارچىلىق قىلغانلىقتىن، رۇڭلار مىننەتدار بولۇپ، پۈتۈن رايوندا تىنچلىق ئورنىدى. ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندى ئۇنى يارلىق بىلەن ماختىدى ۋە تەپتىش بېگى قىلىپ يۆتكىدى. ئۇ تەكشۈرۈپ نۇرغۇن ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. مەنسەپ ئورنىدا ئۆلدى. «جۇاڭگۇڭ» دېگەن نام بېرىلدى.

( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 5 - توم، 1355 — 1356 - بەتلەر)

شى كاڭشېڭ ياش چېغىدا باتۇر، جەڭگىۋار ئىدى. ئۇ ئوقيا ئاتقاندا 10 دادەنلىك كۈچىنەلەيتتى، ئىشلىتىدىغان ئوقى ئادەتتىكىگە ئوخشىمايتتى، شۇ زامان كىشىلىرى ئۇنىڭغا قايىل ئىدى. تەيخې يىللىرى (مىلادىيە 477 — 498 - يىللىرى) نىڭ

باشلىرىدا جورجانلار كۆپ قېتىم پاراكەندىچىلىك سالدى. شى كاڭشىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنغا باش بولدى. ئۇنىڭ پالۋانلىقى مەشھۇر بولغاچقا، يەنە پادىشاھ جەمەتىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇنغا باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندىغا ئەگىشىپ، جۇڭلىغا ㉒ جازا يۈرۈشى قىلدى. پادىشاھ تۇيۇقسىز ئارقىسىغا يېنىپ خۇەيخې دەرياسىدىن ئۆتتى. بەش سانغۇن بۇنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. چى سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى خۇەيخې دەرياسىدىكى كىچىك ئارالنى ئىگىلەپ، سۇ يولىنى ئۈزۈۋەتتى. پادىشاھ شياۋۋېندى كىمكى ئارالدىكى قاراقچىلارنى تارمار كەلتۈرسە، شۇنىڭغا جىڭجۇ سانغۇنى مەرتىۋىسىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شى كاڭشىڭ پىداكارلىق بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ساللارنى بىر - بىرىگە چېتىپ، ئۈستىگە ئوتۇن - ياغاچ دۆۋىلەپ، ئاندىن شامال يۆنىلىشىگە بېقىپ ئوت قويۇۋەتتى. قاراقچىلارنىڭ كېمە - قولۋاقلىرىغا ئوت تۇتاشتى. شى كاڭشىڭلار ئىس - تۈتەكنىڭ دالدىسىدا ئارالغا چىقتى - دە، راسا قىر - چاپ قىلدى. قاراقچىلارنىڭ نۇرغۇنلىرى دەرياغا سەكرەپ تۇنجۇقۇپ ئۆلدى. بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن شى كاڭشىڭ جىڭجۇ سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 5 - توم، 1359 — 1360 - بەتلەر)

---

① ۋېي پادىشاھ مىڭيۇەندى ( 魏明元帝 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد پادىشاھى. ئىسمى توغبات سى، توغبات گۇينىڭ چوڭ ئوغلى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 25 - بەت)

② ئارسلان سانغۇن ( 武贲郎将 ) — ئوردا مۇھاپىزەتچى سانغۇنى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2004 - بەت)

③ پى داۋمىڭ ( 皮道明 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ



سەركەردىسى پى باۋزىنىڭ ئوغلى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1352 - بەت)

④ جياۋخې ( 浇河 ) — قورغان نامى. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا تۈيغۇنلار تەرىپىدىن سېلىنغان. ئورنى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى گۇيدې ناھىيىسىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 927 - بەت)

⑤ يۇڭجۇ ( 雍州 ) — ئايماق. دائىرىسى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 360 - بەت)

⑥ جىڭجۇ ( 荆州 ) — ئايماق. دائىرىسى ھازىرقى خۇبېي، خۇنەن ئۆلكىلىرى ۋە خېنەن، گۇيجۇ، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى ئۆلكىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كېيىنكى دەۋرلەردە بارا - بارا تارىيىپ كەتكەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 187 - بەت)

⑦ لياڭجۇ ( 梁州 ) — ئايماق. دائىرىسى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى چىنلىڭ تېغىنىڭ جەنۇبى، زىۋۇ دەرياسى ۋە رېنخې دەرياسىنىڭ غەربى؛ سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى چىڭچۈەن، جياڭيۇ، جۇڭجياڭ، سۈينىڭ، بىشەن، چىجياڭ ناھىيىلىرىنىڭ شەرقى، داشى، فېنشۈي دەريالىرىنىڭ غەربى ۋە گۇيجۇ ئۆلكىسىدىكى تۇڭزى، جېڭئەن ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1308 - بەت)

⑧ يىجۇ ( 益州 ) — ئايماق. دائىرىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ۋۇدۇ، لياڭداڭ ناھىيىلىرى؛ شەنشى ئۆلكىسىدىكى چىنلىڭ تېغىنىڭ جەنۇبى؛ سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى جىيدۇ تېغى، يۈننەن ئۆلكىسىدىكى نۇشەن، ئەيلاۋ تاغلىرىنىڭ شەرقى؛ خۇبېي ئۆلكىسىدىكى يۈنشيەن، باۋكاڭ ناھىيىلىرىنىڭ غەربىي شىمالى ۋە گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ

شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 295 ـ بەت)

⑨ چېرىكچى ( 校尉 ) — مەرتىۋىسى سانغۇندىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغان ئەمەلدار. كېيىن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدارمۇ چېرىكچى دەپ ئاتالغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1301 ـ بەت)

⑩ شاڭگۇي ( 上 ) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى تيەنشۇي شەھىرى تەۋەسىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 170 ـ بەت)

⑪ تيەنشۇي ( 天水 ) — ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەنشۇي، چىنئەن، گەنگۇ قاتارلىق جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1223 ـ بەت)

⑫شيۇگۇەن ( 休官 ) — قەدىمكى قوۋم.
(مۇھەررىردىن)

⑬ تۇق ( 屠各 ) — خەنزۇچە مەنبەلەردە 《休屠》 دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھونلارنىڭ بىر تارمىقى.
(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 1026 ـ بەت)

⑭ ياساۋۇل بېگى ( 羽林郎 ) — پادىشاھنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ باشلىقى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1939 ـ بەت)

⑮ شۈەنخۇ ( 悬瓠 ) — قەلئە. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى لوخې شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 ـ دەپتەر، 9 — 10 ـ بەتلەر)

⑯ ياساۋۇللار قۇر بېشى ( 羽林中郎将 ) — پادىشاھنىڭ



مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى بولۇپ، مەنسىپى ياساۋۇل بېگىدىن يۇقىرى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1039 ـ بەت)

⑰ نەنئەن بېگى توغبات يۈ ( 南安王余 ) — ۋېي پادشاھى تەيۋۇدى توغبات تاۋنىڭ 6 ـ ئوغلى. دەسلەپتە ئۇنىڭغا ۋۇ بېگى دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن. كېيىن نەنئەن بېگى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. تەيۋۇدى كېسەل بىلەن ئۆلگەندە ھۆدەيچى زوڭ ئەي خانئانىنىڭ نامىنى سېتىپ، ئۇنى ئەكېلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويغان. ئۇزاق ئۆتمەي زوڭ ئەي ئۇنى ئۆلتۈرگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 621 — 622 ـ بەتلەر)

⑱پادىشاھ ۋېنچېڭدى ( 文成帝 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ 4 ـ ئەۋلاد پادىشاھى توغبات رۇي. ئۇ تەيۋۇدىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، مىلادىيە 452 — 465 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 64 ـ، 73 ـ بەتلەر)

⑲ لوگۇ جىلغىسى ( 骆谷 ) — 400 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان ئۇزۇن جىلغا بولۇپ، ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى جۇجى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1142 ـ بەت)

⑳ جىڭجۇ ( 泾州 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جىڭچۇەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 728 ـ بەت)

㉑ چىشۇي دەرياسى ( 赤水 ) — شەنشى ئۆلكىسىدىكى يىچۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن ئۆتۈپ، خۇاڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 414 ـ بەت)

㉒ جۇڭلى ( 钟离 ) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى فېڭياڭ ناھىيىسى ئەتراپىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1700 ـ بەت)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 38 ـ جىلد

## پېيى جۇنىڭ تەرجىمىھالى

ئۆز ۋاقتىدا تۈركلەر كۈچلۈك ئىدى. دولان قاغان دايى مەلىكىنى، يەنى شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى يۈۋېنچيەننىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ سۇي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى كۆپ قېتىم پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىدى. دايى مەلىكە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ تۈركلەر يېرىگە بارغان غۇز بىلەن زىنا قىلدى، بۇ ئىشنى ھەممىدىن ئاۋۋال جاڭسۇن شېڭ پاش قىلدى. پېيى جۇ ئەلچى بولۇپ دولان قاغاننى كۆندۈرۈشكە بېرىپ، مەلىكىنى قاتتىق جازالاشنى سورىدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. نەتىجىسى ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك بولدى. دايى مەلىكە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دولان قاغان بىلەن تولىشاد قاغان دۈشمەنلىشىپ قېلىپ، جەڭگى ـ جېدەل چىقتى. چېگرىدىكى قورغانغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تەيپىڭ گۇڭى شى ۋەنسۈينى يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باشبۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، دىڭشياڭدىن ① يول ئالدۇردى. پېيى جۇنى يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ دورغىپى قىلىپ، شى ۋەنسۈي بىلەن بىللە چېگرا سىرتىدا تاردۇش قاغاننى مەغلۇپ قىلىشقا ئەۋەتتى. شى ۋەنسۈي ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، تاردۇش قاغاننى مەغلۇپ قىلىش تۆھپىسى تەقدىرلەنمىدى. بۇمىن قاغان يېڭى بەيئەت قىلغانلىقتىن، سۇي پادىشاھى ۋېندى پېيى جۇنى ھال سوراشقا ئەۋەتتى. پېيى جۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دىۋان بېگىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولدى.



شۇ يىلى، سۇي پادىشاھى ۋېندىنىڭ شيەن خانىشى ئۆلدى. مۇراسىم بېگى قائىدە ـ يوسۇن كۆرسىتەلمىدى. پېيى جۇ بىلەن نيۇخۇڭ، لى بەيياۋ قاتارلىقلار چى سۇلالىسىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەپ ـ قائىدە تۈزۈپ چىقتى. پېيى جۇ مەنسەپ پىرقىسىنىڭ ياندىش بېگىلىككە يۆتكەلدى. ئۇ تازا قاملاشتۇرۇپ ئىشلىدى. سۇي پادىشاھى ياڭدى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، شەرقىي پايتەختنى ياساتتى. پېيى جۇ يامۇل ياسىتىشقا مەسئۇل بولۇپ، 90 كۈندىلا پۈتتۈردى.

ئۆز ۋاقتىدا، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەردىن نۇرغۇن كىشىلەر جاڭيېگە بېرىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر بىلەن سودا قىلاتتى. سۇي پادىشاھى ياڭدى بۇ ئىشقا پېيى جۇنى مەسئۇل قىلدى. پېيى جۇ پادىشاھنىڭ يىراق جايلارغا بولغان كونتروللۇقنى ھەدەپ كېڭەيتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ جايلاردىن كەلگەن ھەر مىللەت كىشىلىرىدىن دۆلىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى سوراپ، ئۈچ جىلدلىق «غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالىدىن رەسىملىك خاتىرىلەر» نى ئورددىغا سۇندى. بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئاڭلىشىمچە، يۈ ② توققۇز ئايماقنى ③ بەلگىلەپ، خۇاڭخېنى راۋانلاشتۇرغان بولسىمۇ، جىشى تېغىنىڭ ④ نېرىسىغا ئۆتمىگەنىكەن؛ چىن سۇلالىسى ئالتە بەگلىكنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان بولسىمۇ، چېگرا مۇداپىئەسى ئاران لىنتاۋغىچە ⑤ بارغانىكەن. بۇنىڭدىن غەربتىكى مىللەتلەر يىراق جايلاردا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەدەپ ـ قائىدە توغرىسىدىكى تەلىملەرنىڭ ئۇ يەرلەرگە يېتىپ بارمىغانلىقىنى، كىتاب ـ كەلىمىلەرنىڭ كەمدىن ـ كەم يېتىپ بارغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. خەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى بويسۇندۇرغانىدى. بۇرۇن ئۇ يەردە ئىسمى بار ئەلدىن 36 سى بار ئىدى. كېيىن، بۆلۈنۈپ ـ پارچىلىنىپ 55 ئەل

پەيدا بولدى. شۇنداقتىمۇ چىرىكچى بەگ، قورۇقچى بەگ ⑥ قويۇلۇپ، داۋاملىق دالالەت قىلىنىپ كەلدى. لېكىن ئۇلار بىردە ئاسىيلىق قىلىپ، بىردە ئەل بولۇپ، ئارىدا نۇرغۇن جەڭلەر بولدى. كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، بۇ ئەمەلدارلار تولا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پەرغانىنىڭ شەرقىدىكى جايلارنىڭ نوپۇسىنى تەخمىنەن بىلسەكمۇ، ئۇ ئەللەرنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلمەي كەلدۇق. ئۇلارنىڭ نام ـ نەسەبى، ئۆرپ ـ ئادىتى، كىيىم ـ كېچەكى، ماددىي بايلىقى خاتىرىلەنگەن كىتاب يوق. بۇلارنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشۇپ، بىر ـ بىرىنى يەپ كەتكەن. گۈللىنىش، خاراپ بولۇش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. بەزىلىرىنىڭ زېمىنى بۇرۇنقى زېمىن بولسىمۇ، دۆلەت نامى ھازىرقىغا ئۆزگەرگەن. بەزىلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئىرقى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا بۇرۇنقى ئىرقىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. يەنە خۇاشىيالار ھەر قايسى قەبىلىلەر بىلەن گىرەلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، تەۋەلىكلىرى ئۆزگىرىپ كەتكەن. رۇڭلار بىلەن دىلارنىڭ تىلى تىلىمىزغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، ئۇ جايلارنىڭ ئىشلىرىنى تەلتۆكۈس ئېنىقلاش تەس. بۇرۇنقى تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئودۇننىڭ شىمالىدا، كۆكئارتنىڭ شەرقىدە 30 نەچچە ئەل بار ئىكەن. ئۇلار بىر ـ بىرىنى قىرىپ، بىر ـ بىرىنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەپ، ھازىر ئاران ئونى قالدى. قالغىنى يوقالدى، ۋەيران بولۇپ ھېچنېمىسى قالمىدى. خاتىرىلىگىلى بولمايدۇ.

پادىشاھ تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ. مەيلى خۇاشىيالار بولسۇن، مەيلى يات مىللەتلەر بولسۇن، دۆلەت تەۋەسىدە مەرىپەتنى خالىمايدىغان، قوبۇل قىلمايدىغان خەلق يوق. مەرىپەت يېتىپ



بارغان ئەللەردىن ئۇزۇندىن بېرى ئوردىغا يوللانغان ئولپانلار توسالغۇسىز يېتىپ كېلىۋاتىدۇ. يولنىڭ يىراق بولۇشى بىلەن توسۇلۇپ قالمىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا، چېگرا ئېغىزلىرىدىكى بازارلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغىنىم ئۈچۈن، كىتابلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ھەر مىللەت كىشىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇقالمىغان ئىشلارنى تەپسىلىي سوراپ، ئۇلارنىڭ كىيىنىش ـ ياسىنىش تۈزۈمى بويىچە پادىشاھ بىلەن ئادەتتىكى خەلقنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش ئوبرازىنى قەلەم بىلەن سۈرەتلەپ، ئۈچ جىلدلىق «غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالىدىن رەسىملىك خاتىرىلەر» نى يېزىپ چىقتىم. بۇ كىتاب 45 ئەلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خەرىتە سىزىپ، مۇھىم جايلارنى ئېنىق كۆرسەتتىم. غەربىي دېڭىزنىڭ شىمالىدىن بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىغىچە سوزۇلغان يەر ئاز كەم 20 مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. زىيارەت قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۆپنى كۆرگەن باي، چوڭ سودىگەرلەر بولغانلىقتىن، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئىشىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە بىلىدۇ. يەنە بەزى چەت ـ ياقا جايلارنىڭ ئەھۋالىنى زىيارەت قىلىپمۇ ئوقۇپ كېتەلمىدىم. قۇرۇق گەپنى ئاساس قىلىشقا بولمىغاچقا، ئاق تاشلاپ كەتتىم. لېكىن غەربىي خەن سۇلالىسىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسىگىچە غەربىي يۇرت ھەققىدە يېزىلغان تەزكىرىلەردە نەچچە ئون تۈتۈننىڭ باشلىقىمۇ ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان. ئىسمى بار، جىسمى يوق. مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئەللەرنىڭ ھەممىسىدە 1000 دىن ئارتۇق تۈتۈن بار، ئۇلار غەربىي دېڭىزغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشايدۇ. ئۇ يەرلەردىن نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر چىقىدۇ. تاغلىق رايونلاردا ئولتۇرىدىغانلارنىڭ ئەل نامى بولمىسا ياكى قەبىلىسى كىچىك بولسا، كۆپىنچىسى خاتىرىلەنمىگەن.

دۇنخۇاڭدىن غەربىي دېڭىز ⑦ غا بارىدىغان ئۈچ يول بار.

ھەممىسىدە تاغ ـ جىلغىلارنى ئايلىنىپ ماڭىدىغان خەتەرلىك يەرلەر بار: شىمالىي يول ئىۋىرغولدىن چىقىپ، باركۆل، تېلى قەبىلىسى، تۈرك قاغانى بارگاھىدىن، ئاندىن شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان دەريادىن ئۆتۈپ فەرەڭ دۆلىتىگە ⑧، ئۇ يەردىن غەربىي دېڭىزغا بارىدۇ؛ ئوتتۇرا يول قوچۇ، كىنگىت، كۈسەن، سۇلى ئارقىلىق كۆكئارتتىن ئېشىپ، ئاندىن پەرغانە، سۇرۇستان ⑨، سوغدىيانا، كېبۇت، خىۋە، بۇخارا، مائۇرادىن ئۆتۈپ، غەربىي دېڭىزغا بارىدۇ؛ جەنۇبىي يول پىشامشان، ئۇدۇن، جوجۇف ⑩، كاۋانتادىن چىقىپ، پامىردىن ئۆتۈپ، ۋاخان ⑪، توخرى، ھىبدال ⑫، باميان ⑬، جاگۇدا ⑭ دىن ئۆتۈپ، شىمالىي براھمانغا ⑮، ئۇ يەردىن غەربىي دېڭىزغا بارىدۇ. بۇ ئۈچ يولدىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ يولى بار. جەنۇبىتىكىلەر بىلەن شىمالدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا يول راۋان، غەربىي دېڭىزنىڭ شەرقىي چېتىدىكى ئايالار دۆلىتى ⑯، جەنۇبىي براھمان ⑰ قاتارلىق ئەللەرمۇ خالىغان يەرگە يېتىپ بارالايدۇ. شۇڭا بۇنىڭدىن ئىۋىرغول، قوچۇ، پىشامشانلارنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ دەرۋازىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ يوللارنىڭ ئاخىر دۇنخۇاڭغا مەركەزلەشكەنلىكىنى، دۇنخۇاڭنىڭ بوغۇزغا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

دۆلەتنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتى ۋە سەركەردە ـ سەرۋازلارنىڭ باتۇرلۇقىغا تايىنىپ، تۇغنى كۈن پېتىشقا قاداش، كۆكئارتتىن ئېشىش ناھايىتى ئاسان ئىش. نەگىلا بارغۇسى كەلسە، بىرنۇەرگۈلۈك. لېكىن تۈركلەر بىلەن تۇيغۇنلار چاڭ ـ غۇزلارنىڭ ئەللىرىنى بۆلۈپ ئىگىلىۋېلىپ، يولنى توسۇپ قويىدى. شۇڭا، يىراقتىن ئۇلپان ئېلىپ كەلگەنلەر ئۆتەلمەيۋاتىدۇ. ھازىر ھەر قايسى دۆلەتلەر سودىگەرلەر ئارقىلىق ئەل بولۇشنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى خۇپىيانە



بىلدۈرۈۋاتىدۇ.

پادىشاھنىڭ شەپقىتى يەر ـ جاھاننى قاپلايدۇ. باش ئەگسىلا دالالەت قىلىش، تىنچ ـ ئىناق ئۆتۈش كېرەك. شۇڭا سۇلالىمىز ئەلچى ئەۋەتىشى، ئۇرۇشماسلىقى لازىم. غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر بەيئەت قىلسا، تۈركلەرنى چوقۇم بىت ـ چىت قىلىمىز، خۇاشىيالار ⑱ بىلەن باشقا مىللەتلەر شۇ چاغدا بىرلىككە كېلىدۇ. خاتىرە بولمىسا، يىراقتا نوپۇز ۋە مەرىپەتنى ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ.»

پادىشاھ ناھايىتى خۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا 500 توپ تاۋار ئىنئام قىلدى. پېي جۇنى ھەر كۈنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، غەربىي يۇرتقا ئائىت ئىشلارنى سورىدى. پېي جۇ يات قوۋملار رايونىدا نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر بار، تۇيغۇنلارنى يوقاتماق ھەم قوشۇۋالماق ئاسان، دەپ مۇبالىغە قىلىپ سۆزلەپ بەردى. سۈي پادىشاھى ياڭدى شۇنىڭدىن باشلاپ غەربىي يۇرت بىلەن يارىشىپ، باردى ـ كەلدى قىلىشنى خالايدىغان بولدى. غەربىي يۇرتتىكى قوۋملارنى باشقۇرۇش ئىشىنى پېي جۇغا تاپشۇردى.

كېيىن، پېي جۇ ھەرەم ئاغىسى بولدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى پېي جۇنى جاڭيېگە بېرىپ غەربتىكى قوۋملارنىڭ ئادەملىرىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. كەلگەنلەر ئون نەچچە ئەلنىڭ كىشىلىرى ئىدى. دايې 4 ـ يىلى (مىلادىيە 608 ـ يىلى) سۈي پادىشاھى ياڭدى جەنۇبىي تەرەپتىكى فېڭشەن تېغىدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى. ھەممەيلەن كېلىپ قاتناشتى ھەم قارشىپ بەردى. پادىشاھ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىنى كۆزدىن كەچۈرمەكچى بولۇپ، پېي جۇنى يەنە بىر قېتىم دۇنخۇاڭغا بېرىشقا بۇيرۇدى. پېي جۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، قوچۇ خانى چۈبويا بىلەن ئىۋىرغول خانى تۇتۇنشادنى ئوردىغا كېلىپ، پادىشاھقا تازىم قىلىشقا دالالەت قىلدى، جىق نەپ ـ پايدا بىلەن قىزىقتۇردى. پادىشاھ غەربنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا،

ئالچى تېغىغا ⑲ كەلدى. يول بويى قوچۇ خانى، ئىۋىرغول شادى ۋە غەربىي يۇرتتىكى 27 ئەلنىڭ كاتتىلىرى قوبۇل قىلىندى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، پېي جۇ ھەممىسىگە ئالتۇن، قاشتېشى بىزەكلەر ئاستۇردى. تاۋار - دۇردۇن ۋە تېرە - كىيىملەر كىيدۇردى. ئىسرىق يېقىپ، داقا - دۇمباق چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشتى. يەنە جاڭيې، ۋۇۋېينىڭ ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلىرى، ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتكەن ئاياللىرىمۇ كۆرۈشكە ئاپىرىلدى. ئادەملەر بىر نەچچە ئون يول ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى بۇنى كۆرۈپ خۇش بولدى. ئاخىرى تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، زېمىنىنى نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم كېڭەيتتى، ھەم ئۇ يەرنى ساقلاشقا لەشكەر ئەۋەتتى. ھەر يىلى بىرەر يۈز مىليون يارماقلىق تەمىنات ئەۋەتىپ تۇردى. ئۇ يەردىكى قەبىلىلەر قورقۇپ، ئوردىغا ئۈزمەي ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى. سۈي پادىشاھى ياڭدى پېي جۇنىڭ كۆڭلىدە تىنچىتىش - مۇقىملاشتۇرۇش ھەققىدە ئۇلۇغۋار پىلان بار، دەپ ئۇنى كېڭەش بېگىلىكىگە ئۆستۇردى.

شۇ يىلى قىشتا، سۈي ياڭدى شەرقىي پايتەختكە باردى. پېي جۇ يات مىللەتلەر ئوردىغا ئولپانىنى كۆپ تاپشۇرۇپ كەتتى دەپ ئويلاپ، پادىشاھنى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شەرقىي پايتەختتە كەڭ دائىرىلىك تىياتىر ئوينىتىشقا دالالەت قىلدى. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ئاجايىپ - غارايىپ ئويۇنچىلار دۇەنمېن كوچىسىدا ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى. تاۋار - دۇردۇن كىيگەن، لالە - ياقۇت قادىغان، قاشتېشى زىرە سالغان كىشىلەر 100 مىڭغا يەتتى. بارلىــــق ئەمەلدار - ئاقسۆڭەكلەر، ئەرلەر، ئاياللار چىرايلىق - پۈزۈر كىيىندۇرۇلۇپ، لاپاس، راۋاقنىڭ تۆۋىنىگە ئولتۇرغۇزۇلدى. ئويۇن بىر ئاي داۋاملاشتــى. يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ھۆپىگەرلەرگە ھاراق - شاراپ، غىزا تەييارلاتقۇزۇپ، يات قوۋملار ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارلار يات مــــللەت



كىشىلىرىنى باشلاپ ئاپىرىپ ئىچىم - يېمىم قىلدۇردى. ئۇلارنى بارغانلا يەردە داستىخانغا باشلاپ، مەست قىلىپ، تويغۇزۇپ ئاندىن يولغا سالدى. يات مىللەت كىشىلىرى ھاياجانلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دېگەن پەرىشتىلەر تۇرىدىغان يەر ئىكەن، دېيىشتى. پادىشاھ يۈۋېن شۇ، نيۇخۇڭلارغا: «پېي جۇ بايان قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئايان ئىشــلار، مەن دەپ بولغۇچە پېي جۇ دەپ بولغان. ئۆزىنىڭ بارلىقىنــى دۆلەتكە بېغىشلىغان ئادەم ئۇنداق قىلامدۇ؟» دېگەنىدى.

سۈي پادىشاھى ياڭدى سانغۇن شۆشىيۇڭنى ئىۋىرغول قەلئەسىنى ياسىتىشقا ئەۋەتتى. پېي جۇنــى بــــللە بېرىپ باشقۇرۇشقا بۇيرۇدى. پېي جۇ غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرگە: «پادىشاھىمىز بىلەن ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ باردى - كەلدىسى ئۈزۈلمەيدۇ. شۇڭا، قەلئە ياساشقا تــوغرا كېلىــــدۇ» دەپ چۈشەندۈردى. ھەممەيلەن توغرا تاپتى، تالىشىپ ئولتۇرمىدى. پېي جۇ ئوردىغا قايتىپ بارغاندا، پادىشاھ ئۇنىڭغا 400 مىڭ يارماق ئىنئام قىلدى. پېي جۇ پادىشاھقا بۆلگۈنچىلىك بىلەن شىبگىر قاغاننى ⑳ چۇلۇق قاغانغا ھۇجۇم قىلدۇرساق، دېدى. كېيىن چۇلۇق قاغان شىبگىر قاغاننىڭ قىستىشىغا ئۇچراپ، ئاخىر سۈي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى بىلەن ئوردىغا بېرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى. پادىشاھ خۇش بولۇپ كېتىپ، پېي جۇگە قاما جۇۋا ۋە غەربىي يۇرتنىڭ قىممەتلىك مارجان - مەرۋايىتلىرىنى ئىنئام قىلدى.

پېي جۇ سۈي پادىشاھى ياڭدىغا ئەگىشىپ شىمالىي چېگرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، رامغان قاغاننىڭ ㉑ بارگاھىغا باردى. كوگورى بۇنىڭدىن بۇرۇن تۈركلەر بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. قاغان بۇنى يوشۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، كوگورىنىڭ ئەلچىسىنى پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتۈردى. پېي جۇ پادىشاھقا: «كوگورى ئەسلىدە گۇجۇ بەگلىكى ㉒ ئىدى. جۇ

دەۋرىدە پادىشاھ بۇ يەرنى جىزنغا ㉓ سۈيۇرغال قىلىپ بەرگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇ يەردە ئۈچ ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئۇ يەر لياۋدۇڭغا قارىغان. مانا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇلار بەيئەت قىلماي، سۈي سۇلالىسى بىر تۇتاش سورايدىغان زېمىننىڭ سىرتىدىكى بىر يەرگە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا، مەرھۇم پادىشاھىمىز ئۇزۇندىن بېرى ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىپ قويۇش كويىدا بولغان بولسىمۇ، ياڭ لياڭنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىدىن لەشكەر چىقىرىپ ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى. ئەمدى ئالىيلىرىنىڭ دەۋرىدە، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلماي بولامدۇ؟ بۇ مەرىپەتلىك جاي يات مىللەتلەرنىڭ يۇرت ـ ماكانى بولۇپ تۇرۇۋەرسۇنمۇ؟ ھازىر ئۇلارنىڭ ئەلچىسى تۈركلەرنىڭ بارگاھىغا كېلىپ، رامىغان قاغاننىڭ پۈتۈن ئېلى بىلەن مەرىپەتكە بويسۇنغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئەمدى چوقۇم پادىشاھىنىڭ قەھرى ـ غەزىپى يىراق جايلارنى قاپلايدۇ، ئوردىغا كېيىن بويسۇنغانلار ئەڭ ئاۋۋال ھالاك بولىدۇ، دەپ قورقىدۇ. شۇڭا، ئوردىغا بەيئەت قىلىشقا قىستىساق، چوقۇم مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ» دېدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى: «ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟» دېدى. پېي جۇ: «ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىگە يۈز تۇرانە بۇيرۇق بېرەيلى، ئاندىن ئۇلارنى دۆلىتىگە قايتۇرايلى، بېرىپ خانىغا دېسۇن، تېزدىن سۈي سۇلالىسى ئوردىسىغا كېلىپ، ئالىيلىرىغا سالام بەرگەي. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، تۈركلەرنى باشلاپ بېرىپ جازاسىنى بېرىمىز، دەيلى» دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ قوشۇلدى. كوگورى خانى گاۋيۈەن ئۇنىمىدى. شۇڭا، سۈي پادىشاھى ياڭدى كوگورىنىڭ جازاسىنى بېرىش چارىسى ئۈستىدە تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى.

سۈي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى لياۋدۇڭغا يېتىپ باردى. پېي جۇ بۇيرۇقى ۋەزىپىسىگە قوشۇپ يەنە جەسۇر كەپتاۋۇل بولدى.



ئىككىنچى يىلى، پادىشاھقا ئەگىشىپ يەنە لياۋدۇڭغا باردى. لەشكەر بېگى خۇسىجېڭ كوگورىغا قېچىپ كەتكەندى. پادىشاھ سۈي ياڭدى ئۇرۇشقا قوشۇمچە قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى پېي جۈگە بەردى. پېي جۇ لياۋدۇڭدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن، ئوڭ قول كېڭەش بېگىلىككە ئۆستۈرۈلدى.

شۇ چاغدا، پادىشاھنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرى ئىجرا بولماي، كىشىلەر كەينى ـ كەينىدىن ئوردىدىن يۈز ئۆرۈمەكتە ئىدى. سول قانات مۇھاپىزەتچى ئۇلۇغ سانغۇن يۈۋېن شۇ، ھۆدەيچى يۈ شىجى قاتارلىقلار ئوردىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. ھەربىي ـ مۈلكىي ئەمەلدارلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇلارغا پارا بېرىپ تۇردى. پەقەت پېي جۇلا ئۆزىنى بۇرۇنقىدەك تۇتتى. پارا بېرىدىغان، پارا ئالىدىغان يامان ئىشقا يېقىن يولىمىدى. شۇڭا، بۇ جەھەتتىن كۆپچىلىك ئۇنى ماختايتتى. كېيىن ياڭ شۈەنگەن㉔ توپىلىڭى بېسىقىشقا باشلىغانلىقتىن، سۈي پادىشاھى ياڭدى پېي جۇنى لۇڭيۇ ㉕ رايونىنى تىنچىتىشقا بۇيرۇدى. ئۇ خۇيىنىڭغا㉖ بېرىپ، ئېسانا㉗ قەبىلىسىدىن ھال سورىدى. كانداد شادنى ئەۋەتىپ تۇيغۇنلارنى بولاتقۇزدى، كەينى ـ كەينىدىن بولاپ نەپ ئالدى. بۇنىڭ بىلەن قەبىلىمۇ بېيىپ قالدى. ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ كۆپ ئىنئام بەردى. كېيىن پادىشاھ بىلەن خۇيىيۈەن قورغىنىغا باردى. پادىشاھ ئۇنى شىمالدىكى مىللەتلەرنى قوغداش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى.

شىبى قاغاننىڭ لەشكەرلىرى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. پېي جۇ ئۇنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىپ: «پادىشاھ جەمەتىنىڭ بىر قىزىنى ئۇنىڭ ئىنىسى چىگى شادقا ياتلىق قىلايلى، ئاندىن چىگى شادنى جەنۇب تەرەپكە قاغان بولۇشقا ئۈندەيلى» دېدى. ئەمما، چىگى شاد قوبۇل قىلىشقا پېتىنالمىدى. شىبى قاغان بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، ئوردىدىن

ئاغرىنىشقا باشلىدى. پېي جۇ يەنە: «تۈركلەر ئەسلى ساددا بولۇپ، ئارىسىدا نىزا پەيدا قىلىش ئاسان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا باشقا نۇرغۇن غوزلار قىستۇرۇلۇۋالدى. ئۇلار ناھايىتى قۇۋ بولغاچقا، گەپ ئۆگىتىپ شۇنداق قىلىپ قويىدى. ئاڭلىشىمچە، شىشخۇش دېگەن ئادەمنىڭ ھىيلىسى ناھايىتى جىق ئىكەن، شىبى قاغان ئۇنى چوڭ بىلىدىكەن. شۇ ئادەمنى ئالداپ ئەكېلىپ ئۆلتۈرسەكمىكىن» دېدى. پادىشاھ: «بولىدۇ» دېدى. پېي جۇ شىشخۇشقا ئادەم ئەۋەتىپ: «پادىشاھىمىز نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى تەييارلاتتى. ھازىر مايى ناھىيىسىدە. سىلەر بىلەن كۆپرەك باردى ـ كەلدى قىلماقچى. كىم بالدۇر كەلسە، نەرسىلەرنىڭ ياخشىسىنى ئالىدۇ» دېدى. شىشخۇش بۇ گەپكە ئىشىنىپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا سودىلىشىش ئۈچۈن شىبى قاغانغا دېمەيلا قەبىلىسىنى باشلاپ، ھەممە چارۋا ـ ماللىرىنى ھەيدەپ يولغا چىقتى. پېي جۇ مايىدا لەشكەر بۆكتۈرۈپ، شىشخۇشنى ئالداپ ئەكېلىپ ئۆلتۈردى. سۈي پادىشاھ ياڭدى شىبى قاغانغا: «شىشخۇش قەبىلىسىنى باشلاپ ئۇشتۇمتۇت قېچىپ كەلدى. قاغاندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ئېيتىپ، مېنىڭ پاناھ بولۇشۇمنى تەلەپ قىلدى. ھازىر ئۇ ئۆلتۈرۈلدى، خەۋەردار بولغايسىز» دەپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. شىبى قاغان ئىشنىڭ تېگىنى بىلىپ قېلىپ، پادىشاھ بىلەن قايتا كۆرۈشمىدى.

دايې 11 ـ يىلى (مىلادىيە 615 ـ يىلى) سۈي پادىشاھى ياڭدى شىمالنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغاندا، شىبى قاغان ئۇنى يەنمېندا نەچچە يۈز مىڭ لەشكەر بىلەن قورشىۋالدى. پادىشاھ مەسلىھەت سوراشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن پېي جۇ بىلەن يۇ شىجىنى يېنىغا ئەكېلىۋالدى. مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، پېي جۇ پادىشاھقا ئەگىشىپ شەرقىي پايتەختكە باردى. شىگىر قاغان ئۆز ئوغلىغا غەربتىكى مىللەتلەرنى باشلاپ ئوردىغا سالامغا، ئولپان تاپشۇرۇشقا بار، دەپ تاپىلىدى. سۈي پادىشاھى



ياڭدى پېي جۇنى زىياپەت تەييارلاپ كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 5 ـ توم، 1387 — 1392 ـ بەتلەر)

---

① دىڭشياڭ (定襄) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1012 ـ بەت)

② يۈ (禹) — رىۋايەتلەردىكى قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاقساقىلى. ئۇ كەلكۈننى تىزگىنلەش ئۈچۈن خەلقنى باشلاپ دەريالارنى راۋانلاشتۇرۇپ، سۇ ئاپىتىنى تۈگەتكەن. شۇنىڭ بىلەن چوڭ ئاقساقال شۇن ئۇنى ئۆزىگە ئىزباسار قىلىپ تەيىنلىگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر. بەش ئاقساقال ھەققىدە خاتىرە» دىن)

③ توققۇز ئايماق (九州) — رىۋايەتتە ئېيتىلغان قەدىمكى زاماندىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى توققۇز مەمۇرىي رايون.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 63 ـ بەت)

④ جىشى تېغى (积石山) — چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىغىچە سوزۇلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 423 ـ بەت)

⑤ لىنتاۋ (临洮) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى مىنشيەن ناھىيىسىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 62 ـ بەت)

⑥ قورۇقچى بەگ (都护) — غەربىي يۇرتنى تۇرۇشلۇق ئەڭ چوڭ ئەمەلدار.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 450 ـ بەت)

⑦ غەربىي دېڭىز ( 西海 ) — بۇ يەردە ئوتتۇرا دېڭىزنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑧ فەرەڭ دۆلىتى ( 拂林国 ) — سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنى ۋە غەربىي ئاسىياغا تەۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 689 ـ بەت)

⑨ سۇرىستان ( 苏勒沙那国 ) — ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەمەرقەند شەھىرى ئەتراپىدا.
(«غەربىي يۇرت يەرناملىرى»، 47 ـ، 89 ـ بەتلەر)

⑩ جوجوف ( 朱俱波 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاغىلىق ناھىيىسى دائىرىسىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 44 ـ بەت)

⑪ ۋاخان ( 护密 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى ئافغانىستاندىكى ۋاخان دېگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 103 ـ بەت)

⑫ ھىبدال ( 挹怛 ) — قەدىمكى يەر نامى. قەدىمكى قوۋم ئېفتالىتلار تۇرغان يەر.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 26 ـ بەت)

⑬ بامىيان ( 帆延 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى ئافغانىستاندىكى كابۇلنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بامىيان دېگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 10 ـ، 11 ـ بەتلەر)

⑭ جاگۇدا ( 漕国 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى



ئافغانىستاندىكى غەزنە دېگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 37 ـ بەت)

⑮ شىمالىي بىراھمان ( 北婆罗门 ) — ھازىرقى ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىي قىسمى.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 35 ـ بەت)

⑯ ئاياللار دۆلىتى ( 女国 ) — پادىشاھى ئايال بولغان قەدىمكى ئەل. ئورنى پامىرنىڭ جەنۇبى، قارلىق تاغنىڭ شىمالىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 89 ـ بەت)

⑰ جەنۇبىي بىراھمان ( 南婆罗门 ) — ھازىرقى ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمى.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» دىن)

⑱ خۇاشيالار ( 华夏 ) — قەدىمكى زاماندا خەنزۇلار ئۆزلىرىنى شۇنداق ئاتايتتى.
(مۇھەررىردىن)

⑲ ئالچى تېغى ( 燕支山 ) — ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى شەندەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 835 ـ بەت)

⑳ شېگىر قاغان ( 射匮 ) — غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى، تاردۇش قاغاننىڭ نەۋرىسى. دەسلەپتە چۇلۇق قاغانغا تاقابىل تۇرغان. سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 7 ـ يىلى ( مىلادىيە 611 ـ يىلى) ئۆزىنى شېگىر قاغان دەپ ئاتاپ، كۇسەننىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغدا ئاستانە بىنا قىلىپ، شەرقتە ئالتاي تاغلىرىغىچە، غەربتە كاسپىي دېڭىز (بەزىلەر ئارال دېڭىزى دەيدۇ) غىچە بولغان دائىرىدە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى» دىن)

㉑ رامغان قاغان ( 启人可汗 ) — شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى. ئىسمى رامغان، نامى تولشاد، ئىشبارا قاغاننىڭ ئوغلى. سۈي سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، سۈي سۇلالىسىدىن مەلىكە ئەنيى ۋە مەلىكە يىچىڭنى خوتۇنلۇققا ئالغان.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى» ).

㉒ گۇجۇ بەگلىكى ( 孤竹国 ) — قەدىمكى بەگلىك. ئورنى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى لۇلۇڭ ناھىيىسىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 1125 ـ بەت)

㉓ جىزى ( 箕子 ) — شاڭ خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى جۇۋاڭنىڭ تاغىسى. ئۇ شاڭ خانى جۇۋاڭغا قارشى تۇرۇپ، جۇ خانلىقىغا بەيئەت قىلغان.
( مۇھەررىردىن)

㉔ ياڭ شۈەنگەن ( 杨玄感 ) — سۈي پادىشاھى ياڭدى دەۋرىدە چوڭ هوقۇق تۇتقان بولسىمۇ، يەنىلا نارازى بولۇپ يۈرگەن. دايې 9 ـ يىلى سۈي پادىشاھى ياڭدىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەن. ئىككى ئايدىن كېيىن، سولقانات ئۇلۇغ سانغۇن يۈۋېن شۇ قاتارلىقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 461 — 462 ـ بەتلەر)

㉕ لۇڭيۇ ( 陇右 ) — قەدىمكى رايون نامى. ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ليۇپەن تېغىنىڭ غەربى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 428 ـ بەت)

㉖ خۇينىڭ ( 会宁 ) — يەر نامى. ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 316 ـ بەت)

㉗ ئىسانا ( 曷萨那 ) — يەنى چۇلۇق قاغان.



( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 3302 ـ بەت)

㉘ مايى ( 马邑 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شوشيەن ناھىيىسىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 1128 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 41 ـ جىلد

# ياڭ بونىڭ تەرجىمىھالى

ياڭ بو ياڭپىڭ بېگى يۈەن يى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىغا بېرىپ جورجانلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە زور غەلىبىگە ئېرىشىپ، ھىماتچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى. جورجانلارغا يەنە بىر قېتىم يۈرۈش قىلىپ، جۇران تېغىغىچە بېرىپ قايتىپ كەلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 5 ـ توم، 1483 ـ بەت)

ۋېي پادىشاھى شيەنۋېندى دەۋرىدە 10 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق جورجان ئەل بولۇپ، گاۋپىڭ ①، بوگۇلۇ ② دىن ئىبارەت ئىككى ھەربىي قورغانغا ئورۇنلاشقانىدى. ئۇلار تەيخې يىللىرى (مىلادىيە 477 — 499 ـ يىللار) نىڭ ئاخىرلىرى يۇز ئۆرۈپ قاچتى. 1000 ئۆيلۈكتىن كۆپرەكلا ئادەم قالدى. كېيىنكى ۋاڭ تۇڭ، گاۋپىڭ قورغىنىنىڭ سانغۇنى لاڭ يۇ قاتارلىقلار كېيىن يەنە توپىلاڭ كۆتۈرمىسۇن، دەپ ئۇلارنى خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا كۆچۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى. پادىشاھ ئۇلارنى كۆچۈرۈشكە ياڭ چۈننى ③ مەسئۇل قىلدى. ياڭ چۈن پادىشاھقا: «چەت جايلاردىكى مىللەتلەر خۇاشيالارغا پاراكەندىچىلىك سالمايدۇ. بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھ ـ خانلار پات ـ پات پايتەختكە يىراق چېگرا جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگەن. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا ئۆزىگە يېقىن جايلاشقان مىللەتلەرنى خاتىرجەم قىلغىلى، يىراق جايلاشقان مىللەتلەرنى ئەل بولۇشقا



قىزىقتۇرغىلى بولىدۇ. ھازىر بەيئەت قىلىدىغانلار كۆپىيىۋاتىدۇ. ئەگەر كونىلىرى كۆچۈرۈلسە، يېڭىلىرى خاتىرجەمسىزلىنىدۇ. مېنىڭچە كۆچۈرمەسلىك كېرەك» دەپ ئىلتىماس سۇندى. ئوردىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلىرى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ جورجانلار جىجۇ ④ دىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولدى. جىجۇ ⑤ دىكى يۈەن يۇ توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئۇلار دەرۋەقە خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ دۈشمەن تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئۇلار بارغانلا يەرنى بۇلىدى. ئىش خۇددى ياڭ چۈننىڭ ئېيتقىنىدەك بولدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 5 ـ توم، 1487 ـ بەت)

ئارقىدىن، دۇلوجۇ دىڭجۇ ئايماق شەھىرىنى قورشىۋالدى. ياڭ جىن جېنىنىڭ بىرىچە مۇداپىئە كۆردى. پادىشاھ: «ياڭ جىنغا قوغدىغۇچى سانغۇن دېگەن مەنسەپ بېرىلسۇن، خىزمەت كۆرسەتكەن لەشكەرلەرنى ياڭ جىن مۇناسىۋەتلىك نىزام بويىچە مۇكاپاتلىسۇن، بارلىق لەشكەرلەر سەككىز يىللىق ئالۋاڭدىن كەچۈرۈم قىلىنسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. گېرۇڭ ياڭ جىننى تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىپ، ئەمرى زېمىننى ئەۋەتتى. ياڭ جىن خاپا بولۇپ، گېرۇڭ ئەۋەتكەن ئەلچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، گېرۇڭدىن ئالاقىنى ئۈزدى. قورشاۋدا قالغاندىن كېيىن ئوردا ئۈچ يىلغىچە ياردەمگە ئادەم ئەۋەتەلمىدى. ئاخىرى ياڭ جىن چوڭ ئوغلى ياڭ دۇننى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، جورجانلارنىڭ سەردارى ئاناغايدىن ياردەم سوراشقا بۇيرۇدى. ياڭ دۇننىڭ كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ يېلىنىشى ئارقىسىدا، ئاناغاي ئاران تەستە بوۋىسىنىڭ ئىنىسى تۇدۇفانىڭ باشچىلىقىدا يارامىلىق ئاتلىق لەشكەرلەرنى جەنۇبقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، قوشۇننىڭ ئالدى گۇاڭچاڭغا بارغاندا، چېگرىدا مۇھىم يەرلەرنى ئىگىلەپ ياتقان دۈشمەنگە دۇچ كېلىپ قايتىپ كەتتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 5 ـ توم، 1496 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 18 ـ يىلى (مىلادىيە 598 ـ يىلى) تۈركلەرنىڭ

تاردۇش قاغانى چېگرىغا ھۇجۇم قىلدى. ياڭ سۇ لىڭجۇ ⑥ ئايمىقىنىڭ باش بۇغىلىقىقا تەيىنلىنىپ، چېگرىدىن چىقىپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىلدى. 2000 توپ گەزمال، 100 جىڭ ئالتۇن ئىنئام ئالدى. بۇرۇن بۇ سەركەردىلەر تۈركلەر بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇلارنىڭ چەۋەندازلىرىنىڭ تېز ھۇجۇملىرىدىن ئەنسىرەپ جەڭ ھارۋىسى، پىيادە لەشكەر ۋە ئاتلىق لەشكەرلەرنى بىر يەرگە يىغقان ۋە ئەتراپىنى بۇغا مۈڭگۈزلىرى بىلەن قورشاپ، تۆت چاسا ئىستىھكام ھاسىل قىلغانىدى. ياڭ سۇ: «بۇ پەقەت ئۆزىمىزنى چۈشەپ قويۇش چارىسى» دېدى. ئۇ بۇرۇنقى ئۇسۇللارنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىپ، ھەممە قوشۇننى ئاتلىق لەشكەرلەردەك سەپكە تۇرغۇزدى. تاردۇش قاغان بۇنى ئۇقۇپ، تەڭرى بەرگەن ياخشى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ تەڭرىگە سەجدە قىلدى ۋە 100 مىڭ يارامىلىق ئاتلىقنى باشلاپ كەلدى. ياڭ سۇ باتۇرلارچە زەربە بەردى، تۈركلەر ئېغىر مەغلۇپ بولدى. تاردۇش قاغان قاتتىق زەربە يەپ قېچىپ كەتتى، ئادەملىرىمۇ يىغا - زار بىلەن قايتىپ كېتىشتى.

رېنشۇ (مىلادىيە 601 — 604 - يىللىرى) نىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ياڭ سۇ گاۋ جيۇڭنىڭ ئورنىغا دىۋان بېگىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولدى. 10 ئايغىر، 200 بايتال، 100 چاكار ئىنئام ئالدى. شۇ يىلى، ياڭ سۇ يۈرۈش قىلغۇچى باش قوماندان بولۇپ، يۈنجۇڭدىن چىقىپ تۈركلەرگە زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلدى. تۈركلەر قاچتى، ياڭ سۇ قوغلاپ كەچ كىرگەندە ئاران يېتىشىۋالدى. يەنە ھۇجۇم قىلماقچى بولدىيۇ، دۈشمەننى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، ئۆزى ئىككى ئاتلىق لەشكەر بىلەن تەسلىم بولغان ئىككى تۈركنى باشلاپ دۈشمەننىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى، دۈشمەنلەر تۇيمىدى. دۈشمەنلەر قارارگاھقا ئورۇنلىشىپ بولغۇچە، ئۇ ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئاتلىق



لەشكەرلەرنى ھۇجۇمغا ئۆتكۈزۈپ، دۈشمەننى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈركلەر يىراقلارغا قېچىپ كەتتى. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ئىككىنچى چېدىر تىكەلمىدى.

كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلى ياڭ شۈەنگەنگە دۆلەت تۈۋرۈكى سانغۇن، ياڭ شۈەنزۇڭغا خۈەيىنەن ۋىلايىتى گۇڭى دەپ مەرتىۋە بېرىلدى. 20 مىڭ توپ گەزمال ئىنئام قىلىندى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 5 - توم، 1513 - بەت)

ئۇزۇن ئۆتمەي، جورجانلاردا مالىمانچىلىق پەيدا بولدى. جورجانلارنىڭ سەردارى ئاناغاي ۋېي سۇلالىسىگە پاناھ ئىزدەپ باردى. ۋېي پادىشاھى شياۋجۇاڭدى ياڭ جۇننى ئاناغايىنى ئۆز يۇرتىغا قوغداپ ئاپىرىپ قويۇشقا، ياڭ كۈەننى بىللە بېرىشقا بۇيرۇدى. بۇ چاغدا، شىمال تەرەپتىكى قاراقچىلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ شەھەرنى قورشىۋالغانىدى. ياڭ جۇن ئۇرۇشتا ئۆلدى. شەھەردىكىلەر ياڭ كۈەننى شەھەرنى ساقلاشقا مەسئۇل . ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەر قولدىن كەتتى، ياڭ كۈەن قېچىپ جورجانلارغا بېرىۋالدى. كېيىن ئوردا ئالتە قورغاندىكى قاراقچىلارنى مەغلۇپ قىلغاندا، ئاندىن ئوردىغا قايتىپ كەلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 5 - توم، 1524 - بەت)

جۇ پادىشاھى مىڭدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى پادىشاھ ياڭ كۈەننى باش سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، خې لەنشياڭ بىلەن بىللە تۇيغۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى. تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، يىياڭ ناھىيىسىگە گۇڭ قىلىپ ئۆستۈردى، يانداش ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى ھەمدە باسقاق بەگلىككە يۆتكىدى. ۋۇچېڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 560 - يىلى) ياڭ كۈەن بىلەن

لىنجىديەن مەھكىمىسىدىكى پۈتۈكچى دورغاپلارنى كلاسسىك كىتابلارنى سىلىشتۇرۇپ توغرىلاشقا بۇيرۇدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 5 ـ توم، 1526 ـ بەت)

---

① گاۋپىڭ ( 高平 )— قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى گۇيۈەن ناھىيىسىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 2043 ـ بەت)

②بوگۇلۇ ( 蒲骨律 ) — قەدىمكى ھەربىي قورغاننىڭ نامى. ئورنى ھازىرقى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى لىڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قۇملۇقتا.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 614 ـ بەت)

③ ياڭ چۈن ( 杨椿 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داڭلىق ئەمەلدارى ياڭ بونىڭ ئىنىسى، ئوردا مىراقۇلى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1486 ـ، 1491 ـ بەتلەر)

④ جىجۇ ( 济州 ) — ئايماق. دائىرىسى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ فەنشيەن ناھىيىسى بىلەن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لياۋ چېڭ، دۇڭئې، فېيچېڭ، ياڭگۇ، گاۋتاڭ ناھىيىلىرى ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 933 ـ بەت)

⑤ جىجۇ ( 冀州 ) — ئايماق. دائىرىسى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمى، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇنىڭ مەركىزى شىندۇ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جىشيەن ناھىيىسى) بولغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 302 ـ بەت)



⑥ لىڭجۇ ( 灵州 ) — ئايماق. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شياۋچاڭ يىللىرى (مىلادىيە 525 — 527 ـ يىللىرى) تەسىس قىلىنغان. مەركىزى بوگۇلۇ ئىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1066 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 42 ـ جىلد

# چاڭ جىڭنىڭ تەرجىمىھالى

جىڭگۇاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 520 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا، جورجانلارنىڭ سەردارى ئاناغاي قايتىپ كەلدى. ئوردا ئۇنىڭغا قانداق مەرتىۋە بېرىشنى ئۇقالمىغانلىقتىن، گاۋياڭ بېگى توغبات يۈك بېرىپ چاڭ جىڭدىن سورىدى. چاڭ جىڭ: «شيەنىنىڭ ① دەۋرىدە جەنۇبىي تەڭرىقۇت ② ئوردىغا سالامغا كەلگەندە، غەربىي جىن سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئەمىر بەگ بىلەن ئالىي تۆرىدىن③ تۆۋەن مەرتىۋە بەرگەن، ھازىر بەگ بىلەن ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى ④ دېگەن ئورۇن بېرىلسە بولىدۇ» دېدى. گاۋياڭ بېگى توغبات يۈك ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئوردىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى ئاڭقىرالمىغاندا، چاڭ جىڭدىن سوراپ ئاندىن ئىجرا قىلدى.

ئاناغاي ئۆز ئېلىگە قايتىدىغان چاغدا، ئۆزىنىڭ قىيىن كۈنگە قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئوردا پادىشاھنىڭ يارلىقى بىلەن دىۋان بېگىنىڭ سول قول ۋەزىرى يۈەن فۇنى قۇتقۇزۇش، بەزلەشكە ئەۋەتتى. ئاناغاي يۈەن فۇنى تۇتۇۋېلىپ، رۇشۇەندىن ئۆتۈپ شىمالىي چۆللۈككە قېچىپ كەتتى. ئوردا دىۋان بېگى لى چۇڭ بىلەن تەپتىش بېگى قوشۇمچە ياندىش ۋەزىر يۈەن زۈەننى قوغلاشقا ئەۋەتتى. ئۇلار قوغلاپ يېتەلمىدى. پادىشاھ چاڭ جىڭغا: «چېگرىدىن چىقىپ ۋېڭشەن تېغىدىن ئۆتۈپ، دەشتى ماكانغا بېرىپ، مېنىڭ پەرمانىمنى جاكارلىغاي ۋە لەشكەرلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەي» دەپ بۇيرۇق



قىلدى. چاڭ جىڭ تاغ ئېشىپ، دەريا كېچىپ، ھاياجان ئىچىدە ئۆتكەننى ئەسلەپ، ليۇكۇننىڭ ⑤ «شامال قۇچۇش غەزىلى» گە تەقلىد قىلىپ 12 كۇپلېت شېئىر يازدى. يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 5 ـ توم، 1558 ـ بەت)

---

① شيەنىنىڭ ( 咸宁 ) — غەربىي جىن سۇلالىسى پادىشاھى سىما يەننىڭ مىلادىيە 275 — 280 ـ يىللاردىكى يىلنامى.
(«جۇڭگو تارىخى يىلنامىسى» دىن)

② جەنۇبىي تەڭرىقۇت ( 南单于 ) — خەن خانلىقى دېگەن ھاكىمىيەتنى قۇرغۇچى ليۇ يۈەننى كۆرسىتىدۇ.
(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 476 ـ بەت)

③ ئالىي تۆرە ( 特进 ) — مەنسەپ نامى. غەربىي خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بەگلەرنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە مەرتىۋىلىكلەرگە بېرىلەتتى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1446 ـ بەت)

④ ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى ( 仪同三司 ) — 5 ـ جىلدنىڭ 2 ـ ئىزاھىغا قاراڭ.
(مۇھەررىردىن)

⑤ ليۇ كۇن ( 刘琨 ) — جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سانغۇن ھەم شائىر. يەنە بىر ئىسمى ليۇ يۆشى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1539 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 46 ـ جىلد

# جاڭ پۇخۇينىڭ تەرجىمىھالى

جىڭگۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 521 ـ يىلى) ۋېي پادىشاھى شياۋمىڭدى ياڭ جۈننى جورجانلارنىڭ سەردارى ئاناغاينى ئۆز دۆلىتىگە ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. جاڭ پۇخۇي ① جورجانلارنىڭ سەردارىنى قايتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇنداق قىلغاندا تۇگىمەس بالا تۇغۇلىدۇ، دەپ پادىشاھ شياۋمىڭدىغا مەكتۇپ سۇندى. لېكىن شياۋمىڭدى ئۇنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالمىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1697 ـ بەت)

فەن شاۋ، يەنە بىر ئىسمى فەن شىسۇن، دۇنخۇاڭ ۋىلايىتى لۇڭلې ناھىيىسىدىن. بالا ۋاقتىدا چېچەن ئىدى. 12 يېشىدا دادىسى ئۇنى سۇي گۇاڭغا ئوقۇشقا بەردى. دادىسىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئوقۇشى ئۈزۈلۈپ قالغاندا، ئانىسى: «دادىڭ جان ئۈزىدىغان كۈنى سېنى سۇي گۇاڭنى ئۇستاز تۇتۇپ ئوقۇسۇن، يارامىلىق ئادەم بولسۇن، دەپ تاپىلىغانىدى. ئەمدى ھازا ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، بېرىپ داداڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى بىجا كەلتۈر» دېدى. فەن شاۋ بېرىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى. تەيخې (مىلادىيە 477 — 499 ـ يىللىرى) نىڭ دەسلەپكى يىللىرى خانلىق بىلىم يۇرتىغا كىردى، ئۇ يەردىن ھېسابچىلىق مەكتىپىگە كىردى. كلاسسىك كىتابلار ۋە تارىخ كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئوقۇپ بولدى. ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندى ئۇنى خەۋەرچى



بەگ قىلىۋالدى. كېيىن پۈتۈكچىلىككە ئۆستۈرۈپ، ۋەزىرلەردىن كەلگەن مەكتۇپلارنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلدى. ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندى ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. شىغاۋۇل لى چۇڭ، ھەرەم ئاغىسى سۇي گۇاڭلارمۇ ئۇنى چۈشىنىپ قالدى. پادىشاھ يېنىدىكى ۋەزىرلەرگە: «سۇي گۇاڭنىڭ ئالدىرىماي ـ تېنىمەي بىغەم يۈرۈشي فەن شاۋنىڭ رول ئوينىغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ» دېدى.

كېيىن ئوردا جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولۇپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يەر تېرىۋاتقان لەشكەرلەرنى يۆتكىدى. خۇەيخې رايونىنى ساقلاپ ياتقان لەشكەرلەرنى قوشقاندا، 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بوز يەر ئېچىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئوردىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى پادىشاھتىن فەن شاۋنى غەربىي يولدىكى ئالتە ئايماقنىڭ ئېكىنچىلىك ئەلچىسى قىلىپ، ئۇنىڭغا پىيادە لەشكەرلەر چېرىكچىسى دېگەن مەنسەپ بېرىشنى سورىدى. فەن شاۋ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، ھەر يىلى مول ھوسۇل ئالدى. فەن شاۋ يەنە تۇتۇق، جۇڭشەن بېگى يۈەن يىڭ بىلەن جۇڭلىغا ② ھۇجۇم قىلىش ئىشى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرىدى. فەن شاۋ جۇڭلى شەھىرىنىڭ سېپىلىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، شەھەرنى ئېلىشقا كۆزى يەتمەي، لەشكەرلەرنى چېكىندۈرەيلى دېدى. جۇڭشەن بېگى يۈەن يىڭ قوشۇلمىدى. فەن شاۋ ئوردىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، جۇڭشەن بېگى يۈەن يىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن فەن شاۋ بىڭجۇ ئايماقبېگى، مۇراسىم بېگى بولدى. ۋېي پادىشاھى شاۋجۇاڭدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى خىيىندا قەستكە ئۇچراپ ئۆلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1701 ـ بەت)

① جاڭ پۇخۇي ( 张普惠 ) — ۋېي پادىشاھى ۋېندى دەۋرىدە باش كاتىپ بولغان. يېزىقچىلىقتا ئۇستا ئىدى. شياۋ مىڭدى ئۇنىڭغا نىڭيۇەن سانغۇنى دەپ نام بەرگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1689 ـ، 1698 ـ بەتلەر)

② جۇڭلى ( 钟离 ) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ فېڭياڭ ناھىيىسى ئەتراپىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1700 ـ بەت)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 47 ـ جىلد

## يۈەن فەننىڭ تەرجىمىھالى

شۇ چاغدا، جورجانلارنىڭ سەردارى ئاناغاي ۋە ئورۇنباسار سەردارى براھمان ئىلى مالىمان بولغانلىقتىن، كېلىپ ئەل بولدى. ۋېي پادىشاھى شياۋمىڭدى ئۇلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، دەپ سورىدى. يۈەن فەن مۇنداق دېدى: «ھازىر جورجانلار قاڭقىللارنىڭ زەربىسى بىلەن ھالاك بولۇپ، سۇلالىمىزنىڭ ھەيۋىسىگە تايانماقچى بولدى. شۇڭا، ئىككى سەردارى بىر ۋاقىتتا بەيئەت قىلدى. خەلقىمۇ كېلىپ بەيئەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ 10 مىڭ چاقىرىمغا سوزۇلغان يەر ـ زېمىنى سۇلالىمىزگە قوشۇلىدۇ. يات مىللەتلەر خۇاشيالارغا دەخلى ـ قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلارغا تېخى ئۇزۇن بولمىدى. مەغلۇبىيەت خەن خانلىقىدىكى ليۇ ھەزرەت بىلەن كېيىنكى جاۋ خانلىقىدىكى شى ھەزرەتكە مۇناسىۋەتلىك. تارىخنى ئەسلىمەي بولمايدۇ. ھازىر جورجانلارنىڭ سەردارلىرى كېلىپ بەيئەت قىلغان، خەلقى تۆۋەندە تارقاق ماكانلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز يۇرتىدا قالغانلىرى ناھايىتى جىق، قاڭقىللار ئۇلارنى بىر يولىلا قوشۇۋالالمايدۇ، پۈتۈنلەي بېقىندۇرۇۋېلىمۇ كېتەلمەيدۇ. قاڭقىللارنىڭ لەشكىرى كۆپ بولغان بىلەن سەردارلىرى نادان، ئادەملىرىنى گەپكە كىرگۈزەلمەيدۇ، ئادەملىرى سەردارلىرى ئۈچۈن ئىشلىمەيدۇ. ئۇلار زورلۇق ـ زومبۇلۇق، بۇلاڭچىلىقنى كەسىپ قىلغان.

لېكىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدە كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا لياڭجۇ بىلەن دۇنخۇاڭلا يارايدۇ. لياڭجۇنىڭ زېمىنى كەڭ، نوپۇسى ئاز، ئەسلىدىنلا ئاشلىق، قورال - ياراغ يېتىشمەيتتى. دۇنخۇاڭ بىلەن جيۇچۈەن تېخىمۇ قۇرۇق ئۈستىخان. ئەگەر جورجانلارنى قايتا يۈلىمەي، شىمال تەرەپنى قاڭقىللارغا ئوڭچە تاشلاپ بەرسەك، غەرب تەرەپتىن كېلىدىغان باش ئاغرىقى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ.

مېنىڭچە، جورجانلارنىڭ ھەر ئىككى سەردارى قېپقالسۇن. ئاناغاي سەل شەرق تەرەپتە تۇرسۇن، براھمان غەرب تەرەپتىكى مىللەتلەر رايونىدا تۇرسۇن. ئۇردىغا ئەل بولۇپ كەلگەنلەرنى شۇلارنىڭ تەۋەلىكىگە بۆلۈپ بېرىش لازىم. ئاناغاي تۇرغان يەرنى كۆزدىن كەچۈرمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ۋە ۋەزىيەتنى ھازىر دەپ بېرەلمەيمەن. براھمان شىخەي ۋىلايىتىدىكى ① كونا قەلئەنى ياساتساق ھەم ئۆزىمىز شۇ يەردە تۇرساق، دېگەن تەلەپنى قويۇۋاتىدۇ. شىخەي ۋىلايىتى بۇرۇن لياڭجۇغا قارايتتى، ھازىر جيۇچۈەن ۋىلايىتى تەۋەسىدە. ئۇ جاڭيېنىڭ غەربىي شىمالىغا 1200 چاقىرىم، قاڭقىللار تۇرۇشلۇق ئالتۇن تاغقا 1000 چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلىدۇ. ئۇ يەر شىمالدىكى مىللەتلەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يولنىڭ تۈگۈنى، بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى يۈرگەن يول. يەرلىرى مۇنبەت، دېھقانچىلىققا بەك باب كېلىدۇ. ھازىر براھمان ئۇ يەردە تۇرسا ئىشلارغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، غەربىي شىمال رايونىنى ساقلاش ئۈچۈن مەڭگۈلۈك مۇداپىئە نۇقتىسى قىلىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ نامدا ئۇ يەرگە جورجانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەمەلىيەتتە قاڭقىللاردىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ چارىسى. بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن، يېتەرلىك ئاشلىق ۋە لەشكەر بار بولىدۇ. بۇ چېگرىنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى قوغداشنىڭ ئۇسۇلى. ئەگەر براھمان ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، قېپقالغانلارنى



ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، چېچىلىپ كەتكەنلەرنى يىغىپ، دۆلىتىنى قايتا گۈللەندۈرەلىسە، ئۇنى تەدرىجىي شىمالغا — قۇملۇقنىڭ نېرىسىغا كۆچۈرۈپ، ئوردىنى قوغدايدىغان كۈچكە، قاڭقىللارنىڭ كۈچلۈك دۈشمىنىگە ئايلاندۇرىمىز. ئۇ چاغدا غەربىي شىمالدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولىمىز. ئەگەر ئۇ بۇرۇنقىدەك ۋاپاغا جاپا قىلىپ، كۆڭلى قارىلىق، ھىيلىگەرلىك بىلەن يۈز ئۆرۈسە، قاچقۇن جىنايەتچىگە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ بىزگە نېمە زىيىنى بولاتتى؟ ھازىر بالدۇرراق تەرەددۇت قىلمىساق، ئۇلار بىلىپ قېلىپ ئاۋۋال شىخې ② نى ئىگىلەپ مۇھىم جايلارنى تارتىۋالسا، ئۇ چاغدا جيۇچۈەن، جاڭيېلەر خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۈزۈۋندىن ئۈزۈۋنغا سوزۇلغان يەرلەر دۆلەتنىڭ ئىلكىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئىشنى باشتىلا پىلانلىماي ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرىگەندە، خۇددى ئۆزىنىڭ كىندىكىنى ئۆزى چىشلىگىلى بولمىغاندەك ئۇنۇمى بولمايدۇ. كېيىنكى پۇشايمان ئۆزگە دۈشمەن بولىدۇ.

ئەگەر مېنىڭ پىكرىم ماقۇل كۆرۈلسە، لياڭجۇ ئايمىقى ۋە دۇنخۇاڭ، شىخەي ۋىلايەتلىرىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، تاغ جىلغىلىرىدىكى مۇھىم جايلارنى كۆزدىن كەچۈرتۈپ، قورغان ۋە تۇرلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلارنى تەكشۈرۈش، قانچىلىك لەشكەر ۋە ئات كېتىدىغانلىقى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ، ئاشلىق، ئوت - چۆپ، قورال - جابدۇق توپلاش، رايونلارنى بۆلۈپ بەلگىلەش، تۇرىدىغان يەرنى بېكىتىش لازىم. ئەتىيازدا شىخەي ۋىلايىتى ئەتراپىدىكى يەرلەرگە ئۇرۇق چاچتۇرۇلسا، كۈزدە بىر يىل يەتكۈدەك ئاشلىق چىقىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ يەرگە ئاشلىق توشۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ غەربى ۋە شىمالى چۆل - باياۋان، ياۋايى ھايۋان جىق. ئۇ جورجانلارنىڭ ئوۋ ئوۋلايدىغان يېرى. ئۇلار يەر تېرىپ، ئوۋ ئوۋلاپ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلەيدۇ، ئۆزىنى پۇتۇنلەي قوغدىيالايدۇ. ھازىردىن

باشلاپ تەييارلىق قىلساق، بىر ئاز زىيان تارتقاندەك قىلساقمۇ، بىر يىلدىن كېيىن جىق پايدىسىنى كۆرىمىز. قاڭقىللار چىل بۆرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلارغا قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن؟ ئەگەر ئۇلار باش ئېگىپ ئەل بولىمىز دېسە، يەنە ئېتىبار بېرىش ۋە قوبۇل قىلىش مۇمكىن. لېكىن ئوردا يىراقنى كۆزلەپ پەخەس بولۇشى كېرەك. ئىشنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن ئادەم باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئالالايدۇ دېگەن ئەنە شۇ.»

ئوردا مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى توغرا تاپتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ يانداش بېگى ③ قىلىپ تەيىنلىدى ۋە چېجۇ ئايماقبېگى قىلىپ ئۆستۈردى. ئەمما ئۇ كۆپ نەتىجە يارىتالمىدى.

شياۋچاڭ (مىلادىيە 525 — 528) يىللىرى، جەنۇبىي تىنچىتقۇچى سانغۇن، ھۆدەيچى، قوشۇمچە ھەرەم ئاغىسى قىلىپ تەيىنلىنىپ، شۇ خې بىلەن ئوردىدا دېلو - ئارخىپ باشقۇردى. يۈەن فەن قابىلىيەتلىك، بىلىملىك، ئابرويلۇق ھەم سىپايە بولغانلىقتىن، لياڭ خانىدانى ④ ئۇنىڭغا ئىبدىنكى دۈشمەنلەر بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتاتتى. چوڭ قوشۇن يۈرۈش قىلىشقا ئاتلانماقچى بولدى. يۈەن فەن يۈرۈش قىلماسلىق كېرەك، دەپ مەكتۇپ سۇندى. كېيىن شياۋ باۋيىن ⑤ گۈەنشىدە قاتتىق مەغلۇپ بولدى. يۈەن فەن گۈەنشى ئۇرۇشىدا ئۆلگەن سەركەردە - سەرۋازلارغا ماتەم تۇتۇش، ھايات قايتىپ كەلگەنلەرنى مۇكاپاتلاش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇتقۇزۇشنى ئىلتىماس قىلىپ مەكتۇپ سۇندى. كېيىن خەزىنە بېگىلىككە تەيىنلەندى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي زىندان بېگى بولدى. يۈەن فەن مەكتۇپ سۇنۇپ، جەنۇبىي تىنچىتقۇچى سانغۇن، دىۋان بېگى دېگەن مەنسەپلەرنى ئالتۇن تامغا ۋە بىنەپشىرەڭ تامغا بېغىغا ⑥ ئىگە ئىناۋەتلىك ئەمەلدار دېگەن مەرتىۋىگە تېگىشىشنى ئىلتىماس قىلدى. شۇ ۋاقىتتا جەمئىيەت مۇقىم ئەمەس ئىدى. يۈەن فەن كۆرۈنۈشتە



ئېتىبارسىز ئەمەلنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئىچىدە يۇقىرى مەنسەپنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنى بىلىدىغانلار ئەجەپلەندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا قۇتلۇق سانغۇن دېگەن مەنسەپ بېرىلدى. ۋېي پادىشاھى شياۋمىڭدى بىلەن لياڭ خانىدانى خۇالىن باغچىسىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ۋەزىر - ۋۇزرالارغا: «يۈەن دىۋان بېگى مېنىڭ دۇيۇ ⑦ يىم، مۇشۇ قەدەھنى يۈەن ھەزرەتكە تۇتتۇم، قېنى كۆتۈرەيلى» دېگەندە، زىياپەتتە ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچ - ئىچىدىن مەسلىكى كەلدى.

يۈەن فەننىڭ ئابرويىمۇ، مەنسىپىمۇ يۇقىرى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بىلىملىك، تالانتلىق زاتلار ئۇنى ناھايىتى ئۇلۇغلايتتى. بىراق ئۇ باشقىلارنى ماختىمايتتى، كۆتۈرمەيتتى، كېيىن كۆزگە كۆرۈنگەنلەرنى چەتكە قاقاتتى. بۇ ئىشلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەنلەر ئۇنى ياراتمايدىغان بولدى. ئۇ جيەنيىنىڭ دەسلەپكى يىلى (مىلادىيە 528 - يىلى) خېيىندا قەستكە ئۇچراپ ئۆلدى. يازغان يۈز پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى ئەلگە تارقالدى. ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يارلىق تەمتىكى تۇتقۇچى شىغاۋۇل، ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى دېگەن مەنسەپلەر بېرىلدى. چوڭ ئوغلى يۈەن باۋشۇ ۋۇدىڭ (مىلادىيە 543 — 550) يىللىرىدا ئەمرى زېمىن پۈتۈكخانىسىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 - توم، 1715 -، 1717 - بەتلەر)

شياۋچاڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، گۇاڭپىڭ بېگى يۈەن خۇەينىڭ ئۆيىنى قازغاندا بىر قەدىمكى قاشتېشى تامغا چىقىپ قالدى. زۇيىڭ بىلەن ھەرەم ئاغىسى لى يەنجىنى چاقىرتىپ تونۇتتى. زۇيىڭ: «بۇ ئۇدۇن بېگى جىن سۇلالىسىنىڭ تەيكاڭ يىللىرى (مىلادىيە 280 — 289 - يىللار) ئوردىغا ھەدىيە قىلغان قاشتېشى تامغا ئىكەن» دېدى. سۇرۇقتا سۇركەپ قەغەزگە

بىسىپ قارىغاندا، زۇيىڭنىڭ دېگىنى توغرا چىقتى. كىشىلەر ئۇنى قەدىمىي تەۋەرۈكلەرنى پىششىق بىلىدىكەن، دەپ ماختاپ كەتتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1735 ـ بەت)

شۇ چاغدا چى سۇلالىسى پادىشاھى شېڭۋۇدى ۋېي سۇلالىسى مەلىكىسى لەنلىڭنى جورجانلارغا ياتلىق قىلىپ يولغا سالغاندا، ۋېي شۇ ⑧ «قوۋۇقتىن چىقىش» ۋە «مەلىكىنىڭ ياقا يۇرتقا ياتلىق بولۇشى ھەققىدە نەزمە» دېگەن ئىككى پارچە شېئىرنى يازدى. زۇيىڭمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن شېئىر يېزىپ ئوقۇدى. بۇ شېئىرلار شۇ زاماندا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقالدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1736 ـ بەت)

---

① شىخەي ۋىلايىتى (西海郡) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئېجنې خوشۇنىغا توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1832 ـ بەت)

② شىخې (西河) — ئىككى مەنىدە. بىرى، قەدىمكى زاماندا خەنزۇچە مەنبەلەردە غەربىي رايونلاردا جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاققان خۇاڭخې دەرياسى «西河» دەپ ئاتالغان؛ يەنە بىرى، قەدىمكى ۋىلايەت نامىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە بۇ ۋىلايەتنىڭ دائىرىسى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىشى، جۇڭياڭ، شىلۇ، فېنياڭ، جيېشيۇ، لىڭشى ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1832 ـ بەت)

③ مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ يانداش بېگى (吏部侍郎) — پادىشاھلىق دائىرىسىدىكى ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش، خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈش، يۆتكەپ ئىشلىتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورگان مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ مەسئۇلىنىڭ قول



ئاستىدا ئۈچ يىل ئىشلىگەن ئەمەلدار يانداش بەگ دەپ ئاتالغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 54 ـ، 237 ـ بەتلەر)

④ لىڭ خانىشانا (灵太后) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى شۈەنۋۇدى يۈەن كېنىڭ خانىشى خۇشى، شياۋمىڭدى يۈەن شۈنىڭ ئانىسى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 503 ـ، 505 ـ بەتلەر)

⑤ شياۋ باۋيىن (萧宝夤) — جەنۇبىي چى سۇلالىسى پادىشاھى مىڭدى شياۋلۈەننىڭ 6 ـ ئوغلى. جەنۇبىي چى سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، شىمالغا قېچىپ بېرىپ، ۋېي پادىشاھى شياۋمىڭدىغا بەيئەت قىلغان. شياۋچاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 527 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، پېڭلياڭ قاتارلىق جايلاردا توپىلاڭچىلارنى باستۇرغاندا قاتتىق مەغلۇپ بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1049 ـ، 1057 ـ بەتلەر)

⑥ ئالتۇن تامغا ۋە بىنەپشىرەڭ تامغا بېغى (金印紫绶) — ئۈچ ئالىي ۋەزىر، چوڭ تۆرىلەر ۋە بۈيۈك سانغۇنلارغا بېرىلەتتى.
(«كېيىنكى خەننامە»، 4285 ـ بەت)

⑦ دۇيۈ (杜预) — غەربىي جىن سۇلالىسىدە ئۆتكەن سەركەردە ھەم ئالىم. يەنە بىر ئىسمى دۇيۈەنكەي، دۇلىڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) دىن. جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولۇپ نۇرغۇن تۆھپە ياراتقان. بىر قانچە داڭلىق ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1256 ـ بەت)

⑧ ۋېي شۇ (魏收) — «ۋېينامە» نىڭ ئاپتورى. ئەينى زاماندا ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆددىچىسى ئىدى.
(مۇھەررىردىن)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 48 ـ جىلد

## ئېرجۇرۇڭنىڭ تەرجىمىھالى

بۇرۇن گاۋپىڭ قورغىنىدىكى خېلەن گۈيئېن قاتارلىقلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، تېلىلارنىڭ ئاقساقىلى خۇچېننى سەردار قىلىپ تىكلەپ، گاۋپىڭ خانى دەپ ئاتىدى ھەم نامدا ۋۇيي قەلئەسىدە تۇرغان قاراقچىلارنىڭ كاتتىبېشى پولىيۇخەنداۋغا پۇقرا بولدى. خۇچېن گاۋپىڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، باش سانغۇن ۋەنيىچۇنۇنى جىڭجۇ ئايمىقىنى بۇلاشقا ئەۋەتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1773 ـ بەت)

شۇنداق قىلىپ ئۇچ چىن، خېجۇ، ۋېيجۇ، گۇاجۇ ① لياڭجۇ، پىشامشانلار كېلىپ ئەل بولۇپ بەيئەت قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1775 ـ بەت)

---

① گۇاجۇ ( 瓜州 ) — ئايماق. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدە، مەركىزى ھازىرقى دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ غەربىدە بولغان.

(بىر توملۇق «سىنخەي»، 1774 ـ بەت)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 49 ـ جىلد

## خۇموچېنيۈنىڭ تەرجىمىھالى

ئۇچ چىن، خېجۇ، ۋېيجۇ، گۇاجۇ، لياڭجۇ، پىشامشانلار كېلىپ ئەل بولۇپ بەيئەت قىلدى.

بۇرۇن فېيتۇدىن ۋەنچى شۇروغان، تېلىدىن خۇلۇشامېن، جېبامېئېتۇ، قىدۇ لىڭيىلىلارنىڭ ئۆز قوۋمى بولۇپ، ئۆزىنى ئۆزى قوغدايتتى. بۇ چاغقا كەلگەندە، ھەممىسى ئەل بولۇپ بەيئەت قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1803 ـ بەت)

خۇموچېنيۈ دەيجۇن ۋىلايىتىدىن، ئاتىسى براھمان تۆگە ـ ئۆكۈز كاھېبېگى ئىدى. شۇڭا خۇموچېنيۈ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدە چوڭ بولغان ھەم ئوۋ ئوۋلاشقا ئامراق، ئات چاپتۇرۇش ۋە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولۇپ يېتىلگەن. پادىچىلار توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئۇ ئېرجۇرۇڭنىڭ پېشىنى تۇتقان، ئېرجۇرۇڭ ئۇنى مەھكىمىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلىگەن. ۋېي پادىشاھى شياۋجۇاڭدى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئالتۇن تامغا ۋە بىنەپشىرەڭ تامغا بېغىغا ئىگە كېڭەش بېگىلىككە تەيىنلەنگەن. بورىن ناھىيىسى بېگى دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن.

ئېرجۇتيەنگۇاڭ گۇەنشىگە ① يۈرۈش قىلغاندا، ئېرجۇرۇڭ خۇموچېنيۈنى ئېرجۇتيەنگۇاڭغا ئوڭ قول تۇتۇق قىلىپ بەردى. ئۇ گۇەنشىگە يۈرۈش قىلىشتا ئېرجۇتيەنگۇاڭ، خېبايۈ②لەر

بىلەن ئوخشاش خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شياڭجۇ ئايمىقىغا بەگ قىلىپ تەيىنلەندى. ئېرجۇرۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ئېرجۇتيەنگۇاڭ بىلەن بىللە لوڭشى رايونىغا باردى. يۈەن يې پادىشاھ بولغاندا، ئۇ بەيشۈي ۋىلايىتى گوڭى بولدى. پۇتەي يىلى (مىلادىيە 531 ـ يىلى) چىڭجۇ ئايماقبېگى بولدى. ئېرجۇتيەنگۇاڭ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شېنۋۇدى بىلەن تىركەشمەكچى بولغاندا، خۇموچېنيۇ بىلەن خېبايۆ لوڭشى رايونىغا بېرىپ، شېنۋۇدىغا ھەمدەم بولدى. يوڭجۇغا بېرىشىغا ئېرجۇتيەنگۇاڭ ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى. يوڭشى يىللىرى (مىلادىيە 532 — 534 ـ يىللىرى) نىڭ بېشىدا ئوردا ئۈچ ئەمرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى بولۇپ، لوڭيۇنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلدى. قوشۇمچە چىڭجۇ ئايماقبېگى بولۇۋەردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1804 ـ بەت)

لياڭ لەن، يەنە بىر ئىسمى لياڭ جېڭرۇي، جىنچېڭ ۋىلايىتىدىن. ئۇنىڭ ئەجدادى ئاپەتتىن قېچىپ، ئەندىڭدىن ③ غەربىي چاڭلارغا بېرىپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قەبىلە سەركەردىسى بولۇپ كەلگەن. ئۇلۇغ بوۋىسى لياڭ مۇ فوخەن شەھىرى بەدىلىگە تۇيغۇنلارغا بەيئەت قىلغان. كېيىن ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، لىنتاۋ گوڭى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشكەن. بوۋىسى لياڭ خاۋ مىرزا بەگ بولۇپ، نەنئەن گوڭى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشكەن. ئاتىسى لياڭ جاۋ خېجۇ، خۇاجۇلارغا ④ ئايماقبېگى بولۇپ، شىنياڭ ناھىيىسى گرافى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشكەن.

لياڭ لەننىڭ ئائىلىسى كاتتا باي بولۇپ، 1000 سەر ئالتۇن بىساتى بار ئىدى. شياۋچاڭ (مىلادىيە 525 — 528 ـ يىللىرى) نىڭ دەسلەپكى يىلى چىنجۇ ئايمىقىدا موسىنيەنشېڭ، خۇچېن قاتارلىقلار ئاسىيلىق قىلدى. ئۆزلىرى پۇل چىقىرىپ 3000



لەشكەر يىغىپ خېجۇنى قوغدىدى. لياڭ لەن چوڭ قوشۇنغا ئەگىشىپ توپىلاڭنى تىنچىتىپ، لياڭجۇ، خېجۇلارغا ئايماقبېگى ۋە ئەندې ناھىيىسىگە بەگ بولدى. لياڭ لەن ئايماقبېگى بولغاندىن كېيىن، كۆپلەپ قورال ـ ياراغ ياسىتىپ لەشكەرلىرىنى خىللىدى. تۇيغۇنلار قورقۇپ، چېقىلالمايدىغان بولدى. ھەممە كىشى «لياڭ لەن بار يەردە ھېچ ئىش قىلالمايسەن» دېيىشتى. يۇڭئەن يىللىرى (مىلادىيە 528 — 530 ـ يىللىرى) پادىشاھنىڭ يارلىقى بىلەن باش ھۆدەيچى لاڭيالىق ۋاڭ خاۋ بېرىپ لياڭ لەننى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا خېجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. يوڭشى يىللىرى (مىلادىيە 532 — 534 ـ يىللىرى) ۋىلايەت گوڭىلىققا ئۆزگەرتىلدى. داتۇڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 536 ـ يىلى) ئەمىرلەشكەرلىك مەنسىپى بېرىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1806 ـ بەت)

---

① گۇەنشى (关西) — قەدىمكى يەر نامى. ئومۇمەن خەنگۇ قوۋۇقىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 284 ـ بەت)

② خېبايۆ (贺拔岳) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە نۇرغۇن خىزمەت كۆرسىتىپ، ئايماق بېگى مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 1800 ـ، 1803 ـ بەتلەر)

③ ئەندىڭ (安定) — قەدىمكى ناھىيە. مەركىزى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جىڭچۇەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1001 ـ بەت)

④ خۇاجۇ (华州) — قەدىمكى ئايماق. مەركىزى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خۇاشيەن ناھىيىسىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 123 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 50 ـ جىلد

# گاۋگۇڭجىنىڭ تەرجىمىھالى

ئىبر جۇرۇڭ جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، گاۋگۇڭجى ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلدى. ئىبر جۇرۇڭ ئۇنىڭدىن بەك قورقاتتى.

گاۋگۇڭجىنىڭ ئاكىسى گاۋ چيەنجى ئۆز چاكارلىرىنىڭ چېچىنى ھەرگىز چۇشۇرمەيتتى، يۈزىگە خەتمۇ چەكمەيتتى. ئۇ دائىم: «ئۇلارمۇ ئادەم، ئازاپلىساق قانداق بولىدۇ؟» دەيتتى. گاۋچيەنجىنىڭ تاغىسى جۇرچى مونسۇن لياڭجۇغا خان بولغان، بىراق بۇ تارىخىي كىتابلاردا يېزىلمىغان. شۇڭا، گاۋ چيەنجى ئون جىلدلىق «لياڭنامە» نى يېزىپ ئەلگە تارقاتقان. لياڭ خانلىقىدا بۇددا دىنى كەڭ تارقالغانىدى. ئۇ مۇھاكىمە قىلىپ بۇددىزمنى سۇندۇرۇپ، بۇددىزمنى توققۇز مەزھەپنىڭ بىرى دېدى. ئۆز ۋاقتىدا ئەلدە ئابرويى بار كىشىلەر بەس ـ بەس بىلەن بۇددىزم ئەقىدىسىئۇستىدە سوئال سوراپ گاۋچيەنجىنى مات قىلماقچى بولغاندا، ئۇ ئۇلارغا بۇددا ئىدىيىسى بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. ئاخىر ئۇلار گاۋچيەنجىنى باش ئەگدۈرەلمىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى كالىيندارلارنىڭ مۇكەممەل بولمىغان بىر مۇنچە يەرلىرى بار ئىدى. گاۋ چيەنجى ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ، باشقىدىن تۈزدى. ئۆز ئالدىغا بىر مەزھەپ ھاسىل قىلدى. ئەلگە تارقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىلىدىغان كىشىلەر ئۇنى كۆپ ماھارەتلىك ئادەم، دەپ ماختاشتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1831 ـ بەت)



كېيىن، جورجانلارنىڭ سەردارى براھمان لياڭجۇدىن كېلىپ بەيئەت قىلدى. ئۇنىڭ خەلقى ئاچارچىلىقتىن چېگرىدىكى شەھەرلەرنى بۇلىدى. فېي مۇ پادىشاھنىڭ يارلىقى بىلەن بېرىپ ھال سورىدى. ئۇلاردىن بىرسىمۇ قالماي ئەل بولدى. ئىككىنچى يىلى، ئۇلار يەنە ئاسىيلىق قىلىپ لياڭجۇنى بۇلىدى. پادىشاھ فېي مۇنى قوشۇمچە دىۋان بېگىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى، غەربىي شىمالىي يول باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، باسقاق سانغۇنلۇقىنى ساقلاپ قېلىپ، جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. فېي مۇ لياڭجۇغا بارسا، جورجانلار قېچىپ كەتتى. فېي مۇ ئادەملىرىگە: «يى ـ دىلارنىڭ خاراكتېرى ھايۋانلارغا ئوخشاش، دۈشمەننى كۆرسە قېچىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى تازا بىر مۇجۇپ قويمىساق، بىزگە ئارام بەرمەيدۇ» دېدى ۋە خىل ئاتلىق لەشكەرلەرنى تاللاپ تەربىيىلەپ، تاغ جىلغىلىرىغا بۆكتۈرمە قويدى. دۈشمەننى ئازدۇرۇش ئۈچۈن قېرى ـ چۈرە لەشكەرلەردىن تاشقى سەپ تەشكىللىدى. دۈشمەننىڭ ئاتلىق پايلاقچىلىرى قاراپ بېقىپ، بەس ـ بەس بىلەن كېلىشتى. بۆكتۈرمە قىسىملار ئۇشتۇمتۇت چىقىپ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1837 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 51 ـ جىلد

# شىمالىي چى سۇلالىسىدىكى جاۋجۇن بېگى گاۋرۇينىڭ تەرجىمىھالى

خېچىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 565 ـ يىلى) شىمالىي جۇ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن تۈركلەر بىڭجۇغا يېتىپ كەلدى. چى پادىشاھى ۋۇچېڭدى ئوردا خادىمىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ قېچىپ كەتمەكچى بولغاندا، گاۋرۇي ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋېلىپ، نەسىھەت قىلىپ توسۇپ قالدى. چى پادىشاھى ۋۇچېڭدى دۈشمەنگە ئۆزى تاقابىل تۇرماقچى بولدى. قوشۇننىڭ ھەرىكىتىگە گاۋرۇي قوماندانلىق قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دۈەن شياۋشيەنني باش مەسئۇل قىلدى. پادىشاھ ۋۇچېڭدى بىلەن ئوردا خادىملىرى قىزىل ساۋۇت كىيىپ، شىمال تەرەپتىكى سېپىلغا چىقىپ قارىدى. قوشۇنلارنىڭ سېپى ناھايىتى رەتلىك ئىدى. تۈركلەر شىمالىي جۇ كىشىلىرىگە تاپا قىلىپ: «سىلەر شىمالىي چى سۇلالىسى مالىمانچىلىق ئىچىدە قالدى دېگەچكە، بىز كېلىپ ھۇجۇم قىلدۇق. ھازىر چى سۇلالىسى ئادەملىرىنىڭ كۆزىدىن قەيسەرلىك چىقىپ تۇرىدۇ، قانداق تەڭ كېلەلەيمىز!» دەپ، چېكىنىپ كېتىشتى. چېكىنگەن قوشۇن شىڭلىڭ چوققىسى ① غا بارغاندا، ھاۋا سوغۇق، يول تېيىلغاق بولغاچقا ماڭالماي، شىڭلىڭ چوققىسىدىن كىگىز سېلىپ ئۆتتى. تۈركلەرنىڭ ئاتلىرى ئورۇقلاپ، تىزىنىڭ تۆۋىنىدە تۈك قالمىدى. سەددىچىنگە بارغىچە ئۆلۈپ تۈگەشكە ئاز قالدى. ئۇلار



نەيزىلىرىنى سۇندۇرۇپ ھاسا قىلىپ قايتىپ كېتىشتى. بۇ قېتىمقى جەڭدە دۈەن شياۋشيەن ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ دۈشمەن بىلەن روبىرو تۇتۇشمىدى. لېكىن جىنياڭ تەرەپتىن قامىلىپ قېلىپ، لەشكەرلەر دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، بىرمۇ ئادەم قالمىدى. قوغۇرسۇ گۇاڭ سەندۇي ② دىن قايتىپ كەلدى. پادىشاھ قاتتىق مەغلۇپ بولغانلىقتىن، قوغۇرسۇ گۇاڭنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1845 ـ بەت)

شۇ چاغدا، لۇڭشىدىكى چاڭلار كۆپ قېتىم تۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. ئوردا گاۋمەينى ئاتاق ـ ئابرويى بار دەپ، تاۋجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. گاۋمەي ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەيمەندۇرۇش ۋە غەمخورلۇق قىلىش چارىسىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى پۇقرالار ۋە يىلار ھىمايە قىلدى. زوراۋانلار بىلەن مەككارلار ئەسكىلىك قىلالمايدىغان، يولدا ئۈچرىغان نەرسىلەرنى ھېچكىشى ئالمايدىغان بولدى. ئۇ يۇرتنى ئوبدان سورىغانلىقى ئۈچۈن تارتۇقلاندى. كېيىن تۇيغۇنلار كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلغاندا، گاۋمەي ئاغرىق بولغاچقا دەككىسىنى بېرەلمىدى. دۈشمەنلەر ئالىدىغاننى ئېلىپ كېتىشتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1850 ـ بەت)

پېڭچىن بېگى گاۋگۇيېن، يەنە بىر ئىسمى گاۋرېنيىڭ، پادىشاھ شېنۋۇدىنىڭ بىر جەمەت ئىنىسى. ئاتىسى گاۋخۇي شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، لياڭجۇغا سۈرگۈن قىلىنغان. خۇاڭخې دەرياسى بىلەن ۋېيشۇي دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا كەلگەندە قاراقچىلارغا يولۇقۇپ، ھەربىي جەھەتتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سۈرگۈن قىلىش جازاسى

كەچۇرۇم قىلىنغان. خېجۇدا ئۇزاق تۇرغانلىقى، غوزلارنىڭ تىلىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن غەربىي يۇرتقا باش ئەلچى قىلىپ تەيىنلەنگەن. غوزلارنىڭ شىرىغا ئېرىشكەن. خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن خېجۇ ئايمىقىغا مۇۋەققەت ھاكىم بولۇپ تەيىنلەنگەن. خىزمەت ئۈستىدە ئۆلگەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1856 ـ بەت)

---

① شىڭلىڭ چوققىسى (陉岭) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى دەيشيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا. قەدىمكى زاماندا شىمالدىكى مۇھىم ھەربىي ئۆتكەللەردىن ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 329 ـ بەت)

② سەندۇي (三堆) — قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ جىڭلې ناھىيىسىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 35 ـ بەت)





# چى خاندانى بەگلىرى تەزكىرىسى

خېجيەن بېگى گاۋشياۋۋەن، چى پادىشاھى ۋېنشيۈەندىنىڭ ① 3 ـ ئوغلى، تيەنباۋ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 550 ـ يىلى) خېجيەن بېگى دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن. تيەنتۇڭ يىللىرى (مىلادىيە 565 — 569 ـ يىللىرى) مىرزا بەگلىككە ئۆستۈرۈلگەن. تۈركلەر بىلەن شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرى تەييۈەنگە كىرىپ، چى پادىشاھى ۋۇچېڭدى شەرققە قېچىشقا تەمشەلگەندە، گاۋ شياۋۋەن ئاتىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، جاۋجۈن بېگى گاۋچېنىنى قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتسەڭ، قوشۇن چوقۇم غەيرەتكە كېلىدۇ، دەپ تەكلىپ بەردى. پادىشاھ ۋۇچېڭدى ماقۇل كۆردى. گاۋ شياۋۋەن دۇبۇلغا كىيىپ، جەڭگە ئاتلىناي دەپ تۇرغاندا، پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى قايتۇرۇپ كەلدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇ بىڭجۇغا ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلەندى.

لەنلىڭۋاڭ بېگى گاۋچاڭگوڭ، يەنە بىر ئىسمى گاۋ شياۋگۇەن، چى پادىشاھى ۋېنشيۈەندىنىڭ 4 ـ ئوغلى. كەيىنى ـ كەينىدىن ئەمەلى ئۆسۈپ، بىڭجۇغا ئايماقبېگى بولدى. تۈركلەر جىنياڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، گاۋچاڭگوڭ دۈشمەنگە قۇربىنىڭ يېتىشىچە زەربە بەردى. ماڭشەن تېغى ② قولدىن كەتكەندە، گاۋچاڭگوڭ بارگاھ لەشكەر بېشى ئىدى. ئۇ 500 ئاتلىقنى باشلاپ شىمالىي جۇ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ،

جىنيۇڭ ③ شەھىرىنىڭ سېپىلىغىچە باردى ھەم مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى، ۋەزىيەت جىددىي ئىدى. سېپىلدىكى كىشىلەر ئۇنى تونۇيالمىدى. ئۇ دۇبۇلغىنى ئېلىۋەتكەندە، شەھەردىكىلەر ئاندىن تونۇپ، كامالەكچىنى چۈشۈرۈپ ئۇنى قۇتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن چوڭ غەلىبە قازاندى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1879 ـ بەت)

فەنياڭ بېگى گاۋشاۋيى قايتىپ بېيشونى قوغدىغىلى كەلدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى يۈۋېن شېنجۇنىڭ لەشكەرلىرى مايىغا قىستاپ كەلدى. گاۋ شاۋيى دۈمىڭدانى ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتتى، دۈمىڭدا قاتتىق مەغلۇپ بولدى. گاۋ شاۋيى: «ئۆلسەك ئۆلىمىزكى، تەسلىم بولمايمىز» دەپ، تۈركلەر تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئاران 3000 ئۆيلۈك ئادىمى بار ئىدى. ئۇ: «قايتىپ كېتىمىز دەيدىغانلارغا رۇخسەت» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئادەم كۆز يېشى قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تېزلىنىپ خوشلاشتى.

تۈركلەرنىڭ تابار قاغانى چى پادىشاھى ۋېنشۇەندىنى قەھرىمان تەگرىزادە دەيتتى. گاۋشاۋيىنىڭ بىر پۇتىدا ئىككى ئوشۇقى بولۇپ ئاتىسىنىڭكىگە ئوخشايتتى. شۇڭا، تۈركلەر گاۋشاۋيىنى ياخشى كۆرەتتى. چى سۇلالىسىدىن شىمالغا قاچقانلارنىڭ ھەممىسى گاۋ شاۋيىغا بېقىندى. گاۋ باۋنىڭ يىڭجۇدا ④ گاۋ شاۋيىنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ، مەكتۇپ سۇندى. گاۋ شاۋيى پادىشاھ بولۇپ، يىلنامىنى ۋۇپىڭ 1 ـ يىلى دەپ جاكارلىدى. جاۋمۇنى تيەنشۇيگە بەگ قىلدى. تابار قاغانمۇ گاۋباۋنىڭ پىڭجۇ ⑤ نى ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، فەنياڭ بېگى گاۋ شاۋيىنى چى پادىشاھى قىلىپ تىكلەيمىز، گاۋ شاۋيى ئۈچۈن ئۆچ ئالىمىز دەپ ئادەم توپلاپ، لەشكەر يۆتكەپ جەنۇبقا ھۇجۇم قىلدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى



يۇنياڭ ⑥ دا كۆپلەپ لەشكەر توپلاپ، شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ ئۆلدى. گاۋ شاۋيى ئۇققاندىن كېيىن، تەڭرى پۇرسەت بەردى، دەپ قاربدى. لۇچاڭچىمۇ فەنياڭ ⑦ نى ئىگىلەپ، گاۋشاۋيىنى قارشى ئېلىپ مەكتۇپ سۇندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شىمالىي جۇ سەركەردىسى يۈۋېن شېنجۇ لۇچاڭچىنى يوقاتتى. شۇ كۈنى گاۋ شاۋيى يۇجۇغا بارغانىدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسى باشبۇغىنىڭ لەشكەر باشلاپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قۇرۇقدىلىپ قالغان جى شەھىرىنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ تەڭرىزادىنىڭ نامىنى سۇيىئىستىمال قىلىپ، يەن بېگى جاۋۋاڭ ⑧ نىڭ قەبرىسىگە چىقىپ، يىراقلارنى كۆزىتىپ، لەشكەر يۆتكىدى. يۈۋېن شېنجۇ باش سانغۇن يۈۋېن ئېنىنىڭ باشچىلىقىدا 4000 ئادەمنى يۇجۇنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ يېرىمى چى سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

گاۋ شاۋيى فەنياڭ شەھىرىنىڭ شىمالىي جۇ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىگىلەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاق كىيىم كىيىپ ماتەم تۇتتى. لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، تۈركلەرنىڭ يېنىغا باردى. شىمالىي جۇ سۇلالىسى تابار خاقانغا پارا بەردى ھەم تابار قاغاننى دالالەت قىلىش ئۈچۈن خې روينى ئەۋەتتى. تابار قاغانغا گاۋ شاۋيىنى شىمالىي جۇ سۇلالىسىگە تۇتۇپ بېرىشكە قىيمايتتى. شۇڭا، يالغاندىن گاۋ شاۋيى بىلەن جەنۇبقا ئوۋغا چىققان بولۇپ، خې روينغا تۇتقۇزۇپ، سىچۈەنگە سۈرگۈن قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1885 ـ بەت)

---

① پادىشاھ ۋېنشيائڭدى (文襄帝) — شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ 2 ـ ئەۋلاد پادىشاھى گاۋچېڭنى كۆرسىتىدۇ.

(مۇھەررىردىن)

② ماڭشەن تېغى ( 芒山 ) — ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى داڭشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى قامۇسى»، 411 ـ بەت)

③ جىنيۇڭ ( 金墉 ) — قەدىمكى شەھەر. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 546 ـ بەت)

④ يىڭجۇ ( 营州 ) — ئايماق. دائىرىسى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىك لىڭخې دەريالىرى ئېقىپ ئۆتكەن رايونى ۋە ليۇگۇ، نۇئېر دەريالىرى ئېقىپ ئۆتكەن رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەركىزى ھازىرقى جاۋياڭ شەھىرىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1026 ـ بەت)

⑤ پىڭجۇ ( 平州 ) — ئايماق. مەركىزى شياڭپىڭ (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى لياۋياڭ شەھىرى). شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، نامى يىڭجۇغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ يەردىكى پىڭجۇ دەل يىڭجۇنى كۆرسىتىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 41 ـ بەت)

⑥ يۈنياڭ ( 云阳 ) — قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى جىڭياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 474 ـ بەت)

⑦ فەنياڭ ( 范阳 ) — قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى دىڭشىڭ ناھىيىسىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 573 ـ بەت)

⑧ يەن بېگى جاۋۋاڭ ( 燕昭王 ) — بېغىلىق دەۋرىدىكى يەن بەگلىكىنىڭ بېگى. ئىسمى جى، دادىسى چى بەگلىكى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ جاۋ بەگلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى



311 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، يەن بەگلىكىدە ئىسلاھات يۈرگۈزگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 284 ـ يىلى بەش بەگلىك بىلەن بىرلىشىپ، ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن چى بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ 70 تىن ئارتۇق شەھىرىنى ئالغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىت دەل يەن بەگلىكىنىڭ ئەڭ قۇدرەت تاپقان مەزگىلى ئىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1242 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 53 ـ جىلد

# فۇفۇنىڭ تەرجىمىھالى

چى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى گاۋۋېي بىڭجۇنى تارتقۇزۇپ قويۇپ، ئورىدا ئۇچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى خېشىيۇگۈەنni تابار قاغاندىن ياردەم سوراشقا ئەۋەتتى. تابار قاغان چى سۇلالىسىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، خېشىيۇگۈەنني تۇيغۇنلارنىڭ ئەلچىسىدىن تۆۋەن ئورۇندا ئولتۇرغۇزدى. خېشىيۇگۈەن ئېتىراز بىلدۈردى ھەم مۇنداق دېدى: «دۆلىتىم مەغلۇپ بولغان تۇرسا، بۇنداق ئەرزىمەس جانىنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇن ـ تىنسىز ئۆلۈۋالاي دېسەم، ئۇلۇغ چى سۇلالىسىدە ۋىجدان ئۇچۇن ئۆلگەن ۋەزىرىنىڭ بارلىقىنى خەلقى ئالەم ئۇقماي قالارمىكىن دەيمەن. مېنىڭ تىلىكىم، قىلىچ بىلەن بىر چېپىۋەتسەڭلار، ئارىمىزنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقى ئايان بولسۇن.» تابار قاغان ئۇنى مۇكاپاتلاپ، 70 ئات بېرىپ قايتۇرۇۋەتتى.

دەيجۇن ۋىلايىتىدىن بولغان گاۋ باۋنىڭ، ۋۇپىڭ يىللىرى (مىلادىيە 570 — 576 ـ يىللىرى) نىڭ ئاخىرى يىڭجۇغا ئايماقبېگى بولۇپ، خۇاڭلۇڭ ① نى ساقلىغان. خۇاشىيالار ۋە باشقا مىللەتلەر ئۇنى ئىناۋەتلىك ۋە سادىق دەپ قارايتتى. جۇ پادىشاھى ۋۇدى چى سۇلالىسىنى تىنچىتىپ، گاۋباۋنىڭغا ئەل بولۇشنى تەۋسىيە قىلىپ ھەم ھال سوراپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. لېكىن گاۋ باۋنىڭ مەكتۇپىنى رەت قىلدى. فەنياڭ بېگى گاۋ شاۋيى تۈركلەردە تۇرغان چاغدا، گاۋباۋنىڭ ئۇنى پادىشاھ بولۇشقا



دالالەت قىلىپ مەكتۇپ سۇنغانىدى. فەنياڭ بېگى گاۋ شاۋيى گاۋباۋنىڭنى باش ۋەزىرلىككە قويدى. لۇ چاڭچى فەنياڭدا جەڭ قىلغاندا، گاۋ باۋنىڭ گاۋ شاۋيى توپلىغان يات مىللەت ۋە خۇاشيا لەشكەرلىرىدىن نەچچە ئون مىڭ كىشىنى باشلاپ بېرىپ ياردەم بەردى. قوشۇن لۇخې ② دەرياسىغا بارغاندا، شىمالىي جۇ سۇلالىسى سەركەردىسى يۈۋېن شېنجۇنىڭ فەنياڭ خەلقىنى قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ خۇاڭلۇڭغا قايتىپ، ئۇ يەرنى ساقلىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1932 ـ بەت)

---

① خۇاڭلۇڭ ( 黄龙 ) — قەدىمكى قورغان. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ جاۋياڭ شەھىرىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1657 ـ بەت)

② لۇخې ( 潞河 ) — ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىگە قاراشلىق تۇڭشيەن ناھىيىسىدىكى دەرياغا توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 993 ـ بەت)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 54 ـ جىلد

## قوغۇرسۇ جىنىنىڭ تەرجىمىھالى

قوغۇرسۇ جىن، يەنە بىر ئىسمى قوغۇرسۇ ئالتۇن، شوجۇ ئايمىقىدىكى تېلى قەبىلىسىدىن. ئۇلۇغ بوۋىسى پىخولى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى داۋۋۇدى دەۋرىدە ئىچكىرىگە كېلىپ ئوردىغا بەيئەت قىلغان. مەنسىپى ئۇلۇغ ئوچىن، مەرتىۋىسى مېڭدۇ گۇڭى ئىدى. بوۋىسى پان تېكىن دىۋان بېگى بولغان. ئاتىسى ناغاي كېڭەش بېگى بولغان، ئۆلگەندىن كېيىن ئەمرى مىمار دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن.

قوغۇرسۇ ئالتۇن كۆڭلى تۈز، گېپى ئوچۇق ئادەم ئىدى. ئات مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇرۇشتا ھونلارنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. توزۇۋاتقان توپىغا قاراپ قانچىلىك ئاتلىق لەشكەر، قانچىلىك پىيادە لەشكەر بارلىقىنى بىلەلەيتتى. يەرنىڭ توپىسىنى پۇراپلا لەشكەرلەرنىڭ قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. باشتا لەشكەر بېشى ئىدى، خۇەيشو قەلئەسىدىكى سەركەردە ياڭ جۈن بىلەن يىللە جورجانلارنىڭ سەردارى ئاناغاينى ئاپىرىپ قويغان. ئاناغاي قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ شىكاردا ئوقيا ئاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ماھارىتىگە ھەيران قالغانىدى. پولىيۇخەنبالىڭ توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، قوغۇرسۇ ئالتۇن ئادەملىرىنى باشلاپ بېرىپ ئۇنىڭغا بېقىندى. ئۇ قوغۇرسۇ ئالتۇننى بەگلىككە ئولتۇرغۇزدى. قوغۇرسۇ ئالتۇن پولىيۇخەنبالىڭنىڭ ئاخىر مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى پەملەپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، يۈنجۇ ئايمىقى ①



غا باردى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئۇنى 2 ـ لەشكەردار ئاتامانلىققا تەيىنلىدى. ئۇ كۈزدە پايتەختكە سالامغا بېرىپ ئەتىيازدا قەبىلىسىگە قايتىپ كېتەتتى. شۇڭا، ھاڭغۇتقا ئوخشاش ۋەزىر دەپ ئاتالدى. ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ تەدرىجىي جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، خۋاڭگۇادۇيدە دۇلوجۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، ئاكىسى قوغۇرسۇ پىڭ بىلەن قېچىپ بېرىپ ئېرجۇرۇڭغا بېقىنىپ، باسقاق سانغۇن بولدى. ۋېي پادىشاھى شىياۋجۇاڭدى تەختكە ئولتۇرۇپ، قوغۇرسۇ ئالتۇنغا فۇچېڭ بارونى، ئالتۇن تامغا ۋە بىنەپشەرەڭ تامغا بېغىشقا ئىگە كېڭەش بېگى دېگەن مەرتىۋە ـ مەنسەپلەرنى بەردى. چى پادىشاھى شېنۋۇدى ئاستىرتتىن چى سۇلالىسىنى قۇرۇش پىلانىنى تۈزدى. قوغۇرسۇ ئالتۇن بۇ پىلاننى ياقلىدى. تەيچاڭ يىللىرىنىڭ بېشىدا (مىلادىيە 532 ـ يىلى) قوغۇرسۇ ئالتۇن فېنجۇ② ئايماقبېگى بولدى. مەرتىۋىسى بەگلىككە ئۆستى. چى پادىشاھى شېنۋۇدى بىلەن بىللە خېشىدا قېدولىڭنى مەغلۇپ قىلدى.

شايۈەن ئۇرۇشىدا يەر تۈزلۈكى پايدىسىز بولغانلىقتىن، چى پادىشاھى شېنۋۇدى سەل چېكىنگەنىدى. غەربىي ۋېي سۇلالىسى لەشكەرلىرى بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلدى. شېنۋۇدىنىڭ قوشۇنى مالىمان بولۇپ كەتتى. جاڭ خۋايۈەن رويخەت بويىچە يوقلىما قىلغاندا، ھېچ سادا چىقمىدى. پادىشاھ شېنۋۇدى لەشكەر توپلاپ يەنە جەڭ قىلماقچى بولغانىدى، قوغۇرسۇ ئالتۇن: «ئادەملەر چېچىلىپ كەتتى، ھەممىسى قېچىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنى يەنە ئۇرۇشقا سېلىشقا بولمايدۇ. دەرھال خۋاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىگە چېكىندۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى. شېنۋۇدى ئاتتا قېتىپ ئولتۇراتتى. قوغۇرسۇ ئالتۇن ئاتنى قامچا بىلەن ئۇردى، چى پادىشاھى شېنۋۇدى شۇ چاغدىلا ئاندىن چېكىندى. شۇنداق قىلىپ، قوشۇن قاتتىق پېتىراپ كەتتى. ساۋۇتلۇق

سەركەردە ـ سەرۋازلاردىن 80 مىڭ كىشى چىقىم بولدى. خوجىڭ چېچىلىپ كەتكەن ئادەملەرنى يىغدى. غەربىي ۋېي سۇلالىسىدىكى بىر پالۋان كالتەك تۇتۇپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇ قېلىن ساۋۇت كىيىۋالغانلىقتىن ئوق ئۆتمەيتتى. خې بارىن ئۇ يۈزىنى بۇرىغاندا ئاندىن ئوق ئېتىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. بۇ قېتىمى جەڭدە قوغۇرسۇ ئالتۇن بالدۇرراق چېكىنىشنى تەلەپ قىلمىغان بولسا، قوشۇن ھالاكەتكە يۈزلەنگەن بولاتتى. جۇ سۇلالىسىدىكى گاۋجۇڭمۇ ئاسىيلىق قىلىپ، غەربىي ۋېي سۇلالىسىگە قاچتى. يۈۋېن تەي لوياڭغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا، قوغۇرسۇ ئالتۇن پادىشاھ شىنۇۋدىغا ئەگىشىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باش ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلەندى. شىچىڭ ئىنانچى خانى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى.

قوغۇرسۇ ئالتۇن ساددا، ئاقكۆڭۈل ئىدى. خەت تونۇمايتتى. ئەسلى ئىسمى «敦» ئىدى. بۇ ئىسمىنى يازالماي قىينىلىپ «金» قىلىپ ئۆزگەرتتى. چۈنكى بۇ خەتنى يېزىش ئاسان ئىدى. شۇنداقتىمۇ تەستە يازاتتى. سىما زىرۇ «金» دېگەن خەتنى ئۆينىڭ شەكلىگە ئوخشىتىپ يۈرۈپ، ئاران ئۆگىنىپ بولدى. چى پادىشاھى شىنۇۋدى ئۇنىڭ ساددىلىقىنى ياقتۇراتتى. ئۇ ئوغلى پادىشاھ ۋېنشياڭدىنى ھەمىشە: «سېنىڭ ئىشلەتكەن ئادەملىرىڭنىڭ زور كۆپچىلىكى خۇاشىيالار، ئەگەر بىرەرسى قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ يامان گېپىنى قىلىپ كەلسە، سەن ئىشەنمە» دەپ ئاگاھلاندۇراتتى.

پادىشاھ ۋېنشياڭدى شىنۇۋدىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغاندا، قوغۇرسۇ ئالتۇن سىجۇنىڭ ئايماقبېگى ئىدى. پادىشاھ ۋېنشۇەندى تەختكە ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭغا شيەنياڭ ئىنانچىخانى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. تيەنباۋ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 552 ـ يىلى) خەلىپەت بەگلىككە تەيىنلەندى. 4 ـ يىلى



ئايماقبېگىلىكتىن قېلىپ، خەلىپەت بەگلىك ئورنى بىلەن جىنياڭغا قايتۇرۇلدى. پادىشاھ ۋېنشۇەندى مەيدە ئولتۇرۇپ ئۇ تۇرغان يەرگە باردى. ئوردىنىڭ بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىللە بېرىپ بەزمە قىلىپ، تۈن يېرىمىدا ئاندىن تارقالدى. پادىشاھ ۋېنشۇەندى خۇش بولۇپ كېتىپ، قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ 2 ـ ئوغلى قوغۇرسۇ فېڭلېنى ياساۋۇللار باش سانغۇنى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭغا 5000 توپ گەزمال ئىنئام قىلدى. يەنە ئۇنىڭغا: «سىز پادىشاھقا قول ـ قانات بولۇپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتتىڭىز. ئاتا ـ بالا ئىككىڭلار سادىق. شىمالىي چى سۇلالىسىنى قوغداش ئۈچۈن سىلەر بىلەن قۇدىلىشىپ، مەڭگۇ شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ ئىلكىدە بولۇشۇم كېرەك» دېدى. قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ نەۋرىسى قوغۇرسۇ ۋۇدۇغا مەلىكە يىنىڭ ياتلىق قىلىندى. توي كۈنى پادىشاھ ۋېنشۇەندى خانىئانا بىلەن بىللە قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئۆيىگە باردى. خانىش، ۋەلىئەھد، بارلىق ئوردا ئەھلى بىللە باردى. پادىشاھ ۋېنشۇەندى ئۇنى ئەنە شۇنداق قەدىرلىگەنىدى. كېيىن، جورجانلار تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. پادىشاھ جورجانلارنىڭ چېگرىغا بېسىپ كىرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلاردىن پەخەس بولۇش ئۈچۈن قوغۇرسۇ ئالتۇننى بەيداۋغا ئورۇنلىشىشقا بۇيرۇدى. ئۇ كۆپلىگەن جورجانلارنى تۇتۇۋېلىپ، جورجانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ ۋېنشۇەندى قوغۇرسۇ ئالتۇن بىلەن بىللە جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئاندىن قوغۇرسۇ ئالتۇننى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە ئۆستۈرۈپ، چىچۇ ئايمىقىدىن ئالۋاڭ ـ ياساق ئېلىپ ئۆزىنى قامداشقا ئىجازەت بەردى. يەنە سول قول ۋەزىرلىككە ئۆستۈردى. پادىشاھ ۋېنشۇەندى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەخلاقتا بۇزۇلدى. ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ كۆكسىگە يالغاندىن ئۈچ قېتىم نەيزە ئۇردى. قوغۇرسۇ ئالتۇن تەۋرەنمەي تۇرۇپ بەردى.

ئۇنىڭغا 1000 توپ گەزمال ئىنئام قىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1966 ـ بەت)

قوغۇرسۇ شيەن، يەنە بىر ئىسمى قوغۇرسۇ فېڭلى. ئۇسمۇر ۋاقتىدىلا چېچەن، ئات مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا ئىدى. خېچىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) تۇتۇق، يۇجۇ ئايماقبېگى ئىدى. شۇ يىلى تۈركلەردىن 100 مىڭدىن ئارتۇق كىشى يۇجۇغا ھۇجۇم قىلدى. قوغۇرسۇ شيەن بارلىق سەركەردىلەرنى باشلاپ قارشىلىق كۆرسەتتى. تۈركلەر قوغۇرسۇ شيەن قوشۇنىنىڭ رەتلىك تۈرغانلىقىنى كۆرۈپ سوقۇشۇشقا پېتىنالماي، يارىشىپ قېلىش ۋە ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتتى. تيەنتۇڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 565 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا، تۈرك قاغانىنىڭ ئەلچىلىرى چى سۇلالىسىگە كېلىپ پادىشاھقا تازىم قىلىپ ئولپان تاپشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر يىلى ئۈزمەي ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى. قوغۇرسۇ شيەننىڭ تۆھپىسى بولغانلىقتىن، باشبۇغنىڭ ياندىش بېگى مەنسىپى بېرىلدى. تۈركلەر چېگرىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، قوغۇرسۇ شيەن كۇتۇيشۇنىڭ شەرقىدىن دېڭىز بويىغىچە 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇق دائىرىدە مۇھىم جايلارنىڭ ھەممىسىگە يا تاغ يېرىپ قەلئە ياساتقان، يا تاغ جىلغىلىرىنى توسۇپ ئىستىھكام ياساتقان ھەم چارلىغۇچى ـ قورۇقچىلار تۇرىدىغان جايدىن 50 نەچچىنى قۇرغانىدى. گاۋلياڭ دەرياسىدىن سۇ باشلاپ، شىمالدا يىجىڭ③ بىلەن، شەرقتە لۇشۇي دەرياسى④ بىلەن تۇتاشتۇرۇپ يەر سۇغارغانىدى. بۇنىڭدىن ئومۇمەن، شەخسىمۇ نەپ ئالغانىدى. يۇجۇ دائىرىسىدە، چېگرىنى قوغداش ئۈچۈن 2000 ئات، 3000 لەشكەر باققان تۈركلەر ئۇنى جەنۇبنىڭ خاقانى دەپ ئاتىغانىدى. تيەنتۇڭ 4 ـ يىلى ئۇنىڭغا باشبۇغنىڭ دىۋان بېگى دېگەن ۋەزىپە، گاۋچېڭ ناھىيىسىنىڭ بېگى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى.



(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 6 ـ توم، 1972 ـ بەت)

---

① يۇنجۇ ئايمىقى (云州) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ يۇڭشى يىللىرى (مىلادىيە 532 — 534 ـ يىللىرى) شوجۇ ئايمىقىدىن ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىنغان. مەركىزى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى چېشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 473 ـ بەت)

② فېنجۇ ئايمىقى (汾州) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 12 ـ يىلى (مىلادىيە 488 ـ يىلى) تەسىس قىلىنغان. مەركىزى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شىشيەن ناھىيىسىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 898 ـ بەت)

③ يىجىڭ (易景) — قەلئە نامى. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى باۋدىڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 ـ دەپتەر، 55 — 56 ـ بەتلەر)

④ لۇشۇي دەرياسى (潞水) — ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 ـ دەپتەر، 55 — 56 ـ بەتلەر)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 55 ـ جىلد

# ۋاڭ جۇننىڭ تەرجىمىھالى

جورجانلارنىڭ سەردارى ئەنلوچېن شەرققە كۆچتى. ۋاڭ جۇن لەشكەرلىرىنى بۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئۇ قېچىپ كەتتى. ۋاڭ جۇننىڭ ۋەزىپىسى دىۋان بېگىلىككە يەتكەنىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 1997 ـ بەت)

چى پادىشاھى شىياۋجاۋدى باش ۋەزىر بولغاندا، تاڭ يۇن باش ۋەزىرنىڭ ئەمىرلەشكىرلىككە تەيىنلەندى. خۇاڭجيەن 1 ـ يىلى (مىلادىيە 560 ـ يىلى) ھەرەم ئاغىلىقىغا تەيىنلەندى. دانىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 561 ـ يىلى) ئەمىر ھەرەسلىككە① تەيىنلەندى. خېچىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 562 ـ يىلى) تۈركلەر كېلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. تاڭ يۇن بۇيرۇققا بىنائەن پوچتا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، جىنياڭغا لەشكەر توپلاشقا باردى. يولدا تۈركلەرنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەھۋالغا بېقىپ پادىشاھنىڭ يارلىقىنى ئۆزگەرتىپ، لەشكەرلەرنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن توپلاپ بولدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2002 ـ بەت)

---

① ئەمىر ھەرەس (大司农卿) — مالىيە، ئاشلىق، مال، تۇز ۋە تۆمۈرلەرنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.
(«كېيىنكى خەننامە. ئەمەلدارلار تەزكىرىسى»، 4174 ـ بەت)



## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 56 ـ جىلد

# ۋېي لەنگېننىڭ تەرجىمىھالى

جېڭگۇاڭ يىللىرىنىڭ (مىلادىيە 520 ــ 525 ـ يىللار) ئاخىرلىرىدا دىۋان بېگى لى چۇڭ ئۇلۇغ تۇتۇق بولۇپ، جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ۋېي لەنگېن① نى دورغاپ قىلدى. ۋېي لەنگېن لى چۇڭغا مۇنداق دەپ مەسلىھەت بەردى: «چېگرا بويىدىكى ھەربىي قورغانلارنىڭ باشقۇرىدىغان جايلىرى ھەم كەڭ، ھەم يىراق. يېڭى تەسىس قىلىنغاندا يەر كەڭ، ئادەم ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ بەزىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن يۆتكەپ ئاپىرىلغان كۈچلۈك جەمەتنىڭ پەرزەنتلىرى، بەزىلىرى ئوردا ۋەزىرلىرىنىڭ يېنىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلەر ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، ئوردىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەھكىمىلىرى ئەمەلىيەتكە زىت ئىش قىلىپ، ئۇلارنى غۇلام دەپ، چاكار ئورنىدا ئىشلەتتى. نىكاھ ئىشلىرىدا دەرىجىگە ئايرىپ چەك قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇرۇنقى ئابرويى ۋە ئېسىلزادىلىك ئورنىدىن مەھرۇم بولدى. لېكىن بۇرۇنقى شۇ جەمەتلەرنىڭ باشقا كىشىلىرى روناق تېپىپ دەۋران سۈردى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان جايدا بولغىنى ئۈچۈنلا ئوخشاش بولمىغان كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىش ۋە غەزەپلىنىش يوللۇق. شۇڭا، ھەربىي قورغانلارنى ئۆزگەرتىپ، ئايماق، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى تەسىس قىلىش لازىم. غۇلاملارنى ئاددىي خەلققە ئۆزگەرتىپ، ئەمەل تۇتۇش تەرتىپىدە بىردەك ئۆتمۈشنى ئۆلچەم قىلىش

كېرەك. بۇ چارە ئىجرا بولسا، دۆلەت شىمالنىڭ ئامانلىقىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ.» لى چۇڭ پىكرىنى پادىشاھقا سۇندى. لېكىن نەتىجىسى چىقمىدى، قوبۇل قىلىنمىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2046 ـ بەت)

---

① ۋېي لەنگېن (魏兰根) — شىمالىي چى سۇلالىسىدە ئۆتكەن داڭلىق تارىخچى ۋېي شۇنىڭ تاغىسى. دۇۋان بېگى مەھكىمىسىنىڭ ئوڭ قول ياندىش بېگى بولغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2046 — 2047 ـ بەتلەر)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 57 ـ جىلد

## جۇ خانىدانلىقى جەمەتى تەزكىرىسى

ھەر يىلى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيى تولۇق مۇزلىغاندىن كېيىن، تۈركلەر كېلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى. بۇرۇن ھەمىشە ئاھالىلەرنى ئالدىنئالا قەلئەنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ مۆكۈندۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. يۈۋېن سې سۈيجۇغا بېرىپ، ھەممە كىشى ئۆز ئۆيىدىن قوزغالمىسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلدى. مۇھىم يوللارنىڭ نەچچە يۈز يېرىگە ئوتۇن ـ ياغاچ دۆۋىلىتىپ، تۈركلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئۈچۈن يىراق جايلارغا پايلاقچى ئەۋەتتى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، تۈركلەر بۇلاڭچىلىق قىلىش ئۈچۈن ليەنگۇ① دىن چىقىپ كەلدى. چېگرىغا نەچچە ئون چاقىرىم قالغاندا، يۈۋېن سې دۆۋىلەكلىك ئوتۇنلارغا تەڭلا ئوت ياققۇزدى. تۈركلەر ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ، چوڭ قوشۇن كېلىپ قاپتۇ، دەپ قورقۇپ قېچىپ كەتتى. تاشلاپ كەتكەن چارۋا ۋە ماددىي ئەشيانىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تۈركلەر كېلەلمەيدىغان بولدى. يۈۋېن سې بۇ يەرنى ساقلاشقا لەشكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئۆلگەن چاغدا ۋەلىئەھدنىڭ ئۇستاز بېگى② ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە جۇ پادىشاھى ۋېندى ئۆزى بېرىپ، يىغلاپ ماتەم تۇتتى. شۈيچى گۇڭنى ئۆلۈم ئۇزىتىشقا نازارەتچىلىك قىلىشقا بۇيرۇدى. «جىڭ» دېگەن نام بېرىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2071 ـ بەت)

يۇجۇلۇق لۇچاڭچى قاتارلىق كىشلەر ئاسىيلىق قىلىپ فەنياڭنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، جۇ پادىشاھى ۋۇدى يۇۋېن شېنجۇنى ئۇلارنى باستۇرۇشقا بۇيرۇدى ھەمدە لۇچاڭچىنى تۇتتى. چى سۇلالىسىنىڭ ھەرەم ئاغىسى لۇسىداۋمۇ توپىلاڭچىلار ئىچىدە ئىدى. توپىلاڭ بېسىققاندىن كېيىن كىيىمىنى سالدۇرۇپ قەتلى قىلىشقا تېگىشلىك ئىدH، يۇۋېن شېنجۇ ئۇنى قويۇۋەتتى ھەم ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ باياننامە يازدۇردى. قارام ئەللەردىن جى غۇزلىرى③ يۇز ئۆرۈپ خېشىغا ھۇجۇم قىلدى. يۇۋېن شېنجۇ بىلەن يۈ بېگى يۇۋېن شېڭ ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. شۇ چاغدا تۈركلەر لەشكەر چىقىرىپ، غۇزلارغا ياردەم بەردى. يۇۋېن شېنجۇ بۆكتۈرمە قويۇپ، ئۇشتۇمتۇت زەربە بەردى. تۈركلەر مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. جى غۇزلىرى سۇلىھكە كېلىپ تەسلىم بولدى. يۇۋېن شېنجۇ بىڭجۇنىڭ باشبۇغلۇققا تەيىنلەندى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2076 ـ بەت)

---

① لىيەنگۇ (连谷) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شېنمۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 858 ـ بەت)

② ۋەلىئەھدىنىڭ ئۇستاز بېگى (太子太保) — مەنسەپ، ۋەلىئەھدكە يېتەكچىلىك قىلغۇچى ئۇستازلىقنى ئۇستىگە ئالغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 380 ـ بەت)

③ جى غۇزلىرى (稽胡) — ھونلارنىڭ بىر تارمىقى. ھازىرقى سەنشى ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىدا ياشىغان.
(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 2107 ـ بەت)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 59 ـ جىلد

## لى شيەننىڭ تەرجىمھالى

باۋدىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى شەرققە جازا يۈرۈشى قىلدى. لېكىن غەرب تەرەپ مۇداپىئەسىز قالغانىدى. پادىشاھ چاڭ، ھونلارنىڭ بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ئەنسىرەپ، لى شيەننى خېجۇغا باشبۇغ قىلىپ تەيىنلىدى. خېجۇدا بۇرۇن باشبۇغ بولمىغان، بۇ تۇنجى قېتىم باشبۇغ تەسىس قىلىنىشى ئىدى. لى شيەن ئاشلىق توشۇشنى ئازايتىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. يات قوۋملارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، چارلىغۇچىنى كۆپ قويدى. شۇڭا، چاڭ، ھونلارمۇ پاراكەندىچىلىك سالمىدى.

باۋدىڭ 5 ـ يىلى داڭچاڭ چاڭلىرى چېگرىغا ھۇجۇم قىلدى. داڭچاڭ چاڭلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، تاۋجۇدا باشبۇغ مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن خېجۇ باشبۇغى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، لى شيەن تاۋجۇغا باشبۇغ بولدى. بەيئەت قىلغان چاڭلار كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك سالدى. لى شيەن ئۇلارنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلدى. قاراقچىلار تەپ تارتىپ، چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالالمايدىغان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، تاۋجۇ باشبۇغى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خېجۇدا باشبۇغ مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، يەنە لى شيەن باشبۇغ بولدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2107 ـ بەت)

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جېڭگۇاڭ يىللىرى (مىلادىيە 520 — 525 ـ يىللىرى) نىڭ ئاخىرى جەمئىيەت مالىمانلىشىپ، تېلى قاراقچىلىرىدىن خۇچېن يۈەنجۇ ئايمىقىغا① پاراكەندىچىلىك سېلىش ئۈچۈن يېقىنلاپ كەلدى. لى شيەننىڭ ئىنىسى لى يۈەن ئاكا ـ ئۇكىلىرى بىلەن يۇرتداشلىرىنى باشلاپ قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى. لېكىن كۆپچىلىكنىڭ ئويى بىر يەردىن چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن لى يۈەن قىلىچىنى يارلىق تەمتىكى ئورنىدا قاماللاپ تۇتۇپ، «كىمكى باشقىچە ئويدا بولىدىكەن كاللىسى ئېلىنىدۇ!» دەپ خىتاب قىلدى. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىپ، لى يۈەننىڭ بۇيرۇقى بويىچە قەسەم ئىچىشتى ھەم سېپىلنى دالدا قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2110 ـ بەت)

---

① يۈەنجۇ ئايمىقى (原州) — مەركىزى گاۋپىڭ (ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى گۇيۈەن ناھىيىسى). دائىرىسى ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى گۇيۈەن ناھىيىسىدىن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ پىڭلياڭ ناھىيىسىگىچە بولغان رايونغا توغرا كېلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 151 ـ بەت)



## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 60 ـ جىلد

# يۈۋېن گۇينىڭ تەرجىمىھالى

ۋۇچېڭ يىللىرى (مىلادىيە 559 — 560 ـ يىللىرى) نىڭ دەسلەپكى مەزگىلى يۈۋېن گۇي بىلەن خې لەنشياڭ تۇيغۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. لەشكەرلەرنى قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، يۈۋېن گۇيغا شۇگو گۇڭى دېگەن مەرتىۋە ھەم 10 مىڭ ئۆيلۈك يۇقرا بېرىلدى. بۇرۇنقى مەرتىۋىسىگە ئوغلى ۋارىسلىق قىلدى. باش ئەمرى مىمارلىقتا، نائىب باش ۋەزىرلىككە، ئاخىر باش ئەمرى زېمىنلىككە، ئاندىن مۇشاۋۇرلۇققا ئۆستى. باۋدىڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرى تۈركلەرگە ئەلچىلىككە بېرىپ، خانىشنىڭ ئالدىغا چىقتى. تيەنخې 2 ـ يىلى (مىلادىيە 567 ـ يىلى) جاڭئېنگە قايتىپ بېرىپ ئۆلدى. ئاتالىق① دېگەن مەنسەپ، «مۇ» دېگەن نام بېرىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2139 ـ بەت)

---

① ئاتالىق (太傅) — ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا پادىشاھقا يېتەكچى بولىدىغان ئەمەلدار.

(«كېيىنكى خەننامە. ئەمەلدارلار تەزكىرىسى»، 4136 ـ بەت)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 61 ـ جىلد

## دۇگۇشىنىڭ تەرجىمىھالى

جورجانلار بېسىپ كىرگەنلىكتىن، دۇگۇشىن خېياڭنى① ساقلاشقا كۆچۈرۈلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2169 ـ بەت)

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى شياۋۋۇدى تەختكە ئولتۇردى. جورجان قاتارلىق مىللەتلەر ئەلچى ئەۋەتىپ سالام بېرىپ ئولپان تاپشۇردى. پادىشاھ شياۋۋۇدى ئۆزى تاشقىرىقى سارايغا چىقىپ، ئۇلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2174 ـ بەت)

غەربىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى گۇڭدىنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 554 ـ يىلى) دۇگۇشىنغا گۇاڭۋۇ ئىنانچىبېگى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. بېقىنغان جورجانلار گۇاڭۋۇغا ھۇجۇم قىلغاندا، دۇجى② بىلەن ئەل تىرىكى جاۋگۇي ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ جازا يۈرۈشى قىلدى. جورجانلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ چېكىندى. دۇجى خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ چۇفۇ جىلغىسىدا جورجانلارنى قوغلاپ يەتتى ۋە قاتتىق مەغلۇپ قىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2175 ـ بەت)

تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغانى چېگرىغا ھۇجۇم قىلدى. دۇرۇڭدىڭ يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باش قوماندانى ئىدى.



ئۇ باشبۇغنى باشلاپ لياڭجۇدىن يولغا چىقىپ، تۈركلەر بىلەن گاۋيۆيۈەن دېگەن يەردە سوقۇشتى. ئىككى تەرەپ قوشۇنى قارىمۇقارشى سەپراس بولدى، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ يەردە سۇ يوق بولۇپ، لەشكەرلەر ئۇسساپ ھالىدىن كەتتى. ھەتتا ئاتنىڭ قېنىنى چىقىرىپ ئىچتى. ھەر ئون ئادەمدىن ئىككى ـ ئۈچى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتتى. دۇرۇڭدىڭ كۆككە قاراپ نالە قىلىۋىدى، بىردەمدىلا يامغۇر ياغدى. لەشكەرلەر قايتىدىن جانلاندى. ئالغا ئېتىلىپ، تۈركلەرنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنلىرىنى كۆپ قېتىم تالاپەت يېگۈزدى. تۈركلەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئىتتىپاق تۈزۈپ قايتىپ كەتتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2177 ـ بەت)

ئۆز ۋاقتىدا، چى سۇلالىسى بىلەن جۇ سۇلالىسى جاھان تالىشىپ، ھەر يىلى ئۇرۇشۇپ تۇردى. ھەر ئىككى تەرەپ تۈركلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، تۈركلەرنى تاشقى ياردەمچى قىلدى. تۈركلەر ئەسلىدە قىزىنى شىمالىي جۇ پادىشاھىغا ياتلىق قىلماقچى بولغانىدى. بۇ چاغدا چى سۇلالىسى ناھايىتى جىق مال ـ دۇنيا بېرىدىغانلىقىنى، قىز سوراپ ئەلچى ئەۋەتىدىغانلىقىنى چىن كۆڭلىدىن ئىزھار قىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇنداق ئەھۋالدا، تۈركلەر نىكاھنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى. ئوردا تۈركلەرگە ياڭ جيەن قاتارلىق كىشىلەرنى كۆپ قېتىم ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، تۈركلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئارىدا ئون نەچچە قېتىم يول مېڭىپ، قايتىدىن بۇرۇنقىدەك يارىشىۋالدى. خانىشنى كۆچۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىدىغان چاغدا، تۈركلەرنىڭ گېپىدىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرىدى. شۇڭا، ھەم تۆھپىكار ۋەزىر، ھەم پادىشاھنىڭ تۇغقىنى بولغان، ئابرويىمۇ يۇقىرى دەپ قارالغان دۇيىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. دۇيى تۈركلەرگە بارسا، چى سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىمۇ شۇ يەردە ئىكەن، تۈرك قاغانى ۋە ۋەزىرلىرى تېخى بىر قارارغا كېلەلمىگەنىكەن. دۇيى تۈرك قاغانى

ۋە ۋەزىرلىرىنى ھەقلىق يوسۇندا قاتتىق ئەيىبلىدى. ئون كۈن ھەپىلىشىپ ئاران بىر قارارغا كەلتۈرۈپ، ئاخىرى خانىشنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئوردا ئۇنى مۇكاپاتلاشنى ئويلىشىپ، بۈرۈتقى مەنسىپىنىڭ ئۈستىگە يەنە چىڭدۇ ناھىيىسى گۈڭى، دۆلەت ئەركانى دېگەن مەنسەپ ـ مەرتىۋىلەرنى بەردى. كېيىن تۇڭجۇ③ ئايماقبېگى، پۇجۇ④، جىنجۇ⑤ ئىككى ئايماقنىڭ باشبۇغى دېگەن ۋەزىپىلەرنى، دۆلەت تۈۋرۈكى دېگەن مەنسەپنى بەردى. ئوردىغا كىرىپ باش ئەمىر لەشكەر بولدى. سۈي سۇلالىسى كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى يىلى (مىلادىيە 582 ـ يىلى) دىڭجۇغا باشبۇغ بولدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2179 ـ بەت)

جۇ پادىشاھى مىڭدىنىڭ ۋۇچېڭ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى (مىلادىيە 559 ـ يىلى) تۇيغۇنلار لياڭجۇنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. بۇيرۇقنا بىنائەن، خې لەنشياڭ بىلەن يۈۋېن گۈي لەشكەر باشلاپ بېرىپ باستۇردى. خې لەنشياڭ ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسىنى ئەۋەتىپ تۇيغۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش يارلىقىنى ئېلان قىلدى. تۇيغۇنلارنىڭ گۇاڭدىڭ خانى، چۇڭلىيۇ خانى قاتارلىقلار بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. تۇيغۇنلارنىڭ تاۋياڭ، خوڭخې ئىككى شەھىرىنى ئىگىلەپ، بۇ ئىككى شەھەرنى بىرلەشتۈرۈپ تاۋجۇ ئايمىقىنى قۇردى. غەربىي چېگرىنى ئارامىغا چۈشۈرۈپ، قوشۇننى رەتلەپ قايتىپ كەلدى. لياڭگو گۈڭى دېگەن مەرتىۋىگە كۆتۈرۈلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2181 ـ بەت)

داتۇڭ 16 ـ يىلى (مىلادىيە 550 ـ يىلى) داڭچاڭدا ئاسىيلىق قىلغان چاڭلاردىن لياۋگەن مالىمانچىلىق قىلىپ، چاڭلارنىڭ خانى مىدىڭنى قوغلىۋېتىپ، ئۆزى خان بولىۋالدى. شۇنىڭدەك پانچېتسۇن، جېڭ ۋۇچۇ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن



بىرلىشىۋالدى. غەربىي ۋېي پادىشاھى ۋېندى شى نىڭنى لەشكەر تارتىپ يۈۋېن گۈي، دۇلۇنىڭ⑥ قاتارلىقلار بىلەن بىللە بېرىپ باستۇرۇشقا بۇيرۇدى. شى نىڭ لياۋگەنگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ باقتى. لېكىن تاغ يولى خەتەرلىك، مېڭىش تەس بولۇپ، يالغۇزئاياغ يولدا ئاتلىقلار بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپلا ماڭالايتتى. لياۋگەن مۇھىم يەرلەرنى توستۇرۇۋەتكەنىدى. شى نىڭ ئادەم ئەۋەتىپ توسۇقلارنى بۇزدۇرۇۋەتتى. لياۋگەن بىرەر يۈز ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ قېچىپ بېرىپ، شېڭچاڭلاردىن بولغان گۇڭلىيەنيۇنى پاناھ قىلدى. مىدىڭمۇ ئاران تەسلىكتە ئۆزىنىڭ خانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شى نىڭ لياۋگەننى تۇتالمىدىم دەپ لەشكەر باشلاپ بېرىپ، چاڭلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. لياۋگەننى تىرىك تۇتۇپ، سازايى قىلغاندىن كېيىن ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گۇڭ لىيەنيۇنى تۇتۇپ ئوردىغا ئەۋەتتى. ئالغان ئولجىلارنى سەركەردە ـ سەرۋازلارغا ئىنئام قىلدى، ئۆزى ئالمىدى. قايتىپ بارغاندىن كېيىن، شى نىڭنى ئادەملىرى بىلەن خېياڭنى ساقلاشقا ئەۋەتتى.

شى نىڭ بۇرۇن لياڭجۇدىكى چاغدا، روڭلار ۋە يىلار ئۇنىڭ ئابرويى ۋە شاپائىتىگە قايىل ئىدى. ئۇ خېياڭنى ساقلاشقا يۆتكەلگەندىن كېيىن، چېگرا رايون خەلقى ئۇنى بەك سېغىندى ۋە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ۋېي پادىشاھى فېيدىنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 551 ـ يىلى) يەنە لياڭجۇ، گەنجۇ⑦، گۇاجۇ ئۈچ ئايماقنىڭ ھەربىي باشلىقى، لياڭجۇنىڭ ئايماقبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. بۇرۇن جورجانلار ۋېي سۇلالىسى بىلەن قۇدىلاشقانىدى. كېيىن ئۆزگىرىپ يۈز ئۆرۈدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، تۈركلەر ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ سەردارى ئاناغاينى ئۆلتۈردى. قېچىپ كەتكەن جورجانلار يەنىلا ئاناغاينىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلدى، شۇنداقلا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدە بۇلاڭچىلىق قىلدى. شى نىڭ لەشكەر باشلاپ بېرىپ

توسۇپ زەربە بەردى. ئاناغاينىڭ ئەۋلادىدىن ئىككى كىشىنى ۋە بۇ قەبىلىنىڭ ئاقساقىلىنى تۇتۇۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر قېتىملىق جەڭدە ئۇلارنى يەڭدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نەچچە ئون مىڭ كىشى ئەل بولدى. شى نىڭنىڭ مەرتىۋىسى ئىنايەتچى بەگكە ئۆستۈرۈلدى. كېيىنكى يىلى، تۇيغۇنلار چى سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىنى شى نىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ باش سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى. كېيىن يولىيورۇق سوراپ جۇ پادىشاھى ۋېيندى ئۇچىسەندىكى كىيىم، بۆك، ئوقيا ـ ساداق، ساۋۇتلارنى يېشىپ شى نىڭغا ئىنئام قىلدى. ئۇ ئەۋەتكەن كىشىگە: «مەندىن لياڭجۇ (شى نىڭنى دېمەكچى) غا رەھمەت ئېيتىڭ، كىيىملىرىمنى سېلىپ ئەۋەتتىم، كېيىسۇن. ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى تاپشۇردۇم، ئىشلىسۇن. ئىشىنىڭ ياخشى باشلىنىپ، نەتىجىلىك بولۇشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن. ئۆزىنىڭ تۆھپىسىگە ۋە ئابرويىغا داغ تەگكۈزمىسۇن» دېدى.

تۈركلەرنىڭ قاغانى مۇقان تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ يول سورىدى. جۇ پادىشاھى ۋېيندى شى نىڭنى ئاتلىق لەشكەرلەرنى باشلاپ بىللە بېرىشقا بۇيرۇدى. قوشۇن فەنخې ⑧ دېگەن يەرگە بارغاندا، تۇيغۇنلار سېزىپ قېلىپ، جەنۇبىي تاغقا قېچىپ كەتتى. مۇقان قاغان قوغلاشقا لەشكەر ئەۋەتتى ۋە ھەر قايسى قوشۇنلارنى كۆكنۇرغا يىغىلغاي، دېدى. شى نىڭ مۇقان قاغانغا: «شۇدۇن ⑨، خېجېندىن ئىبارەت ئىككى شەھەر تۇيغۇنلارنىڭ ئۇۋىسى. ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىنى ئىگىلىسەك باشقا تائىپىلەرمۇ تېزىپ كېتىدۇ. بۇ ئەڭ ياخشى چارە» دېدى. مۇقان قاغان ئۇنىڭ پىكرىگە ماقۇل بولدى. قوشۇننى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر قىسمىنى ئۆزى باشلاپ شىمالىي يول بىلەن خېجېنغا قاراپ ماڭدى، يەنە بىر قىسمىنى شى نىڭ باشلاپ شۇدۇنغا قاراپ ماڭدى. تۇيغۇنلارنىڭ خانى سوجۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ جەڭگە



ئاتلاندى. شى نىڭ ئۇنىڭغا ئېتىلدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى. شى نىڭ تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ شۇدۇنغا باردى. شۇدۇن تۇيغۇنلارنىڭ ئاستانىسى بولۇپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر بار ئىدى. لېكىن، تۇيغۇنلارنىڭ سەردارى ئاللىبۇرۇن خېجېنغا قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەردە جەنۇبىي بويسۇندۇرغۇچى خان بىلەن بىر نەچچە مىڭلا ئادەم قالغانىدى. شى نىڭ لەشكەرلىرىنى شۇدۇن قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە يەنە يالغاندىن چېكىندى. تۇيغۇنلار شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ چىقىپ قوغلىدى. شى نىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ باتۇرلارچە زەربە بەردى. تۇيغۇنلار دەرۋازىنى تاقاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. شى نىڭنىڭ لەشكەرلىرى شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، جەنۇبىي بويسۇندۇرغۇچى خاننى تىرىك تۇتۇۋالدى، قولغا چۈشۈرگەن ئەسىر ۋە ئولجىلارنى پۈتۈنلەي تۈركلەرگە بەردى. تۇيغۇنلارنىڭ خانى خېلۇبا يوللارنى چېتلاپ، شى نىڭنىڭ قايتىش يولىنى توسماقچى بولغانىدى. شى نىڭ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. مۇقان قاغانمۇ خېجېننى ئىشغال قىلىپ، تۇيغۇنلارنىڭ سەردارىنىڭ خوتۇنى ۋە باللىرىنى تۇتۇۋالدى ھەم نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈردى. شى نىڭ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كۆكنۇرغا كېلىپ، مۇقان قاغان بىلەن ئۇچراشتى. مۇقان قاغان شى نىڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە ئۆزى مىنىدىغان ياخشى ئاتنى شى نىڭغا ھەدىيە قىلدى. ئۇنى بارگاھ ئالدىدا ئاتقا مىندۇرۇپ، خېلى يەرگىچە پىيادە ئۇزىتىپ قويدى. شى نىڭ ئالىمەن دېگەن يەرنى ئالماي قويمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭدىن تۈركلەرمۇ قورقاتتى. ئۇنى «ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ كارامەتلىك ھەم پاراسەتلىك ئادىمى» دېيىشەتتى. شى نىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قايتىدىغان چاغدا مۇقان قاغان ئۇنىڭغا 100 چاكار، 500 ئات، 10 مىڭ قوي تەقدىم قىلدى. شى نىڭ لياڭجۇغا قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردىغا

يۈتكەلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2186 — 2188 ـ بەتلەر)

شى نىڭنىڭ ئوغلى شى شياڭ يەنە يۇرۇش قىلغۇچى قوشۇنغا باشبۇغ بولۇپ، جىن بېگى ياڭ گۇاڭ بىلەن بىللە لىڭۇۋدا⑩ تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئوڭ قانات سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى. رېنشۇ (مىلادىيە 601 — 604) يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، لەشكەر باشلاپ خۇڭخۇانى⑪ تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى ئۇ چاغدا شەرقىي ئوردىنىڭ ۋەلىئەھدى ئىدى. ئۇ شى شياڭغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى جەڭ ئىشلىرىنى سورىدى. ئۇنىڭغا بولغان شەپقىتىنى بىلدۈردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2189 ـ بەت)

---

① خېياڭ (河阳) — قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى مېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 911 ـ بەت)

② دۇجى (窦炽) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى. ئەل تېرىكى چوڭ سانغۇن، مۇشاۋۇر، جيەنچاڭ گۇڭى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2173 ـ، 2176 ـ بەتلەر)

③ تۇڭجۇ ئايمىقى (同州) — مەركىزى ۋۇشياڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ دالى ناھىيىسى) دا ئىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 196 ـ بەت)

④ پۇجۇ ئايمىقى (蒲州) — مەركىزى پۇبەن (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى يۇڭجى ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) ئىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 606 ـ بەت)



⑤ جىنجۇ ئايمىقى (金州) — مەركىزى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى ئەنكاڭ ناھىيىسىدە ئىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1690 ـ بەت)

⑥ دۇلۇنىڭ (豆卢宁) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى. كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن. شىمالىي جۇ سۇلالىسى پادىشاھى شياۋمىڭدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئەل تېرىكى ئۇلۇغ سانغۇن بولغان. ۋۇچېڭ يىللىرىدا تۇڭجۇ ئايماق بېگى، جۇگو گۇڭى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2365 — 2366 ـ بەتلەر)

⑦ گەنجۇ ئايمىقى (甘州) — دائىرىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى گاۋتەي ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى روشۇي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1620 ـ بەت)

⑧ فەنخې (番禾) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭچاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 924 ـ بەت)

⑨ شۇدۇن (树敦) — تۇيغۇنلارنىڭ ئاستانىسى. ئورنى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1215 ـ بەت)

---

⑩ لىڭۇۋ (灵武) — قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى خېلەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1066 ـ بەت)

⑪ خۇڭخۇا (弘化) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چىڭياڭ ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 217 ـ بەت)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 62 ـ جىلد

## ۋايجىراگان، ۋاڭ گۇيلارنىڭ تەرجىمىھالى

خانىش ئاشىنا تۈرك زېمىنىدىن ئىچكىرىگە كىرىدىغان بولغاچقا، چىن گۇگى يۈۋېن چۈن قاتارلىقلار جۇ پادىشاھىغا ۋايجىراگان① بىلەن باش سانغۇن ۋاڭ جىنى لەشكەر باشلاپ بېرىپ چېگرىنى قوغداش ۋە خانىشنى كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇشنى تەكلىپ قىلدى. جۇ پادىشاھى شۈەندى② تۈيغۈنلارنى باستۇرۇشقا ماڭدى، جۇ پادىشاھى ۋۇدى ۋاڭ گۇي③ ۋە يۈۋېن شياۋبو④لارنى بىللە بېرىشقا بۇيرۇدى، يۇرۇشكە ۋاڭ گۇينى مەسئۇل قىلدى. شۈەندى شۇلارغا تايىنىپ ئىش قىلاتتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2217 ـ بەت)

---

①ۋايجىراگان (尉迟纲) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى، جۇ پادىشاھى ۋېندى يۈۋېن تەيىنىڭ ئاچىسى چاڭلې داجاڭ مەلىكىنىڭ 2 ـ ئوغلى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2214 — 2215 ـ بەتلەر)

②شۈەندى ئەينى ۋاقىتتا ۋەلىئەھد ئىدى.
(مۇھەررىردىن)

③ۋاڭ گۇي (王轨) — جۇ پادىشاھى ۋېندى يۈۋېن تەيىنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە. ئەل تېرىكى، شۇجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغى بولغان.



جۇ پادىشاھى شۈەندى ۋەلىئەھد بولغاندا ۋاڭ گۇي ئۇنىڭغا تەنقىدىي پىكىر بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2216 ـ ، 2218 ـ بەتلەر)

④يۈۋېن شياۋبو (宇文孝伯) — جۇ پادىشاھى ۋېندى يۈۋېن تەيىنىڭ جىيەنى، يۈۋېن سېنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى. جۇ پادىشاھى ۋۇدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، يۈۋېن شياۋبونى يېنىدا قويۇپ مەسلىھەتچى قىلغان. يۈۋېن شياۋبو ۋەلىئەھدنىڭ ئەخلاقسىزلىقى توغرىسىدا جۇ پادىشاھى ۋۇدىغا مەلۇمات بەرگەنلىكى ئۈچۈن، جۇ شۈەندى تەختكە چىققاندىن كېيىن باھانە تېپىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2273 ـ، 2075 ـ بەتلەر)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 63 ـ جىلد

## سۇ ۋېينىڭ تەرجىمىھالى

تۈركلەرنىڭ دولان قاغانى دائىم پاراكەندىچىلىك سالغاچقا، سۇۋېي① دولان تۇرغان جايغا ئەۋەتىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2245 ـ بەت)

كېيىن سۇۋېي سۈي پادىشاھى ياڭدىغا ئەگىشىپ يەنمېنغا باردى. پادىشاھ تۈركلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغانلىقى ئۈچۈن، ئوردا بەك ئەنسىرىدى. پادىشاھ مۇھاسىرىنى ئاتلىق بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا، سۇۋېي: «شەھەرنى ساقلاشقا قۇدرىتىمىز يېتىدۇ، ئات ئوينىتىش تۈركلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ئالىيلىرى قوشۇننىڭ سەركەردىسى، ئالدىراپ قېچىپ كەتسىلە قانداق بولىدۇ!» دەپ توسىدى. پادىشاھ نىيىتىدىن ياندى. ئۇزۇن ئۆتمەي تۈركلەر ئادەملىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2247 ـ بەت)

شۇ يىلى (مىلادىيە 605 ـ يىلى) قوچۇ خانى چۈبويا② ئوردىغا سالامغا كەلدى، ئوردا مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. سۇۋېينىڭ ئوغلى سۇكۈي ياخشىلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى، پادىشاھ توي مۇراسىمىنى باشقۇرۇشنى سۇكۈيغا تاپشۇردى. كېيىن يەنئەن③، خۇڭخۇا قاتارلىق ۋىلايەتلەردە قاراقچىلار توپلاشتى. پادىشاھ سۇكۈينى گۇەنجۇڭنى چارلاشقا بۇيرۇدى. تۈركلەر پادىشاھنى يەنمېندا قورشىۋالغاندا، سۇكۈي يەنمېن



شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئوقيا ئېتىش راۋىقى، ساندۇقلۇق هارۋا، هايۋانات پايخىنى ياسىتىپ بىر كېچىدىلا پۈتتۈردى. پادىشاھ كۆرۈپ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. خىزمەت كۆرسەتكىنى ئۈچۈن كېڭەش بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بەردى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 7 ـ توم، 2249 ـ بەت)

---

①سۇۋېي ( 苏威 ) — جۇ پادىشاھى ۋېندىنىڭ قول ئاستىدىكى كاتتا ئەمەلدار سۇچۇنىڭ ئوغلى. سۈي پادىشاھى ۋېندى تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇنى ۋەلىئەھدىنىڭ ئۇستازى قىلىپ تەيىنلىگەن.
(مۇھەررىردىن)

②چۈبويا ( 麹伯雅 ) — قوچۇ خانى. سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې يىللىرىدا ئوردىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان، سۈي پادىشاھى ياڭدىغا ئەگىشىپ كوگورىغا يۈرۈشى قىلغان. قايتىپ كېلىپ مەلىكە خۇارۇڭغا ئۆيلەنگەن.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1762 ـ بەت)

③ يەنئەن ( 延安 ) — ۋىلايەت. دائىرىسى هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى يەنخې، چىڭجيەنخې، شىۋاڭخې، جۇخې دەريالىرى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 497 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 64 ـ جىلد

# ۋېي گۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى

تۈركلەر چېگرىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ۋەلىئەھد شيەنياڭدا① تۇراتتى. ۋېي گۇاڭ لەشكەر باشلاپ يۈەنجۇ تەرەپتىكى يول بىلەن بېرىپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇلدى. ۋېي گۇاڭ بېرىپ تۈركلەر بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 7 ـ توم، 2273 ـ بەت)

داتۇڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 538 ـ يىلى) ليۇ گۇي جۇۋېن بىلەن بېرىپ خېچياۋدا② جەڭ قىلدى. ھۇجۇمدا باشلامچى بولۇپ خىزمەت كۆرسەتتى ھەم تۇتۇقلۇقتا تەيىنلىنىپ شيەنجۇ ئايمىقىنى ساقلىدى. 8 ـ يىلى خۇاڭخېغا ۋالىي بولۇپ، داۋاملىق ھەربىي ئىشلارنى باشقۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، كۈن چىقىشنى تىنچىتقۇچى سانغۇن ۋە كېڭەش بېگى بولدى.

تۈيغۇنلار خۇاڭخې ۋىلايىتىنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ليۇ گۇينىڭ لەشكىرى ئاز ئىدى. كىشىلەر قورقۇپ ئەندىشىگە چۈشتى. ليۇگۇي ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ خاتىرجەم قىلدى ۋە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەچچە ئون ئادەمنى باشلاپ بېرىپ تۈيغۇنلارغا زەربە بەردى. تۈيغۇنلار مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ليۇ گۇيغا ۋەننيەن ناھىيىسىنىڭ ۋىكوندى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. تۈيغۇنلار كۆچىيىپ، چېگرىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ليۇگۇي شيەنجۇنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بىر نەچچە قېتىم



مەغلۇپ قىلغانىدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، تۈيغۇنلار بېسىپ كىرىشكە پېتىنالمايدىغان بولدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر» ، 7 ـ توم، 2280 ـ بەت)

تۈيغۇنلار كېلىپ تەسلىم بولغاندا، ئوردا پادىشاھ جەمەتىنىڭ قىزى مەلىكە گۇاڭخۇانى تۈيغۇنغا ياتلىق قىلىپ، ليۇ گۇينىڭ جىيەنى ليۇ جيەنجىنى قوشۇمچە چەۋەنداز مەھرەملىككە تەيىنلەپ، مەلىكىنى غەربىي يۇرتقا ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. تۈرك قاغانى رامغان قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، مەلىكە يىچېڭنى تۈركلەرگە ئاپىرىپ قويۇشقا يەنە ليۇ جيەنجىنى بۇيرۇدى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى ئەلگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ، 2000 دىن ئارتۇق ئات ۋە باشقا نۇرغۇن سوۋغاتقا ئېرىشكەنىدى، ھەممىسىنى قوۋمىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، ئۆيىدە ئارتۇق بىساتى يوق ئىدى. سۇجۇ، شىجۇ③ ئايماقلىرىغا ئايماقبېگى بولۇپ ياخشى نەتىجە ياراتقانىدى. سۇي پادىشاھى ياڭدى تەختكە ئولتۇرۇپ، ئۇنى يەنە كېڭەش بېگىلىككە تەيىنلىدى. رامغان قاغان سۇي سۇلالىسىگە بېقىنغاندىن كېيىن، ماللىرىنى دىڭشياڭ، مايى ئارىلىقىدا باقتى. پادىشاھ ليۇ جيەنجىنى تۈركلەرگە «چېگرىدىن چىقىپ كەتسۇن» دېگەن بۇيرۇقنى جاكارلاشقا ئەۋەتتى ۋە ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەرەم ئاغىسى قىلىپ تەيىنلىدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 7 ـ بەت، 2289 ـ بەت)

---

①شيەنياڭ ( 威阳 ) — قەدىمكى شەھەر. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 1656 ـ بەت)

② خېچياۋ ( 河桥 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى خېنەن

ئۆلكىسى مېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 518 ـ بەت)

③ شىجۇ ئايمىقى (息州) — ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شىشيەن ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 701 ـ بەت)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 66 ـ جىلد

## ۋاڭ يۈك، لى چېلارنىڭ تەرجىمىھالى

ۋېي پادىشاھى گۇڭدىنىڭ① 1 ـ يىلى (مىلادىيە 554 ـ يىلى) ۋاڭ يۈك② ئەل تېرىكى جاۋگۇيغا ئەگىشىپ، جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغاچقا، شىنىياڭ ۋىلايىتى گۇڭى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى ھەم كۇخان دېگەن فامىلە ئىنئام قىلىندى. جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشتىكى تۆھپىكارلارنىڭ مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغاندا، ئۇنىڭغا يەنە يۈڭگۇ ناھىيىسى گرافى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2320 ـ بەت)

جۇ پادىشاھى ۋۇدى③ زامانىدا، لى چې④ ۋەلىيئەھدكە ئەگىشىپ غەربتە تۈيغۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. خىزمەت كۆرسەتكەچكە، ئۇنىڭغا جۇچاڭ ناھىيىسى بارونى دېگەن نام ئىنئام قىلىندى.

ئىككىنچى يىلى، تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغانى چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. سۇي پادىشاھى ۋېندى ۋېي بېگى ياڭ شۇاڭ⑤ نى باش قوماندان بولۇپ تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىش، لى چېنى دورغاپلىقتا تەيىنلەش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. ئۇلار بەيداۋغا كەلگەندە تۈركلەر بىلەن توقۇنۇشتى. ھەربىي يۈرۈشى باشبۇغى لى چۇڭ تۈركلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بەردى. سانغۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ تەكلىپنىڭ مۇمكىنچىلىكىدىن گۇمانلاندى. لى چېلا ئۇلارنى بۇ تەكلىپنى

ئورۇنداشقا دەۋەت قىلدى ھەمدە لى چۇڭ بىلەن بىرگە يۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلدى، بۆكتۈرمە قويۇپ زەربە بېرىش ئارقىلىق تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى. ئىشبارا قاغان ئۇستىدىكى ئالتۇن ساۋۇتنى سېلىپ تاشلاپ قاچتى. جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەچكە، لى چې ئالىي سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى. ئىشبارا قاغان شۇنىڭدىن كېيىن سۈي سۇلالىسىگە بېقىندى. لى چې ئەنداۋ ۋىلايىتى گۇڭى قىلىپ تەيىنلەندى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2324 ـ بەت)

---

①ۋېي پادشاھى گۇڭدى ( 魏恭帝 ) — غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد پادشاھى، ئىسمى يۈەن گو بولۇپ، پادشاھ ۋېندى يۈەن باۋجۇنىڭ 4 ـ ئوغلى ئىدى. فېيدىنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 554 ـ يىلى) تەختكە چىقىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن پادشاھلىق ھوقۇقىنى جۇ سۇلالىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 182 — 183 ـ بەتلەر)

② ۋاڭ يۇڭ ( 王勇 ) — غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى بولۇپ، جۇ پادشاھى ۋېندى يۈۋېن تەينىڭ قول ئاستىدا كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2320 ـ، 2322 ـ بەتلەر)

③ جۇ پادشاھى ۋۇدى ( 周武帝 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ 4 ـ ئەۋلاد پادشاھى يۈۋېن يۇڭ. مىلادىيە 561 — 577 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 347 ـ، 372 ـ بەتلەر)

④ لى چې ( 李徹 ) — شىمالىي جۇ ۋە سۈي سۇلالىلىرىنىڭ ئەمەلدارى.

(مۇھەررىردىن)

⑤ ۋېي بېگى ياڭ شۇاڭ ( 卫王爽 ) — سۈي پادشاھى ۋېندى ياڭ جيەننىڭ 4 ـ ئىنىسى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2454 ـ بەت)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 67 ـ جىلد

## لىن خۇشىنىڭ تەرجىمىھالى

تۈيغۇنلار چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. لىن خۇشى ھەربىي يۈرۈشى دورغاپى بولۇپ، باش قوماندان يۈەن شىيگە ئەگىشىپ ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. جەڭلەردە تۆھپە ياراتقاچقا، ئالىي چارپىانساتلىققا ئۆستۈرۈلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2352 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 68 ـ جىلد

# ياڭ شيۇڭنىڭ تەرجىمھالى

سۇي پادىشاھى ۋېندى ئۆزى قوشۇن باشلاپ تۇيغۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ياڭ شيۇڭنى جاۋخې ۋىلايىتىدىكى قوشۇنغا باشبۇغ قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2370 ـ بەت)

خۇاڭفۇ شياۋشيې بەك نامرات ئىدى. ئۇ تەلىيىم ئوڭدىن كەلسە ئەجەپ ئەمەس دەپ، پادىشاھقا بىر مەكتۇپ يوللاپ مۇنداق دېدى: «ۋاڭ شىجى پالچىغا تەقدىرى ھەم كېيىنكى مەرتىۋىسى توغرىسىدا پال سالدۇرغاندا، پالچى پادىشاھ بولالايسىز دېگەنىكەن، ئۇ خوتۇنىغا سەن خانىش بولالايسەن دەپتۇ. ئۇ لياڭجۇغا بارماقچى بولغاندا، يېقىنلىرى ئۇنىڭغا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربى سەر خىل قوشۇن تۇرغۇزىدىغان جاي، ئۇ يەردە چوڭ ئىشلارنى پىلانلىغىلى بولىدۇ دېسە، ئۇ لياڭجۇ زېمىنى كەڭ، ئادىمى ئاز يەر، ئۇرۇش قىلغاندا ئۇنى تايانچ بازا قىلىشقا بولمايدۇ دەپتۇ.» بۇ مەكتۇپ بىلەن ۋاڭ شىجى ئوردىغا چاقىرتىپ كېلىنىپ، ئىشلىرى سۈرۈشتۈرۈلدى.

(شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2372 ـ بەت)

كېيىن، تۈركلەر سالامغا كەلگەندە، سۇي پادىشاھى ۋېندى ئۇلارغا: «سىلەر چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا چېن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بارلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟» دەپ سورىدى.



تۈركلەر: «ئاڭلىغان» دەپ جاۋاب بەردى. سۇي پادىشاھى ۋېندى قول ئاستىدىكىلەرگە تۈركلەرنى خەن چىننىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار: «مانا بۇ چېن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىنى تۇتۇپ ئەكەلگەن ئادەم» دېدى. خەن چىن تۈركلەرگە كۆزلىرىنى ئالايتىپ تىكىلدى. ئۇنىڭ ئەپتى قورقۇنچلۇق بولغاچقا، تۈركلەر قورققىنىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشقا پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك سۈلىتى مانا مۇشۇنداق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خەن چىن ا شۇگۇاڭ① ناھىيىسى گۇڭى دەپ نام بېرىلىپ، 1000 تۈتۈننىڭ باج ـ سېلىقى بىلەن ئۆزىنى قامدايدىغان بولدى. ھەربىي يۈرۈشى باشبۇغى سۇپىتى بىلەن جىنچېڭدا تۇرۇپ، غوزلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن قوغدىدى. كېيىن لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغلىقىغا تەيىنلەندى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2376 ـ بەت)

تۈركلەر كۆپ قېتىم چېگرا رايونلارنى مالىمان قىلدى. پادىشاھ خەن چىننىڭ تاغىسى خەن خۇڭنى قەيسەر ئادەم دەپ قارىغاچقا، ئۇنى شوجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغلىقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتتى ھەم ئۇزۇنغا قالماي دەيجۇن ئايمىقى ②نىڭ باشبۇغلىقىغا تەيىنلىدى. رېنشۇ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 601 ـ يىلى) تۈركلەرنىڭ تاردۇش قاغانى چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. خەن خۇڭ يۈجۇ③ ئايماقبېگى ليۇلۇڭ بىلەن بۇيۇك سانغۇن لى ياۋۋاڭنى باشلاپ ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلار خېڭئەندە تۈركلەر بىلەن ئۇچراشتى. تۈركلەرنىڭ ئادىمى كۆپ بولغاچقا، تەڭ كېلەلمىدى. خەن خۇڭ جان تىكىپ ئېلىشقان بولسىمۇ، كۆپ يېرى يارىلانغاچقا، لەشكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. تۈركلەر قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوق ياغدۇردى. خەن خۇڭ تۈركلەر بىلەن ياراشماقچى بولغاندەك ئەلپازدا بولغاچقا، تۈركلەر مۇھاسىرىنى بىر ئاز بوشاتتى، ئۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت

بىلىپ ئەمىر ـ لەشكەرلەرنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقتى. ئادەملىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۆلدى، تۈركلەرنىڭمۇ يېرىمىنى ئۆلتۈردى. خەن خۇڭ بىلەن لى ياۋۋاڭ مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاندى. ليۇ لۇڭ شۇ ۋەجىــــدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. سۈي پادىشاھى ياڭدى شىمالدىكى رايونلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بىرىپ خېڭئەنگە كەلگەندە، دالىـــدىكــى ئادەم سۆڭەكلىرىنى كۆرۈپ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالــىرىدىن سـورىـدى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار: «بۇ ئىلگىرى خەن خۇڭ تۈركلەر بىلەن جەڭ قىلغان جاي» دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، سۆڭەكلەرنى يىغدۇرۇپ كۆمدۈردى. شىمالدىكى بەش ئايماقنىڭ راھىبلىرىنى يىغىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ روھىــغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلىشنى بۇيرۇدى. خەن خۇڭنى لۇڭشـــى ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2377 ـ بەت)

دايې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 607 ـ يىلى) خېروبېي سۈي پادىشاھى ياڭدىغا ئەگىشىپ شىمالنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بىرىپ يۈلىنگە كەلدى ۋە نەچچە مىڭ كىشى ئولتۇرغىلى بولىدىغان چوڭ چېدىرغا چۈشتى. سۈي پادىشاھى ياڭدى تۈركلەرنىڭ رامغان قاغاننى چاقىرتىپ كېلىپ زىياپەت بەردى. خېروبېي بۇنداق قىلىش راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىك دەپ قاراپ، گاۋ جيۇڭ، يۈۋېن چياڭ قاتارلىقلار بىلەن بۇ ئىش ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشتى. بۇنى باشقىلار مەلۇم قىـــلغاچقا، خېروبېي قەتل قىلىندى. شۇ چاغدا ئۇ 64 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنـــى، پەرزەنتلىرى قۇل قىلىنىپ چېگرا جايلارغا سۈرگۈن قىلىندى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2387 ـ بەت)

---

① شۇگۇاڭ (寿光) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقـــى شەندۇڭ



ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا. مىخې دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 714 ـ بەت)

② دەيجۇ ئايمىقى (代州) — مەركىزى گۇاڭۋۇ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى دەيشيەن ناھىيىسى)، دائىرىسى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ دەيشيەن، فەنجى، ۋۇتەي، يۈەنپىڭ ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 211 ـ بەت)

③ يۈجۇ ئايمىقى (蔚州) — ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىڭچيۇ ناھىيىسىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقي يەر ناملىرى قامۇسى»، 1194 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 69 ـ جىلد

# شې دىجى، ياڭ جيەن، جاۋۋېنبياۋلارنىڭ تەرجىمىھالى

غەربىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن شەرقىي ۋېي سۇلالىسى بىر ـ بىرىنى يېڭىشقا تىرىشتى. جورجانلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چېگرا رايونلارغا كۆپ قېتىم بېسىپ كىرىپ، بالايىـئاپەتكە ئايلاندى. ئوردىدا ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىش، قۇدىلىشىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، شې دىجى① جورجانلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتىلدى. شې دىجى قەددى ـ قامەتلىك، گەپدان كىشى ئىدى. جورجانلارنىڭ سەردارى ئۇنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا ئىشەندى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چېگرا رايونلارنى قايتا بۇلىمىدى. جۇ پادىشاھى ۋېندى شې دىجىغا: «ئىلگىرى ۋېي جياڭنىڭ② رۇڭلار بىلەن دوستانە ئالاقە قىلغانلىقى تارىخنامىلەردە مەدھىيىلەنگەن. ئەمما ئىككىڭلارنى سېلىشتۇرساق، ئۇ ساڭا يەتمەيدۇ» دېدى ۋە ئۇنى گاۋيى③ ناھىيىسى گۇڭى قىلدى. شې دىجىنىڭ مەنسىپى كۆپ قېتىم ئۆستۈرۈلۈپ باش چاپاۋۇل سانغۇن، ئوردا ئۇچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، شىغاۋۇل بولدى. جورجانلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، تۈركلەر قۇدرەت تاپتى. ئۇلار جۇ سۇلالىسى بىلەن ياخشى ئۆتۈپلا قالماي، چى سۇلالىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قىلدى. جۇ پادىشاھى ۋېندى شې دىجىنى تۈركلەرگە نەسىھەت قىلىشقا ماڭدۇردى. تۈركلەر ئۇنىڭ



گېپىدىن تەسىرلىنىپ ھوشىنى تاپتى ـ دە، چى سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنى تۇتۇپ، جۇ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە ئەۋەتىپ بەردى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2394 ـ بەت)

داتۇڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 535 ـ يىلى) جورجانلار قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. جۇ پادىشاھى ۋېندى ياڭ جيەن④ بىلەن ياڭ كۇننى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇلار قۇدىلىشىش ئىشىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، بەگلىككە ئۆستۈرۈلدى. ياڭ جيەن يەنە جورجانلارغا مال ـ مۈلۈك بېرىشكە ئەۋەتىلدى. ۋېي پادىشاھى ۋېندىنىڭ خانىشى يۈجيۈلۈ⑤ قازا قىلغاندىن كېيىن، جۇ پادىشاھى ۋېندى يانداشبەگ جاۋشيەننى جورجانلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى يەنە تەلەپ قىلدى. جاۋ شيەن شياجۇ ئايمىقىغا كەلگەندە، جورجانلارنىڭ ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ شەرقىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن قۇدىلاشماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپلاندى. ئۇ شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنى تۇتۇپ قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بۇ ئىشقا پېتىنالماي قايتىپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن جۇ پادىشاھى ۋېندى ياڭ جيەننى ئەۋەتىپ، جورجانلارغا ئون جىڭ ئالتۇن، 300 توپ يىپەك رەخت ئىنئام قىلدى. ياڭ جيەن جورجانلار زېمىنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ شاپائەتچىسىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى، لەۋزىدىن يېنىۋالغانلىقىنى ئەيىپلىدى ھەمدە قۇدىلىشىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. جورجانلار بۇنىڭدىن تەسىرلەندى ۋە قىلمىشىغا ئۆكۈندى ھەمدە ئەلچىسىنى ياڭ جيەنگە ئەگىشىپ ئوردىغا بېرىپ، پەرمانبەردار بولۇشقا ئەۋەتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2395 — 2396 ـ بەتلەر)

داتۇڭ 16 ـ يىلى (مىلادىيە 550 ـ يىلى) قوشۇن شەرققە

جازا يۇرۇشى قىلدى. جۇ پادىشاھى ۋېندى جورجانلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، جورجانلارنى بەزلەش ئۈچۈن، ياڭ جيەننى يەنە بىر قېتىم ئۇلار بىلەن دوستانە ئۆتۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا ئەۋەتتى. ياڭ جيەن باش چاپاۋۇل سانغۇن، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، شىغاۋۇل قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

شياۋمىندى (يۈۋېن جۆ) جۇ سۇلالىسىگە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ياڭ جيەن باش تەپتىش بېگىلىككە تەيىنلەندى ۋە ياۋگۇ گۇڭى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى ھەمدە تۈركلەر بىلەن قۇدىلىشىش ئىشى ئۈچۈن ئەلچىلىككە ئەۋەتىلدى. تۈرك قاغانىنىڭ ئىنىسى دىتۇ قاغان ئاشىنا قۇت شەرق تەرەپكە ئورۇنلاشقان بولۇپ، چى سۇلالىسى بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ ئىناق ئۆتەتتى. ئۇ ئاكىسىغا ئەسلىدىكى نىكاھ توختىمىدىن يېنىۋېلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. ئۇلار پىلان تۈزۈپ، ياڭ جيەننى چى سۇلالىسىگە ئاپىرىپ بەرمەكچى بولدى. ياڭ جيەن ئۇلارنىڭ غەرىزىنى بىلگەندىن كېيىن، يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلارنى قاتتىق ئەيىپلەپ مەردانىلىك بىلەن سۆزلىدى. تۈرك قاغانى خىجالەت بولۇپ، بىر ھازادىن كېيىن: «مەندىن گۇمانلانمىسىڭىز، بىز بىرلىكتە چى سۇلالىسىنى تىنىچىتىشقا بارايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن قۇدىلىشىشقا قىزىمنى ئەۋەتىپ بېرەي» دېدى. ياڭ جيەنگە ئاۋۋال جۇ سۇلالىسىگە قايتىپ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ، ئاندىن چى سۇلالىسىگە جازا يۇرۇشى قىلىش بۇيرۇق قىلىندى. ئۇ بۇيرۇق بويىچە ئەلچىلىككە بېرىپ، ۋەزىپىنى ئادا قىلغاچقا، بۈيۈك سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى. باۋدىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 564 - يىلى) تۈركلەرگە يەنە ئەلچى بولۇپ بېرىپ، مال - مۈلۈك بەردى. ياڭ جيەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ئەمىرلەشكەر، ئاندىن ئەمىرى زېمىن بولدى. چىن گۇڭچۈن



قاتارلىقلار بىلەن بىللە تۈرك ئېلىدە ياتلىق قىلىنىدىغان قىزنى كۆچۈرۈپ كەلدى ھەم نەنئەن گۇڭى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. تيەنخې 3 - يىلى (مىلادىيە 568 - يىلى) لياڭجۇ ئايماقبېگى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. كېيىن كېسەل بىلەن قازا قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 - توم، 2396 - بەت)

باۋدىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 562 - يىلى) ۋاڭ چىڭ⑥ تۇيغۇنلارغا ئەلچىلىككە بېرىپ، ئىككى تەرەپنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىنى ئايرىپ چىقتى ۋە يارىشىش ئىشىنى مۇزاكىرىلەشتى. تۇيغۇنلارنىڭ خانى قايىل بولۇپ شادلاندى ھەمدە يېقىنلىرىنى ۋاڭ چىڭ بىلەن بىرلىكتە بېرىپ، ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

دەسلەپتە تۈركلەر جۇ سۇلالىسى بىلەن قۇدىلاشماقچى بولۇپ، تۈرك قاغانىنىڭ قىزىنى جۇ سۇلالىسى پادىشاھىغا خانىشلىققا بېرىشكە ماقۇل بولغانىدى. ئەمما چى سۇلالىسىدىكىلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تۈركلەر بىلەن جۇ سۇلالىسىنىڭ بىرلىشىپ ئۆزىگە قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. شۇڭا، ئۇلار تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ناھايىتى كۆپ مال - مۈلۈك ئەۋەتتى. تۈركلەر ئۇلاردىن كۆپ نەپ ئېلىشنى كۆزلەپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. ئوردىدا بۇ ئىش مۇزاكىرە قىلىنغاندا، ئوردىدىكىلەر: «بۇرۇن ۋېي سۇلالىسى جورجانلار بىلەن قۇدىلاشماقچى بولغاندا، چى سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى تۈپەيلىدىن جورجانلار ئۆزگىرىپ قالغانىدى، ئەمدىلىكتە تۈركلەرنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمىز. ئىككى ئەلنىڭ ياخشى ئۆتۈشى ئۈچۈن، ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقىلەشمەك كېرەك» دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن سول قول ئەلەمدار بەگ ۋاڭ چىڭ باش

ئەلچىلىككە، ياڭ جيەن ئورۇنباسار ئەلچىلىككە تەيىنلەندى. شۇ يىلى، بىڭجۇنى تالىشىش جېڭى باشلاندى. ۋاڭ چىڭ تۈرك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، سۈي گوڭى ياڭ جۇڭ بىلەن تەييۈەنگە بېرىپ ئاندىن قايتتى. چى سۇلالىسىدىكىلەر جۇ پادىشاھىنىڭ كىچىك ئانىسى بىلەن چوڭ ئانىسىنى ئەكېلىپ قويۇشقا قوشۇلغاندىن كېيىن، ئوردا ئاندىن چى سۇلالىسى بىلەن ئالاقە قىلماقچى ۋە ياراشماقچى بولدى. تۈركلەر بۇنىڭدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن، ئۇلاردا يەنە گۇمان تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، ۋاڭ چىڭ ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە ئەۋەتىلدى. تۈرك قاغانى تەسىرلەندى ۋە خۇشاللاندى. ئىككى تەرەپ خۇددى بۇرۇنقىدەك يارىشىپ قالدى.

باۋدىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 565 ـ يىلى) ۋاڭ چىڭ يەنە يۈۋېن گۈي بىلەن بىللە تۈركلەرگە ئەلچىلىككە بېرىپ، تۈرك قاغانىنىڭ قىزىنى كۆچۈرۈپ كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ۋاڭ چىڭ شىمال تەرەپتىكى مىللەتلەر ئارىسىدا تونۇلۇپ، ھەر يىلى ئۇ جايلارغا ئەلچىلىككە بېرىپ تۇردى. كېيىن يەنە تۈركلەر زېمىنىغا كەلگەندە تۈرك قاغانى كېسەل بىلەن ئۆلگەن ۋاقىتقا توغرا كەلدى. تۈركلەر ئۇنىڭغا: «ئىلگىرى ئۆلۈم ـ يېتىم بولغان چاغدا ئېلىمىزگە كەلگەن ئەلچىلەر يۈزىنى پىچاق بىلەن تىلىپ ماتەم تۇتاتتى. ھازىر ئىككى ئەل قۇدىلاشتۇق، سىز شۇنداق قىلمىسىڭىز بولمايدۇ» دېدى. ۋاڭ چىڭ ئۇلار بىلەن تاكاللىشىپ، ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلمىدى. تۈركلەر ئۇنىڭ چىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ مەجبۇرلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. جۇ پادىشاھى ۋۇدى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئۇنى ماختىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2397 ـ بەت)

تۈركلەرنىڭ رامغان قاغانى قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. جاۋ جۇڭچىڭ ⑦ قۇدىلىشىش تۇغقانلارنى ئايرىۋېتىدىغان ئىش دەپ قارىغاچقا، بۇ



ئىشقا قارشى چىقتى. كەيخۇاڭ 19 ـ يىلى (مىلادىيە 599 ـ يىلى) رامغان قاغان قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭسۈن شېڭ بىلەن بىرلىكتە تۇڭخەن قورغىنىغا⑧ قېچىپ كەلدى. جاڭ جۇڭچىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ رامغان قاغانغا ياردەمگە كەلگەچكە، تاردۇش قاغان ھۇجۇم قىلىپ كېلىشكە پېتىنالمىدى. تاردۇش رامغاننىڭ قوۋمىدىكىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىشقا مەخپىي ئادەم ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تۈمەن تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەم ئالداپ كېلىندى. شۇ يىلى تاردۇشقا زەربە بېرىش ئۈچۈن رامغان سۈي سۇلالىسىنىڭ قوماندانى گاۋجۇڭغا ئەگىشىپ بەيداۋغا باردى. جاۋ جۇڭچىڭ قوشۇنى تۇرشاۋۇل بولدى. ئۇلار زۇلى تېغىغا بارغاندا، تۈركلەر بىلەن توقۇنۇشتى. يەتتە كۈن جەڭ قىلىپ تۈركلەرنى بىت ـ چىت قىلدى، چىنفۇ كۆلىگىچە ⑨ قوغلاپ باردى ۋە ئەھۋالنى رامغانغا مەلۇم قىلدى. تۈركلەر بارلىق ئادىمىنى قوزغاپ جەڭگە كەلدى. جاۋ جۇڭچىڭ چاسا سەپ تۈزۈپ، تۆت تەرەپتىن تاقابىل تۇردى. بەش كۈن ئۆتكەندە گاۋ جۇڭ قوشۇن باشلاپ كېلىپ بىرلىكتە زەربە بەرگەندىن كېيىن تۈركلەر مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ئۇلار تۈركلەرنى قوغلاپ بەيداۋدىن ئۆتتى، چىنشەن تېغىدىن ھالقىپ 700 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈردى. شۇ چاغدا تۈركلەردىن 10 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەم ئەل بولدى. پادىشاھ جاۋ جۇڭچىڭغا ئۇلارنى خېڭئەنگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئۇ تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئەركان سانغۇن قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. ئوردا تاردۇش قاغاننىڭ رامغان قاغانغا يوشۇرۇن زەربە بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، جاۋ جۇڭچىڭنى ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىشكە ئەۋەتتى. دەيجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغى خەن خۇڭ، يۈڭكاڭ گوڭى لى ياۋۋاڭ، يۈجۇ ئايماقبېگى لىيۇلۇڭ قاتارلىقلار بىر تۈمەن ئاتلىق ھەم پىيادە لەشكەرنى باشلاپ

خېنئەننى ساقلىدى. تاردۇش قاغان بېسىپ كىرگەندە، خەن خۇئ باشچىلىقىدىكى قوشۇن قاتتىق مەغلۇپ بولدى. جاۋ جۇئچېك لېنىڭ قورغىنىدا لەشكەر بۆكتۈرۈپ تاردۇش قاغانغا زەربە بېرىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنىڭ كاللىسىنى ئالدى.

ئىككىنچى يىلى، جاۋ جۇئچېك رامغان قاغاننى ئۇرۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇن، جىنخې⑩، دىڭشياڭ شەھەرلىرىنى بىنا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. بۇ چاغدا بەزىلەر پادىشاھقا جاۋ جۇئچېك رەھىمسىزلىك ۋە ئالدىراڭغۇلۇق قىلدى، دېدى. پادىشاھ تەپتىش بېگى ۋاڭ بېينى ئۇنىڭ گۇناھىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇدى. نەتىجىدە ئۇ گۇناھكار بولۇپ چىقتى. پادىشاھ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى تۆھپىلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ گۇناھىغا جازا ھۆكۈم قىلمىدى ھەمدە ئۇنى بەزلەپ: «مەن بىلىمەن، سەن پاك، دۇرۇس ئادەم، شۇڭا تۆۋەندىكىلەر ساڭا ئۆچ» دېدى ۋە ئۇنىڭغا 500 توپ يىپەك رەخت ئىنئام قىلدى. جاۋ جۇئچېك بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ تەپتارتمايدىغان بولۇپ كەتكەچكە، كېيىن ئەمەلى ئېلىپ تاشلاندى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2401 ـ بەت)

جاۋ ۋېنبياۋ⑪ ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئوردا ئۇچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى. ئۇ شۇگو گۇڭى يۇۋېن گۇيغا ئەگىشىپ تۈرك ئېلىگە خانىشنى كۆچۈرۈشكە بېرىپ، خانىشنى كۆچۈرۈش قائىدە ـ يوسۇنىغا باشچىلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئەھۋالغا قاراپ قوللانغان تەدبىرلىرىنىڭ ھەممىسى مۇراسىم قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئىدى. خانىش چېگرىدىن كىرىدىغان چاغدا، تۈركلەر «ئات ئورۇق» دەپ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. جاۋ ۋېنبياۋ تۈركلەرنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تۈركلەرنىڭ ئەلچىسى لومىيانغا: «خانىش يولغا چىققىلى خېلى ۋاقىت بولدى.



يولدا قۇملۇقتىن ئۆتكەچكە، ئادەم ۋە ئاتلار بەك ھالسىرىدى. ئەمما شەرق تەرەپتىكى چى سۇلالىسى ھەر ۋاقىت پۇرسەت كۈتۈپ يۈرىدۇ، تۈيغۇنلاردىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ھازىر سىز قاغاننىڭ ئەتىۋارلىق قىزىنى ئېلىپ پادىشاھ بىلەن قۇدىلاشقىلى كېتىۋاتىسىز، ئازراقمۇ مۇداپىئە تەدبىرى بولماسلىق ئەمەلدارلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشمۇ؟» دەپ مەسلىھەت سالدى. لومىيان بۇ پىكىرنى توغرا دەپ قاراپ، مېڭىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر نەچچە كۈندىلا گەنجۇغا يېتىپ باردى. جاۋ ۋېنبياۋ خانىشنى كۆچۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەچكە، بوياڭ ناھىيىسى گرافى بولدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2405 ـ بەت)

---

① شې دىجى (厍狄峙) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى. دەسلەپ گاۋياڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى، كېيىن ھۆدەيچى، ئەنفېڭ ئايمىقى گۇڭى بولغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2394 — 2395 ـ بەتلەر)

② ۋېي جياڭ (魏绛) — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى.

(مۇھەررىردىن)

③ گاۋ يى (高邑) — قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى بوشياڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(«بىر توملۇق «سىخەي»»، 2204 ـ بەت)

④ ياڭ جيەن (杨荐) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە بۈيۈك چاپاۋۇل سانغۇنى، نەنئەن ئايمىقى گۇڭى بولغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2395 — 2396 ـ بەتلەر)

⑤ خانىش يۈجيۇلۈ ( 郁久闾皇后 ) — غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندى يۈەن باۋجۇنىڭ خانىشى، جورجان خانى ئاناغاينىڭ چوڭ قىزى.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 507 ـ بەت)

⑥ۋاڭ چىڭ ( 王庆 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە لەشكىرىي پىرقىسىنىڭ كىڭەش بېگى، ئايماقبېگى، بۈيۈك سانغۇن بولغان.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2397 — 2398 ـ بەتلەر)

⑦ جاۋ جۇڭچىڭ ( 赵仲卿 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە بۈيۈك سانغۇن، ناھىيە گۇڭى بولغان. سۈي پادىشاھى ۋېندى ياڭ جيەن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن خېبېي ئايمىقى گۇڭى، شىجۇ ئايمىقى بېگى بولغان.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 2400 — 2401 ـ بەتلەر)

⑧ تۇڭخەن قورغىنى ( 通汉镇 ) — مەزكۇر كىتابنىڭ 22 ـ جىلدىدا فۇيۈەن قورغىنى دەپ يېزىلغان. ئورنى نامەلۇم.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 821 ـ بەت)

⑨چىفۇكۆلى ( 乞伏泊 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى چاخار ئوڭ قانات ئالدى خوشۇنىنىڭ شىمالىدا.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» ، 4 ـ كىتاب، 47 ـ بەت)

⑩ جىنخې ( 金河 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كۆكخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.
( «جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى قامۇسى» ، 542 ـ بەت)

⑪ جاۋ ۋېنبياۋ ( 赵文表 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى. شۇگو گۇڭى يۈۋېن گۈينىڭ مەھكىمىسىدە دورغاپ بولغان.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 2405 — 2406 ـ بەتلەر)



## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 70 ـ جىلد

# خەن باۋنىڭ تەرجىمىھالى

خەن باۋ① تۇتۇقلۇققا ۋە غەربىي لياڭجۇنىڭ ئايماق بېگلىكىكە تەيىنلەندى. چاڭ غۇزلار②نىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە نامرات ـ ئاجىزلار كەمسىتىلەتتى، بايۋەچچىلەر قەدىرلىنەتتى. بايۋەچچىلەر پۇقرالارغا قۇل قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى ئېزەتتى. شۇڭا كەمبەغەللەر كۈنسېرى نامراتلىشىپ، بايۋەچچىلەر تېخىمۇ بېيىدى. خەن باۋ كەمبەغەللەردىن لەشكەر ئېلىپ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئېتىبار بەردى. ئۇلارنى ئالۋاڭ ـ سېلىق، ھاشاردىن كەچۈرۈم قىلدى ھەمدە بايلاردىن مال ـ مۈلۈك يىغىپ نامراتلارغا ياردەم قىلدى. ھەر قېتىم غەربىي يۇرت سودىگەرلىرى كەلگەندە، ئالدى بىلەن نامراتلارنى ئۇلار بىلەن سودا ـ سېتىق قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ پەرقى بارا ـ بارا ئازىيىپ نوپۇس كۆپەيدى، تۇرمۇش ياخشىلاندى.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 8 ـ توم، 2416 ـ بەت)

جاھان بىرلىككە كېلىپ، ئەتراپتىكى مىللەتلەر بەيئەت قىلدى. ليۇ شىڭبىن③ تاڭغىت چاڭلار ④ چېگرىغا ئەڭ يېقىن بولسىمۇ، ئەڭ كېيىن بەيئەت قىلدى دەپ قارىغاچقا، سۈي پادىشاھى ۋېندىغا تاڭغىت چاڭ ئەلچىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ:
«ئاڭلىسام جەنۇبتىكى قوۋملار چېرىكچى بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇپتۇ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنىڭ ھەيۋىسىگە ھۆرمەت

قىپتۇ. ئۇلار بىلەن سىلىشتۇرغاندا غەربىي چاڭلار خۇددى چىلشقان ۋە ئىتقا ئوخشاش ئوغرىلىق قىلىدۇ. ئاتىسى ئاتىدەك، بالىسى بالىدەك ئىش قىلمايدۇ، پادىشاھقا ھۆرمەت قىلمايدۇ، ۋەزىرلىرىنىڭمۇ نوپۇزى بولمايدۇ. ئۇلار باشقا قوۋملارغا ئوخشىمايدىغان ئەڭ پەسلەردۇر. ئۇلار ئوردىنىڭ ھال - ئەھۋال سورىغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتمايدۇ، شەپقىتىنى قەدىرلىمەيدۇ، تۆلكىگە ئوخشاش مەككار كېلىدۇ. شۇڭا، ئەمدىلەتىن ئوردىغا بەيئەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەلچىسى يېقىندا ئوردىغا كېلىدۇ. ئۇنى مەھكىمىنىڭ قانۇن - نىزامى بويىچە سوراقتا تارتىشنى سورايمەن» دەپ مەكتۇپ سۇندى. پادىشاھ ئۇنىڭ مەپكۇرىسى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن، دەپ قارىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 - توم، 2440 - بەت)

---

①خەن باۋ ( 韩褒 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە مۇھىم ئەمەلدار بولغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ پادىشاھنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، ئاخىرى مەرتىۋىسى تۆرتىلىككە كۆتۈرۈلگەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2415 — ، 2417 - بەتلەر)

② چاڭ غۇزلار ( 羌胡 ) — خەن دەۋرىدە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى ۋە غەربىي جەنۇبىدا ماكانلاشقان. ۋېي، جىن دەۋرلىرىدە غەربىي شىمالدىكى چياڭلارنىڭ داڭچاڭ، دېڭجى قاتارلىق قەبىلىلىرى بولغان.

(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 570 - بەت)

③ ليۇ شىڭبېن ( 刘行本 ) — دەسلەپتە جۇ سۇلالىسىگە خىزمەت قىلغان. ياڭ جيەن پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، كېڭەش بېگى، تەكشۈرگۈچى ھۆدەيچى بولغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2339 -، 2441 - بەتلەر)

④ تاڭغۇت چياڭلار ( 党项羌 ) — چياڭلارنىڭ كېيىنرەك تەرەققىي تاپقان بىر تارمىقى. ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى خۇاڭخې دەرياسى بويلىرىدا چارۋىچىلىق قىلىپ ياشىغان.

(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 905 - بەت)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 71 - جىلد

## سۇي خانىدانى بەگلىرى تەزكىرىسى

ياڭ زىچۈڭ① سۇي پادىشاھى ياڭدىغا ئەگىشىپ، فېنياڭ قەسىرىگە② باردى. ياڭ زىچۈڭ تۈركلەرنىڭ چوقۇم ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ، پايتەختكە③ قايتىپ كېتىشنى كۆپ قېتىم ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، پادىشاھ ئۇنىمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇي پادىشاھى ياڭدى يەنمېندا قورشاۋدا قالدى. تۈركلەر چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئاچچىقلاپ: «ياڭ زىچۈڭ دېگەن توخۇ يۈرەك ئەھۋالنى ئۇقماي تۇرۇپ، پايتەختكە بالدۇرراق قايتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، لەشكەرلەرنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتىپ قويدى. ماڭا ۋەزىر بولالمىغۇدەك» دېدى. ياڭ زىچۈڭ كېتىپ لىنشى④نىڭ ۋالىيسى بولغاندىن كېيىن، قابىلىيىتىگە تايىنىپ نام - ئاتاق قازاندى. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركلەر چېگرا رايونلارغا كۆپ قېتىم بېسىپ كىردى. غۇزلاردىن ليۇليۇئەر يەنە ئادەم باشلاپ كېلىپ، لىنشى ۋىلايىتىنى بۇلىدى. ياڭ زىچۈڭ پادىشاھقا مەكتۇپ سۇنۇپ، تۈركلەرنىڭ چېگرىغا بېسىپ كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتىپ ۋىلايەتنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ يەنە ئاچچىقلىنىپ، ياڭ زىچۈڭنى لەشكەر باشلاپ سەددىچىننى چارلاپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ياڭ زىچۈڭ يۈز نەچچە چاقىرىم يۈرۈپ، ئەتراپتا يول يوق بولغاچقا، نائىلاج قايتىپ كەلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 - توم، 2457 - بەت)

كەيخۇاڭ 19 ـ يىلى (مىلادىيە 599 ـ يىلى) تۈركلەر چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. ياڭ لياڭ ھەربىي يۈرۈشى قوماندانى تۈرۈقلۇق ئالدىنقى سەپكە بارمىدى. شۇنداقتىمۇ سۈي پادىشاھى ۋېندى يەنىلا ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنى ئەتىۋارلىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2471 ـ بەت)

ياڭ جيەننىڭ ئوغلى ياڭ مىن شياۋ خانىش⑤ بىلەن تۈركلەر زېمىنىغا قېچىپ باردى. چۇلۇق قاغان ئۇنى سۈي بېگى دەپ ئاتىدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەردىن شىمالدىكى مىللەتلەر زېمىنىغا بارغانلارنى قەبىلە قىلىپ سۈي بېگى ياڭ مىنغا قاراتتى ۋە دىڭشياڭ شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇردى. تۈركلەر يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلار قايتۇرۇلدى. جېنگۇەن يىللىرى (مىلادىيە 627 — 649 ـ يىللىرى) دا ياڭ مىننىڭ مەنسىپى ئۆسۈپ پادىشاھنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى باشقۇرغۇچى بەگ بولدى. يۇڭخۇي يىللىرى (مىلادىيە 650 — 655 ـ يىللىرى) نىڭ دەسلىپىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2481 ـ بەت)

---

①ياڭ زىچۇڭ ( 杨子崇 ) — سۈي پادىشاھى ۋېندى ياڭ جيەننىڭ تاغىسى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2457 ـ بەت)

②فېنياڭ قەسرى ( 汾阳宫 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى جىڭلې ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 160 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.

(«جۇڭگو يەر ناملىرى قامۇسى»، 397 ـ بەت)

③سۈي سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرى ئىدى.



(مۇھەررىردىن)

④لىشى ( 离石 ) — قەدىمكى ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىكى لۈلياڭ تېغىنىڭ غەربىدە ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 354 ـ بەت)

⑤شياۋ خانىش ( 萧后 ) — سۈي سۇلالىسىنىڭ 2 ـ ئەۋلاد پادىشاھى ياڭدى ياڭ گۇاڭنىڭ خانىشى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 535 — 537 ـ بەتلەر)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 73 ـ جىلد

## يۈەن شىي، شى ۋەنسۇيلەرنىڭ تەرجىمىھالى

تۈيغۈنلارنىڭ سەركەردىسى دىڭچىڭ بېگى جۇلپان لەشكەر تارتىپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تاڭغىتلار بىلەن بىرلەشتى. يۈەن شىي قوشۇن باشلاپ شەنجۇدىن ئۇدۇل كۆكنۇرغا يول ئالدى ۋە تۈيغۈنلار قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدا، بۆكتۈرمىدە تۇرۇپ زەربە بەردى. ئۇلار فېڭلى① تېغىدا توقۇنۇشتى. يۈەن شىي ئۇلارنى چېكىندۇرۇپ، تۈيغۈنلارنىڭ شاھزادىسى كۆبە خاننىمۇ مەغلۇپ قىلدى. تۈيغۈنلارنىڭ داڭلىق خانلىرىدىن 17 كىشى، بەگ ـ تارخانلىرىدىن13 كىشى قول ئاستىدىكىلەر بىلەن كېلىپ ئەل بولدى.

كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 582 ـ يىلى) تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغانى ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى يابغۇ ھەمدە پانا قاغانلار جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى ... بېسىپ كىردى. سۈي پادىشاھى ۋېندى داشى چاڭرۇنى قوشۇنغا باشبۇغ بولۇپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى. جۇپەندە تۈركلەر بىلەن توقۇنۇشتى. تۈركلەرنىڭ ئادىمى كۆپ بولغاچقا، داشى چاڭرۇ تاقابىل تۇرالمايتتى. شۇڭا، قوشۇندىكىلەر قورقۇنچقا چۈشتى. داشى چاڭرۇ مەردانىلىك كۆرسەتتى. قوشۇن تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا بىر دەم چېچىلىپ، بىر دەم يىغىلاتتى. بىر ياقتىن جەڭ قىلىپ، بىر ياقتىن چېكىنەتتى. ئۇياق ـ بۇياققا يۈرۈپ ئۈچ كۈن جەڭ قىلىپ، قورال ـ ياراغلار كاردىن چىقتى. لەشكەرلەر قۇرۇق قول جەڭ قىلىپ، قولىنىڭ تېرە ـ ئەتلىرى تىتىلىپ ئۇستىخانلىرى كۆرۈنۈپ قالسىمۇ قىلچە



بوشاشماي تۈركلەرنىڭ بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ياربدار قىلدى. بۇ چاغدا، تۈرك لەشكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەچكە، جەڭدىن چېكىنىپ چىقتى. داشى چاڭرۇنىڭ بەش يېرى يارىلاندى، ئىككى يېرىنى ئوق تېشىپ ئۆتتى. ھەر ئون لەشكىرىنىڭ سەككىز ـ توققۇزى ئۆلدى. تۈركلەر ئەسلىدە چىنجۇن، لۇڭشى ۋىلايەتلىرىنى بۇلىماقچى ئىدى. داشى چاڭرۇنىڭ لەشكەرلىرى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ غەرىزى ئىشقا ئاشمىدى. 2 ـ كۈنى، جەڭگاھتا جەسەتلەر كۆيدۈرۈلدى. كىشىلەر يىغا ـ زار قىلىشىپ، ئاندىن قايتىپ كېتىشتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2521 ـ بەت)

شۇ يىلى (مىلادىيە 586 ـ يىلى) تۈيغۈنلار لياڭجۇغا بېسىپ كىردى. خېلۇزىگەن② ھەربىي يۈرۈشى باشبۇغى بولۇپ، ئالىي دۆلەت ئەركانى يۈەن شىيگە ئەگىشىپ تۈيغۈنلارغا ھۇجۇم قىلدى. جەڭدە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئەڭ زور بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى تارتۇقلاش يارلىقى چۈشۈرۈلدى ھەمدە لياڭجۇنى ساقلاش بۇيرۇق قىلىندى. شۇ يىلى تۈركلەر لەنجۇغا بېسىپ كىردى. خېلۇزىگەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇق تاغقا بېرىپ، تۈركلەر بىلەن سوقۇشتى. تۈركلەرنىڭ ئادىمى كۆپ، قوشۇنى قۇدرەتلىك بولغاچقا، خېلۇزىگەن خەتەرلىك تاغ ـ دەريالارنى تاللاپ بارگاھ قۇرۇپ جەڭگە ھازىرلاندى. تۈركلەر ئۇدا نەچچە كۈن سۇ تاپالمىغاچقا، لەشكەر ۋە ئاتلىرى ھالسىراپ كەتتى. خېلۇزىگەن دەل شۇ پەيتتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى ۋە يېڭى قوشۇننىڭ ئورۇنباسار تەپتىشلىكىگە يۆتكەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، تەمىرات مەھكىمىسىنىڭ دىۋانبېگى بولدى. شۇ يىلى تۈركلەر يەنە چېگرىغا بېسىپ كىردى. خېلۇزىگەن ھەربىي يۈرۈشى باشبۇغى بولۇپ، دۇرۇڭدىڭغا ئەگىشىپ، تۈركلەرگە

ھۇجۇم قىلدى. خېلۇزىگەن باشقا يول بىلەن تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى يارلىق چۈشۈپ ھال سوراش ۋە رىغبەتلەندۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتتى. خېلۇزىگەن ئوردىغا بېرىپ، پادىشاھنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئۆتەڭلەرنىڭ ئاتلىرىنى مىنىپ كېلىشىنى بۇيرۇدى. تۈيغۇنلار يەنە چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. خېلۇزىگەنگە جازا يۈرۈشى قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى. ئۇ تۈيغۇنلار ئېلىگە كىرىپ تالان - تاراج قىلىپ، 20 كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

لۇڭشى ۋىلايىتى كۆپ قېتىم ھۇجۇمغا ئۇچراپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغاچقا، سۈي پادىشاھى ۋېندى بۇ رايوندىن بەك ئەنسىرەيتتى. ئۇ يەرلەرنىڭ يوسۇنى بويىچە كەنت - قىشلاقلاردا قورغان ياساپ قوغدىنىش يولغا قويۇلمىغانىدى. پادىشاھ خېلۇزىگەنگە كۆتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە ئادەم باشلاپ بېرىپ قورغان ياساش، تېرىقچىلىق قىلىپ ئاشلىق جۇغلاشنى بۇيرۇدى. خېلۇزىگەن مەكتۇپ سۇنۇپ: «ئۇ يەردىكى تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان جايلارنى تەكشۈرسەك، جاپا جىق، ھوسۇلى ئاز ئىكەن. لۇڭشىنىڭ ئاھالىلىرى چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ناۋادا ئۇلارنى يىغىپ بوز يەر ئاچتۇرۇپ تېرىقچىلىق قىلدۇرساق ئەمىنلىك بولماي قالارمىكىن. ئۇ يەرگە قوشۇن ئەۋەتىپ قوشۇنلارنى بىرلەشتۈرۈپ ساقلىساق، تۈرلار ئارقىلىق ئالاقە قىلىشىپ تۇرساق، ئادەملەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ» دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

پادىشاھ خېلۇزىگەن چېگرا مۇداپىئەسىگە دائىر ئىشلارنى پىششىق بىلىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى يۈگۈەن ئۆتكىلىنىڭ ③ باشبۇغى قىلدى، شۇنداقلا يۇنجۇ ئايماقبېگى قىلىپ ئۆستۈردى. بۇنىڭدىن تۈركلەر ساراسىمىگە چۈشتى. كېيىنكى بىر قانچە يىل



ئىچىدە تۈركلەردىن يۇغلۇق ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشنى ئۆتۈندى ھەمدە قوي ۋە ئاتلارنى تارتۇق قىلدى. خېلۇزىگەن ھەربىي يۈرۈشى باشبۇغى بولۇپ، غەربىي شىمالىي يول بىلەن ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا باردى. قايتىپ كەلگەندە يۇنجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغىلىقىغا تەيىنلەندى. تۈركلەر ئولپان قىلىپ تاپشۇرغان 100 ئات، 1000 قويىمۇ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىندى. پادىشاھ مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «سىز شىمالنىڭ دەرۋازىسىنى ساقلىغاندىن بۇيان ئۇرۇش - نىزا بولمىدى، شۇڭا تۈركلەر ئولپان تاپشۇرغان نەرسىلەرنى سىزگە ئىنئام قىلدىم» دېدى. خېلۇزىگەن ئانىسى قازا قىلغاندا، ماتەم تۇتۇش مۇناسىۋىتى بىلەن خىزمىتىدىن ئايرىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 - توم، 2522 - بەت)

كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە ئۇلۇغ سانغۇن ئىرچۇشۇن ئاسىيلىق قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى. شى ۋەنسۈينىڭ بۇ ئىشقا سەل چېتىشلىقى بولغاچقا، مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ، مۇھاپىزەتچى لەشكەر بولۇشقا دۇنخۇاڭغا ئەۋەتىلدى. ئۇ تۇرغان جايدىكى قاراۋۇلخانىنىڭ سەردارى كارامەت باتۇر كىشى ئىدى. ئۇ دائىم ئۆزى يالغۇز ئات چاپتۇرۇپ تۈركلەر ئارىسىغا باراتتى ۋە ناھايىتى كۆپ ئولجا ئېلىپ قايتىپ كېلەتتى. تۈركلەر ئۇنى توسىيالمايتتى. بۇ كىشى ناھايىتى تەكەببۇر بولۇپ، شى ۋەنسۈينى كۆپ قېتىم تىللاپ ھاقارەتلىدى. شى ۋەنسۈي ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ: «مەنمۇ جانباز» دېدى. قاراۋۇلخانىنىڭ سەردارى شى ۋەنسۈينى ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىپ بېقىشقا بۇيرۇدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ: «كارغا كەلسەڭ ئاندىن قايىلمەن» دېدى. شى ۋەنسۈي ئات ۋە ئوقيا ئېلىپ، تۈركلەر ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ، نۇرغۇن چارۋا ئولجا ئېلىپ كەلدى. قاراۋۇلخانا سەردارى شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى ھەمدە دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە

ھەرىكەت قىلدى. ھەر قېتىم تۈركلەر زېمىنىغا نەچچە يۈز چاقىرىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، شىمالدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا داڭ چىقاردى. ئالىي دۆلەت ئەركانى دۇرۇۋڭدىڭ تۈركلەرگە ھۇجۇمغا ئاتلانغاندا، شى ۋەنسۈي لەشكەرگاھنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ، جەڭگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. دۇرۇۋڭدىڭ ئۇنىڭ نامىنى كۆپ ئاڭلىغان بولغاچقا، ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى شادلاندى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ: «ئىككى تەرەپ بىردىن پالۋان چىقىرىپ يېڭىش ـ يېڭىلىشنى بەلگىلەيلى» دېدى. تۈركلەر بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ، بىر چەۋەندازنى جەڭگە چىقاردى. دۇرۇۋڭدىڭ ئۇنىڭغا قارشى شى ۋەنسۈينى چىقاردى. شى ۋەنسۈي ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ ھېلىقى كىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. تۈركلەر ئالاقزادە بولۇپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەتتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2524 ـ بەت)

كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، تۈركلەرنىڭ تاردۇش قاغانى چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. سۈي پادىشاھى ۋېندى جىن بېگى ياڭ گۇاڭ بىلەن لىڭجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغى ياڭ سۇغا لىڭۋۇدىكى يول بىلەن، خەن بېگى ياڭ لياڭ بىلەن شى ۋەنسۈيگە مايىدىكى يول بىلەن ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەردى. شى ۋەنسۈي دۆلەت ئەركانى جاڭ دىڭخې، بۈيۈك سانغۇن لى ياۋۋاڭ، ياڭ يىچېن قاتارلىقلارنى باشلاپ چېگرىدىن ئاتلىنىپ، داجىن تېغىغا بېرىپ تۈركلەر بىلەن توقۇنۇشتى. تاردۇش قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ: «سۈي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى كىم؟» دەپ سورىدى. چارلىغۇچى چەۋەندازلار: «شى ۋەنسۈي» دەپ جاۋاب بەردى. تۈركلەر يەنە: «ئۇ دۇنخۇاڭ قاراۋۇلخانىسىدىكى لەشكەر ئەمەسمىدى؟» دەپ سورىدى. چارلىغۇچى چەۋەندازلار: «شۇنداق» دەپ جاۋاب قايتۇردى. تاردۇش بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قوشۇننى قايتۇرۇپ كەتتى. شى ۋەنسۈي ئۇنى قوغلاپ



يۈز نەچچە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى ۋە يەڭدى. شى ۋەنسۈي يەنە شىمالدىكى قۇملۇقتا نەچچە يۈز چاقىرىم يول يۈرۈپ، تۈركلەر قېچىپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2525 ـ بەت)

تۈركلەر يۈنجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىردى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ياڭ سۇنى ئۇلارغا زەربە بېرىپ قوغلىۋېتىشكە بۇيرۇدى. تۈركلەرنىڭ چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ئەنسىرەپ دۈيەننى④ يەنە يۈنجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغىلىقىغا تەيىنلىدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2529 ـ بەت)

كېيىن، خې خۇڭ⑤ سىجۇنىڭ ئايماق بېگىلىككە تەيىنلەندى. ئەينى ۋاقىتتا، تۈركلەر چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىرگەنىدى. خې خۇڭغا شىمالىي يولدىكى قوشۇنغا باشبۇغ بولۇپ تۈركلەرنى قوغلىۋېتىش بۇيرۇق قىلىندى. ئۇ تۈركلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىپ، قۇملۇققا بارغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2533 ـ بەت)

كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، گاۋباۋنىڭ⑥ يەنە تۈركلەرنى باشلاپ بېيپىڭغا⑦ قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن سۈي پادىشاھى ۋېندى يىن شۇنى ئۇنىڭغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. گاۋباۋنىڭ شەھەرنى تاشلاپ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قېچىپ كەتكەچكە، خۇاڭلۇڭ قاتارلىق ناھىيىلەر تىنچلاندى. يىن شۇ چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئوردىغا قايتقاندا، چارىپانسات چېڭ داۋئاڭنى ئۇ جايلارنى قوغداشقا قالدۇردى. يىن شۇ گاۋباۋنىڭنىڭ چېڭ داۋئاڭغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە، نۇرغۇن ئالتۇن بېرىپ گاۋباۋنىڭنى سېتىۋېلىپ ئۇنى تۇتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شىمال تەرەپ تىنچىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2534 ـ بەت)

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، ياڭ چۇڭ ھەربىي يۈرۈشى قوشۇنىنىڭ باشبۇغى داشى چاڭرۇغا ئەگىشىپ جۇپەندە تۈركلەرگە زەربە بەرگەندە، باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ ئۆلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2535 ـ بەت)

ئىككىنچى يىلى، تۈركلەر يەنە چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىردى. ياڭ يىچىڭ⑧ ئۇلارنى قوغلاپ داجىڭ تېغىغا كەلگەندە توقۇنۇشتى. تەيپىڭ گۇڭى شى ۋەنسۈيمۇ شۇ يەرگە كېلىپ، ياڭ يىچىڭ بىلەن بىرلىكتە تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى. شى ۋەنسۈي ياڭ سۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاچقا، ياڭ يىچىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئىنئام ئالالمىدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2536 ـ بەت)

ياڭ يىچىڭ سۈي پادىشاھى ياڭدىغا ئەگىشىپ تۇيغۇنلارغا يۈرۈشى قىلغاندا، ئۇنىڭغا پىيا جىلغىسىغا ئورۇنلىشىپ، ئۇ يەرنى ساقلاش بۇيرۇق قىلىندى. ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ چېدىرلىرى 80 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلۇپ، جەنۇب تەرىپى يۈەن شۇنىڭ⑨ قوشۇنى تۇرۇشلۇق جايغا، شىمال تەرىپى دۈەن ۋېنجېننىڭ⑩قوشۇنى تۇرۇشلۇق جايغا تۇتاشتۇرۇلدى. فۇيۈەنچۈەن جىلغىسىدا تۇيغۇن خانى قورشاۋغا چۈشۈپ قالدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2536 ـ بەت)

---

① فېڭلى تېغى ( 丰利山 ) — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 1323 ـ بەت)



②خېلۇزىگەن ( 贺娄子干 ) — شىمالىي جۇ ۋە سۈي سۇلالىلىرىنىڭ سەركەردىسى. باتۇر ۋە تەدبىرلىك بولۇپ، كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2521 — 2523 ـ بەتلەر)

③ يۈگۈەن ئۆتكىلى ( 榆关 ) — ئورنى توغرىسىدا ئىككى خىل قاراش بار. بىرى، خېبېي ئۆلكىسى چىنخۇاڭداۋ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى شەنخەيگۈەن ئۆتكىلى؛ يەنە بىرى، خېبېي ئۆلكىسى فۇنىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى يۈگۈەن ئۆتكىلى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 978 ـ بەت)

④ دۈيەن ( 杜彦 ) — سۈي سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى. خېلۇزىگەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا يۈنجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2528 — 2529 ـ بەتلەر)

⑤ خې خۇڭ ( 和洪 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى بولغان. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇنى جىجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2533 — 2534 ـبەتلەر)

⑥ گاۋباۋنىڭ ( 高宝宁 ) — جۇ سۇلالىسىنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەن ئەمەلدارى، يىڭجۇ ئايماقبېگى بولغان.
(مۇھەررىردىن)

⑦ بېيپىڭ ( 北平 ) — قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى ۋەنشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 331 ـ بەت)

⑧ ياڭ يىچىڭ ( 杨义成 ) — سۈي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى. بۈيۈك سانغۇن، كېڭەش بېگى، شىغاۋۇل پىرقىسى بېگى بولغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2535 — 2537 ـ بەتلەر)

⑨يۈەن شۇ (元寿) — سۇي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى. سۇي پادىشاھى ياڭدى دەۋرىدە بۈيۈك سانغۇن، ۋەلىئەھد مەھكىمىسىنىڭ بېگى، ھۆدەيچى بولۇپ تەيىنلەنگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2582 — 2583 ـ بەتلەر)

⑩ دۇەن ۋېنجېن (段文振) — سۇي سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى. بۈيۈك سانغۇن، لەشكىرىي پىرقە دۇۋانبېگى، كېڭەش بېگــــى بولۇپ تەيىنلەنگەن. تۈركلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتا كۆپ كۈچ چىقارغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2587 — 2589 ـ بەتلەر)



## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 75 ـ جىلد

# يۈۋېن بى، لى ئەنلەرنىڭ تەرجىمھالى

يۈۋېن بى① شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى ئىدى. دېڭجى ئېلى، خېيشۇي②، لۇڭخېدىكى③ چىياڭ قوۋملىرىغا ئەلچىلىككە بېرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىــــن بولۇپ 30 نەچچە قەبىلىنى ئەل قىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2569 ـ بەت)

شۇ چاغدا، تۈركلەر گەنجۇنى بۇلىدى. شىمالــــى جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۈەندى خۇموچېنچاڭنى ئۇلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. يۈۋېن بـــى قوشۇنغا نازارەتچـــى بولۇپ خۇموچېنچاڭغا: «يارامlıق چەۋەندازلارنى تاللاپ تىلەنتاغنىڭ غەربىي شىمالــــغا ئۇدۇل ئاتلىنــــىش كېرەك. تۈركلەر لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرسە لىياۋ چۈەننىڭ شىمالىدىن ماڭىدۇ. ئۇ يەر خەتەرلىك، يولى تار، ئويمان ـ سازلىق كۆپ بولغاچقا، تۈركلەرنىڭ ئادەم ۋە ئاتلىرى ئۈچ كۈندە ئاران ئۆتۈپ بولالايدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار ھالسىرايدۇ ـ دە، جەزمەن بىت ـ چىت بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەردە تۈركلەرگە بۆكتۈرمە قويۇپ زەربە بەرسەك، ئەڭ ياخشى چارىدۇر» دېدى. خۇموچېنچاڭ بۇ پىكىرنـــى قوبۇل قىلماي، غەربكە ھۇجۇم قىلىپ خېلىنى④ ئىشغال قىلدى. زور قوشۇننىڭ ھەرىكىتى ئاستا بولغاچقا، تۈركلەر چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.

كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 583 ـ يىلــى) تۈركلەر

گەنجۇغا بېسىپ كىردى. يۈۋېن بى ئەمىرلەشكەر بولۇپ، سەركەردە دۈرۈگدىغا ئەگىشىپ تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2570 ـ بەت)

كەيخۇاڭ 18 ـ يىلى (مىلادىيە 598 ـ يىلى) تۈركلەر چېگرىغا بېسىپ كىردى. لى ئەن ھەربىي يۈرۈشى باشبۇغى بولۇپ ياڭ سۇغا ئەگىشىپ تۈركلەرگە زەربە بەردى. لى ئەن چاڭچۇەن جىلغىسىدىن ئاتلىنىپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتقان تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2578 ـ بەت)

---

①يۈۋېن بى (宇文弼) — دەسلەپتە شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە، كېيىن سۈي سۇلالىسىدە پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولغان. سۈي پادىشاھى ياڭدى دەۋرىدە زىندان پىرقىسى بېگى ۋە شىغاۋۇل پىرقىسى بېگى بولغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2569 — 2571 ـ بەتلەر)

② خېيشۈي (黑水) — قەدىمكى قورغان. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جۇچۈ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2067 ـ بەت)

③لۇڭخې (龙涸) — قەدىمكى قورغان. ئورنى ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسى سۇڭپەن ناھىيىسىدە ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1658 ـ بەت)

④ خېلى (合黎) — تاغ نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭيې، شەندەن، گاۋتەي، جيۇچۇەن ناھىيىلىرىنىڭ شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 291 ـ بەت)



## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 76 ـ جىلد

# دۇەن ۋېنجېن، شۆشىيۇگلارنىڭ تەرجىمىھالى

ۋېي بېگى ياڭ شۇاڭ شىمالدىكى تۈركلەرگە يۈرۈشى قىلغاندا، دۇەن ۋېنجېن دورغاپ بولدى. بىراق، ئۇنىڭ رويخەتكە ئېلىنغان تۆھپىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن، ئەمىلى ئېلىپ تاشلاندى. كېيىن شىجۇ①، خېجۇ ئايماقلىرىغا ئايماقبېگى بولدى. ئۇ يەردە ئابرويغا ئىگە بولۇپ شاپائەتكە ئېرىشتى، لەنجۇنىڭ باشبۇغىلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، لۇڭگاڭ ناھىيىسى گۇڭى بولدى. تۈركلەر چېگرا قورۇلىغا بېسىپ كىرگەندە، ھەربىي يۈرۈشى باشبۇغى بولۇپ تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى. شىمالدىكى جۇيەن قورۇلى②غىچە باردى.

كەيخۇاڭ 19 ـ يىلى (مىلادىيە 599 ـ يىلى) تۈركلەر چېگرا رايونىغا بېسىپ كىردى. دۇەن ۋېنجېن ھەربىي يۈرۈشى باشبۇغى بولۇپ، تاردۇش قاغاننى ۋويېدا مەغلۇپ قىلدى. ئىلگىرى دۇەن ۋېنجېن بىلەن ۋاڭ شىجى دوست ئىدى. دۇەن ۋېنجېن شىمالغا يۈرۈشى قىلغاندا، ۋاڭ شىجى ئۇنىڭغا تۆگە سوۋغا قىلغانىدى. بۇقېتىمقى جەڭ ئاياغلىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاڭ شىجى گۇناھى بولغاچقا ئۆلتۈرۈلدى. دۇەن ۋېنجېن ۋاڭ شىجى بىلەن قەدىناسلاردىن بولغاچقا، تۆھپىسى بولسىمۇ مۇكاپاتلانمىدى.

دۇەن ۋېنجېن سۈي پادىشاھى ياڭدىغا ئەگىشىپ، تۇيغۇنلارغا

جازا يۇرۇشى قىلدى. ئۇ قوشۇنغا نازارەتچىلىك قىلىپ قارلىقتاغقا جايلىشىپ، 300 چاقىرىمدىن كۆپرەك دائىرىگە بارگاھ قۇردى. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى ياڭ يىچېڭنىڭ قوشۇنى تۇرۇشلۇق جايغا، غەرب تەرىپى جاڭ شۇنىڭ قوشۇنى تۇرۇشلۇق جايغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، تۇيغۇنلارنىڭ خانىنى قۇيۇەنچۇەن جىلغىسىدا قورشاۋغا ئالدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 - توم، 2588 - بەت)

دۇەن ۋېنجېن سۈي پادىشاھى ياڭدىنىڭ تۇركلەرنىڭ رامغان قاغانىغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى چېگرا ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ كۆپ قېتىم ئىنئام بەرگەنلىكىنى، دايې يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە رامغان قاغانغا تېخىمۇ كۆپ ئىلتىپات قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، رامغاننىڭ دۆلەتكە بالايىئاپەت بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ سۈي پادىشاھى ياڭدىغا مەكتۇپ سۇندى. مەكتۇپتا دەرھال رامغان قاغانغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى چېگرا قورغىنىنىڭ سىرتىغا ئورۇنلىشىشقا قايىل قىلىشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن چېگرا قورغانلىرىدا تۇر ياساپ يول ياقىلىرىغا قوشۇن تۇرغۇزۇشنى، ئۇلارنى ھۇشيار تۇرۇشقا بۇيرۇشنى تەلەپ قىلدى ۋە بۇ ئۇزۇن مۇددەت تىنىچ ئۆتۈشنىڭ چارىسى، دېدى. بىراق سۈي پادىشاھى ياڭدى ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرمىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 - توم، 2589 - بەت)

دايې 5 - يىلى (مىلادىيە 609 - يىلى) سۈي پادىشاھى ياڭدى غەربنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپ تۇيغۇنلار زېمىنىغا كىرمەكچى بولدى. فەن زىگەي③ ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى تىنچىق، كىشىنى كېسەللىككە مۇپتىلا قىلىدۇ دەپ، بوس - تۇماندىن ساقلىنىش ئۈچۈن پادىشاھقا ئۇزۇن زىراۋەندە تەقدىم قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 - توم، 2594 - بەت)



كەيخۇاڭ 19 - يىلى (مىلادىيە 599 - يىلى) تۇركلەرنىڭ تاردۇش قاغانى چېگرىدىن بېسىپ كىردى. ياڭ سۇ بىلەن بىللە يۇرۇشى قىلغاندا، جۇلوخۇ④ ئالدىنقى سەپتە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تۇركلەرنى مەغلۇپ قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 - توم، 2598 - بەت)

---

دايې 5 - يىلى (مىلادىيە 609 - يىلى) ليۇچۇەن ⑤ پادىشاھنىڭ تۇيغۇنلارغا جازا يۇرۇشىگە قاتناشتى. ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۈزۈرغول يولىدىن ئاتلىنىپ، كۆكنۇردا دۈشمەنگە يېتىشىۋالدى ۋە غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ فۇچى قەلئەسىگە يېتىپ باردى. سۈي پادىشاھى ياڭدى ليۇچۇەنگە يەنە مانتۇ تىغى⑥ ۋە چىشۈي دەرياسىدىن ئۆتۈپ خېيۇەن ۋىلايىتى بىلەن جىشى بازىرىنى تەسىس قىلىشنى ھەمدە بوز يەر ئېچىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ غەربىي چېگرىنى قوغداشنى بۇيرۇدى. ليۇچۇەن چېگرىدا بەش يىل تۇردى. چياڭلار ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ سۈي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى ھەم ھەر يىلى ئولپان، باج تاپشۇردى. تۇيغۇنلارنىڭ قالدۇقلىرى يىراق جايغا قېچىپ كەتكەچكە، غەربنىڭ يوللىرى راۋانلاشتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 - توم، 2603 - بەت)

شۆشىيۈڭ ⑦ پادىشاھقا ئەگىشىپ تۇيغۇنلارغا يۇرۇشى قىلغاچقا، كېڭەش بېگى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە، يۇمېن قوۋۇقىدىكى ھەربىي يۇرۇشى قىلغۇچى قوشۇنغا باشبۇغ بولۇپ، تۇركلەرنىڭ رامغان قاغانى بىلەن بىللە ئۈزۈرغولغا ھۇجۇم قىلدى. قوشۇن يۇمېن قوۋۇقىغا يەتكەندە، رامغان قاغان ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا رىئايە قىلمىغاچقا، قوشۇنى ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىدى. شۆشىيۈڭ ئۆز قوشۇنى بىلەنلا چۆللۈكتىن ئۆتتى. ئۈزۈرغولدىكىلەر قورقۇپ

ئەل بولۇشنى ئۆتۈندى. شۆششيۇڭ خەن دەۋرىدىكى ئىۋىرغول شەھىرى ئورنىنىڭ شەرق تەرىپىگە شەھەر بىنا قىلىپ «يېڭى ئىۋىرغول» دەپ ئاتىدى. كېڭەش بېگى ۋاڭ ۋېينى بۇ شەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى قوشۇننى باشلاپ قايتتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2606 ـ بەت)

---

①شىجۇ ئايمىقى (石州) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ جيەندې 6 ـ يىلى (مىلادىيە 577 ـ يىلى) ئەسلىدىكى غەربىي فېنجۇ ئايمىقىنىڭ نامى شىجۇ ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلگەن.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1630 ـ بەت)

② جۈيەن قورۇلى (居延塞) — قەدىمكى قورۇل. خەن سۇلالىسىنىڭ تەيچۇ 3 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 102 ـ يىلى) جۈيەن كۆلىنىڭ بويىدا بىنا قىلىنغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1073 ـ بەت)

③ فەن زىگەي (樊子盖) — شىمالىي چى سۇلالىسىدە ئايماقبېگى بولغان. جۇ پادىشاھى ۋۇدى چى سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇنى يەنىلا ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. سۇي پادىشاھى ۋېندى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بېگى بولغان. سۇي پادىشاھى ياڭدى دەۋرىدە كېسەل بىلەن ئۆلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2594 — 2596 ـ بەتلەر)

④ جۇلوخۇ (周罗睺) — چېن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى بولغان، سۇي ۋېندى چېن سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، سۇي سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ بۈيۈك سانغۇن، ئايماقبېگى بولغان. كېيىن جەڭدە ئوق تېگىپ ئۆلگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2596 — 2598 ـ بەتلەر)

⑤لىيۇچۇەن (刘权) — شىمالىي چى سۇلالىسىدە ئەمەلدار



بولغان، شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە ئايماقبېگى بولغان. سۇي سۇلالىسىدە ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى، كېڭەش بېگى، ئايماقبېگى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2603 ـ بەت)

⑥مانتۇ تېغى (曼头山) — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 810 ـ بەت)

⑦شۆششيۇڭ (薛世雄) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە تۇتۇق بولغان. سۇي ياڭدى دەۋرىدە كېڭەش بېگى، بۈيۈك سانغۇن، ئايماق بېگى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2606 — 2607 ـ بەتلەر)

# جاڭ دىڭخې، مەي تېيجاڭلارنىڭ تەرجىمىھالى

جاڭ دىڭخې① ئالىي دۆلەت ئەركانى لى چۇڭغا ئەگىشىپ تۈركلەرگە يۈرۈش قىلغاندا، ئالدى بىلەن تۈركلەر سېپىگە بۆسۈپ كىردى. تۈركلەرنىڭ نەيزىسى ئۇنىڭ بوينىغا سانچىلغاندا، جاڭ دىڭخې زەخىملەنگەن يەرنى ئېتىۋېلىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك جەڭ قىلىۋەردى. تۈركلەر ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى.

ئۇ يەنە سۈي پادىشاھى ياڭدىغا ئەگىشىپ تۇيغۇنلارغا يۈرۈش قىلىپ، فۇيۇەنچۈەن جىلغىسىغا باردى. بۇ ۋاقىتتا تۇيغۇن خانى بىر قانچە چەۋەنداز بىلەن قېچىپ كەتتى. تۇيغۇنلارنىڭ داڭلىق بىر سەردارى ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ چېۋۇجېن تېغىنى قاتتىق ساقلىدى. پادىشاھ جاڭ دىڭخېنى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى.

ئۇ ياۋلارنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ: «تەسلىم بولۇڭلار!» دەپ توۋلىدى. ياۋلار تاغدىن چۈشۈپ تەسلىم بولۇشقا ئۇنىمىدى. جاڭ دىڭخې ساۋۇتمۇ كىيمەي تاغقا ياماشقاندا ئوق تېگىپ ئۆلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2631 ـ بەت)

مەي تېيجاڭ② ياڭ سۇغا ئەگىشىپ شىمالغا — تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، چارپانساتلىققا ئۆستۈرۈلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2633 ـ بەت)



ۋاڭ رېنگۇڭ③ ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى بولدى ۋە ياڭ سۇغا ئەگىشىپ لىڭۋۇدا تۈركلەرگە زەربە بېرىپ، تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن چارپانساتلىققا تەيىنلەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي تۈركلەر يەنە تالان ـ تاراج قىلدى. ۋاڭ رېنگۇڭ ئەسلى مەنسىپىدىن سىرت، مايىغا مۇۋەققەت ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى. شۇ يىلى شىبى قاغان مايىنى بۇلاشقا كەلدى. ئۇ يەنە ئىككى سەركەردىسىنى لەشكەر تارتىپ بۇ جايدىن جەنۇبقا بېسىپ كىرىشكە بۇيرۇدى. ئەينى ۋاقىتتا مايى ۋىلايىتىدىكى لەشكەر 3000 غىمۇ يەتمەيتتى. ۋاڭ رېنگۇڭ لەشكەرلەرنى تاللاپ جەڭگە ئاتلىنىپ، تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ھېلىقى ئىككى سەركەردىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. كېيىن تۈركلەر دىڭشياڭغا بېسىپ كىرگەندە، ۋاڭ رېنگۇڭ ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2638 ـ بەت)

جاۋسەي④ پادىشاھقا ئەگىشىپ تۇيغۇنلارغا يۈرۈشى قىلدى. ئۇ قوشۇنغا باشبۇغ بولۇپ ياساۋۇلبەگ لىيۇچۈەن، لەشكىرىي پىرقىنىڭ ياندىش بېگى مىڭ يا قاتارلىقلارنى باشلاپ خېخې يولىدىن ئاتلىنىپ تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلدى. تۆھپە ياراتقاچقا، ئالتۇن تامغا ۋە بىنەپشەرەڭ تامغا بېغىغا ئىگە كېڭەش بېگى دېگەن نام بېرىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 8 ـ توم، 2645 ـ بەت)

---

①جاڭ دىڭخې (张定和) — سۈي سۇلالىسىدە چاپاۋۇل سانغۇن، ئەركان، كېڭەش بېگى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2631 — 2632 ـ بەتلەر)

② مەي تېيجاڭ (麦铁杖) — نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان باتۇر ئادەم ئىدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى دەۋرىدە ئەركان، ئايماقبېگى

بولغان. لياۋدۇڭدىكى جەڭدە باشلامچىلىق بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئۆلگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2633 — 2634 ـ بەتلەر)

③ۋاڭ رېنگۇڭ ( 王仁恭 ) — سۈي سۇلالىسىنىڭ هارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى، ئايماقبېگى، بۈيۈك سانغۇنى، كېڭەش بېگى بولغان. كېيىن قول ئاستىدىكى لەشكەر بېشى ليۇۋۇجۇ ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2638 — 2639 ـ بەتلەر)

④جاۋسەي ( 赵才 ) — سۈي پادىشاھى ياڭدى ۋەلىئەھد بولغاندا، ۋەلىئەھد مەھكىمىسىنىڭ مۇهاپىزەتچى بېگى بولغان. سۈي پادىشاھى ياڭدى تەختكە چىققاندىن كېيىن سانغۇن، باشبوغ، كېڭەش بېگى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2645 — 2646 ـ بەتلەر)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 79 ـ جىلد

## يۈۋېن شۇنىڭ تەرجىمىھالى

شۇ چاغدا، تېلىلاردىن چۇبە غالىن①تۈيغۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. تۈيغۇنلار هەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. هەممە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشنى، ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

سۈي پادىشاھى ياڭدى يۈۋېن شۇ②نــىقوشۇن باشلاپ، بېقىنغانلارغا تەسەللىي بېرىش ۋە ئۇلارنى قوشۇۋېلىشقا ئەۋەتتى. تۈيغۇنلار يۈۋېن شۇنىڭ قوشۇن بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كەتكىنىدىن تەسلىم بولماي غەربكە قېچىپ كەتتــى. يۈۋېن شۇ مانتۇ شەھىرىگىچە قوغلاپ باردى ۋە هۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئالدى. غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ يەنە چىشۈي شەھىرىگە بېرىپ، بۇ شەھەرنىمۇ ئىشغال قىلدى. تۈيغۇنلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى چيۇنچۇەن③جىلغىسىغا قېچىپ بېرىپ جايلاشتى. يۈۋېن شۇ بۇ يەرگىمۇ هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى هەم تۈيغۇنلارنىڭ خان ـ تۆرىلىــرى، دىۋانبېگـــى، سانغۇنلىرىدىن 200 كىشىنى تۇتتى. تۈيغۇن خانى جەنۇبتىكى قارلىق تاغقا قاچتى. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ماكانى چۆلدەرەپ قالدى، پادىشاھ ناهايىتى خۇشال بولدى. ئىككىنچى يىلى ئۇ پادىشاھقا ئەگىشىپ غەربتىكى جايلارنــى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپ ئالتۇنتاغقا كەلدى ۋە ئالچى تېغىغا چىقتى. بۇ جەرياندا يۈۋېن شۇ داۋاملىق ئالدىدا چارلاپ ماڭدى. شۇ چاغدا تۈيغۇنلار يەنە جاڭيېنى بۇلىدى. يۈۋېن شۇ ئۇلارغا هۇجۇم قىلىــپ

چېكىندۈردى.

تۈركلەر يەنمېن قوۋۇقنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغاندىن كېيىن، سۈي پادىشاھى ياڭدى ناھايىتى قورقتى. يۈۋېن شۇ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىشنى ئۆتۈندى. لەي خۇئېر④بىلەن فەن زىگەي قاتتىق ۋەز ـ نەسىھەت قىلغاچقا، پادىشاھ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشنى رەت قىلدى. تۈركلەر مۇھاسىرىنى بوشاتقاندىن كېيىن، پادىشاھ ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى بىلەن تەييۈەنگە كەلدى. بەزىلەر پادىشاھقا پايتەختكە قايتىش توغرىسىدا كۆپ ۋەز ئېيتتى. پادىشاھ بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىش تەس دەپ قارىدى. يۈۋېن شۇ مەكتۇپ سۇنۇپ: «ئەگىشىپ كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى شەرقىي پايتەختتە⑤. شۇڭا چىغىر يول بىلەن تۇڭگۇەن قوۋۇقى ئارقىلىق لوياڭغا بارساق» دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭ پىكرىنى لايىق تاپتى. ئۇزاق ئۆتمەي لوياڭغا باردى. يۈۋېن شۇ يەنە پادىشاھنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۇنى جياڭدۇ قەسرىگە بېرىشقا دەۋەت قىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2652 ـ بەت)

دايې 11 ـ يىلى (مىلادىيە 615 ـ يىلى) تۈركلەر سۈي پادىشاھى ياڭدىنى يەنمېندە مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. ۋاڭ شىچۇڭ⑥جياڭدۇدىكىلەرنى پادىشاھنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئاپاردى. ئۇ لەشكەرلەر ئىچىدە يۈرۈپ چىرايى مەينەتلىشىپ كەتكەچكە، ھەسرەت ئىچىدە يىغلىۋەتتى. كېچە ـ كۈندۈز ساۋۇتىنى يەشمەي ئوت ـ چۆپ ئۈستىدە يېتىپ ـ قوپتى. پادىشاھ بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ ئۇ ھەقىقەتەن مېنى بەك قەدىرلەيدىكەن دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشەنچ باغلىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 8 ـ توم، 2661 ـ بەت)

دۇەن دا⑦ سۈي پادىشاھى ياڭدىغا ئەگىشىپ، تۇيغۇنلارغا يۈرۈش قىلدى ۋە ئالتۇن تامغا، بىنەپشە رەڭ تامغا بېغىلىق



كېغەش بېگى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 9 ـ توم، 2664 ـ بەت)

---

① چۇبە غالىن (契弊歌稜) — تېلىلارنىڭ چۇبە قەبىلىسىنىڭ سەردارى بولۇپ، ئىسمى غالىن. مىلادىيە 605 ـ يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 1 ـ يىلى) ئۆزىنى ئىل ئىتمىش باغا قاغان دەپ ئاتىغان.

(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 774 ـ بەت)

② يۈۋېن شۇ (宇文述) — دەيجۇن ۋىلايىتى ۋۇچۇەن ناھىيىسىدىن. دەسلەپتە شىمالىي جۇ سۇلالىسىدە ئايماقبېگى بولغان، سۈي سۇلالىسى كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئوڭ قول بۈيۈك سانغۇن بولغان. سۈي پادىشاھى ياڭدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، سول قول بۈيۈك سانغۇن، تۆرە بولغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2649 — 2653 ـ بەتلەر)

③ چيۇنىچۇەن (丘尼川) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى نامەلۇم. (مۇھەررىردىن)

④ لەي خۇئېر (来护儿) — سۈي سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى. ئەمىرلەشكەر، ئايماقبېگى، ئوردا مىراقۇلى، باشبۇغ، بۈيۈك سانغۇن، لەشكىرىي پىرقە دىۋانبېگى، كېغەش بېگى بولغان.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2587 — 2589 ـ بەتلەر)

⑤ سۈي سۇلالىسىنىڭ شەرقىي پايتەختى لوياڭ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرى) ئىدى.

(مۇھەررىردىن)

⑥ ۋاڭ شىچۇڭ (王世充) — غەربىي يۇرتتىكى غۇزلاردىن بولۇپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. دايې يىللىرىنىڭ

ئاخىرلىرىدا سۇي پادىشاھى ياڭدىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن لەشكەر باشلاپ دۈشمەننى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلدى. سۇي پادىشاھى ياڭدى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئۆزىنى جېڭ بېگى دەپ ئاتىۋالغان. كېيىن، تاڭ پادىشاھى تەيزۇڭ لى شىمىنگە ئەل بولۇپ، چاڭئەنگە بارغان ۋە رەقىپلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(«سۇينامە. ۋاڭ شىچۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑦دۇەن دا ( 段大 ) — سۇي سۇلالىسى ئەمەلدارى، گۇزاڭلىق. سۇي پادىشاھى ۋېندى دەۋرىدە ۋەلىئەھد مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچى بېگى بولغان. ۋاڭ شىچۇڭ جېڭ بېگى بولىۋالغاندا، ئۇنى زىندانبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. ۋاڭ شىچۇڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ جازاغا تارتىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 668 ـ بەت)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 80 ـ جىلد

## خې نا، لۇ پى، فېڭ شىلارنىڭ تەرجىمىھالى

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى داۋۇۋدى توغبات گۇي تۇتۇلىن①قوۋمىگە جازا يۇرۇشى قىلدى. خې نا②ئاكا ـ ئۇكا نىيىتىنى بۇزۇپ يولدىن چىقىپ، تۇتۇلىن قوۋمىگە ھەمدەم بولدى. پادىشاھ داۋۇۋدى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ بىت ـ چىت قىلدى. خې نا غەربكە قاچتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 9 ـ توم، 2673 ـ بەت)

لۇپى ③ دەيجۈن ۋىلايىتىدىن بولۇپ، جورجانلارنىڭ سەردارى داتاننىڭ تۇغقىنى ئىدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى توغبات تاۋ دەۋرىدە ئەل بولۇشقا كەلگەنىدى. لۇپى گۇڭ خانىشنىڭ ئاكىسى بولۇپ، خانىش كېيىن ۋېي پادىشاھى ۋېن چېڭدى توغبات رۇينى تۇغدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 9 ـ توم، 2674 ـ بەت)

فېڭ شى ④ چاڭئەندە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنى ياۋ جەمەتىدىكى ۋېيمۇ بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. تاغىسى لېلىڭ گۇڭى توغبات مياۋ جورجان زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىشقا كەتكەچكە، ۋېيمۇ پاناھلىنىش ئۈچۈن دى چياڭلىرى ئارىسىغا بېرىپ ئۇنى باقتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 9 ـ توم، 2677 ـ بەت)

---

① تۇتۇلىن( 吐突邻 ) — قەدىمكى قوۋم. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى

دەۋرىدە رولو دەرياسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى شىرامۇرۇن دەرياسى) نىڭ غەربىدە ياشايتتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3275 — 3276 ـ بەتلەر)

②خې نا ( 贺讷 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى داۋۇۋدى توغبات گۇينىڭ تاغىسى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2671 — 2672 ـ بەتلەر)

③ لۇ پى ( 闾毗 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى جىڭمۇدى توغبات خۇاڭنىڭ خانىشى (پادىشاھ ۋېنچېڭدى توغبات رۇينىڭ ئانىسى) نىڭ ئاكىسى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2674 — 2675 ـ بەتلەر)

④فېڭ شى ( 冯熙 ) — پادىشاھ ۋېنچېڭدىنىڭ خانىشىنىڭ ئاكىسى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2676 ـ، 2679 ـ بەتلەر)





## جاڭ ۋېينىڭ تەرجىمھالى

جاڭ ۋېي① جۇرچى ئۇرغۇدىن ھال سوراشقا جيۇچۇەنگە ئەلچىلىككە باردى. يەنە سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە باردى. ئۇنىڭغا چىڭگاۋ ۋىكوندى دېگەن مەرتىۋە ئىنئام قىلىندى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 9 ـتوم، 2710 ـ بەت)

---

①جاڭ ۋېي ( 张伟 ) — جۇڭدۇ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى يۇسى ناھىيىسىدە) دىن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە ئۆتكەن ئالىم. شەرقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، يىڭجۇ ئاياقبېگى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2710 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 83 ـ جىلد

# يۇ شىجىنىڭ تەرجىمىھالى

يۇ شىجى① كېيىن سۇي پادىشاھى ياڭدىغا ئەگىشىپ يەنمېن قوۋۇقىغا بارغاندا، تۈركلەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدى. لەشكەرلەر كۆپ قېتىم جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئۇتۇقسىزلىقتا ئۈچرىدى. يۇ شىجى پادىشاھقا مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش نىزامىنى ئورنىتىش، لەشكەرلەردىن ئۆزى ھال سوراش، لياۋدۇڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى توختىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. پادىشاھ ئۇنىڭ پىكرىنى لايىق تاپتى، قوشۇندىكىلەرمۇ قايتىدىن روھلاندى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 9 ـ توم، 2798 ـ بەت)

---

①يۇ شىجى ( 虞世基 ) — سۇي سۇلالىسىدە ئۆتكەن بىلىملىك خەتتات. سۇي پادىشاھى ياڭدى دەۋرىدە ھۆدەيچى يانداش بېگى بولغان. كېيىن يۈۋېن خۇاجى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2798 — 2800 ـ بەتلەر)



## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 84 ـ جىلد

# چىفۇباۋنىڭ تەرجىمىھالى

چىفۇباۋ قاڭقىل قوۋمىدىن بولۇپ، ئاتىسى چىفۇجۇ ۋېي پادىشاھى شيەنۋېندى توغبات خۇڭ دەۋرىدە چەۋەنداز مەھرەم①، چارۋىچىلىق مەھكىمىسىنىڭ دىۋانبېگى بولغان، نىڭگو بېگى دېگەن مەرتىۋە ئىنئام قىلىنغان. ئۇ سادىق، ئېھتىياتچان ۋە ئىنچىكە ئىش قىلىدىغان بولغاچقا، دائىم پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرەتتى. ئۇ خېنەنلىك زۇڭ خېنىمغا ئۆيلەنگەنىدى. زۇڭ خېنىم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە ئوردىدىكى شېن خېنىمنى ياتلىق قىلدى. شېن خېنىم سۇڭ شاھزادىسىنىڭ سول قانات سەركەردىسى شېن تيەنىنىڭ ئاكىسىنىڭ قىزى ئىدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن ئاتىسى چىفۇجۇ ئالەمدىن ئۆتتى. شېن خېنىم چىفۇباۋنى بېقىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپ قويدى، ھەتتا ئۇردى، تىللىدى. بىراق چىفۇباۋ ۋاپادار، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئانىسىدىن ئاغرىنغانلىقىنى ئىپادىلىمىدى. كېيىن، چىفۇباۋ ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. بىراق قائىدە بويىچە مەرتىۋىسى بەگلىككە چۈشۈرۈلدى ۋە كېيىنچە سول قول ئەمىر نۆكەرلىككە ئۆستۈرۈلدى. ئۇ ۋەزىرلەرنىڭ تەمىنات ـ مۇكاپاتلىرى توغرىسىدا يوليۇرۇق سوراش تۈزۈمى ھەمدە سىرتتا ئىش قىلغاندا ھۆكۈمەت ياكى خۇسۇسنىڭ خىراجەتلىرى ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەققىدە ھەممىنى بىلەتتى ھەم دەپ بېرەلەيتى. كېيىن پىشامشانغا باسقاق سانغۇن قىلىپ ئەۋەتىلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 9 ـ توم، 2827 ـ بەت)

---

①چەۋەنداز مەھرەم (散骑常侍) — دائىم پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، كەتكۈزۈپ قويغان ئىشلار بولسا ئورنىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىدىغان، مۇھىم ئىشلاردا كېڭەشچىلىككە قاتنىشىدىغان ئەمەلدار.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1472 ـ بەت)



## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 85 ـ جىلد

## دۇەن جىن، جۇچاڭشىڭلارنىڭ تەرجىمىھالى

دۇەن جىننىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم. ئۇ ۋېي پادىشاھى تەيۇۋدى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى بەيداۋنىڭ باسقاق سانغۇنى ئىدى. جورجانلاردىن داتان① چېگرىغا بېسىپ كىرىپ بەيداۋنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، دۇەن جىننىڭ ئۇلارغا كۈچى يەتمەي ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى ۋە جورجانلارنى قاتتىق تىللىغاچقا جورجانلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. تەيۇۋدى ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ ماتەم تۇتتى ھەمدە ئۇنىڭغا شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، شيەنمېي بېگى دېگەن مەرتىۋە ۋە «جۇاڭ» دېگەن نامنى ئىنئام قىلدى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 9 ـ توم، 2843 ـ بەت)

ئەينى ۋاقىتتا، تىلىلازدىن جىبايىن دېگەن كىشىنىڭ ئاكىسى دىيۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىتتىنى ئوغرىلاپ يېدى. قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان بولغاچقا، جىبايىن ئاتىسى مەن ئۆلتۈردۇم دەپ يالغان ئېيتتى. ئاكىسى ئىنىم ئۆلتۈرمىگەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ گېپىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولمىغاچقا، پادىشاھ شياۋۋېندى ھەر ئىككىسىنى كەچۈرۈم قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 9 ـ توم، 2844 ـ بەت)

جۇ چاڭشىڭ بىلەن يۇتى دەيجۇن ۋىلايىتىدىن بولۇپ، ۋېي

پادىشاھى شياۋۋېندى دەۋرىدە جۇ چاڭشېڭ چەۋەنداز مەھرەم دېگەن پەخرىي ئەمەلگە ئېرىشتى. يۈتى ئىككىسى قاڭقىللارغا ئەلچىلىككە بارغاندا، قاڭقىل خانى ئاپۇرغۇر② ئۇلارنى يۈكۈنۈپ تازىم قىلىشقا زورلىدى. جۇ چاڭشېڭ رەت قىلدى. شۇڭا، ئاپۇرغۇر ئۇنىڭغا قائىدە ـ يوسۇن بويىچە مۇئامىلە قىلمىدى. جۇ چاڭشېڭ ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى چىــقاردى. ئاپۇرغۇر بۇنى ئالماقچى بولغاندا، جۇ چاڭشېڭ ئۇنىڭغا: «ئەل بولۇپ بەيئەت قىلغان ئىكەنسىز، بەيئەت قىلىش يوسۇنىنى بەجا كەلتۈرۈشىڭىز كېرەك. نېمىشقا تازىم قىلمەن دەپ تۇرۇپ، تازىم قىلمايسىز» دېدى ۋە ئاپۇرغۇرنى چېدىرگاھتىن چىقىرىپ، جامائەت ئالدىدا يۈكۈنۈپ تازىم بەجا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئاپۇرغۇر قول ئاستىدىكىلەر ئالدىدا بۇ گەپتىن خىجالەت بولدىـ دە، غەزەپكە كېلىپ: «نېمىشقا چېدىردا تازىم بەجا كەلتۈرۈشنى دېمەي، جامائەت ئالدىدا مېنى خورلىماقچى بولىسەن!» دېدى ۋە جۇ چاڭشېڭ ھەدىيە قىلماقچى بولغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى تاشلارنىڭ ئارىسىغا قويدى ـ دە، قولىغا قورال ئېلىپ، جۇ چاڭشېڭغا: «بىزگە ئەل بولساڭ تىرىك قالىسەن، بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتىمىز!» دېدى. جۇ چاڭشېڭ بىلەن يۈتى ئاپۇرغۇرغا چەكچىيىپ قاراپ، قەتئىيلىك بىلەن: «ئەرۋاھ بولساق بولىمىزكى، ئەل بولمايمىز» دېدى. ئاپۇرغۇر قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇلارغا يەيدىغان نەرسە بەرمىدى. بىللە كەلگەن 30 ئادەمنىڭ ھەممىسى ئاپۇرغۇردىن ئۆتۈنگەچكە، ئۇلارغا گۆش ۋە سۈت ـ قېتىق بېرىلدى. جۇ چاڭشېڭ بىلەن يۈتى يەنىلا ئۇلارغا باش ئەگمىگەچكە، ئايرىم ـ ئايرىم ئىككــــى جايغا يۆتكەپ كېتىلدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن قويۇپ بېرىلىپ قايتىپ كەلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 9 ـ توم، 2845 ـ بەت)

---

①داتان ( 大檀 ) — جورجانلار قاغانى. مىلادىيە 414 ـ يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شېنرۈي 1 ـ يىلى) جورجانلارنىڭ ئىچكى



مالىمانچىلىقىدا ئۆز جىيەنى بۇلۇجىننى ئۆلتۈرۈپ قاغان بولۇۋالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تاقابىل تۇرۇپ، دائىم پاراكەندىچىلىك سالغان. مىلادىيە 424 ـ يىلى بىر قېتىملىق توقۇنۇشتا بەيداۋنى ساقلىغۇچى سانغۇن دۇەن جىننى ئۆلتۈرگەن. كېيىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى توغبات گۈي ۋە توغبات تاۋلارنىــــڭ زەربىسىدە قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 38 ـ بەت)

②ئاپۇرغۇر ( 阿伏至罗 ) — قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ سەردارى. مىلادىيە 491 ـ يىلى ( شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخى 15 ـ يىلى) ئىنىسى چۇڭچى بىلەن 100 نەچچە مىڭ تۈتۈننى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئارقا قوش زېمىنى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جىمسار ناھىيىسى) غا كۆچۈرۈپ كېلىپ، قوچۇخانلىقىنى قۇرغان. كېيىن زالىملىقى تۈپەيلىدىن ئۆز ئېلىدىكىلەر تەرىپىـــدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 618 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 89 ـ جىلد

# جاڭ شېن، شۇ بيەن، لى شۇنشىڭلارنىڭ تەرجىمىھالى

شېنجيا 2 ـ يىلى (مىلادىيە 429 ـ يىلى) جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولغاندا جاڭ شېن①، شۇ بيەنلەر② يۈرۈشى قىلماسلىق كېرەك دەپ قاراپ، ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدىنىڭ ئالدىدا سۇي خاۋ بىلەن بۇ توغرۇلۇق بەس ـ مۇنازىرە قىلىشتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 9 ـ توم، 2923 ـ بەت)

داتۇڭ 13 ـ يىلى (مىلادىيە 547 ـ يىلى) لى شۇنشىڭ③ جۇۋېنغا: «شايۈەن باغچىسىنىڭ شىمالىغا لاۋجۈننىڭ④ شىمالغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ھالەتتىكى ھەيكىلىنى ياسىتايلى» دېگەن، جۇۋېن: «نېمىشقا؟» دەپ سورىغاندا، «جورجانلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى مەسخىرە قىلىمىز» دەپ جاۋاپ بەرگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا، جۇۋېن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرالمىغانىدى. جورجانلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، جۇۋېن لى شۇنشىڭنىڭ گېپىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، لاۋجۈننىڭ ھەيكىلى يېنىغا ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ياساتتى.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 9 ـ توم، 2929 ـ بەت)

---

①جاڭ شېن ( 张深 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە ئۆتكەن مۇنەججىم. دەسلەپتە ئالدىنقى چىن خانى فۇجيەنىنىڭ قول ئاستىدا ئەمەلدار بولغان. كېيىن قۇلان چاڭنىڭ قول ئاستىدا سالنامىچى بولغان. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى توغبات تاۋ دەۋرىدە يەنىلا سالنامىچى بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2923 — 2924 ـ بەتلەر)

②شۇ بيەن ( 徐辩 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە ئۆتكەن ئەمەلدار. دەسلەپتە جاڭ شېن بىلەن بىللە قۇلان چاڭنىڭ قول ئاستىدا سالنامىچى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن پادىشاھ تەيۋۇدىنىڭ قول ئاستىدا ئەمەلدار بولغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2923 ـ بەت)

③لى شۇنشىڭ ( 李顺兴 ) — مۇنەججىم، بىشارەت بەرگۈچى. يەنە بىر ئىسمى لى ليەن، جۇ پادىشاھى ۋېندى يۈۋېن تەينىڭ يېنىدا تۇرغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2929 ـ بەت)

④لاۋجۈن ( 老君 ) — يەنى لاۋزى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ چۇنچيۇ دەۋرىدە ئۆتكەن مۇتەپەككۇر بولۇپ، تەرىقەتچىلىكنىڭ ئاساسچىسى. «تارىخىي خاتىرىلەر» دىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ ئىسمى لى ئېر، يەنە بىر ئىسمى بوياڭ، چۇ بەگلىكىنىڭ كۇشيەن (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لۇيى ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە) دېگەن يېرىدىن بولۇپ، شەرقىي جۇ سۇلالىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى باشقۇرغان. «تويىنىزم قەسىدىلىرى» دېگەن كىتابنى يازغان.
(«دىن لۇغىتى»، 373 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 92 ـ جىلد

# خې شىكەي، ئەنتۇگېنلارنىڭ تەرجىمىھالى

خې شىكەينىڭ يەنە بىر ئىسمى خې يەنتۇڭ بولۇپ، چىڭدۇ ۋىلايىتىنىڭ لىنجاڭ① ناھىيىسىدىن ئىدى. ئاتا ـ بوۋىلىرى غەربىي يۇرتلۇق غۇز سودىگەرلىرىدىن بولۇپ، ئەسلىدە سوغې جەمەتىدىن ئىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 10 ـ توم، 3042 ـ بەت)

ئەنتۇگېن ئارساك② لىق غۇز بولۇپ، ئۇلۇغ بوۋىسى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى زېمىنىغا كىلىپ جيۇچۇەندە ماكانلاشقانىدى. ئەنتۇگېن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا جورجانلارغا ئەلچىلىككە بېرىپ، چېگرا قورۇلىنىڭ شىمالىدا تۇرۇپ قالغانىدى. تيەنپىڭ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە (مىلادىيە 534 — 537 ـ يىللىرى) جورجانلارنىڭ سەردارى جىنياڭغا ئەلچى ئەۋەتكەندە، ئەنتۇگېن جورجانلارنىڭ ئەھۋالىنى مەخپىي مەلۇم قىلغاچقا، شېنۋۇدى③ ئالدىنئالا مۇداپىئە تەييارلىقى قىلالىدى. جورجانلار بۇلاڭچىلىق قىلىشقا بىسىپ كىرگەندە، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول قايتىپ كەتتى. شېنۋۇدى ئەنتۇگېننى ماڭا سادىق ئىكەن، دەپ جىق ئىنئام بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، جورجانلار بىلەن قۇدىلىشىشتەك تاشقى ئالاقە ئىشلىرىدا ئەنتۇگېن ئەلچىلىك قىلدى. ئۇ چىقىشقاق، تەدبىرلىك ئادەم بولغاچقا، كۆپ قېتىم ئەلچى بولۇپ ئوردىغا كەلدى ۋە شېنۋۇدىنىڭ شەخسەن كۇتۇۋېلىشىغا مۇيەسسەر



بولدى. ئۇ قارام ئەلدە باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاچقا، شېنۋۇدىغا بەيئەت قىلدى. ۋېنشياڭ④ باش ۋەزىر بولغاندىن كېيىن، ئۇنى مۇۋەققەت ئەلچى، لياڭجۇ ئايماقبېگى، شۇەيىي بېگى، ئوردا ئۇچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى قىلىپ ئۆستۈردى. يۈڭچاڭنى ئۇنىڭ سۇيۇرغاللىقىغا بەردى. خۇاڭجيەن يىللىرى (مىلادىيە 560 — 561 ـ يىللىرى) دا چارپانساتلىققا ئۆستۈردى. شىمالىي چى سۇلالىسى گۇمران بولغان يىلى ئۆلدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 10 ـ توم، 3047 ـ بەت)

تيەنباۋ يىللىرى (مىلادىيە 550 — 554 ـ يىللىرى) دا پادىشاھ ۋېنشۇەندى⑤ جىنياڭدىن يېچېڭ شەھىرىگە⑥ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، يولدا نادان راھىب تۇش پادىشاھ ۋېنشۇەندىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ: «ئاناغاي ھامان سېنىڭ دۆلىتىڭنى مۇنقەرز قىلىدۇ» دەپ ۋارقىرىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا، جورجانلارنىڭ سەردارى ئاناغاي چېگرىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، دۆلىتى قۇدرەت تاپقانىدى. پادىشاھ ئۇنى ناھايىتى يامان كۆرگەچكە، ھەر يىلى جازا يۈرۈشى قىلاتتى. كېيىن چى سۇلالىسىنى يوقاتقانلارمۇ گاۋ ئانا گۇڭنىڭ⑦ جەمەتىدىكىلەرگە ئەل بولدى. « 肱 » خېتىنى ئەل ـ جامائەت « 瓌 » دەپ ئوقۇيتتى. جىن سۇلالىسىنى يوقاتقانلار ئەسلىدە ئاشۇ غۇزلار بولۇپ، بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا كېرەك.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 10 ـ توم، 3051 ـ بەت)

---

① لىنجاڭ (临漳) — قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جاڭخې دەرياسى بويىدا، خېنەن ئۆلكىسى بىلەن تۇتىشىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 62 ـ بەت)

② ئارساك ( 安息 ) — ئاسىيانىڭ غەربىدىكى قەدىمكى ئەل.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1001 ـ بەت)

③ شىنۋۇدى ( 神武帝 ) — ئىسمى گاۋخۇەن، شەرقىي ۋېي سۇلالىسى سىياسىيلىرىدىن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە باش ۋەزىر بولۇپ، ھاكىمىيەت بېشىدا 16 يىل تۇرغان. ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى گاۋياڭ شىمالىي چى سۇلالىسىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا شىنۋۇدى دېگەن ھۆرمەت نامىنى بەرگەن.

(«شىمالىي چىنامە» دىن)

④ ۋېنشياڭ ( 文襄 ) — شىنۋۇدى گاۋخۇەننىڭ ئىككىنچى ئوغلى، ئىسمى گاۋچېڭ. گاۋخۇەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ۋېي سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى بولغان.

(«شىمالىي چىنامە» دىن)

⑤ ۋېنشۇەندى ( 文宣帝 ) — شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى گاۋياڭ. مىلادىيە 550 ـ يىلى، ئۇ شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا شىمالىي چى سۇلالىسىنى قۇرغان.

(«شىمالىي چىنامە» دىن)

⑥ يېچېڭ شەھىرى ( 鄴城 ) — شەرقىي ۋېي سۇلالىسى ۋە شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ پايتەختى. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى لىنجاڭ ناھىيىسى بىلەن خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1661 ـ بەت)

⑦ گاۋئاناگوڭ ( 高阿那肱 ) — شىمالىي چى سۇلالىسىدە ئۆتكەن خۇشامەتچى ئەمەلدار، چى سۇلالىسىنىڭ 4 ـ ئەۋلاد پادىشاھى گاۋجەن ئەتىۋارلىغان ئادەم.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3049 — 3051 ـ بەتلەر)



## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 93 ـ جىلد

# قىبىبۇكورۇننىڭ تەرجىمىھالى

قىبىبۇ كورۇن لۇڭشىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەجدادى قىبىبۇ رۇفو شىمالىي چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا تۇغۇلغانىدى. 5 ـ ئەۋلاد بوۋىسى قىبىبۇ يۈلىن باشقا قوۋملارنى قوشۇۋالغاچقا، ئادىمى پەيدىنپەي كۆپەيگەن. ئاتىسى قىبىبۇ سىفەن قوۋمىنى باشلاپ فۇجيەنگە تەسلىم بولغان، فۇجيەن ئۇنى جەنۇب تەڭرىقۇتى قىلغان. يەنە غەربنى قوغدىغۇچى سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، يۇڭشى تۇزلەڭلىكىنى① ساقلاشقا قويغان. قىبىبۇ سىفەن ئۆلگەندىن كېيىن، قىبىبۇ كورۇن سانغۇن بولدى. فۇجيەن مەغلۇپ بولغاندا، قىبىبۇ كورۇننىڭ تاغىسى قىبىبۇ بۇتۇي لۇڭيۇدا ئاسىيلىق قىلدى. فۇجيەن قىبىبۇ كورۇننى ئۇنىڭغا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى. قىبىبۇ بۇتۇي قىبىبۇ كورۇننى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالدى ھەمدە سەردارلىققا كۆتۈردى. ئۇنىڭغا تەۋە جايدا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. ۋېي پادىشاھى داۋۇۋدى توغبات گۇي زامانىدا، قىبىبۇ كورۇن ئۆز ئالدىغا ئۇلۇغ تۇتۇق، ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت، چىنجۇ، خېجۇ ئايماقلىرىنىڭ چوپاندارى بولۇۋالدى. جيەنيى دېگەن يىلنامىنى قوللاندى. ئۆزىگە قارايدىغان ئەمەل ـ مۇئەسسەسەلەرنى تەسىس قىلدى. ئۆزىگە قاراشلىق جايلارنى 11 ۋىلايەتكە بۆلۈپ، يۇڭشى قەلئەسىنى سالدۇرۇپ ئاستانە قىلدى.

قىبىبۇ كورۇن ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى قىبىبۇ چاڭگۇي ئەل ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ ئۆزىنى ئۇلۇغ تۇتۇق، ئۇلۇغ سانغۇن،

ئۇلۇغ تەڭرىقۇت، خېنەن خانى دەپ ئاتىدى. يىلنامىنى تەيچۇغا ئۆزگەرتتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى قويدى. دېڭگو يىللىرى (مىلادىيە 386 — 396 ـ يىللىرى) دا ئاستانىنى جىنچېڭ شەھىرىگە يۆتكىدى. بىراق شەھەر قوۋۇقى ئۆزلۈكىدىن بۇزۇلۇپ كەتكەچكە، بۇنى شۇملۇقنىڭ بىشارىتى دەپ قاراپ، ئاستانىنى يەنە يۈەنچۈەنگە② يۆتكىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ياۋ شىڭدىن مەغلۇپ بولغاچقا، يەنە فۇخەنگە قېچىپ باردى ۋە ياۋشىڭغا تەسلىم بولدى. ياۋشىڭ ئۇنى خېجۇنىڭ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا ئەدەپكە قايتقان بەگ دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە يۈەنچۈەنگە قايتۇرۇلدى. قىبىۇ چانگۇي ياۋشىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنى چىن خانى دەپ ئاتىۋالدى. ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى قويۇپ، يىلنامىنى گېڭشىغا ئۆزگەرتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىغاندا، ۋېي پادىشاھى مىڭيۈەندى توغبات سى ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. ۋۇشىغا ئوۋ ئوۋلىغىلى چىققاندا، مۇشۇكىياپىلاق ئۇنىڭ قولىغا قونۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاكىسىنىڭ ئوغلى قىبىۇ گۇڭفۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

قىبىۇ چانگۇينىڭ ئوغلى قىبىۇ چىبان قىبىۇ گۇڭفۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئەلنى ئىدارە قىلدى. قىبىۇ چىبان ئۆزىنى ئۇلۇغ سانغۇن، خېنەن خانى دەپ ئاتاپ، يىلنامىنى يۇڭكاڭغا ئۆزگەرتتى. كېيىن، لىيدۇدا تۇفا رۇتانغا③ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ، جەنۇبىي لياڭ خانلىقىنى يوقاتتى. ئۆزىنى چىن خانى دەپ ئاتىدى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى قويۇپ، يىلنامىنى جيەنخۇڭغا ئۆزگەرتتى. ئارقىدىنلا دىۋانبېگى موجېخۇ، مەرگەن سانغۇن قىبىۇ يۈينىنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە 200 جىڭ ئالتۇن تارتۇق قىلىشقا ۋە قولان چاڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. ۋېي پادىشاھى تەيۇۋدى ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. تۇڭۋەن شەھىرىنىڭ ئىشىنى



تىنچىتقاندىن كېيىن④، قىبىۇ چىبان تاغىسى يىراقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن قىبىۇ نىتۇ، ئىنىسى يىراقنى قوغدىغۇچى سانغۇن قىبىۇ ئەندۇلارنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسىگە تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى، يەنە ھۆدەيچى ياندىاش بەگ ۋاڭ كەي، ۋەزىرنىڭ مۇلازىم نۆكىرى ۋۇناتيەنلەرنى يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تارتۇق قىلىشقا ماڭدۇردى. قىبىۇ چىبان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى قىبىۇ مۇمو ئەل ئىشلىرىنى باشقۇردى.

قىبىۇ مۇمونىڭ يەنە بىر ئىسمى قىبىۇ ئەنشىبا ئىدى. ئۇ چىن خانى بولۇپلا يىلنامىنى يۇڭخۇڭغا ئۆزگەرتتى. لۇڭشىلىق دىۋانبېگى شىن جىن قىبىۇ چىبان بىلەن ئارقا ھەرەمباغقا سەيلىگە چىقىپ، قۇشقا كومۇلاچ ئوق ئاتقان، ئۇ ئوق تاسادىپەن قىبىۇ مۇمونىڭ ئانىسىنىڭ يۈزىنى زەخمىلەندۈرۈپ قويغانىدى. قىبىۇ مۇمو تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىن جىننىڭ جەمەتىدىن 27 ئادەمنى ئۆلتۈردى. قىبىۇ مۇمونىڭ ئىنىسى قىبىۇ شۇلو قىبىۇ چىباننىڭ ئىككىنچى خوتۇنى تۇفا خېنىم بىلەن زىنا قىلدى. قىبىۇ مۇمو بۇ ئىشتىن ۋاقىپلىنىپ، ئۇلارنى توسىدى. قىبىۇ شۇلو بىلەن تاغىسى قىبىۇ شىيىن قىبىۇ مۇمونى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ، تۇفا خېنىمغا ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىنى ئوغرىلاشنى ئېيتتى. ئاچقۇچ خاتا ئېلىنغاچقا، ئىشىك ئېچىلمىدى. ئىشىك باقارلار بۇ ئىشنى قىبىۇ مۇموغا مەلۇم قىلىۋىدى، قىبىۇ مۇمو ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. ئۇ ئەسلىدە قىبىۇ شىيىننى قامچىلاپلا قويماقچى ئىدى. ئەمما قىبىۇ شىيىن: «ئۆلتۈرسەڭ مەيلى، ئەمما قامچىلىشىڭنى خالىمايمەن» دېدى. قىبىۇ مۇمو غەزەپكە كېلىپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، ئۆلۈكىنى خۇاڭخې دەرياسىغا تاشلاتقۇزدى. قىبىۇ شىيىننىڭ ئانىسىنىڭ ئىنىلىرى قىبىۇ بەييان بىلەن قىبىۇ چۇلەر كىشىنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلغانلىقتىن،

ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ جازاسى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن ئىچكى قىسىمدا بۆلۈنۈش بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى.

كېيىن، قىببۇ مۇمو قۇلان تىنىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغاچقا، ۋاڭ كەي، ۋۇناتيەنلەرنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيۋۇدىدىن لەشكەر چىقىرىپ ئۇنى ئەكتىشنى تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. پادىشاھ تەيۋۇدى ئەندىگىنىڭ غەربى، پىڭلياڭنىڭ⑤ شەرقىدىكى رايونلارنى ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىشكە قوشۇلدى. قىببۇ مۇمو شەھەرنى كۆيدۈرۈپ، قىممەتلىك بۇيۇملارنى بۇزۇپ ـ چېقىپ، 15 مىڭ تۈتۈننى باشلاپ گاۋتيەن جىلغىسىغا كەتتى. بىراق قۇلان تىنىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، نەنئەنگە⑥ جايلاشتى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا لەشكەر ئەۋەتتى. قىببۇ مۇمونىڭ ياساۋۇل سانغۇنى جىپى ئىچكىرىگە كۆچمەسلىك كېرەك، دەپ تۇرۇۋالدى. قىببۇمۇمو ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. قۇلان تىن ئۆزىنىڭ بىيىپىڭ گۇڭى ۋېي دەيىنى بىر تۈمەن ئادەمنى باشلاپ نەنئەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. نەنئەن شەھىرىدە قەھەتچىلىك بولغاچقا، ئادەملەر بىر ـ بىرىنى يېدى. شېنجيا 4 ـ يىلى (مىلادىيە 431 ـ يىلى) قىببۇ مۇمو ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىن 500 نەچچە ئادەم شەھەردىن چىقىپ ئەل بولدى ۋە شاڭگۇيغا ئاپىرىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قۇلان تىن تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

داجۇرچى مونسۇن ئەسلىدە جاڭيې ۋىلايىتى لىنسۇڭ⑦ ناھىيىسىنىڭ لۇشۇي دېگەن يېرىدىن ئىدى. ھونلار سولقانات جۇرچى دېگەن مەنسەپدار قويغاندا، مونسۇننىڭ ئاتا ـ بوۋىسى شۇ مەنسەپكە تەيىنلەنگەنىدى. چياڭلارنىڭ قەبىلە باشلىقى «دا» دەپ ئاتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئەمەلدارلىق مەنسەپ نامىنى ئۆزىگە فامىلە قىلىپ، ئىسمىنىڭ ئالدىغا «دا» دېگەن سۆزنى



قوشقانىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا لۇشۇيدە قەبىلە باشلىقى بولۇپ كەلگەنىدى. جۇرچى مونسۇننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى جۇرچى خۇيجۇڭگۇي، چوڭ بوۋىسى جۇرچى جېلار باتۇر، قامەتلىكلىكى بىلەن داڭق چىقارغانىدى. بوۋىسى جۇرچى چىفۇيەنگە فۇدى خانى دەپ مەرتىۋە بېرىلگەنىدى. ئاتىسى جۇرچى فاخۇڭ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. فۇجيەن ئۇنى جۇڭتيەن ھىماتچىسى قىلىپ تەيىنلىدى.

جۇرچى مونسۇن ئاتىسىنىڭ ئورنىدا قوۋمىنى ئىدارە قىلدى. ئۇ جىگەرلىك، چارە ـ تەدبىرلىك ھەم ئىلمى نۇجۇمدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولغاچقا، قەبىلە ـ قوۋملار ھىمايە قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇندى. لۇگۇاڭ⑧ لياڭجۇ رايونىدا لياڭ خانى بولۇۋالغاندىن كېيىن، جۇرچى مونسۇننى بارگاھتىكى قوشۇننى قەسىرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆزەتچىلىك قىلدۇرۇشقا ئەۋەتتى ھەم جۇرچى مونسۇننىڭ تاغىسى جۇرچى لوچۇنى شىپىڭغا ۋالىي قىلدى. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى جۇرچى مۇغا جۇرچى لوچۇنى باشلاپ فۇخەندىكى قىببۇ چاڭگۇيغا جازا يۈرۈشى قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. قىببۇ چاڭگۇي ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، جۇرچى لوچۇنى ئۆلتۈردى. جورچى مونسۇن قايتىپ بېرىپ جۇرچى لوچۇنى دەپنە قىلىشنى ئۆتۈندى ۋە شۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئادەملىرىنى يىغىپ، ئالتۇنتاغقا ئورۇنلاشتى. نەۋرە ئاكىسى جىنچاڭ ۋالىيسى جۇرچى نانچىن بىلەن بىرلىكتە جيەنكاڭ ۋالىيسى دۇەن يېنى يارلىق تەمتىكى تۇتقۇچى، ئۇلۇغ تۇتۇق، ئۇچار ئەجدىھار سانغۇن، لياڭجۇ چوپاندارى، جيەنكاڭ گۇڭى قىلىپ كۆرسەتتى. شۇ يىل (مىلادىيە 397 ـ يىل) نى شېنشى 1 ـ يىلى دەپ ئاتىدى. دۇەن يې جۇرچى مونسۇننى جاڭيېگە ۋالىي قىلىپ، لىنچى بارونى دەپ نام بەردى. جۇرچى نانچىننى دۆلەتكە يۆلەكچى سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، ئەلنىڭ لەشكىري ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى.

دۆەن يې يەنە ئۆزىنى لياڭ خانى دەپ ئاتاپ جۇرچى مونسۇننى دىۋانبېگىنىڭ سول قول ۋەزىرى قىلدى. جۇرچى مونسۇننىڭ نام ـ ئاتاق قازانغانلىقىغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنى ئۆزىدىن سەل يىراقلاشتۇردى. تيەنشىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 401 ـ يىلى) جۇرچى مونسۇن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، شىئەنگە ۋالىي بولۇشنى تەلەپ قىلدى. جۇرچى مونسۇن ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىش ئۇچۇن، جۇرچى نانچىنغا ئاسىيلىق قىلدى دەپ تۆھمەت چاپلاپ، مەخپىي مەلۇمات يوللىدى. بۇنىڭ بىلەن دۆەن يې جۇرچى نانچىننى ئۆلتۈردى. جۇرچى مونسۇن يىغلاپ تۇرۇپ كۆپچىلىككە جۇرچى نانچىن ئۇچۇن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتتى. جۇرچى نانچىن ئادەتتە كۆپچىلىككە شاپائەت قىلغاچقا ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى. شۇڭا كۆپچىلىك دۆەن يېدىن بىزار بولۇپ، جۇرچى نانچىننىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە يىغلاشتى ۋە جۇرچى مونسۇننىڭ گېپىگە كىرىدىغان بولدى. جۇرچى مونسۇن قوشۇن باشلاپ دۆەن يېگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. ئۆزىنى يارلىق تەمتىكى تۇتقۇچى ئۇلۇغ تۇتۇق، ئۇلۇغ سانغۇن، لياڭجۇ چوپاندارى، جاڭيې گۇڭى دەپ ئاتىدى. يىلنامىنى يۇڭئەنگە ئۆزگەرتىپ، جاڭيېدا تۇردى. شۇ ئايدا غەربىي لياڭ خانلىقىنىڭ ۋۇجاۋ خانى غەليان كۆتۈردى ۋە كېڭزى دېگەن يىلنامىنى قوللاندى.

يۇڭشىڭ يىللىرى (مىلادىيە 409 — 413 ـ يىللار) جۇرچى مونسۇن گۇزاڭ شەھىرىنى ئىگىلەپ، ئۆزىمۇ شۇ شەھەرگە كۆچتى. شۇ يىلى (مىلادىيە 412 ـ يىلى) نى شۇەنشى 1 ـ يىلى دەپ ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى خېشى خانى دەپ ئاتاپ، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى قويدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. جۇرچى مونسۇن يېڭى سۇپىدا ئۇخلاۋاتقاندا، ھەرەم خادىمى ۋاڭ خۇەيزۇ ئۇنى چېپىپ



ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئەمما جۇرچى مونسۇننىڭ پەقەت پۇتى زەخىملەندى. ئۇنىڭ ئايالى مېڭشى خېنىم ۋاڭ خۇەيزۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. جۇرچى مونسۇن جىن سۇلالىسىنىڭ ياۋخۇڭ[9] نى يوقاتقانلىقىغا ناھايىتى غەزەپلەندى. مىرزىبەگ جۇرچى مونسۇنغا ئەھۋال مەلۇم قىلىشقا كىرگەندە، جۇرچى مونسۇن ئۇنىڭغا: «سەن لىيۇيۇنىڭ بېسىپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنە بىخىرامان كىتاب يېزىشقا پېتىندىڭمۇ!» دېدى ـ دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي جىن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. تەيچاڭ يىللىرى (مىلادىيە 416 — 423 ـ يىللار) دا جۇرچى مونسۇن دۇنخۇاڭنى ئىشغال قىلىپ، يىلنامىنى چيڭشۇەنگە ئۆزگەرتتى. كېيىن يەنە سۇڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، كىتاب بېرىشنى ئۆتۈندى. سۇڭ پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەردى. جۇرچى مونسۇن يەنە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمرى زېمىنى ۋاڭ خۇڭدىن «ئىلاھىي خاتىرىلەر توپلىمى»[10] دېگەن كىتابنى سورىدى، ۋاڭ خۇڭ ئۇ كىتابنى بەردى.

شېنجيا يىللىرى (مىلادىيە 428 — 431 ـ يىللار) دىۋان بېگىنىڭ ياردەمچىسى زۇڭ شۇ، سولقانات ھەرەمبېگى گاۋمېڭلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرۇشقا، بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە ئەۋەتىلدى. كەلگەن ئولپانچىلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىدى. جۇرچى مونسۇن ئوغلى جۇرچى ئانگۇنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى مۇراسىم بېگى لى شۈننى يارلىق دەستىكى بىلەن ئەۋەتىپ جۇرچى مونسۇننى يارلىق دەستىكى تۇتقۇچى، شىغاۋۇل، لياڭجۇ ۋە غەربىي يۇرتتىكى چياڭ، رۇڭلارنىڭ لەشكىرىي ئىشلار تۇتۇقى، خەلپەت بەگ، غەربكە يۇرۇش قىلغۇچى مۇۋەققەت ئۇلۇغ سانغۇن، لياڭجۇ چوپاندارى، لياڭ خانى قىلىپ تەيىنلىدى. سۇي خاۋغا مەرتىۋىگە تەيىنلەش يارلىقى يېزىپ ئۇنى مۇكاپاتلاشنى بۇيرۇدى. جۇرچى مونسۇن شۇ يىلنى يەنخې 1 ـ يىلى دەپ

ئۆزگەرتتى. يەنخې 2 ـ يىلى (مىلادىيە 433 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا، جۇرچى مونسۇن ئۆلدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى نازارەت قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. جۇرچى مونسۇنغا «ۋۇشۇەن خان» دەپ نام بېرىلدى. جۇرچى مونسۇن ناھايىتى گۇمانخور، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى پىسەنتىگە ئالمايدىغان كىشى بولغاچقا، ئوردىدا قائىدە ـ يوسۇن ۋە توغرا كەيپىيات يوق دېيەرلىك ئىدى. جۇرچى مونسۇننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى جۇرچى مۇقان ئەلنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۆزىنى خېشى خانى دەپ ئاتىۋالدى. ئەلچى ئەۋەتىپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئوردىسىدىن مەرتىۋە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ سۇڭ سۇلالىسى⑪ بىلەن دوستانە ئالاقە قىلىپ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئىنئام ۋە ئەمەلگە تەيىنلەش بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئىلگىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيۋۇدى جۇرچى مونسۇننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن، قىز كۆچۈرۈشكە لى شۈننى ئەۋەتكەنىدى. دەل شۇ چاغدا، جۇرچى مونسۇن قازا تاپتى. جۇرچى مۇقان جۇرچى مونسۇننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە سىڭلىسىنى پايتەختكە ئاپاردى. ئۇنىڭ سىڭلىسى ئوڭ قول جاۋېي⑫ بولۇپ تەيىنلەندى. جۇرچى مونسۇن شۇ يىلنى چېڭخې 1 ـ يىلى دەپ ئۆزگەرتتى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى يەنە لى شۈننى جۇرچى مۇقاننى يارلىق تەمتىكى تۇتقۇچى شىغاۋۇل، لياڭجۇ، شاجۇ، خېجۇ ۋە غەربىي يۇرتتىكى چاڭ، رۇڭلارنىڭ لەشكىرىي ئىشلار تۇتۇقى، ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، غەربىي رۇڭ چېرىكچىسى، لياڭجۇ ئايماقبېگى، خېشى خانى دېگەن ئەمەل ـ مەرتىۋىلەرگە تەيىنلەشكە ئەۋەتتى. جۇرچى مۇقان بىرەر تۆھپە ياراتماي تۇرۇپ مۇكاپات ئالغانلىقى ئۈچۈن، لى شۈننى ئېلىپ قېلىپ، پادىشاھتىن ئۇنچىۋالا يۇقىرى ئەمەل بەرمەي ئادەتتىكى شۆھرەت



نامى بەرسىلا بولدى، دەپ تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ تەلىپىنى سىلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلدى. جۇرچى مۇقان ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدىنىڭ سىڭلىسى ۋۇۋېي مەلىكىگە ئۆيلەندى. ئۇ ۋەزىرى سۇڭ ياۋنى پادىشاھقا رەھمەت ئېيتىشقا ئەۋەتىپ، 500 ئات، 100 جىڭ ئالتۇن ھەدىيە قىلدى. سۇڭ ياۋ يەنە پادىشاھتىن ۋۇۋېي مەلىكە ۋە جۇرچى مۇقاننىڭ ئانىسىغا ئۇنۋان بەلگىلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئوردىدىكىلەر مۇزاكىرە قىلىپ، تۈزۈم بويىچە ئېيتقاندا، ئانىسى ئوغلىنىڭ ئورنى يۇقىرى بولغاچقا قەدىرلىنىشى، خوتۇنىنىڭ مەرتىۋىسى ئېرىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك، جۇرچى مۇقاننىڭ ئانىسى خېشى ئېلىدە خانئانا، خوتۇنى ئۆز ئېلى ئىچىدە خانىش دەپ ئاتىلىشى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدە بولسا مەلىكە دەپ ئاتىلىشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. پادىشاھ شۇنداق قىلىشقا قوشۇلدى. جۇرچى مۇقان پەزىلەت ئورناتقۇچى سانغۇن جۇرچى پانجونى ئوردىغا سالامغا ئەۋەتتى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى شىغاۋۇل گوبىنى، دىۋانبېگى لى شۈننى جۇرچى مۇقاننىڭ ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلارغا دەرىجىسىگە ئاساسەن كىيىم ـ كېچەك ئىنئام بېرىشكە ئەۋەتتى ھەمدە جۇرچى مۇقاننىڭ چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغلى جۇرچى فېڭتەننى پايتەختكە تۇرغاق بولۇشقا ئەكەلدۈردى. جۇرچى مۇقان ئوغلى جۇرچى فېڭتەننى پادىشاھقا سالام بېرىشكە پايتەختكە ئەۋەتتى.

تەيىەن 5 ـ يىلى (مىلادىيە 439 ـ يىلى) پادىشاھ تەيۋۇدى دىۋانبېگى خې لونى لياڭجۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. پادىشاھ جۇرچى مۇقان ماڭا بەيئەت قىلىپ ئولپان تاپشۇرغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن جايلاردا بەيئەت قىلغۇچىغا مۇناسىپ ئىش قىلمىدى دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆزى بېرىپ جازا يۈرۈشى قىلدى. ۋەزىرلەرگە ئۇنى ئەيىپلەش مەزمۇنىدا مەكتۇپ يازدۇرۇپ، ئۇنىڭ 12 گۇناھىنى كۆرسەتتى.

شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قوشۇنى خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتتى. جۇرچى مۇقان: «نىمە سەۋەبتىن بۇنداق بولۇپ قالدى؟» دەپ، سول قول ۋەزىرى ياۋدىڭگونىڭ كۆرسەتكەن چارىسى بويىچە پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقماي جورجانلاردىن ياردەم سورىغىلى باردى. جۇرچى مۇقان چوڭ سەركەردە جۇرچى دۇڭلەيىنى بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ گۇزاڭ شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئەۋەتتى. قاتتىق جەڭدىن كېيىن، جۇرچى دۇڭلەينىڭ قوشۇنى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى گۇزاڭ شەھىرىگە كېلىپ جۇرچى مۇقاننى شەھەردىن چىقسۇن دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. جۇرچى مۇقان جورجانلار ئىچكى رايونلاردا شەنۋۇغا⑬ بېسىپ كىرىپتۇ دەپ ئاڭلىدى -دە، پادىشاھ قوشۇنى چېكىنىپ كېتەرمىكىن دەپ ئارزۇ قىلىپ، سېپىلنى چۆرىدەپ چىڭ ساقلىدى. جۇرچى مۇقاننىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جۇرچى زۇ شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى ۋېي پادىشاھىغا تولۇق مەلۇم قىلدى. شۇڭا، تەيۋۇدى بارلىق لەشكەرلەرنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. جۇرچى مۇقاننىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جۇرچى ۋاننان قول ئاستىدىكى بارلىق ئادىمىنى باشلاپ يەنە تەسلىم بولۇشقا چىقتى، شەھەر ئىشغال قىلىندى. جۇرچى مۇقان ۋە ئۇنىڭ ھەربىي - مۈلكىي ئەمەلدارلىرى ئىككى قولىنى ئارقىسىغا باغلاپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا گۇناھىنى تىلەشكە كەلدى، پادىشاھ ئۇلارنى يېشىشنى بۇيرۇدى. لياڭجۇدىن 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى پايتەختكە كۆچۈرۈپ باردى. ئىلگىرى تەيىەن يىللىرىدا بىر ياشانغان ئەر بىر پارچە خەتنى دۈنخۇاڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا تاشلاپ قويۇپلا كۆزدىن غايىپ بولغانىدى. بۇ خەتتە «لياڭ خانى 30 يىل تۇرۇپتۇ⑭، سەن يەتتە يىل تۇرىسەن» دەپ يېزىلغانىدى. چاقماق چېقىلغاندىن



كېيىن تېپىلغان بىر پارچە تاشقا قىزىل رەڭدە «خېشى، خېشى، ئوتتۇز يىل، دەيشى چىقىلسا خۇش يۈرەر يەتتە يىل» دېگەن خەت يېزىلغانىدى. دەيشى بىر تاغنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ گۇزاڭنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئىدى. تاغ ئىلاھىغا نەزىر - چىراغ قىلىنىدىغان ئىبادەتخانىنىڭ ئەتراپى پاتقاق بولۇپ، يول راۋان ئەمەس ئىدى. جۇرچى مۇقاننىڭ جەنۇبقا يۈرۈشى قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇنى جۇرچى دۇڭلەي: «ئىبادەتخانا نېمىگە ئەسقاتىدۇ!» دەپ، ئۇنى چېقىپ، دەل - دەرەخلەرنى كەسكەن ھەم يولنى راۋان قىلىپ قوشۇننى ئۆتكۈزگەنىدى. جۇرچى مۇقان خان بولۇپ، دەرۋەقە يەتتە يىلدىن كېيىن گۇمران بولدى. ئىلگىرى جۇرچى مۇقان يەڭگىسى لى شى بىلەن زىنا قىلاتتى، ئاكا - ئۇكا ئۈچەيلەن نۆۋەت بىلەن ئۇ ئايالغا يېقىنچىلىق قىلدى. لى شى بىلەن مۇقاننىڭ ئاچىسى بىرلىشىپ ۋۇۋېي مەلىكىگە زەھەر بەردى. پادىشاھ مەلىكىنى قۇتقۇزۇشقا تېۋىپنى تېز ئەۋەتكەچكە، مەلىكە ساق قالدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى لى شىنى پايتەختكە ئاپىرىشنى بۇيرۇسا، مۇقان ئۇنى پايتەختكە ئەۋەتىشنىڭ ئورنىغا نۇرغۇن نەرسە - كېرەك بېرىپ جيۇچۈەندە ئولتۇراقلىشىشقا ئاپاردى. پادىشاھ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى. شىمالىي لياڭ خانلىقى ئەل بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە جۇرچى مۇقانغا سىڭلىسىنىڭ ئېرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى. جۇرچى مۇقاننىڭ ئانىسى قازا قىلغاندىن كېيىن خانئانلىق قائىدە - يوسۇنى بويىچە دەپنە قىلدۇردى ھەم جۇرچى مونسۇنغا قەبرىنى ساقلاشقا 30 تۈتۈنلۈك ئادەم بەردى. جۇرچى مۇقاننى غەربكە يۈرۈشى قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، دەرىجىسىنى ئاۋۋالقىدەكلا قىلىپ، يەنە لياڭ خانى دەپ ئاتىدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قوشۇنى لياڭجۇ زېمىنىغا كېلىشتىن بۇرۇن، جۇرچى مۇقان ئادەم ئەۋەتىپ دۆلەت خەزىنىسىنى ئاچقۇزۇپ ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەر، قاشتېشى

ھەمدە قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ، خەزىنە ئىشكىنى تاقىۋەتمەي كەتكەنىدى. خەزىنە ئوچۇق بولغاچقا، يۇقرالار ئوغرىلىققا كىرگەن ۋە خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئوغرىلارنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپالمىدى. تەيپىڭ جېنجۈن 8 ـ يىلى (مىلادىيە 447 ـ يىلى) مۇقاننىڭ يېقىنى ۋە خەزىنىگە قارايدىغانلار مەلۇم قىلغاچقا بۇ ئىش تامامەن ئېنىقلاندى. جۇرچى مۇقاننىڭ ئۆيى ئاختۇرۇلغاندا، يوشۇرۇپ قويغان بارلىق نەرسە ـ كېرەكلەر تېپىلدى. يەنە بىرەيلەن جۇرچى مۇقان ھەم ئۇنىڭ ئاتىسى نۇرغۇن زەھەرنى مەخپىي ساقلاپ 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى دەپ مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئىگىچە ـ سىڭىللىرى باخشىلىق، پالچىلىق قىلاتتى. ئۇلار ناشايان ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، قىلچە ئار ـ نومۇسنى بىلمەيتتى. ئەسلىدە دارماراكچا ئاتلىق بىر كەشمىرلىك راھىب شەرققە — پىشامشانغا كەلگەن بولۇپ، جىنغا كېسەل داۋالىتالايمەن، ئاياللارغا كۆپ تۇغۇشنى ئۆگىتەلەيمەن، دەپ يۈرگەنىدى. ئۇ پىشامشان خانىنىڭ سىڭلىسى مانتۇ تولىن بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ سېزىلىپ قالغاندىن كېيىن، لياڭجۇغا قېچىپ كەلدى. جۇرچى مونسۇن ئۇنى ئەتىۋارلاپ، دانىشمەن دەپ ئاتىدى. دارماراكچا ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئېجىل بولۇش ئۇسۇلىنى ئاياللارغا ئۆگەتتى. جۇرچى مونسۇننىڭ كېلىنلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇسۇلنى ئۆگەنگىلى باردى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ئۆز خادىمىدىن دارماراكچانىڭ بۇ ئۇسۇلىنى ئاڭلاپ، ئۇنى يېنىغا چاقىرىش يارلىقى چۈشۈردى. بىراق جۇرچى مونسۇن ئۇنى ئەۋەتمىدى ھەمدە دارماراكچانىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ سوراق قىلغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتتى. تەيۋۇدى بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپلىنىپ، ئۆزىنىڭ كىچىك خانىشى، يەنى جۇرچى مونسۇننىڭ سىڭلىسىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىمۇ ئۆلتۈردى. پەقەت



جۇرچى ۋاننان بىلەن جۇرچى زۇلا بۇنىڭدىن بۇرۇن تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلىندى. شۇ يىلى، بىرەيلەن جۇرچى مۇقاننىڭ يەنە بۇرۇنقى ۋەزىرلىرى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىپ، ئاسىيلىق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ ئەمرى زېمىن سۇي خاۋنى مەلىكىنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ، جۇرچى مۇقاننى ئۆلۈۋېلىشقا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى. جۇرچى مۇقان مەلىكە بىلەن خېلى ئۇزاق خوشلىشىپ، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇ خانلارچە دەپنە قىلىندى. «قايغۇ خان» دەپ نام بېرىلدى. كېيىن مەلىكە ئۆلگەندە، ئۇنى جۇرچى مۇقاننىڭ قەبرىسىگە دەپنە قىلىش بۇيرۇق قىلىندى. مەلىكىنىڭ ئوغلى يوق، قىزى بار ئىدى. ئۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جىيەنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئانىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋۇۋېي مەلىكە دەپ ئاتالدى.

جۇرچى مونسۇننىڭ ئوغلى جۇرچى جىيى شەرقىي يۈڭجۇنىڭ ئايماقبېگى ئىدى. تەيپىڭ جېنجۈن يىللىرىدا خېدۇڭدىكى شۆئەندۇ بىلەن ئاسىيلىق قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن پايتەختكە چاقىرتىلدى ۋە بۇرادەرلىرىگە تاپشۇرۇلۇپ، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى. جۇرچى ۋاننان، جۇرچى زۇلار بۇرۇن تەسلىم بولغاچقا، جۇرچى ۋاننان جاڭيې بېگىلىككە، جۇرچى زۇ گۋاڭجۇ گۇڭلىققا تەيىنلەندى. كېيىن ھەر ئىككىسى ئاسىيلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇش جىنايىتى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. جۇرچى مۇقان مەغلۇپ بولغان چاغدا، ئىنىسى لېدۇ ۋالىيسى جۇرچى ئانگۇ غەربكە بېرىپ تۇيغۇنلارغا بېقىنغانىدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن شى چۈننى ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. جۇرچى مۇقاننىڭ ئىنىسى جيۇچۈەن ۋالىيسى جۇرچى ئۇرغۇ جىنچاڭغا قېچىپ كەتتى. پادىشاھ يىياڭ گۇڭى يۈەن جيېنى جيۇچۈەننى ساقلاشقا ئەۋەتتى. تەيپىڭ جېنجۈن

يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، جۇرچى ئۇرغۇ جيۇچۇەننى قورشاپ ئىشغال قىلدى. ئۇ يەنە جاڭيېنى مۇھاسىرىگە ئالدى، بىراق غەلىبە قىلالماي چېكىنىپ لىنسۇڭدا تۇردى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى جازا يۈرۈشى قىلماي، ئۇنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا يۇڭچاڭ بېگى يۈەن جيەن لياڭجۇنى ساقلاۋاتاتتى. جۇرچى ئۇرغۇ قوشبېشى لياڭ ۋېينى يۇڭچاڭ بېگى يۈەن جيەننىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن جيۇچۇەننى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. يەنە يېياڭ گۇڭگى يۈەن جيې ۋە ئۇنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى يۇڭچاڭ بېگى يۈەن جيەننىڭ قوشۇنىغا ئەۋەتتى. ئىككىنچى يىلى، ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ئەلچى ئەۋەتىپ، جۇرچى ئۇرغۇنى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن، لياڭجۇ چوپاندارى، جيۇچۇەن بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي جۇرچى ئۇرغۇ يەنە پۇرسەت كۈتۈپ ئاسىيلىق قىلغاچقا، نەنياڭ گۇڭگى شى چۈن جازا يۈرۈشكە ئەۋەتىلىپ، جيۇچۇەن ئىشغال قىلىندى. جۇرچى ئۇرغۇ قۇملۇقتىن ئۆتمەكچى بولۇپ، جۇرچى ئانگۇنى غەربكە — پىشامشانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. پىشامشان ئەل بولماقچى بولۇپ تۇرغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى پىشامشانغا قارشىلىق كۆرسىتىپ قوغدىنىشنى دالالەت قىلىپ بۇيرۇق بەردى. جۇرچى ئانگۇ پىشامشاننى ئالالماي چېكىنىپ شەرقىي شەھەرنى ساقلىدى. ئۈچىنچى يىلى ئەتىيازدا، پىشامشان خانى بىلۇڭ غەربتىكى چەرچەنگە بېقىندى. پىشامشان خانىنىڭ خانىشىدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغلى جۇرچى ئانگۇغا ئەگەشتى. شۇنىڭ بىلەن، پىشامشاندا ئېغىر مالىمانچىلىق تۇغۇلدى. جۇرچى ئۇرغۇ قۇملۇقتىن ئۆتتى، ئۇسسۇزلۇقتىن لەشكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلۈپ كەتتى. بىراق، ئۇ يەنىلا پىشامشاننى ئىشغال قىلدى. ئەسلىدە، قوچۇ ۋالىيسى كەن شۇاڭ لى باۋنىڭ تاغىسى تاڭ چىننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇ جۇرچى ئۇرغۇنىڭ پىشامشانغا كەلگەنلىكىنى



ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ يالغاندىن تەسلىم بولۇپ، جۇرچى ئۇرغۇ بىلەن تاڭ چىنى ئۇرۇشتۇرماقچى بولدى. جۇرچى ئۇرغۇ جۇرچى ئانگۇنى پىشامشاندا قالدۇرۇپ، ئۆزى كېنىگىتىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن قوچۇغا قاچتى. بۇ چاغدا جورجانلار تاڭ چىنى ئۆلتۈردى، كەن شۇاڭمۇ جۇرچى ئۇرغۇغا قارشى تۇردى. جۇرچى ئۇرغۇنىڭ سەركەردىسى ۋېيشىڭنۇ قوچۇ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، شەھەردىكىلەرنى قىرغىن قىلدى. كەن شۇاڭ جورجانلارغا قاچتى. جۇرچى ئۇرغۇ شۇنىڭ بىلەن قوچۇدا قېپقالدى. تەيپىڭ جېنجۈن 5 ـ يىلى (443 ـ يىلى) جۇرچى ئۇرغۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ، جۇرچى ئانگۇ خان بولدى. ئۇنىڭ زېمىنىنى جورجانلار قوشۇۋالدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 10 ـ توم، 3080 ـ 3086 ـ بەتلەر)

---

① يۈڭشى تۇزلەڭلىكى (勇士川) — قەدىمكى يەر نامى. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى يۈجۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 582 ـ بەت)

② يۈەنچۈەن (苑川) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يۈجۇڭ ناھىيىسىدىكى دايىڭچۈەن رايونىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 573 ـ بەت)

③ تۇفا رۇتان (秃发傉檀) — جەنۇبىي لياڭ خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خانى. مىلادىيە 414 ـ يىلى قىبىبۇ چىبان لېدۇغا ھۇجۇم قىلغاندا مەغلۇپ بولۇپ، قىبىبۇ چىبانغا تەسلىم بولغان. ئىككىنچى يىلى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.
(«جىننامە. تۇفا رۇتاننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

④ ئەينى زاماندا تۇڭۋەن شەھىرى شيا خانى قۇلان چاڭنىڭ پايتەختى

ئىدى.

(مۇھەررىردىن)

⑤ پىڭلياڭ ( 平凉 ) — ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى خۇاتىڭ، پىڭلياڭ ناھىيىلىرىنىڭ جەنۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 42 ـ بەت)

⑥ نەنئەن ( 南安 ) — ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لۇڭشى ناھىيىسىنىڭ شەرقى ۋە دىڭشى، ۋۇشەن ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 134 ـ بەت)

⑦ لىنسۇڭ ( 临松 ) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭيې ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا، ئۇ يەردە چىڭسۇڭ تېغى بار.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1290 ـ بەت)

⑧ لۈ گۇاڭ ( 吕光 ) — كېيىنكى لياڭ خانلىقىنى قۇرغۇچى. مىلادىيە 386 — 399 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان. مىللىتى دى ( 氐 )، لۆياڭلىق (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جۇاڭلاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربى جەنۇبىدا). دەسلەپتە فۇجيەننىڭ قول ئاستىدا سەركەردە بولغان ھەم غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىپ كۇسەننى ئالغان. قايتىپ لياڭجۇغا كەلگەندە، فۇجيەننىڭ جەڭدە قاتتىق مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، لياڭجۇنى ئىشغال قىلىپ خان بولۇۋالغان. مىلادىيە 399 ـ يىلى ئوغلى لۈ شاۋنى تەختكە چىقىرىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن.

(«ۋېينامە. لۈگۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑨ ياۋخوڭ ( 姚泓 ) — كېيىنكى چىن خانلىقىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد خانى. ياۋچاڭنىڭ نەۋرىسى، ياۋشىڭنىڭ ئوغلى. مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.



(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3076 — 3077 ـ بەتلەر)

⑩ ئىلاھىي خاتىرىلەر توپلىمى ( 搜神记 ) — ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار توغرىسىدىكى 20 جىلدلىق ھېكايىلەر توپلىمى. شەرقىي جىن دەۋرىدە ئۆتكەن گەن باۋ يازغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 707 ـ بەت)

⑪ سۇڭ سۇلالىسى ( 宋 ) — مىلادىيە 420 ـ يىلى ليۇ يۇ قۇرغان سۇلالە. شۇڭشا، ليۇ سۇڭ سۇلالىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جەمئىي سەككىز پادىشاھ تەختكە چىقىپ، 60 يىل سەلتەنەت سۈرگەن. مىلادىيە 479 ـ يىلى جەنۇبىي چى سۇلالىسى ئۇنىڭ ئورنىنى دەسسىگەن.

(«سۇڭنامە» دىن)

⑫ جاۋيى ( 昭仪 ) — خان ـ پادىشاھلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىدىكى كىچىك خانىشلىرىنىڭ نامى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1394 ـ بەت)

⑬ شەنۋۇ ( 善无 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى يۈيۈ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 883 ـ بەت)

⑭ بۇ يەردە دېيىلگەن لياڭ خانى شىمالىي لياڭ خانلىقىنىڭ خانى، جۈرچى مۇقاننىڭ دادىسى جۈرچى مونسۇن ئىدى. ئۇ مىلادىيە 401 ـ يىلدىن 403 ـ يىلغىچە خان بولغان.

(مۇھەررىردىن)

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 96 ـ جىلد

## دىلار تەزكىرىسى

دىلار غەرب تەرەپتىكى تائىپىلەرنىڭ ئايرىم نەسلىدىن، نامى بەيما. ئۇچ دەۋردە① ئۇلارنىڭ ئۆز ئاقساقىلى بولغان. ھەربىر ئاقساقال ئوردىغا بىر قېتىم سالامغا كېلەتتى. شۇڭا «نەزمىنامە» ② دە: «دى، چياڭلاردىن تارتىپ خانغا تازىم قىلىدۇ، تازىم قىلماسلىقا پېتىنالمايدۇ» دېيىلگەن. چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان، ئۇلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا چىڭشەن③، لۇڭشەن تاغلىرى④ نىڭ جەنۇبىدا، خەنجياڭ دەرياسىنىڭ⑤ غەربىدە تۇراتتى، ئۆزلىرى سايلىغان سەردارى بار ئىدى. خەن پادىشاھى ۋۇدى⑥ ئەمىر نۆكەر گوچاڭ، ۋېي گۇاڭلارنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى يوقاتتى ھەم ئۇلارنىڭ يۇرتىنى ۋۇدۇ⑦ ۋىلايىتى قىلىپ تەسىس قىلدى. چيەنشەن تېغى⑧ ۋە ۋېيشۈي⑨ دەرياسىدىن تاكى با⑩، شۇ⑪رايونلىرىغىچە دىلارنىڭ ھەر خىل قەبىلىلىرى تارقالغانىدى. بەزىلىرى ئاق دى دەپ، بەزىلىرى كونا دى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بېگى بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوردىسىنىڭ مەتۇە بېرىشى ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىشىنى قوبۇل قىلىپ كەلگەنىدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى جيەنئەن يىللىرىدا (مىلادىيە 196 — 220 ـ يىللار) ياڭ تېڭ دېگەن كىشى قەبىلىنىڭ سەركەردىسى بولدى. ئۇ جەسۇر، تەمبەل، پەم ـ پاراسەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ئادەملىرىنى باشلاپ چۇچىغا كۆچۈشكە باشلىدى. بۇ يەرنىڭ چوڭلۇقى 100 گېكتار كېلەتتى. ئۇ بۇ جاينىڭ



ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قوللىنىپ، «بەيچىن» دەپ ئاتىدى. بۇ يەرنىڭ تۆت تەرىپى ھاڭ بولۇپ، ئېگىزلىكى يەتتە چاقىرىمدىن ئارتۇق ئىدى، چىقىپ ـ چۈشۈشتە 36 قېتىم ئايلىنىشقا توغرا كېلەتتى. ئۈستىدە نۇرغۇن بۇلاق بار ئىدى. توپىسىنى قايناتسا تۇز چىقاتتى. ياڭ تېڭدىن كېيىن، ۋېي پادىشاھلىقى ئوردىسى ياڭ چيەنۋەن دېگەن كىشىنى بەيچىن دىلار خانى قىلىپ تەيىنلىدى.

ياڭ چيەنۋەننىڭ نەۋرىسى ياڭ فېيلۇڭ ئىدى. ئۇ تەدرىجىي قۇدرەت تاپتى. جىن پادىشاھى ۋۇدى ئۇنىڭغا غەربنى تىنچىتقۇچى مۇۋەققەت سانغۇن دېگەن ئاتاقنى بەردى. ئۇنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى يوق بولغاچقا، ئۆز جىيەنى لىڭخۇ ماۋسۇنى ئوغۇل قىلىپ بېقىۋالدى. جىن پادىشاھى خۇيدىنىڭ يۈەنكاڭ يىللىرىدا (مىلادىيە 291 — 299 ـ يىللار) لىڭخۇ ماۋسۇ ئۆزىنى دۆلەتكە يۆلەكچى سانغۇن، ئوڭ قول بىلىكخان دەپ ئاتىدى. ھەممە دىلار ئۇنى سەردار قىلىپ تىكلىدى. گۇەنجۇڭدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ خېلى كۆپى ئۇنىڭغا بېقىندى. جىن پادىشاھى مىندى⑫ ئۇنى قىران چەۋەنداز سانغۇن، سول قول بىلىكخان قىلىپ تەيىنلىدى. ماۋسۇ ئۆلگەندە، ئورنىغا ئوغلى نەندى ئولتۇردى ۋە قەبىلىنى ئىنىسى جيەنتۇ بىلەن بۆلۈشۈپ سوردى. نەندى ئۆزىنى سول قول بىلىكخان دەپ ئاتاپ، شيابيەن⑬ دېگەن يەردە بارگاھ تىكتى؛ جيەنتۇ ئۆزىنى ئوڭ قول بىلىكخان دەپ ئاتاپ، خېچى⑭ بارگاھ تىكتى. نەندى ئۆلگەندە، ئوغلى ياڭ يى ئورنىغا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى ماندات تۇتقۇچى، ئەجدىھار سانغۇن، سول قول بىلىكخان، شيابيەن گۇڭى دەپ ئاتىدى. جيەنتۇنىڭ ئوغلى ياڭ پەننى ماندات تۇتقۇچى، ئۇزغان سانغۇن، ئوڭ قول بىلىكخان، خېچى گۇڭى قىلدى. ياڭ يى جىن سۇلالىسىگە بېقىندى، جىن سۇلالىسى ياڭ يىنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن قىلدى.

يۇڭخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 347 ـ يىلى) ياڭ يىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ياڭ چۇ ياڭ يىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى ھەم ياڭ يىغا قاراشلىق ئادەملەرنى ئۆزىگە قوشۇپ، ئۆزىنى چۇچى گۇڭى دەپ ئاتىدى. شى جىلۇڭغا بېقىنىپ، كېيىن جىن سۇلالىسىگە ۋاسسال بولدى. يۇڭخې 10 ـ يىلى (مىلادىيە 352 ـ يىلى) ياڭ چۇنىڭ مەرتىۋىسى تيەنشۇي گۇڭى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 11 ـ يىلى، ياڭ يىنىڭ كىچىك ئىنىسى ياڭ سۇڭنۇ ھامىسىنىڭ ئوغلى لياڭ سەنۋاڭنىڭ مۇلازىملىق قىلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ياڭ چۇنى پىچاق سېلىپ ئۆلتۈردى. ياڭ چۇنىڭ ئوغلى ياڭ گو قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى باشلاپ بېرىپ، لياڭ سەنۋاڭ بىلەن ياڭ سۇڭنۇنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە تەختكە چىقىپ چۇچى گۇڭى بولدى. خۇۋەن ۋېن⑮ ياڭ گونى چىنجۇ ئايماقبېگى قىلىپ، ياڭ گونىڭ ئوغلى ياڭ ئەننى ۋۇدۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەش توغرىسىدا پادىشاھقا مەكتۇپ سۇندى. 12 ـ يىلى، ياڭ گونىڭ شىرەم تاغىسى ياڭ جۇن ياڭ گونى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا ئۆزى چىقىۋالدى. ياڭ گونىڭ ئوغلى ياڭ ئەن فۇشېڭغا⑯ ئاسىيلىق قىلىپ ياڭ جۇننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، جىن سۇلالىسىگە بېقىندى. ياڭ ئەن ئۆلگەندە ئوغلى ياڭ شى چۇچى گۇڭلۇق ئەمىلىگە ئۆزى ئولتۇردى. جىن سۇلالىسىنىڭ تەيخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 368 ـ يىلى) ياڭ شى چىنجۇ ئايماقبېگى بولدى، ئىنىسى ياڭ تۇڭ ۋۇدۇغا ۋالىي بولدى. ياڭ شى ئۆلگەندىن كېيىن، ياڭ تۇڭ ياڭ شىنىڭ ئوغلى ياڭ زۇەننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، تەختكە ئۆزى ئولتۇردى. ياڭ تۇڭنىڭ يەنە بىر ئىنىسى ياڭ دې ئىدى. ياڭ زۇەن ئادەملىرىنى توپلاپ، ياڭ تۇڭنى تۇيۇقسىز ئۆلتۈردى ۋە ئۆزى چۇچى گۇڭى بولدى ھەمدە شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جيەنۋېندى⑰غا ئەلچى ئەۋەتتى. پادىشاھ جيەنۋېندى ياڭ زۇەننى چىنجۇغا ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. جىن سۇلالىسىنىڭ



شيەنئەن 1 ـ يىلى (مىلادىيە 371 ـ يىلى) فۇجيەن ياڭ ئەننى ياڭ زۇەننىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. ياڭ ئەن⑱ ياڭ زۇەننى يېڭىپ، ئۇنىڭ ئادەملىرىنى گۇەنجۇڭغا كۆچۈرۈپ، بەيچىن دېگەن يەرنى ئادىمىزاتسىز قىلىۋەتتى.

ياڭ سۇڭنۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ياڭ فۇنۇ، ياڭ فۇگو دېگەن ئىككى ئوغلى قېچىپ بېرىپ فۇجيەننى پاناھ تۇتتى. فۇجيەن قىزىنى ياڭ فۇنۇنىڭ ئوغلى ياڭ دىڭغا ياتلىق قىلدى ھەم ئۇنى دىۋانبېگى، لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلىدى. فۇجيەن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، گۇەنيۇ دېگەن يەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ياڭ دىڭ فۇجيەننى كۈچىنىڭ بېرىنچە قوغدىدى. فۇجيەن ئۆلگەندىن كېيىن، ياڭ دىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ بېرىپ لۇڭيۇ دېگەن يەرنى بېسىۋېلىپ لىچېڭغا⑲ جايلاشتى. چۇچىغا 120 يول يىراقلىقتىكى بەيچىن دېگەن يەردە ئامبار قۇرۇپ، يات مىللەت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرىدىن بولۇپ 1000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنى ئەتراپىغا يىغىپ، ئۆزىنى ئەجدىھا سانغۇن، چۇچى گۇڭى دەپ ئاتىدى ۋە جىن سۇلالىسىگە بېقىندى. جىن پادىشاھى شياۋۋۇدى ياڭ دىڭنىڭ نامىنى ئېتىراپ قىلدى. كېيىن ئۇنى چىنجۇغا ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. دېڭگو 4 ـ يىلى (مىلادىيە 389 ـ يىلى) ياڭ دىڭ چىنجۇ ئايمىقىنى ئىگىلەپ، لۇڭشى خانى دەپ ئاتالغانىدى. كېيىن قىبىۇ چانگۇي⑳ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئوغلى يوق ئىدى.

ياڭ فۇگونىڭ ئوغلى ياڭ شېڭ بۇرۇن نائىب بەگلىك سالاھىيىتى بىلەن چۇچىنى ساقلىغانىدى. كېيىن دۆلەت ئىشلىرىغا باش بولۇپ، ئۆزىنى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، چىنجۇ ئايماقبېگى، چۇچى گۇڭى دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ ياڭ دىڭغا «ۋۇۋاڭ» دېگەن نامنى بەردى. دى، چياڭلارنى ئۆز جايلىرىنى ئۆزى ساقلايدىغان ئايرىم ـ ئايرىم 20 قورۇقچى قوشۇن قىلىپ تەشكىللىدى، ۋىلايەت ـ ناھىيە تەسىس قىلمىدى.

شۈنداق قىلىپ خەنجۇڭ رايونىنى ئىگىلەپ، يەنىلا جىن سۇلالىسىگە ۋاسسال بولۇۋەردى. تيەنشىڭنىڭ دەسلەپكى يىلى (مىلادىيە 398 ـ يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى بىلەن ئولپان ئەۋەتتى. ۋېي پادىشاھى داۋۋۇدى ياڭ شېڭنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى باش سانغۇن، چۇچى بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىنكى چىن خانلىقىنىڭ خانى ياۋ شىڭنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن ھەر يىلى ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىپ تۇرالمىدى. ياڭ شېڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ياڭ فۇنى جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، لياڭجۇ ئايماقبېگى قىلىپ، خەنجۇڭدا تۇرغۇزدى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يۈچۇ يىللىرى پادىشاھ سۇڭۋۇدى ياڭ شېڭغا ۋۇدۇ بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. ياڭ شېڭ ئۆلگەندە، ئۆز ئالدىغا «خۇيۋېن خانى» دېگەن ئاتاقنى ئالدى. ئوغلى ياڭ شۈەن دۆلەت ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلدى.

ياڭ شۈەن، يەنە بىر ئىسمى ياڭ خۇاڭمېي بولۇپ، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى باش سانغۇن، ئوردا ئۈچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، چىنجۇ ئايماقبېگى، ۋۇدۇ بېگى دەپ ئاتالدى. سۇڭ سۇلالىسىگە ۋاسسال بولسىمۇ، يەنىلا جىن سۇلالىسىنىڭ يىشى دېگەن يىلنامىسىنى قوللاندى. كېيىن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنجيا دېگەن يىلنامىسىنى قوللىنىشقا باشلىدى. بۇرۇن ياڭ شېڭ ياڭ شۈەنگە: «مەن قېرىپ قالدىم، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە جىن سۇلالىسىگە پۇقرا بولۇشۇم كېرەك، سەن سۇڭ پادىشاھىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىل» دېگەنىدى. شۇڭا، ياڭ شۈەن يىلنامىنى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يىلنامىسىگە ئۆزگەرتتى. ياڭ شۈەن لەشكەرلىرىنى قەدىرلەيتتى، بۇرۇن خارلانغان كىشىلەر ئۇنى سېغىناتتى. شىگۇاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 427 ـ يىلى) ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى باش ھۆدەيچى گۇڭسۇن گۈينى ئەۋەتىپ ياڭ شۈەننى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى باش سانغۇن، لياڭجۇ ئايماقبېگى، نەنچىن



بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ياڭ شۈەن ئۆزىگە ئىچكىرىدىكى بەگ ـ خانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ ئىلتىماس سۇندى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ماقۇل كۆردى. ياڭ شۈەن ئۆلگەندىن كېيىن «شياۋجاۋ خان» دەپ نام بېرىلدى. دۆلەت ئىشلىرىغا ئوغلى ياڭ باۋزۇڭ باشچىلىق قىلدى.

ياڭ شۈەن ئۆلۈش ئالدىدا ئىنىسى ياڭ نەنداڭغا: «ھازىر تەۋەيىمىز تىنچ ئەمەس، خەلقتىن ھال سوراشقا تېگىشلىك. باۋزۇڭ تېخى كىچىك، بىلىمسىز. دۆلەت ئىشلىرىنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئەجدادىمىز باشلاپ بەرگەن سەلتەنەت قولدىن كېتىپ قالمىسۇن» دېگەنىدى. ياڭ نەنداڭ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تەختكە باۋزۇڭ ئولتۇرسۇن، مەن ياردەمدە بولاي دەپ تۇرۇۋالدى. ياڭ باۋزۇڭ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ياڭ نەنداڭنىڭ خوتۇنى ياۋشى: «دۆلەت خەۋپ ئىچىدە قالغاندا سىز سەردار بولۇشىڭىز كېرەك ئىدى، ئەمدى كىچىك بالىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ قالدىڭىز، بۇ مەڭگۈلۈك چارە ئەمەس» دېدى. ياڭ نەنداڭ ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ، ياڭ باۋزۇڭنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، دۆلەت ئىشلىرىغا ئۆزى باشچىلىق قىلدى ۋە سۇڭ سۇلالىسىگە ۋاسسال بولدى. ئاندىن ياڭ باۋزۇڭنى جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، شىچاڭنى ساقلاشقا قويدى. ئاكىسىنىڭ كىچىك ئوغلى ياڭ شۈننى شەرقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، چىنجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، شاڭگۈينى ساقلاشقا قويدى. ياڭ باۋزۇڭ ياڭ نەنداڭغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش قەستىدە بولغانىدى، پاش بولۇپ قېلىپ سولاققا چۈشتى. بۇرۇن تەرەپ ـ تەرەپكە تارىلىپ كەتكەن كىشىلەر چۇچى باياشاتچىلىق ئىكەن دەپ، ئۇنىڭغا بېقىندى. سەرسانلاردىن شۇمۇجى، خاۋ يەنجى دېگەن ئىككى كىشى ياڭ نەنداڭغا بېقىنىپ، فامىلىسىنى سىماغا ئۆزگەرتتى. شۇمۇجى مېنىڭ ئىسمىم سىمافېيلۇڭ دېسە، خاۋ يەنجى مېنىڭ ئىسمىم سىما كاڭجى دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى جىن پادىشاھى

جەمەتىنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى دېدى. سىما كاڭجى ئۇزۇن ئۆتمەي بىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. سۇڭ سۇلالىسىگە قاراشلىق لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماقبېگى جىڭ فاخۇ جىنايى ئىشلارنى سورىمىغانلىقتىن، سۇڭ پادىشاھى ۋېندى[21] ئۇنىڭ ئورنىغا ئايماقبېگى شياۋ سىخۇانى ئەۋەتتى. ياڭ نەنداڭ شياۋ سىخۇا تېخىچە كەلمىدى، دەپ سەركەردە ــ سەرۋازلارنى ئەۋەتىپ لياڭجۇغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بەيمانى[22] ئىگىلەپ، خەنجۇڭنى بېسىۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شياۋسىخۇا ئەمىر لەشكەر شياۋ چىڭجىنى تۇرشاۋۇل قىلىپ ئەۋەتىپ، ياڭ نەنداڭغا زەربە بەردى. شياۋ چىڭجى بارغانلا يېرىدە غەلىبە قىلىپ، لياڭجۇنى تىنچىتتى. شۇنىڭ بىلەن ياڭ نەنداڭ يەنە سۇڭ سۇلالىسىگە بېقىندى. كېيىن ياڭ نەنداڭ ياڭ باۋزوڭنى قويۇپ بېرىپ، دوڭتىنگنى[23] ساقلاشقا ئەۋەتتى. ياڭ باۋزوڭ ئاكىسى ياڭ باۋشيەن بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە قايتىپ باردى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ياڭ باۋزوڭنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى باش سانغۇن، چىنجۇ ئايماقبېگى، ۋۇدۇ بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى؛ ياڭ باۋشيەننى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، جىنشۇ گۇڭى قىلدى. كېيىن ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى باش ھۆدەيچى[24] سۇي يىنى ئەۋەتىپ ياڭ نەنداڭنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى باش سانغۇن، ئوردا ئۈچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى، غەربىي چياڭلارغا ھامىي چېرىكچى، چىنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىنىڭ چوپاندارى، نەنچىن بېگى دېگەن ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىدى. ياڭ نەنداڭ كېيىن بۈيۈك چىن دۆلىتىنىڭ خانلىق ئورنىغا ئولتۇرۇپ، يىلنامىنى جيەنيى قىلىپ بەلگىلىدى. خوتۇنى خانىش، چوڭ خوتۇنىنىڭ چوڭ ئوغلى ۋەلىئەھد بولدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ ھەر دەرىجىلىك مەنسەپلەرنى تەسىس قىلدى. لېكىن سۇڭ سۇلالىسىگە يەنىلا



ئۆزمەي ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ دۆلەتتە قاتتىق قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، نۇرغۇن ئاپەت ۋە غەيرىي ئىشلار بولدى. ياڭ نەنداڭ بۈيۈك چىن خانى دېگەن نامنى ۋۇدۇ بېگىگە چۈشۈردى. تەييەن يىللىرىنىڭ بېشىدا (مىلادىيە 435 ــ يىلى) ياڭ نەنداڭ شاڭگۇينى قورغان قىلىپ ياساتتى ھەم ئۆزى ساقلىدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ھارۋا ــ ئاتلىقلار سانغۇنى، لېپىڭ بېگى توغبات پى قاتارلىقلارنى خېشى، گاۋپىڭدىكى قوشۇنلارنىڭ شاڭگۇينى ئېلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىشقا بۇيرۇدى. ياڭ نەنداڭغا شۇ يەرنى ساقلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ جەنۇبنى بۇلىدى. شۇجۇن ۋىلايىتىگە ئىگە بولۇش كويىدا بولدى ھەم سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يىجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، فۇچېڭنى[25] ئىشغال قىلدى. يەنە باشقا باستۇرۇپ كىرىپ، يۇڭجۇ ئايمىقىدىكى سەركەردانلاردىن 7000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق كىشىنى تۇتۇپ چۇچىغا ئېلىپ كەتتى. سۇڭ پادىشاھى ۋېندى غەزەپكە كېلىپ، سەركەردە پېي فاڭمىڭ قاتارلىقلارنى جازا يۈرۈشىگە ئەۋەتتى. ياڭ نەنداڭ مەغلۇپ بولۇپ چۇچىنى تاشلاپ، 1000 دىن ئارتۇق چەۋەندازنى ئېلىپ شاڭگۇيگە كەلدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى جۇڭشەن بېگى توغبات چىننى ياڭ نەنداڭنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق بارگاھىغا باشلاپ كىردى. پېي فاڭمىڭ چۇچىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ياڭ باۋزوڭنىڭ ئىنىسى ياڭ باۋجىنى ساقلاشقا قويدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خېجيەن گۇڭى توغبات چى ھۇجۇم قىلىپ ياڭ باۋجىنى قاچۇرۇۋەتتى.

دەسلىپىدە ياڭ باۋزوڭ شاڭگۇينى ساقلاشقا بۇيرۇلغانىدى. كېيىن لوگۇنى ساقلاپ، ئۆز ئېلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلدى. ياڭ باۋزوڭنىڭ ئىنىسى ياڭ ۋېندې بۇرۇن دىلارغا قېچىپ بارغاندا، ياڭ باۋزوڭنى ئاسىيلىق قىلىشقا دەۋەت

قىلغانىدى. ئىش پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، خېجيەن گوڭى توغبات چى ياڭ باۋزۇڭنى قولغا ئالدى ھەم پايتەختكە ئەۋەتىپ، ياڭ نەنداڭغا ئۆلتۈرگۈزدى. دى، چياڭلار ياڭ ۋېندېنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، جوشۈي دەرياسى[26] بويىدا تۇرغۇزدى. ياڭ ۋېندې ئۆزىنى غەربكە يۈرۈشى قىلغۇچى سانغۇن، چىنجۇ، خېجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىنىڭ چوپاندارى، چۇچى گوڭى دەپ ئاتىدى. ئۇ سۇڭ سۇلالىسىدىن ياردەم سورىدى. سۇڭ پادىشاھى ياڭ ۋېندېنى ۋۇدۇ بېگى قىلىپ تەيىنلىدى ھەم ئورۇنباسار لەشكەر بېشى فاڭ لياڭجى قاتارلىقلارنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى. خېجيەن گوڭى توغبات چى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، فاڭ لياڭجىنى تۇتۇۋالدى. ياڭ ۋېندې قېچىپ بېرىپ جيالۇنى[27] ساقلىدى.

ۋۇدۇ، يىنپىڭدىكى دىلاردىن نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭغا بېقىندى. ۋېي پادىشاھى تەيۇۋدى خۇەنياڭ گوڭى پى باۋزى قاتارلىقلارنى لەشكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ، ياڭ ۋېندېنى باستۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار خەنجۇڭغا بېرىپ، ياڭ ۋېندېنىڭ خوتۇن ــ بالىلىرىنى ۋە قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرىنى تۇتتى. ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيالارنى مۇسادىرە قىلدى. ياڭ باۋزۇڭنىڭ خوتۇنىنى (مەلىكىنى) پايتەختكە ئەۋەتىپ ئۆلتۈرگۈزدى. بۇرۇن مەلىكە ياڭ باۋزۇڭنى يۈز ئۆرۈشكە دەۋەت قىلغاندا، بەزىلەر: «سىز نېمە ئۈچۈن ئاتىڭىزنىڭ دۆلىتىدىن بۇنداق يۈز ئۆرۈيسىز؟» دەپ سورىسا، مەلىكە: «قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، خوتۇن كىشى ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئېرىگە تايىنىپ ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ. ئېرىم چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بىرەر زېمىنغا ئىگە بولسا، مەنمۇ بىر دۆلەتنىڭ خانىشى بولىمەن، بۇ كىچىككىنە بىر ناھىيىنىڭ ئىگىسى بولغاندىن تۈزۈك ئەمەسمۇ؟» دېگەن، شۇ سەۋەبتىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنىدى.

ۋېي پادىشاھى ۋېنچېڭدى دەۋرىدە، ياڭ نەنداڭ يىڭجۇنىڭ ئايماقبېگى بولغان، پايتەختكە قايتقاندىن كېيىن پاششاپ بەگ



بولغان، ئۆلگەندىن كېيىن «سادىق» دېگەن ئاتاق بېرىلگەنىدى. ئوغلى ياڭ خې ئاتىسىغا ئەگىشىپ ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان ۋە چۇچى گوڭى دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن، ئوغلى ياڭ دېزى ياڭ نەنداڭنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ ياش ئۆلگەن، ئوغلى ياڭ شياۋيەن ئاكىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ قائىدە بويىچە مەرتىۋىسى تۆرىلىككە چۈشۈرۈلۈپ، تيەنشۈينىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋە شۇ جايدا ئۆلگەنىدى. ياڭ نەنداڭنىڭ ئوغلى ياڭ دايەننىڭ ئايرىم تەرجىمىھالى بار ئىدى.

ياڭ شياۋيەننىڭ ئوغلى ياڭ گوڭشى مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلدى. جېڭگۇاڭ يىللىرى (مىلادىيە 520 — 525 ـ يىللىرى) نىڭ ئوتتۇرىلىرى دىۋانبېگىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى جاڭ پۇخۇي باش قوماندان بولۇپ، باج پۇلىنى نەنچىن، دۇڭيىغا ئاپىرىپ بېرىشتە ياڭ گوڭشىنى بىللە بارسا، دەپ ئىلتىماس قىلدى. نەنچىنغا بارغاندا، دىلار توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكتىن توسۇلۇپ قالدى. شۇڭا ئاۋۋال بېرىپ دىلاردىن ھال سوراشقا ياڭ گوڭشىنى ئەۋەتتى. دۇڭيىنىڭ ئايماقبېگى ۋېي زىجيەن ياڭ گوڭشىنى نائىنساپ، خەتەرلىك ئادەم دەپ قاراپ، يوشۇرۇن تەكشۈردى. دېگەندەك ياڭ گوڭشى يوشۇرۇن سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەمشەلگەنىدى. ۋېي زىجيەن بۇ ئىشنى جاڭ پۇخۇيغا مەلۇم قىلىپ، جاڭ پۇخۇيدىن ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش ۋە خاتىرىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. جاڭ پۇخۇي ياڭ گوڭشىنى جىددىي چاقىرتتى. لېكىن ياڭ گوڭشى قايتقىلى ئۇنىمىدى ۋە شەرققە بۇرۇلۇپ خەنجۇڭغا باردى. جاڭ پۇخۇي ئۇنىڭ قىلمىشىنى مەكتۇپ ئارقىلىق سۆكتى. ياڭ گوڭشى پارا بېرىپ جازادىن قۇتۇلدى. كېيىن ماندات تۇتقۇچى باسقاق سانغۇنلۇققا تەيىنلىنىپ، تۇتۇق بەگ يۈەن جى بىلەن چىجۇنى[28] ساقلىدى. چىنلىق قاراقچى موجېتيەنشېڭغا[29] ئەسىر چۈشۈپ، چىنجۇدا ئۆلدى.

كېيىن، ياڭ ۋېندى خەنجۇڭدىن چيەنچېڭ، لۇڭچېڭ شەھەرلىرىگە كىرىپ ھۆكۈم سۈرۈپ، يىنپىڭ[30]، ۋۇشىڭ[31] رايونلىرىنى ئىگىلىدى. كېيىن، سۇڭ سۇلالىسىدىكى جىنجۇ ئايماقبېگى لىيۇ يىشۇەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ياڭ باۋزۇڭ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئوغلى ياڭ يۈەنخې سۇڭ سۇلالىسىگە بېقىنىپ، ۋۇدۇ، بەيشۈيلەرگە[32] ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى. ياڭ يۈەنخې قەلئەلەر بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بېقىنغانلىقى ئۈچۈن ۋېي پادىشاھى ۋېنچېڭدى ئۇنى مۇكاپاتلاپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، ۋۇدۇ بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، پايتەختكە كۆچۈردى. ياڭ يۈەنخېنىڭ تاغىسى ياڭ سېڭسى جيالۇدا ئۆزىنى ۋۇدۇ خانى دەپ ئاتىدى. ياڭ سېڭسى ئۆلگەندىن كېيىن، بىر نەۋرە ئىنىسى ياڭ ۋېندۇ ۋۇشىڭ خانى دېگەن ئورۇنغا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولدى. ۋېي پادىشاھى شيەنۋېندى ياڭ ۋېندۇنى ۋۇشىڭغا باسقاق سانغۇن قىلىپ تەيىنلىدى. ياڭ ۋېندۇ ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئاسىيلىق قىلدى. ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندىنىڭ دەسلەپكى يىلى، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن پى خۇەنشى جيالۇنى ئېلىپ، ياڭ ۋېندۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى.

ياڭ ۋېندۇنىڭ ئىنىسى ياڭ خۇڭنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى ياڭ شۇئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋېي پادىشاھى شيەنۋېندى توغبات خۇڭنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقتىن، ئەركىلەتمە ئىسمى بىلەن ئاتىلاتتى. ياڭ شۇ ئۆزىنى ۋۇشىڭ خانى دەپ ئاتاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ گۇناھىنى تىلىدى، ئوردىغا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ئولپان ئەۋەتتى. ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندى ئۇنى قوبۇل قىلدى. ياڭ شۇ ئوغلى ياڭ گۇنۇنى پايتەختكە تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى. پادىشاھ ياڭ شۇنى تۇتۇق، نەنچىن ئايماقبېگى، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، غەربىي رۇڭلار چېرىكچىسى، ۋۇدۇ بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ياڭ شۇ ئۆلگەندىن كېيىن، كىچىك



خوتۇندىن تۇغۇلغان ئوغلى ياڭ خۇچى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلدى. ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندى ياڭ شۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۇنىڭغا بەردى. ياڭ شۇنىڭ ئوغلى ياڭ جىشى بەيشۈيگە ۋالىي بولدى.

ياڭ خۇچى ئۆلگەندىن كېيىن، ياڭ جىشى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، ۋۇدۇ خانى بولۇۋالدى. ياڭ جىشى پايتەختكە سالامغا بارغاندا تۇتۇق، نەنچىن ئايماقبېگى، جەنۇبنى تىنچىتقۇچى باش سانغۇن، قوشۇمچە جەنۇبىي قوۋملارنى قوغدىغۇچى چېرىكچى، خەنجۇڭ ۋىلايىتى بېگى، ۋۇشىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەندى. ھارۋا، تۇغ، جەڭ ئېتى، ئەلەم، پۆپۈك ئىنئام قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ۋۇشىڭغا قايتىپ كەلگەندە، جەنۇبنى ساقلىغۇچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلۈپ نىڭجۇ، شياڭجۇ قاتارلىق بەش ئايماقنىڭ لەشكىرىي ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدىغان بولدى. كېيىن چۇچى باسقاق سانغۇنى ياڭ لىڭجېن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ ۋۇشىڭنى بېسىۋالدى. ياڭ جىشى جەنۇبىي چى سۇلالىسىگە باردى. جىڭمىڭ يىللىرى (مىلادىيە 500 — 504 ـ يىللىرى) نىڭ باشلىرى، ياڭ جىشى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. ئۇنىڭغا بۇرۇنقى مەرتىۋىسى بېرىلىپ ۋۇشىڭنى ساقلاشقا قايتۇرۇلدى. ياڭ جىشى ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى ياڭ شاۋشيەن ئولتۇرۇپ، تۇتۇق، نەنچىن ئايماقبېگى، ياتلارغا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، خەنجۇڭ ۋىلايىتى گۇڭى، ۋۇشىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەندى. مەرھۇم ياڭ جىشىغا ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغۇچى دېگەن مەرتىۋىلەر ھەدىيە قىلىندى. «ئەنۋاڭ» دەپ نام بېرىلدى.

ياڭ شاۋشيەن كىچىك بولغانلىقتىن، ئەل ئىشلىرى ئىككى تاغىسى ياڭ جىچى، ياڭ جىيىلارغا ھاۋالە قىلىندى. شياخۇ داۋچيەن[33] خەنجۇڭنى بېرىش ئارقىلىق شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە

بەيئەت قىلماقچى بولغاندا، لياڭ سۇلالىسىنىڭ بەيمادىكى قورۇقچىسى يىن تيەنباۋ لەشكەر باشلاپ چىقىپ ئۇنى قورشىۋالدى. شياخۇ داۋچيەن ياڭ جىچى، ياڭ جىيىلاردىن ياردەم سورىدى. ئىككىلىسى ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىشنى كۆزلەپ ياردەم بېرىشنى خالىمىدى. ياڭ جىشىنىڭ ئىنىسى ياڭ جىلاڭ خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرغاچقا، لەشكەر باشلاپ بېرىپ يىن تيەنباۋنى مەغلۇپ قىلىپ، خەنچۇەننى قوغداپ قالدى. بۇ ياڭ جىلاڭنىڭ تۆھپىسى ئىدى. ياڭ جىيى لياڭجۇ، يىجۇلارنىڭ تىنچىغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋۇشىڭنى ئۆزلۈكچە سىرتقى ۋاسسال دۆلەت بولالماسلىكىن دەپ ئەنسىرەپ، دىلارنى ياڭ شاۋشيەننى خان قىلىپ تىكلەشكە قۇترىتاتتى. ياڭ جىچى، ياڭ جىيىلار ئۆزلىرىنى خان دەپ ئاتاپ، تاشقى جەھەتتە لياڭ سۇلالىسىگە بېقىنىپ، ئۇنى ئۆزىگە ھىمات قىلدى. غەربىي تىنچىتقۇچى سانغۇن شىڭ لۇەن ئەلەمدار سانغۇن فۇشۇيەننى ئەۋەتىپ، ۋۇشىڭنى ئىگىلەپ ياڭ شاۋشيەننى تۇتۇۋالدى ۋە پايتەختكە ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئېلىنى يوقىتىپ، ۋۇشىڭنى قورغان قىلدى. كېيىن ۋۇشىڭنى دۇڭيى ئايمىقىغا ئۆزگەرتتى.

باسقاق سانغۇن تاڭ فالى، ئايماقبېگى دۇ زۇەن، شىڭ باۋلار نوپۇزىنىڭ يوقلۇقى، شەپقىتىنىڭ ئازلىقى تۈپەيلىدىن كىشىلەرنى بىزار قىلدى. شۇڭا، دىلارنىڭ سەردارى چۇشىجۇ قاتارلىقلار كەينى - كەينىدىن ئاسىيلىق قىلدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى غەربىي جەنۇب رايونىدىن بەك ئەنسىرەيتتى. جېڭگۇاڭ يىللىرى (مىلادىيە 520 — 525 - يىللىرى) نىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋېي زىجيەن ئايماقبېگىلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، غەمخورلۇق، سەمىمىيەت ئارقىلىق دىلارنى ئەل بولۇشقا چاقىردى. ئاقارتىش ئىشلىرىمۇ يولغا قويۇلدى. شۇڭا، يىراق - يېقىندىكىلەر كېلىپ، يارىشىپ ۋە بېقىنىپ ئىچكىرىدىكىگە



ئوخشاش بولدى. كېيىن ۋېي زىجيەننىڭ ئورنىغا تاڭ يۇڭ ئايماقبېگى بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، دىلار ئاسىيلىق قىلدى. تاڭ يۇڭ قەلئەنى تاشلاپ شەرققە قاچتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ رايون يەنە دىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى جاھان مالىمان بولدى. ياڭ شاۋشيەن ۋۇشىڭغا قېچىپ بېرىپ، يەنە ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالدى. جۇ پادىشاھى ۋېندى [34]چىنجۇ ئايمىقى بىلەن لۇڭشى، لۇڭدۇڭ ۋىلايەتلىرىنى تىنچىتتى. ياڭ شاۋشيەن غەربىي ۋېي سۇلالىسىگە ۋاسسال بولۇپ، خوتۇن - باللىرىنى غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە ئاپىرىپ تۇرغاق قىلىپ بەردى. داتۇڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 535 - يىلى) ياڭ شاۋشيەن خوتۇنىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىۋېدى، جۇۋېندى ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ماقۇل بولدى. ياڭ شاۋشيەن ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى ياڭ پىشىي ئولتۇردى.

داتۇڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 538 - يىلى) نەنچى ئايمىقىدىكى دىلاردىن فۇشۇ ئاسىيلىق قىلىپ ۋۇدۇنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى تەيبەي خانى دەپ ئاتىدى. غەربىي ۋېي پادىشاھى ئۇلۇغ تۇتۇق خۇمو چىنشۇەن بىلەن ۋېيجۇ ئايماقبېگى جاڭسۇن چېڭنى بېرىپ باستۇرۇش ۋە تەسلىم قىلىشقا بۇيرۇدى. 9 - يىلى (مىلادىيە 543 - يىلى) چىڭشۇي[35] ۋىلايىتىدىكى دىلارنىڭ سەردارى لى شۇرېن يەر ئىگىلەپ توپىلاڭ كۆتۈردى. دىلارنىڭ سەردارى لياڭ داۋشيەن ئاسىيلىق قىلىپ، نەنيۇغا[36] ھۇجۇم قىلدى. جۇۋېندى مىرزىبەگ [37] جاۋچۇاڭنى ھال سوراشقا ئەۋەتتى. لى شۇرېن قاتارلىقلار كەينى - كەينىدىن ئەل بولدى. 11 - يىلى (مىلادىيە 545 - يىلى) ۋۇشىڭدا دۇڭيى ئايمىقى تەسىس قىلىنىپ، ياڭ پىشىي ئايماقبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. 15 - يىلى (مىلادىيە 549 - يىلى) ئەنيىدىكى دىلار يەنە ئاسىيلىق قىلدى. شۇ چاغدا

جاۋ چاڭ ۋالىي ئىدى. توپىلاڭغا باشچىلىق قىلغان 20 نەچچە كىشىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئىسيان بېسىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جاۋ چاڭ نەنچىن ئايمىقىنىڭ ئىشلىرىنى مۇۋەققەت باشقۇرۇپ تۇرۇشقا قويۇلدى. دىلارنىڭ سەردارى گەيناۋ قاتارلىق كىشىلەر توپىلاڭ كۆتۈرۈپ بېيگۇنى ئىگىلىۋالدى. ئۇنىڭ شېرىكلىرى غەرب تەرەپتە داڭچاڭ چياڭلىرىدىن لياۋگەن بىلەن بىرلىشىپ، گەيناۋنى باشلىق قىلىپ تىكلىدى. جاۋ چاڭ تەرەپ - تەرەپتىن ئادەم ئەۋەتىپ قانداق قىلسا خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى، قانداق قىلسا ئاپەت بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتتى. ئاندىن كېيىن لەشكەر ئەۋەتىپ باستۇردى. گەيناۋ تۇتۇلۇپ، قالغان ئادەملىرى تارقىلىپ كەتتى. شىڭجۇ ئايمىقىدا توپىلاڭ كۆتۈرگەن دىلار نەنچى ئايمىقىغا قىستاپ كەلدى، ئايماقبېگى چى لوشيې جاۋ چاڭغا ياردەم تىلەپ ئەلچى ئەۋەتتى. جاۋچاڭ بېرىپ ئاسىيلىق قىلغان دىلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى.

ئەسلىدە دىلارنىڭ سەردارى ياڭ فاشېن يېنپىڭنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇ ياڭ شېڭنىڭ ئەۋلادى ئىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شياۋچاڭ يىللىرى (مىلادىيە 325 — 328 - يىللىرى) بارلىق ئادىمىنى باشلاپ بېرىپ بېقىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاسساللىق بۇرچىنى ئۈزمەي ئادا قىلدى. غەربىي ۋېي پادىشاھى فېيدىنىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 551 - يىلى) ياڭ فاشېن لىجۇغا ئايماقبېگى بولدى. ياندۇرقى يىلى ياڭ پىشيې شەرقىي يىجۇنى ئىگىلەپ توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، دىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە توپىلاڭ كۆتۈردى. چى لوشيې بىلەن جاۋچاڭ ئۇنى بېسىقتۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. جۇۋېندى ئۇلۇغ سانغۇن يۈۋېن گۈينى ئۇلۇغ تۇتۇق، شىڭجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. يۈۋېن گۈي بۇرۇندىنلا نوپۇزلۇق بولغاچقا، دىلار ئۇنىڭدىن قورقاتتى ھەم ئۇنىڭغا قايىل ئىدى. 2 - يىلى (مىلادىيە 552 - يىلى) ياڭ فاشېن ۋېيچى جيوڭ بىلەن بىللە شۇجۇن



ۋىلايىتىنى بېسىقتۇرۇشقا باردى. قوشۇننى قايتۇرۇپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆزى بىلەن بىر جەمەتتىن بولغان ياڭ چۇڭجى، ياڭ چىنسۇلار بىلەن سوقۇشتى. بۇ چاغدا جاۋچاڭ چيڭجۇ، ۋۇجۇ، شاجۇ ئايماقلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلاتتى. ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ياراشتۇرۇۋىدى، ياڭ فاشېن قاتارلىقلار بويسۇنمىدى. جاۋ چاڭ ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرىنى تارقىتىۋەتتى ۋە باشقىدىن ئايماق، ۋىلايەت تەسىس قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

غەربىي ۋېي پادىشاھى گۇڭدىنىڭ ئاخىرقى يىلى (مىلادىيە 557 - يىلى) ۋۇشىڭدىكى دىلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، لىجۇنى[38] قورشىۋالدى. فېڭجۇ[39] گۇداۋدىكى دىلاردىن ۋېي تيەنۋاڭ قاتارلىقلارمۇ ئادەم توپلاپ ئاۋاز قوشتى. باش سانغۇن دۇلۇنىڭ قاتارلىقلار ئۇلارنى بېسىقتۇردى. جۇ پادىشاھى مىڭدى دەۋرىدە، شىڭجۇلۇق[40] دۇەن جا شيابيەن ۋە بەيشۇ ئىككى ناھىيىنىڭ ئادىمىنى باشلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، لەنگاۋ قورغىنىنى ئىشغال قىلدى. دىلارنىڭ سەردارى جياڭدو چۇجۇڭدىكى دىلارنى باشلاپ بېرىپ، لوسۇڭ ۋىلايىتىنى ئىگىلەپ ئاۋاز قوشتى. جاۋ چاڭ شيابيەن، بەيشۇ ناھىيىلىرىنى بېسىقتۇرۇپ، دۇەن جانى ئۆلتۈردى. لېكىن يىنپىڭ، جيالۇدىكى دىلار ھە دېگەندە ئادەم توپلاپ، چۇجۇڭدىكى دىلارغا ھەمدەم بولدى. جاۋ چاڭ خىللانغان چەۋەندازلار بىلەن تۇيدۇرماي چۇجۇڭغا كىرىپ، داجۇپىڭ دېگەن يەرگە باردى. يەتتە توساقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ كاتتىۋېشىنى ئۆلتۈردى. بۇ ئىككى ۋىلايەت ئەل بولدى. جاۋچاڭ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، چۇجۇڭدىكى دىلار يەنە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. جاۋ چاڭ يەنە پەخرىي ۋەزىر ليۇ چۇڭيى، يۈۋېن چىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. نەتىجىدە دىلارنىڭ ھەممىسى جىمىقتۇرۇلدى.

ۋاڭ چيەن لەشكەر باشلاپ توپىلاڭ قىلغاندا، شاجۇدىكى

دىلارنىڭ سەردارى چارىپانسات ياڭ يۈگئەن يەنە شاجۈنى[41] ئىگىلەپ، ۋاڭ چيەنگە ھەمدەم بولدى. باش سانغۇن داشىرۇ ئۇنىڭ جازاسىنى بەردى.

تۈيغۇن ئەسلى لياۋدۇڭدىكى سيانپىيلاردىن تۇخېشىپگۈينىڭ ئوغلى ئىدى. تۇخېشىپگۈينىڭ يەنە بىر ئىسمى يىلوخەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى تۈيغۇن، كىچىكىنىڭ ئېتى رولوگۈي ئىدى. تۇخېشىپگۈي ئۆلگەندىن كېيىن، قەبىلىنى رولوگۈي ۋاكالىتەن سوردى. مانا بۇ مۇرۇنلار بولدى. تۇخېشىپگۈي ھايات چاغدا، تۈيغۇنغا 700 ئۆيلۈك ئاھالىنى، رولوگۈيگە ئىككى ئۇلۇسنى بۆلۈپ بەرگەنىدى. ئىككىيلەننىڭ ئېتى تېپىشىپ قالدى. بۇنىڭغا رولوگۈي خاپا بولۇپ: «دادام ئاكام بىلەن ئىككىمىزنى ئايرىم ـ ئايرىم ئورۇنلاشتۇرغان، ئىككىمىزگە باشقا ـ باشقا جايدىن يەر بەرگەن، ئاكام نېرىراق كەتمەي، نەتىجىدە ئاتلىرىم يارىلاندى!» دەپ تۈيغۇنغا ئادەم ئەۋەتتى. تۈيغۇن : «ئات دېگەن چۆپ يەيدۇ، سۇ ئىچىدۇ. ئەتىيازدا كۆيلەش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە تېپىشىدۇ. تېپىشكەن بولسا ئات تېپىشىپتۇ، ئادەمدە نېمە گۇناھ؟ ئايرىلماق ناھايىتى ئاسان، مانا ھازىرلا سەندىن 10 مىڭ چاقىرىم نېرى كېتەي!» دېدى. رولوگۈي پۇشايمان قىلدى. ئۇ ھايات قالغان مويسىپىت ۋە دورغاپ چىنالۇنى ناماقۇللۇق ئېيتىشقا ئەۋەتتى. تۈيغۇن: «ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ لياۋشۈي دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ھەق ئىش قىلىپ كەلگەندۇق. ئاتام ھايات چاغدا قۇر ئاچتۇرسا، قۇرچى ئىككى ئوغۇللىرى بار ئىكەن. بەختلىك بولىدۇ. بۇ بەخت ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالىدۇ، دېگەنىكەن. مەن كىچىك خوتۇندىن تۇغۇلغان ئورنى تۆۋەن ئوغۇل، قائىدە بويىچە مېنىڭ ئورنۇم باشقا ئاكا ـ ئۇكىلىرىمنىڭكىگە ئوخشاش بولمايدۇ. ھازىر ئاتنى دەپ كۆڭۈل ئاغرىقى بولۇۋاتىدۇ، بۇ تەڭرىنىڭ بېشارىتى



بولسا كېرەك. سىلەر ئاتنى كۆن چىقىشقا ھەيدەپ بېقىڭلار، ئەگەر ئات كۆن چىقىشقا ماڭسا، مەنمۇ ئاتقا ئەگىشىپ كېتەي» دېدى. تۈيغۇن يېنىدىكى چەۋەندازلارغا ئاتلارنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار دەپ بۇيرۇدى. ئاتلار نەچچە يۈز قەدەم مېڭىپلا خۇددى تاغلارنى كۆمتۈرۈۋېتىدىغاندەك قاتتىق كىشنىشىپ كۈن پېتىشقا قاراپ قاچتى. بۇنداق ئەھۋال ئون نەچچە قېتىم كۆرۈلدى. چىنالۇ ئامال قىلالماي: «خاقان، بۇ ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەسكەن!» دېدى. تۈيغۇن ئۆزىگە تەۋە قەبىلىلەرگە: «ئىنىم ئۇرۇغ ـ ئەۋلادىغىچە قۇدرەتلىك بولىدۇ، رولوگۈيدىن ئوغلى، نەۋرىسى، ئەۋرىسىگە قالىدۇ، بۇ ئارىلىق يۈز يىلدىن ئاشىدۇ. مېنىڭ ئەۋلادىم بولسا، پەقەت ئەۋرەمگە بارغاندا ئاندىن قۇدرەت تېپىشقا باشلايدۇ» دېدى ـ دە، غەربكە — چوغاي تېغىغا كەتتى. كېيىن ئۇ يەردىن يول ئېلىپ لۇڭ دېگەن يەرگە باردى. رولوگۈي ئاكىسىنى ئەسلەپ «ئايۇ ناخشىسى» نى ئىجاد قىلدى. تۇخې قەبىلىسى «ئاكا» نى «ئايۇ» دەيتتى. تۇخېنىڭ ئەۋلادى دۆلەت قۇرغاندا، ھارۋىلارغا ئەگىشىپ داقا ـ دۇمباق چېلىپ مۇشۇ ناخشىنى ئاساسىي كۈي قىلىپ چالاتتى.

تۈيغۇن لۇڭ دېگەن يەرگە كۆچۈپ بېرىپ، فۇخەندە تۇرۇپ قالدى. فۇخەندىن گەنسۇڭغا[42]، جەنۇب تەرەپتە ئاڭچىڭ ۋە لۇڭخېغا، تاۋشۈي دەرياسىنىڭ[43] غەربىي شىمالىدا بەيلەنگە[44] قەدەر بېرىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم دائىرىدە نەدە ئوت ـ سۇ بولسا شۇ يەرگە چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشتى، گۆش ـ قۇرۇتنى ئوزۇق قىلدى. غەربىي شىمالدىكى قوۋملار ئۇلارنى ئازارلار دەپ ئاتىدى.

تۈيغۇن ئۆلگەندە 60 ئوغلى بار ئىدى. چوڭ ئوغلى تۈياننىڭ بويى 7 چى 8 سۇڭ بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەردىن كۈچلۈك، ئەمما ئىچى تار، رەھىمسىز ئادەم ئىدى. ئاڭچېڭدىكى

چياڭلارنىڭ سەردارى جياڭسۇڭ ئۇنىڭغا خەنجەر سالدى. خەنجەر بەدىنىدىن تارتىپ ئېلىنماي تۇرۇپلا ئۇ ئوغلى يېيەننى چاقىرىپ، باش سەركەردە چۆباغا: «مەن جان ئۈزگەندىن كېيىن، جەسىتىمنى ساندۇققا سېلىپ بولۇپلا بىرىپ بەيلەننى قوغداڭلار. بەيلەن مۇھىم ھەم يىراق جاي، ئادەملىرى قورقۇنچاق، كونترول قىلىش ئاسان. يېيەن تېخى كىچىك، باشقا بىرەرسى تەختكە ئولتۇرسا يېيەننىڭ گېپىگە كىرمەي قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇڭا يېيەننى سىلەرگە تاپشۇرىمەن. يېقىن ۋەزىرلەرنىڭ كۆچى بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىڭلار، كىچىك ئوغلۇم تەختكە ئولتۇرسا، ھېچقانداق ئارمانىم يوق» دېدى ـ دە، خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپلا جان ئۈزدى. ئۇنىڭ 12 ئوغلى بار ئىدى. يېيەن بالا ۋاقتىدىلا جەسۇر، كەسكىن ئىدى. ئۇ ئون يېشىدىلا پاخالدىن قارانچۇق ياساپ، ئۇنى جياڭسۇڭ دەپ ئاتاپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭغا ئوق ئاتاتتى. تەككۈزەلىسە خۇشال بولۇپ كېتەتتى، تەككۈزەلمىسە ئۇن سېلىپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ ئانىسى: «دۈشمەنگە ئۈچ سەركەردىلەر ئۇنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىدۇ، سېنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىرىپ جاپا تارتىشىڭغا قانداقمۇ يول قويالايمەن» دېدى. يېيەن ئۆزىنىڭ يارامسىزلىقىغا ئېيسەدەپ يىغلىدى ۋە ئانىسىغا: «ھېچنېمىگە پايدىسى يوقلىقىنى بىلىپ تۇرسامۇ، يۈرىكىم سوقۇپ تۇرغانىكەن، بۇ ئازاپقا چىدىيالمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ بەك ۋاپادار ئىدى. ئانىسى ئاغرىپ قېلىپ ئۈچ كۈنگىچە ھېچنېمە يېمىگەندى، يېيەنمۇ يېمىدى. ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇش بىلەنلا ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ئۇلۇغ بوۋام يىلوخەنگە چاڭلى گۇڭگى دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن، مەن چاڭلى گۇڭنىڭ نەۋرىسىنىڭ ئوغلى بولغاندىن كېيىن «يوسۇننامە» گە ئاساسەن خان ئاتامنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىشىم كېرەك دەپ، تۇيغۇننى ئۆزىگە فامىلە قىلدى.

يېيەن ئۆلگەندە، ئورنىغا ئوغلى سۇيشى ئولتۇردى. سۇيشى



ئاقكۆڭۈل، ئېھتىياتچان ئىدى. 3 ـ ئىنىسى ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغاندا، سۇيشى تىزگىنلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن سەركەردىلەر بىرلىشىپ، ئۇنىڭ 3 ـ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. سۇيشى ئىچ ئاغرىقىدا ئەل ئىشلىرىغا قولى بارماي، ئوغلى شىلىيەننى خاننىڭ ئىزباسارى قىلىپ دەسسىتىپ، ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى موغىلان دەپ ئاتىدى. موغىلان «ئاتا» دېگەنلىك ئىدى. سۇيشى ئىچ ئاغرىقىدا ئۆلدى. ئورنىغا شىلىيەن ئولتۇردى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ئويۇن ـ بەزمىلەرنى تەرك ئەتتى. 15 يىل ئۆتكەندە ئۇمۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئورنىغا ئىنىسى شىچى ئولتۇردى. ئۇمۇ ئۆلدى. ئوغلى شۇلوگەن تېخى كىچىك بولغانلىقتىن، ئورنىغا ئىنىسى ۋۇخېتى ئولتۇردى. ئۇ شۇلوگەننىڭ ئانىسىنى نىكاھىغا ئېلىپ مۇگۇي، مۇلىيەن دەپ ئىككى ئوغۇل تاپتى. ۋۇخېتىنىڭ يەنە بىر ئىسمى داخەي بولۇپ، ئۇ ئۆلگەندە ئورنىغا شۇلوگەن ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى دەپ ئاتىدى. بۇ جىن سۇلالىسى يىشىنىڭ دەسلەپكى يىلى (مىلادىيە 405 ـ يىلى) ئىدى.

شۇلوگەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئىنىسى ئاسەي ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى چەۋەنداز سانغۇن، شاجۇ ئايماقبېگى دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ تەۋەسىدە نەچچە يۈز چاقىرىم كەڭلىكتە گىياھ ئۈنمەيدىغان قۇملۇق بولغانلىقتىن، شاجۇ دەپ ئاتالغانىدى. ئاسەي دى، چياڭلارنى قوشۇۋېلىپ، زېمىنىنى نەچچە مىڭ چاقىرىمغا يەتكۈزۈپ، كۈچلۈك دۆلەت ئاتالغانىدى. ئۇ شىچياڭ تېغىغا㊺ چىقىپ، ديەنجياڭ دەرياسىنىڭ㊻ بېشىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ۋەزىرلەردىن: «بۇ دەريا شەرققە ئاقىدىكەن، يەنە باشقا نامىمۇ بارمۇ؟ قايسى ۋىلايەت، قايسى بەگلىكتىن ئۆتۈپ، قايسى دەرياغا قۇيۇلىدۇ؟» دەپ سورىدى. دورغاپ زېڭ خې: «بۇ دەريا چۈچىدىن، ئاندىن جىنشۇدىن㊼ ئۆتۈپ، داڭچۇدىن چىققاندىن كېيىن ديەنجياڭ دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. باجۇن

ۋىلايىتىگە بارغاندا، چاڭجياڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ، گۇاڭلىڭدىن[48] ئۆتۈپ دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ» دېدى. ئاسەي: «سۇ چېغىدا دېڭىزغا قۇيۇلۇشنى بىلىدىكەنۇ، بىز چەت ياقىدىكى كىچىك ئەلنىڭ بارىدىغان يېرى يوقمۇ؟» دەپ، ئەلچى ئەۋەتىپ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقە باغلىدى. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ئولپان ئەۋەتتى. سۇڭ پادىشاھى شاۋدى[49] ئۇنىڭغا جاۋخې دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ بولغۇچە، سۇڭ پادىشاھى ۋېندى يۈەنجيا 3 ـ يىلى (مىلادىيە 426 ـ يىلى) ئۇنى يەنە مەنسەپكە تەيىنلىدى. ئۇ يەنە ئوردىغا ئەلچى بىلەن ئولپان ئەۋەتتى. شۇ چاغدا ئاسەي تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ، ئۆلۈش ئالدىدا پەرزەنتلىرىنى چاقىرىپ: «مەرھۇم خانىمىز چەۋەندازلار سانغۇنى ئەمىلىنى ئوغلى چيەنگە بەرمەي، ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ماڭا تاپشۇردى. مەرھۇم خانىمىزنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئۇنتۇپ، ئوغلۇم ۋېيدەيىنىلا ئويلىسام بولامدۇ! ئورنۇمغا مۇگۇيىنى ۋارىسلىق قىلدۇرىمەن» دېدى. ئاسەينىڭ 20 ئوغلى بولۇپ، ۋېيدەي چوڭى ئىدى. ئاسەي يەنە: «ھەممىڭلار ماڭا بىردىن ئوق بېرىڭلار، مەن ئۇ دۇنيادا ئېتىپ ئوينايمەن» دېدى. بىردەمدىن كېيىن مۇگۇيىنىڭ بىر قورساق ئىنىسى مۇلىيەنگە: «سەن ئوقتىن بىرنى ئېلىپ سۇندۇر» دېدى. مۇلىيەن سۇندۇردى. ئاسەي يەنە: «ئەمدى 19 ئوقنى بىراقلا سۇندۇر» دېدى. مۇلىيەن سۇندۇرالمىدى. ئاسەي: «سىلەر ئۇقمايسىلەر، ئازنى سۇندۇرماق ئاسان، كۆپ بولسا سۇندۇرماق تەس، بىر نىيەتتە تىرىشقاندىلا ئېلىمىز مۇستەھكەم بولىدۇ» دېدى ۋە جان ئۈزدى. ئورنىغا مۇگۇي ئولتۇردى.

ئاسەي سۇڭ پادىشاھىنىڭ يارلىقى يېتىپ بارغىچە ئۆلگەنىدى. مۇگۇي يەنە مەكتۇپ يوللاپ، سۇڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە ئالاقە باغلىدى. سۇڭ پادىشاھى ۋېندى مۇگۇيىنى لۇڭشىغا گۇڭ قىلىپ تەيىنلىدى. مۇگۇي چېڭجۇ، لياڭجۇدىكى بىكار



تەلەپلەر ۋە چاڭ، رۇڭلاردىن 600 ئۆيلۈك ئادەمنى توپلاپ، جەنۇبتا شۇجۇن، خەنجۇڭ ۋىلايەتلىرى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ، شىمالدا لياڭجۇ، قۇلانلار[50] بىلەن ئالاقە باغلىدى. زېمىنى ۋە نوپۇسى كۆپىيىپ، بارا ـ بارا قۇدرەت تاپتى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى دەۋرىدە مۇگۇي ئۆزىنىڭ نۆكەر بېشى شيې دانىڭدىن مەكتۇپ ئەۋەتىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بېقىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي قۇلان تىنىنى تۇتۇپ، پايتەختكە ئەۋەتتى. پادىشاھ تەيۋۇدى مۇگۇيىنى مۇكاپاتلىدى ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنى باش سانغۇن، غەربىي چىن بېگى قىلىپ تەيىنلىدى.

مۇگۇي: «پېقىر ئاددىي، ئاجىز ئادەم بولسامۇ، سەمىمىي نىيەت بىلەن دەيۇزنى تۇتۇپ، غەلىبىنى ئوردىغا ئاتىدىم. ئوردا ئىنئام قىلغان مەرتىۋە خېلى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن زېمىنىمىز كېڭەيمىدى. هارۋا، تۇغ ـ ئەلەملەر يېڭىلانغان بولسىمۇ، نەرسە ـ كېرەكلەر ئىلتىپات قىلىنمىدى. دەردىمىزگە دەرمان بولۇنمىدى، ساداقىتىمىزگە چۈشلۈق ئىش بولمىدى. مەن ئاسىيلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدىم، تەۋەيىمىزدىكىلەر بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ شەرققە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. هازىر پادىشاھىنىڭ يارلىقى بىر تۇتاش ئىجرا قىلىنىدى. يېرىمىز قايتۇرۇپ بېرىلسە، قىببۇ يۆلىيەن، كۆلۆخەن ۋە جاڭ خۇالارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى بۇ يەردە غۇربەتچىلىك، سەرسانچىلىقتا قاپتۇ، شۇڭا ئۇلارمۇ قايتۇرۇپ كېتىلسە. شەپقەتلىرى يىراقلارغا يېتىپ، كىشىلەرگە ياشاش شارائىتى ئاتا قىلغاي» دەپ مەكتۇپ سۇندى.

ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ۋەزىرلەرنى ئوردىغا يىغىپ، قانداق جاۋاب قايتۇرۇش توغرىسىدا كېڭەش قىلدى. باش ئەمىرلەشكەر جاڭسۇن سۇڭ ۋە مەسلىھەتچى، ئۆلىمالار بولۇپ 279 كىشى قاتناشتى. ئۇلار مۇنداق دېدى: «بۇرۇن ئوردا مۇنداق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، غەربىي چىن خانى مۇگۇيىنى ناھايىتى يىراق

جايدىكى ھۆكۈمران، سۇلالىمىزنىڭ سىياسىتى يېتىپ بارالايدىغان يەردە ئەمەس، دەپ قارىدى. شۇڭا، كەلسە قوبۇل قىلدى، كەتسە بوپتۇ دېدى. پادىشاھنىڭ سەلتەنىتى يىراقلارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، غەربىي چىن خانى ھەقىقەتكە تەلپۈنۈپ، پادىشاھنىڭ نوپۇزىدىن تەپ تارتىپ، قۇللۇق بىلدۈرۈپ ئولپان تاپشۇردى ۋە مەرتىۋە تەلەپ قىلدى. قەدىمكى زاماندا ھۆكۈمرانلىق مەركىزىدىن يىراقتىكى ئەللەرنىڭ نوپۇسى كۆپ، زېمىنى كەڭ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خانلىرىنىڭ مەرتىۋىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر بىلەن تەڭ بولمىغان. ئالىيلىرىنىڭ ئۇلارنى زىيادە ياخشى كۆرۈپ بەرگەن بەگلىك مەرتىۋىلىرى ئادەتتىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كىيىمى، ئات ـ ھارۋىلىرى، تۇغى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تەۋەسىدىكى بەگلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ قالدى. ئۇلارغا بېرىلىدىغان تاۋار ـ دۇردۇننىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى بۇرۇنقى تۈزۈملەردە يوق بولۇپ، ھەممىسى ۋاقىتلىق بەلگىلەنگەندى. خەن، ۋېي سۇلالىلىرىدە يىراق جايلارنى پەيلەشكە دائىر كونا مىساللار خېلى بار. لۇخانئانا[51] تەگرىقۇت باتۇرغا مەپىدىن ئىككىنى، ئاتتىن سەككىزنى بەرگەن، تەگرىقۇت باتۇر ئۇنىڭغا جاۋابەن 1000 ئات بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھونلار بىلەن تەڭ دۆلەت سۈپىتىدە قۇدىلاشقاندىمۇ، ھەدىيە قىلىنغان مەشۇت نەچچە يۈز توپتىن ئاشمىغان. تەگرىقۇت قوغشار ئوردىغا ئۆزى كېلىپ پادىشاھقا سالام بەرگەندە، ئاندىن 10 مىڭ توپ مەشۇت بېرىلگەن. ھازىر غەربىي چىن خانى تەۋەسىدە پىلە قۇرتى بولمىغانلىقتىن يۇقىرىدىن تەلەپ قىلغان بولسا، بۇنى نەرسە ـ كېرەك ئىلتىپات قىلىنمىدى، دېگىلى بولمايدۇ. جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ جەمەتى ھالىدىن كېتىپ ئاجىزلاشقاندا، چى بەگلىكىنىڭ بېگى شياۋبەي[52] جاھاننى جۇ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇرغاندىمۇ ئۇنىڭغا نەزىرگە ئىشلىتىلىدىغان پىششىق



گۆشنى قوبۇل قىلىش يارلىق قىلىنغانكى، يەر قوشۇپ بېرىش ئىلتىپات قىلىنمىغان. چىن بېگى جۇڭئېر[53]چېڭپۇدا[54] چۇ بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلغاندىمۇ، جۇ سۇلالىسىگە سالام بېرىشكە كېلىپ، چۈشىدىغان تۇرالغۇ قىلىش ئۈچۈن نەنياڭنىڭ يېرىنىلا قوبۇل قىلغان. ھازىر غەربىي چىن پەقەت قۇلان تىننى ئوردىغا ئەكىلىپ بەردى خالاس. چېگرا سىرتىدىكىلەر پۇرسەت بولسىلا ئاز ـ تولا پايدىنى دەپ چىنجۇ، لياڭجۇلارغا بېسىپ كىرەتتى، زېمىن كېڭەيتىش غەرىزى يوق ئىدى. مەرتىۋىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تەۋەسىدىكى بەگلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ چىنجۇ، لياڭجۇ، خېجۇ، شاجۇ ئايماقلىرىنى سوراپ تۇرۇپ، يەنە زېمىنىمىز كېڭەيمىدى، دەپتۇ. ئۇلار مۇقەددەس سۇلالىمىزنى ئاجىز جۇ سۇلالىسىگە ئوخشىتىپ، ئۆزىنى بەش ھاكىمبەگ[55]قاتارىغا قويۇپتۇ، ئۆز نەپسىنى باسالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ! غەربىي چىن خانى ئوردىغا سادىق ئىدى، ئۇنىڭ ئەسلى ئويى ئۇنداق بولمىسا كېرەك. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا ياخشى مەسلىھەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ھازىرقىدەك بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

غەربىي چىن زېمىنىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەنلەرنىڭ ئىچىدە بۇلانغانلىرىنىڭ ھەممىسى پۇبەندە[56] ئىدى. ھازىر ئەل بولغاندىن كېيىن جاھان تىنچىپ، گويا بىر ئائىلىدەك بولدى. چىنجۇلۇقلارغا ئۇلار پايتەختكە ئېلىپ بېرىلىپ ئاندىن يۇرتىغا قايتۇرۇلىدۇ، دېيىش كېرەك. ئۇلار تەلەپ قىلغان قىببۇ يۆلىيەن قاتارلىق ئۈچ كىشى ئەسلىدە مېھمان ئەلنىڭ ئەلچىلىرى سۈپىتىدە ئوردىمىزغا كەلگەن. ھازىر ئۇلارنىڭ ئېلى يوقىلىپ، ئائىلىسى ئۆزگىرىپ، بېقىندى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قۇلاق سالمىساقمۇ بولىدۇ.»

خان مۇنداق يارلىق قىلدى: «ۋەزىرلەرنىڭ كېڭىشى قائىدە ـ يوسۇندىن چەتنىمىدى. غەربىي چىن بېگى جىنچېڭ،

فۇخەن، لۇڭشىلارنى تارتىۋالغانىدى، ئۇ جايلارنى مەن ئۇلارغا بېرىۋەتتىم. مۇشۇنىڭ ئۆزى يەر سۇيۇرغال قىلغانلىقتۇرسا، يەنە كېڭەيتەمدىكەن؟ غەربىي چىن كېلىپ بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، بېرىلىدىغان گەزمال ئەلچىلەرنىڭ كېلىشى بىلەن ھەر ھالدا كۆپەيدى» . شۇنىڭدىن باشلاپ مۇگۇي ئوردىغا ئەۋەتىدىغان ئولپاننى ئازايتتى. سۇڭ سۇلالىسى بىلەنمۇ ئالاقە ئورناتتى. سۇڭ پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭغا لۇڭشى بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بەردى.

تەييەن 2 - يىلى (مىلادىيە 436 - يىلى) مۇگۇي ئۆلدى. ئورنىغا ئىنىسى مۇلىيەن ئولتۇردى. ۋېي پادىشاھى ئەلچى ئەۋەتىپ مۇگۇيغا «خۇيۋاڭ» دېگەن نامنى ئىنئام قىلدى. كېيىن مۇلىيەننى كۈن پېتىشنى تىنچىتقۇچى باش سانغۇن، ئوردا ئۈچ ئەمىرىنىڭكىگە ئوخشاش تەميناتتىن بەھرىمەن بولغۇچى قىلىپ تەيىنلەپ، شىپىڭ بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. مۇگۇينىڭ ئوغلى يۈەن شۇنى قۇتاتقۇچى سانغۇنلۇققا تەيىنلىدى. شۇ چاغدا مۇلىيەنمۇ سۇڭ پادىشاھى ۋېندى بىلەن ئالاقە ئورناتتى. سۇڭ پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭغا خېنەن بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى لياڭجۇغا لەشكەر تارتقاندا، مۇلىيەن قورقۇپ ئاھالىسىنى باشلاپ غەربكە قاراپ چۆللۈككە قاچتى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى مۇلىيەننىڭ ئاكىسىنىڭ قولان تىنىنى تۇتۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ئىلتىپاتىنى جاكارلىدى. مۇلىيەن قايتىپ كېلىپ، ئەلچى ۋە مەكتۇپ ئەۋەتىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. پادىشاھ ئۇنى مۇكاپاتلىدى.

مۇلىيەننىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ۋېيدەي مۇلىيەننىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى بىلەن قېچىشنى پىلانلىدى. مۇلىيەن تۇيۇپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. ۋېيدەينىڭ ئىنىسى چىلىيەن قاتارلىق سەككىز



كىشى پايتەختكە قېچىپ بېرىپ، مۇلىيەننى باستۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى چىلىيەننى ھەقىقەتكە قايتقۇچى بەگلىككە تەيىنلىدى. جىن بېگى فۇلونى لەشكەر باشلاپ بېرىپ، مۇلىيەننى باستۇرۇشقا بۇيرۇدى. قوشۇن دامۇ كۆۋرۈككە كەلگەندە، مۇلىيەننىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى شىيىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىگە قېچىپ كەتتى. فۇلو كەينىدىن قوغلاشقا لەشكەر ئەۋەتىپ، 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى. مۇلىيەن بەيلەنگە قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى فۇنيەن، دورغاپ بوجۇلى، قەبىلە ئاقساقىلى چۇڭئېلار 13 مىڭ ئۆيلۈك ئاھالىنى باشلاپ بېرىپ تەسلىم بولدى. كېيىن يەنە كۈنپېتىشقا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، گاۋلياڭ بېگى توغبات نار قاتارلىقلار مۇلىيەننى باستۇرۇش ئۈچۈن بەيلەنگە ئەۋەتىلدى. مۇلىيەن ئۇدۇنغا كىرىپ، ئۇدۇن خانىنى ئۆلتۈردى، ئۆلگەن ئادەم نەچچە ئون مىڭغا يەتتى. ئۇلار جەنۇبقا بۇرۇلۇپ كەشمىرگە يۈرۈش قىلدى. ئەلچى ئەۋەتىپ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقە ئورناتتى ۋە سۇڭ سۇلالىسىدىن ياردەم تىلىدى ھەم سۇڭ پادىشاھى ۋېندىغا ئوغان تۇمىقى، ئايالار دۆلىتىدىن چىققان ئالتۇن جام، غوز خانىنىڭ ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى. سۇڭ پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭغا مەپە ئىنئام قىلدى. 7 - يىلى بۇرۇنقى جايىغا قايتىپ كەتتى.

مۇلىيەن ئۆلگەندە ئورنىغا شۇلوگەننىڭ ئوغلى شىيىن ئولتۇردى ۋە فۇلوچۇەندە قەلئە ياسىتىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېتىپ - قوپۇش، يۈرۈشى - تۇرۇشىنى خانلارنىڭكىگە ئوخشاش ئورۇنلاشتۇردى. شىيىن ئوردا ئالدىدا مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئۆتىدى، ئولپان تاپشۇردى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ يىلنامىسىنى قوبۇل قىلدى. سۇڭ پادىشاھى ۋېندى بەرگەن مەرتىۋىنىمۇ قوبۇل قىلىپ خېنەن بېگى دەپ ئاتالدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ئەلچى ئەۋەتىپ شىيىننى غەربنى تىنچىتقۇچى باش سانغۇن، شاجۇ

ئايماقبېگى ، شىپىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئوردىدىن يىراقلىقى، يەر شارائىتىنىڭ خەتەرلىكلىكىدىن پايدىلىنىپ ئەدەپسىزلىك قىلىپ، بۇيرۇققا پىسەنت قىلمايدىغان بولۇۋالدى ھەم سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ياخشى ئات، تۆت مۈڭگۈزلۈك قوي ھەدىيە قىلدى. سۇڭ پادىشاھى مىڭدى ئۇنىڭغا مەنسەپ بەردى. ۋېي پادىشاھى ۋېنچېڭدى دەۋرىدە، دىڭياڭ بېگى ساۋئەن: «ھازىر شىيىن بەيلەنىنى بېسىۋالدى، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئات ـ كالا بار. ئەگەر ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلساق، نۇرغۇن مال ـ دۇنيانى ئىگىلەيمىز» دەپ پادىشاھ ۋېنچېڭدىغا مەكتۇپ سۇندى. كېڭەشتىكىلەر : «مەرھۇم پادىشاھ شىيىنىنىڭ ئىنىسى بىلەن ئەپ ئۆتمىگەنلىكىدىن نەپرەتلىنىپ جىن بېگى فۇلو، گاۋلياڭ بېگى توغبات نارلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن، ئەمما ھېچقانچە غەلىبە قازىنالمىغان. شىيىن يىراققا قاچتى، قوشۇنىمىزمۇ قوغلاپ چارچاپ كەتتى. ھازىر شىيىن بەيلەندە، دۆلەت چېگرىسىغا چېقىلمىدى، خەلققە زىيان ـ زەخمەت سالمىدى. شۇڭا دەرھال ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئەمەس. ئەلچى ئەۋەتىپ ھال سوراپ ئۇنى كەلتۈرىدىغان بولساق، ئۇ چوقۇم ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا كۈچ كەتمەيدۇ. خان ـ پادىشاھ بولغان ئادەم چەت ـ ياقىدىكى جايلارنى ئالاقە باغلاپ تىزگىنلەپلا تۇرسا بولىدۇ، ئۇ ئەلنى قىرغىن قىلىپ، يەرلىرىنى ئىگىلەپ نېمە قىلىدۇ؟» دېيىشتى. ساۋئەن: «مەن بۇرۇن جياۋخېدا باسقاق سانغۇن بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن قوشنا ئىدىم. ئۇنىڭ خىيالى ۋە ئەھۋالىنى بىلىمەن. ئەگەر ئوڭ، سول ئىككى تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇم قىلساق، شىيىن ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن چوقۇم جەنۇبىي تاغقا قېچىپ بارىدۇ، ئون كۈنگە بارمايلا ئات ـ ئۇلاغلىرى يەيدىغان ئوت ـ چۆپ قالماي، ئادەملىرىنىڭ ئاشلىقى تۈگەيدۇ ـ دە،



چوقۇم چېچىلىپ يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇ چاغدا بىر يولىلا جىمىقتۇرغىلى بولىدۇ» دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆردى. ياڭپىڭ بېگى توغبات شىنچېڭ، جيەنئەن بېگى مۇليۇتۇلارنى جەنۇبىي يول بىلەن بېرىپ ھۇجۇم قىلىشقا، نەنجۈن گۇڭگى لى خۇي، باش غوجىدار گۇڭسۇن با ۋە ساۋئەنلەرنى شىمالىي يول بىلەن بېرىپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. شىيىن جەنۇبىي تاغقا قېچىپ كەتتى. ھەر قايسى يولدىكى لەشكەرلەر خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۇنى قوغلىدى. بۇ چاغدا نۇرغۇن بەگ ـ لەشكەرلەر كېسەل بولۇپ كەتتى. سەركەردىلەر: «شىيىن قېچىپ يىراقلاپ كەتتى، لەشكەرلەر تېخى ئەمدى روھلاندى، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان تۆھپىنى يارىتىشقا قىستىساق، بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولامدۇ» دېيىشتى. بۇنى ھەممەيلەن توغرا تاپتى ۋە لەشكەرلەرنى باشلاپ قايتتى. 20 مىڭدىن ئارتۇق تۆگە، ئات غەنىيمەت ئالدى.

ۋېي پادىشاھى شيەنۋېندى يەنە شاڭداڭ بېگى جاڭسۇن گۇەن قاتارلىقلارنى ئايماق ـ ۋىلايەتلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ شىيىننى باستۇرۇشقا بۇيرۇدى. قوشۇن مانتۇ تېغىغا بارغاندا، شىيىن كېلىپ سوقۇشتى. جاڭسۇن گۇەن قاتارلىقلار بارلىق قوشۇننى ئىشقا سېلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. شىيىن تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتتى. ئۇ تۇۋا قىلىش ئارقىلىق ۋاسساللىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خىيال قىلىپ، ئايماقبەگ ياردەمچىسى كاڭ پەنلۇڭدىن پادىشاھقا مەكتۇپ ۋە ئولپان ئەۋەتتى. ۋېي پادىشاھى شيەنۋېندى كاڭ پەنلۇڭنى نەزەربەند قىلىپ قايتۇرمىدى. شىيىننىڭ قەبىلىلىرى قەھەتچىلىكتە قېلىپ، جياۋخېنى بىر نەچچە قېتىم بۇلىدى. پادىشاھ شيەنۋېندى كۆن پېتىشنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، گۇاڭچۇەن گۇڭگى پى خۇەنشىنى دۇنخۇاڭ، لياڭجۇ، فۇخەن، گاۋپىڭ قاتارلىق جايلارنىڭ لەشكەرلىرىنى تۇرشاۋۇل قىلىپ،

ئەمرى مىمار، شاڭداڭ بېگى جاڭسۇن گۇەننىڭ باش نازارەتچىلىكىدە جازا يۇرۇشىگە ئاتلاندۇردى. جاڭسۇن گۇەنلەرنىڭ قوشۇنى شىيىننىڭ تەۋەسىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلۈك زىرائەتلىرىنى ئاتلىرىغا يېگۈزدى. شىيىن خىجىل بولۇپ ھەم قورقۇپ، گۇناھىنى تىلەش ئۈچۈن ئوغلىنى بارگاھقا ئەۋەتتى. جاڭسۇن گۇەنلەر ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ شيەنۋېندى سەركەردە - سەرۋازلارنى كۆپ مۇكاپاتلىدى، ئاندىن شىيىننى قاتتىق ئەيىپلىدى ھەم ئۇنىڭ بالا - چاقىسىنى تۇرغاقلىققا ئالماقچى بولدى. شىيىن ئوغلى جىننى پايتەختكە تۇرغاق بولۇشقا ئەۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، پادىشاھ شيەنۋېندى جىننى قايتۇرۇۋەتتى. شىيىن چېگرىنى يەنە پاراكەندە قىلىپ ۋە بۇلاپ، سەركەردىسى لياڭلىننى تاۋياڭنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. تاۋياڭ فۇخەننىڭ تەۋەسىدىكى جاي ئىدى. فۇخەننىڭ باسقاق سانغۇنى، شىجۇن ۋىلايىتى بېگى ياڭ جۇڭكۇي شىيىنغا خەت ئەۋەتىپ ئەيىپلىدى. شىيىن: «پادىشاھنىڭ يارلىقىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، مېنى بۇرۇنقى جايغا قايتىپ كەلسۇن دېدى. شۇڭا تاۋياڭنى ساقلاشقا لياڭلىننى ئەۋەتتىم. ئەگەر بۇرۇنقى ئىشلار سۈرۈشتۈرۈلمىسە، تاۋياڭ ئۆزىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئوردىغا تەقدىم قىلسۇن» دەپ مەكتۇپ سۇندى. ئۇنىڭ گەپ - سۆزى سەمىمىي، جايىدا ئىدى. پادىشاھ ماقۇل كۆردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھەر يىلى ئوردىغا سالامغا كېلىدىغان، ئولپان تاپشۇرىدىغان بولدى.

تەيخې 5 - يىلى (مىلادىيە 481 - يىلى) شىيىن ئۆلدى، ئورنىغا ئوغلى دۇيفۇ ئولتۇردى. ئۇ نۆكەر بەگ شىنشىيېندىن ئوردىغا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتىپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئىجازەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. كېيىن دۇيفۇ داڭچاڭغا ھۇجۇم قىلدى. پادىشاھ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇنى ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، يەنە 120 توپ گەزمال ئىنئام قىلىپ،



ئۇنىڭغا خاتالىقىنى چىن كۆڭلىدىن تونۇتىشنى، داڭچاڭدىن بۇلاپ كەتكەن ئادەم ۋە مال - مۈلۈكنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى. دۇيفۇ بۇيرۇققا ئەمەل قىلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى فۇلىيەنچۇ ۋارىسلىق قىلدى. ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندى ئۇنى ئوردىغا چاقىرتقاندا، ئۇ ئاغرىپ قالدىم دەپ مەكتۇپ سۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تاۋياڭ، نىخې قەلئەلىرىنى رېمونت قىلىپ پۇختىلىدى ھەم بۇ ئىككى قەلئەگە تۇرغاۋۇل قويدى. خانئانا ۋېنمىڭ ئۆلگەندە، ئوردا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزدى. فۇلىيەنچۇ پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىھۆرمەتلىك قىلغاندا، ئوردا ئەھلى ئۇنى باستۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندى قوشۇلمىدى. ۋەزىرلەر: «ئۇ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىشتا بىھۆرمەتلىك قىلدى، ئۇنىڭ ئولپانىنى قوبۇل قىلماسلىق كېرەك ئىدى» دەپ قارىدى. پادىشاھ: «بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىشتا بىھۆرمەتلىك قىلغان بولسا، ئەيىبلىسەك، سۈرۈشتۈرسەك بولىدۇ. يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلىش ۋاسساللار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە، ئولپاننى رەت قىلساق ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىنى ئۈزگەن بولىمىز، ئۇ توۋا قىلاي دېسىمۇ ئامال قالمايدۇ» دېدى ۋە مۇنداق يارلىق قىلدى: «مەن ھازىر قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە، باستۇرىدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس. بۇلتۇر ئەتىيازدا فۇخەننىڭ تۇرغاۋۇلى تاۋياڭ، نىخې قەلئەلىرىنى ئىگىلىگەنلىكى ھەققىدە مەكتۇپ ئەۋەتكەندە، بۇنى چېگرىدىكى سەركەردىلەر ئىچىدە بولۇپ تۇرىدىغان ئىش دەپ قاراپ، قوشۇلغاندۇق. بىر قىسىم لەشكەرلەر بېرىپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئىككى قەلئە ئاسانلا تەسلىم بولغان، 2000 دىن ئارتۇق ئادەم سوراق قىلىنغان، يەنە 900 ئايال تۇتۇۋېلىنغان. بالىلار بىلەن ئاياللار پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېتىلسۇن». فۇلىيەنچۇ ئوغلى خېلۇتۇنى ئوردىغا سالامغا ئەۋەتتى. پادىشاھ خېلۇتۇغا ئادەتتىكىدىن ئاشۇرۇپ ئىلتىپات

قىلدى ۋە ئىنئام بەردى. فۇلىيەنچۇنى ماندات تۇتقۇچى، غەرب تەرەپنىڭ لەشكىرىي نازارەتچىسى، كۆن پېتىشقا يۈرۈشى قىلغۇچى سانغۇن، قوشۇمچە غەربىي رۇڭلار چېرىكچىسى، شىخەي ۋىلايىتى گۇڭى، تۇيغۇن بېگى دېگەن مەنسەپلەرگە تەيىنلىدى. تۇغ، مۆھۈر، پۆپۈك قاتارلىقلارنىمۇ بەردى.

كېيىن، چەۋەنداز مەھرەم جاڭ لىنى فۇلىيەنچۇنىڭ يېنىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. فۇلىيەنچۇ جاڭ لىغا: «بۇرۇن داڭچاڭ چياڭلىرى بىلەن ئىناق ئۆتكەنىدۇق. كۆرۈشكەندە ئۇ مېنى خان دەپ ئاتايتتى، ئۆزىگە كەلگەندە ئىسمىنى ئاتايتتى. ھازىر ئەھۋال ئۆزگىرىپ قارام ۋەزىر بولۇپ قالدىم. ئەلچىمىزمۇ نەزەربەنت قىلىندى. ئەمدى بىر قىسىم لەشكەرلەرنى يولغا چىقىرارمىش، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دېدى. جاڭ لى: «سىزمۇ، داڭچاڭمۇ ۋېي سۇلالىسىنىڭ ۋاسسالى، لېكىن ئۆزئارا بەسلىشىش نەتىجىسىدە زىددىيەت تۇغۇلدى. ۋاسساللىقتا خاس قائىدىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلدىڭىز. قوشۇن يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ۋەزىرلەر سىزنى خاتالىقىنى تونۇپ، ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدى دەپ قارىسا، ۋاسساللىق ئورنىڭىزنى ساقلاپ قالالايسىز؛ ئەگەر خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ دەپ قارىسا، بالايىئاپەت ياغىدۇ» دېدى. فۇلىيەنچۇ لام - جىم دېمىدى. پادىشاھ شياۋۋېندى ئۆلگەندە، فۇلىيەنچۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ماتەم تۇتتى ھەم ئۆزىنىڭ سەمىمىيىتى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈردى.

فۇلىيەنچۇ ئىچكى جەھەتتە ئوردىغا ۋاسساللىق مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەپ ئولپان تاپشۇردى. تاشقى جەھەتتە رۇڭ، دىلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى ۋاسساللار ئىچىدە باي - قۇدرەتلىك دەپ ئاتالدى. فۇلىيەنچۇ ۋېي سۇلالىسىنى دوراپ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى، باشقا ئەللەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى تىزگىنلىدى. شۇ يول بىلەن ئۆزىنىڭ چوڭ دۆلەتلىكىنى



كۆز - كۆز قىلدى. ۋېي پادىشاھى شۇەنۋۇدىنىڭ دەسلەپكى يىلى، ئوردا يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنى مۇنداق دەپ ئەيىپلىدى: «لياڭجۇ ئايمىقى سىزنىڭ داڭچاڭغا سۇنغان مەكتۇبىڭىزنى يوللاپ بەردى. لياڭ مىيۇڭمۇ، سىزمۇ چېگرا رايوندىكى ۋاسسال. ئۇنىڭ ئورنى سىزنىڭ ئورنىڭىز بىلەن ئوخشاش. لېكىن سىز داڭچاڭغا بەرگەن خەتنى ‹خاننىڭ مەكتۇبى›، خەتتە سۆزلەنگەن ئوي - پىكرىڭىزنى ‹خاننىڭ بۇيرۇقى› دەپسىز، ئوردا ئەھلى دۆلەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىغا ئاساسەن لەشكەر چىقىرىپ، سىزگە جازا يۈرۈشى قىلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. مەن چەت - ياقا جايلاردا ئەنسىزلىك تۇغۇلمىسۇن، ئۆزئارا گۇمان تۇغۇلمىسۇن دەپ، بۇ ئويلىرىمنى سىزگە دەۋاتىمەن، ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ.» فۇلىيەنچۇ ئۆزىنى ئاقلاپ مەكتۇپ سۇندى. گەپ - سۆزى سەمىمىي ئىدى. ۋېي پادىشاھى شۇەنۋۇدى دەۋرىدىن جېڭگۇاڭ يىللىرىغىچە قوتاز، شۇجۇن ۋىلايىتىنىڭ ئېتى ۋە غەربىي جەنۇبنىڭ ئېرىق ماللىرىنى يىلمۇ يىل ئۈزۈلۈپ قويماي ئەۋەتىپ تۇردى. كېيىن چىنجۇلۇق موجېنىيەنشېڭ ئاسىيلىق قىلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى يوللارنى توستى. لياڭجۇلۇق ۋەنيۇپۆت ئاسىيلىق قىلىپ، شەرقتىكى موجېنىيەنشېڭغا ھەمدەم بولۇپ، لياڭجۇ ئايماقبېگى سۇڭ يىڭنى قاماپ قويدى. سۇڭ يىڭ فۇلىيەنچۇغا ياردەم تەلەپ قىلىپ مەخپىي ئادەم ئەۋەتتى. فۇلىيەنچۇ شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشقا باردى. لياڭجۇ ئايمىقى شۇنىڭ بىلەن ساقلاپ قېلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ چېگرا ئېغىزلىرى توسۇلۇپ، ئولپانمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى.

فۇلىيەنچۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى كۇالۇ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاشقا باشلىدى ۋە كۆكنۇرنىڭ غەربىگە 65 چاقىرىم كېلىدىغان فۇچى قەلئەسىدە تۇردى. ئۇ يەردە سېپىل، ئۆي - ئىمارەت بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئولتۇرماي كىگىز ئۆيدە ياشاپ، سۇ - ئوت قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلدى.

ئۇ يەر شەرقتىن غەربكە 3000 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلەتتى. خان، تۆرە، ياندىش ۋەزىر، دىۋانبېگى، كاتاۋۇل، سانغۇن دېگەن مەنسەپلەرنى تەسىس قىلدى. كۇالۇ بىر تۇتام چېچىنى ئۆرۈپ چوققىسىغا قوندۇرۇۋالاتتى، ئۇستىگە پەي قاداپ مەرۋايىت بىلەن بېزەيتتى. بۆك ئورنىغا قارا ياغلىق ئورايتتى. شىرسىمان ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇراتتى. خوتۇنىنى «كېزۇن» دەپ ئاتىدى. ئۇ ئۇزۇن كۆينەك، كىمخاب پەرىجە كىيەتتى، چېچىنى ئۆرۈپ ئارقىسىغا تاشلاپ، بېشىغا زەر تاج كىيەتتى. ئۆرپ - ئادىتى: ئەرلىرىنىڭ كىيىمى خۇاشىيالار(57) نىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. تولىسى تەتىللا بۆك كىيەتتى، تاۋار بۆك كىيىدىغانلارمۇ بار ئىدى؛ ئاياللىرى كىيىمىنى لەئەل - ياقۇت، قۇلۇلە قېپى بىلەن بېزەيتتى. چېچىنى تۇگۇۋالاتتى، چېچى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ئېسىلزادە ھېسابلايتتى. ئۇلارنىڭ قورالىرى ئوقيا، قىلىچ، ساۋۇت، نەيزىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەلنىڭ تۇراقلىق بېجى يوق، لازىم بولغاندا ھاللىق ئائىلىلەردىن، سودىگەرلەردىن ئېلىپ دۆلەتنىڭ خىراجىتىنى قامدايتتى. قانۇنى: ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە ئات ئوغرىلىغانلار ئۆلتۈرۈلەتتى؛ باشقا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەردىن جازا ئورنىدا نەرسە - كېرەك تۆلىتىپ ئېلىناتتى. قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ پالاققا تارتىدىغان ئەھۋالمۇ بار ئىدى. ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەرنىڭ بېشىنى كېكىز بىلەن ئوراپ، تاش ئېتىپ ئۆلتۈرەتتى. ئاتىسى ياكى ئاكىسى ئۆلسە، ئوغلى ياكى ئىنىسى ئۆگەي ئانىسى ياكى يەڭگىسىنى نىكاھىغا ئالاتتى، بۇ تۈركلەرنىڭ ئادىتىگە ئوخشايتتى. نىكاھ ئىشىدا، تويلۇققا قۇربى يەتمىگەن كەمبەغەللەر قىزنى ئېلىپ قاچاتتى. ئۆلگەن ئادەمنى كۆمەتتى. قارىلىق كىيىمىنى جەسەت كۆمۈلۈش بىلەنلا سېلىپ تاشلايتتى. تەبىئىتى ئاچكۆز، ئادەم ئۆلتۈرۈش، زەخمىلەندۈرۈش



ھەرىكەتلىرىگە كۆنۈك، ئوۋ خۇمار ئىدى، گۆش ۋە قۇرۇتنى ئۇزۇق قىلاتتى. يەر تېرىشنىمۇ بىلەتتى، ئارپا، تېرىق، پۇرچاقلارنى تېرىيتتى، لېكىن شىمال تەرىپىنىڭ ھاۋاسى سوغۇق بولغاچقا، چامغۇر، ئارپىلا تېرىلاتتى. شۇڭا، ئۇ يەردە كەمبەغەللەر كۆپ، بايلار ئاز ئىدى. كۆكنۇر كۆلىنىڭ دائىرىسى 1000 چاقىرىمدىن ئاشاتتى، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارال بار ئىدى. ھەر يىلى قىشتا كۆل مۇز تۇتقاندا، ياخشى بايتاللارنى ئارالغا ئاپىرىپ قوياتتى. ياندۇرقى يىلى باھاردا ئۇلارنى يىغىپ قايتۇرۇپ كېلەتتى. بايتاللار شۇ يەردە بوغاز بولاتتى، تۇغۇلغان تايلار دۇلدۇل دېيىلەتتى، ئۇلاردىن نۇرغۇن ئېسىل ئاتلار چىقاتتى. تۇيغۇن بۇرۇن پېرسىيە بايتىلىنى ئەكەلدۇرۇپ، كۆكنۇردا يايلاتقانىكەن. ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئالا قۇلۇن كۈنىگە 1000 چاقىرىم ماڭاتتىكەن. زامان - زامانلاردىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن كۆكنۇر تۇلپارىنىڭ ئەجدادى شۇ ئىدى. ئۇ يەردىن قوتاز، ئات، قېچىر چىقاتتى. شاتۇتى كۆپ، مىس، تۆمۈر، قىزىلقۇم مول ئىدى. قارىمىقىدا پېشامشان، چەرچەنلەر بار ئىدى.

شىنخې يىللىرى (مىلادىيە 539 — 542 - يىللىرى) شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شېنۋۇدى ۋېي سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى بولغاندا، يىراق جايلاردىكى قەبىلىلەرگە مېھرىبانلىق يەتكۈزدى. جورجانلار شەرقىي ۋېي سۇلالىسىگە بېقىنغاندا، كۇالۇ ئەلچى ئەۋەتىپ شەرقىي ۋېي سۇلالىسىگە سالام يوللىغانىدى. شېنۋۇدى ئۇنىڭغا ھەققانىيەت توغرىسىدا ۋەز ئېيتىپ، ئۇنى ئوردىغا سالامغا بېرىشقا ۋە ئولپان تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى. كۇالۇ ئەلچى جاۋتۇگۇجېننى جورجانلار يېرىدىن ئۆتىدىغان يول ئارقىلىق شەرقىي ۋېيغا كۆپ قېتىم ئەۋەتتى. بىر نەۋرە سىڭلىسىنى پادىشاھ جىڭدى(58)غا كۆرسەتتى، پادىشاھ جىڭدى ئۇنى توقال قىلدى. جىڭدى چەۋەنداز مەھرەم فۇلىڭبياۋنى

كۆالۇنىڭ قارام دۆلىتىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. كۆالۇ يەنە قۇدىلىششنى تەلەپ قىلىۋىدى، جىنەن بېگى كۆاڭ يۈەننىڭ نەۋرىسى گۆاڭلى مەلىكىنى ئۇنىڭ نىكاھىغا بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، كۆالۇ ئوردىغا ئۈزمەي سالامغا كېلىپ، ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى.

غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داتۇڭ يىللىرى (مىلادىيە 535 — 551 ـ يىللىرى) نىڭ باشلىرىدا، جۇۋېندى پەخرىي ۋەزىر يەن رۈينى بويۇنتاۋلۇق قىلىش بىلەن بويسۇنۇشنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى چۈشەندۈرۈشكە ئەۋەتتى. كۆالۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ئات، كالا، قوي تەقدىم قىلدىيۇ، پاراكەندىچىلىك، بۇلاڭچىلىقنى توختاتمىدى. چېگرا بويىدىكى نۇرغۇن جايلار ئۇنىڭ دەردىنى تارتتى. پادىشاھ فېيدى[59]نىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 553 ـ يىلى) جۇۋېندى لەشكەر باشلاپ گۇزاڭغا باردى. كۆالۇ قورقۇپ كېتىپ، ئەلچى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى. شۇ يىلى كۆالۇ يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ شىمالىي چى سۇلالىسى بىلەن دوستلۇق ئورناتتى. لياڭجۇ ئايماقبېگى شى نىڭ[60] ئەلچىلەرنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىنى پەملەپ، لياڭجۇنىڭ غەرب تەرىپىدىكى چىچۈەن دېگەن يەردە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ياندىشبېگى قېببۇجۇاڭ، سانغۇن جەي پەنمى، سودىگەرلەر ۋە غوزلاردىن بولۇپ 240ئادەمنى تۇتۇۋالدى. 600 تۇياق تۆگە، قېچىر، 10 مىڭ تويتەك ھەرخىل مەشۇت رەختىنى قولغا چۈشۈردى. پادىشاھ گۇڭدى[61] نىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 556 ـ يىلى) شى نىڭ يەنە تۈركلەرنىڭ مۇقان قاغانى بىلەن بىرلىشىپ كۆالۇگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ، قىممەتلىك نەرسە ـ كېرەك ۋە ئۇلاغلارنى قولغا چۈشۈردى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ۋۇچېڭ يىللىرى (مىلادىيە 559 — 560 ـ يىللىرى) نىڭ بېشىدا كۆالۇ يەنە لياڭجۇنى بۇلىدى. لياڭجۇ ئايماقبېگى شى يۈنباۋ جەڭدە



ئۆلدى. خې لەنشياڭ، يۈۋېن گۈيلەر لەشكەر باشلاپ باستۇرۇشقا كەلگەندە، كۆالۇ گۇاڭدىڭ خانى بىلەن جۇڭلىيۇ خانىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. گۇاڭدىڭ خانى مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. خې لەنشياڭ تاۋياڭ، خۇڭخې قەلئەلىرىنى تارتىۋېلىپ، تاۋخې ئايمىقىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. باۋدىڭ يىللىرى (مىلادىيە 561 — 565 ـ يىللىرى) دا كۆالۇ جۇ سۇلالىسىگە كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ تۈركۈم ئەلچى ۋە يەرلىك مەھسۇلات ئەۋەتتى. تيەنخې يىللىرى (مىلادىيە 566 — 570 ـ يىللىرى) نىڭ بېشىدا، كۆالۇنىڭ لۇڭخې خانى موچاڭ ئۆزقەبىلىسىنى باشلاپ ئەل بولدى. ئۇنىڭ زېمىنى فۇجۇ ئايمىقى قىلىپ قۇرۇلدى. 2 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، كۆالۇ جۇ سۇلالىسىگە يەنە ئەلچى ۋە ئولپان ئەۋەتتى. جيەندې يىللىرى (مىلادىيە 572 — 577 ـ يىللىرى) كۆالۇنىڭ دۆلىتى مالىمان بولدى. جۇ پادىشاھى ۋۇدى ئۇنى باستۇرۇشقا ۋەلىئەھدىنى بۇيرۇدى. قوشۇن فۇچى قەلئەسىگە بارغاندا، كۆالۇ قېچىپ كەتتى. ئۇلار قېپقالغان ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئىككىنچى يىلى، كۆالۇ يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. شۈەنجېڭ يىلى (مىلادىيە 578 ـ يىلى) نىڭ بېشىدا كۆالۇنىڭ قول ئاستىدىكى جاۋ خانى تالۇتۇن كېلىپ ئەل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن سالامغا كېلىش، ئولپان تاپشۇرۇش ئۈزۈلمىدى.

سۈي سۇلالىسى كەيخۇاڭ يىللىرى (مىلادىيە 581 — 600 ـ يىللىرى) نىڭ بېشىدا كۆالۇ خۇڭجۇغا بېسىپ كىردى. ئۇ جاينىڭ يەرلىرى تاقىر، خەلقى تارقاق بولغانلىقى ئۈچۈن كۆالۇ خۇڭجۇ ئايمىقىنى باشقۇرماي تاشلاپ قويدى. سۈي سۇلالىسى كۆالۇگە زەربە بېرىشكە ئالىي دۆلەت ئەركانى يۈەن شيېنى نەچچە تۈمەن پىيادە، ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى. كۆالۇ ئۆز تەۋەسىدىكى ھەممە كىشىنى ئىشقا سالدى. ساۋۇت كىيگەن ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ ئايىغى مەنتۇدىن شۇدۇنغىچە ئۈزۈلمىدى.

ئۇ تەيىنلىگەن خېشىنىڭ باش بۇغى، دىڭچېڭ خانى جۇڭلىفاڭ ھەم ئوغلى قابورخانلار ئىلگىرى - كېيىن كېلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، يۈەن شيې ئۇلارنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلدى. كۇالۇ قورقۇپ كېتىپ، ياساۋۇللىرىنى ئېلىپ يىراققا قېچىپ كەتتى. ئۇ تەيىنلىگەن نامى بار خانلاردىن 13 كىشى قەبىلىلىرىنى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى كۇالۇنىڭ قول ئاستىدىكى گاۋنىڭ خانى يىسىپۇنى ئەزەلدىن كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ياقاتتى دەپ قاراپ، باش سانغۇنلۇققا تەيىنلىدى ھەمدە خېنەن بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بېرىپ، ئەل بولغانلارنى ئىدارە قىلىشقا قويدى. باشقا ئەمەلدارلارغىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىنئام بەردى.
ئۇزۇن ئۆتمەي، كۇالۇ يەنە كېلىپ چېگرىنى بۇلىدى. ئايماقبېگى پى زىشىن قارشىلىق كۆرسىتىپ جەڭدە ئۆلدى. ۋېنجۇنىڭ باشبۇغى لياڭ يۈەن خىل لەشكەرلەرنى باشلاپ ئۇنىڭغا زەربە بەردى. كۇالۇ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي كوجۇ ئايمىقىغا[62] بېسىپ كىرىۋىدى، كوجۇنىڭ لەشكەرلىرى ئۇنى قوغلىۋەتتى.

كۇالۇ تەختتە 100 يىل ئولتۇردى. ئۆزىنىڭ سەپرا مىجەزلىكىدىن كۆپ قېتىم ۋەلىئەھدىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۆلتۈردى. كېيىنكى ۋەلىئەھدلەر ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى تۇتۇپ ئەكېلىپ تەسلىم بولۇش قارارىغا كېلىپ، چېگرىدىكى مەنسەپدارلاردىن لەشكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. چىنجۇنىڭ باشبۇغى ھەمدەم بولماقچى بولغاندا، پادىشاھ قوشۇلمىدى. ۋەلىئەھدنىڭ پىلانى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، دادىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. كۇالۇ كىچىك ئوغلى ۋېي خانى كېنى ۋەلىئەھد قىلدى. دىيجۇ ئايماقبېگى دۇجى ئۇلارنىڭ مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، لەشكەر ئەۋەتىپ باستۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغانىدى، پادىشاھ قوشۇلمىدى. 6-



يىلى، ۋېي خانى كې دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ، سۈي سۇلالىسىگە قېچىپ بارماقچى بولۇپ، ئالدىغا لەشكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغاندا، سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ ئەلچىسىگە: «جىمى جاھاندىكىلەر مېنىڭ پۇقرايىم، ئۇلار ياخشى ئىش قىلسا خۇرسەن بولىمەن. ۋېي خانى ئوبدان ئويلاپتۇ، ئەل بولۇشقا كەلسە، ئۇلارغا پەقەت ۋەزىر بولۇشنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىمىز. يىراق يەرگە لەشكەر ئەۋەتىپ يامانغا يانتاياق بولۇشقا بولمايدۇ» دېدى. ۋېي خانى كې نىيىتىدىن ياندى. 8-يىلى، كۇالۇنىڭ ئاتاقلىق خانى توغبات مۇمى 1000 ئۆيلۈك ئادىمىنى ئېلىپ كېلىپ، بەيئەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى: «تەقدىرنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۆز ئاتىسىغا ئاسىيلىق قىلغان ئادەمنى قوبۇل قىلساق قانداق بولىدۇ! ئۇلار ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قاچۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق خىيالغا كەلگەن. ھازىر ئۇلارنى قوبۇل قىلمىساق كىشىگە كۆيۈنمىگەن بولىمىز، ئەگەر خەۋەر كەلسە، ئادەم ئەۋەتىپ كۆڭۈل ياساپ قويۇش كېرەك. ئۆز مەسىلىسىنى ئۆزى ھەل قىلسۇن، ئالدىغا لەشكەر ئەۋەتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى بىلەن جىيەنى كېلىمەن دېسە مەيلى، ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىش كېرەك، دالالەت قىلىپ قىزىقتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق» دېدى. شۇ يىلى خېنەن خانى يىسىپۇ ئۆلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى خېنەن خانىنىڭ ئورنىغا ئىنىسى شۇگۇي ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنىڭ خەلقىگە ئىگىدارچىلىق قىلسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. سۈي سۇلالىسى چېن سۇلالىسىنى جىمىقتۇرغاندىن كېيىن، كۇالۇ قاتتىق قورقۇپ يىراق ھەم خەتەرلىك يەرلەرگە قېچىپ كەتتى. بۇلاڭچىلىق قىلىشقا پېتىنالمىدى.

11-يىلى (مىلادىيە 591-يىلى) كۇالۇ ئۆلدى. ئوغلى شىفۇ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ۋۇسۇنى ئەۋەتىپ مەكتۇپ سۇنۇپ

ۋاسسال بولۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلدى، قىزىنى توقاللىققا بەرمەكچى بولدى. پادىشاھ ۋۇسۇغا: «سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارغا قوشۇلسام، باشقا ئەللەرمۇ دورايدۇ. بىرىگە قوشۇلۇپ بىرىگە قوشۇلمىسام، ئادىل بولمايدۇ، ھەممىسىگە قوشۇلسام ئۇمۇ ياخشى چارە بولمايدۇ» دەپ قوشۇلمىدى. 11 ـ يىلى، زىندان پىرقىسىنىڭ مىرزا بېگى يۈۋېن بىنى بەزلەش ۋە ھال سوراشقا ئەۋەتتى. 16 ـ يىلى، مەلىكە گۇاڭخۇانى شىفۇغا ياتلىق قىلدى. شىفۇ مەكتۇپ سۇنۇپ، مەلىكە گۇاڭخۇانى تەڭرى خانىش دەپ ئاتاشنى ئىلتىماس قىلغاندا، پادشاھ قوشۇلمىدى.

2 ـ يىلى (مىلادىيە 597 ـ يىلى) ئۇنىڭ دۆلىتى مالىمانلاشتى. خەلقى شىفۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا ئىنىسى فۇيۈننى ئولتۇرغۇزدى. ئەلچىلەر ئوردىغا كېلىپ بولغان ئىشنى بايان قىلدى ۋە سورىماي سەردار تىكلىگەن خاتالىقى ئۈچۈن ئوردىغا ناماقۇللۇق ئېيتتى ھەم ئادەت بويىچە مەلىكىگە ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويدى. پادىشاھ ۋېندى قوشۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلار ھەر يىلى سالامغا كېلىپ ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى. لېكىن ھەمىشە سۈي سۇلالىسىنىڭ سىرىنى تىڭتىڭلاپ يۈردى. پادىشاھ ئۇلاردىن بىزار بولدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، فۇيۈن ئوغلى شۈننى سالامغا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا تېلىلار چېگرىغا ھۇجۇم قىلغانىدى. پادىشاھ ياڭدى سانغۇن فېڭ شياۋسىنى دۇنخۇاڭدىن چىقىپ تېلىلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا بۇيرۇدى. لېكىن ئۇ ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. تېلىلار ئەلچى ئەۋەتىپ ناماقۇل بولدى ۋە تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ياڭدى ئىشىك ئاغىسى پېي جۈنى ھال سوراپ رام قىلىشقا ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا ئوردىنىڭ شەپقىتىگە تۇيغۇنلارغا زەربە بېرىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇشنى ئەگىتىپ ئېيتتى. تېلىلار لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم



قىلىپ، تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلدى. فۇيۈن شەرققە سۈرۈلۈپ، شىپىڭنى[63] قوغدىدى. پادىشاھ يەنە گۇەندې بېگى ياڭ شيۇڭنى جياۋخېدىن، شۈگو گوڭگى يۈۋېن شۇنى شىپىڭدىن چىقىپ تۇيدۇرماي زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار فۇيۈننى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. فۇيۈن تۇيدۇرماي تاغ جىلغىسىغا قېچىپ كەتكەنلىكتىن، بۇرۇنقى جايىدا ئادەم قالمىغانىدى. شىپىڭدىن لىنچياڭ[64] شەھىرىنىڭ غەربىگىچە، چەرچەننىڭ شەرقىنى، تىلەنتاغنىڭ جەنۇبى، قارلىق تاغنىڭ شىمالىغىچە شەرقتىن غەربكە 4000 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا 2000 چاقىرىم جاينىڭ ھەممىسى سۈي سۇلالىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. ۋىلايەت، ناھىيە، بازار، قورغانلار تەسىس قىلىنىپ، خاندانلىقتىكى يېنىك جازاغا بۇيرۇلغان گۇناھكارلار ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ قايتۇرۇلماي پايتەختتە ئېلىپ قېلىندى. فۇيۈن ئۆزىنى بېقىشقا ئامالسىز قېلىپ، نەچچە مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ بېرىپ تاڭغىتلارغا بېقىندى. سۈي پادشاھى ياڭدى شۈننى ئەل بېشى قىلىپ، قېپقالغان ئادەملىرىنى باشقۇرسۇن دەپ يۈمېن قوۋۇقىنىڭ سىرتىغا چىقاردى. ئۆزىنىڭ داباۋ بېگى نىلوجۇنى ياردەمچى قىلىپ بەردى. شىپىڭغا بارغاندا ئۇنىڭ ئادەملىرى نىلوجۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۈن بارالماي قايتىپ كەلدى.

دايېنىڭ ئاخىرقى يىلى، جاھان مالىمان بولدى. فۇيۈن بۇرۇنقى يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوڭ قېتىنى كۆپ قېتىم بۇلىدى. ۋىلايەت، ناھىيىلەر ئۇنى تىزگىنلىيەلمىدى.

تۇيغۇنلارنىڭ شىمال تەرىپىدە ئىفۇئۇد خانلىقى بولۇپ، بۇ خانلىقنىڭ تەۋەسىدە چوقاي كۆلى بار ئىدى، كۆلنىڭ ئايلانمىسى 1000 چاقىرىمدىن ئاشاتتى. نوپۇسى 10 مىڭ تۈتۈن، ئۆرپ ـ ئادىتى تۇيغۇنلارنىڭكىگە ئوخشايتتى. لېكىن، ئاشلىقنى بىلمەيتتى، بېلىق ۋە زىرىق يەيتتى. زىرىقنىڭ شەكلى ئوتتۇرا

تۇزلەڭلىكتىكى ئالىقاتقا ئوخشايتتى، بەزىلىرى قىزىل، بەزىلىرى قارا بولاتتى.

چىقان دېگەن قەبىلە بولۇپ، ئۆرپ - ئادىتى تۈيغۇنلارنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇ يەردە بۆرە بەك جىق ئىدى.

بەيلەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدا كلان خانلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمۇ تۈيغۇنلارنىڭكىگە ئوخشايتتى. رەڭگى، ئاۋازنى پەرق ئېتەلمەيتتى. يات مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ سەت بىر ئىرق ھېسابلىناتتى. يېرىدىن ھېچنېمە چىقمايتتى، تۆرلۈك چارۋىلارنى باقاتتى. نوپۇسى بىرەر تۈمەندىن ئاشاتتى. ياۋاش بولۇپ، ئۇرۇش - تالاش دېگەننى بىلمەيتتى، يات ئادەمنى كۆرسە قاچاتتى، تەبىئىتى ياۋايى ھايۋانغا ئوخشايتتى. چاققان، يۈگۈرۈك بولۇپ، قوغلاپ يەتكىلى بولمايتتى.

بەيلەننىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2500 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بىر تاغ بار ئىدى. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە 40 چاقىرىم دېڭىزدىن ئۆتسە، ئايال پادىشاھ دۆلىتى بار ئىدى. خەلقى 10 مىڭ تۈتۈندىن ئاشاتتى. ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان، يېرى ئۈجمە، كەندىر تېرىشقا باب، ئاشلىق مولچىلىق ئىدى. پادىشاھى ئايال بولغاچقا، ئايال پادىشاھ دۆلىتى دەپ ئاتالغانىدى. تىلماچ ۋە ئەلچى كەلمىگەن بولۇپ، بۇ خەقنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئەھۋال ئىدى.

داڭچاڭ چياڭلىرى سەنمياۋلار[65]نىڭ ئەۋلادى ئىدى. جۇ خانلىقى دەۋرىدە يۇڭ[66]، شۇ، ۋېي[67]، لۇ[68] قاتارلىق سەككىز بەگلىك جۇ خانى ۋۇۋاڭغا[69] ئەگىشىپ شاڭ خانلىقىنى[70] يوقاتقان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شيەنليەن[71]، شاۋداڭ[72] قاتارلىق چياڭلار بولۇپ، ئۇلار ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ چېگرانى پاراكەندە قىلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ زېمىنى شەرق تەرەپتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن تۇتىشاتتى، غەرب تەرەپتە غەربىي يۇرتقا باراتتى، جەنۇبتىن شىمالغا نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلەتتى. ئوخشاش بولمىغان نەسەبتىكىلەر ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەرنى



تەشكىل قىلغانىدى. ھەربىر قەبىلىنىڭ سەردارىنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك يېرى بولۇپ، بىر - بىرىگە قوشۇلمايتتى، بىر - بىرىنى باشقۇرمايتتى. داڭچاڭ چياڭلىرى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۆيدە ئولتۇراتتى، ئۆيلىرى قوتاز ۋە قارا قوشقار يۇڭى بىلەن يېپىلاتتى. ئەلدە قانۇن - پەرمان، ئالۋاڭ - ياساق يوق ئىدى. جەڭ قىلىدىغان چاغدىلا يىغىلاتتى، باشقا چاغدا ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى، باردى - كەلدى قىلىشمايتتى. ئاشلانغان تېرە، كاناپ رەختتىن كىيىم كىيەتتى. ئوزۇقلۇقىغا قوتاز، قوي، چوشقا بېقىپ يەيتتى. دادىسى، تاغىسى، ئاغىسى ياكى ئىنىسى ئۆلسە، ئۆگەيئانىسى، ھاممىسى، يەڭگىسى ياكى ئىنىسىنىڭ خوتۇنىنى نىكاھىغا ئالاتتى. يېزىقى يوق بولۇپ، ۋاقىتنى ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخنىڭ ئۆسۈشى، باراقسان بولۇشى ۋە سارغىيىپ غازاڭ بولۇشىغا قاراپ ھېسابلايتتى ۋە خاتىرىلەيتتى. ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يىغىلىپ كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ تەڭرىگە نەزىر قىلاتتى.

لياڭ چىن ئىسىملىك بىرسى ئاتا مىراس قەبىلە سەردارى بولۇپ كەلگەن ۋە چياڭلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئۆزىنى شۇ يەرنىڭ خانى دەپ ئاتاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ نەۋرىسى مىخۇ ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدىنىڭ دەسلەپكى يىلى ئوغلى مىخۋاڭدىن مەكتۇپ ئەۋەتىپ ئوردىغا بېقىنىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ تەيۋۇدى ئۇنى ماختىدى ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ داڭچاڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، مىخۋاڭغا گەنسۇڭ بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. مىخۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا نەۋرىسى بياۋزى ئولتۇردى. ئۇنىڭ تەۋەلىكى چۇچىنىڭ غەربىدە شەرقتىن غەربكە 1000 چاقىرىم، شىشۇينىڭ جەنۇبىدا جەنۇبتىن شىمالغا 800 چاقىرىم كېلەتتى. يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئېدىرلىق، 20 مىڭ تۈتۈندىن كۆپرەكلا ئاھالىسى بار ئىدى. ئۇلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئوردىغا ئولپان

تاپشۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، تۈيغۇنلارنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. بياۋزى ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا مىجى ( 弥治 ) ئولتۇردى. بياۋزىنىڭ ئىنىسى ياڭزى تۈيغۇنلارغا بېقىنغان، تۈيغۇنلار مىجىنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە لەشكەر چىقىرىپ ياڭزىنى قوغداپ ئېلىپ ئاپىرىپ قويغانىدى. مىجى ئەلچى ئەۋەتىپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن ياردەم تىلىدى. ۋېي پادىشاھى شيەنۋېندى ۋۇدۇنىڭ باسقاق سانغۇنى يۈۋېن شىڭنى ياردەمگە ئەۋەتتى. ياڭزى چېكىنىپ قاچتى. مىجى ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى مىجى ( 弥机 ) ئولتۇرۇپ، ئەمىرلەشكىرى لىجۇدىن ئوردىغا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى. ياڭ ۋېنىرۇ ئاسىيلىق قىلىپ ۋۇدۇنى قورشىۋالدى. مىجى ئىككى ئاكىسىنى لەشكەر بىلەن ئەۋەتىپ ۋۇدۇغا ياردەم بەردى. ياڭ ۋېنىرۇ مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندى دەۋرىدە ئەلچى زىچياۋدىن 100 جىڭ قىزىل لاك، 100 جىڭ زەرنىخ، 100 جىڭ گەج ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى شۇنداق قىلدى. ئوردىغا سالام بېرىش، ئولپان تاپشۇرۇش ئۈزۈلمىدى. كېيىن پادىشاھ شياۋۋېندى ھۆدەيچى ليۇگۈي، جارچى بەگ جاڭ چانى ئەۋەتىپ، مىجىگە غەربكە يۈرۈشى قىلغۇچى باش سانغۇن، غەربىي رۇڭلار چېرىكچىسى، لياڭجۇ، يىجۇ ئايماقلىرىنىڭ چوپاندارى، خېنەن گۈڭى، داڭچاڭ بېگى دېگەن مەنسەپ - مەرتىۋىلەرنى بەردى.

دېڭجى قوۋمى بەيشۈي چياڭلىرىدىن بولۇپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلاد چياڭلارنىڭ كۈچلۈكى بولۇپ كەلگەن، ئۇلار تۇرۇشلۇق جايىنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قوللىنىپ، ئۆزىنى دېڭجى دەپ ئاتىغانىدى. ئۇلار تۇرغان يەر تىڭجيېنىڭ شەرقىدە، پىڭۋۇنىڭ غەربىدە، ۋېنلىڭنىڭ شىمالىدا، داڭچاڭنىڭ جەنۇبىدا ئىدى. يېرى، ئۆرپ - ئادىتى داڭچاڭ چياڭلىرىنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ خانى شياڭشۇجى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا



بېقىندى. ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ ئۇنى ئەجدىھا سانغۇن، دېڭجى بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ ئۈزمەي ئەلچى ئەۋەتىپ تۇردى. جۇ پادىشاھى ۋېندى جاڭۋۇ گۈڭى يۈۋېن داۋنى لەشكەرلەر بىلەن ئۇنى ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

دېڭجىنىڭ غەربىدە خېياڭ ئېلى بار ئىدى. بۇرۇن ئۇ يەردە رەڭگى قىزىل يوغان بىر قوي بولغانىكەن، شۇڭا شۇ نام بىلەن ئاتالغانىكەن.

يەنە دۇڭنىڭۋېي، داچىشۈي، خەنداڭ، شىخې، بولىڭ، شياشىشەن، ساڭشياڭ، چىنشۈي قاتارلىق چياڭ ئەللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى قوپال، دېڭجى چياڭلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇلارمۇ بەزىدە ئوردىغا ئەلچى، ئولپان ئەۋەتەتتى. ئوردا ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ھەممىسىگە سانغۇن، ۋىكوند، بارون، سەردار دېگەندەك تۇتامسىز ئاتاقلارنى بەرگەنىدى.

بەيلەنلەر چياڭلارنىڭ يەنە بىر ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇرتى شەرقىي شىمالدا تۈيغۇنلار بىلەن، غەربتە بېيلىموتۇ بىلەن، جەنۇبتا نائي بىلەن تۇتىشاتتى. ئۆرپ - ئادىتى، مەھسۇلاتى داڭچاڭ چياڭلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. جۇ سۇلالىسىنىڭ باۋدىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 561 - يىلى) ئەلچى ئەۋەتىپ ئارغىن، تۆمۈر ساۋۇت ئولپان تاپشۇردى.

تاڭغىت چياڭلىرى سەنمياۋلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلار ئىرق جەھەتتە داڭچاڭ چياڭلىرى، بەيلاڭ چياڭلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ھەممىسى ئۆزلىرىنى ماكاكا ئۇرۇقىدىن دەيتتى. ئۇلارنىڭ ماكانى شەرقتە لىنتاۋ ۋە شىپىڭ بىلەن، غەربتە يېخۇ بىلەن تۇتىشاتتى، جەنۇبتىن شىمالغا نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلەتتى. ئۇلار تاغ جىلغىلىرىدا ئولتۇراتتى، ھەر بىر نەسەب بىر قەبىلە بولاتتى. چوڭ قەبىلىلەرنىڭ 5000 دىن ئارتۇق چەۋەندازى، كىچىكلىرىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق چەۋەندازى

بولاتتى. قوتاز قۇيرۇقى ۋە قوي يۇڭىنى توقۇپ ئۆي ياسايتتى. ئاشلىغان تېرە ۋە پالازنى كىيىم قىلىپ كىيەتتى. ئۇچىسىغا كىگىز ئارتىش ئەڭ ياخشى بېزەك ھېسابلىناتتى. لەشكىرىي ئىشلارغا ماھىر، قانۇنى يوق ئىدى. ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئېلىپ باراتتى، جەڭ قىلىدىغان چاغدا بىر يەرگە يىغىلاتتى. ئالۋاڭ - ياساق بولمايتتى، ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلىشمايتتى. قوتاز، قوي، چوشقا بېقىپ ئوزۇق قىلاتتى، زىرائەت تېرىشنى بىلمەيتتى. ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىزماش - چىرماش بولۇپ، يات مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ پەردىشەپسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ يېزىقى يوق بولۇپ، ۋاقىتنى ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشى، باراقسان بولۇشى ۋە سارغىيىشىغا قاراپ ھېسابلايتتى. ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يىغىلىپ، كالا، قوي سويۇپ تەڭرىگە نەزىر قىلاتتى. 80 ياشتىن ئاشقاندا ئۆلسە، ئۆز ئەجلى بىلەن ئۆلدى دەپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يىغلىمايتتى. ياش ئۆلۈپ كەتسە، بىئەجەل ئۆلدى دەپ يىغا - زار قىلاتتى. چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن بەرباب، نەي بولۇپ، كومزەكنى ئۇرۇپ تەڭكەش قىلاتتى.

ۋېي، شىمالىي جۇ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە چېگرىنى كۆپ قېتىم پاراكەندە قىلدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى بولغاندا، ئۇلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە نۇرغۇن ئىشلار تۇغۇلدى. جياڭگۇڭ تۆرىسى لياڭ رۇي ۋاڭ چيەننى[73] بېسىقتۇرۇپ بولۇپ، پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇلارنى باستۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. كەيخۇاڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 581 - يىلى) 1000 تۈتۈندىن ئارتۇق ئاھالە كېلىپ بەيئەت قىلدى. 5 - يىلى، توغبات نىڭسۇڭ قاتارلىقلار ئۆز ئالدىغا قوۋمىنى باشلاپ شۈجۇ ئايمىقىغا[74] كېلىپ ئوردىغا بېقىندى. ئۇ باش سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى، قول ئاستىدىكىلىرىمۇ دەرىجىسىگە قاراپ ۋەزىپىگە



قويۇلدى. 16 - يىلى، يەنە خۇيجۇ ئايمىقىنى[75] بۇلىدى. لۇڭشىنىڭ لەشكەرلىرى يۆتكىلىپ بېرىپ باستۇردى ۋە ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئۇلار بىر - بىرىنى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولدى ھەم پەرزەنتلىرىنى ئەۋەتىپ ناماقۇل بولدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى ئۇلارغا: «بېرىپ داداڭلارغا ياكى ئاكاڭلارغا ئېيتىڭلار، ئادەم ئۆمرىدە مۇقىم ماكان تۇتۇپ، بالىلىرىنى تەربىيىلىشى، قېرىلارنى بېقىشى لازىم. بىردەم كەلسەڭلار، بىردەم كەتسەڭلار، ئەھلى يۇرت ئۇچۇن ئۇيات ئەمەسمۇ!» دېدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوردىغا سالام بېرىش، ئولپان تاپشۇرۇش ئۈزۈلمىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 10 - توم، 3171 — 3192 - بەتلەر)

---

① شيا، شاڭ، جۇدىن ئىبارەت ئۈچ خانلىقنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

② نەزمىنامە ( 诗经 ) — جۇڭگونىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى نەزمىلەر توپلىمى. چۈنچيۇ دەۋرىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 305 پارچە نەزمە كىرگۈزۈلگەن.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 387 - بەت)

③ چىشەن تېغى ( 岐山 ) — شەنشى ئۆلكىسى چىشەن ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، تيەنجۇ تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 787 - بەت)

④ لۇڭشەن تېغى ( 陇山 ) — ليۇپەن تېغىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. شەنشى ئۆلكىسى لۇڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 428 - بەت)

⑤ خەنجياڭ دەرياسى ( 汉江 ) — چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن تارمىقى بولۇپ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى نىڭچياڭ ناھىيىسىدىن باشلىنىپ، شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن ھەمدە خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىن ئۆتۈپ، ۋۇخەن شەھىرىدە چاڭجياڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 886 ـ بەت)

⑥ خەن پادىشاھى ۋۇدى ( 汉武帝 ) — ئىسمى ليۇ چې، پادىشاھ جىڭدى ليۇ چىنىڭ ئوغلى بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ 5 ـ ئەۋلاد پادىشاھى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 140 — 87 ـ يىللار ئارىلىقىدا 54 يىل تەختتە ئولتۇرغان.

( «خەننامە. خەن پادىشاھى ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

⑦ ۋۇدۇ ( 武都 ) — ۋىلايەت. مەركىزى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى شىخې ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. دائىرىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇدۇ، چىڭشيەن، خۇيشيەن، شىخې، لياڭداڭ، كاڭشيەن ناھىيىلىرى ۋە شەنشى ئۆلكىسىنىڭ فېڭشيەن، لۆياڭ ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 718 ـ بەت)

⑧ چيەنشەن تېغى ( 汧山 ) — يەنە بىر نامى ۋۇشەن تېغى. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى لۇڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 730 ـ بەت)

⑨ ۋېيشۇي دەرياسى ( 渭水 ) — خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئەڭ چوڭ تارماق ئېقىنى. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋېييۈەن ناھىيىسىدىكى نياۋچۇ تېغىدىن باشلىنىپ، شەرققە قاراپ ئېقىپ شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېيخې تۈزلەڭلىكىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، تۇڭگۇەن ناھىيىسىگە كەلگەندە خۇاڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 976 ـ بەت)



⑩ با ( 巴 ) — ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ تۇڭلياڭ، چىجياڭ ناھىيىلىرىنىڭ شەرقىي؛ ۋۇشېڭ، ديەنجياڭ ناھىيىلىرىنىڭ جەنۇبى؛ جۇڭشيەن، فۇلىڭ، نەنچۇەن ناھىيىلىرىنىڭ غەربى؛ تۇڭزى ناھىيىسىنىڭ شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 97 ـ بەت)

⑪ شۇ ( 蜀 ) — ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ سۇڭپەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى؛ بيچۇەن، پېڭشيەن، خۇڭيا ناھىيىلىرىنىڭ غەربى؛ ئېبيەن، شىميەن ناھىيىلىرىنىڭ شىمالى؛ چيۇڭلەي تېغى ۋە دادۇ دەرياسىنىڭ شەرقى؛ كاڭدىڭنىڭ جەنۇبى ۋە ميەنىنىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1685 ـ بەت)

⑫ جىن پادىشاھى مىندى ( 晋愍帝 ) — غەربىي جىن سۇلالىسى پادىشاھى. جىن پادىشاھى ۋۇدىنىڭ جىيەنى، ئىسمى سىما يې. مىلادىيە 315 — 316 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان. مىلادىيە 316 ـ يىلى قىشتا ئەسىرگە چۈشۈپ بىر يىلدىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن.

( «جىننامە. جىن پادىشاھى مىندى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

⑬ شيابيەن ( 下辨 ) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى سۇچېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

( «جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 50 ـ بەت)

⑭ خېچى ( 河池 ) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىدىكى خۇيشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

( «جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 514 ـ بەت)

⑮ خۇەن ۋېن ( 桓温 ) — شەرقىي جىن سۇلالىسىدە ئۆتكەن ئەمەلدار. جىن پادىشاھى مىڭدىنىڭ كۈيئوغلى. جىنجۇ ئايماقبېگى بولۇپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى رايونىدا لەشكىرىي ھوقۇق تۇتۇپ، نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئوردىنىڭ چوڭ ئىشلىرىدا قارار

چىقىرىپ يۈرگەن.
(«جىننامە. خۇەن ۋېيىنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑯ فۇشېڭ (苻生) — ئالدىنقى چىن خانلىقىنىڭ خانى.
(مۇھەررىردىن)

⑰ پادىشاھ جيەنۋېندى (简文帝) — غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى. پادىشاھ جىنيۈەندى سىما رۇيىنىڭ كىچىك ئوغلى، ئىسمى سىما يۇ. خۇەن ۋېن ئۇنى جىن پادىشاھى فېيدى سىما يىنىڭ ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغۇزغان. بىراق ئۇ خۇەن ۋېننىڭ سىزىقىدىن چىقالمىغان.
(«جىننامە. پادىشاھ جيەنۋېندى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

⑱ ياڭ ئەن (杨安) — ئالدىنقى چىن خانلىقىنىڭ داڭلىق سەركەردىسى. فۇجيەننىڭ قول ئاستىدا نۇرغۇن ھەربىي خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇلۇغ سانغۇن، يىجۇ ئايماقبېگى بولغان.
(«جىننامە. ياڭ ئەننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑲ لىچېڭ (历城) — قەدىمكى شەھەر. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 1221 ـ بەت)

⑳ قىببۇ چانگۇي (乞佛乾归) — غەربىي چىن خانى، لۇڭشىلىق سىيانپىيلاردىن. مىلادىيە 388 ـ يىلى ئاكىسى قىببۇ كورۇننىڭ تەخت ۋارىسى بولۇپ، 24 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان.
(«جىننامە. قىببۇ چانگۇينىڭ تەرجىمىھالى» دىن)
㉑ سۇڭ پادىشاھى ۋېندى (宋文帝) — سۇڭ پادىشاھى ۋۇدىنىڭ 3 ـ ئوغلى، ئىسمى لىيۇ يىلۇڭ. 30 يىل پادىشاھ بولۇپ، كېيىن ۋەلىئەھد لىيۇ شاۋنىڭ قەستىگە ئۇچراپ ئۆلگەن.
(«سۇڭنامە. پادىشاھ ۋېندى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

㉒ بەيما (白马) — قەدىمكى ھەربىي كەنت. ئورنى ھازىرقى



شەنشى ئۆلكىسى مىيەنشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 254 ـ بەت)

㉓ دۇڭتىڭ (董亭) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۈي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 1057 ـ بەت)

㉔ باش ھۆدەيچى (大鸿胪) — خەن پادىشاھى ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ئەمەل. دەسلەپ ۋەزىپىسى يات مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بېجىرىش بولۇپ، توققۇز ۋەزىرنىڭ بىرى ھېسابلانغان. كېيىن بارا ـ بارا ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى باشقۇرىدىغان بولغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 631 ـ بەت)

㉕ فۇچېڭ (涪城) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى مىيەنياڭ ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 820 ـ بەت)

㉖ جوشۈي دەرياسى (浊水) — يەنە بىر نامى بەيشۈي دەرياسى. گەنسۇ ئۆلكىسى چېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن باشلىنىپ، خۇيشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن ئۆتۈپ جيالىڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 927 ـ بەت)

㉗ جيالۇ (葭颅) — قورغان. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇدۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 1058 ـ بەت)

㉘ چىجۇ ئايمىقى (岐州) — مەركىزى يۇڭشيەن (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى فېڭشياڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا). دائىرىسى ھازىرقى شەنشى

ئۆلكىسىنىڭ جۇجى، لىنيۇ، لۇڭشيەن، باۋجى، تەيبەي ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 787 ـ بەت)

㉙ موجېتيەنشېڭ (莫折天生) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە چىنجۇدىكى لەشكەرلەر ۋە يات مىللەتلەرنىڭ قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان، چياڭ قوۋمىدىن. مىلادىيە 524 ـ يىلى، دادىسى موجېداتىغا ئەگىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ چىنجۇ، جىڭجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىنى ۋە تۇڭگۇەن قوۋۇقىنى ئالغان. كېيىن ئىچكى قىسىمدا بۆلۈنۈش بولۇپ، قول ئاستىدىكى دۇجيەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. موجېتيەنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

㉚ يىنپىڭ (阴平) — ئايماق. مەركىزى يىنپىڭ ناھىيىسىدە (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋېنشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) بولغان. دائىرىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنشيەن، ۋۇدۇ ناھىيىلىرى ھەمدە سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ پىڭۋۇ ناھىيىسى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 411 ـ بەت)

㉛ ۋۇشىڭ (武兴) — قەدىمكى ناھىيە، ھەربىي كەنت. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى لۆياڭ ناھىيىسىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 717 ـ بەت)

㉜ بەيشۇي (白水) — ۋىلايەت. دائىرىسى ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭيۇەن قاتارلىق ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1759 ـ بەت)

㉝ شىياخۇ داۋچيەن (夏侯道迁) — دەسلەپتە جەنۇبىي چى سۇلالىسىدە ئەمەلدار بولغان، كېيىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم



بولغان.

(«ۋېينامە. شياۋخۇ داۋچيەننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

㉞ جۇ پادىشاھى ۋېندى (周文帝) — ئەينى ۋاقىتتا غەربىي ۋېي سۇلالىسىدە ئۇستاز ئاتا بولغان بولۇپ، ئىسمى يۇۋېن تەي. ئوغلى جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پادىشاھ ۋېندى دەپ نام بەرگەن.

(مۇھەررىردىن)

㉟ چىڭشۇي (清水) — ۋىلايەت. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا بولۇپ، شەنشى ئۆلكىسى بىلەن چېگرىلىناتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 954 ـ بەت)

㊱ نەنيۇ (南由) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى لۇڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 584 ـ بەت)

㊲ مىرزىبەگ (典签) — ئەسلى مىرزىلىق قىلىدىغان كىچىك ئەمەلدار ئىدى. جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە، پادىشاھ ئايماق بەگلىرى ۋە تۆرىلەرنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ھەمىشە ئۆز يېقىنلىرىنى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەپ تۇرغاچقا، بۇ مەنسەپ ئۆزگىرىپ جايلارنى باشقۇرىدىغان بولۇپ قالغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 291 ـ بەت)

㊳ لىجۇ ئايمىقى (利州) — مەركىزى ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسى گۇاڭيۇەن ناھىيىسىدە، دائىرىسى ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭيۇەن، ۋاڭساڭ ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1736 ـ بەت)

㊴ فېڭجۇ ئايمىقى (凤州) — مەركىزى لياڭچۇەندە بولۇپ، دائىرىسى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى فېڭشيەن ناھىيىسىگە توغرا كېلەتتى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى قامۇسى»، 1140 ـ بەت)

⑩ شىڭجۇ ئايمىقى (兴州) — مەركىزى خەنچۇ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى لۆياڭ ناھىيىسى) دە، دائىرىسى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى لۆياڭ ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 286 ـ بەت)

④ شاجۇ ئايمىقى (沙州) — بۇ يەردىكى شاجۇ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ۋېنشيەن ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىدا بولسا كېرەك.
(مۇھەررىردىن)

② گەنسۇڭ (甘松) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 240 ـ بەت)

㊸ تاۋشۇي دەرياسى (洮水) — خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىر تارمىقى. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئۆتىدۇ. شىچياڭ تېغىدىن باشلىنىپ، شەرققە قاراپ ئېقىپ مىنشيەن ناھىيىسىگە بارغاندا شىمالغا بۇرۇلۇپ، لىنتاۋ ناھىيىسى ئارقىلىق يۇڭجىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىدا خۇاڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 931 ـ بەت)

㊹ بەيلەن (白兰) — چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى. ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبى ۋە سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1759 ـ بەت)

㊺ شىچياڭ تېغى (西强山) — چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگرىسىغا جايلاشقان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1834 ـ بەت)



㊻ ديەنجياڭ دەرياسى (垫江) — قەدىمكى شىخەنشۇي دەرياسى (ھازىرقى جيالىڭ دەرياسى) نىڭ تۆۋەن ئېقىنى، ھازىرقى خېچۈەن ناھىيىسى ئارقىلىق چاڭجياڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان بىر قىسمى ديەنجياڭ دەپ ئاتالغان. شىخەنشۇي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىمۇ «ديەنجياڭ» دەپ ئاتالغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 553 ـ بەت)

㊼ جىنشۇ (晋寿) — ۋىلايەت. ئورنى ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭيۈەن ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 705 ـ بەت)

㊽ گۇاڭلىڭ (广陵) — ناھىيە. ئورنى ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ياڭجۇ شەھىرىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 844 ـ بەت)

㊾ سۇڭ پادىشاھى شاۋدى (宋少帝) — سۇڭ پادىشاھى ۋۇدىنىڭ چوڭ ئوغلى، ئىسمى ليۇ يىفۇ. پالۋان، ئات مىنىشكە، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، مۇزىكىدىن خەۋەردار، لېكىن بەك ئويۇنچى ئىدى. تەختتە ئاران ئىككى يىل ئولتۇرۇپ قالدۇرۇۋېتىلدى ھەم ئۆلتۈرۈلگەن.
(«سۇڭنامە. پادىشاھ شاۋدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

㊿ قۇلانلار (赫连) — ھونلارنىڭ ئەۋلادى. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ يىشى 3 ـ يىلى (مىلادىيە 407 ـ يىلى) ئۇلارنىڭ سەردارى قۇلان بابا «شيا» دېگەن خانلىقنى قۇرۇپ، فامىلىسىنى «قۇلان» غا ئۆزگەرتكەن. مىلادىيە 431 ـ يىلى، ئۇنىڭ 5 ـ ئوغلى قۇلان تىننى تويغۇنلاردىن مۇگۇي شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تۇتۇپ بەرگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قۇلان خانلىرى تەزكىرىسى» دىن)

(51) لۈ خانئانا (吕后) — خەن پادىشاھى گاۋزۇ ليۇباڭنىڭ خوتۇنى، ئىسمى لۈجى. ليۇ باڭ ئۆلگەندىن كېيىن، زورلۇق ـ زومبۇلۇق ۋە ھاكىممۇتلەقلىق قىلىپ يۈرگەن. ئوغلى خەن پادىشاھى خۇيدى ئۆلگەندىن

كېيىن تەختكە چىقىپ، 16 يىل ھاكىممۇتلەقلىق قىلغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 727 ـ بەت)

(52) شياۋبەي ( 小白 ) — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى چى بېگى خۇەنگۇڭنىڭ ئىسمى. ئۇ چۇنچيۇ دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بەش ھاكىمبەگنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، بەگلەرنى يىغىپ ئىتتىپاق تۈزۈپ چېگرىنى تىنچىتقان، كېيىن شەرقىي جۇ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىكى مالىمانچىلىققا خاتىمە بېرىپ، جۇ سۇلالىسىگە خىزمەت كۆرسەتكەن.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1914 ـ بەت)

(53) چۇڭئېر ( 重耳 ) — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمرانى، دادىسى جىن بېگى شيەنگۇڭ چۇڭئېرنىڭ ئىنىسىنى ۋەلىئەھد قىلىپ بېكىتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ قېچىپ چىقىپ 19 يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەن. ئاخىرى چىن بەگلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن قايتىپ كېلىپ، جىن بەگلىكىنى تەرتىپكە سېلىپ، بەگلەرنى يىغىپ ئىتتىپاق تۈزگەن ۋە شەرقىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقىنى تۈگىتىپ، خىزمەت كۆرسەتكەن.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1829 ـ بەت)

(54) چېڭپۇ ( 城濮 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى جۈەنچېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. بەزىلەر خېنەن ئۆلكىسى كەيفېڭ شەھىرىدىكى چېنلىيۇ دېگەن يەرنىڭ ئەتراپىدا، دېيىشىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 533 ـ بەت)

(55) بەش ھاكىمبەگ ( 五霸 ) — چۇنچيۇ دەۋرىدە ئۆتكەن بەش زوراۋان بەگنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار چى بېگى خۇەنگۇڭ، جىن بېگى ۋېنگۇڭ، چۇ بېگى جۇاڭگۇاڭ، يۈ بېگى گوجيەن ۋە چىن بېگى مۇگۇڭلاردۇر.
(مۇھەررىردىن)



(56) پۇبەن ( 蒲坂 ) — شەھەر. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى يۇڭجى ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى پۇجۇ دېگەن يەردە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 606 ـ بەت)

(57) خۇاشيالار ( 华夏 ) — قەدىمكى زاماندا خەنزۇلار ئۆزلىرىنى شۇنداق ئاتىغان.
(مۇھەررىردىن)

(58) پادىشاھ جىڭدى ( 静帝 ) — شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋجىڭدى يۈەن شەنجيەننى كۆرسىتىدۇ. كېيىن گاۋياڭ ئۇنى پادىشاھلىقتىن قالدۇرۇپ، جۇڭشەن بېگى قىلغان. 28 يېشىدا ئۆلگەن.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 184 — 197 ـ بەتلەر)

(59) پادىشاھ فېيدى ( 废帝 ) — ئىسمى يۈەن چىن، غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندىنىڭ چوڭ ئوغلى. داتۇڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 552 ـ يىلى) تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. فېيدىنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 554 ـ يىلى) ئەندىڭ گۇڭى يۈۋېن تەي ئۇنى پادىشاھلىقتىن قالدۇرۇپ، ئىنىسىنى پادىشاھ قىلغان.
(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 182 ـ بەت)

(60) شى نىڭ ( 史宁 ) — غەربىي ۋېي سۇلالىسىدە ئۆتكەن ھەربىي ئەمەلدار. دەسلەپتە شەرقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولغان. پادىشاھ ۋېندى دەۋرىدە لياڭجۇ ئايماقبېگى بولغان. چياڭلار ئىسيان كۆتۈرگەندە، لەشكەر باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلغان ۋە خېياڭ ھەربىي كەنتىنى ساقلىغان.
(«ۋېينامە. شى نىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

(61) پادىشاھ گۇڭدى ( 恭帝 ) — غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندى يۈەن باۋجۈنىڭ 4 ـ ئوغلى، ئىسمى يۈەن كو. فېيدىنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 554 ـ يىلى) تەختكە چىقىپ، گۇڭدىنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 556 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا پادىشاھلىقنى شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مىندى يۈۋېن جۆگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 182 — 183 ـ بەتلەر)

⑥② كوجۇ ئايمىقى ( 廓州 ) — ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى گۇيدې ناهىيىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى» ، 1093 ـ بەت)

⑥③ شىپىڭ ( 西平 ) — ۋىلايەت. مەركىزى شىدۇ (هازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىنىڭ شەھىرى) ، دائىرىسى هازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭيۈەن، لېدۇ ناهىيىلىرى ئارىسىدىكى خۇاڭشۈي دەرياسىنىڭ بويلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 1831 ـ بەت)

⑥④ لىنچياڭ ( 临羌 ) — ناهىيە. ئورنى هازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى خۇاڭشۈي دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 61 ـ بەت)

⑥⑤ سەنمياۋلار ( 三苗 ) — قەدىمكى قوۋم. رىۋايەت قىلىنىشىچە، دەسلەپتە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ياشىغان بولۇپ، ئاقساقال شۈننىڭ زامانىدا سەنۋېي (هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇنخۇاڭ) ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەنىكەن.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 15 ـ بەت)

⑥⑥ يۇڭ ( 庸 ) — بەگلىك. مەركىزى شاڭيۇڭ (هازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىدە) . مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 611 ـ يىلى جۇ بەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 858 ـ بەت)

⑥⑦ ۋېي ( 微 ) — جۇ خانلىقى دەۋرىدىكى بەگلىك. ئورنى هازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ باشىيەن ناهىيىسى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 806 ـ بەت)



⑥⑧ لۇ ( 卢 ) — بەگلىك. ئورنى هازىرقى خۇبېي ئۆلكىسى نەنجاڭ ناهىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى» ، 1229 ـ بەت)

⑥⑨ جۇ خانى ۋۇۋاڭ ( 周武王 ) — غەربىي جۇ خانلىقىنى قۇرغۇچى. ئاتىسى ۋېنۋاڭنىڭ ئىرادىسى بويىچە شاڭ خانلىقىنى يوقىتىپ، غەربىي جۇ خانلىقىنى قۇرغان.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 201 ـ بەت)

⑦⓪ شاڭ خانلىقى ( 商 ) — تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 21 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە داۋام قىلغان قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 356 ـ بەت)

⑦① شيەنلىيەن ( 先零 ) — چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ هازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ خېخۇاڭ رايونىدا ياشىغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا تيەنشۈي، لۇڭشى، يۇفۇفېڭ (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىڭپىڭ ناهىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) قاتارلىق جايلارغا كۆچكەن.
(«مىللەتلەر لۇغىتى» ، 426 ـ بەت)

⑦② شاۋداڭ ( 烧当 ) — چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى شاۋداڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇچە مەنبەلەردە «شاۋداڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان. هازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىدە ياشىغان.
(«مىللەتلەر لۇغىتى» ، 935 ـ بەت)

⑦③ ۋاڭ چيەن ( 王谦 ) — شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئەركانى، يىجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغى بولغان. سۈي پادىشاھى ۋېندى جۇ سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا سۈي سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئۇ جۇ سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرگەن ۋە مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.

(«جۇنامە. ۋاڭ چيەنىنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑭ شۇجۇ ئايمىقى ( 旭州 ) — دائىرىسى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ چىڭياڭ، نىڭشيەن، خۇەنشيەن، خېشۈي، خۇاچى، جېڭنىڭ ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 316 ـ بەت)

⑮ خۇيجۇ ئايمىقى ( 会州 ) — ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جىڭيۈەن ناھىيىسىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 316 ـ بەت)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 97 ـ جىلد

## غەربىي يۇرت تەزكىرىسى

«شيانامە»① دە: «غەربىي رۇڭلار ئەنە شۇ يەردە» دېيىلگەن. بەن گۇ②: «ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەرتىپ بويىچە رەتلەش، لەشكىرىي كۈچنى كۆز ـ كۆز قىلىپ ئۇلاردىن ئولپان كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس» دېگەن. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت بىلەن دەسلەپ ئالاقە ئورناتقاندا ئۇ يەردە 36 ئەل بار ئىدى. كېيىن 55 كە كۆپەيدى ۋە چېرىكچى، قورۇقچى بەگ تەسىس قىلىنىپ، ئۇلار خاتىرجەم قىلىندى. ۋاڭ ماڭ③ پادىشاھلىقنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرت بىلەن بولغان باردى ـ كەلدى ئۈزۈلۈپ قالدى. كېيىنكى خەن دەۋرىگە كەلگەندە، بەن چاۋ④ 50 نەچچە بەگلىك بىلەن ئالاقە ئورناتتى. غەربتە بالقاش كۆلىگىچە بولغان شەرقتىن غەربكە 10 مىڭ چاقىرىم جاينىڭ ھەممىسى سالامغا كەلدى ۋە ئولپان تاپشۇردى. بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، قورۇقچى بەگ ۋە چېرىكچى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن بەزىدە ئالاقە ئۈزۈلۈپ، بەزىدە دوستانە باردى ـ كەلدى قىلىنىپ تۇردى. خەن سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېغىر كېلىدىكەن دەپ، بۇ مەنسەپدارلارنى بەزىدە ئەۋەتىپ، بەزىدە ئەۋەتمەي قويىدى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن كېيىن، ئۇ بەگلىكلەر بىر ـ بىرىنى قوشۇۋېلىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي خاتىرىلىگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

ۋېي پادىشاھى داۋۇدىنىڭ دەسلەپكى يىلى، ئوتتۇرا

تۇزلەڭلىك ئىگىلىك تىكلەش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئەتراپتىكىلەرنى ئويلاشقا يېتىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، غەربىي رۇڭلار⑤ سالامغا كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. مەنسەپدارلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كونا قائىدە بويىچە غەربىي يۇرت بىلەن دوستانە باردى ـ كەلدى قىلايلى، بۇنداق قىلغاندا نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراق جايدا نوپۇز ۋە ئەخلاقنى تارقاتقىلى ھەم قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئوردىنىڭ خەزىنىسىگە يىغقىلى بولىدۇ، دەپ مەكتۇپ سۇندى. ۋېي پادىشاھى داۋۋۇدى: «خەن سۇلالىسى چېگرىنى ساقلىماي، خەلقنىڭ ھالىغا يەتمەي يىراقلارغا بېرىپ، غەربىي يۇرتنى ئاچىمىز دەپ دۆلەتنى ھالىدىن كەتكۈزدى، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئەگەر ھازىر بېرىپ ئالاقە باغلىساق، بۇرۇنقى جەبىر ـ جاپا خەلقنىڭ بېشىغا قايتا چۈشىدۇ!» دەپ قۇلاق سالمىدى. ۋېي پادىشاھى مىڭيۇەندى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر قوبۇل قىلىنمىدى.

تەييەن يىللىرى (مىلادىيە 435 — 440 ـ يىللار) دا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھىممەت ۋە شەپقەتلىرى بارا ـ بارا تارقالدى. غەربىي يۇرتتىن كۇسەن، سۇلى، ئۈيسۈن، ياپبان، كاۋانتا، پىشامشان، كىنگىت، قوش، سوغدى قاتارلىق ئەللەرنىڭ خانلىرى ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىشكە باشلىدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى: «خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت بىلەن دوستانە باردى ـ كەلدى قىلغان بولسىمۇ، غەربىي يۇرتلۇقلار ھاجىتى چۈشكەندە كېلىپ تەكەللۇپ گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ، ھاجىتى چۈشمىگەندە ئوردىنىڭ بۇيرۇقىغا بويۇن تولغاپ سۈسلۇق قىلغان. چۈنكى ئۇلار ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىنى، ئوردا لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ بارالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۆز ئارا ئەلچى ئەۋەتىشكەنىنىڭ ئاقىۋەت ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ» دەپ قاراپ، ئەلچى ئەۋەتكۈسى كەلمىدى. مەنسەپدارلار: «بۇ توققۇز ئەل يولنى يىراق كۆرمەي يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى



ئەۋەتتى، ئۇلارنى قولىغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ھېلىتىن بۇنداق توسىساق قانداق بولىدۇ؟» دەپ مەكتۇپ سۇندى. پادىشاھ تەيۋۇدى قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ ئېنشېڭ، شۇگاڭلارنى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ۋاڭ ئېنشېڭ قۇملۇقتىن يول ئېلىپ ماڭغاندا، جورجانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ يېتىپ بارالمىدى. يەنە چەۋەنداز مەھرەم دۇڭ ۋەن، گاۋ مىڭ قاتارلىقلارنى بىر مۇنچە مەشۇت گەزلىمە بىلەن پىشامشان تەرەپكە ماڭغۇزۇپ، توققۇز ئەلدىن ھال سوراپ نۇرغۇن نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئەۋەتتى. دۇڭ ۋەن قاتارلىقلار پادىشاھتىن يول بويىدىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىشقا بولىدۇ، دېگەن تاپشۇرۇقنى ئالغانىدى. دۇڭ ۋەن توققۇز ئەلدىن ئۆتۈپ شىمالدىكى ئۈيسۈنغا باردى. ئۈيسۈن خانى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئىنئامىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ھەمدە دۇڭ ۋەنلەرگە: «ئاڭلىشىمچە پەرغانە، چاشلار ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھىممەت ـ شەپقىتىنى ياد ئېتىپ، ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولۇش، ئولپان ئەۋەتىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، يول تاپالماسمىزمىكىن دەپ ئەنسىرىگەن. ئەمدى بۇ يەرگە كېلىپ قاپسىلەر، ئۇ ئىككى دۆلەتكە بېرىپ، ئۇلارنىڭ شىمالىي ۋېيغا بولغان ئىنتىزارلىقىنى قاندۇرۇپ قويساڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن دۇڭ ۋەن ئۆزى پەرغانىگە باردى، گاۋ مىڭنى چاشقا ئەۋەتتى. ئۈيسۈن خانى ئۇلارنى بۇ ئىككى ئەلگە باشلاپ بېرىش ئۈچۈن يول باشلىغۇچى ۋە تىلماچ قوشۇپ بەردى. دۇڭ ۋەن قاتارلىقلار ئۇلارغا خاننىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇپ بەردى. ئىنئام بېرىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي دۇڭ ۋەن، گاۋمىڭلار ئوردىغا قايتتى. ئۈيسۈن ۋە پەرغانىگە ئوخشاش ئەلچى ئەۋەتىپ دۇڭ ۋەن بىللە ئوردىغا ئولپان ئېلىپ كەلگەن بەگلىك جەمئىي 16 بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار ھەر يىلى بىرنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ تۇردى، ئوردىنىڭ ئەۋەتكەن

ئەلچىلىرىمۇ نەچچە ئون تۈركۈمگە يەتتى.

باشتا، ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ھەر قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچى ئەۋەتكەندە، خېشى بېگى جۇرچى مۇقاننى ئادەم چىقىرىپ مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇيتتى. ئەلچى گوزاڭغا بارغاندا، جۇرچى مۇقان دائىم يول باشلاشقا ئادەم قوشۇپ قۇملۇقتىن ئۆتكۈزۈپ قويىاتتى. كېيىن ئەلچىلەر غەربىي يۇرتتىن قايتىپ ۋۇۋېيگە كەلگەندە، مۇقاننىڭ ئادەملىرى ئەلچىلەرگە: «بىزنىڭ خانىمىز جورجانلاردىن ۋۇتىنىڭ ‹بۇلتۇر ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كېلىپ ماڭا ھۇجۇم قىلىۋىدى، لەشكىرى ۋە ئاتلىرى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ مەغلۇپ بولۇپ قايتتى، مەن ئۇنىڭ چوڭ ئىنىسى لېپىڭ بېگى توغبات پىنى تۇتۇۋالدىم› دېگەن يالغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى ۋە پۈتۈن ئەلگە داۋراڭ سالدى. يەنە ئاڭلىشىمىزچە، ۋۇتى غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ ‹ۋېي سۇلالىسى ئاجىزلاپ كەتتى، ھازىر جاھاندا مەنلا كۈچلۈك، ئەمدى ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى كەلسە، ئۇنچىۋالا ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈپ كەتمەڭلار› دەپتۇدەك، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭمۇ كۆڭلىدە ئاغلىق بار» دېدى. جۇرچى مۇقان ھەقىقەتەن ۋېي سۇلالىسىنى مەنسىتمەيدىغان، سۇسلۇق قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەلچىلەر ئوردىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى جۇرچى مۇقاننى باستۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلدى. لياڭجۇ تىنچىغاندىن كېيىن پىشامشانلىقلار «كالپۇك بولمىسا چىش مۇزلايدۇ، ھازىر ۋېي سۇلالىسى ۋۇۋېينى يوقاتتى، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەلچىلىرى كېلىپ ئېلىمىزنىڭ ئىشلىرىنى بىلىۋالسا، ئېلىمىز ئۇزۇنغا قالماي يوقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇلاردىن ئالاقىنى ئۈزسەك، ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلەيمىز» دەپ قاراپ، چېگرىدىكى يوللارنى توسىۋەتتى. نەتىجىدە غەربىي يۇرتنىڭ ئولپانلىرى



ئۇزۇن يىللارغىچە كېلەلمىدى. پىشامشان تىنچىتىلغاندىن كېيىنلا ئەلچىلەر بىرىپ - كېلەلەيدىغان بولدى.

دۇڭ ۋەن باشلىق ئەلچىلەر پايتەختكە قايتىپ كېلىپ، بېسىپ ئۆتكەن ئەللەردە كۆرگەنلىرىنى ۋە كىشىلەردىن ئاڭلىغان باشقا ئەللەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى دەپ بەردى. بۇ ئەھۋاللار مۇنداق ئىدى: غەربىي يۇرتتا خەن پادىشاھى ۋۇدى دەۋرىدىكى 50 نەچچە بەگلىك كېيىن بىر - بىرىنى قوشىۋېلىپ، تەيەن يىللىرى (مىلادىيە 435 — 439 - يىللار) غا كەلگەندە 16 بەگلىككە ئايلانغان. ئۇ يەر تۆت رايونغا ئايرىلغان: كۆكئارتنىڭ شەرقى، قۇملۇقنىڭ غەربى بىر رايون؛ كۆكئارتنىڭ غەربى، خەيچۇ⑥نىڭ شەرقى بىر رايون؛ چاشنىڭ جەنۇبى، ياۋچىلارنىڭ شىمالى بىر رايون؛ ئىككى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسى، سازلىقنىڭ جەنۇبى بىر رايون. ئۇ يەردىكى كىچىك ئەل ئاقساقاللىرى نەچچە يۈزگە يېتىدىكەن. غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يول ئەسلىدە ئىككى بولۇپ، كېيىن تۆت بوپتۇ: يۈمېن قوۋۇقىدىن چىقىپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، غەربكە قاراپ 2000 چاقىرىم ماڭسا پىشامشانغا بارىدۇ؛ يۈمېن قوۋۇقىدىن چىقىپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، شىمالغا 2200 چاقىرىم ماڭسا قوشقا بارىدۇ؛ يەكەندىن غەربكە 100 چاقىرىم ماڭسا كۆكئارتقا، كۆكئارتتىن غەربكە 1300 چاقىرىم ماڭسا ۋاخان⑦ غا بارىدۇ؛ يەكەندىن غەربىي جەنۇبقا 500 چاقىرىم، كۆكئارتتىن غەربىي جەنۇبقا 1300 چاقىرىم ماڭسا بولۇرغا⑧ بارىدۇ. دۇڭ ۋەن تىلغا ئالمىغان، لېكىن ئوردىغا سالامغا، ئولپان تاپشۇرۇشقا كەلگەن ئەللەرمۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىلا خاتىرىگە ئېلىنىپ، ئېلىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى خاتىرىلەپ قالدۇرۇش مۇمكىن بولمىغان.

شەرقىي ۋە غەربىي ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تازا مالىمان ئىدى. چى ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، غەربىي يۇرت توغرۇلۇق گەپ بولۇنمىغان. شۇڭا،

«شىمالىي چىنامە» ، «جۇنامە» لەردە غەربىي يۇرت ھەققىدە خاتىرە يوق.

سۇي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ، رېنشۇ يىللىرىدا غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تىلغا ئېلىنمىدى. سۇي پادىشاھىنى ياڭدى زامانىغا كەلگەندىلا ياساۋۇل تەپتىش بېگى ۋېي جىيې، ياردەمچى مۇپەتتىش چېرىكچى دۇشىڭمەنلەر غەربتىكى قارام ئەللەرگە ئەۋەتىلدى. ئۇلار كەشمىرگە بېرىپ قەھرىۋا قەدەھكە، راجاگىرا⑨ بېرىپ بۇددا نومىغا، كېشقا⑩ بېرىپ ئۇسسۇلچى قىز، شىر تېرىسى ۋە بولغۇن يۇڭىغا ئىگە بولۇپ، ئاندىن ئوردىغا قايتتى. سۇي پادىشاھى ياڭدى يەنە ۋېنشى گوڭى پېي جۇنى ۋۇۋېي، جاڭيې ئارىلىقىدا يۈرۈپ كەلگەن - كەتكەنلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلاردىن ئەل باشلىقى بارلىرى 44 دۆلەت ئىكەن. پېي جۇ ئۇلارنىڭ ئوردىغا بارىدىغان ئەلچىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى كۆپ مەنپەئەت بىلەن قىزىقتۇردى، ئۆزىنى تەشۋىق قىلغۇزدى. دايې يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، 40 نەچچە دۆلەت ئارقا - ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتتى. سۇي پادىشاھى ياڭدى غەربىي رۇڭلار چېرىكچىسى تەسىس قىلىپ ئۇلارنى كۈتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مالىمانچىلىشىپ، ئوردىغا سالامغا كېلىدىغان، ئولپان ئېلىپ كېلىدىغانلارمۇ ئۈزۈلدى. نۇرغۇن ماتېرىيال يوقالدى. كىتابتا خاتىرىلەنگەن ئەللەر پەقەت 20 گە يېتىدىغان بولۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە كەلگەن ئەللەرنىڭ بەزىلىرى سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئىلگىرى يازغان «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نى تولۇقلاش ئۈچۈن ھەممىسى توپلاپ تۈزۈلدى. يىراق - يېقىنلىقى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئىلگىرىكى تارىخ كىتابلىرىدىن تەپسىلىي يېزىلدى. بەزى يەرلىرى ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇلار ھەممىسى ئۆز ۋاقتىدىكى خاتىرىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ چۈشۈپ قالغان يەرلىرىنى



تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلدى.

پىشامشان، ئاستانىسى مىرەن⑪، قەدىمكى كروران خانلىقى. دەي خانلىقىغا⑫ 7600 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاستانىسىنىڭ دائىرىسى بىر چاقىرىم بولۇپ، يېرىنىڭ كۆپى قۇملۇق ۋە شورلۇق، ئوت - سۈيى ئاز. شىمال تەرىپى قۇمتاغقا ⑬ بارىدىغان يول. تەييەن يىللىرى (مىلادىيە 435 — 439 - يىللار) نىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئاندىن خاننىڭ ئىنىسى سۇيانىشىنى ئوردىغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى لياڭجۇنى تىنچىتقاندا، جۈرچى مۇقاننىڭ ئىنىسى جۈرچى ئۇرغۇ دۇنخۇاڭنى بېسىۋالدى. كېيىن جۈرچى ئۇرغۇ قۇملۇقتىن ئۆتمەكچى بولۇپ، ئىنىسى جۈرچى ئەنجۇنى پىشامشانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. پىشامشان خانى بىلۇڭ قورقۇپ تەسلىم بولماقچى بولغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئەنەتكەك، كەشمىردىن قايتىپ كېلىپ پىشامشانغا يىغىلدى. ئەلچىلەر بىلۇڭنى جۈرچى ئەنجۇگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە دەۋەت قىلدى. بىلۇڭ جۈرچى ئەنجۇ بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلدى. جۈرچى ئەنجۇ غەلىبە قىلالماي چېكىنىپ شەرقىي شەھەرنى قوغدىدى. كېيىن بىلۇڭ قورقۇپ، ئادەملىرىنى باشلاپ غەربتىكى چەرچەنگە قاچتى. ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغلى جۈرچى ئەنجۇنى قوبۇل قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ۋېي سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر پىشامشاندىن ئۆتكەندە، پىشامشانلىقلار ئۇلارنى بۇلاپ ئۆتكۈزمىدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى چەۋەنداز مەھرەم، چىڭجۇ گوڭى ۋەن دۇگۇينى تۆت ئاتلىق پوچتا ھارۋىسى بىلەن بېرىپ، لياڭجۇنىڭ قوشۇنلىرىنى پىشامشانغا ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. ۋەن دۇگۇي دۇنخۇاڭغا بېرىپ، ھەربىي ئەشيالارنى قالدۇرۇپ قويدى ھەم يېنىك جابدۇنغان 5000 چەۋەندازنى باشلاپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، پىشامشان تەۋەسىگە كىردى. شۇ

چاغدا پىشامشان خەلقى دالىغا تارىلىپ كەتكەنىدى. ۋەن دۇگۇي ئەمەلدار، لەشكەرلەرنى بۇلاڭچىلىق قىلماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى. پىشامشاننىڭ چېگرىنى ساقلىغۇچى سەركەردىسى بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، ۋەن دۇگۇينىڭ تۇغىنى كۆرۈش بىلەنلا بېشى يەرگە تەگكۈچە تازىم قىلدى، پىشامشان خانىمۇ قولىنى ئارقىسىغا باغلاپ چىقىپ ئەل بولدى. ۋەن دۇگۇي ئۇنىڭ قولىنى يېشىپ، لەشكەرلەرنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، جىنىدا بىلەن ئاستانىسىگە كەلدى. پادىشاھ تەيۋۇدى خۇش بولۇپ، جىنداغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. شۇ يىلى جياۋجى گۇڭگى خەنبانى مۇۋەققەت ئەلچى، غەربكە يۈرۈشى قىلغۇچى سانغۇن، غەربىي رۇڭلارنى قوغدىغۇچى جېرىكچى، پىشامشان بېگى قىلىنىپ تەيىنلەپ پىشامشاننى ساقلاشقا، پىشامشان خەلقىدىن ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىنغان جايلارغا ئوخشاش باج، ئالۋاڭ ـ ياساق يىغىشقا ئەۋەتتى.

چەرچەن دۆلىتى، ئاستانىسى چەرچەن شەھىرى. پىشامشاننىڭ غەربىگە جايلاشقان، دەي بىلەن ئارىلىقى 8320 چاقىرىم كېلىدۇ. تەيپىڭ جېنجۈن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 442 ـ يىلى) جۈرچى ئەنجۈنىڭ كەلتۈرگەن ئاپىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پىشامشان خانى بىلۇڭ پىشامشان خەلقىنىڭ يېرىمىنى باشلاپ چەرچەنگە قاچتى. كېيىن چەرچەن پىشامشانغا ئەل بولدى. چەرچەننىڭ غەربىي شىمالىدا نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان بىر قۇملۇق بولۇپ، يازدىكى ئىسسىق شامال بۇ يەردىن ئۆتىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بىر ئاپەت. بوران چىقىدىغانلىقىنى قېرى تۆگىلا ئالدىن بىلەلەيدۇ، ئۇلار غەزەپكە كەلگەندەك بولۇپ، بىر يەرگە يىغىلىپ، تۇمشۇقىنى قۇمغا پاتۇرۇۋالىدۇ. كىشىلەر بۇنى ئىسسىق بوران چىقىشىنىڭ ئالامىتى دەپ بىلىپ، ئېغىز ـ بۇرنىنى كىگىز بىلەن توسۇۋالىدۇ. بوران ناھايىتى تېز بولۇپ، بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەگەر مۇداپىئە كۆرۈلمىسە، چوقۇم



خەۋپكە ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داتۇڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 542 ـ يىلى) چەرچەن خانىنىڭ ئاكىسى شاشامى خەلقىنى باشلاپ ئوردىغا بېقىندى.

ئۇدۇن دۆلىتى چەرچەننىڭ غەربىي شىمالىدا، كۆكئارتنىڭ شىمالىدىن 200 چاقىرىم يىراقلىقتا، شەرق تەرىپى پىشامشانغا 1500 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى ئايال پادىشاھ دۆلىتىگە 3000 چاقىرىم، جوجوفقا 1000 چاقىرىم كېلىدۇ. شىمال تەرىپى كۇسەنگە 1400 چاقىرىم، دەيگە 9800 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ كۆلىمى 1000 چاقىرىم بولۇپ، تاغلار بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ قاتار كەتكەن. ئۇدۇننىڭ ئاستانىسىنىڭ چوڭلۇقى 8 ـ 9 چاقىرىم كېلىدۇ. تەۋەسىدە بەش چوڭ شەھەر، نەچچە ئون كىچىك شەھەر بار. ئۇدۇن شەھىرىنىڭ شەرقىدە 30 چاقىرىم يىراقلىقتا شۇبا دەرياسى بار، دەريادىن قاشتېشى چىقىدۇ. يەرلىرى ھەرخىل ئاشلىق ۋە ئۈجمە، كەندىر تېرىشقا باب كېلىدۇ. تاغ ئىچىدە ياخشى قاشتېشى كۆپ. ياخشى ئات، تۆگە، قېچىر بار. ئۇلارنىڭ قانۇنىدا ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، باشقا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ جازا بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئادىتى ۋە مەھسۇلاتى كۇسەنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇددساتۋانى ئۇلۇغلايدۇ. بۇتخانا، مۇناز، راھىبلەر كۆپ. خۇسۇسەن خان بۇددساتۋاغا ئىشىنىدۇ ۋە ئىخلاس قىلىدۇ. ھەر قېتىم پەرھىز كۈنىنى ئۆتكۈزگەندە، چوقۇم ئۆزى بېرىپ يەرلەرنى سۈپۈرىدۇ ۋە نەزىر بېرىدۇ. ئۇدۇن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتا زەنمو ئىبادەتخانىسى، يەنى ئارخات بىكشۇ لۇزەن ئۆز خانى ئۈچۈن فۇپىن مۇنارىنى سالغان جاي بار. تاش ئۈستىدە پراتېكا بۇددا⑭ يالىڭاياغ دەسسىگەن يەر بولۇپ، ئىككى پۇتىنىڭ ئىزى ھېلىمۇ بار. ئۇدۇننىڭ غەربىدىن 500 چاقىرىم يىراقلىقتا بىمو ئىبادەتخانىسى بار. رىۋايەت

قىلىنىشىچە، ئۇ لاۋزى غوزغا ئايلانغاندىن كېيىن بۇددا بولغان يەرمىش. ئادەتتە رەسىم ـ قائىدە، ئەخلاق ـ ئەدىپىسى يوق. قاراقچى كۆپ، ئەر ـ ئاياللار مۇناسىۋىتى قالايمىقان. قوچۇننىڭ غەربىدىكى ئەللەرنىڭ خەلقى ئورا كۆز، قاڭشارلىق كېلىدۇ، پەقەت ئۇدۇنلۇقلارنىڭ چىرايى غوزلارغا ئوخشىماستىن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شەھەرنىڭ شەرقىدىن 20 چاقىرىم يىراقلىقتا شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان بىر دەريا بولۇپ، شۇجى دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ خۇاڭخې دەرياسى، يەنە بىر ئېتى جىشى دەرياسى. شەھەرنىڭ غەربىدىن 15 چاقىرىم يىراقلىقتا دالى دەرياسى بار. ئۇ شۇجى دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ.

تەيپىڭ جېنجۈن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى گاۋلياڭ بېگى توغبات نارنى مۇلىيەنگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. مۇلىيەن قورقۇپ، قەبىلىسىنى باشلاپ قوملۇقتىن ئۆتتى. گاۋلياڭ بېگى توغبات نار لەشكەرلىرىنى باشلاپ تېز قوغلىدى. مۇلىيەن غەربكە يۈرۈپ ئۇدۇنغا كىردى ۋە ئۇدۇن خانىنى ئۆلتۈردى، ئۆلگەن ئادەم ناھايىتى جىق ئىدى. ۋېي پادىشاھى شيەنۋېندىنىڭ ئاخىرقى يىلى (مىلادىيە 470 ـ يىلى) جورجانلار ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇدۇن ئەنسىرەپ ئەلچى سۇمۇجادىن پادىشاھ شيەنۋېندىغا: «غەربتىكى ئەللەر جورجانلارغا بېقىنىپ كەتتى. مەن ئاتا ـ بوۋامدىن تارتىپ ئۇلۇغ ئەلنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كېلىۋاتىمەن. ھېلىمۇ ئۆزگەرگىنىم يوق. ھازىر جورجانلارنىڭ لەشكىرى سىپىل تۈۋىگە كېلىپ قالدى، ئۆز لەشكەرلىرىمنى توپلاپ قوغدىنىۋاتىمەن، شۇڭا ئەلچىدىن ئولپان ئەۋەتتىم، ياردەم بەرگەيلا» دەپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. پادىشاھ شيەنۋېندى ۋەزىرلەرنى مۇزاكىرىگە سالدى. ۋەزىرلەر: «ئۇدۇن پايتەختىمىزدىن نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم يىراقتا. جورجانلار ئەزەلدىن دالىدا بۇلاڭچىلىق قىلىشنىلا بىلىدۇ، شەھەرگە ھۇجۇم



قىلالمايدۇ. ئەگەر ئاپەت تۇغدۇرغان بولسا، شۇ ۋاقىتتىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. لەشكەر ئەۋەتكەندىمۇ ئۇلگۇرمەيدۇ» دېدى. پادىشاھ شيەنۋېندى ۋەزىرلەرنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى ئۇدۇننىڭ ئەلچىسىگە يەتكۈزدى. ئەلچى بۇنى توغرا تاپتى. پادىشاھ ئەلچىگە: «مەن تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن جاھاننى سوراۋاتىمەن، ھەممە يەرنى ئاسايىشلىققا پۈركەيمەن. سىلەرنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇشقا لەشكەر ئەۋەتسەم بولاتتى، لېكىن ئارىلىق بەك يىراق، قىيىنچىلىق كۆپ. يەنە بىر قېتىم ياردەمگە ئادەم ئەۋەتكەن تەقدىردىمۇ، جىددىي ئەھۋالدىن قۇتقۇزالمايدۇ. شۇڭا لەشكەر ئەۋەتىلمەي توختىتىپ قويۇلدى، بۇنى چۈشەنسىڭىز. مەن ھازىر لەشكەرلەرنى تەربىيىلەپ مەشىق قىلدۇرۇۋاتىمەن، بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە جەسۇر سەركەردە ـ سەرۋازلارنى ئۆزۈم باشلاپ بېرىپ بېشىڭلارغا چۈشكەن ئاپەتنى يوقىتىپ بېرىمەن. قوشۇن بارغۇچە، ئادەم چىقىرىپ ئېھتىيات بىلەن چارلاپ، ھوشيارلىق بىلەن مۇداپىئە كۆرۈپ تۇرۇڭلار» دېدى.

بۇرۇن ئوردا ئەلچى خەن ياڭپىنى پېرسىيىگە ئەۋەتكەن، پېرسىيە پادىشاھىمۇ ئەلچى ۋە كۆندۈرۈلگەن پىل، قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار ئۇدۇندىن ئۆتكەندە، ئۇدۇننىڭ جۈڭيۈ بېگى چيۇرېن قاراقچىلار بولۇۋالىدۇ، يېتىپ بارالمايدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ قالدى. خەن ياڭپى ئەھۋالنى مەلۇم قىلىۋىدى، پادىشاھ خاپا بولۇپ، يارلىق ئېلىپ بېرىپ چيۇرېننى ئەيىپلەشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوردىغا دائىم ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىدىغان بولدى.

شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ جيەندې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 574 ـ يىلى) ئۇدۇننىڭ بېگى ئەلچىدىن داڭلىق ئات ئەۋەتتى.

سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې يىللىرىدا، ئوردىغا كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. ئۇدۇن بېگىنىڭ فامىلىسى ۋاڭ، ئىسمى زاۋشىمېن ئىكەن. بېشىغا ئاق دۇردۇندىن بۆك،

زەر تۇتۇلغان چاشقان تۇماق كىيىدىكەن، خانىشى ئالتۇن گۈل قادايدىكەن. بەگ چېچىنى كىشىگە كۆرسەتمەيدىكەن، ئەگەر بەگنىڭ چېچى كۆرۈنۈپ قالسا ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقىراپ كېتەرمىش.

پۇشەن بەگلىكى بۇرۇنقى گۇما بەگلىكىدۇر. پىنچېڭ شەھىرگە جايلاشقان. بۇ بەگلىك ئۇدۇننىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، دەيگە 1200 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ ئەلنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتا دۆڭلۈك تېغى بار. كېيىن ئۇلار ئۇدۇنغا بېقىندى. قارغالىق⑮ بەگلىكى بۇرۇنقى يولئېرىق⑯ بولۇپ، يەنە كۆكيار دەپمۇ ئاتالغان. ئۇنىڭ بېگى زى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاستانىسى خۇجيەن. ئۇ ئۇدۇننىڭ غەربىدە، دەيگە 12 مىڭ 970 چاقىرىم كېلىدۇ. تەيىەن يىللىرىنىڭ بېشىدا ئەلچىدىن ئولپان ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئولپان ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

چۆەنيۇمو بەگلىكى⑰ بۇرۇنقى ئۇدىيانا بەگلىكىدۇر. ئۇنىڭ بېگى ئۇدىيانا شەھىرىدە تۇرىدۇ. ئورنى قارغالىقنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، دەيدىن 12 مىڭ 970 چاقىرىم يىراقلىقتا.

ساكارائۇل بەگلىكى⑱، بۇرۇنقى ساكارائۇل شەھىرىدە، كۆكيار⑲نىڭ غەربىي شىمالىدا. دەيدىن 12 مىڭ 980 چاقىرىم يىراقلىقتا.

قوش بەگلىكى، يەنە بىر نامى ئالدى قوش بەگلىكى. بېگى يارغول شەھىرىدە تۇرىدۇ. دەيدىن 10 مىڭ 50 چاقىرىم يىراقلىقتا. بۇ يەرنىڭ شىمال تەرىپى جورجانلار بىلەن تۇتىشىدۇ. ئەسلىدە سودىگەرلەر بېرىپ ـ كېلىپ سودا قىلىپ تۇراتتى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ ئوردىغا ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىدىغان بولدى. پادىشاھ تەيۋۇدى ۋاڭ ئېنشېڭ، شۇگاڭلارنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ۋاڭ ئېنشېڭلار قۇملۇقتىن چىقىشىغىلا جورجانلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى. ۋاڭ



ئېنشېڭ جورجان ئوتى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەلچىلىك تەمتىكىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا تىز پۈكمىدى. كېيىن پادىشاھ تەيۋۇدى ئوتىنى ئەيىپلىدى. ئوتى قورقۇپ ۋاڭ ئېنشېڭ قاتارلىق كىشىلەرنى قايتۇرۇپ بەردى. شۇ گاڭ دۆنخۇاڭغا كەلگەندە كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئوردا ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ماختاپ، ئۇنىڭغا «ساداقەتمەن» دەپ نام بەردى.

جورچى ئورغۇ ئىنىسى بىلەن قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، قالغان ئادەملىرىنى يىغىپ قوش بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلدى. تەيپىڭ جېنجۈن 11 ـ يىلى قوش بېگى چېيىلو ئەلچى جوجىنشۆجىدىن پادىشاھقا: «مەرھۇم دادام چەت ـ ياقا جايلاردا تۇرۇپ، ئالىيلىرىنىڭ نوپۇز ـ ئەخلاقىغا تەلمۈرۈپ، ئەلچى ئارقىلىق ئولپان ئەۋەتىشنى بىر يىلمۇ ئۈزۈپ قويمىدى. ئالىيلىرى ئۇنى ياد ئېتىپ كۆپ نەرسىلەرنى ئىنئام قىلدىلا. مەن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ ئولپاننى ئادەت بويىچە كېمەيتمەي تاپشۇرۇپ كەلدىم. ئالىيلىرى ئەجدادىمنىڭ بېشىنى قانداق سىلىغان بولسىلا، مېنىڭ بېشىمنىمۇ شۇنداق سىلىسىدىلا. ئۆزلىرىنىڭ ماڭا مېھرلىرى چوڭقۇر بولغانلىقتىن، سەممىيلىكىمنى قورقماي بايان قىلاي. ئېلىمىز جورچى ئورغۇنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن بۇيان، سەككىز يىل بولدى، خەلق قەھەتچىلىكتە كۈن ئالالمايۋاتىدۇ. هازىر دۈشمەن ماڭا قاتتىق هۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، ئۆزۈمنى قوغدىيالماي، ئەلنى تاشلاپ شەرققە سۈرۈلدۈم. زېمىنىمنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىلا ئامان قالدى. كىنگتىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا يېتىپ كېلەي دەپ قالدىم. ئوردىنى ياد ئېتىپ ياردەم تەلەپ قىلاي دەيمەن» دەپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. پادىشاھ تەيۋۇدى ئۇنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالدى. كىنگتىنىڭ ئامبىرىنى ئاچتۇرۇپ ئاشلىق، نەرسە ـ كېرەك بەردى. جېڭپىڭ يىللىرىنىڭ بېشىدا (مىلادىيە 452 ـ يىلى) ئۇ ئوغلىنى ئوردىغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن

كېيىن ئۇزمەي ئەلچى ئەۋەتىپ، ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى.

قوچۇ — قوشنىڭ مەرھۇم بەگلىرىنىڭ قەدىم جايى، خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە ئالدى قۇشقا تەۋە يەر ئىدى. شەرقتىن غەربكە 200 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا 500 چاقىرىم كېلىدۇ. تۆت تەرىپى ئېگىز تاغ. بەزىلەر بۇرۇن خەن پادىشاھى ۋۇدى لەشكەر چىقىرىپ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، لەشكەرلەر ھېرىپ قېلىپ قېيىن ئەھۋالغا چۈشكەن، بەك قېيىنلىپ كەتكەنلىرى شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. يېرى ئېگىز ھەم كەڭ، خەلقى باياشات بولغاچقا « 高昌 » دەپ ئات قويغان، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر بۇ يەردە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئېگىز قورغان بار، شۇڭا بۇ ئەل شۇ نام بىلەن ئاتالغان، دەيدۇ. شەرقى چاڭئەنگە 4900 چاقىرىم كېلىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت دورغابى⑳، قورۇل چېرىكچىبېگى ㉑ شۇ يەردە تۇرغان. جىن سۇلالىسى بۇ يەرنى قوچۇ ۋىلايىتى قىلغان. جاڭ گۈي، لۈگۇاڭ، جۈرچى مونسۇنلار خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىنى ئىگىلىگەندە، قوچۇنى باشقۇرىدىغان ۋالىي قويغان. بۇ يەر بىلەن دۇنخۇاڭنىڭ ئارىلىقى 13 كۈنلۈك يول.

بۇ ئەلنىڭ سەككىز شەھىرى بولۇپ، ھەممىسىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر بار. يەرلىرىنىڭ كۆپى چۆل. ھاۋاسى ئىسسىق، تۇپرىقى مۇنبەت، تېرىق ۋە بۇغداي يىلدا ئىككى قېتىم پىشىدۇ. پىلە بېقىشقا باپ، ھەر خىل مېۋە - چېۋە چىقىدۇ. سىر كۆپ چىقىدۇ. قوي تىكىنى دەيدىغان بىر خىل ئوت بار، ئۇنىڭدىن ناھايىتى تاتلىق شىرنە چىقىدۇ. يېرى ئېقىن سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. تەمى ناھايىتى ياخشى قىزىل تۇز چىقىدۇ. ئاق تۈزمۇ بار، دانىسى سۈزۈك تاشقا ئوخشايدۇ. قوچۇدىكىلەر ئۇنى تەكىيگە سالىدۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىمۇ سوۋغات قىلىدۇ. مۇسەللەس كۆپ چىقىدۇ. ئادىتى بويىچە تەڭرىگە چوقۇنىدۇ. بۇددا دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلىدۇ. چارۋىلارنى قاراقچىلاردىن



قاچۇرۇپ چەت - ياقا جايلاردا باقىدۇ. ئۆلارنىڭ نەدىلىكىنى ئېسىلزادىلەردىن باشقا ئادەملەر بىلمەيدۇ. شىمال تەرىپىدە قىزىل تاغ، تاغنىڭ شىمال تەرىپىدىن 70 چاقىرىم يىراقلىقتا تەڭرىخان تېغى㉒ بار. ئۇنى ياز كۈنىمۇ قار قاپلاپ تۇرىدۇ. بۇ تاغنىڭ شىمالى تېلىلارنىڭ يېرى.

ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى دەۋرىدە، كەن شۇاڭ دېگەن ئادەم قوچۇ ۋالىيسى بولۇۋالغان. تەيپەن يىللىرىدا پادىشاھ تەيۋۇدى چەۋەنداز مەھرەم ۋاڭ ئېنشىڭ قاتارلىقلارنى قوچۇغا ئەلچىلىككە ئەۋەتسە، جورجانلار تۇتۇۋالدى. تەيپىڭ جېنجۈن يىللىرىدا جۈرچى ئۇرغۇ كەن شۇاڭغا ھۇجۇم قىلىپ، قوچۇنى ئىشغال قىلدى. جۈرچى ئۇرغۇ ئۆلگەندە، ئورنىغا ئىنىسى جۈرچى ئەنجۇ ئولتۇردى. خېپىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 460 - يىلى) جورجانلار قوچۇنى يۇتۇۋېلىپ، كەن بوجۇنى قوچۇغا خان قىلدى. بۇ دۆلەتتە خان دېگەن ئاتاق شۇنىڭدىن باشلاندى.

تەيخې يىللىرى (مىلادىيە 477 — 499 - يىللىرى) نىڭ بېشىدا كەن بوجۇ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى كەن يىچېڭ ئولتۇردى. بىر يىلدىن كۆپرەك ئۆتۈپ، كەن يىچېڭنى بىر نەۋرە ئاكىسى كەن شۇگۇي ئۆلتۈرۈپ، قوچۇغا ئۆزى خان بولدى. 5 - يىلى، قاڭقىل خانى ئاپۇرغۇر كەن شۇگۇي بىلەن ئۇكىسىنى ئۆلتۈرۈپ، دۇنخۇاڭلىق جاڭ مېڭمىڭنى خانلىققا ئولتۇرغۇزدى. كېيىن قوچۇلۇقلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، مارۇنى خانلىققا ئولتۇرغۇزدى. گۇڭ گۈلى، چۇجيالارنى ئوڭ قول، سول قول دورغاب قىلدى. 21 - يىلى ئەمىرلەشكەر ۋاڭ تىنشۇەندىن ئوردىغا ئولپان ئەۋەتىپ، ئوردىدىن لەشكەر ئەۋەتىشىنى، پۈتكۈل ئاھالىسى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈشنى تەلەپ قىلدى. ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندى ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ھەيۋەتلىك سانغۇن خەن ئەنباۋنىڭ باشچىلىقىدا 1000 دىن ئارتۇق چەۋەندازنى ئالدىغا ئەۋەتتى. ئىۋىرغولنىڭ 500 چاقىرىم يېرىنىڭ مارۇنىڭ

ماكانلىششىغا بولۇپ بەردى. ئوردىنىڭ لەشكەرلىرى ياڭجىن دەرياسىغا بارغاندا، مارۇ چۇ جيا، گۆك گۆللارنىڭ باشچىلىقىدا 1500 سەرۋازنى خەن ئەنباۋنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. قوچۇنىڭ لەشكەرلىرى قوچۇدىن 400 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايغا بېرىپمۇ خەن ئەنباۋ بىلەن ئۇچرىشالمىغاچقا، گۆك گۆللار قوچۇغا قايتتى، خەن ئەنباۋ ئىۋىرغولغا قايتتى. خەن ئەنباۋ خەن شىڭئەن باشلىق 12 كىشىنى قوچۇغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. مارۇ يەنە گۆك گۆلىنىڭ باشچىلىقىدا ئۆزىنىڭ ۋەلىئەھدى مايشۇنى خەن ئەنباۋنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. قوچۇدىن 160 چاقىرىم يىراقلىقتىكى پىچان شەھىرىگە بارغاندا، توغۇلۇپ ئۆسكەن يەرگە قىيمىغان قوچۇلۇقلار شەرققە كۆچۈشنى خالىماي، بىرلىشىپ مارۇنى ئۆلتۈرۈپ، چۇجيانى خان قىلىپ تىكلىدى.

چۇجيا، يەنە بىر ئىسمى چۇ لىڭفېڭ، جىنچېڭ ۋىلايىتىدىكى يۇجوڭ دېگەن يەردىن. ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، جورجانلارنىڭ سەردارى ناغايغا ئەل بولدى. گۆك گۆلى بىلەن مايشۇ خەن ئەنباۋ بىلەن لوياڭغا باردى. جورجانلارنىڭ سەردارى فۇتۇنى قاڭقىللار ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، چۇجيا يەنە قاڭقىللارغا ئەل بولدى. ئەسلىدە ئالدى قوشتىكى غوزلار قاڭقىللار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنىدى. كىنگىتكە كىرگەندە، كىنگىت ئېفتالىتلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى. كىنگىتلىكلەر تارقاق بولغانلىقتىن، ئۆز ئالدىغا سەردار تىكلىيەلمەي، چۇجيانىڭ خان بولۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. چۇجيا كىنگىتنى سوراش ئۈچۈن ئىككىنچى ئوغلىنى خان بولۇشقا ئەۋەتتى. يۇڭپىڭنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 508 ـ يىلى) چۇجيا ئاكىسىنىڭ ئوغلى ئۆز ئالدىغا تەيىنلىگەن سول قول قورۇقچى سانغۇن، تيەندى ۋالىيسى شياۋ لياڭنى ۋېي پادىشاھىنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىپ، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈشنى، ئالدىغا ياردەمچى لەشكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. ۋېي پادىشاھى شۈەنۋۇدى ئەجدىھا سانغۇن مېڭ ۋېينى لياڭجۇدىن



3000 لەشكەر يېتەكلەپ ئالدىغا بېرىشقا بۇيرۇدى. قوشۇن ئىۋىرغولغا بارغاندا پۈتۈشكەن ۋاقىتتا يېتىپ بارالمىغانلىقتىن قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوردىغا ئون نەچچە قېتىم ئەلچى ۋە مەرۋايىت، بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا، داڭلىق ئات، تۆز تەكچى قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، سەمىمىي دوستلۇقىنى ئىپادىلىدى. پادىشاھ ئۇلارغا ئېتىبار بىلەن قارالسۇن دەپلا قويدى، ئالدىغا ئادەم چىقارتمايدىغان بولدى. 3 ـ يىلى چۇ جيا ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. پادىشاھ شۈەنۋۇدى يەنە مېڭ ۋېينى ئەلچىلىككە بېرىپ ھال سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى. يەنچاڭ يىللىرى (مىلادىيە 512 ـ 515 ـ يىللار) نىڭ ئوتتۇرىلىرى، چۇجيانى ماندات تۇتقۇچى، غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، گۇاجۇ ئامبىلى، تەيلىڭ ناھىيىسىنىڭ تۇنجى بېگى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان خانلىق نامى تۇرۇۋەردى. شىپىڭ يىللىرى (مىلادىيە 516 — 518 ـ يىللار) نىڭ دەسلەپكى يىلى، ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. ۋېي پادىشاھى شياۋمىڭدى: «سىزنىڭ زېمىنىڭىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن قۇۋۇق ۋە تاغلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئادىمىزاتسىز قۇملۇقتا تۇتىشىدۇ. ئاھالىڭىزنى ئىچكىرىگە كۆچۈرۈشنى ئوردىدىن كۆپ قېتىم تەلەپ قىلدىڭىز، كېلىپ بېقىنساق دېگەن سەمىمىيىتىڭىز دۇرۇس بولسىمۇ، لېكىن قائىدە جەھەتتە مۇۋاپىق ئەمەس. سىلەرنىڭ پخەلقىڭلار خەن، ۋېي[23] سۇلالىلىرىدىن قېپقالغان خەلق. جىن سۇلالىسى زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتەلمەي شۇ يەردە ماكان تۇتۇپ خانلىق قۇرۇپ، زاماندىن زامانغا ياشاپ كەلگەن. كەڭ كۆلەمدە كۆچكەندە، ئادەملەر يۇرتىغا قىيمايدۇ. ئەگەر زورمۇ زور كۆچۈرىمىز دېسەك، زىددىيەت تۇغۇلىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئەۋەتكەن مەكتۇپتا ئېيتىلغاندەك قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

شىنگۋي 1 ـ يىلى (مىلادىيە 518 ـ يىلى) قىشتا، شياۋ لياڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈشنى تەلەپ قىلىپ يەنە مەكتۇپ سۇندى، ئوردا قوشۇلمىدى. جېڭگۇاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 520 ـ يىلى) ۋېي پادىشاھى شياۋمىڭدى مۇۋەققەت پەخرىي سانغۇن جاۋيى باشلىق كىشىلەرنى چۈجياغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. چۈجيا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلپان تاپشۇرۇپ تۇردى. يەنە: «بىز بولساق چەت ـ ياقا يەردە، قانۇن ـ پەرمانلارنى ئوبدان بىلمەيمىز. بەش دەستۇر ۋە تۆرلۈك تارىخ كىتابلىرى بېرىلسە ھەم خانلىق بىلىم يۇرتىنىڭ ياردەمچى مۇدەررىسى ليۇ شې بىزگە بىلگەلىككە ئەۋەتىپ بېرىلسە»، دەپ ئەلچىدىن مەكتۇپ ئەۋەتتى. پادىشاھ شياۋمىڭدى ماقۇل بولدى. چۈجيا ئۆلگەندە ئۇنىڭغا غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، لياڭجۇ ئايماقبېگى دېگەن مەنسەپلەر بېرىلدى.

ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى چۈجيەن ئولتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، گۇەنجۇڭدا قاراقچىلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئەلچىلەرنىڭ بېرىش ـ كېلىشى توختىدى. پۇتەي يىلى (مىلادىيە 531 ـ يىلى) نىڭ بېشىدا چۈجيەن ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلپان تاپشۇردى. پادىشاھ چۈجيەن غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، گۇاجۇ ئايماقبېگى، تەيلىڭ ناھىيىسىنىڭ گرافى قىلىپ تەيىنلىدى. قوچۇ خانىنىڭ نامى بۇرۇنقىدەك بولۇۋەردى، يەنە قورۇقچى سانغۇن دېگەن مەنسەپ بېرىلدى. يۇڭشى يىللىرىدا (مىلادىيە 532 — 534 ـ يىللار) چۈجيەن يەنە ئوردا ئۈچ ئەمىرنىڭكىگە ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغۇچى بولۇپ تەيىنلەندى ۋە ۋىلايەت گۇڭلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. كېيىن ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى.

داتۇڭ 14 ـ يىلى (مىلادىيە 548 ـ يىلى) ۋېي پادىشاھى ۋېندى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ چۈجيەنىنىڭ ۋەلىئەھدى چۈ شۇەنجيانى خان قىلدى. پادىشاھ گۇڭدىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 555 ـ يىلى) قوچۇنىڭ تيەندى گۇڭى چۇماۋنى خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق



قىلدۇردى. ۋۇچېڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 559 ـ يىلى) قوچۇ خانى ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلدى. باۋدىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 561 ـ يىلى) يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلپان تاپشۇردى.

بۇ ئەلنىڭ شىمالىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە 16 شەھىرى، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە 18 شەھىري بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاستانىسىنىڭ ئايلانمىسى 1840 قەدەم چىقاتتى. خانىنىڭ ئوردىسىدا لۇئەيگۇڭنىڭ كۆڭزىدىن ئەلنى ئىدارە قىلىش يوللىرىنى سورىۋاتقان سۈرىتى بار. مەنسەپدارلاردىن بىر پەرمانبەردار بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بەگلىكلەرنىڭ باش ۋەزىرىگە تەڭ؛ ئۇنىڭدىن قالسا ئىككى گۇڭ بولۇپ، ئىككىلىسى خانىنىڭ ئوغلى، بىرى يارغول گۇڭى، بىرى تيەندى گۇڭى؛ ئاندىن ئوڭ قول، سول قول قورۇقچىلار بار. سەككىز دورغاب بولۇپ، ئۇلار مەنسەپ پىرقىسى، نەزىر ـ چىراغ پىرقىسى، خەزىنە پىرقىسى، ئاشلىق پىرقىسى، مېھمان كۈتۈش پىرقىسى، قائىدە ـ يوسۇن پىرقىسى، نوپۇس پىرقىسى، لەشكىري پىرقە قاتارلىقلارنىڭ دورغاپلىرى. بەش سانغۇن بولۇپ، مەشقاۋۇل سانغۇن، ھەيۋىدار سانغۇن، لىڭجياڭ سانغۇنى، ئۇزدا سانغۇنى، مالىمان باستۇرغۇچى سانغۇن دەپ ئاتىلىدۇ. سەككىز لەشكەر بېشى بولۇپ، ئۇلار دورغابلارنىڭ ياردەمچىلىري ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا ياندىش بەگ، چېرىكچى، باش دەپتەردار، كاھبەگ بولۇپ، مەنسەپ دەرىجىسى شۇ بويىچە تىزىلىدۇ، ھەر قايسىسى ئۆزىگە تەئەللۇق ئىشلارغا مەسئۇل. ئۇنىڭدىن قالسا دورغا بەگ بولۇپ، خان سەپەرگە چىققاندا ئالدىدا يول باشلاش ئىشىغا مەسئۇل بولىدۇ. ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى خان ئۆزى بەلگىلەيدۇ، كىچىك ئىشلارنى ۋەلىئەھد ۋە ئىككى گۇڭ ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەيدۇ. سۇنۇلغان مەكتۇپلار ئۈستىدە مۇزاكىرە يۈرگۈزۈلگەندە خاتىرە يېزىلىپ، ئىش پۈتكەندە يوق قىلىۋېتىلىدۇ. كىتابتىن باشقا

ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىنىدىغان ئارخىپ بولمايدۇ. مەنسەپدارلارنىڭ دەرىجە بويىچە خىزمەت ۋەزىپىسى بولىسمۇ، لېكىن ئىش بېجىرىش ئورگىنى بولمايدۇ. ھەر كۈنى يامۇلغا يىغىلىپ، بار ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ھەربىر شەھەردە نوپۇس بېگى، سۇ بېگى، يەر بېگى بار. شەھەر ئىشلىرىنى لەشكەر بېشى، ياندىش بەگلەر نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ پەرماننى بىجا كەلتۈرۈش دېيىلىدۇ. كىيىنىش - ياسىنىشتا، ئەرلەر غوزلارنى دورايدۇ، ئاياللار قىسقا كۆينەك كىيىدۇ، چېچىنى ئارقىسىغا تۈگۈۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، سىياسەت - قانۇنلىرى خۇاشىيالارنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. قوراللاردىن يا، ئوق، قىلىچ، قالقان، ساۋۇت، نەيزە بار. يېزىقىمۇ خۇاشىيالارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. يەنە غوزلارنىڭ يېزىقىنىمۇ ئىشلىتىدۇ. «ماۋچاڭ - ماۋخېڭ نەزمىلىرى»[24]، «مۇھاكىمە ۋە بايان»[25]، «ۋاپانامە»[26] لەر بار. ئوقۇتۇشتا مەسئۇل مەنسەپدار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارمۇ بار. ئوقۇيدىغىنى يۇقىرىقى كىتابلار بولسىمۇ، لېكىن، پاراقتا يەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ پۇل تاپشۇرىدۇ. پۇلى يوقلار كاناپ رەخت تاپشۇرىدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇنى، نىكاھ ئىشلىرى، ئۆلۈم ئۇزىتىشلىرى خۇاشىيالارنىڭكىدىن ئازراق پەرقلىنىدۇ، كۆپ تەرەپتىن ئوخشايدۇ. دۇنخۇاڭدىن قوچۇغا بارغىچە پايانسىز قۇملۇق، چۆللۈك بار، يول يوق. ماڭغان ئادەم جەسەت، ئۇلاغنىڭ سۆڭەكلىرىنى بەلگە قىلىپ ماڭىدۇ. كېتىۋاتقاندا ناخشا ۋە يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئىزدەپ بارسا تاپقىلى بولمايدۇ، ئاۋازمۇ غايىپ بولىدۇ. بۇ ئېھتىمال جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئاۋازى بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۆتكەن - كەچكەن سودىگەرلەر كۆپىنچە ئىۋىرغول بىلەن ماڭىدۇ.

كەيخۇاڭ 10 - يىلى تۈركلەر قوچۇنىڭ تۆت شەھىرىنى



بېسىۋالدى. 2000 كىشى كېلىپ سۈي سۇلالىسىگە بېقىندى. چۇجيەن ئۆلگەندە ئورنىغا ئوغلى چۇبويا ئولتۇردى. چۇبويانىڭ دادىسىنىڭ چوڭ خوتۇنى تۈرك قاغانىنىڭ قىزى ئىدى. دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن تۈركلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئەمەل قىلىشقا قىستىدى. چۇبويا ئۇزۇنغىچە ئۇنداق قىلمىدى. تۈركلەر زورلاپ، ئۇنى بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋاسساللارنى جەلپ قىلدى. دايې 4 - يىلى چۇبويا ئەلچىدىن ئولپان ئەۋەتتى. سۈي پادىشاھى ياڭدى ئۇنىڭ ئەلچىلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلدى. كېيىنكى يىلى، چۇبويا سۈي سۇلالىسى ئوردىسىغا سالامغا باردى ۋە شۇ يەردىلا پادىشاھقا ئەگىشىپ كوگورىغا ھۇجۇم قىلدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ جەمەتىدىكى مەلىكە خۇارۇڭغا ئۆيلەندى. 8 - يىلى قىشتا قوچۇغا قايتىپ بېرىپ ئەلگە: «بۇرۇن دۆلىتىمىز چەت - ياقىدا بولغاچقا، چاچنى ئۇزۇن قويۇۋېتەتتۇق، سولدىن ئىزمىلىنىدىغان كىيىم كىيەتتۇق. ھازىر بۈيۈك سۈي سۇلالىسى جاھاننى تىنچىتتى ۋە بىرلىككە كەلتۈردى. بىز ئەمدى ئىناق ئۆتۈۋاتىمىز، خەلقىمىز كەڭ مەرىپەتتىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ. ئاددىي پۇقرادىن يۇقىرى كىشىلەر چاچلىرىنى چۈشۈرۈشى، چاپاننىڭ يان پېشىنى يۆتكىشى كېرەك» دەپ پەرمان قىلدى. سۈي ياڭدى ئاڭلاپ خۇرسەن بولدى ۋە: «كېڭەش بېگى، بيەنگو گۇڭى، قوچۇ بېگى چۇبويانىڭ ئەجدادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن بارغان، ئەۋلادتىن - ئەۋلاد غەربتە خان بولغان. بۇرۇن قىيىنچىلىق كۆپ بولغانلىقتىن، پۈتۈنلەي غوزلارچە كىيىم كىيگەن. ئۇلۇغ سۇلالىمىز جاھاننى تىنچىتىپ، بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چۇبويا قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، تاغ - دەريالارنىڭ خەتەرلىك بولۇشىغا قارىماي ئوردىغا ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى. يەرگە سۆرىلىپ تۇرىدىغان تونىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يات تائىپىلەرچە ئۆرپ-

ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، خۇاشيالارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارغا كىيىم، بۆك ئىنئام قىلىنسۇن ۋە بۇلارنى تىكىپ بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. لېكىن، چۇبويا بورۇن تېلىلارغا بەيئەت قىلغان بولۇپ، تېلىلار ھەمىشە قوچۇدا ۋەزىر تۇرغۇزاتتى. ئۇ ئۆتكەن ـ كەچكەن سودىگەرلەردىن ئالغان باجنى تېلىلارغا تاپشۇراتتى. يۇقىرىقى بۇيرۇقى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى خۇش قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا تېلىلاردىن قورقۇپ، ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە پېتىنالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى.

جۇمى بەگلىكى، ئاستانىسى تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىدىكى يۇداگۇ ۋادىسىدا. بۇ ئەل قاڭقىلىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، دەيدىن 10 مىڭ 570 چاقىرىم نېرى. ئەسلىدە قوش خانلىقىغا ئەل بولغانىدى.

كىنگىت بەگلىكى، قوشنىڭ جەنۇبىدا، ئاستانىسى باغقرات شەھىرى㉗، ئاقتاغنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن 70 چاقىرىم يىراقلىقتا. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئەل. دەي خانلىقىغا 10 مىڭ 200 چاقىرىم كېلىدۇ. بېگىنىڭ فامىلىسى لۇڭ، ئىسمى كوشبىنا، يەنى ئالدىنقى لياڭ خانلىقى دەۋرىدە جاڭ گۇي باستۇرغان لۇڭ شىنىڭ ئەۋلادى. ئاستانىسىنىڭ دائىرىسى ئىككى چاقىرىم، تەۋەسىدە جەمئىي توققۇز قەلئە بولۇپ، ئېلى كىچىك، خەلقى كەمبەغەل. قانۇن ـ پەرمانلىرى يوق. قوراللاردىن ئوقيا، قىلىچ، ساۋۇت، نەيزە بار. نىكاھ ئىشلىرى خۇاشيالارنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئۆلگەن ئادەمنى ئاۋۋال ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئاندىن دەپنە قىلىدۇ. ماتەم تۈزۈمى بويىچە ئادەم ئۆلسە يەتتە كۈنگىچە ھازا تۇتىدۇ. ئەرلەر چېچىنى قايچىلاپ ياسىتىدۇ. يېزىقى براھمانلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. دىنىي ئادىتى بويىچە ئىلاھقا چوقۇنىدۇ. بۇددا



دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلىدۇ. بولۇپمۇ 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىنى چوڭ بىلىدۇ. بۇ ئىككى كۈندە، ھەممە كىشى بۇددا دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە پەرھىز تۇتۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، يېرى مۇنبەت، ئاشلىقتىن شال، سۆك، تېرىق، بۇغداي تېرىلىدۇ. چارۋىدىن تۆگە، ئات بار. پىلە باقىدۇ، لېكىن مەشۇتلا چىقىرالايدۇ، يىپ ئېگىرەلمەيدۇ. مۇسەللەسنى چوڭ بىلىدۇ، مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدۇ. جەنۇب تەرىپىدە 10 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا كۆل بار، كۆلدە بېلىق، تۇز ۋە قۇمۇش كۆپ. شەرق تەرىپى قوچۇغا 900 چاقىرىم، غەرب تەرىپى كۇسەنگە 900 چاقىرىم كېلىدۇ. تامامەن قۇملۇق ۋە چۆللۈك. شەرقىي جەنۇب تەرىپى گۇاجۇغا 2200 چاقىرىم كېلىدۇ.

يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتە نۇرغۇن مۇھىم ئۆتكەللىرى بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەلچىلىرىنى قويماي دېگۈدەك بۇلىدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى غەزەپكە كېلىپ، ئۇلارنى باستۇرۇشقا چېڭجۇ گۇڭى ۋەن دۇگۇينى بۇيرۇدى. ئاشلىقنى ئاز ئالسۇن، يول ئۈستىدە چۈشكەن جايلار ئاشلىق بىلەن تەمىنلىسۇن، دەپ بەلگىلىدى. ۋەن دۇگۇي كىنگىتنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا كىرىپ، چېگرىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. چۇقۇر㉘، قاراقۇم㉙ شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ، باغقرات شەھىرىنى قورشىۋالدى. كوشبىنا شەھەردىن 40 ـ 50 مىڭ ئادەمنى چىقىرىپ مۇھىم جايلارنى ئىگىلەپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ۋەن دۇگۇي باتۇر ئەزىمەتلەرنى توپلاپ يۈزتۇرانە ئېلىشتى. كوشبىنانىڭ ئادەملىرى پېتىراپ ئەسىرگە چۈشتى. كوشبىنا يالغۇز تاغ ئىچىگە قېچىپ كەتتى. ۋەن دۇگۇي شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، شەھەر ئىچىدىكىلەرنى قىرىپ تاشلىدى. ئەتراپتىكى ئەللەرنىڭ ئادەملىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ باش ئەگدى. كىنگىت

دۆلەت سۇپىتىدە چەت ـ ياقىدىن ماكان تۇتتى، ئۇزاققىچە مالىمانچىلىق بولمىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ قىممەتلىك قاچا ـ قۇچىلىرى، ھەرقايسى جايلارنىڭ تۈرلۈك سىرلىق مەنقۇلاتلىرى ۋە ھەرخىل چارۋىلاردىن ھەددى ـ ھېسابسىز غەنىيمەت ئېلىندى. شۇ چاغدا ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى چوغاي تېغىدىكى شىمالىي ئوردىغا كەلگەندى. ۋەن دۇگۇينىڭ كىنگىتنى ئالغانلىقى ھەققىدىكى خەتنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئەمىرى زېمىن سۇي خاۋغا مۇنداق خەت يازدى: «ۋەن دۇگۇي 5000 چەۋەندازنى باشلاپ، 10 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، كىنگىتنىڭ ئۈچ شەھىرىنى ئاپتۇ. غەنىيمەت ئالغان مال ـ مۈلۈك ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىكەن. قەدىمكى خان ـ پادىشاھلار غەربىي رۇڭلارغا يۈرۈش قىلغان تۆھپىلەرنى ماختىسىمۇ، ئۇ خۇددى بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا بولۇپ، ئەمەلىي كونترول قىلالمىغان. ھازىر مەن ئۇنى ئۆز قولۇمغا ئالدىم، قانداقكەنمەن؟» سۇي خاۋ پادىشاھنى مەدھىيىلەپ مەكتۇپ سۇندى. پادىشاھ ۋەن دۇگۇينى كىنگىتنى ساقلاش، خەلقنىڭ ھالىغا يېتىشكە بۇيرۇدى. كۇشىنا تاغ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، كۆڭلىدە ئۇلار شەھەرنى ئىشغال قىلالمىسا دۆلىتىمگە قايتىپ كېلىمەنغۇ، دەپ ئويلىغانىدى. شەھەرنىڭ ۋەن دۇگۇينىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، كۇسەنگە بېقىندى. كۇسەننىڭ بېگى ئۇنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. ئۇنىڭغا خۇش مۇئامىلە قىلدى.

جۇ سۇلالىسىنىڭ باۋدىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) كىنگىت بېگى ئەلچىدىن داڭلىق ئات ئەۋەتتى.

سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې يىللىرىدا، كىنگىت بېگى لۇڭتۇچىجى ئەلچىدىن يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى. بۇ چاغدا كىنگىت بەگلىكىدە لەشكەرلىككە يارايدىغان ئادەمدىن مىڭدەكلا كىشى بار ئىدى.



كۇسەن بەگلىكى، قاراقۇمنىڭ غەربىي شىمالىدا، ئاقتاغنىڭ جەنۇبىدىن 170 چاقىرىم يىراقلىقتا. ئاستانىسى يەنچېڭ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمىي ئەل. دەيگە 10 مىڭ 280 چاقىرىم كېلىدۇ. بېگىنىڭ فامىلىسى بەي، يەنى كېيىنكى لياڭ خانلىقى دەۋرىدىكى لۈگۇاڭ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويغان بەيچېننىڭ ئەۋلادى. بۇ دۆلەتنىڭ بېگى بېشىغا دۇردۇن لېنتا چېگىپ، ئارقىسىغا ساڭگىلىتىۋالىدۇ، شىرسىمان ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ. تۇرۇۋاتقان شەھىرىنىڭ چوڭلۇقى 5 ـ 6 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قانۇنىدا ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، بۇلاڭچىلىق قىلغانلارنىڭ بىر قولى ۋە بىر پۇتى كېسىپ تاشلىنىدۇ. باج ـ سېلىق جەھەتتە، يەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ يەر ئىجارىسى ئېلىنىدۇ. يېرى يوقلاردىن پۇل ـ بىساتىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ باج ئېلىنىدۇ. ئۆرپ ـ ئادىتى، نىكاھ ئىشلىرى، ئۆلۈم ئۇزىتىشى، ماددىي مەھسۇلاتى كىنگىتنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. پەقەت ھاۋاسىنىڭ سەل ئىسسىق بولۇشى بىلەنلا پەرقلىنىدۇ. يەنە، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، تېكە تېرىسى، يۇڭ چەكمەن، گىلەم، تەڭلىمات، نۇشۇدۇر، كۆكتاش، سېرىق مەرگىمۇش، ئەرنىلىك، ئېپار، ياخشى ئات، كالا قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى مول.

كۇسەننىڭ شەرق تەرىپى بۇگۇر، ئۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئېرشى سانغۇن لى گۇاڭلى قىرغىنچىلىق قىلغان جاي. كۇسەننىڭ جەنۇب تەرىپىدىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتا شەرققە قاراپ ئاقىدىغان بىر دەريا بولۇپ، جىنشۇي دەرياسى دېيىلىدۇ. ئۇ خۇاڭخې دەرياسىدۇر. شەرق تەرىپى كىنگىتكە 900 چاقىرىم، جەنۇب تەرىپى ئۇدۇنغا 1400 چاقىرىم، غەرب تەرىپى سۇلىغا 1500 چاقىرىم، شىمال تەرىپى تۈرك قاغانىنىڭ ئوردىسىغا 600 چاقىرىم، شەرقىي جەنۇب تەرىپى گۇاجۇغا 3100 چاقىرىم كېلىدۇ.

كۇسەننىڭ شەرقىي شەھىرىنىڭ تۇرغاۋۇلى كۆپ قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ۋەن دۇگۇينى 1000 چەۋەنداز باشلاپ بېرىپ ئۇنىڭغا زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى. كۇسەن بېگى ئۇجەمۇت قاتارلىقلارنى 3000 لەشكەر باشلاپ بېرىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە بۇيرۇدى. ۋەن دۇگۇي ئۇلارنى قوغلىۋەتتى ۋە 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن تۆگە، ئاتلارنى ئولجا ئېلىپ قايتتى. ئۇ يەرنىڭ ئەر - ئاياللار مۇناسىۋىتى قالايمىقان، پاھىشىخانا ئېچىپ، ئەرلەرنىڭ پۇلىنى ئېلىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدۇ. توز كۆپ، توپ - توپ بولۇپ تاغ جىلغىلىرىدا يۈرىدۇ. كىشىلەر تۇتۇپ يەيدۇ ھەم توخۇ، ئۆردەكلەرگە ئوخشاش كۆپەيتىدۇ. كۇسەن بېگىنىڭ ئۆيىدە ھەمىشە 1000 دىن ئارتۇق توز بېقىلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ ئىچىدە ئۇماچقا ئوخشاش بىر نەرسە بولۇپ، دەرياغا ئېقىپ نەچچە چاقىرىم يەرگە بارغاندىن كېيىن، يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ. شەكلى سۈرمىگە ئوخشايدۇ، ناھايىتى سېسىق پۇرايدۇ. چېچى، چىشى چۈشكەن ئادەم ئۇنى ئىچسە قايتىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. كېسەل كىشى ئىچسە ساقىيىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇشقا ھەمىشە ئەۋەتىپ تۇرىدىغان بولدى.

جۇ سۇلالىسىنىڭ باۋدىڭ 1 - يىلى، بۇ دۆلەتنىڭ بېگى ئەلچىدىن ئولپان ئەۋەتتى.

سۇي سۇلالىسىنىڭ داييې يىللىرىدا، كۇسەن بېگى بەيسۇنتىئو ئەلچى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى. شۇ چاغدا، بۇ دۆلەتتە لەشكەرلىككە يارايدىغان ئادەم نەچچە مىڭغا يېتەتتى.

قۇم بەگلىكى㉚، بېگى جەنۇبىي شەھەردە تۇرىدۇ. كۇسەننىڭ غەرب تەرىپىدە، دەيگە 10 مىڭ 500 چاقىرىم كېلىدۇ، كۇسەنگە قارايدۇ.

ئۇنسۇ بەگلىكى㉛، بېگى ئۇنسۇ شەھىرىدە تۇرىدۇ. قۇم بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدا. دەي بىلەن ئارىلىقى 10 مىڭ 550



چاقىرىم كېلىدۇ، كۇسەنگە قارايدۇ.

سەپەرباي بەگلىكى㉜، بېگى سەپەرباي شەھىرىدە تۇرىدۇ. ئۇنسۇنىڭ شىمالىدا. دەي بىلەن ئارىلىقى 10 مىڭ 650 چاقىرىم كېلىدۇ.

ئويسۇن بەگلىكى، بېگى قىزىلقورغان شەھىرىدە تۇرىدۇ. كۇسەننىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە. دەي بىلەن ئارىلىقى 10 مىڭ 80 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ ئەل جورجانلارنىڭ كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا غەربكە قاراپ كۆكئارتقا كۆچكەن. قەلئەسى يوق، قەيەردە ئوت - سۇ بولسا، شۇ يەردە مال بېقىپ ماكانلىشىدۇ. تەييەن 3 - يىلى دۇڭ ۋەن قاتارلىق كىشىلەر بۇ ئەلگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلدى. كېيىن بۇ ئەلمۇ ئۇردىغا ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى.

سۇلى بەگلىكى، قۇمنىڭ غەربىدە، ئاقتاغنىڭ جەنۇبىدىن يۈز نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى بەگلىك بولۇپ، دەي بىلەن ئارىلىقى 11 مىڭ 250 چاقىرىم كېلىدۇ. ۋېي پادىشاھى ۋېنچېڭدىنىڭ ئاخىرقى يىلى، بۇ بەگلىكنىڭ بېگى ئەلچىدىن ساكيامۇنىنىڭ بىر جەندىسىنى ئەۋەتتى. جەندىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى گەزدىن ئاشاتتى. پادىشاھ ۋېنچېڭدى ئۇنى ئوتقا سېلىپ راست - يالغانلىقىنى سىنىماقچى بولىۋىدى، بىر كۈن ئوتتا تۇرۇپمۇ كۆيمەي، كۆرگەنلەرنى سۈر بېسىپ كەتتى. بۇ بەگلىكنىڭ بېگى بېشىغا شىرسىمان ئالتۇن بۆك كىيىدۇ. يەرلىرىدىن شال، سۆك، كەندىر، بۇغداي، مىس، تۆمۈر، قەلەي، سېرىق مەرگىمۇش كۆپ چىقىدۇ، ھەر يىلى تۇركلەرگە ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. ئاستانىسىنىڭ چوڭلۇقى بەش چاقىرىم كېلىدۇ. 12 چوڭ شەھىرى، نەچچە ئون كىچىك شەھىرى بار. ئادەملىرىنىڭ پۇت - قولىنىڭ بارماقلىرى ئالتىدىن بولىدۇ، تۇغۇلغان بالىلارنى پۇت - قولىنىڭ بارمىقى ئالتە بولمىسا باقمايدۇ. لەشكەرلىككە يارايدىغان ئادەم 2000.

جەنۇب تەرىپىدە خۇاڭخې دەرياسى بار. غەرب تەرىپى كۆكئارت بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرق تەرىپى كۇسەنگە 1500 چاقىرىم، غەرب تەرىپى پەرغانىگە 1000 چاقىرىم، جەنۇب تەرىپى جوجوفقا 800 ـ 900 چاقىرىم، شەرقىي شىمال تەرىپى تۈرك سەركەردىسىنىڭ بارگاھىغا 1000 چاقىرىمدىن كۆپرەك، شەرقىي جەنۇب تەرىپى گۇاجۇغا 4600 چاقىرىم كېلىدۇ.

ياپبان بەگلىكى، ئويسۇننىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، دەي بىلەن ئارىلىقى 10 مىڭ 930 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجدادى هون شىمالىي تەڭرىقۇتىنىڭ قوۋمى. خەن سۇلالىسىنىڭ هارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى دۇشيەن قوغلىغاندا، شىمالىي تەڭرىقۇت ئالتۇن تاغدىن ئۆتۈپ غەربتىكى كانگىيىگە قېچىپ كەتتى. قېرى ـ چۈرى، ئاغرىق ـ سىلاق، تېنى ئاجىزلار كۇسەننىڭ شىمالىدا ماكانلىشىپ قالدى. بۇ جاينىڭ چوڭلۇقى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 200 مىڭدىن ئاشىدۇ. لياڭجۇلۇقلار ياپبان بېگىنى يەنىلا تەڭرىقۇت دەپ ئاتايدۇ. ئادىتى، تىلى قاڭقىللارنىڭكىگە ئوخشاش، لېكىن ئۇلار غۇزلاردىن پاكىز. چېچىنى قېشى بىلەن تەڭ قىلىپ قىرقىتىدۇ. بېشىغا يېلىم چاپىدۇ، چاچلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ. كۈندە ئۈچ قېتىم يۇيۇنىدۇ، ئېغىز چايقاپ ئاندىن غىزا يەيدۇ. بۇ ئەلنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى چېگرىسىدا يانار تاغ بار. تاغ بويلاپ كۆيگەن تاشلار قارا داشقالغا ئايلانغان ۋە ئېرىپ كەتكەن، نەچچە ئون چاقىرىم يەرگە ئېقىپ بېرىپ قېتىپ قالغان. ئۇ گۇڭگۇرت بولۇپ، كىشىلەر ئاپىرىپ دورا قىلىدۇ.

ياپبان خانى جورجانلار بىلەن دوستانە ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ قاغانى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، نەچچە مىڭ ئادەمنى باشلاپ جورجان ئېلىگە بېرىپتۇ. جورجانلارنىڭ چېگرىسىغا كىرىپ 100 چاقىرىمدىن ئارتۇق مېڭىپتۇ. قارىسا، جورجانلار كىر يۇمايدىكەن، چاچ بوغمايدىكەن، قولىنىمۇ يۇمايدىكەن، ئاياللىرى



چىنە ـ قاچىنى يالايدىكەن. بۇنى كۆرۈپ خان ۋەزىرلىرىگە: «سىلەر مېنى ئالداپ مۇشۇنداق ئىتتەك بىر دۆلەتكە ئەكەلدىڭلارمۇ!» دەپ ئىتنى چاپتۇرغىنىچە قايتىپ كېتىپتۇ. داتان چەۋەندازلارنى ئەۋەتىپ قوغلىغان بولسىمۇ يېتەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دۈشمەنلىشىپ، كۆپ قېتىم سوقۇشۇپتۇ.

تەيپىڭ جېنجۈن 9 ـ يىلى (مىلادىيە 448 ـ يىلى) ئۇلار ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى بىلەن ئولپان ئەۋەتتى. ھەمدە ئادەمنىڭ كېكىرتىكىنى ۋە تومۇرىنى كېسىپ، بېشىنى يېرىپ، بىر نەچچە كاپچى ياكى بىرەر كۇرە قان ئاققۇزغاندىن كېيىن، چۆپ دورىنى چاينىتىپ يۇتقۇزۇپ بىر دەمدىلا قاننى توختىتالايدۇ، يارىنى بىر ئايغا قالماي ئىز قالدۇرماي ساقايتالايدۇ، دەپ تەرىپلەنگەن بىر سېھرىگەرنى ئەۋەتتى. كىشىلەر بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن گۇناھكارنى ئېلىپ كېلىپ سىناق قىلدۇرسا، راست چىقتى. ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ داڭلىق تاغلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق چۆپ بار، دېدى. بۇ خىل ھۈنەرنى ئۆگىنىشكە ئادەم ئەۋەتىلدى ھەم سېھرىگەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىندى. ئۇلار يەنە دۆلىتىمىزدە كاتتا سېھرىگەر بار، جورجانلار بۇلاڭ ـ تالاڭغا كەلگەندە سېھرىگەر بىر نەچچە كۈن قار ـ يامغۇر ياغدۇرۇپ، كۆزنى ئاچقىلى بولمايدىغان بوران چىقىرىپ، كەلكۈن كەلتۈرۈپ، جورجانلارنىڭ ئوندىن ئىككى ـ ئۈچ قىسىم ئادىمىنى مۇزلىتىپ ئۆلتۈرگەن، دېيىشتى. شۇ يىلى يەنە ئەلچى ۋە ئولپان ئەۋەتىپ، شىمالىي ۋېي لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە جورجانلارغا شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن قىسىپ ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ئۇلارنىڭ ئويىنى ماختاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بارلىق ۋاسساللارنىڭ قوشۇنىنى تەييار تۇرۇشقا، خۇەينەن بېگى توغبات تونى تۇرشاۋۇل بولۇپ جورجانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ دۆلەتنىڭ ناخشا ـ

ئۇسسۇل، مۇزىكا ـ كۈيلىرىنى ئەكەلدۇرۇپ، نەغمە ـ ناۋا مەھكىمىسىدە ئورۇنداشقا يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى.

جاجبا بەگلىكى، ئاستانىسى جاجبا شەھىرى بولۇپ، سۇلىنىڭ غەربىدە. دەيگە 11 مىڭ 620 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ ئەلنىڭ شەرق تەرىپىدە پەنخېنا تېغى بار. ياخشى تۆمۈر ۋە شىر چىقىدۇ.

مىمى بەگلىكى، ئاستانىسى مىمى شەھىرى. جاجبانىڭ غەربىدە، دەيگە 12 مىڭ 100 چاقىرىم كېلىدۇ. جېڭپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 451 ـ يىلى) ئەلچىدىن بىر قارا تۆگە ئەۋەتتى. بۇ ئەلنىڭ شەرق تەرىپىدە يۇشمەن دېگەن تاغ بولۇپ، ئالتۇن، قاشتېشى چىقىدۇ، تۆمۈرمۇ كۆپ.

سەمەرقەند خانلىقى[33]، ئاستانىسى سەمەرقەند شەھىرى. مىمىنىڭ غەربىدە، دەيگە 12 مىڭ 720 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ جەنۇبىدا غەزنە تېغى بار، شىر چىقىدۇ. ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى.

نيۇمى خانلىقى[34]، ئاستانىسى نيۇمى شەھىرى. سەمەرقەندنىڭ غەربىدە، دەيگە 22 مىڭ 828 چاقىرىم كېلىدۇ.

پەرغانە خانلىقى، ئاستانىسى كاسان شەھىرى. سۇلىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە، دەيگە 14 مىڭ 450 چاقىرىم كېلىدۇ. تەيخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 479 ـ يىلى) ئەلچى بىلەن تېنىدىن قىزىل تەر تەپچىپ تۇرىدىغان ئات ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى.

سوغدى خانلىقى، كۆكئارتنىڭ غەرب تەرىپىدە. ئۇ قەدىمكى ئاۋرىسى[35]، يەنە بىر ئېتى ئوناسا بولۇپ، چوڭ سازلىققا جايلاشقان. كانگىيىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە. دەيگە 16 مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. بۇرۇن ھونلار بۇ خانلىقنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئېلىنى بېسىۋالغانىدى. خۇنى ئۈچىنچى ئەۋلاد خان



ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرى كۆپىنچە لياڭجۇغا بېرىپ سودا قىلاتتى. ۋېي سۇلالىسى گۇزاڭنى بېسىۋالغاندا، بۇ سودىگەرلەر ئەسىرگە چۈشتى. ۋېي پادىشاھى ۋېنچېڭدىنىڭ دەسلەپكى يىلى، سوغدى خانى بۇ سودىگەرلەرنى پۇلغا ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتتى. پادىشاھ قوشۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلچى، ئولپان كەلمىدى.

جۇ سۇلالىسىنىڭ باۋدىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 564 ـ يىلى) سوغدى خانى ئەلچى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى.

پېرسىيە پادىشاھلىقى[36]، ئاستانىسى سۇرىستان. نيۇمىنىڭ غەربىدە، قەدىمكى سۇرىيە. دەيگە 24 مىڭ 228 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاستانىسىنىڭ چوڭلۇقى 10 چاقىرىم بولۇپ، 100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئاھالىسى بار. بىر دەريا شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا ئاقىدۇ. يېرى تۈز، چاسا. ئالتۇن، كۈمۈش، تۇتىيا، مەرۋايىت، كەھرىۋا، پارس قاشتېشى، ھېقىق چىقىدۇ. مەھسۇلاتلىرىدىن چوڭ مەرۋايىت، ئەينەك، ناۋالى، خرۇستال، مارجان، ئالماس، سۆكە، قۇيۇچ، مىس، قەلەي، قىزىل لاك، سىماب، شايى، كىمخاپ، تەتىللا، يۇڭ چەكمەن، گىلەم، زىلچا، قىزىل بۆكە تېرىسى، شۇنداقلا شۇنلىۇ، كۇركۇم، رەيھان، ئۈزۈن زىراۋەندى قاتارلىق خۇشپۇراق ماتېرىياللار، قارامۇچ، پىلپىل، شىمى، چىلان، قىياق، خېلىلې، ۋۇشىزى، كۆك تۇز، سېرىق مەرگىمۇش قاتارلىقلار بار. ھاۋاسى ئىسسىق، ئۆيلىرىدە مۇزنى كۆمۈپ ساقلايدۇ. يەرلىرىنىڭ كۆپى قۇملۇق ـ چۆللۈك بولۇپ، ئېقىن سۇ بىلەن سۇغىرىدۇ. پېرسىيىنىڭ ئاشلىق ۋە ئۇچار قۇش، ھايۋانلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. پەقەت شال، تېرىق، سۆك يوق. داڭلىق ئات، چوڭ ئېشەك، تۆگىلەر چىقىدۇ. ئۇلار كۈنىگە 700 چاقىرىم يول يۈرىدۇ. باياشات ئائىلىلەردە نەچچە مىڭ تۇياققا يېتىدۇ. يەنە ئاق پىل، شىر،

تۆگىقۇش تۇخۇمى چىقىدۇ. تۆگىگە ئوخشايدىغان، ئىككى قاناتلىق بىر خىل قۇش بار، لېكىن ئېگىز ئۇچالمايدۇ، ئوت-چۆپ ۋە گۆش يەيدۇ، چوغنىمۇ يۇتالايدۇ.

پېرسىيە پادىشاھىنىڭ فامىلىسى پا، ئىسمى سا. ئالتۇن قويىسمان كاتتا ئولتۇرىدۇ. ئالتۇن جىيەكلىك بۆك، كىمخاب تون، توقۇلما كۆينەك كىيىدۇ. ئۆزىنى لەئىل - ياقۇت بىلەن بېزەيدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ ئادىتىدە ئەرلەر چېچىنى قىرقىيدۇ، بېشىغا ئاق تېرە تۇماق كىيىدۇ. ئۇچىسىغا بېشىدىن كىيىدىغان، ئايىغىدا چېكى بار كۆينەك كىيىدۇ. شارپا ئورايدىغان، كۆينىكىگە پەۋاز تۇتىدىغانلارمۇ بار. ئاياللار ئۇزۇن كۆينەك كىيىدۇ، رومال ئارتىدۇ. چېچىنى ئالدىغا تۈگۈپ، ئارقىسىغا تاشلايدۇ. ئالتۇن گۈللەرنى قادايدۇ، يەنە رەڭگارەڭ مارجانلارنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ بېلىگە يۆگىۋالىدۇ. پادىشاھىنىڭ دۆلەت ئىچىدە ئون نەچچە جايدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پادىشاھنىڭ ئوردا سىرتىدىكى سارايلىرىدەك ئىش بېجىرىدىغان كىچىك قەسرى بار. ھەر يىلى 4 - ئايدا سىرتقا چىقىپ ئايلانغاندا شۇ يەرلەردە تۇرىدۇ، 10 - ئايدا قايتىپ كېلىدۇ. پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرى ئىچىدىن قابىللىرىدىن بىرىنى تاللاپ، ئىسمىنى قەغەزگە مەخپىي يېزىپ خەزىنىگە قويۇپ قويىدۇ، ئوغۇللىرىغا ۋە ۋەزىرلەرگە بىلدۈرمەيدۇ. پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن دەرقەمتە تۇرۇپ خەتنى ئېچىپ ئوقۇيدۇ. خەتتە كىمنىڭ ئىسمى چىقسا، تەختكە شۇ ئولتۇرىدۇ. باشقا ئوغۇللار چەت - چېگرىغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، ئاكا - ئۇكىلار ئىككىنچى كۆرۈشمەيدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ ئادەملىرى پادىشاھنى يېزەن، پادىشاھنىڭ خوتۇنىنى فاڭپۇلۇ، پادىشاھنىڭ ئوغلىنى شايى دەيدۇ. چوڭ مەنسەپدارلاردىن مۇختەن دۆلەتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى، ئەرز - شىكايەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ نىفۇخان مالىيە، باجنى باشقۇرىدۇ؛ دىبىي خەت - ئالاقە ۋە



ئادەتتىكى ئىشلارنى باشقۇرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا ئېلوخېدى پادىشاھنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ شۆپوبو پۈتۈن دۆلەتنىڭ قوشۇنىنى باشقۇرىدۇ. بۇ چوڭ مەنسەپدارلارنىڭ قول ئاستىدا ئەمەلدارلار بار، ئۇلار ئۆزىگە تېگىشلىك ئىشلارنى بېجىرىدۇ. قورال - ياراغلاردىن ساۋۇت، نەيزە، قالقان، خەنجەر، ئوقيا بار. بەزىلەر پىلنى مىنىپ جەڭ قىلىدۇ، بىر پىلغا 100 ئادەم ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

ئۇلارنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى: ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى مومىغا ئېسىپ، ئوقيا ئېتىپ ياكى خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈرىدۇ. يېنىكرەك گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى زىندانغا سولاپ، يېڭى پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغاندا ئاندىن ئازاد قىلىدۇ؛ يېنىك گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ بۇرنىنى، پۇتىنى كېسىپ، چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بەزىلىرىنىڭ بىر تەرەپتىكى چېكە چېچىنى قايچىلاپ، بوينىغا لەنەت تاختىسى ئاسىدۇ. بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قىلغانلارنى ئۆمۈرلۈك زىندانغا تاشلايدۇ؛ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خوتۇنلىرىغا چېقىلغان ئەرلەر سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بۇزۇق ئاياللارنىڭ بۇرنى، قۇلىقى كېسىلىدۇ. باجغا يېرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ تەڭگە ئېلىنىدۇ. ئاتەش ئىلاھى، ئاسمان ئىلاھىغا چوقۇنىدۇ. يېزىقى غۇزلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. كۆپىنچىسى ھەمشىرىسىنى خوتۇن ياكى توقال قىلىدۇ. باشقا خوتۇن ئالغاندىمۇ سالاھىيەت - ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قارىمايدۇ. ئۇلار يات تائىپىلەر ئىچىدە ئەڭ بەتبەشىرە ۋە مەينەت ھېسابلىنىدۇ. پۇقرالارنىڭ قىزلىرىدىن رەڭگى - روپى چىرايلىقلىرىنى پادىشاھ ئايرىپ ئېلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەن خادىملارغا ئىنئام قىلىدۇ. ئادەم ئۆلسە تاغقا تاشلىۋېتىدۇ، بىر ئايغىچە ھازىدارلىق كىيىمى كىيىدۇ. شەھەر تېشىدا ئايرىم ئولتۇرۇدىغان كىشىلەر بار، ئۇلار ئۆلگەن ئادەمنى كۆمۈشنىلا بىلىدۇ. ئۇلار شەھەرگە كىرسە،

باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن قوڭغۇراق چىلىپ ماڭىدۇ. 6 ـ ئاينى يىل بېشى ھېسابلايدۇ، بولۇپمۇ 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بىلەن 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈننى چوڭ بىلىدۇ. بۇ ئىككى كۈندە مەرتىۋىلىك كىشىلەر بىر ـ بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ بىر يەرگە توپلىنىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، بولۇشىغا كۆڭۈل ئاچىدۇ. يەنە ھەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھەر كىشى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆلگەنلەرگە ئاتاپ نەزىر قىلىدۇ.

شېنگۈي يىللىرى (مىلادىيە 518 — 520 ـ يىللار) دا بۇ دۆلەت: «چوڭ دۆلەتنىڭ پادىشاھى دېگەن تەڭرىنىڭ پۇشتى، كۈن چىقىش مەڭگۈ ئالىيلىرىنىڭ بولغاي. پېرسىيە پادىشاھى جوھود مىڭ مەرتىۋە ھۆرمەت بىلەن چوقۇنىدۇ» دەپ ئەلچى، ئولپان ئەۋەتتى. ئوردا ماختىدى ۋە قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى. ۋېي پادىشاھى گۇڭدىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 555 ـ يىلى) بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى يەنە ئەلچىدىن يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى.

سۇي پادىشاھى ياڭدى دەۋرىدە، چەۋەندازلار بېشى لى يۈنى پېرسىيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، پېرسىيە بىلەن دوستلۇق ئورناتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي پېرسىيە ئەلچىلىرى لى يۈ بىلەن بىللە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ كەلدى.

فۇلۇنى خانلىقى، ئاستانىسى فۇلۇنى شەھىرى. پېرسىيىنىڭ شىمالىدا، دەيگە 27 مىڭ 320 چاقىرىم كېلىدۇ. تاش قەلئەسى بار. شەرق تەرىپىدە جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىغان دەريا بار. ئۇ يەردە قۇش بولۇپ، بەزىلىرى ئادەمگە، بەزىلىرى تۆگىگە، بەزىلىرى ئاتقا ئوخشايدۇ. ھەممىسىنىڭ قانىتى بار، سۇدا يۈرىدۇ، سۇدىن ئايرىلسا ئۆلىدۇ. شەھەرنىڭ شىمالىدا يۈننى تېغى بار، كۈمۈش، مارجان، قەھرىۋا چىقىدۇ. شىر چىقىدۇ.

ئىستىكەن خانلىقى㊲، ئاستانىسى ئىستىكەن شەھىرى.



سەمەرقەندنىڭ غەربىدە، دەيگە 12 مىڭ 940 چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى تۈز، ھەر خىل مېۋە ـ چېۋە چىقىدۇ.

غەزنە خانلىقى㊳، ئاستانىسى غەزنە شەھىرى. سەمەرقەندنىڭ جەنۇبىدا، دەيگە 12 مىڭ 900 چاقىرىم كېلىدۇ. يېرىدىن قىزىل تۇز ۋە ھەر خىل مېۋە ـ چېۋە چىقىدۇ.

بۇجى خانلىقى، ئاستانىسى بۇجى شەھىرى. غەزنە خانلىقىنىڭ جەنۇبىدا، دەيگە 13 مىڭ 320 چاقىرىم كېلىدۇ. ھەر خىل مېۋە ـ چېۋە چىقىدۇ.

موج خانلىقى، ئاستانىسى موج شەھىرى. نيۇمىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، دەيگە 22 مىڭ 920 چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى تۈز بولۇپ، قۇش، ھايۋان، ئوت ـ چۆپلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئافتايخان خانلىقى، ئاستانىسى ئافتايخان شەھىرى. نيۇمىنىڭ غەربىدە، دەيگە 23 مىڭ 720 چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى تۈز، ھەرخىل مېۋە ـ چېۋە چىقىدۇ.

خۇسمى خانلىقى㊴، ئاستانىسى خۇسمى شەھىرى. ئافتايخاننىڭ غەربىدە، دەيگە 24 مىڭ 700 چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى تۈز، كۈمۈش، قەھرىۋا، شىر چىقىدۇ. مېۋە ـ چېۋىلىرى جىق.

نوسەيپولو خانلىقى، ئاستانىسى پولو شەھىرى. نيۇمىنىڭ جەنۇبىدا، دەيگە 23 مىڭ 428 چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى تۈز بولۇپ، شال، بۇغداي تېرىشقا باب، مېۋە ـ چېۋە جىق.

زوگاجى خانلىقى، ئاستانىسى زوگاجى شەھىرى. نيۇمىنىڭ غەربىدە، دەيگە 23 مىڭ 728 چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى تۈز بولۇپ، زىرائەت كەم تېرىلىدۇ. شال، بۇغداي قاتارلىق ئاشلىقلار قوشنا ئەللەردىن كىرگۈزۈلىدۇ. ھەر خىل مېۋە ـ چېۋە چىقىدۇ.

كېبۇد خانلىقى㊵، ئاستانىسى كېبۇتان شەھىرى.

سەمەرقەندنىڭ غەربىي شىمالىدا، دەيگە 12 مىڭ 780 چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى تۈز، شال، بۇغداي تېرىشقا باب، ھەر خىل مېۋە - چېۋە چىقىدۇ.

چاش خانلىقى، قەدىمكى كانگىيە. پەرغانىنىڭ غەربىي شىمالىدا، دەيگە 15 مىڭ 450 چاقىرىم كېلىدۇ. تەييەن 3 - يىلى (مىلادىيە 437 - يىلى) ئەلچى، ئولپان ئەۋەتتى. ئالاقىسى ئۈزۈلمىدى.

ۋاخان خانلىقى[41]، قەدىمكى شىۋمى يابغۇلۇقى، ئاستانىسى ۋاخان شەھىرى. ساكارائۇلنىڭ غەربىدە بولۇپ، دەيگە 13 مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى تاغ جىلغىسىدا ئولتۇرىدۇ.

سىياماكا خانلىقى[42]، قەدىمكى شۇاڭمى يابغۇلۇقى، ئاستانىسى سىياماكا شەھىرى. ۋاخان خانلىقىنىڭ غەربىدە، دەيگە 13 مىڭ 500 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى تاغ جىلغىلىرىدا ئولتۇرىدۇ.

قاندۇت خانلىقى[43]، قەدىمكى كۇشان يابغۇلۇقى، ئاستانىسى خۇزاۋ شەھىرى. سىياماكانىڭ غەربىدە، دەيگە 13 مىڭ 560 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى تاغ جىلغىسىدا ئولتۇرىدۇ.

بەدەخشان خانلىقى[44]، قەدىمكى پارۋان يابغۇلۇقى[45]، ئاستانىسى پارۋان شەھىرى. قاندۇتنىڭ غەربىدە، دەيگە 13 مىڭ 660 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى تاغ جىلغىسىدا ئولتۇرىدۇ.

يانغۇيى خانلىقى، قەدىمكى كابۇل يابغۇلۇقى. بەدەخشاننىڭ جەنۇبىدا، ئاستانىسى كابۇل شەھىرى. دەيگە 13 مىڭ 760 چاقىرىم كېلىدۇ. خەلقى تاغ جىلغىسىدا ئولتۇرىدۇ.

توخرى خانلىقى، ئاستانىسى بەلخ شەھىرى. بەدەخشاننىڭ غەربىدە، دەيگە 14 مىڭ 500 چاقىرىم كېلىدۇ. شىمال تەرىپى جورجان ئېلى بىلەن تۇتىشىدۇ. جورجانلار كۆپ قېتىم بۇلىغانلىقتىن، ئاستانىسىنى بەلخ شەھىرىگە كۆچۈرگەن. بەدەخشاندىن 2100 چاقىرىم يىراقلىقتا. ئۇلارنىڭ پادىشاھى



جىدولو جەسۇر كىشى ئىدى. ئۇ لەشكەر تارتىپ ئېگىز تاغلاردىن ئېشىپ، جەنۇب تەرەپتىكى شىمالىي ھىندىستانغا بېسىپ كىردى. قەندىھارنىڭ شىمالىدىكى بەش دۆلەتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قۇللۇق بىلدۇردى.

ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى دەۋرىدە، ئۇ دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرى پايتەختكە كەلگەن. ئۇلار تاشتىن رەڭگارەڭ ئەينەك ياسىيالايمىز، دېگەن ھەمدە تاغدىن مەدەن قېزىپ، پايتەختكە ئەكىلىپ تاۋلاپ چىققان. ياسىغان ئەينەكلىرىنىڭ جۇلاسى غەربنىڭكىدىن ياخشى بولغان. پادىشاھ تەيۋۇدى ئۇلارغا ۋاقىتلىق ساراي سالدۇرۇپ بەرگەن. سارايغا 100 دىن ئارتۇق ئادەم سىغىدىكەن، رەڭدار، سۈزۈك بولۇپ، كۆرگەنلەر ئەۋلىيا ياسىغان ئوخشايدۇ، دەپ ھەيران قالىدىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئەينەكنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتكەن، كىشىلەر ئەينەكنى ئەتىۋارلىق نەرسە دەپ قارىمايدىغان بولغان.

ئارساك خانلىقى[46]، كۆكئارتنىڭ غەربىدە، ئاستانىسى ۋېيسۇ شەھىرى. شىمال تەرىپى كانگىيە بىلەن، غەرب تەرىپى پىرسىيە بىلەن تۇتىشىدۇ. توخرىلارنىڭ غەربىي شىمالىدا، دەيگە 21 مىڭ 500 چاقىرىم كېلىدۇ.

جۇ سۇلالىسى تيەنخې 2 - يىلى (مىلادىيە 567 - يىلى) بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئەلچى، ئولپان ئەۋەتتى.

سۇرىستان خانلىقى[47]، ئارساكنىڭ غەربىدە، دەيگە 29 مىڭ 400 چاقىرىم كېلىدۇ.

داكچىن خانلىقى[48]، يەنە بىر نامى رىم، ئاستانىسى ئانتىئوچىن شەھىرى[49]. سۇرىيىدىن غەرب تەرەپكە دېڭىز يولى بىلەن 10 مىڭ چاقىرىم يۈرسە بارغىلى بولىدۇ. دەيگە 39 مىڭ 400 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ دېڭىز سۈيى بوخەي دېڭىزىغا ئوخشاش ئۆركەشلەپ تۇرىدۇ. ئۇ شەرق تەرەپتىكى بوخەي دېڭىزىغا ئۇدۇل كېلىدۇ، تەبىئەتنىڭ قانۇنى شۇنداق قىلغان

بولسا كېرەك. زېمىنىنىڭ چوڭلۇقى 6000 چاقىرىم، ئىككى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ يېرى تۈز، چاسا، ئۆي ـ ئىمارەتلەر يۇلتۇزدەك تارالغان. پادىشاھ تۇرىدىغان ئاستانە بەش شەھەرگە بۆلۈنىدۇ، ھەر بىرىنىڭ چوڭلۇقى بەش چاقىرىم، پۈتۈن شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 60 چاقىرىم، پادىشاھ تۇرىدىغان شەھەر قاپ ئوتتۇرىدا بۇ شەھەرنى سوراشقا سەككىز ۋەزىر قويۇلغان. پادىشاھ تۇرىدىغان ئوتتۇرا شەھەرگىمۇ سەككىز ۋەزىر قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار قالغان تۆت شەھەرنى سورايدۇ. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى پىلانلاشقا ۋە جايلار ئۆزى بەلگىلىيەلمىگەن ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، تۆت شەھەرنىڭ ۋەزىرلىرى پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا يىغىلىپ مۇزاكىرە قىلىدۇ. پادىشاھ ئەھۋالنى ئۆزى بىۋاسىتە ئۇقۇپ ھۆكۈم قىلىدۇ، ئاندىن يولغا قويۇلىدۇ. پادىشاھ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش ئۈچۈن ئۈچ يىلدا بىر قېتىم جايلارنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. خەلق ئۇۋاللىققا ئۇچرىغان بولسا، پادىشاھقا بىۋاسىتە ئەرز قىلسا، شۇ يەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ۋەزىرى خاتالىقى يېنىك بولسا ئەيىبلىنىدۇ، ئېغىر بولسا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ ئورنىغا قابىلىيەتلىك ئادەم سايلىنىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ ئادەملىرى قامەتلىك كېلىدۇ. كىيىمى، ھارۋا ـ مەپىسى، تۇغ ـ ئەلەملىرى جۇڭگونىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا باشقا جاينىڭ كىشىلىرى ئۇلارنى داچىن[50] دەيدۇ. يېرى بەش خىل زىرائەت ۋە ئۈجمە، كەندىر تېرىشقا باب. خەلقى پىلە باقىدۇ، يەر تېرىيدۇ. ياقۇت، مەرمەر، تاشپاقا، قىزىل پايلىلىق ئاق ئات، مەرۋايىت، نۇرلۇق قاشتېشى كۆپ. شەرق تەرىپى جياۋجى ۋىلايىتىگە[51] تۇتىشىدۇ. يەنە يىجۇ ئايمىقى يۈڭچاڭ ۋىلايىتىگە بارىدىغان سۇ يولى بار. غەلىتە نەرسىلەر كۆپ.

داچىننىڭ غەربىدىكى دېڭىزنىڭ غەربىدە غەربىي جەنۇبقا ئاقىدىغان دەريا بار. دەريانىڭ غەربىدە جەنۇبتىن شىمالغا



سوزۇلغان تاغ بار. تاغنىڭ غەربىدە چىشۇي دەرياسى، چىشۇي دەرياسىنىڭ غەربىدە ئاق قاشتېشى تېغى بار. تاغنىڭ غەربىدە ئوماي تېغى بار، كىشىلەر قاشتېشىنى ئىنلاھقا خاس نەرسە دەيدۇ. پارساكنىڭ غەربىي چېگرىسىدىن دېڭىز قولتۇقىنى بويلاپ ماڭسىمۇ داچىنغا بارغىلى بولىدۇ. يول ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، 10 مىڭ چاقىرىمدىن ئاشىدۇ. بۇ دۆلەتتە كۈن، ئاي، يۇلتۇزنى كۆزەتسە جۇڭگودىكىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى يوق. بۇرۇنقى تارىخ كىتابلىرىدا، داچىن خانلىقى سۈرىيىنىڭ غەربىدىن 100 چاقىرىم يىراقلىقتا، كۈن ئولتۇرىدىغان يەردە، دېيىلگەن. بۇ گەپ ئەمەلىيەتتىن بەك يىراقلىشىپ كەتكەن.

ئاگۇچاڭ بەگلىكى، ياركەنتنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، دەيگە 13 مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ ئەلنىڭ غەرب تەرىپىدە بولۇر تېغى بار. تاغ ئوتتۇرىسىدىكى 400 چاقىرىم يولنىڭ بەزى يېرىدە ئاسما يول بار. ئاسما يولنىڭ تېگى ھاڭ، بۇ ئاسما يوللاردىن ئادەم ئارغامچا تۇتۇپ بىر - بىرىنى تارتىپ ئۆتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بۇ تاغقا بولۇر تېغى دەپ نام بېرىلگەن. يېرىدىن بەش خىل زىرائەت ۋە مېۋە - چېۋە چىقىدۇ. بازاردا مىس پۇل خەجلىنىدۇ. ئۆي ـ ئىمارەت ۋە ئوردا سارايلىرى بار. قورالى بار. يېرىدىن ئالتۇن، مەرۋايىت چىقىدۇ.

بولۇر بەگلىكى، ئاگۇچاڭنىڭ غەربىي شىمالىدا، دەيگە 13 مىڭ 900 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ يەر ھۆل ئىسسىق بولۇپ، ھاۋاسى دىمىق. شۇجۇن ۋىلايىتىنىڭ ئېتى بار. يېرى تۈز بولۇپ، مەھسۇلاتى ۋە ئادىتى ئاگۇچاڭنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ياكى ئوخشاپ كېتىدۇ.

قاندارا خانلىقى[52]، ئاستانىسى پۇرۇساپۇرا شەھىرى[53]. پادىشاھ ئەسلىدە بۈيۈك توخرىلارنىڭ پادىشاھى جىدولونىڭ ئوغلى ئىدى. جىدولو جورجانلار تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ غەربكە كۆچكەن، كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى بۇ شەھەرنى ساقلىغان. شۇنىڭ

ئۇچۇن كىچىك توخارلار دەپ ئاتالغان. بولۇر بەگلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، دەيگە 16 مىڭ 600 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى شىپىك بىلەن جاڭيېنىڭ ئارىلىقىدا تۇرغان. شۇڭا كىيىم - كېچەكلىرى چياڭلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئادىتى: ئالتۇن - كۈمۈشنى پۇل ئورنىدا خەجلەيدۇ، چارۋا مالغا ئەگىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. جورجانلارغىمۇ ئوخشايدۇ. پۇرۇساپۇرانىڭ شەرقىدىن 10 چاقىرىم يىراقلىقتا بۇددا مۇنارى بار. مۇنارنىڭ ئايلانمىسى 350 چامدام، ئېگىزلىكى 80 گەز. مۇنارنى ياساشقا باشلىغاندىن تارتىپ ۋۇدىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 550 - يىلى) غىچە 842 يىل بولدى. ئاتالمىش 100 گەزلىك بۇددا مۇنارى ئەنە شۇ.

كەشمىر خانلىقى، ئاستانىسى شەنجيەن شەھىرى. بولۇرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، دەيگە 14 مىڭ 200 چاقىرىم كېلىدۇ. تۆت تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، شەرقتىن غەربكە 800 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا 300 چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى تۈز، ھاۋاسى ئىللىق، بېدە، ئوت - چۆپ، غەللە دەرەخ، تۇخۇمەك، چوكا دەرىخى، بامبۇك بار. بەش خىل زىرائەت، پۇرچاق تېرىلىدۇ. كۆكتاتلىققا قىغ قويىدۇ. يېرى ئويمان، زەي بولۇپ، شال ئۆستۈرۈلىدۇ. قىشتا خام كۆكتات يەيدۇ. ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ھۈنەرگە ئۇستا، نەققاشلىق، ئويمىچىلىقنى بىلىدۇ، گىلەم توقۇيدۇ. ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي چىقىدۇ. مۇشۇ مېتاللار بىلەن جابدۇق ياسايدۇ. ئېلىم - سېتىمدا پۇل ئىشلىتىدۇ. چارۋىلىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئوردىغا ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىپ تۇرىدۇ.

[53] توخارىستان، دەيگە 12 مىڭ چاقىرىم بولۇپ، شەرق تەرىپى خەنياڭ بەگلىكىگە، غەرب تەرىپى سەمەرقەند خانلىقىغا تۇتىشىدۇ، ئارىلىقى 2000 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپىدە بىر - بىرىگە تۇتاشقان تاغلار بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ نامى نامەلۇم.



شىمال تەرىپىدە پېرسىيە پادىشاھلىقى بار، ئارىلىقى 10 مىڭ چاقىرىم. بەلىخ شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى 60 چاقىرىم. شەھەرنىڭ جەنۇبىدا غەربكە ئاقىدىغان دەريا بولۇپ، خەنلۇ دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىرى بەش خىل زىرائەت تېرىشقا مۇۋاپىق. ئات، تۆگە، قېچىر بار. بۇ دۆلەتنىڭ خانى بۇرۇن ئوردىغا ئەلچى، ئولپان ئەۋەتكەن.

بۇخارا خانلىقى[54]، دەيدىن 17 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا. شەرق تەرىپى ئافۇشچى خانلىقى بىلەن، غەرب تەرىپى موسۇي خانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئارىلىقى 1000 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپىدە تۇتاش تاغ بولۇپ، ئىسمى نامەلۇم. شىمال تەرىپى ھېسار خانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئارىلىقى 1500 چاقىرىم كېلىدۇ. تەۋەسىدە بۇخارا شەھىرى بار. شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 70 چاقىرىم. يېرى بەش خىل زىرائەت ۋە ئۈزۈم تېرىشقا باب. ئات، تۆگە، قېچىرلار چىقىدۇ. خانىنىڭ ئالتۇن سارىيى بار، سارايىنىڭ تۆۋىنىدە يەتتە ئالتۇن تۆگە بار، ھەر بىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ چى. بۇ دۆلەتنىڭ خانى ئەلچى، ئولپان ئەۋەتكەن.

جەنۇبىي ئەنەتكەك خانلىقى، دەيدىن 31 مىڭ 500 چاقىرىم يىراقلىقتا. تەۋەسىدە فۇچۇ شەھىرى بار. ئايلانمىسى 10 چاقىرىم. شەھەردىن مانى مارجانى ۋە سۆكە چىقىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ شەرقىدىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتا بولەي شەھىرى بار. ئۇ شەھەردىن ئالتۇن، ئاق سەندەل، تاشمۇم، ئۈزۈم چىقىدۇ. يېرى بەش خىل زىرائەت تېرىشقا باب كېلىدۇ. ۋېي پادىشاھى شۈەنۋۇدى دەۋرىدە، ئۇلارنىڭ خانى براخۋا ئەلچى، ياخشى ئات، ئالتۇن - كۈمۈش ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىپ تۇرغان.

زابۇل خانلىقى، دەيدىن 31 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا. تەۋەسىدە مىزوييىن شەھىرى بار، شەھەرنىڭ شىمالىدا غەربكە

ئاقىدىغان يەمچى دەرياسى بار. ئاق پىل چىقىدۇ، يەنە ئامۇلى دەرىخى بار. دەرەخنىڭ قوۋزىقىدىن يىپ چىقىرىپ رەخت توقۇيدۇ. يېرى بەش خىل زىرائەت تېرىشقا باپ كېلىدۇ.

پادىشاھ شۇەنۋۇدى دەۋرىدە، ئۇلارنىڭ خانى فۇتومودو ئەلچى، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى.

بادۇ خانلىقى، دەيدىن 51 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا. شەرقتە دۇۋوداڭ خانلىقى بىلەن، غەربتە زەننا خانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئارىلىقى 750 چاقىرىم كېلىدۇ؛ جەنۇب تەرىپى جىلىڭگا خانلىقى بىلەن، شىمال تەرىپى فېينافۇچى خانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئارىلىقى 900 چاقىرىم كېلىدۇ؛ ئالتۇن، كۈمۈش، قىممەتلىك تاشلار، ئاق پىل، سۇ كالىسى، قوتاز، ئۈزۈم ۋە ھەر خىل مېۋە - چېۋە چىقىدۇ. بەش خىل زىرائەت تېرىشقا باپ كېلىدۇ.

ئېفتالىتلار خانلىقى، توخرىلار نەسلىدىن. قاڭقىللارغا قارايدىغان باشقا ئىرق دېگەن گەپمۇ بار. ئۇلار ئەسلىدە قورۇلنىڭ شىمالىدىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ زېمىنى ئالتۇن تاغنىڭ شەرقىدە، ئۇدۇننىڭ غەربىدە، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن 200 چاقىرىم نېرىدا ئىدى. چاڭئەنگە 10 مىڭ 100 چاقىرىم كېلەتتى. بۇ دۆلەتنىڭ ئاستانىسى بادىيان بولۇپ، ۋاڭشى شەھىرى بولسا كېرەك. بۇ شەھەرنىڭ چوڭلۇقى ئون نەچچە چاقىرىم بولۇپ، بۇتخانا ۋە مۇنارجىق، ھەممىسىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن. ئادىتى تۈركلەرنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە بىر خوتۇننى ئاكا - ئۇكىلار تەڭ ئالىدۇ. ئېرىنىڭ ئاكا - ئۇكىسى بولمىسا، خوتۇنى بىر بۆرجەكلىك دوپپا كىيىدۇ، ئەگەر ئېرىنىڭ ئاكا - ئۇكىلىرى بولسا بۆرجىكىنى ئۇلارنىڭ سانىغا قاراپ كۆپەيتىدۇ. كىيىملىرىنى غوزلارغا ئوخشاش سۆكە مونچاق بىلەن بېزەيدۇ، چېچىنى قىرقىيدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى جورجان، قاڭقىل ۋە باشقا غوزلارنىڭكىگە



ئوخشىمايدۇ. 100 مىڭ ئاھالىسى بولسا كېرەك. شەھىرى يوق، ئوت، سۇغا ئەگىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، كېگىزدە ئۆي ياسايدۇ. ياز كۈنلىرى سوغۇق يەرگە، قىشتا ئىسسىق يەرگە كۆچىدۇ. شاھ خوتۇنلىرىنى ئايرىم - ئايرىم يەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئارىلىقى 200 — 300 چاقىرىم كېلىدۇ. شاھ يول بويى كۆزدىن كەچۈرۈپ ماڭىدۇ، ھەر بىر يەردە بىر ئاي تۇرىدۇ. قىش كۈنى قاتتىق سوغۇق بولغاندا ئۈچ ئاي كۆچمەيدۇ. پادىشاھنىڭ تەختى ئوغلىغا قېلىشى ناتايىن. شاھ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىدىن ئەڭ قابىلىيەتلىكلىرىدىن بىرىنى تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ. بۇ دۆلەتتە ھارۋا يوق، تەختىراۋان بار. تۆگە، ئات كۆپ. جىنايى ئىشلار قانۇنى ناھايىتى قاتتىق. ئوغرىلىق قىلغانلارنى ئوغرىلىغان نەرسىلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قارىماي بېلىدىن چانايدۇ. بىرنى ئوغرىلىسا، ئوننى تۆلىتىدۇ. ئۆلگەن ئادەمنى بايلار تاش بىلەن كۆمىدۇ، كەمبەغەللەر بولسا توپىغا كۆمىدۇ. ھايات ۋاقتىدا يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان نەرسىلىرىنى يەرلىكىگە قويۇپ قويىدۇ. بۇ خانلىقنىڭ ئادەملىرى ياۋۇز، جەڭگىۋار كېلىدۇ. ئۇلار غەربىي يۇرتتىكى كانگىيە، ئۇدۇن، سۇلى، ئارساك ۋە باشقا ئۇششاق ئەللەردىن بولۇپ 30 نەچچە دۆلەتنى قارام قىلىپ، چوڭ دۆلەت دەپ ئاتالدى. جورجانلار بىلەن قۇدىلاشتى.

تەيئەن يىللىرى (مىلادىيە 455 — 459 - يىللار) دىن كېيىن ئوردىغا ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى. جېڭگۇاڭ يىللىرى (مىلادىيە 520 — 525 - يىللار) نىڭ ئاخىرى ئەلچىدىن بىر شىر ئەۋەتتى. گاۋپىڭ ۋىلايىتىگە كەلگەندە، ۋەنچى چۈنۇ ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن، شىر شۇ يەردە قېپقالغانىدى. ۋەنچى چۈنۇ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، پايتەختكە ئاپىرىپ بېرىلدى. يۇڭشى يىللىرى (مىلادىيە 532 — 534 - يىللار) دىن كېيىن ئولپان ئۈزۈلۈپ قالدى.

داتۇڭ 12 ـ يىلى (مىلادىيە 546 ـ يىلى) ئەلچى ھەم يەرلىك مەھسۇلات ئەۋەتتى. ۋېي پادىشاھى فېيدىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 552 ـ يىلى)، جۇ پادىشاھى مىڭدىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 560 ـ يىلى) ئەلچى، ئولپان ئەۋەتتى. كېيىن تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ قەبىلىلىرى پىتىراپ كەتكەچكە، ئوردىغا سالامغا كېلىش، ئولپان تاپشۇرۇش ئۈزۈلۈپ قالدى. سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې يىللىرىدا يەنە ئەلچى، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى. بۇ دۆلەت جاگۇدا خانلىقىغا 1500 چاقىرىم، شەرقتە گۇاجۇغا 6500 چاقىرىم كېلىدۇ.

شىپىڭ يىللىرى (مىلادىيە 516 ـ 518 ـ يىللار) دا، ۋېي پادىشاھى شياۋمىڭدى ئوغلىنى سۇڭ يۈەن ۋە زاھىت فالىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇددا نومى ئەكېلىش ئۈچۈن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا خۇيشېڭ ئىسىملىك بىر راھىب ئۇلار بىلەن بىللە باردى. جېڭگۇاڭ يىللىرى (مىلادىيە 520 ـ 525 ـ يىللار) دا ئۇلار قايتىپ كەلدى. خۇيشېڭ بېسىپ ئۆتكەن دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنى، تاغ ـ دەريا، يوللىرىنىڭ سانىنى ئۇقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن قىسقىچە ئەھۋالىنى دەپ بېرەلەيتتى.

قارغالىق بەگلىكى (55)، ئۇدۇننىڭ غەربىدە، بۇ ئەلنىڭ ئاھالىسى تاغ ئىچىدە ئولتۇرىدۇ. بۇغداي چىقىدۇ، دەل ـ دەرەخ، مېۋە كۆپ. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. تىلى ئۇدۇننىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئېفتالىتلار خانلىقىغا بېقىنىدۇ.

كاۋانتا بەگلىكى، كۆكئارتنىڭ شەرقىدە، قارغالىقنىڭ غەربىدە. بىر دەريا بۇ ئەلدىن ئۆتۈپ شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. ئېگىز تاغ بار، ياز پەسلىدىمۇ قار ئېرىمەيدۇ. ئۇلارمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئېفتالىتلارغا بېقىنىدۇ.

ۋاخان بەگلىكى (56)، كاۋانتانىڭ غەربىدە. بۇ يەر بەك سوغۇق، ئادەم چارۋا بىلەن بىللە گەمىدە ياتىدۇ. يەنە قارلىق



تاغلار، كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدىغان چوققىلار بار. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى تاۋانىنى بىلەن تالقانلا يەيدۇ، بۇغداي ھارىقى ئىچىدۇ. كىگىز ۋە يۇڭ ـ تېرە كىيىم كىيىدۇ. ئىككى يول بار، بىرى غەرب تەرەپكە — ئېفتالىتقا، بىرى غەربىي جەنۇبقا — ئۇدياناغا بارىدۇ. ئۇلارغىمۇ ئېفتالىتلار ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

زىباك بەگلىكى (57)، ۋاخاننىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە. يېرى تار، خەلقى نامرات بولۇپ، تاغ جىلغىلىرىنى پاناھ قىلىدۇ، بېگى بىر تۈتاش باشقۇرالمايدۇ. تەۋەسىدە ئۈچ كۆل بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، چوڭ كۆلدە سۇ ئىلاھى، ئوتتۇرانچى كۆلدە سۇ ئىلاھىنىڭ خوتۇنى، كىچىك كۆلدە سۇ ئىلاھىنىڭ بالىسى بار ئىمىش. يولۇچىلار ئۇ يەردىن ئۆتكەندە نەزىر بەرسە ئاندىن ئۆتەلەيمىش، نەزىر بەرمىسە كۆپىنچىسى قار ـ شىۋىرغاندا قالارمىش.

داردا خانلىقى (58)، زىباكنىڭ جەنۇبىدا، ئاھالىسى تاغ ئىچىدە ئولتۇرىدۇ. بۇددا دىنىغا ئەمەس، بەلكى كۆپ ئىلاھلارغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارمۇ ئېفتالىتلارغا بېقىنىدۇ.

شەرق تەرىپىدە بولۇر بەگلىكى (59) بار. يولى خەتەرلىك بولۇپ، تۆمۈر زەنجىرگە ئېسىلىپ ئۆتىدۇ، ئاستىغا قارىسا يەر كۆرۈنمەيدۇ. شىپىڭ يىللىرىدا، سۇڭ يۈنلەر بۇ يەرگە يېتىپ بارالمىغان.

ئۇديانا خانلىقى، داردانىڭ جەنۇبىدا. شىمالىدا كۆكئارت، جەنۇبىدا ھىندىستان بار. براھمانلار بۇ دۆلەتتە ئەڭ ئەزىز ئىرق. براھمانلار ئىچىدە مۇنەججىملىك قىلىدىغانلار جىق، شاھ بىرەر ئىشقا ئاتلانغاندا شۇلاردىن مەسلىھەت ئېلىپ ئاندىن بىر قارارغا كېلىدۇ. بۇ دۆلەتتە دەل ـ دەرەخ، مېۋە كۆپ. ئېقىن سۇ بىلەن يەر سۇغىرىدۇ. شال، بۇغداي مولچىلىق. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە مۇنارلىرى كۆپ بولۇپ، بەك ھەشەمەتلىك. كىشىلەر جېدەللىشىپ قېلىپ داۋالاشسا،

براھماننىڭ دورىسىنى يېگۈزىدۇ. دورىنى يېگەندىن كېيىن قىسقا ۋاقىت خۇدىنى يوقىتىدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە، ئادەم ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر ئادىمىزاتسىز تاغقا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. غەربىي جەنۇب تەرىپىدە تەنتى تېغى بولۇپ، تاغ ئۈستىدە ئىبادەتخانا بار. بىر نەچچە ئېشەك تاغ تۈۋىدىن ئاشلىق توشۇيدۇ. ئېشەكنى ھېچكىم ھەيدىمىسىمۇ، ئۆزى بېرىپ، ئۆزى كېلىدۇ.

قەندىھار خانلىقى[60]، ئۇدىيانانىڭ غەربىدە، ئەسلى نامى يېبو ئىدى. ئېفتالىتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن نامىنى ئۆزگەرتكەن. بۇ دۆلەتنىڭ شاھى تېلى نەسلىدىن. ھازىرقى شاھى 2 - ئەۋلاد بولۇپ، ئۇرۇشقا ئامراق. كەشمىر بىلەن توختىماي ئۈچ يىل ئۇرۇشتى، خەلقى جاپا تارتىپ بىزار بولدى. جەڭگە يارايدىغان 700 پىل بار، ئون ئادەم قوراللىنىپ بىر پىلغا مىنىدۇ، پىلنى بۇرنىغا قىلىچ باغلاپ ئۇرۇشقا سالىدۇ. ئاستانىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا يەتتە چاقىرىم يىراقلىقتا بۇددا مۇنارى بار، ئېگىزلىكى 70 گەز، ئايلانمىسى 300 چامدام، چۆلى بۇددا مۇنارى دېگىنى ئەنە شۇ.

كانگىيە خانلىقى[61]، كانگانىڭ ئەۋلادى بولۇپ، كۆچۈپ يۈرىدۇ. خەن دەۋرىدىن بۇيان بۇ خانلىقنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەرمىدى. شاھنىڭ فامىلىسى ئەسلىدە «ۋېن» بولۇپ، توخرى نەسلىدىن ئىدى. بۇرۇن تىلەنتاغنىڭ شىمالىدىكى جاۋۇپ شەھىرىدە تۇراتتى. ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، غەرب تەرەپتىكى كۆكئارتتىن ئۆتۈپ بۇ دۆلەتنى بەرپا قىلغان. بۇ نەسەبتىن چىققان جەمەتلەر سۇيۇرغال يەر ئىگىلەپ، ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالدى. شۇڭا كانگىيەنىڭ سۇيۇرغال ئەللىرى ئەسلىنى ئۇنتۇمايمىز، دەپ جاۋۇپنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلدى. شاھنىڭ يەنە بىر ئېتى ۋېنشىفۇبى بولۇپ، كەڭ قورساق، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم. خوتۇنى تۈرك تاردۇش



قاغاننىڭ قىزى.

بۇ ئەلنىڭ ئاستانىسى سارتاۋا دەرياسىدىكى ئالۇدى شەھىرى. ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۈچ ۋەزىر بار، دۆلەت ئىشلىرىنى بىرلىكتە باشقۇرىدۇ. شاھ بېشىغا يەتتە گۈل بىلەن بېزەلگەن ئاق تاج، ئۈچىسىغا شايىدىن ئاق قاتلىقى بار، بەقەسەم تون كىيىدۇ. خانىشى چېچىنى تۈگۈپ قارا رومال بىلەن ئورىۋالىدۇ. ئەرلەر چېچىنى قىرقىيدۇ، بەقەسەم تون كىيىدۇ. ئۇ كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەردىن بىر مۇنچىسى، مەسىلەن ماغىيان، كېش، كېبۇت، خىۋە، بۇخارا، مەرۋى، ناسىپ، ئۇناخ، مائۇلار ئۇنىڭغا بېقىنىدۇ. غوز قانۇنى بار، ئۇ ئاتەش ئىبادەتخانىسىغا قويۇغلۇق بولۇپ، جازا ھۆكۈم قىلغاندا شۇنىڭغا ئاساسلىنىدۇ. ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى پۈتكۈل جەمەتى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرىدۇ، يېنىكرەك جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئوغرىلارنىڭ پۇتىنى چانايدۇ. ئادەملىرى ئورا كۆز، قاڭشارلىق، قويۇق ساقاللىق كېلىدۇ. سودىگەرچىلىككە ئۇستا، باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرمۇ شۇ دۆلەتكە بېرىپ سودا - سېتىق قىلىدۇ. چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن چوڭ - كىچىك دۇمباق، بەرباب، بەشتار، غوڭقا بار. نىكاھ، ئۆلۈم ئۆزىتىش ئىشلىرى تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. دۆلەت بەرپا قىلغان ئەجدادلارغا نەزىر - چىراغ قىلىدىغان بۇتخانىسى بار. 6 - ئايدا نەزىر - چىراغ قىلىدۇ، باشقا دۆلەتلەرمۇ شۇ ۋاقىتتا ئەگىشىپ نەزىر - چىراغ قىلىدۇ. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، غوز يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ھاۋاسى ئىللىق بولۇپ، بەش خىل زىرائەت تېرىشقا باب كېلىدۇ، باغۋەنچىلىك ۋە كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دەل - دەرەخلەر باراقسان. ئات، تۆگە، ئېشەك، كالا، ئالتۇن، نۆشۈدۈر، ئاسانا ئىسرىقى، پىلپىل، بۆكەن تېرىسى، يۇڭ چەكمەن، كىگىز، كىمخاپ، دېپ چىقىدۇ.

ئۈزۈم ھارىقى كۆپ، باياشات ئائىلىلەردە نەچچە مىڭ دەن ساقلىنىدۇ. ئۈزۈنغىچە بۇزۇلمايدۇ.

دايى يىللىرىدىن باشلاپ ئەلچى، ئولپان ئەۋەتكەن، كېيىن ئۈزۈلۈپ قالدى.

بۇخارا خانلىقى، خەن دەۋرىدىكى ئارساك خانلىقى. شاھىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ، كانگىيە شاھى بىلەن بىر نەسەبتىن، يەنە بىر ئىسمى شادلى. خانىشى كانگىيە شاھىنىڭ قىزى. ئاستانىسى زەرەپشان دەرياسىنىڭ(62) جەنۇبىدا، بەش قەۋەت سېپىلى بار. سۇ شەھەرنى ئايلىنىپ ئاقىدۇ. سارايىنىڭ ئۈستى تۈز. شاھ 7 ـ 8 چى ئېگىزلىكتىكى تۆگىسىمان ئالتۇن تەختتە ئولتۇرىدۇ، دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، خانىشى بىلەن ئۇدۇللىمۇ ئۇدۇل قارىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئۈچ ۋەزىر بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېجىرىدۇ. ئادىتى كانگىيىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇلار ھەمشىرىلىرىنى نىكاھىغا ئالىدۇ ۋە ھايۋانلارچە ئانىسى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

سۈي پادىشاھى ياڭدى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مۇپەتتىش دۇشىڭمەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇ بۇ دۆلەتتىن بەش رەڭلىك تۇز ئېلىپ قايتتى.

بۇخارا خانلىقىنىڭ غەربىدىن 100 چاقىرىم نېرىدا بىتىك خانلىقى بار. ئۇنىڭ تەخمىنەن 1000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالىسى بولۇپ، سەردارى يوق، بۇخارا خانلىقى سورايدۇ. دايى 5 ـ يىلى ئەلچى، ئولپان ئەۋەتتى.

چاش خانلىقى(63)، ئورنى ياكسارت دەرياسى بويىدا، ئاستانىسىنىڭ چوڭلۇقى 10 نەچچە چاقىرىم. شاھىنىڭ فامىلىسى شى، ئىسمى شىنيې. ئاستانىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئىمارەت ياسىغان. قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شاھىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كويدۇرۇپ ئېشىپ قالغان سۆڭىكىنى



ئالتۇن كومزەككە سېلىپ كارىۋاتقا قويۇپ، كۆتۈرۈپ ئايلىنىدۇ. گۈل، ئىسرىق ۋە ھەر خىل مېۋىلەرنى چاچىدۇ. شاھ ۋەزىرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ نەزىر ـ چىراغ قىلىدۇ. نەزىر مۇراسىمى تۈگىگەندە شاھ خانىشى بىلەن باشقا ئۆيگە چىقىدۇ. ۋەزىرلەر دەرىجىسىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قانغۇچە بەزمە قىلىدۇ. تېرىق، بۇغداي چىقىدۇ، ياخشى ئات كۆپ. جەڭگە ماھىر كېلىدۇ. بۇرۇن تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈگەن بولۇپ، شېكۈي قاغان ئۇنى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە تېكىن دەنجىنى ئۇنىڭ دۆلىتىنى قوشۇمچە باشقۇرۇشقا بۇيرۇغان. جەنۇب تەرىپى پەرغانىگە 600 چاقىرىم، شەرقىي جەنۇب تەرىپى گۇاجۇغا 6000 چاقىرىم كېلىدۇ.

دەنجى سۈي سۇلالىسىنىڭ دايى 5 ـ يىلى ئوردىغا ئەلچى، ئولپان ئەۋەتتى، كېيىن قايتا كەلمىدى.

ئاياللار دۆلىتى كۆكئارتنىڭ جەنۇبىدا، بۇ ئەلگە زامان ـ زامانلاردىن بۇيان ئاياللار بەگ بولۇپ كەلگەن. بەگنىڭ فامىلىسى سۇپى، ئىسمى موغال، 20 يىل تەختتە ئولتۇرغان. ئايال بەگنىڭ ئېرىنىڭ ئېتى جىنجۇ، سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ. ئەرلەر جەڭ قىلىدۇ. تاغقا ئايلانمىسى بەش چاقىرىم كېلىدىغان قەلئە ياسالغان. ئاھالىسى 10 مىڭ ئۆيلۈك. بەگ توققۇز قەۋەت بىنادا ئولتۇرىدۇ، نەچچە يۈز ئايال ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. بەش كۈندە بىر قېتىم سەلتەنەت تەختىگە چىقىپ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەلنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى كىچىك ئايال بەگ باشقۇرۇشۇپ بېرىدۇ. ئەلنىڭ ئادىتىدە ئەرلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ، لېكىن ھەسەت قىلمايدۇ. ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ يۈزىنى رەڭگارەڭ قىلىپ بويايدۇ، كۈندە نەچچە قېتىم يۈزىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ، چېچىنى ئۆرۈمەيلا قويۇۋېتىدۇ. ئاياغنى تېرىدە تىكىدۇ. تۇراقلىق باج يوق. سوغۇق كۆپ بولىدۇ، ئوۋچىلىقنى كەسىپ قىلىدۇ. كۆكتاش، نۆشۈدۈر، ئىپار، قوتاز، ياخشى ئات، شۇجۇن ئېتى چىقىدۇ، بولۇپمۇ تۇز كۆپ. تۇزنى ھەمىشە

ھىندىستانغا ئاپىرىپ سېتىپ، نەچچە ھەسسە پايدا ئالىدۇ. ھىندىستان، تاڭغىتلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشمۇ قىلغان. ئايال بەگ ئۆلسە، پۇقرالاردىن زور مىقداردا پۇل يىغىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ جەمەتىدىن قابىلىيەتلىك ئايالدىن ئىككىنى تاللاپ، بىرىنى بەگ، بىرىنى كىچىك بەگ قىلىدۇ. ئاقسۆڭەكلەر ئۆلسە، تېرىسىنى سويۇپ گۆشى ۋە سۆڭىكىنى ئالتۇن تالقىنى بىلەن بىر شىشىگە سېلىپ كۆمىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن قالدۇق چىرىندىنى تۆمۈر قاچىغا سېلىپ كۆمىدۇ. ئاسۇراغا ئېتىقاد قىلىدۇ، يەنە دەرەخ ئىلاھى بار. ھەر يىلنىڭ بېشىدا ئادەم ياكى ماكاكا بىلەن نەزىر قىلىدۇ، نەزىردىن كېيىن تاغ ئىچىگە كىرىپ دۇئا ــ تەكبىر ئوقۇيدۇ. قۇرغۇيغا ئوخشايدىغان بىر قۇش كېلىپ ئالقانغا قونىدۇ. ئۇنىڭ پوكىنىنى يارغاندا، ئىچىدىن جىق ئاشلىق چىقسا مولچىلىق بولىدۇ، قۇم ــ تاش چىقسا ئاپەت بولىدۇ، بۇنى قۇش رەمى دەيدۇ.

سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 6 ــ يىلى، ئوردىغا ئەلچى، ئولپان ئەۋەتتى، كېيىن ئۈزۈلۈپ قالدى.

پەرغانە خانلىقى، ئاستانىسى كۆكئارتنىڭ غەربىدىن 500 چاقىرىم يىراقلىقتا. خاننىڭ فامىلىسى جاۋۇپ، يەنە بىر ئىسمى ئالچى. ئاستانىسىنىڭ چوڭلۇقى تۆت چاقىرىم. لەشكەرلىككە يارايدىغان ئادىمى نەچچە مىڭ. خان قويسىمان ئالتۇن كارىۋاتتا ئولتۇرىدۇ، خانىشى ئالتۇن گۈل قادايدۇ. نۆشۈدۈر، ئالتۇن، تۆمۈر جىق. غەرب تەرىپى سۇلىغا 1000 چاقىرىم، غەرب تەرىپى سوترىشانا خانلىقىغا 500 چاقىرىم، غەربىي شىمال تەرىپى چاش خانلىقىغا 500 چاقىرىم، شەرقىي شىمال تەرىپى تۈرك خانلىقىغا 2000 نەچچە چاقىرىم، شەرق تەرىپى گۇاجۇغا 5500 چاقىرىم كېلىدۇ.

سۈي سۇلالىسىنىڭ داي يىللىرىدا ئەلچى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى.



توخرى خانلىقى، ئاستانىسى كۆكئارتنىڭ غەربىدىن 500 چاقىرىم يىراقلىقتا. ئابداللار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان. ئاستانىسىنىڭ چوڭلۇقى ئىككى چاقىرىم. لەشكەرلىككە يارايدىغان ئادىمى 10 مىڭ، جەڭ قىلىشقا ماھىر. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاكا ــ ئۇكا بىر خوتۇننى تەڭ ئالىدۇ، خوتۇن بىلەن نۆۋەتلىشىپ ياتىدۇ، ئۆيگە كىرگەن كىشى كىيىمىنى ئىشىككە ئېسىپ بەلگە قىلىپ قويىدۇ. تۇغۇلغان بالا ئاكىسىنىڭ بولىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ تاغ ئۆڭكۈرىدە قۇلۇن بار. يىلقىنى تاغ ئىچىدە باقسا، چوقۇم قۇلۇن تۇغىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى جاگۇدا خانلىقىغا 1700 چاقىرىم، شەرق تەرىپى گۇاجۇغا 5800 چاقىرىم كېلىدۇ.

ماغىيان خانلىقى[64]، ئاستانىسى زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەربىدە، قەدىمكى كانگىيىنىڭ زېمىنى. شاھى يوق بولۇپ، شەھەر سەردارىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ، كانگىيە شاھىنىڭ جەمەتىدىن، يەنە بىر ئېتى بىجو. ئاستانىسىنىڭ چوڭلۇقى ئىككى چاقىرىم، لەشكەرلىككە يارايدىغان ئادىمى نەچچە يۈز. غەربىي شىمال تەرىپى سوترىشاناغا 500 چاقىرىم، غەربىي جەنۇب تەرىپى چاش خانلىقىغا 200 چاقىرىم، شەرق تەرىپى گۇاجۇغا 6400 چاقىرىم كېلىدۇ.

داي يىللىرىدا كۆپ قېتىم يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى.

كېش بەگلىكى، ئاستانىسى دۇمو دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن 10 چاقىرىم يىراقلىقتا. قەدىمكى كانگىيىنىڭ يېرى. بۇ دۆلەتنىڭ شاھىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ، يەنە بىر ئىسمى دىجې، كانگىيە پادىشاھىنىڭ جەمەتىدىن. ئاستانىسىنىڭ چوڭلۇقى ئىككى چاقىرىم. لەشكەرلىككە يارايدىغان ئادىمى 1000 دىن ئاشىدۇ، ئادىتى كانگىيىنىڭكىگە ئوخشاش. شىمال تەرىپى كانگىيىگە 240 چاقىرىم، جەنۇب تەرىپى توخرىلارغا 500 چاقىرىم، غەرب تەرىپى ناقساپ بەگلىكىگە 200 چاقىرىم،

شەرقىي جەنۇپ تەرىپى ماغيان بەگلىكىگە 200 چاقىرىم، شەرق تەرىپى گۇاجۇغا 6500 چاقىرىم كېلىدۇ.

دايى يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەلچى، ئالاھىدە مەھسۇلات ئەۋەتتى.

كېبۇت خانلىقى، ئاستانىسى زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەربىدىن نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا، قەدىمكى كانگىيىنىڭ يېرى. ئۆز ئېلىدىن سەردارى يوق، كانگىيە خانى ئوغلى ئۇجەننى بۇ دۆلەتكە باشچىلىق قىلىشقا بۇيرۇغان. ئاستانىسىنىڭ چوڭلۇقى ئۈچ چاقىرىم. لەشكەرلىككە يارايدىغان ئادىمى 1000 دىن ئاشىدۇ. دۆلەت تەۋەسىدە دېشى ئىلاھى بار، ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئىلاھنىڭ ئالتۇن ھەيكىلى بولۇپ، ھەيكەلگە يېپىلغان تون بىر گەز بەش چى كەڭلىكتە: ھەر كۈنى بەش تۆگە، ئون ئات، 100 قوي سويۇپ نەزىر قىلىنىدۇ، ئۆلارنى نەچچە مىڭ كىشىمۇ يەپ بولالمايدۇ. شەرقىي جەنۇب تەرىپى كانگىيىگە 100 چاقىرىم، غەرب تەرىپى خىۋە خانلىقىغا 150 چاقىرىم، شەرق تەرىپى گۇاجۇغا 6600 چاقىرىم كېلىدۇ.

دايى يىللىرىدا ئەلچى، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى.

خىۋە خانلىقى، زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەربىدىن نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا، قەدىمكى كانگىيىنىڭ يېرى. خانىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ بولۇپ، كانگىيە شاھى بىلەن بىر جەمەتتىن، يەنە بىر ئىسمى جاۋۇپ دۈن. ئاستانىسىنىڭ چوڭلۇقى ئىككى چاقىرىم. لەشكەرلىككە يارايدىغان ئادەمدىن مىڭى بار. خانى قويسمان ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ. شەرق تەرىپى كېبۇت خانلىقىغا 150 چاقىرىم، غەرب تەرىپى مەرۋى خانلىقىغا 300 چاقىرىم، شەرق تەرىپى گۇاجۇغا 6750 چاقىرىم كېلىدۇ.

دايى يىللىرىدا ئەلچى، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى.

ئۇنايى خانلىقى، ئاستانىسى ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىدە،



قەدىمكى ئارساكىنىڭ يېرى. شاھىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ، كانگىيە ئاقسۆڭەكلىرىدىن، يەنە بىر ئىسمى جاۋۇپ فۇشى. ئاستانىسىنىڭ چوڭلىقى ئىككى چاقىرىم. لەشكەرلىككە يارايدىغان ئادەمدىن نەچچە يۈزى بار. شاھى قويسمان ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ. شەرق تەرىپى بۇخاراغا 1400 چاقىرىم، غەربىي شىمال تەرىپى مائۇرا خانلىقىغا 200 نەچچە چاقىرىم، شەرق تەرىپى گۇاجۇغا 7500 چاقىرىم كېلىدۇ.

دايى يىللىرى ئەلچى، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى.

مائۇرا خانلىقى، ئاستانىسى ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىدە. ئۇمۇ ئارساكىنىڭ يېرى بولۇپ، ئۇنايى بىلەن قوشنا. شاھىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ بولۇپ، كانگىيە پادىشاھى بىلەن بىر جەمەتتىن، يەنە بىر ئىسمى جاۋۇپ ئالەمى. ئاستانىسىنىڭ چوڭلۇقى ئۈچ چاقىرىم. لەشكەرلىككە يارايدىغان ئادىمى 2000. شەرقىي شىمال تەرىپى بۇخاراغا 500 چاقىرىم، غەرب تەرىپى ئۇنايىغا 200 نەچچە چاقىرىم، شەرق تەرىپى پېرسىيىگە 4000 نەچچە چاقىرىم، شەرق تەرىپى گۇاجۇغا 7700 چاقىرىم كېلىدۇ.

دايى يىللىرى ئەلچى، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى.

جاگۇدا خانلىقى، كۆكئارتنىڭ شىمالىدا بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كەشمىر بەگلىكى. شاھىنىڭ فامىلىسى جاۋۇپ، يەنە بىر ئىسمى جاۋۇپ شۇندا، كانگىيە پادىشاھىنىڭ جەمەتىدىن. ئاستانىسىنىڭ چوڭلۇقى تۆت چاقىرىم. لەشكەرلىككە يارايدىغان ئادىمى 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. دۆلەتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى رەھىمسىز بولۇپ، ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغانلار ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئادەتتە بۇتخانىنى بەك ھەشەمەتلىك ياسايدۇ. كۆكئارتتا بىر ئىلاھ بار، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئادىتى بەك ھەشەمەتلىك بولۇپ، ئۆينى ئالتۇن ياپراقلار بىلەن بېزەيدۇ، يەرگە كۈمۈش ياتقۇزىدۇ. كۈندە ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم 1000 دىن ئاشىدۇ. بۇتخانىنىڭ ئالدىدا

بىر بىلىق ئۇمۇرتقىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆشۈكىدىن ئاتلىق ئۆتكىلى بولىدۇ. شاھ كالا بېشى شەكلىدىكى ئالتۇن قالپاق كىيىدۇ، ئالتۇن ئاتىسمان كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ. شال، تېرىق، پۇرچاق، بۇغداي، پىل، ئات، كالا، ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، يۇڭ رەخت، كىگىز، كىنوۋار، نىل، ئارساك سەندىلى، ئارچا، موم، قاراتۇز، ھىڭ، مۇرمەككە، ئاق پارپا قاتارلىقلار ناھايىتى مول. شىمال تەرىپى باميانغا 700 چاقىرىم، شەرق تەرىپى كاپساغا 600 چاقىرىم، شەرقىي شىمال تەرىپى گۋاجۇغا 6600 چاقىرىم كېلىدۇ.

دايۋ يىللىرى ئەلچى ئارقىلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتتى.

مۇئەررىختىن: غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىدارە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن يىللار بولدى. بۇ ئارىدا غەربىي يۇرتتا ئايرىلىپ كېتىش ياكى بىرلىشىش ئەھۋاللىرى بولۇپ تۇردى. خەقلەرنىڭ ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. تارىخ كىتابلىرىدا ھەر خىل يېزىلىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ. ئەجەبا، تارىخچىلار ئوخشىمايدىغان قىلىپ يېزىشقا خۇشتارمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. بۇنىڭغا ئارىلىقنىڭ يىراقلىقى سەۋەب بولغان. كىشىلەرنىڭ بىلىدىغىنىدىن بىلمەيدىغىنى كۆپ، ھەقىقەتەن شۇنداق. لېكىن، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بايان قىلىشقىلا بولىدۇكى، توغرا ياكى خاتا دەپ باھا بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 10 - توم، 3205 - 3240 - بەتلەر)

---

① شيانامە ( 夏书 ) — «قەدىمنامە» نىڭ بىر قىسمى بولۇپ، شيا خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخ خاتىرىلەنگەن.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 837 - بەت)



② بەن گۇ ( 班固 ) — شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تارىخچى بولۇپ، ئاتىسى بەن بياۋنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، «خەننامە» نى يېزىپ چىققان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1210 - بەت)

③ ۋاڭ ماڭ ( 王莽 ) — شىن خاندانلىقىنى قۇرغۇچى، مىلادىيە 8 — 23 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئەسلى خەن پادشاھى يۈەندىنىڭ خانىشىنىڭ جىيەنى ئىدى. ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋېلىپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىۋالغان. مىلادىيە 23 - يىلى دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ زەربىسىدە گۇمران بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.
(«خەننامە. ۋاڭ ماڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

④ بەن چاۋ ( 班超 ) — شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق سەركەردە، بەن گۇنىڭ ئىنىسى. يۇڭپىڭنىڭ 16 - يىلى (مىلادىيە 73 - يىلى) دىن باشلاپ غەربىي يۇرتتا 31 يىل تۇرۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ، نۇرغۇن ھەربىي خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن. يۇڭيۈەن 14 - يىلى (مىلادىيە 102 - يىلى) لوياڭغا قايتىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.
(«كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑤ غەربىي رۇڭلار ( 西戎 ) — قەدىمكى دەۋردە غەربىي شىمالدا ياشىغان رۇڭلارنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى. كېيىن ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىدە ياشىغان تۇيغۇن، داڭچاڭ، دىڭجى، ۋۇشىڭ قاتارلىقلار ۋە غەربىي يۇرتتا ياشىغۇچى قوۋملارمۇ غەربىي رۇڭلار دەپ ئاتالغان.
(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 384 - بەت)

⑥ خەيچۇ ( 海曲 ) — يەنى خەيشى، قەدىمكى سۇرنىيىنى كۆرسىتىدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەرناملىرى»، 90 - بەت)

⑦ ۋاخان ( 伽倍 ) — ئورنى هازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ۋاخان دېگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 103 ـ بەت)

⑧ بولۇر ( 波路 ) — قەدىمكى يەر نامى. چوڭ بولۇر هازىرقى كەشمىرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بالتىستاندا؛ كىچىك بولۇر هازىرقى پاكىستاننىڭ شەرقىدىكى ياسىن دەرياسىنىڭ بويلىرىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 16 ـ بەت)

⑨ راجاگرا ( 王舍城 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى هازىرقى هىندىستاننىڭ شىمالىدا، بىهارنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى راجگىردا.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 79 ـ بەت)

⑩ كېش ( 史国 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى هازىرقى سەمەرقەندنىڭ جەنۇبىدىكى شەھرى سەبىزدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 48 ـ بەت)

⑪ مىرەن ( 扜泥 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چارقىلىق ناهىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ئابدال دېگەن يەرنىڭ جەنۇبىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 65 ـ بەت)

⑫ مىلادىيە 338 ـ يىلى توغبات شىجيەن هازىرقى خېبېي، سەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالى ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە دەي خانلىقىنى قۇرغان. مىلادىيە 386 ـ يىلى توغبات گۇي دەي خانلىقىنى ۋېي سۇلالىسى دەپ ئۆزگەرتكەن. شۇڭا دەي ۋېي سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

⑬ قۇمتاغ ( 白龙堆 ) — قەدىمكى يەر نامى. ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 56 ـ بەت)



⑭ پىراتېكا بۇددا ( 辟支佛 ) — بۇددا دىنىدىكى ئۈچ بۇددانىڭ بىرى.
(«دىن لۇغىتى»، 1065 ـ بەت)

⑮ قارغالىق بەگلىكى ( 悉居半 ) — ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاغىلىق ناهىيىسىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 44 ـ بەت)

⑯ يولئېرىق بەگلىكى ( 西夜 ) — غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئەل. ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پوسكام ناهىيە بازىرىنىڭ 70 چاقىرىم جەنۇبىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 106 ـ بەت)

⑰ چۈەنيۈمو بەگلىكى ( 权於摩国 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناهىيىسىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 93 — 94 ـ بەتلەر)

⑱ ساكارائۇل ( 渠莎国 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەركەن ناهىيىسىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 105 ـ بەت)

⑲ كۆكيار ( 子合 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاغىلىق ناهىيىسىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 44 ـ بەت)

⑳ غەربىي يۇرت دورغابېگى ( 西域长史 ) — شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يەنگۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 123 ـ يىلى) بەن يۇڭ تۇنجى قېتىم غەربىي يۇرت دورغابېگى بولۇپ تەيىنلىنىپ، قورۇقچىبەگنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان. مەھكىمىسى كىرورەندا بولغان.
(«كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىن)

㉑ قورۇل چېرىكچىبېگى ( 戊己校尉 ) — ھەربىي بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.
(«خەننامە. ئەمەل تەزكىرىسى» دىن)

㉒ تەڭرىخان تېغى ( 贪汗山 ) — ئورنى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى توشتۇخان ئايمىقىدىكى تۇلا دەرياسىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» ، 322 ـ بەت)

㉓ بۇ يەردە دېيىلگەن ۋېي سۇلالىسى ساۋ پى مىلادىيە 220 ـ يىلى قۇرغان ۋېي پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

㉔ ماۋچاڭ ـ ماۋخېڭ نەزمىلىرى ( 毛诗 ) — «نەزمىنامە» تەتقىقاتىدىكى بىر ئېقىم. كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، خەن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ماۋچاڭ ۋە ماۋخېڭ تۈزگەنىكەن.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 1453 ـ بەت)

㉕ مۇھاكىمە ۋە بايان ( 论语 ) — كۇڭزىچىلارنىڭ دەستۇرلىرىدىن بىرى. جەمئىي 20 باپ بولۇپ، كۇڭزىنىڭ شاگىرتلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى خاتىرىلىگەن ئەسەر.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 382 ـ بەت)

㉖ ۋاپانامە ( 孝经 ) — كۇڭزىچىلارنىڭ دەستۇرلىرىدىن بىرى. جەمئىي 18 باب بولۇپ، فېئوداللىق ۋاپادارلىق تەلىماتى تەرغىب قىلىنىغان ئەسەر.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 1237 ـ بەت)

㉗ باغقىرات شەھىرى ( 员渠城 ) — كىنىگىتىنىڭ ئاستانىسى. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قارا شەھەر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن 18 چاقىرىم يىراقلىقتا.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، 9 ـ بەت)



㉘ چۇقۇر ( 左回 ) — قەدىمكى شەھەر. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوشۇت ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، 20 ـ بەت)

㉙ قاراقۇم ( 尉犁 ) — قەدىمكى شەھەر. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاراشەھەر ناھىيىسىنىڭ زىنىچۇەن دېگەن يېرىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، 39 — 40 ـ بەتلەر)

㉚ قۇم بەگلىكى ( 姑默国 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئونسۇ ناھىيىسىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، 2 ـ بەت)

㉛ ئونسۇ بەگلىكى ( 温宿国 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، 100 ـ بەت)

㉜ سەپەرباي بەگلىكى ( 尉头国 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقچى ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى سەپەربايدا.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، 80 ـ بەت)

㉝ سەمەرقەند خانلىقى ( 悉万斤国 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى سەمەرقەند شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ئافراسىياب ئېگىزلىكىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، 81 — 82 ـ بەتلەر)

㉞ نيۇمى خانلىقى ( 忸密国 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇخارا شەھىرى ئەتراپىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، 15 — 16 ـ بەتلەر)

㉟ ئاۋرىسى ( 奄蔡 ) — قەدىمكى ئەل. كاۋكازنىڭ شىمالى ۋە دون

دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى رايونىدا ياشىغان قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 5 ـ بەت)

㊱ پېرسىيە پادىشاھلىقى (波斯国) — غەربىي ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەت، ھازىرقى ئىراننى كۆرسىتىدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 74 ـ بەت)

㊲ ئىستىكەن خانلىقى (色知显国) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى سەمەرقەند شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 100 چاقىرىم يىراقلىقتا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 36 ـ بەت)

㊳ غەزنە خانلىقى (伽色尼国) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى غەزنە دېگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 29 ـ، 37 ـ بەتلەر)

㊴ خۇسمى خانلىقى (呼似密国) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارال دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 51 ـ بەت)

㊵ كېبۇد خانلىقى (伽不单国) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى سەمەرقەند شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كېبۇد دېگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 47 ـ بەت)

㊶ ۋاخان خانلىقى (伽倍国) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ۋاخان دېگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 103 ـ بەت)

㊷ سىياماكا خانلىقى (折薛莫孙国) — قەدىمكى ئەل. ئورنى



ھازىرقى پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىدىكى ماستۇج دېگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 90 ـ بەت)

㊸ قاندۇت خانلىقى (钳敦国) — قەدىمكى ئەل، توخرىلارنىڭ بىر تارمىقى. ئورنى ھازىرقى ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاخان رايونىدىكى ئىسقاشىم دېگەن يەرنىڭ شەرقىدىن 50 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى قاندۇت دېگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 49 ـ بەت)

㊹ بەدەخشان خانلىقى (弗敌沙国) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بەدەخشان دېگەن يەردە. ئۇلۇغ توخرىلار ۋە ئېفتالىتلار بۇ يەرنى ئاستانە قىلغان.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 8 ـ بەت)

㊺ پارۋان (胖顿) — ئۇلۇغ توخرىلار يابغۇسىنىڭ تەۋەلىكى. ئورنى ھازىرقى ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتى كابۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى پارۋان دېگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 74 ـ بەت)

㊻ ئارساك خانلىقى (安息国) — قەدىمكى ئەل. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پۈتۈن ئىران ئېگىزلىكى ۋە ماۋارەئۇننەھرنى ئۆزىگە قاراتقان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئەسىردىن مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگىچە رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن جۇڭگونىڭ ئارىلىقىدىكى مۇھىم سودا يولى تۈگۈنى بولغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1001 ـ بەت)

㊼ سۇرىستان خانلىقى (条支国) يەنى پېرسىيە دۆلىتى.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 89 ـ بەت)

㊽ داكچىن خانلىقى (大秦) — قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسىنى

كۆرسىتىدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 22 ـ، 79 — 80 ـ بەتلەر)

(49) ئاتىئوچىن شەھىرى ( 安都 ) — ئورنى ھازىرقى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 5 ـ بەت)

(50) چىن، خەن سۇلالىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە، چەتئەللەر، ھونلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ بەزىلىرى مەركىزىي خاندانلىقنى چىن دەپ ئاتايتتى.
(مۇھەررىردىن)

(51) جياۋجى ۋىلايىتى ( 交趾郡 ) — ھازىرقى ۋېيتنام سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

(52) قاندارا خانلىقى ( 小月氏国 ) — قەدىمكى ئەل. ھازىرقى كابۇل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى، ھىندىستان جۇمھۇرىيىتى پەنجاب شىتاتىنىڭ شىمالىدىن پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىشاۋەر ۋە راۋالپىندى رايونلىرىغىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 28 ـ بەت)

(53) پۇرۇساپۇرا شەھىرى ( 富楼沙城 ) — ئورنى ھازىرقى پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىدىكى پىشاۋەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 76 ـ بەت)

(54) بۇخارا خانلىقى ( 副货国 ) قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى بۇخارادا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 15 — 16 ـ بەتلەر)



(55) قارغالىق بەگلىكى ( 朱居国 ) — يەنى يۇقىرىدا دېيىلگەن 悉居半国 نى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

(56) ۋاخان بەگلىكى ( 钵和国 ) — ئورنى ھازىرقى ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ۋاخان رايونىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 103 ـ بەت)

(57) زىباك بەگلىكى ( 波知国 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زىباك دېگەن يېرىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 74 ـ بەت)

(58) داردا خانلىقى ( 赊弥国 ) — يەنى سىياماكا خانلىقى. ئورنى ھازىرقى پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىدىكى ماستۇج دېگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 90 ـ بەت )

(59) بولور بەگلىكى ( 钵卢勒国 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى كەشمىرنىڭ غەربىي شىمالىكى بالتىستان دېگەن يەردە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 16 ـ بەت)

(60) قەندىھار خانلىقى ( 乾陀国 ) — قەدىمكى ئەل. ئورنى ھازىرقى كابۇل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 28 ـ بەت)

(61) كانگىيە خانلىقى ( 康国 ) — ئورنى ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى سەمەرقەند شەھىرىنىڭ شەرقىدە.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 81 — 82 ـ بەتلەر)

(62) زەرەپشان دەرياسى ( 那密水 ) — ئوتتۇرا ئاسىيادا.
(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 107 ـ بەت)

⑥③ چاش خانلىقى (石国) ئورنى هازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى تاشكەنت رايوندا. ئۇنىڭ خارابىسى سىر دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان چىرچىك دەرياسىغا يېقىن بىنكات دېگەن يەردە.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 93 ـ بەت)

⑥④ ماغيان خانلىقى (米国) — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئەل. ئورنى هازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى سەمەرقەندنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 61 — 62 ـ بەتلەر)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 98 ـ جىلد

## جورجانلار ۋە قاڭقىللار تەزكىرىسى

جورجانلارنىڭ فامىلىسى يۇجيۇلۇ. پادىشاھ شېنيۇەننىڭ① ئاخىرقى يىللىرى، ئات بۇلاپ يۈرگەنلەر بىر قۇلغا ئىگە بولغان. قۇلنىڭ چېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قېشىغىچىلىك ئىكەن. ئۇ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغان بولغاچقا، خوجايىنى ئۇنىڭغا «مۇگۇلۇ» دەپ ئات قويۇپتۇ. «مۇگۇلۇ» تاز دېگەنلىك بولىدىكەن. «مۇگۇلۇ» بىلەن «يۇجيۇلۇ» نىڭ ئاھاڭى ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۇنى ئۆزىگە فامىلە قىلىۋالغان. مۇگۇلۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىپ، چەۋەنداز بولدى. جىن پادىشاھى مۇدى② (مىلادىيە 345 — 361 ـ يىللار) دەۋرىدە، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كۆرسەتكەن يەرگە يېتىپ بارالماي قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى. ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان چاغدا كەڭ قۇملۇق ۋە جىلغىغا قېچىپ بېرىپ، باجدىن قېچىپ بارغانلاردىن 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ، چۇنتۇلىن قەبىلىسىگە بېقىندى، كېيىن ئۆلدى. ئوغلى چېلۇخۇي بەستلىك ھەم جەسۇر بولۇپ، قەبىلە تەشكىللەشكە باشلاپ، ئۆزىنى جورجان دەپ ئاتىدى. كېيىن ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ئۇلارنى نادان خەقكەن، تۇرقى قۇرۇتقا ئوخشايدىكەن دەپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى خەنزۇچە «蠕蠕» دەپ يازىدىغان بولدى. چېلۇخۇي قەبىلە سەردارى بولغاندىن كېيىن، ھەر يىلى ئات ـ ئۇلاغ، بۇلغۇن تېرىسى تەقدىم قىلىپ تۇردى. قىشتا قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا، يازدا شىمالىغا كۆچەتتى. چېلۇخۇي

ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى تۇنۇكۇي ئولتۇردى. تۇنۇكۇي ئۆلگەندە، ئورنىغا ئوغلى باتى ئولتۇردى. باتى ئۆلگەندە، ئورنىغا ئوغلى دىسۇيان ئولتۇردى.

دىسۇيان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ قەبىلىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. دىسۇياننىڭ چوڭ ئوغلى پىخۇبا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شەرق تەرەپتە تۇردى؛ 2 ـ ئوغلى ئۇنگىت غەرب تەرەپتە تۇردى. پادىشاھ جاۋچېڭدى ئۆلگەندە، ئۇنگىت ۋېي سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، ۋېي چېنغا[3] بېقىندى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ دېڭگو يىللىرى (مىلادىيە 386 — 396 ـ يىللار) جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىندى. جورجانلار قېچىپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى نەنچۇاڭ تېغىغا بارغاندا، جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇن يېتىشىۋېلىپ مەغلۇپ قىلدى ۋە قەبىلىسىنىڭ يېرىمىنى ئەسىر ئالدى. پىخۇبا بىلەن قەبىلە ئاقساقىللىرى ۋۇجىلار قالغان ئادەملەرنى يىغىپ قېچىپ كەتتى. چاڭسۇن سۇڭ بىلەن چاڭسۇن فېي ئۇلارنى قوغلاپ چۆللۈكتىن ئۆتتى. چاڭسۇن سۇڭ پىڭۋاڭ تۈزلەڭلىكىدە ۋۇجىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ۋە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ سازايى قىلدى. چاڭسۇن فېي جوشيې تېغىدا[4] پىخۇبانى قوغلاپ يەتتى. پۈتۈن قەبىلە ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. چاڭسۇن فېي ئۇنگىتنىڭ ئوغلى گېدۇخاننى ھەمدە گېدۇخاننىڭ ئاكىسى گاۋگۇيجى، سەللان، قوغۇرسۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتىدىن نەچچە يۈز كىشىنى تۇتۇپ، توغبات قەبىلىلىرىنى تارقىتىۋەتتى. ئۇنگىت ۋېي چېنغا بېقىنماقچى بولۇپ غەربكە قاچتى. ۋېي پادىشاھى داۋۇۋۇدى ئۇنى قوغلاپ يانا تېغىغا باردى. ئۇنگىت يەنە تەسلىم بولىۋىدى، پادىشاھ داۋۇۋۇدى بۇرۇنقىدەكلا بېشىنى سىلىدى. دېڭگو 9 ـ يىلى (مىلادىيە 394 ـ يىلى) گېدۇخان بىلەن سەللان قەبىلىسىنى باشلاپ، ئاتىسىنى تاشلاپ غەربكە قاچتى. چاڭسۇن فېي چەۋەندازلار بىلەن ئۇنى قوغلاپ شاڭجۇن ۋىلايىتىدىكى بانا تېغىغا بارغاندا، گېدۇخان ۋە ئۇنىڭ



ئادەملىرىنى تامام قىرىۋەتتى. سەللان باشلىق بىرنەچچە كىشى پىخۇبانىڭ يېنىغا باردى. پىخۇبا ئۇلارنى جەنۇبقا، يەنى ئۆزى تۇرۇشلۇق يەردىن 500 چاقىرىم يىراقلىقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى نازارەت قىلىشقا تۆت ئوغلىنى قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سەللان ئادەملىرىنى باشلاپ بېرىپ، پىخۇبانىڭ تۆت ئوغلىنى تۇتىۋېلىپ توپىلاڭ كۆتۈردى ـ دە، پىخۇباغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. پىخۇبانىڭ ئوغۇللىرى قالغان ئادىمىنى يىغىپ، قېچىپ بېرىپ قاڭقىللارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىگە بېقىندى. سەللان ۋەھشىي، ھىيلىگەر، ساختىپەز، تۇتامى يوق ئىدى. بىر ئايدىن كېيىن پىخۇبانى قويۇپ بەردى ھەم ئۇنى باللىرى بىلەن قوشۇپ يوقىتىش ئۈچۈن ئوغۇللىرى بار يەرگە بېرىشقا زورلىدى. ئاندىن يوشۇرۇن لەشكەر ئەۋەتىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. پىخۇبانىڭ ئوغلى چىبا، ئۇجە باشلىق 15 كىشى ۋېي پادىشاھى داۋۇۋۇدىغا بېقىندى. سەللان پىخۇبانى ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن پادىشاھ داۋۇۋۇدىنىڭ باستۇرۇشىدىن قورقۇپ، ۋۇيۇەننىڭ غەربىدىكى ئۇلۇسلارنى بۇلىغاندىن كېيىن، شىمالغا يۈرۈپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ كەتتى. پادىشاھ داۋۇۋۇدى چىبا، ئۇجەلەرنى يىراقنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، پىڭجى بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. سەللان كېيىنكى چىن خانى ياۋشىڭ بىلەن قۇدىلاشتى. پادىشاھ داۋۇۋۇدى سىپاگەر سانغۇن خې تۇنى ئەۋەتىپ چۇفۇ، سۇغۇرىيە قاتارلىق ئۇلۇسلارغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى. سەللان ئاتلىق لەشكەر ئەۋەتىپ سۇغۇرىيەگە ياردەم بېرىۋىدى، خې تۇ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى.

سەللان شۇ قاچقىنىچە چۆللۈكتىن ئۆتۈپ، قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلدى. قاڭقىللارنىڭ يېرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر قايسى قوۋملىرىنى ئۆزىگە قوشىۋالدى. كۈچى تېخىمۇ زورايدى. ئۇ شىمالغا كۆچۈپ رولو دەرياسىغا باردى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى تۇرغۇزۇشقا باشلىدى. مەزمۇنى مۇنداق

ئىدى: مىڭ ئادەم بىر قۇر بولۇپ، قۇر بېشى تەسىس قىلىنىدۇ؛ 100 ئادەم بىر توپ بولۇپ، توپ بېشى تەسىس قىلىنىدۇ. ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ئالدىدا ماڭغانلارغا ئولجا ئالغان ئادەم ۋە نەرسىلەر ئىنئام قىلىنىدۇ، چېكىنگەن قورقۇنچاقلار چالما - كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ ياكى خالىغان چاغدا ئۇر - ئۇر قىلىنىدۇ. يېزىقى بولمىغاچقا قۇر بېشى ۋە توپ بېشىلار قوشۇننىڭ ئەھۋالىنى قوي مايىقى بىلەن تەخمىنەن ھېسابلايتتى. كېيىن ئىشلارنى ياغاچقا ئويۇپ خاتىرىلەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ غەربىي شىمالىدا قېلىپ قالغان ھونلار بار ئىدى. بۇ ئەل باي ھەم كۈچلۈك بولۇپ، ھونلارنىڭ ئەل بېشى رىبايىجى لەشكەر تارتىپ سەللانغا ھۇجۇم قىلدى. سەللان ئېرگىنە دەرياسىنىڭ بويىدا جەڭ قىلىپ، ھونلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ھەمدە كېيىن پۈتۈنلەي ئۆزىگە قوشۇۋالدى. كۈچلۈك دەپ ئاتىلىپ، ئوت - سۇ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ غەرب تەرىپى كىنگىت زېمىنى، شەرق تەرىپى كوگورى زېمىنى، شىمال تەرىپى چۆللۈكتىن ئۆتسە دەشتى ماكان، جەنۇب تەرىپى گوبى ئىدى. ئۇلارنىڭ دائىم يىغىلىدىغان يېرى دۇنخۇاڭ ۋە جاڭيېنىڭ شىمالى ئىدى. ئۇششاق ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىق، پاراكەندىچىلىكىنىڭ دەردىنى تارتتى. شۇنداقتىمۇ مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارغا بېقىناتتى. شۇنىڭ بىلەن سەللان ئۆزىنى تۇتاي قاغان دەپ ئاتىدى. «تۇتاي» دېگىنى ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ تىلىدا تىزگىنلەش، كېڭەيتىش، «قاغان» دېگىنى پادىشاھ دېگەنلىك بولىدۇ. جورجانلارنىڭ ئادىتىدە، پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىدەك ئالاھىدىلىكى ۋە قابىلىيىتىگە قاراپ نام بېرىدۇ. لېكىن ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن نام بەرمەيدۇ.

پادىشاھ داۋۇدنىڭ دېۋانبېگى سۇيخۇڭغا: «جورجانلار بۇرۇندىن تارتىپ نادان دەپ نام ئالغان، ھېچنىمىگە پىسەنت



قىلمايدۇ. ئۇلار ھەر قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلغاندا، ئىنەكنى ھارۋىغا قېتىپ ئۆكۈزنى كەينىدىن ھەيدەپ ماڭىدىكەن. ئىنەك ماڭالماي يېتىپ قالغاندا، باشقا قەبىلىنىڭ ئادەملىرى ئۆكۈزنى ئىنەكنىڭ ئورنىدا ھارۋىغا قېتىشقا دەۋەت قىلسا، جورجانلار ئانىسى ماڭالمايۋاتسا بالىسى ماڭالامتى، دەپ ئالماشتۇرمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن پات - پاتلا ئەسىرگە چۈشىدىكەن. ئەمدىلىكتە سەللان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۆگىنىپ قانۇن - تۈزۈم تۇرغۇزدى، جەڭ قىلىش ئۈچۈن سەپ تۈزۈدىغان بولدى. چېگرا ئۈچۈن تەھدىتكە ئايلاندى. تەرىقەتچىلەر ‹دانىشمەن پەيدا بولسا، قاراقچى ئەدەپ كېتىدۇ›، دەيدۇ، شۇنىڭغا ئىشىنىمەن» دېگەن.

تيەنشىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 402 - يىلى) سەللان پادىشاھ داۋۇدنىڭ ياۋشىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، چېگرىغا ھۇجۇم قىلدى. سەنخېيۇدىن بېسىپ كىرىپ، جەنۇبتا سەيشەن تېغى بىلەن شەنۋۇنىڭ شىمالىدىكى سازلىققىچە باردى. چاڭشەن بېگى تۇغبات زۇن دەرھال 10 مىڭ چەۋەنداز بىلەن سەللانغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇلدى. ئەمما، قوغلاپ يېتەلمىدى. تيەنسى يىللىرى (مىلادىيە 404 — 409 - يىللار) سەللاننىڭ نەۋرە ئىنىسى يۆدەي، دانالار سەللاننى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا دانانى ئولتۇرماقچى بولدى. پىلان سېزىلىپ قالغاندىن كېيىن، دانا قاتارلىقلار ۋېي سۇلالىسىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى. دانا ئۇزغان سانغۇن، شىپىڭ بېگى بولدى. يۆدەي يۈ چەۋەندازلىرى چېرىكچىسى، يىياڭ ۋىكوندى بولدى. 3 - يىلى يازدا، سەللان چېگرا رايوننى بۇلىدى. يۇڭشىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 409 - يىلى) قىشتا ئۇ يەنە چېگرىدىن بېسىپ كىردى. ئىككىنچى يىلى مىڭيۈەندى ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ يولدا ئۆلدى. سەللاننىڭ ئوغلى دۇبا كىچىك بولغاچقا، كۆپچىلىكنى تىزگىنلەپ كېتەلمىدى. قەبىلىسى سەللاننىڭ ئىنىسى قوغۇرسۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ،

ياغىياق گاج قاغان دەپ ئاتىدى. «ياغىياق گاج» تەققى ـ تۇرقى كېلىشكەن دېگەن مەنىدە ئىدى. قوغۇرسۇ شىمال تەرەپتە قوشىيىغنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، شەرق تەرەپتە پىلچىن قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى. 3 ـ يىلى قوغۇرسۇ جەمەتىدىن يۆخۇچۇتكەن قاتارلىق يۈز نەچچە كىشى كېلىپ تەسلىم بولدى. قوغۇرسۇ قورقۇپ جەنۇبقا بېسىپ كىرەلمىدى. شۇڭا شىمال تەرەپ تىنچىپ قالدى. شېنرۇي 1 ـ يىلى قوغۇرسۇ شىمالىي يەن خانى فېڭ با بىلەن قۇدىلاشتى. فېڭ با قوغۇرسۇنىڭ قىزى بىلەن ئەھدى نىكاھ تۈزۈشۈپ توي قىلماقچى بولغاندا، قوغۇرسۇنىڭ چوڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى بۇلۇجېن قوغۇرسۇغا: «كىچىككىنە قىزنى يىراق يەرگە ياتلىق قىلسىڭىز، ئۆيىنى تولا ياد ئېتىپ ئاغرىپ قالىدۇ. ۋەزىر شۇلى، ۋۇدىيەنلەرنىڭ قىزلىرىنى قوشۇپ ئەۋەتسىڭىز بولارمىكىن» دېۋىدى، قوغۇرسۇ قوشۇلمىدى. بۇلۇجېن شۇلىلارغا: «قوغۇرسۇ قىزىڭىزنى يەڭگە قىلىپ يىراق دۆلەتكە ئەۋەتمەكچى» دېدى. شۇلى ئۇنىڭ بىلەن گېپىنى بىر قىلىپ، پالۋانلارنى قوغۇرسۇنىڭ چېدىرىنىڭ كەينىگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئۇ چىقىشىغىلا تۇتۇۋالدى ۋە قىزى بىلەن بىللە خېلۇڭغا⑤ ماڭدۇردى ھەمدە بۇلوجېننى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. بۇلۇجېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى شۇلىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

بۇرۇن قاڭقىلدا چىلوخۇ ئىسىملىك بىرى بولۇپ، سەركەردىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ، سەللانىنىڭ ئۇلارنىڭ قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلىشىغا يول باشلاپ بەرگەنىدى. سەللان ئۇنى پازىل كىشى دەپ بىلىپ، بۇزرۇكۋار قىلىپ تىكلىگەن. بۇلۇجېن سەللانىنىڭ ئوغلى شىبا بىلەن چىلوخۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، چىلوخۇنىڭ كىچىك خوتۇنى بىلەن زىنا قىلغان. ئۇ خوتۇن بۇلۇجېنغا: «چىلوخۇ داتاننى قاغان قىلماقچى بولۇپ، ئەھد بەلگىسى سۈپىتىدە داتانغا ئالتۇن يۈگەن تەقدىم قىلدى»



دېدى. بۇلۇجېن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 800 ئاتلىق لەشكەرنى يېتەكلەپ كېلىپ چىلوخۇنى قورشىۋالدى. چىلوخۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. بۇلۇجېن داتان تەييارلىقسىز تۇرغاندا ئۇنىڭغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. داتان لەشكەر يېتەكلەپ بۇلۇجېن بىلەن شېبانىنى تۇتۇۋېلىپ، دارغا ئاستى ۋە ئۆزىنى قاغان دەپ ئېلان قىلدى.

داتان سەللانىنىڭ تاغىسى پۇخۇنىڭ ئوغلى ئىدى. بۇرۇن باشقا قەبىلىنى سوراپ غەربىي چېگرىنى ساقلىغانىدى. ئۇ كۆپچىلىكنى رام قىلىشنى بىلگەنلىكتىن، كىشىلەر ئۇنى ھىمايە قىلىپ مۇخەن خېشىنگە قاغان دەپ ئاتىدى. «مۇخەن خېشىنگە» نىڭ مەنىسى «غالىب» دېگەنلىك ئىدى. قوغۇرسۇ خېلۇڭغا بارغاندىن كېيىن، فېڭ با ئۇنىڭغا شاڭگۇ بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. داتان ئادەملىرىنى باشلاپ جەنۇبقا كۆچۈپ چېگرىغا بېسىپ كىردى. ۋېي پادىشاھى شەخسەن ئۆزى باستۇرۇشقا ئاتلانغاچقا، داتان قورقۇپ قاچتى. پادىشاھ شەنياڭ بېگى شى جىن قاتارلىقلارنى قوغلاشقا بۇيرۇدى. ئۇلار يولدا قار ـ شىۋىرغانغا دۇچ كېلىپ، لەشكەرلەرنىڭ ئوندىن ئىككى ـ ئۈچ قىسمى يا توڭلاپ ئۆلدى، يا پۇت ـ قولىنىڭ بارماقلىرى ئۈششۈپ كەتتى. پادىشاھ مىڭيۈەندى ئۆلگەندىن كېيىن، پادىشاھ تەيۋۇدى تەختكە ئولتۇردى. داتان بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى. شىگۇاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 424 ـ يىلى) كۈزدە ئۇ يۇنجۇڭنى بۇلىدى. پادىشاھ تەيۋۇدى شەخسەن ئۆزى باستۇرۇشقا ئاتلىنىپ، ئۈچ كېچە ئىككى كۈندۈزدە يۇنجۇڭغا يېتىپ باردى. داتاننىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى تەيۋۇدىنى ئەللىك نەچچە قات ئورىۋالدى، چەۋەندازلار قىستاپ كېلىپ ئاتلار قاتار تىزىلدى، لەشكەرلەر بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتى. ئەمما تەيۋۇدىنىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىكنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئەسلىدە داتاننىڭ ئىنىسى دانا سەللان بىلەن قاغانلىقنى

تالىشىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن كېلىپ بېقىنغانىدى. داتان دانانىڭ ئوغلى يۇجىجىننى ئەمىر ئۇلۇس قىلىۋىدى، لەشكەرلەر ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. داتان قورقۇپ قايتىپ كەتتى. 2 - يىلى پادىشاھ تەيۋۇدى ئۇنى باستۇرۇشقا لەشكەر ئەۋەتتى. لەشكەرلەر شەرقتىن غەربكە بەش تارامغا بۆلۈنۈپ تەڭ يولغا چىقتى. پىڭياڭ بېگى جاڭسۇن خەن قاتارلىقلار قارا قۇملۇقتىن، رۇيىن گۇڭى جاڭسۇن داۋشېڭ ئاق قۇملۇق بىلەن قارا قۇملۇقنىڭ ئارىلىقىدىن، پادىشاھ تەيۋۇدى ئوتتۇرا يولدىن، دۇڭپىڭ گۇڭى ئې چېڭ سەل غەربتىن، يەنى لىيۇەندىن، يىچېڭ بېگى شىجىن، سانغۇن ئەن يۈەن قاتارلىقلار غەربىي يولدىن، يەنى ئېخەن تېغىدىن ئاتلاندى. قوشۇن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا بارغاندا، يۈك - تاقلىرىنى تاشلاپ ئاتنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، 15 كۈنلۈك ئوزۇق ئېلىپ، ئۇنى قوغلاپ چۆللۈكنىڭ نېرىقى بېشىغىچە باردى. داتاننىڭ قەبىلىلىرى قورقۇپ كېتىپ شىمالغا قاچتى.

شېنجيا 1 - يىلى (مىلادىيە 428 - يىلى) 8 - ئايدا، داتان ئوغلىنى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق لەشكەر بىلەن قورۇلغا بېسىپ كىرىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار قورۇل ئاھالىسىنى قىرىپ - بۇلاپ قېچىپ كەتتى. قارام ئەل قاڭقىللار ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ مەغلۇپ قىلدى. پادىشاھ تەيۋۇدى قوغلاپ يېتەلمەي گۇاڭنىڭدىن قايتىپ كەلدى. 2 - يىلى 4 - ئايدا، پادىشاھ تەيۋۇدى شەھەرنىڭ جەنۇبىدا لەشكەر تەربىيىلەپ، داتانغا زەربە بېرىشكە تەمشىلىۋىدى، مۇشاۋۇر ۋە ۋەزىرلەر قوشۇلمىدى. مۇنەججىم جاڭ شېن، شۇبيەنلەر ئاسمان ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق پادىشاھنى توسىدى. لېكىن پادىشاھ تەيۋۇدى سۇيخاۋنىڭ پىلانى بويىچە ئىش قىلدى. بۇ چاغدا، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا بارغان ئەلچىلەر قايتىپ كېلىپ، سۇڭ پادىشاھى ۋېندىنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ



كىرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئەلچىلەرگە تېز قايتىپ بېرىپ ۋېي پادىشاھىغا دەڭلار، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى قايتۇرۇپ بەرسە يارىشىمىز، بولمىسا بارلىق شەركەردە - سەرۋازلىرىمىنى ئىشقا سالىمەن، دېگەنلىكىنى يەتكۈزدى. ۋېي پادىشاھى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ۋەزىرلەرگە: «ئۇ ھارامزادە ئۆزىنى ئوڭلىيالماي تۇرۇپ، يەنە نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ ئۇ كېلىپ بېسىپ كىرگەن تەقدىردىمۇ، بىز ئاۋۋال جورجانلارنى يوقاتمىساق دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان بولىمىز. ئالدى - ئارقىدىن تەڭلا دۈشمەنگە دۈچ كەلسەك، ئۇ ھالدا ياخشى ئەمەس. مەن بېرىپ باستۇرىمەن، بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ شەرق تەرەپتىن يول ئېلىپ، خېيشەن تېغىغا قاراپ ماڭدى؛ پىڭياڭ بېگى جاڭسۇن خەن غەرب تەرەپتىن يول ئېلىپ، دائې تېغىغا قاراپ ماڭدى. ئىككى تارام قوشۇن جورجان قاغانى تۇرۇشلۇق جايدا ئۇچرىشىدىغان بولدى. 5 - ئايدا، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا چۈشۈپ، يۈك - تاقلىرىنى تاشلاپ يېنىك بولۇپ جورجانلارغا ھۇجۇم قىلدى. لىشۈي دەرياسىغا بارغاندا، داتاننىڭ ئادىمى غەربكە قاچتى. داتاننىڭ ئىنىسى پىلى شەرقتىكى قەبىلىلەرنى باشلاپ داتاننىڭ يېنىغا بارماقچى بولغانىدى، جاڭسۇن خەننىڭ قوشۇنىغا ئۇچراپ قالدى. جاڭسۇن خەن چەۋەندازلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇلىنىڭغا زەربە بەردى. نەچچە يۈز كاتتىبېشىنى ئۆلتۈردى. داتان بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپ، جەمەتىدىكىلەر بىلەن يېقىنلىرىنى باشلاپ، ئۆيلەرگە ئوت قويۇپ ئىزىنى يوقىتىپ، غەرب تەرەپتىكى بىر يەرگە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قەبىلىلىرى تەرەپ - تەرەپكە تارىلىپ، تاغ ئارىسىدا مۆكۈنۈپ يۈردى. چارۋىلىرىنى باقىدىغان ئادەم يوق دالىلارغا چېچىلىپ كەتتى. پادىشاھ تەيۋۇدى لىشۈي دەرياسىنى بويلاپ يۈرۈش قىلىپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سانغۇن دۇ

شيەن⑥ ياساتقان قورغاندىن ئۆتتى. 6 - ئايدا، پادىشاھ پىڭچېڭدىن 3700 چاقىرىم يىراقلىقتىكى تۇيۈەن ۋادىسىغا چۈشتى ۋە لەشكەرلەرنى بۆلۈپ ئاختۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار شەرقتە دەشتى ماكانغىچە، غەربتە جاڭيې دەرياسىغىچە، شىمالدا يەنرەن تېغىنىڭ نېرىسىغىچە شەرقتىن غەربكە 5000 چاقىرىمدىن ئارتۇق، جەنۇبتىن شىمالغا 3000 چاقىرىم كېلىدىغان يەرنى ئاختۇردى. قاڭقىل قەبىلىلىرى داتان ئۇلۇسىنى قىردى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەل بولغانلار 300 مىڭدىن ئاشتى، ئاساسلىق سەردارلىرى ئەسىر ئېلىندى. بىر مىليوندىن ئارتۇق ئات غەنىيمەت ئېلىندى. 8 - ئايدا، پادىشاھ تەيۋۇدى شەرقىي قاڭقىللارنىڭ ۋېي قوشۇنىدىن مىڭ چاقىرىم يىراقتىكى سىنىپو دېگەن يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئادەم ۋە ماللىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ سول قول ياردەمچىبەگ ئەن يۈەننى يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. ئەن يۈەننىڭ قوشۇنى سىنىپوغا بارغاندا، قاڭقىللارنىڭ نەچچە يۈز مىڭ ئادىمى ئەل بولدى. داتان قەبىلىلىرى ئاجىزلاپ، ئۆزىمۇ كېسەل بولۇپ ئۆلدى.

ئوغلى ئۇتى تەختكە ئولتۇرۇپ، چىلەن قاغان دەپ ئاتالدى. «چىلەن» دېگەن سۆز ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ تىلىدا «مۇقەددەس» دېگەن مەنىدە ئىدى. شېنجيا 4 - يىلى ئۇ ئوردىغا ئەلچى، ئولپان ئەۋەتتى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمال تەرەپ چېگرىسىنى چارلاۋاتقان چەۋەندازلار ئۇتىنىڭ جەنۇب تەرەپنى چارلاۋاتقان 20 نەچچە ئادىمىنى تۇتۇۋالغانىدى، پادىشاھ تەيۋۇدى ئۇلارغا كىيىم بېرىپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇتى قەبىلىسىدىكىلەر بۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ، ئوردىغا سالامغا كېلىدىغان، ئولپان ئەۋەتىدىغان بولدى. پادىشاھ تەيۋۇدى ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن مېھماندەك كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزاتتى. يەنخې 3 - يىلى (مىلادىيە 434 - يىلى) 2 - ئايدا، مەلىكە شىخەيىنى ئۇتىغا ياتلىق قىلدى ھەم ئۇتىنىڭ سىڭلىسىنى ئەمرىگە ئېلىپ،



سول قول كىچىك خانىشلىققا ئۆستۈردى. ئۇتى ئاكىسى تولۇمكوينى نەچچە يۈز كىشى بىلەن ئوردىغا سالامغا ئەۋەتتى ۋە 2000 ئات ھەدىيە قىلدى. پادىشاھ تەيۋۇدى خۇرسەن بولۇپ جىق ئىنئام بەردى.

تەييەن 2 - يىلى (مىلادىيە 436 - يىلى) غا كەلگەندە، ئۇتى چېگرىغا بېسىپ كىردى. تەييەن 4 - يىلى (مىلادىيە 438 - يىلى) پادىشاھ تەيۋۇدى ۋۇيۈەنگە بېرىپ، ئۇتىغا جازا يۈرۈشى قىلدى. لېپىڭ بېگى توغبات پېي، خېدۇڭ گۇڭى خې دولو 15 سەركەردىنى باشلاپ شەرقىي يولدىن، يۇڭچاڭ بېگى توغبات جيەن، يىدۇ بېگى مۇشۇ 15 سەركەردىنى باشلاپ غەربىي يولدىن، پادىشاھ ئوتتۇرا يولدىن جازا يۈرۈشكە ئاتلاندى. جۇنجى تېغىغا⑦ بارغاندا، ئوتتۇرا يولدىكى قوشۇن يەنە ئىككى يولغا بۆلۈندى. چېنلىيۇ بېگى توغبات چۇڭ چوڭ سازلىقتىن جوشىي تېغىغا، پادىشاھ جۇنجى تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن تەڭرىتاغقا قاراپ ئاتلاندى. قارلىق تاغقا چىققاندا، ئابىدە تاشقا لەشكىرىنى يۈرۈشكە دائىر ئەھۋاللار پۈتۈلدى. جورجانلارنى تاپالماي قايتىپ كەتتى. شۇ چاغدا قۇملۇقنىڭ شىمالىدا قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن سۇ، ئوت بولمىغاچقا، لەشكەر، ئاتلار ناھايىتى كۆپ ئۆلۈپ كەتتى.

تەييەن 5 - يىلى (مىلادىيە 439 - يىلى) پادىشاھ تەيۋۇدى غەربكە — جۈرچى مۇقانغا جازا يۈرۈشى قىلدى. يىدۇ بېگى مۇشۇ قېپقېلىپ ۋەلىئەھد جىڭمۇنىڭ ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا ياردەملەشتى. چاڭلې بېگى جى جىڭ، جيەننىڭ بېگى توغبات چۇڭ 20 مىڭ ئادەمنى باشلاپ جورجانلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى ساقلىدى. ئۇتى دەرۋەقە چېگرىغا بېسىپ كىردى. يىدۇ بېگى مۇشۇ مۇداپىئەنى كۈچەيتمىگەنلىكتىن، دۈشمەنلەر چىجيې تېغىغا باستۇرۇپ كەلدى. پايتەختتىكى پۇقرالار ساراسىمىگە چۈشۈپ ئوتتۇرا

شەھەرنىڭ ئىچىگە بەس ـ بەستە قاچتى. ئەمرى مىمار جاڭسۇن داۋشىڭ تۇتۇۋي تېغىدا ⑧ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇتى جەنۇبقا كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى، ئاكىسى چىلىبىگۇي بىلەن شىمالىي تەرەپلەرنى قوغداۋاتقان قوشۇننى بىرلىكتە مۇداپىئەلىنىشكە قالدۇردى. جى جىڭ، توغبات چۇڭ قاتارلىقلار چوغاي تېغىنىڭ شىمالىدا چىلىبىگۇينى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى تىرىك تۇتتى. چىلىبىگۇي: «مىنى جۇرچى مۇقان ئورىغا ئىتتىردى» دەپ ۋايىسىدى. چىلىبىگۇينىڭ تاغىسى تائۇۋۇلقۇ ۋە ئۇنىڭ قورىبېشى، توپ بېشىلىرىدىن 500 كىشى تۇتۇلدى. بىر تۇمەندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. ئۇتى بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ قېچىپ كەتتى. جاڭسۇن داۋشىڭ ئۇنى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغىچە قوغلاپ بېرىپ قايتىپ كەلدى.

تەيپىڭ جېنجۇن 4 ـ يىلى (مىلادىيە 443 ـ يىلى) ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ قوشۇننى تۆت يولغا بۆلدى: لېئەن بېگى توغبات فەن، جىيەننىڭ بېگى توغبات چۇڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 15 سانغۇنغا باشچىلىق قىلىپ شەرقىي يولدىن، لېپىڭ بېگى توغبات پىي 15 سانغۇنغا باشچىلىق قىلىپ غەربىي يولدىن، پادىشاھ ئوتتۇرا يولدىن جەڭگە ئاتلاندى. جۇڭشەن بېگى توغبات چېن 15 سانغۇنغا باشچىلىق قىلىپ، ئوتتۇرا يولدىكى قوشۇننىڭ زاپاس قىسمى بولدى. پادىشاھ لۇخۇن جىلغىسىغا⑨ كەلگەندە دۈشمەنلەر بىلەن توقۇنۇشتى. ئۇتى قاچتى، قوشۇنلار ئەگىن دەرياسىغىچە قوغلاپ بېرىپ ئۇتىنى مەغلۇپ قىلدى. پادىشاھ شىشۇي دەرياسىغا بېرىپ ئاندىن قايتىپ كەلدى. تەيپىڭ جېنجۇن 5 ـ يىلى پادىشاھ يەنە قۇملۇقنىڭ جەنۇب تەرىپىگە بېرىپ، ئۇتىغا تۇيۇقسىز زەربە بەرمەكچى بولدى. ئۇتى يىراق جايغا قېچىپ كەتكەچكە، تۇيۇقسىز زەربە بېرىش توختىتىلدى.

ئۇتى ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى تۇخجىن تەختكە چىقتى،



ئۇ چۇلۇق قاغان دەپ ئاتالدى. «چۇلۇق» دېگەن سۆز ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ تىلىدا «يېگانە» دېگەن مەنىدە ئىدى. تەيپىڭ جېنجۇن 10 ـ يىلى (مىلادىيە 449 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، پادىشاھ تەيۋۇدى شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلدى. گاۋلياڭ بېگى توغبات نار شەرقىي يولدىن، لۆياڭ بېگى توغبات جەر غەربىي يولدىن، پادىشاھ بىلەن ۋەلىئەھد جىڭمۇ ئوتتۇرا يول بىلەن جوشىي تېغىدىن ئاتلاندى. تۇخجىننىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلە ئاقساقىلى ئېرمانتابا قاتارلىقلار ئون نەچچە تۈتۈننى باشلاپ كېلىپ ئەل بولدى. شۇ چاغدا ھەربىي يۈرۈش قىلىۋاتقان قوشۇن نەچچە مىڭ چاقىرىم يول باسقان بولۇپ، تۇخجىن تەختكە چىققىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغاچقا، ۋېي سۇلالىسى قوشۇنىدىن قورقۇپ يىراققا قاچتى. 9 ـ ئايدا، ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلدى. گاۋلياڭ بېگى توغبات نار شەرقىي يولدىن، لۆياڭ بېگى توغبات جەر ئوتتۇرا يولدىن ئاتلىنىپ، باشقا قوشۇنلار بىلەن دىفۇ كۆلى بويىدا قوشۇلۇشقا پۈتۈشتى. تۇخجىن ئېلىدىكى بارلىق سەرخىل قوشۇنلارنى يىغىپ نۇرغۇن لەشكىرىي لازىمەتلىك جۇغلىدى ھەم گاۋلياڭ بېگى توغبات نارنى نەچچە ئون قات مۇھاسىرىگە ئالدى. گاۋلياڭ بېگى توغبات نار ئۇزۇن ھەم چوڭقۇر خەندەك كولاپ قاتتىق مۇداپىئەلىنىپ، دۈشمەن بىلەن نەچچە كۈن تىركەشتى. تۇخجىن كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بىرەر قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. گاۋلياڭ بېگى توغبات نار ئادىمى ئاز بولسىمۇ قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇخجىن ۋېي سۇلالىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى ياردەمگە كېلىشىدىن قورققاچقا، مۇھاسىرىنى بوشىتىپ كەچقۇرۇن قېچىپ كەتتى. گاۋلياڭ بېگى توغبات نار قوشۇن باشلاپ تۇخجىننى توققۇز كېچە ـ كۈندۈز قوغلىدى. تۇخجىن تېخىمۇ قورقۇپ، ئارقا سەپتىكى لەشكىرىي لازىمەتلىكلىرىنى تاشلىۋېتىپ، چيۇڭلۇڭ چوققىسىدىن ئۆتۈپ

يىراققا قاچتى. گاۋلياڭ بېگى توغبات نار تۇخجىننىڭ ئارقا سەپ لەشكىري لازىمەتلىكلىرىنى ئولجا ئېلىپ، قوشۇننى باشلاپ قايتتى ۋە گۇاڭزې سازلىقىدا⑩پادىشاھ تەيۋۇدى بىلەن ئۇچراشتى. لۆياڭ بېگى توغبات جەر تۇخجىننىڭ 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادىمى ۋە چارۋىسىنى ھەمدە بارلىق مال - مۈلكىنى ئولجا ئالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇخجىننىڭ كۈچى ئاجىزلاشتى، ئۆزىمۇ يىراق جايلارغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن چېگرا تىنچىدى. تەيئەن 4 - يىلى (مىلادىيە 458 - يىلى) ۋېي پادىشاھى ۋېنچېڭدى شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلدى. 100 مىڭ چەۋەنداز، 150 مىڭ جەڭ هارۋىسى بار قوشۇن مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپ تارتىپ قۇملۇقتىن ئۆتتى. تۇخجىن يىراق جايغا قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ موفو ⑪ سى ئۇجۇ جاتۇي ئۆز قوۋمىدىكى نەچچە مىڭ تۇتۇننى باشلاپ كېلىپ ئەل بولدى. پادىشاھ تەيۋۇدى جەڭ نەتىجىلىرىنى ئابىدە تاشلارغا پۈتكۈزۈپ ئاندىن قايتتى. پادىشاھ تەيۋۇدى جازا يۈرۈشىدىن كېيىن دەم ئېلىپ هاردۇقىنى چىقارماقچى بولدى. جورجانلار ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ شىمالغا قېچىپ كەتتى. ئۇلار ئەمدى جەنۇبقا كېلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشقا پېتىنالمايدىغان بولدى.

خېپىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 464 - يىلى) تۇخجىن ئۆلۈپ، ئوغلى يۇچېڭ تەختكە چىقتى. ئۇ شۇلوبۇجىن قاغان دەپ ئاتالدى. بۇ سۆز ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا «شاپائەتلىك قاغان» دېگەن مەنىدە ئىدى. ئۇ يىلنامىنى يۇڭكاڭ 1 - يىلى دەۋالدى. يۇچېڭ قوۋمىدىكىلەرنى باشلاپ چېگرىغا بېسىپ كىردى. شىمالىي هەربىي قورۇلدىكى هەرىكەتچان زەربىدار قوشۇن يۇچېڭغا قاتتىق زەربە بېرىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. خۇاڭشىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 470 - يىلى) يۇچېڭ چېگرىغا بېسىپ كىردى. ۋېي پادىشاھى شيەنۋېندى شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلدى. كىنجاب بېگى زې تۇي ۋە دۇڭياڭ گوڭى يۈەن



پىلار ھەر قايسى قوشۇنلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ غەربىي يولدىن، رېنچېڭ بېگى يۈەن يۈن قاتارلىقلار قوشۇنغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ شەرقىي يولدىن ئاتلاندى. روياڭ بېگى يۈەن سى، جىنەن گوڭى لوۋۇبا باشچىلىقىدىكى قوشۇن تۇرشاۋۇل، لۇڭشى بېگى يۈەن خې باشچىلىقىدىكى قوشۇن ھىماتچى بولدى. ھەر قايسى يولدىكى قوشۇنلار نۇشۇي دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا پادىشاھنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. پادىشاھ شيەنۋېندى كۆپچىلىكنىڭ قەسەمياد قىلىشىغا باشچىلىق قىلدى. ئۇ بارلىق سەركەردىلىرىگە: «ئۇرۇش ئادەمنىڭ كۆپلۈكىگە باقمايدۇ، ئۇرۇشتا ئويلىمىغان يەردىن مۆجىزە يارىتىلىدۇ. سىلەر مەن ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىڭلار، مەن ئۇرۇشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ بولدۇم» دېدى. ئۇ 5000 سەرخىل لەشكەرنى تاللاپ جەڭگە ئۇندەشكە ۋە خىرىس قىلىشقا ئەۋەتتى، سەرۋاز - لەشكەرلەرنى كۆپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قارشى تەرەپنى گاڭگىراتتى. يۇچېڭنىڭ ئادەملىرى تىرىپىرەن بولۇپ قاچتى. پادىشاھ شيەنۋېندى ئۇلارنى شىمالدا 30 نەچچە چاقىرىم يىراقلىققا قوغلىدى ھەم ئۇلارنىڭ 50 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىر ئالدى. ناھايىتى نۇرغۇن جەڭ ئېتى، قورال - ياراق ئولجا ئېلىندى. قوشۇن 19 كۈندە 6000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈردى. نۇشۇي دەرياسىنىڭ نامى ۋۇچۇەنگە ئۆزگەرتىلدى. «شىمالغا يۈرۈشى زەپەرنامىسى» تۆھپە مەڭگۈ تېشىغا پۈتۈلدى.

يەنشىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 471 - يىلى) يۇچېڭ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمەلدارلار يۇچېڭنىڭ كۆپ قېتىم چېگرىغا بېسىپ كىرگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، كەلگەن ئەلچىنى قوغلاپ چىقىرىشنى ھەمدە لەشكەر يۆتكەپ ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ۋېي پادىشاھى شيەنۋېندى: «جورجانلار ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ئاچكۆز، نائىنساپ. ئەمما مەن يۇچېڭغا

سەمىمىيلىك ۋە ئىشەنچ بىلەن مۇئامىلە قىلماقچى. ئۇنى بېسىشقا، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە بولمايدۇ. يۇچېڭ بۇرۇنقى گۇناھىنى تونۇدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆكۈندى. ياردەم ئېلىشنى كۆزلەپ ئەلچى ئەۋەتىپ ئىناق ئۆتۈشنى، قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ سەمىمىي نىيىتىگە سوغاق مۇئامىلە قىلساق قانداق بولىدۇ؟» دېدى. ئۇ يۇچېڭغا «قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغانلىقىڭىز يامان نىيەتتىن يانغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. قائىدە - يوسۇن بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئىشقا هازىرچە قوشۇلۇشقا بولمايدۇ. ئەر - ئايالنىڭ نىكاھ ئىشى ‹پالنامە› دە ئوچۇق بايان قىلىنىدۇ. تۇنجى قېتىملىق نىكاھنىڭ بەرىكىتى هۆرمەت قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. مال - مۈلۈكنى ئەكېلىپ ئاندىن قىزنى سوراش كېرەك. بۇ ئالىيجاناب ئادەمنىڭ پەزىلەتكە ئەهمىيەت بېرىشىدىكى تۈپ سەۋەب. نىكاھنىڭ هۆرمەتسىزلىك بىلەن باشلىنىشىدىن ياخشى نەتىجە چىقىشى تەس» دېگەن گەپنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇق قىلدى. يۇچېڭ دائىم هىيلە - مىكىر ئىشلىتىشنى ئويلاپ يۈرىدىغان بولغاچقا، پادىشاھ شيەنۋېندى هايات چاغدا قۇدىلىشىش تەلىپىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويمىدى.

تەيخې 1 - يىلى (مىلادىيە 477 - يىلى) 4 - ئايدا يۇچېڭ، موفوچۇفېن ⑫ بىبا قاتارلىقلارنى ئارغىماق، بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى. بىبا قاتارلىقلار: «تەڭرى ئوغلىنىڭ ئوردىسىدا نۇرغۇنلىغان ئېسىل، قىممەتلىك نەرسىلەر بارمىش، شۇ ئېسىل بايلىقلارنى كۆرۈپ باقساق دەپ ئۈمىد قىلىمىز» دېدى. پادىشاھ شياۋۋېندى ئەمەلدارلارغا ئوردا خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك قاچا - قۇچىلار ۋە تاشلارنى، كەشتە ئىشلەنگەن يىپەك رەختلەرنى، پادىشاھنىڭ ئاتخانىسىدىكى هەر خىل ئاتلارنى، ئاجايىپ قۇش ۋە ياۋايى هايۋانلارنى، شۇنىڭدەك ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان نەرسىلەرنى پايتەختنىڭ



كوچىلىرىغا تىزىپ، ئۇلارغا كۆرسىتىشنى ئېيتتى. بىبا بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ يېنىدىكىلەرگە: «ئۇلۇغ سۇلالىنىڭ مۇشۇنداق باي، گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن» دېدى. ئىككىنچى يىلى 2 - ئايدا، يۇچېڭ بىبا قاتارلىقلارنى يەنە ئولپان بىلەن ئوردىغا تازىمغا ئەۋەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ شياۋۋېندى جورجانلارنى ئۆزىگە رام قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، يۇچېڭنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. يۇچېڭ هەر يىلى ئۈزۈلدۈرمەي ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يارىشىش ئەهدىنامىسى ئىمزالانمىغانلىقتىن قۇدىلىشىش ئىشىمۇ توختاپ قالدى. تەيخې 9 - يىلى (مىلادىيە 482 - يىلى) يۇچېڭ ئۆلدى. ئوغلى دولۇن تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، فۇگۇدۇن قاغان دەپ ئاتالدى. ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ تىلىدا «فۇگۇدۇن» دېگەن سۆز «مەڭگۈلۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇ شۇ يىلنى تەيپىڭ 1 - يىلى دەپ ئاتىدى. دولۇن زوراۋان بولۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئابرويلۇق ۋەزىرلىرىدىن خۇيبىين بىلەن شىلوخۇ ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم سەمىمىيلىك بىلەن مەسلىهەت بەردى. ئۇنى ۋېي سۇلالىسى بىلەن يارىشىپ قېلىشقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېسىپ كىرمەسلىككە ئۈندىدى. دولۇن قاتتىق خاپا بولۇپ، شىلوخۇنى ئىسيان كۆتۈرمەكچى، دېگەن ئەيىب بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاتا - ئانىسى ۋە بالىلىرىنىمۇ ئۆلتۈردى.

تەيخې 16 - يىلى (مىلادىيە 489 - يىلى) 8 - ئايدا پادىشاھ شياۋۋېندى ياڭپىڭ بېگى يۈەن يى بىلەن سول قول ياندىشىبەگ لۇرۇينى يەنە تۇتۇقلۇققا تەيىنلەپ، ئۇلارنى قوغۇرسۇ خۈەن قاتارلىق 12 سانغۇن ۋە 70 مىڭ ئاتلىق لەشكەرگە باشچىلىق قىلىپ دولۇنغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. دولۇننىڭ تەۋەلىكىدە تۇرۇۋاتقان قاڭقىللارنىڭ سەردارى ئاپۇرغۇر 100

مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ غەربكە كۆچتى ھەمدە ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى. دولۇن بىلەن تاغىسى ناغاي ئىككى يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ ئاپۇرغۇرنى قوغلىدى. دولۇن جۇنجى تېغىنىڭ شىمال تەرىپىدىن يولغا چىقىپ، غەربكە قاراپ قوغلىدى. ناغاي ئالتۇن تاغدىن يولغا چىقتى. دولۇن كۆپ قېتىم ئاپۇرغۇردىن يېڭىلدى، ناغاي بىر نەچچە قېتىم غەلىبە قىلدى. جورجانلار ناغاي تەڭرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى دېيىشىپ، ئۇنى قاغان قىلماقچى بولدى. ناغاي ئۇنىمىسىمۇ كۆپچىلىك قاغان بولۇشقا زورلىدى. ناغاي: «مەن ئەمەلدارلىقنىمۇ قاملاشتۇرالمايۋاتسام، قانداقمۇ قاغان بولالايمەن» دېدى. كېيىن كۆپچىلىك دولۇننى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى ناغايغا كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ناغاي دولۇننىڭ تەختىگە ئولتۇردى.

ناغاي خۇچىنفۇدەيكۇجې قاغان دەپ ئاتالدى. «خۇچىنفۇدەيكۇجې» دېگەن سۆز ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ تىلىدا «خۇشال ـ خورام» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ ئۆز ئالدىغا يىلنامىنى تەيئەن 1 ـ يىلى (مىلادىيە 492 ـ يىلى) دەپ ئاتىدى.

ناغاي ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى فۇتۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، تاغان قاغان دەپ ئاتالدى. «تاغان» دېگەن سۆز ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ تىلىدا «مۇۋەپپەقىيەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ «شىپىڭ 1 ـ يىلى» دېگەن نام بىلەن يېڭى يىلنامىنى باشلىدى. جېڭشى 3 ـ يىلى (مىلادىيە 506 ـ يىلى) فۇتۇ خېشى ۋۇلىيۇبا ⑬ نى ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتىپ، دوست بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ۋېي پادىشاھى شۈەنۋۇدى خېشى ۋۇلىيۇبانى قوبۇل قىلماي، ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا: «جورجانلارنىڭ ئەجدادى سەللان ئۇلۇغ ۋېي سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلغان، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. ھازىرچە ئەلچىلەر بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرسا بولىدۇ. جورجانلار زەئىپلىشىپ كەتتى، ئۆتمۈشتىكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇلۇغ ۋېي



سۇلالىسىنىڭ سەلتەنىتى جۇ، خەن سۇلالىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش كاتتا. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئىشغال قىلدى، ئۇنىڭ ئىرادىسى ھەممىلا جايدا ئەمەلگە ئاشتى. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي رايونى تېخىچە تىنچلانمىغاچقا، شىمالنى ئوڭشاشنى ھازىرچە قويۇپ تۇردۇق. دوست بولۇش مەسىلىسى ماقۇللۇقتىن ئۆتمەي قالدى. بىراق قاراملاردىن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، سەمىمىي ئىناقلىق كۆرسىتىدىغان كىشىلەرنى مەن يېتىم قالدۇرمايمەن» دېدى.

يۇڭپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 508 ـ يىلى) فۇتۇ يەنە ۋۇلىيۇبانى ئوردىغا مەكتۇپ ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتىش بىلەن بىللە ئوردىغا بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا تەقدىم قىلدى. پادىشاھ شۈەنۋۇدى يەنىلا ئۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلماي، ئالدىنقى قېتىمقىدەك گەپلەرنى قىلىپ ئەلچىنى قايتۇرۇۋەتتى.

فۇتۇ غەربكە — قاڭقىللارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، قاڭقىللارنىڭ خانى مىئەتۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئوغلى چۇنۇ تەخت ۋارىسى بولۇپ، دولوفۇبادوفا قاغان دەپ ئاتالدى. ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ تىلىدا «دولوفۇبادۇفا» دېگەن سۆز «ئېنىق قائىدە ـ يوسۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئۆز ئالدىغا يىلنامىنى جيەنچاڭ 1 ـ يىلىدىن باشلىدى. يۇڭپىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 511 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا چۇنۇ راھىب خۇڭ شۈەننى ئوردىغا ئۈنچە ـ مەرۋايىت، بۇددا ھەيكىلى تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى. يەنچاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 514 ـ يىلى) قىشتا، ۋېي پادىشاھى شۈەنۋۇدى شىرمەت چەۋەندازلار سانغۇنى مايىشۇنى چۇنۇغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، مايىشۇ تېخى يولغا چىقماي تۇرۇپلا پادىشاھ شۈەنۋۇدى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش بېسىقىپ قالدى. چۇنۇ قەددى ـ قامەتلىك، جەڭگە ماھىر كىشى ئىدى. يەنچاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 515 ـ يىلى) ئۇ ئېركىن (ئەمەل نامى) يۈبىنجيەننى ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا

ئەۋەتتى. شىپىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 516 ـ يىلى) جورجانلار غەربكە — قاڭقىللارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، قاڭقىللارنىڭ خانى مىئەتۇنى ئەسىر ئالدى ۋە مىئەتۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئەل بولغانلارنى ئۆز سېپىگە قوشۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئېلى قۇدرەت تاپتى. شىپىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 517 ـ يىلى) چۈنۈ يەنە ئېركىن يۈبجيەن، خېشىۋۇلىيۇبا، گۇنگۇلى قاتارلىقلارنى ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

شېنگۈي 1 ـ يىلى (مىلادىيە 518 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، ۋېي پادىشاھى مىڭدى شيەنياڭ قەسرىگە بېرىپ، گۇنگۇلى قاتارلىق 20 كىشىنى چاقىرتىپ كەلدى ھەمدە قارا دىۋاندىكى پۈتۈكچى بەگ شۇخېنى يارلىقنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇپ، جورجانلارنىڭ قارام بولۇش مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلمىغانلىقىنى ئەيىپلىدى.

دولۇن ئۆلۈپ، ناغاي قاغان بولغاندا، فۇتۇ دولۇننىڭ خوتۇنى خۇلۇلىڭ خېنىمنى ئەمرىگە ئالغان. ئۇنىڭدىن چۈنۈ، ئاناغاي قاتارلىق ئالتە پەرزەنت تۇغۇلغانىدى. چۈنۈ تەختكە چىققاندىن كېيىن، زۇخۇي ئىسىملىك بىر ئوغلى تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. چۈنۈ ھەممىلا يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەتكەن بولسىمۇ تېپىلمىدى. ئويان فوشمو ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ شادغۇن ⑭ دىۋەن ئاتلىق 20 ياشلاردىكى خوتۇنى باخشى ئىدى. ئۇنىڭ تەڭرى توغرىسىدا قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىنى چۈنۈ دائىم راست دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئۇ چۈنۈنىڭ ھوزۇرىغا ئەركىن كىرىپ ـ چىقاتتى. شادغۇن دىۋەن: «ئۇ ئوغۇل ھازىر ئاسماندا، مەن ئۇنى چاقىرىپ كېلەلەيمەن» دېدى. چۈنۈنىڭ ئانىسى ۋە چۈنۈ بۇ گەپتىن تولىمۇ خۇرسەن بولدى. 2 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، چوڭ سازلىقتا قارارگاھ تىكىلدى. يەتتە كۈن پەرھىز تۇتۇپ سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئاسمان ئىلاھىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى. بىر



كېچە ئۆتكەندە، زۇخۇي قارارگاھتا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاسماندا يۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. چۈنۈنىڭ ئانىسى ۋە چۈنۈ زۇخۇينى قۇچاقلاپ بىردە يىغلاپ، بىردە كۈلدى. كۆپچىلىكنى بۇ ئىشنى قۇتلۇقلاشقا يىغىپ، شادغۇن دىۋەننى «ئەۋلىيا ئايال» دەپ ئاتاپ، قاتۇنلۇققا ئالدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېرى ئويان فوشموغا مەرتىۋە، 3000 كالا، ئات، قوي ئىنئام بەردى. شادغۇن دىۋەننىڭ ئاجايىپ ماھارىتى ھەم تەڭداشسىز ھۆسن ـ جامالى بولغاچقا، چۈنۈ ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلىدى. ئۇنىڭ دېگىنىگە ئىشەندى ۋە ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدى. شۇ ۋەجىدىن چۈنۈنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش تەرتىپى مالىمانلىشىپ كەتتى. شۇ تەرىقىدە خېلى يىللار ئۆتۈپ، زۇخۇينىڭ يېشىمۇ چوڭايدى. چۈنۈنىڭ ئانىسى زۇخۇيدىن سورىغاندا، زۇخۇي: «مەن شادغۇن دىۋەننىڭ ئۆيىدە تۇردۇم، ئاسمانغا چىقمىدىم، شادغۇن دىۋەن ماڭا ئاسمانغا چىقتىم دېگىن، دەپ ئۆگەتكەن» دېدى. چۈنۈنىڭ ئانىسى بۇ ئەھۋاللارنى چۈنۈغا ئېيتقاندا، چۈنۈ شادغۇن دىۋەن يىراق كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ئېنىق پەرەز قىلالايدۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەي بولمايدۇ، باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلغان ئادەمنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگۈلۈك، دېدى. ئۇزاق ئۆتمەي شادغۇن دىۋەن قورقۇپ، چۈنۈنىڭ ئالدىدا زۇخۇينىڭ يامان گېپىنى قىلدى، چۈنۈ زۇخۇينى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتتى.

جېڭگۇاڭ يىللىرى (مىلادىيە 520 — 525 ـ يىللار) نىڭ باشلىرىدا چۈنۈنىڭ ئانىسى موفوچۈفېن لىجۇلىي قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ شادغۇن دىۋەننى بوغۇپ ئۆلتۈرگۈزدى. چۈنۈ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ لىجۇلىي قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئاپۇرغۇر يەنە چۈنۈنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىردى. چۈنۈ ئاپۇرغۇرغا زەربە بەرگەندە قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلدى. چۈنۈ ئانىسى ۋە ۋەزىرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

چۈنۈنىڭ ئىنىسى ئاناغاي تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئاناغاي تەختكە چىقىپ 10 كۈندىن كېيىن بىر نەۋرە ئاكىسى ئىلتەبىر [15] شىفا نەچچە تۈمەن ئادەمنى باشلاپ ئاناغايغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئاناغاي جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، ئىنىسى ئىجۇبانى ئېلىپ يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلىرى بىلەن جەنۇبقا كېلىپ ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. ئاناغاينىڭ ئانىسى خۇلۇلىڭ خېنىم ھەمدە ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى ئۇزۇن ئۆتمەي شىفا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئاناغاي بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قالدى.

9 - ئايدا ئاناغاي پايتەختكە كېلەي دەپ قالغاندا، پادىشاھ شياۋمىڭدى شىغاۋۇل لۇشىداۋنى ئەلچىلەرگە باش قىلىپ، چەۋەنداز مەھرەم مىلىڭ ۋېينى يانداش ئەلچى قىلىپ تەيىنلەپ، پايتەختنىڭ ئەتراپىدا ئۇنى كۈتۈۋېلىش ۋە ھال سوراشقا ئەۋەتتى. ئەمرى مىمار، كىنجاب بېگى يۈەن جى بېيجۈڭدا، شىغاۋۇل سۈي گۇاڭ، ھەرەم ئاغىسى يۈەن زۈەن پايتەخت ئەتراپىدا زىياپەت راسلاپ ئۇنىڭدىن ھال سورىدى ھەمدە ئاناغاينى ئوردىغا باشلاپ ئاپاردى. 10 - ئايدا پادىشاھ شياۋمىڭدى شىيەنياڭ قەسرىگە باردى. 5 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمەلدارلار، پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر، قارام ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرى شىيەنياڭ قەسرىنىڭ تاشقىرىقى زالىدا تىزىلىپ تۇرۇشتى. دەرىجىسى بەگ - گۇڭلاردىن تۆۋەنلەر ھەمدە ئاناغاي قاتارلىقلار قەسىرنىڭ تاشقىرىقى زالىغا كىرىپ شىمال تەرەپكە يۈزلىنىپ ئولتۇرۇشتى. ئورۇن بەلگىلەنگەندىن كېيىن، جارچىبەگ دەرىجىسى بەگ - گۇڭلاردىن تۆۋەن كىشىلەرنى باشلاپ قەسىرگە كىردى. ئاناغاينىڭ ئورنى قارام ئەل خانلىرىنىڭ تۆۋىنىدە ئىدى، يەنە تەيىنلىمەكچى بولغان ئەمەلدارلار بىلەن ئاناغاينىڭ ئىنىسى ۋە ئىككى تاغىسى ئەمەلدارلارنىڭ ئەڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى. قارا دىۋاندىكى پۈتۈكچى بەگ[16] ساۋداۋ كىرىپ بۇيرۇقنى ئوقۇپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى. ئاناغاي پادىشاھقا: «پادىشاھى ئالەم،



ئۆزلىرى ماڭا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ ئىنىم، تاغاملارنى قەسىرگە چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارنىمۇ ئوردىدىكى كۆرۈشۈشكە داخىل قىلدىلا. ئەمما مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام بار، شىمالدىكى چاغدا ئۇنىڭ مەنسىپى ئىككى تاغامنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. شۇ ئاكامنى قەسىرگە چاقىرتىپ كېلىشلىرىنى سورايمەن» دېدى. پادىشاھ بۇ تەلەپكە ماقۇل بولدى. ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ ئاناغاينىڭ ئىنىسىنىڭ تۆۋىنىگە، ئىككى تاغىسىنىڭ يۇقىرىسىغا ئولتۇرغۇزدى.

زىياپەت ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغاندا، ئاناغاي مەكتۇپىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. پادىشاھ جارچى بەگ چاڭ جىڭنى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ بېقىشقا بۇيرۇدى. ئاناغاي پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، پادىشاھ ئۇنى باشلاپ كېلىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئاناغاي يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئىككى قېتىم باش ئۇرغاندىن كېيىن قەددىنى رۇسلاپ: «ئاتا - بوۋىلىرىم ئەسلىدە ئۇلۇغ ۋېي سۇلالىسىدە ئاپىرىدە بولغانىكەن» دېدى. پادىشاھ: «بۇنى تەپسىلىي بىلىمەن» دېدى. ئاناغاي يەنە: «ئاتا - بوۋىلىرىم قەيەردە ئوت - چۆپ بولسا شۇ يەردە چارۋىچىلىق قىلغاچقا، قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ماكان تۇتقان» دېدى. پادىشاھ: «گېپىڭىزنىڭ ئايىغى بار ئوخشايدۇ، كۆڭلىڭىزدە بار گەپنى دەۋېرىڭ» دېدى. ئاناغاي: «ئاتا - بوۋىلىرىم ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا شىمالدىكى جايلاردا ياشىغان، گەرچە بىزنى تاغ - دەريالار ئايرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما مەن يەنىلا چىن دىلىمدىن ئىززەت - ھۆرمىتىڭلارنى قىلىپ كەلدىم. قاڭقىللار ئاسىيلىق قىلىپ، ئېلىمىزدە ئەمىنلىك بولمىغاچقا، ئەلچى ئەۋەتىپ ياقا جايلاردىكىلەرنىڭ سەمىمىي نىيىتىنى ئىزھار قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قاڭقىللار تىنچىتىلدى. ئاكام قاغان قىلىپ تىكلەندى. شۇڭا گۇنگۇلى قاتارلىقلار ئۇلۇغ

ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلدى. ئەمەلىيەتتە قارام ئەلنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلماقچى بولدۇق. شۇڭا ساۋداۋ شىمالغا ئەلچىلىككە بارغاندىن كېيىن، ئاكام ئىككىمىز ۋەزىرلەردىن بەش كىشىنى پادىشاھنىڭ پەرمانىنى تىزلىنىپ باش ئۇرۇپ قوبۇل قىلىشقا ئەۋەتتۇق. بىز ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ كۆڭلى پادىشاھقا تېخى تېگىل بولماي تۇرۇپلا، قاڭقىللار ۋەھشىيلىك بىلەن بېسىپ كىردى. قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن چاغدا مۇناپىق ئەمەلدارلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاكامنى ئۆلتۈرۈپ مېنى قاغان قىلىپ تىكلىدى. ئون كۈن ئۆتۈپلا مەن ئالىيلىرىنىڭ تەڭرىدەك خىسلەتلىرىنى تونۇپ، ئالدىراپ - تېنەپ قورۇق قوللا بەيئەت قىلىپ، ئالىيلىرىغا قارام بولاي دەپ كەلدىم» دېدى. پادىشاھ شياۋمىڭدى: «ئېيتقانلىرىدىن قارىغاندا سىز سەۋەبلەرنى تېخى تولۇق دەپ بولالمىدىڭىز، يەنە دېسىڭىز بولىدۇ» دېدى. ئاناغاي يەنە يۈكۈنۈپ تازىم بەجا كەلتۈرۈپ پادىشاھنىڭ پەرمانىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئېلىم مالىمانچىلىققا ئۇچرىغاچقا، ئوردىغا تارتۇق قىلغۇدەك بىر نەرسە ئالغاچ كېلەلمىدىم. قېرى ئانام ئۇ يەردە قالدى، ئارىلىقى تۈمەن چاقىرىمدىن يىراق. ئېلىمنىڭ ئەمەلدار - پۇقرالىرى تارقىلىپ كەتتى. ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتى ئالەمدىنمۇ چوڭ، قوشۇن ئەۋەتىپ مېنى ئېلىمگە ئاپىرىپ قويسىلا، ئاسىيلارنى ئۆلتۈرۈپ تارقىلىپ كەتكەن پۇقرالىرىمنى يىغسام. ئالىيلىرى شەپقەت قىلىپ لەشكەر - ئات بېرىپ تۇرسىلا، قېرى ئانام ھايات بولسا دىدارلىشىپ، باللىق مېھرىمنى نامايان قىلىمەن. ئەگەر ئانام ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، قىساسىمنى ئېلىپ خورلۇقنى يۇيىمەن. قېپقالغان ئادەملىرىمگە باشچىلىق قىلىپ، ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولىمەن. ھەر يىلى ئۈزۈلدۈرمەي ئولپان تاپشۇرىمەن. ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈش ئاسان ئەمەس، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ



كۆڭلۈمدە نېمە بولسا شۇنى دېمەي تۇرالمىدىم، لېكىن دېمەكچى بولغىنىمنى تولۇق ئىزھار قىلىپ بولالماي، ئايرىم مەكتۇپ يېزىپ ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلدىم. ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشلىرىنى سورايمەن» دېدى ۋە مەكتۇپنى پۈتۈكچى بەگ چاڭ جىڭغا بەردى. مەكتۇپ پادىشاھنىڭ ئوقۇشىغا سۇنۇلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاناغاي شوفاڭ ۋىلايىتى گۇڭى، جورجانلار خانى قىلىپ تەيىنلىنىپ، تون، تاج، يېنىك ھارۋا، ھارۋا سايىۋىنى ئىنئام قىلىندى. تەمىناتى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى بىلەن ئوخشاش بولدى. 12 - ئايدا، پادىشاھ شياۋمىڭدى ئاناغاينىڭ ئېلىدە تېخى خان يوقلۇقى، يۇرتىغا قايتىپ پۇقرالىرىنى يىغىشنى سەمىمىي نىيەت بىلەن تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ سۇنغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى بۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلىپ بېقىشقا بۇيرۇدى. ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ پىكرى بىرلىككە كەلمىدى. بەزىلەر ئۇنى قايتۇرسۇن دېسە، بەزىلەر قايتىشقا بولمايدۇ، دېيىشتى. شۇ چاغدا قوشۇن بېشى يۈەن چا باش ۋەزىر ئىدى. ئاناغاي 100 جىڭ ئالتۇن بېرىپ، ئۇنى سېتىۋالدى.

جېڭگۇاڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 521 - يىلى) 1 - ئايدا، ئاناغاي قاتارلىق 54 كىشى پادىشاھ بىلەن خوشلاشتى. پادىشاھ شياۋمىڭدى كۈن پېتىشتىكى زالغا كىرىپ، ئاناغاي ھەمدە ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكىلىرىدىن بەش كىشىنى سالامغا چاقىرتتى. ئۇلار پەلەمپەي بىلەن كۈن پېتىش زالغا كىردى. قارا دىۋاندىكى پۈتۈكچى بەگ مۇبى ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاناغاي قاتارلىقلار تىزلىنىپ باش ئۇرۇپ تازىم بىلەن خوشلاشتى. پادىشاھ ئاناغايغا ئاتنىڭ پارقىراق كۆكرەك ياپقۇسى ۋە ساۋۇتتىن بىر يۈرۈش، تۆمۈردىن ياسالغان ئات ياپقۇسى ۋە ساۋۇتتىن ئالتە يۈرۈش، ئاق كۆمۈش پۆپۈكچىلىك ئالتە نەيزە، ئاق پۆپۈكلۈك قىزىل سىرلانغان 10 نەيزە، كىچىك تۇغ - ئەلەم، ئاق پۆپۈكلۈك

ساداق ۋە باشاق، قىزىل سىرلانغان كۆدرانىيە دەرىخىدىن ياسالغان ئالتە ساداق ۋە باشاق، قارا سىرلانغان 10 ساداق ۋە باشاق، قىزىل سىرلانغان قالقان ۋە قىلىچ، قارا سىرلانغان ئالتە قالقان ۋە قىلىچ، قىزىل سىرلانغان 20 بۇرغا، ئىككى گۈللۈك كىمخاب يوتقان تېشى، 30 يۇرۇش سېرىق يوتقان ـ كۆرپە، گۈللۈك تون ۋە باش كىيىمى، قىزغۇچ پەرىجە، ئاچ قىزىل 20 پەرىجە ۋە باش كىيىم، ئاغىچىلار كىيىدىغان ھەر خىل رەڭدىكى 1000 توپ تاۋار ـ دۇردۇن، ئاچ قىزىل كىچىك تۈگمىلىك ئىشتان ـ چاپان ۋە ئوردىنىڭ ئۇششاق بۇيۇملىرى، 18 پەردە، ئالتە سېرىق چىمىلدىق، 1000 كۈرە يېڭى گۈرۈچ، سەككىز كۈرە بۇغداي تالقىنى، بەش كۈرە ئورمان ياڭىقى تالقىنى، تۆت مىس كومزەك، ئىككى تولۇمدىن سۇ سىغىدىغان ئىككى تۆمۈر كومزەك، بەش كاپچى سۇيۇقلۇق سىغىدىغان قارا سىرلانغان تۆت بامبۇك قاچا، ئىككى دېدەك، 500 ئات، 120 تۆگە، 100 ئىنەك، 5000 قوي، قىزىل گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن ئون قاپ پەتنۇس، 200 كۈرە سۆك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىنئام قىلىپ، بۇ نەرسىلەرنى چېگرىدىكى ھەربىي قورۇلغا بارغاندا بەردى. شىغاۋۇل سۈي گۇاڭ، ھەرەم ئاغىسى يۈەن زۇەنلەرگە ئۇنى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويۇش بۇيرۇق قىلىندى.

ئاناغاي بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، بىر نەۋرە ئاكىسى ئېلتەبىر بىراھمان نەچچە تۈمەن ئادەمنى باشلاپ شىفاغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇنى يەڭدى. شىفا دىدۇگاننىڭ ھوزۇرىغا قېچىپ بارغاندا، دىدۇگان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بىراھمان خان بولۇپ مىئوك شەك قاغان دەپ ئاتالدى. ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ تىلىدا «مىئوك شەك» دېگەن سۆز «تىنچلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئەينى چاغدا شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، خۇەيشو قورۇلىنىڭ باشقاق سانغۇنى ياڭ جۇن مەكتۇپ سۇنۇپ: «ئاڭلىشىمچە ئۇ يەرنىڭ خەلقى ئۆزىگە خان تىكلەپتۇ، ئۇ خان



ئاناغاينىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ئىكەن. بۇ خەقنىڭ نىيىتى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭكىدەك. ئۇ خان بولغانىكەن، شەھەردىن چىقىپ ئۆزى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ئىنىسىنى كۈتۈۋېلىشقا ئۇنامدۇ؟ بىخۇدلۇق بىلەن ئاناغاينى ئاپىرىپ قويۇپ يەنە قۇرۇق قول قايتىپ كەلسەك، بىكاردىن بىكار دۆلەتنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزىمىز. ئەگەر قوشۇننى كۆپەيتمىسەك ئۇنى شىمالغا ئاپىرىپ قويالمايمىز» دېدى. 2 ـ ئايدا، پادىشاھ شياۋمىڭدى ئىلگىرى جورجانلار زېمىنىغا بارغان ئەلچى دىيۈەنجۇرېنىنى ئەۋەتىپ، بىراھمانغا ئاناغاينى كۈتۈۋېلىپ ئۇنىڭ خانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئېيتىپ قويۇشنى بۇيرۇق قىلدى.

بىراھمان تەكەببۇرلۇق قىلىپ، جورجانلار خانىنىڭ ئورنىنى بوشىتىپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە دىيۈەن جۇرېندىن ئۆزىگە پادىشاھقا ئوخشاش ئىززەت ـ ئىكرام بەجا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. دىيۈەن جۇرېن غورۇرىنى ساقلاپ باش ئەگمىدى. بىراھمان چوڭ ئەمەلدارى موفو جۇفېن، ئېركىن چۈشىڭتۇ قاتارلىق ئالتە كىشىنى 2000 ئادەم بىلەن دىيۈەن جۇرېنگە ئەگىشىپ ئاناغاينى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتتى. 5 ـ ئايدا، دىيۈەن جۇرېن ئاناغاي تۇرۇشلۇق قورۇلغا قايتىپ كېلىپ، ئۇ جاينىڭ ئىشلىرى ۋە ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئاناغاي ئويلاپ كۆرۈپ، شىمال تەرەپكە بېرىشقا پېتىنالماي، پايتەختكە قايتىشنى تەلەپ قىلدى.

دەل مۇشۇ چاغدا، بىراھمان قاڭقىللار تەرىپىدىن زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئۇ 10 قەبىلىسىنى باشلاپ لياڭجۇغا كېلىپ ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. جورجانلاردىن نەچچە تۈمەن كىشى بىرلىكتە ئاناغاينى كۈتۈۋالدى. 7 ـ ئايدا، ئاناغاي پادىشاھقا يازغان مەكتۇبىدا: «ئەل بولغان جورجانلاردىن يۈەنتۇيشي، خۇنخېجەنلەر مۇشۇ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مەن تۇرۇشلۇق لەشكىرىي قورۇلغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە،

جورجانلار ئېلىدە چوڭ مالىمانچىلىق يۈز بەرگەچكە، ھەر قايسى قەبىلىلەر ئايرىم ماكان تۇتۇپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى ئۆزلۈكسىز بۇلاپ - تالاۋېتىپتۇ. ھازىر شىمال تەرەپتىكى خەلق ئاققوغا ئوخشاش بوينىنى سوزۇپ ياردەم كۈتمەكتە ئىكەن، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش شاپائەت قىلىپ بىر تۈمەن كىشىلىك سەرخىل قوشۇن يۆتكەپ بېرىلسە ھەمدە قوشۇن يولغا چىقىپ، مېنى قوملۇقنىڭ شىمالىغا ئاپىرىپ قويسا، چەت يۇرتىكىلەرنى تىنچىتقىلى بولىدۇ. ئەگەر تەلىپىم ماقۇل كۆرۈلسە ئىشلار چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولاتتى» دېدى. مەكتۇپ دىۋان بېگىنىڭ قولىغا بېرىلىپ كەڭ دائىرىدە كېڭەش قىلىندى. 8 - ئايدا، چەۋەنداز مەھرەم ۋاڭ زۇنيې رابات ئېتىنى مىنىپ بېرىپ، ئاناغايغا پادىشاھنىڭ ھال سوراش نىيىتىنى يەتكۈزدى ۋە ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. 9 - ئايدا، جورجانلارنىڭ كېيىنكى خانى ئېلتەبىر خۇەيشو ھەربىي قورۇلغا كېلىپ بەيئەت قىلدى. بۇ ئاناغاينىڭ ئاكىسى ئىدى. ئۇ قوشۇن ئەۋەتىشنى ھەمدە ئاناغاينىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

10 - ئايدا، پەخرىي دىۋانبېگى، گاۋياڭ بېگى يۈەن يۈڭ، دىۋانبېگى لى چۇڭ، شىغاۋۇل خۇگاڭ، دىۋان بېگىنىڭ سول قول ياندىشبېگى يۈەن چىن، شىغاۋۇل يۈەن چا، شىغاۋۇل، ئەنفېڭ بېگى يۈەن يەنمىڭ، مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى يۈەن شىيۈيى، مىرزا بەگ لى يەن، ھەرەم ئاغىسى يۈەن زۇەن، ھەرەم ئاغىسى جاڭ لىي، ھەرەم ئاغىسى لۇتۇڭ قاتارلىقلار ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «ئاڭلىشىمىزچە، خەن سۇلالىسى ھون تەڭرىقۇتىنى جەنۇبىي تەڭرىقۇت ۋە شىمالىي تەڭرىقۇت قىلىپ تۇرغۇزغان ئىكەن. جىن سۇلالىسى دەۋرىدە شەرقىي تەڭرىقۇت ۋە غەربىي تەڭرىقۇت دەپ ئاتىلىدىغان تەڭرىقۇت بولغانىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ جاپانى تەڭ تارتقان، قىيىنچىلىقنى تەڭ يېڭىپ دۆلەتنىڭ توسۇقى



بولۇپ كەلگەن ئىكەن. بىزنىڭچە، خۇەيشو ھەربىي قورۇلىنىڭ شىمالىدىكى ۋۇجى تېغىدىكى تۇرۇش بولاق دەپ ئاتىلىدىغان جاي، دۇنخۇاڭنىڭ شىمالىدىكى شىخەي ۋىلايىتى خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى توسۇقلار، بۇ ئىككى جاي كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك بولۇپ، تۇپرىقى بەك مۇنبەت. ئاناغايىنى تۇرۇش بۇلاققا، بىراھماننى شىخەي ۋىلايىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ھەر قايسىسى ئۆز قەبىلىلىرىگە باش بولۇپ، تارقىلىپ كەتكەن خەلقىنى يىغسۇن. ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى، نامى ھەمدە ئۇلارغا لازىملىق ماددىي بۇيۇملار پادىشاھ تەرىپىدىن بىر ياقلىق قىلىپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار يەنىلا ئەسلىدىكى ئادەت بويىچە ئۆزگەرتىلمىسە تولىمۇ دانالىق بولىدۇ. ئاناغايغا تەۋە جايلار چېگرىنىڭ سىرتىدا، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى ئۇپراتماي نوپۇزلۇق ئەمىر - پەرماننىڭ سۈرىنى نامايان قىلساق؛ ۋويې، خۇەيشو، ۋۇچۈەن ھەربىي قورۇللىرىدىن 200 دىن ئادەم چىقىرىپ، بۇ ئۈچ قورۇلنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇلارغا ئاشلىق، قورال - ياراق ئاپىرىپ بەرسەك، ئۇلار ئۇ يەردە ئاناغاينىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىپ، ئاناغاي ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقارغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ كېلىنسە؛ شىمال تەرەپتىن بىراھماننىڭ ھوزۇرىغا پاناھ ئىزدەپ كەلگەنلەرگە ئايماق ۋە ھەربىي قورۇلدىكى ئەمەلدارلار يول مۇساپىسىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا ئاساسەن ئاشلىق بېرىپ، ئاندىن خۇەيشو ھەربىي قورۇلىدىكى ئاناغاي تۇرۇشلۇق جايغا ئاپىرىپ قويسا، باسقاق سانغۇن ۋە ئەلچىلىككە چىققان كىشىلەر ئەھۋالغا قاراپ ئۇلارغا ئاشلىق تارقىتىپ بەرسە؛ پايتەختنىڭ زاكالەتخانىسىدىكىلەرنىڭ كېتىشى ياكى قېلىشىغا سۈكۈت قىلساق؛ ئاناغاي ئەمدىلا ئىگىلىك تىكلەشكە كىرىشكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئالدىنئالا تەييارلىغان ئاشلىق زاپىسى يوق، ئۇنىڭغا خۇەيشونىڭ كەندىر تالقىنىدىن 2000 پاتمان بېرىپ، ئۇنى

سۇلالىمىزنىڭ تۆگىلىرىدە ئاپىرىپ بەرسەك؛ بىراھمان شىخەيدە تۇرىدۇ. ئۇ چېگرا ئىچىدە بولىدىكەن، ئورنى ۋە قوغدىنىشنى ئاناغايغا ئوخشاش قىلىشقا بولمايدۇ. ئاناغاي قاتارلىقلار يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان قاراملار بولغانلىقتىن يارلىق تەمتىكى تۇتقان ئەلچىلەرنى رابات ئېتىنى مىنىپ ئاۋۋال ئۇلاردىن ھال سوراشقا ئەۋەتسەك ھەمدە ئۇلارغا باشقۇرۇشنى ھاۋالە قىلساق مۇۋاپىق بولارمىكىن» دېدى. پادىشاھ شياۋمىڭدى ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ ئىشلارنى شۇ بويىچە بېجىردى.

12 ـ ئايدا ئەنشى سانغۇنى، دادخاھ ۋەزىر [17] يۈەن خۇڭچاۋ قوشۇمچە ۋەيىس [18] بولۇپ، دۇنخۇاڭغا بىراھماننى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. بىراھمان بىلەن ئۇنىڭ قوۋمى ئاسىيلىق قىلىپ، ئېفتالىتلارغا بەيئەت قىلماقچى بولدى. چۈنكى، ئېفتالىت خانىنىڭ ئۈچ خوتۇنى بىراھماننىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى ئىدى. ئايماق قوشۇنى جازا يۈرۈشى قىلىپ بىراھماننى ئەسىر ئالدى.

جېڭگۇاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 522 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا، ئاناغاي ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ ئاشلىق سورىدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر تۈمەن دەن ئاشلىق بېرىشنى بۇيرىدى. جېڭگۇاڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 523 ـ يىلى) ئاناغاينىڭ قوۋمىدىكىلەر قاتتىق ئاچارچىلىققا ئۇچرىغاندا، چېگرىدىكى جايلارغا كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. پادىشاھ شياۋمىڭدى دىۋان بېگىنىڭ سول قول ۋەزىرى يۈەن فۇنى قوشۇمچە ۋەيىس بولۇپ، يارلىق تەمتىكى بىلەن بېرىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشقا بۇيرىدى. يۈەن فۇ ئاناغاي بىلەن كۆرۈشۈشكە بارغاندا، ئاناغاي ئۇنى گۆرۈگە تۇتۇۋالدى ھەمدە ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ 2000 پۇقرانى، ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەر ئاچقان راباتلارنىڭ نەچچە مىڭلىغان ئات ـ كالىلىرىنى بۇلاپ شىمالغا ئەكەتتى. ئاندىن يۈەن فۇغا ئۆزرە ئېيتىپ قويۇپ بەردى. پادىشاھ شياۋمىڭدى قىران چەۋەندازلار ئۇلۇغ سانغۇنى [19]، دىۋانبېگى لى چۇڭغا 100 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ ئۇنىڭغا جازا



يۈرۈشى قىلىشنى بۇيرىدى. لى چۇڭ چېگرىدىن چىقىپ 3000 چاقىرىم يول يۈرۈپ، دەشتى ماكانغىچە قوغلاپ باردى ھەم يېتىشەلمەي قايتىپ كەلدى. ئېرنىبا لوياڭغا كەلگەندە، پادىشاھ شياۋمىڭدى كۆن پېتىش زالدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. جېڭگۇاڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 524 ـ يىلى) بىراھمان لوياڭنىڭ جەنۇبىدىكى مېھمانسارايدا ئۆلدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا يارلىق تەمتىكى تۇتقۇچى، غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، چىنجۇ ئايماقبېگى، گۇاڭمۇ گۇڭى دەپ نام بېرىشنى بۇيرۇدى.

شۇ يىلى، ۋېي ھەربىي قورۇلىدىكى پولوخەنبالىڭ ئاسىيلىق قىلغاندا، باشقا قورۇلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. شياۋچاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 525 ـ يىلى) ئەتىيازدا، ئاناغاي قوۋمىنى باشلاپ پولوخەنبالىڭغا جازا يۈرۈشى قىلدى. دىيۈن جۈرېنگە تۆرلۈك گەزلىمىلەرنى ئېلىپ بېرىپ ھال سوراش، ئىنئام بېرىش يارلىق قىلىندى. ئاناغاي ئىنئامنى تىزلىنىپ تۇرۇپ ئالدى ۋە 100 مىڭ ئادەمنى باشلاپ ۋۇچۈەن قورۇلىنىڭ غەربىدىن ۋويېغا قاراپ ئاتلاندى. كۆپ قېتىملىق جەڭلەردە غەلىبە قازاندى. 4 ـ ئايدا، پادىشاھ شياۋمىڭدى يەنە چەۋەنداز مەھرەم، دېۋانبېگىنىڭ پۈتۈكچىسى فېڭ شيېنى ھال سوراش، دەرىجىسىگە ئاساسەن ئىنئام بېرىشكە ئاناغاينىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. ئاناغاينىڭ قەبىلىلىرىدىكىلەر ئىناق بولغاچقا، قوشۇنى بارا ـ بارا قۇدرەت تاپتى. شۇڭا ئاناغاي چىلانتۇبېگبا قاغان دەپ ئاتالدى، بۇ ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ تىلىدا «توپلىنىشنى تىزگىنلەش» دېگەن مەنىدە ئىدى. 10 ـ ئايدا، ئاناغاي يەنە يۈجيۈلۈ مىئە قاتارلىقلارنى ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى. شياۋچاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 527 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا، ئاناغاي گۇڭفېڭجىنىڭ قاتارلىقلارنى ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار قايتقاندا، پادىشاھ شياۋمىڭدى گۇڭفېڭجىنىڭغا: «شىمالغا جايلاشقان قورۇللاردىكى يى، دىلار

ئۆزلۈكسىز ئاسىيلىق قىلىۋاتىدۇ، جورجان خانى دۆلىتىمىزگە سادىق بولۇپ جازا يۈرۈشى قىلىشىمىزغا ياردەملىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نىيىتى سەمىمىي، ئوردىنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى ئۇنتۇمىدى. ھازىر ئۇ شىمالىي تەرەپتە ئېرجۇرۇڭ بىلەن قوشنا بولۇۋاتىدۇ، ئۆز قەبىلىلىرىنى قاتتىق ئىدارە قىلىپ، بىر - بىرى بىلەن قىرغىنچىلىق قىلمىسۇن، بىر - بىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلمىسۇن. يېقىندىن بېرى جورجانلار خانىنىڭ خەت - چەكلىرىنى كۆرۈپ تۇردۇم، بۇلاردىن ئۇلارنىڭ دۆلىتىمىز ئۈچۈن شەرقتە جازا يۈرۈشى قىلىش نىيىتى بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن جورجان خانى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا شىمالىي قۇملۇقتا ياشاپ كەلگەن، يازنىڭ تومۇزىغا كۆنەلمەيدۇ. ھازىر ۋاقتىنچە توختاپ تۇرۇپ، كېيىنكى يارلىقنى كۈتسۇن» دېدى. پادىشاھ جورجانلارنىڭ يۈز ئۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆزلەپ شۇنداق دېگەن بولۇپ، كېيىن ئۇلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى.

جيەنيى 1 - يىلى (مىلادىيە 528 - يىلى) پادىشاھ شياۋجۋاڭدى مۇنداق دېدى: «زور تۆھپىكارلار زور ئىنئامغا ئېرىشۇر، پەزىلەتلىكلەرنىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى بولۇر. جورجان خانى ئاناغاي شىمالنى تىنچىتىپ، ئۇ تەرەپلەرنى قوغدىدى، نەتىجىدە چوغاي تېغى ئەمىنلىككە، رۇشۈي دەرياسى بويلىرى خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. بۆرە تېغىدا قەدەم ئىزى قالدى، دەشتى تۇتۇقتا تۆھپە تېشى ئورنىتىلدى. ئۇ بىزگە چەكسىز سادىق بولسىمۇ، نەتىجىسىگە تېگىشلىك جاۋاپ قايتۇرۇلمىدى. شۇڭا ئۇنى ئالاھىدە ئىززەت - ئىكرام بىلەن تەقدىرلەش كېرەك، بۇ ئىشقا ئادەتتىكى قائىدە - نىزاملار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوردىغا كېلىپ سالام بەرگەندە ئۇنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە ئاتىماسلىق كېرەك. ئۇ پادىشاھقا خەت - چەك يوللىغاندا ئۆزىنى پېقىر قاتارىدا كۆرمەسلىكى



لازىم».

تەيچاڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 532 - يىلى) 6 - ئايدا، ئاناغاي ئۈگۈلانشۈشىڭبا قاتارلىقلارنى ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى ھەمدە چوڭ ئوغلىنىڭ ۋېي سۇلالىسى مەلىكىسىگە ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويدى.

يۇڭشى 2 - يىلى (مىلادىيە 533 - يىلى) 4 - ئايدا، پادىشاھ شياۋۋۇدى فەنياڭ بېگى يۈەن خۈيىنىڭ چوڭ قىزى مەلىكە لاڭيانى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشنى بۇيرىدى. تېخى قۇدىلاشماي تۇرۇپلا، پادىشاھ شياۋۋۇدى خەنگۇ قوۋۇقىغا [20] كىردى. شەرقىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن غەربىي ۋېي سۇلالىسى بەسلىشىپ ئاناغاي بىلەن قۇدىلىشىپ دوست بولۇشتى. غەربىي ۋېي سۇلالىسىدىن پادىشاھ ۋېندى پادىشاھ شياۋۋۇدى زامانىسىدىكى پۈتۈكچى يۈەن يىنىڭ قىزىنى مەلىكە خۇاجېڭ دەپ ئاتاپ، ئاناغاينىڭ ئىنىسى تاغانغا خوتۇنلۇققا بەردى. ئۆزى ئاناغاينىڭ قىزىنى خانىش قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن، گەزلىمە ئارقىلىق ئاناغاينى ئۆزىگە تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاناغاي شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى يۈەن جىڭنى تۇتۇپ قېلىپ قايتۇرمىدى. ئۇ پادىشاھ خانىشنى خانىشلىقتىن قالدۇردى دېگەننى باھانە قىلىپ، قوۋمىنى باشلاپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتتى. پادىشاھ ۋېندى نائىلاج خانىشنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا بۇيرۇدى.

يۈەنشياڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 538 - يىلى) ئاناغاي يۈجۇ ئايمىقىدىكى فەنياڭ ۋىلايىتىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، جەنۇبتا يىشۈي دەرياسىغىچە [21] باردى. 9 - ئايدا يەنە سىجۇ ئايمىقىدىكى شيۇرۇڭ ۋىلايىتىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ سەنتۇيگە باردى. يۈەن جىڭنى ئۆلتۈرۈپ، شەرقىي ۋېي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. شەرقىي ۋېي سۇلالىسى ئاناغاينىڭ ئەلچىسى ۋېندۇبا قاتارلىقلارنى قاماپ قويدى. شېنۋۇدى گاۋخۈەن ئاناغاينىڭ

قەبىھ، مەككار ئادەملىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى بەزلەش ۋە ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىش يۈزىسىدىن ئاناغاينىڭ ئەلچىسى لۇڭگۇجۇنى ۋېيدۇبا قاتارلىقلارغا دائىر ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن شىمالغا قايتۇردى. ئەسلىدە ئاناغاي يۈەن جىڭنى ئۆلتۈرگەن ھەمدە ۋېيدۇبا قاتارلىقلارنى ئاللىقاچان ئۆلدى، دەپ ئويلىغانىدى. لۇڭگۇجۇنى كۆرۈپ بىر ئاز تەسىرلەندى ۋە خىجالەت بولدى. شىڭخې 2 - يىلى (مىلادىيە 540 - يىلى) ئەتىيازدا، ئاناغاي يەنە لۇڭگۇجۇ قاتارلىقلارنى شەرقىي ۋېي سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى. لېكىن شەرقىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ھەقىقىي تۈردە ياراشمىدى.

ئاناغاينىڭ قىزى غەربىي ۋېي پادىشاھى ۋېيدىغا خانىشلىققا بېرىلگەن بولۇپ، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. شېنۋۇدى گاۋخۇەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۆھپە خاتىرىلىگۈچى بەگ جاڭ خۇيزۇەننى ئاناغايغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى. جاڭ خۇيزۇەن مۇنداق دېدى: «پادىشاھ ۋېيدى بىلەن جۇۋېيدى شىمالىي ۋېي پادىشاھى شياۋۋۇدىغا زىيانكەشلىك قىلدى، يەنە سىزنىڭ قىزىڭىزنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭدىن مەقسىتى يىراق تۇغقىنىنىڭ قىزىغا مەلىكە نامىنى بېرىپ سىز بىلەن قۇدىلاشماقچى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، جۇۋېيدى ئوت - چۆپلەرگە ئوت قويۇۋەتكەچكە، جورجانلارنىڭ ئاتلىرى ئاچ قېلىپ جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاسىيلىق - مەككارلىق قىلمىشى بولۇپ، بۇنىڭغا ئادەمنىڭ قانداقمۇ ئىشەنگۈسى كەلسۇن». ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «شەرقىي ۋېي سۇلالىسى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ۋارىسى. ئاڭلىشىمچە سىز ئىلگىرى مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ بارغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكىڭىز ئۈچۈن دۆلىتىڭىز ساقلىنىپ قالغانىكەن. شۇڭا بۇنىڭغا جاۋاپ



قايتۇرۇشىڭىز كېرەك». ئۇ يەنە ئاناغاينى ئالداپ مۇنداق دېدى: «يېقىندا چېپۇ، بۇلۇجانقۇ ئىسىملىك كىشىلەر خېشىغا كەلگەندە، جورجان خانى تەرىپىدىن تۇتۇلدى. جورجان خانى سىلەر گاۋبېگىگە[22] ئىتائەت قىلامسىلەر ياكى خېيتا[23]غىمۇ دەپ سورىۋېدى، بىرەيلەن خېيتاغا ئىتائەت قىلىمەن دېدى. جورجان خانى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەنە بىرەيلەن گاۋ بېگىگە ئىتائەت قىلىمەن دېگەچكە، جورجان خانى ئۇنى قويۇۋەتتى. بۇ جورجان خانىنىڭ چوڭ دۆلەتنىڭ ئىلگىرىكى شەپقىتىنى ئېسىدە ساقلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى. قىزىڭىزغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ۋە سىزنى ئالدىغانلىقى ۋاپاسىزلىقىنىڭ ئالامىتى. شۇڭا ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشىڭىز لازىم. ئەگەر سىز بىر يەردە مۇداپىئەدە تۇرۇۋېرىپ، بەيئەت قىلىشنى بىلمىسىڭىز، ئوردىدىكىلەرمۇ سىزنى جازالايدۇ. ئەگەر سىز بۇرۇنقى شاپائەتنى دېسىڭىز، چوقۇم پادىشاھىمىزنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىشىڭىز، قوشۇن ئەۋەتىپ ئاسىي ئەمەلدارلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، جورجان خانى ئۈچۈن ئار - نومۇسنى ئاقلاپ، قىساس ئېلىشىڭىز كېرەك».

جاڭ خۇيزۇەن شېنۋۇدى گاۋخۇەننىڭ مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلدى. ئاناغاي ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى يىغىپ ئۇنىڭ گېپىنى كېڭىشىپ، شەرقىي ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ چەلموفو بايان يۈدال قاتارلىقلارنى ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى ھەمدە ئوغلى يانلۇغچىنغا قىز بېرىش تەلىپىنى قويدى. شەرقىي ۋېي پادىشاھى شياۋجىڭدى چەۋەنداز مەھرەم، خەزىنە بېگى لونيەن، چەۋەنداز مەھرەم، دىۋان بېگىنىڭ پۇتۇكچىسى مۇجىڭشياڭ قاتارلىقلارنى ئاناغاينىڭ ھوزۇرىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. 8 - ئايدا، ئاناغاي موفو چۇفېن، جېدۇخۇنشىڭ قاتارلىقلارنى ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتىپ، قۇدىلىشىشنى يەنە تەلەپ قىلدى. شېنۋۇدى ئەترابىتىكىلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى رازى قىلماقچى

بولدى. ئۇ چاڭشەن بېگى يۈەنجىننىڭ سىڭلىسى لىيەن مەلىكىنىڭ نامىنى لەنلىڭجۇن چوڭ مەلىكىگە ئۆزگەرتىپ جورجانلارغا ياتلىق قىلىشنى بۇيرىدى. 12 ـ ئايدا، ئاناغاي يەنە جېدۇخۇنشىبىڭنى شەرقىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

شىڭخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 541 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا، ئاناغاي تۇدۇفا [24] يۈجيۇلۈ پىخۇن، چەلموفو [25] جېدۇخۇتۇپەن قاتارلىقلارنى 1000 ئاتنى سوۋغا قىلىپ، مەلىكىنى كۆچۈرۈپ كېلىشنى تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. تېرگىن يۈەن شۇ، مۇراسىم بېگى مېڭ شاۋ قاتارلىقلارغا مەلىكىنى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن جىنياڭدىن شىمالغا قاراپ ئاتلىنىش يارلىق قىلىندى. بارلىق لازىمەتلىكلەر ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى شېنۋۇدى ئۆزى باشقۇرغاچقا، ناھايىتى مولچىلىق بولدى. ئاناغاي تۇدۇفا يۈجيۇلۈنىفۇ، چەل ئايپۇجو، پۇتچىجىفۇ قاتارلىقلارنى مەلىكىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە شىنچېڭنىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتتى. 6 ـ ئايدا، شېنۋۇدى ئاناغاينىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى، دۆلەت ئىشلىرى تېخىمۇ مۇشكۈللىشىپ كەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، مەلىكىنى ئۆزى لۇفەن [26] زېمىنىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئاپىرىپ قويدى ۋە ئاناغاينىڭ ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى. ھەر قېتىملىق كۈتۈۋېلىش كاتتا ھەم مول بولدى. ئاناغاي بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ شەرقىي ۋېي سۇلالىسىگە ئۈزلۈكسىز ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى.

شىڭخې 4 ـ يىلى (مىلادىيە 542 ـ يىلى) ئاناغاي نەۋرە قىزىنى مەلىكە لىنخې دەپ ئاتاپ، ئۇنى شېنۋۇدىنىڭ 9 ـ ئوغلى چاڭگۇاڭ گۇڭى گاۋ جەنگە ياتلىق قىلىشنى ئۆتۈندى. پادىشاھ شياۋجىڭدى قۇدىلىشىشقا رازى بولدى. ئاناغاي تۇدۇفا يۈجيۇلۈ پىجو، چەلموفو يۈدالنى نەۋرە قىزىنى جىنياڭغا ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى.

ۋۇدىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 546 ـ يىلى) ئاناغاي ئەڭ



ياخشى كۆرىدىغان قىزىغا مەلىكە دەپ نام بەردى. شېنۋۇدى كۈنسېرى قۇدرەت تاپقاچقا، ئاناغاي يەنە بۇ قىزىنى شېنۋۇدىغا خوتۇنلۇققا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شېنۋۇدىنىڭ ئۆيلىنىشىگە قوشۇلدى. ئاناغاي تۇدۇفا يۈجيۇلۈ خانباينىيا قاتارلىقلارنى قىزىنى جىنياڭغا ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرا قورغانلىرىدا پاراكەندىچىلىك بولمىدى. ۋۇدىڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرى (مىلادىيە 550 ـ يىلى) غىچە ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى.

ئاناغاي خانلىقىنى ئەمدىلا ئەسلىگە كەلتۈرگەندە، ئوردىغا پۈتۈنلەي بەلگىلەنگەن قائىدە ـ يوسۇن بويىچە مۇئامىلە قىلدى. پادىشاھ شياۋمىڭدىدىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مالىمانچىلىق تۇغۇلغاچقا، سىرتقى جايلارنى باشقۇرۇشقا ماجالى يەتمىدى. ئاناغاي شىمال تەرەپلەرنى باشقۇرۇپ خېلى قۇدرەت تاپقاچقا، بارغانسېرى ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغان، قائىدە ـ يوسۇنغا ئانچە رىئايە قىلمايدىغان بولۇۋالدى. ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان بولسىمۇ، ئۆزىنى قارام ئەل دەپ ئاتىمىدى. تيەنپىڭ يىللىرى (مىلادىيە 534 — 537 ـ يىللار) دىن كېيىن، تېخىمۇ تەكەببۇرلاشتى. رۇياڭ بېگى يۈەن شيەن چىنجۇ ئايماقبېگى بولۇپ، چىجۇن ۋىلايىتىدىن مىرزىبەگ بولغان چۇنيۇتەننى ئاناغاينىڭ ھوزۇرىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئاناغاي ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىپ ئېلىپ قالدى. ئاناغاي لوياڭغا بارغان بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھېرىسمەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى خانغا تەڭلەشتۈرۈپ، ئەمەل ـ مەنسەپ تەسىس قىلغاندا شىغاۋۇل، ھەرەم ئاغىسى دېگەندەك ئەمەللەرنى قوللاندى. ئۇ چۇنيۇتەننى مىرزىبەگ، ھەرەم ئاغىسى قىلىپ، خەت ـ چەكلەرنى باشقۇرۇشقا قويدى. چۇنيۇتەن ئاناغاينى ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا ئۆگەتتى، ئاناغاي ھەر قېتىم دۆلەت خېتى يوللىغاندا، خۇددى تەڭداش

قوشنا ئەللەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك ئۆزىنى تەڭ - باراۋەر ئورۇنغا قويدى. چى سۇلالىسى شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ سەلتەنىتىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىنمۇ ھەر يىلى باردى - كەلدى قىلىشىپ تۇردى.

تيەنباۋ 3 - يىلى (مىلادىيە 552 - يىلى) ئاناغاي تۈركلەردىن مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ شاھزادىسى يانلۇغچىن، نەۋرە ئىنىسى دېڭجۇ چەل ۋە دېڭجۇ چەلنىڭ ئوغلى قۇتى قوۋمىنى باشلاپ چى سۇلالىسىگە بېقىندى. قالغانلار دېڭجۇ چەلنىڭ ئىككىنچى ئوغلى تيېبانى خان قىلدى. تيەنباۋ 4 - يىلى (مىلادىيە 553 - يىلى) چى سۇلالىسى پادىشاھى ۋېنشۇەندى دېڭجۇ چەل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قۇتىنى شىمالدىكى زېمىنىغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي تيېبانى قىستانلار ئۆلتۈرۈۋەتتى. جورجان ئېلىدىكىلەر دېڭجۇ چەلنى خان قىلدى. دېڭجۇ چەل يەنە ئاقسۆڭەكلەردىن ئافۇت قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. جورجان ئېلىدىكىلەر يەنە قۇتىنى خان قىلدى. شۇ يىلى ئۇلار تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاچقا، ئەلدىكى بارلىق كىشىلەر چى سۇلالىسىگە قاچتى. چى سۇلالىسى پادىشاھى ۋېنشۇەندى شىمالغا — تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، كەلگەن جورجانلارنى ئېلىپ قالدى ھەم قۇتىنى خانلىقتىن قالدۇرۇپ، ئاناغاينىڭ ئوغلى يانلۇغچىننى خان قىلدى. ئۇنى مايىچۇەن ۋادىسىغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئاشلىق، تاۋار - دۇردۇن بەردى. چى سۇلالىسى پادىشاھى ۋېنشۇەندى تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ شىمالغا باردى. تۈركلەر تەسلىم بولۇشنى ئۆتۈنگەندە، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، جورجانلار ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى.

تيەنباۋ 5 - يىلى (مىلادىيە 554 - يىلى) 3 - ئايدا، يانلۇغچىن يۈز ئۆرۈدى. چى سۇلالىسى پادىشاھى ۋېنشۇەندى جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇنى بىت - چىت قىلدى. يانلۇغچىن ئاتا -



بالا شىمالغا قاچتى. 4 - ئايدا، يانلۇغچىن سىجۇ ئايمىقىنى بۇلىدى. چى سۇلالىسى پادىشاھى ۋېنشۇەندى جىنياڭدىن ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، خېڭجۇ ئايمىقىدىكى خۇاڭگۇادۇيگە باردى، دۈشمەنلەر تىرىپىرەن بولۇپ قاچتى. شۇ چاغدا ئاساسىي قوشۇن قايتىپ كەتكەن بولۇپ، پادىشاھ ۋېنشۇەندى قوماندانلىقىدىكى قوشۇندا ئاران مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر بار ئىدى. ئۇلارنى جورجانلارغا تەۋە باشقا قوۋمدىكى 10 مىڭ ئادەم تۆت تەرەپتىن قورشىۋالدى. پادىشاھ ۋېنشۇەندى ھېچ ئىش بولمىغاندەك چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن قوماندانلىق قىلغاچقا، دۈشمەنلەر مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ۋېنشۇەندى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقتى، دۈشمەنلەر قاچتى، پادىشاھ ۋېنشۇەندى قوغلاپ زەربە بەرگەچكە، 25 چاقىرىم دائىرىدە ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى تاشلىنىپ قالدى. يانلۇغچىننىڭ خوتۇنى، پەرزەنتلىرى بولۇپ 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئەسىر ئېلىندى. 5 - ئايدا، پادىشاھ ۋېنشۇەندى يەنە شىمالغا — جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. 6 - ئايدا، جورجان قەبىلىلىرى شەرققە كۆچۈپ، جەنۇبقا بېسىپ كىرمەكچى بولدى. پادىشاھ ۋېنشۇەندى يېنىك قوراللانغان ئاتلىقلارنى باشلاپ جىنچۇەن ㉗دە بۆكتۈرمىدە تۇرۇپ زەربە بەرمەكچى بولدى. جورجانلار بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ يىراققا قاچتى. تيەنباۋ 6 - يىلى (مىلادىيە 555 - يىلى) 6 - ئايدا، پادىشاھ ۋېنشۇەندى يەنە جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. 7 - ئايدا، پادىشاھ ۋېنشۇەندى بەيداۋدا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، ئېغىر يۈكلەرنى قالدۇرۇپ يېنىك قوراللانغان 5000 ئاتلىقنى باشلاپ، جورجانلارغا قوغلاپ زەربە بەردى. پادىشاھ ۋېنشۇەندى ئۆزى سەپنىڭ ئالدىدا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، جورجانلارنى كۆپ قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ۋويېغا يېتىپ باردى ۋە نۇرغۇن ئولجا ئېلىپ قايتتى.

شۇ چاغدا جورجانلار تۈركلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق زەربىسىگە ئۇچرىغاچقا، غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ گۇڭدى 2 ـ يىلى (مىلادىيە 555 ـ يىلى) جورجان قوۋمىدىكىلەردىن مىڭدىن ئارتۇق تۈتۈن بەيئەت قىلىش ئۈچۈن گۈەنجۇڭغا قېچىپ كەلدى. تۈركلەر ھەربىي كۈچىنىڭ قۇدرىتىگە ۋە غەربىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ كۆرەڭلەۋاتقان بولسىمۇ، قالدۇق جورجانلارنىڭ چوڭ دۆلەتكە بېقىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، غەربىي ۋېي سۇلالىسىگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن بارلىق جورجانلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزلىرىنى خاتىرجەم قىلىشنى ئۆتۈندى. جۇۋېندى مۇزاكىرە قىلىپ تۈركلەرنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. جورجانلارنىڭ خاندىن تۆۋەن 3000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئاختۇرۇپ تۇتۇپ، ئۇلارنى تۈرك ئەلچىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلار چىڭمېن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا قەتلى قىلىندى. 16 ياشتىن تۆۋەنلىرى ئۆلۈم جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىنىپ، بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە بۆلۈپ بېرىلدى.

قاڭقىلار — قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ قالدۇق قوۋمى بولۇپ، دەسلەپتە دىلىلار دەپ ئاتىغان. شىماللىقلار تېلىلار دەپ قارىغان، خۇاشيالار بولسا قاڭقىللار، دىڭلىڭلار دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ تىلى ھونلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما قىسمەن پەرقلىنىدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھونلارنىڭ جەمەتىدىن، دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دى، ئۇيغۇر، قوغۇرسۇ، چۆبە، قۇتلۇق غۇز، ئىزگىل قاتارلىق قەبىلىلىرى بار. خەلق ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ھون تەڭرىقۇتىدىن ئىككى قىز تۇغۇلغانىكەن. ئۇلارنىڭ تەققى ـ تۇرقى، چىرايى ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا، ئەلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى ئىلاھ دەپ قارايدىكەن. تەڭرىقۇت: «مېنىڭ مۇشۇنداق قىزلىرىم تۇرسا، ئۇلارنى قانداقمۇ ئادەملەرگە ياتلىق



قىلاي؟ مەن ئۇلارنى تەڭرىگە بېرىمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەمسىز يەرگە بىر ئېگىز سۇپا ياسىتىپ، ئىككى قىزىنى سۇپا ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ «تەڭرى ئۆزى كۆچۈرۈپ كەتسۇن» دەپتۇ. ئۈچ يىل بولغاندا قىزلارنىڭ ئانىسى ئۇلارنى ئەكەلمەكچى بوپتىكەن، تەڭرىقۇت: «بولمايدۇ، تەڭرى بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى يول تېخى راۋانلاشمىدى» دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندە بىر بۆرە كېلىپ كېچە ـ كۈندۈز سۇپا ئەتراپىنى ئايلىنىپ ھۇۋلاپتۇ ۋە سۇپىنىڭ ئاستىنى كولاپ ئۆڭكۈر قىلىپ ئۇزاققىچە شۇ يەردىن كەتمەپتۇ. قىزلارنىڭ كىچىكى: «ئاتام مېنى مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، تەڭرىگە بەرمەكچى بولغان، ئەمدىلىكتە بۆرە كەلدى، ئېھتىمال ئۇ تەڭرى ئەۋەتكەن ئىلاھ بولسا كېرەك» دەپتۇ. ئۇنىڭ ئاچىسى ھەيران بولۇپ: «ئۇ بىر ھايۋان تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن جۈپلەشسەك ئاتا ـ ئانىمىزغا نومۇس بولمامدۇ؟» دەپتۇ. سىڭلىسى گەپكە قۇلاق سالماي، سۇپىدىن چۈشۈپ بۆرە بىلەن جۈپلىشىپ ئوغۇل تۇغۇپتۇ. كېيىن نەسلى كۆپىيىپ بىر ئەل بولۇپتۇ. شۇڭا، ئۇلار بويىنى سوزۇپ ناخشا ـ قوشاق توۋلاشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاۋازىمۇ بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشايدۇ.

ئۇلارنىڭ، بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان سەردارى يوق، ھەر قايسى قوۋملارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاقساقىلى بار. ئۇلارنىڭ مىجەزى قوپال، قەبىھ، بىر قوۋمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قەلىبداش. ئۇلار بۇلاڭ ـ تالاڭغا ۋە بالايىئاپەتكە ئۇچرىغاندا، ئۆم بولۇپ بىر ـ بىرىگە خەيرىخاھلىق قىلىدۇ. جەڭلەردە رىئايە قىلىدىغان قائىدە ـ قانۇنى يوق. ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، بىردەم ئالغا ئاتلانسا، بىردەم چېكىنىدۇ، جەڭدە ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرىدۇ. ھاكاۋۇر بولۇپ ھېچنىمىدىن تەپتارتمايدۇ. ئات ـ كالا سوۋغا بېرىپ ئۆيلىنىشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. تويلىشىش

بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئەر تەرەپ هارۋا تەييارلاپ، ئاتلارنى ئېغىلغا سولاپ، قىز تەرەپتىكىلەرنى ياخشى ئاتلارنى خالىغانچە تالليۋېلىشقا چاقىرىدۇ. ئاتنى ئىگەرلىمەيلا مىنىدۇ. ئاتنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىققاندا، ئاتنىڭ ئىگىسى ئېغىلنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ئاتنى چاۋاك چېلىپ هۈركىتىدۇ. ئات مىنگەن كىشى يىقىلمىسا ئۇ ئاتنى ئالىدۇ. يىقىلىپ كەتسە باشقا ئات ئالىدۇ. شۇ تەرىقىدە بېكىتىلگەن سان توشقۇچە ئات ئالىدۇ. ئادەتتە ئۇلار ئاشلىق تېرىمايدۇ، هاراق - شاراب ئېچىپ تمايدۇ. قىز كۆچۈرۈدىغان كۈنى ئەر - ئاياللار قىمىز، پىشۇرۇلغان گۆشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ساھىبخان مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ، ئۇلار تەبىقە - دەرىجىسىگە قارىماي رېتى بويىچە ئورۇن ئالىدۇ. چېدىرنىڭ ئالدىدا ئۆم بولۇپ ئولتۇرۇپ، كۈن بويى يەپ - ئىچىدۇ، مېھمانلارنى قوندۇرۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى كۈنى قىزنى ئېلىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەر تەرەپتىكىلەرمۇ قىز ئائىلىسىنىڭ يىلقىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ياخشى ئاتلارنى تالليۋالىدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانا، ئاكا - ئىنىلىرىنىڭ ئاتلارنى بېرىشكە كۆزى قىيمىغان تەقدىردىمۇ، هېچكىم بىر نەرسە دېمەيدۇ. ئۇلار تۇل ئاياللارغا ئۆيلىنىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەمما تۇل ئاياللارنى بىچارە دەپ ئۇلارغا ئېتىبار بېرىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ مال - چارۋىلىرىنى ئەن - تامغىلىرىغا قاراپ پەرقلەندۈرىدۇ. ئاتلارنى ئېغىلدىن دالىغا قويۇۋەتسىمۇ، خەقنىڭ ئاتلىرىنى خالىغانچە ئېلىۋالمايدۇ. ئادەتتە تازىلىققا دىققەت قىلمايدۇ. گۈلدۈرمامىنى ياخشى كۆرىدۇ. هەر قېتىم گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندە قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا ئوقيا ئاتىدۇ ۋە بۇ يەرنى تاشلاپ باشقا جايغا يۆتكىلىدۇ. ئىككىنچى يىلى كۈزدە ئاتلار سەمرىگەندە، يەنە ئارقا - ئارقىدىن گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەن جايغا كېلىدۇ. ئۇ يەرگە قارا قوشقارنى كۆمۈپ ئوت ياقىدۇ، قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقىرىشىدۇ، ئايال



پىرىخۇن پىرە ئوينايدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ يامان ۋەسۋەسىنى يوقاتقىنىدەك دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ. كۆپچىلىك توپلىشىپ، ئات چاپتۇرۇپ 100 قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن توختايدۇ. هەر بىر كىشى بىر باغلام سۆگەت چىۋىقى ئېلىپ كېلىپ، ئۇ يەرگە تەتۈر قاداپ، سۈت - قىمىز بىلەن سۇغىرىدۇ. ئاياللار قوي ئۈستىخانلىرىنى قوي تېرىسىگە ئوراپ بېشىدا كۆتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ چېچى ئىرماش - چىرماش چىگىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئېگىز تاجىدەك كۆرۈنىدۇ.

ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىشتا گۆر كولاپ، جەسەتنى گۆردە ئولتۇرغۇزۇپ ئىككى قولىنى كېرىپ ساداق تارتقۇزۇپ، خەنجەر ئېسىپ قويىدۇ ھەمدە بىلىكىگە نەيزە قىستۇرىدۇ. هالىتى تىرىك چاغدىكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. لېكىن گۆرنى ياپمايدۇ. چاقماق تېگىپ ياكى كېسەل بولۇپ ئۆلگەنلەر بولسا، ئۇلارغا بەخت - سائادەت تىلەپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ؛ ئەگەر قېرىپ ئەجلى بىلەن ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدۇ. كۆپىنچە ئالا - چىپار ماللارنى ئۆلتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق تەڭرىگە نەزىر - چىراغ قىلىدۇ. ئاتلىق ئايلىنىدۇ، كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز قېتىم ئايلىنىدۇ. ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولىدۇ. ئامان - ئېسەن ئۆتكەن ئۆيدىكىلەر ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدۇ. ئۆلۈم - يېتىم بولغان ئۆيدىكىلەر ھەسرەت بىلەن ئۈنلۈك يىغلىشىدۇ. ئۇلار سۇ - ئوت بويلاپ كۆچۈپ تۇرىدۇ. تېرىدىن كىيىم - كېچەك كىيىدۇ، گۆش يەيدۇ. جورجانلارغا ئوخشاش كالا، قوي قاتارلىق چارۋىلارنى باقىدۇ. ئۇلارنىڭ هارۋىلىرىنىڭ چاقى چوڭ، شادىسى كۆپ بولىدۇ. قاڭقىللار لۇخۇن كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىن يۈز نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا كۆچۈپ بارغاندىن

كېيىن كۈچىيىپ دائىم جورجانلار بىلەن دۈشمەنلەشتى ھەمدە ۋېي سۇلالىسى زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. ۋېي پادىشاھى داۋۋۇدى ئۇلارغا زەربە بېرىپ، قەبىلىلىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. كېيىن پادىشاھ داۋۋۇدى يەنە كۆپ قېتىم رولىوشۇي دەرياسىدىن[28] ئۆتۈپ، غەربتە لۇخۇن كۆلىنىڭ باردى ۋە ئۇ يەردە توختاپ يېنىك قوراللانغان ئاتلىقلارنى تاللاپ، غەربىي شىمال تەرەپكە يۈز نەچچە چاقىرىم ماڭدى. ئۇلارغا مۆكۈپ زەربە بېرىپ، 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ۋە چارۋىنى قولغا چۈشۈردى. يەنە لاڭشەن تېغىدا ئۇلارنىڭ قېپقالغان قوۋمىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. پادىشاھ داۋۋۇدى شىمالنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپ، سانغۇنلارنى شەرق، غەرب ئىككى يولغا بۆلۈنۈشكە بۇيرىدى. ئۆزى ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ ئوتتۇرا يول بىلەن ئىلگىرىلەپ، بورەنشۇي دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدا ئۇلارنىڭ قوۋمىدىكىلەرگە زەربە بەردى. باشقا قوشۇنلارمۇ قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر قايسى ئۇرۇقىدىكى 30 دىن كۆپرەك قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى. ۋېي بېگى توغبات بى يەنە باشقا سانغۇنلارنى يېتەكلەپ غەربىي شىمالدىكى قۇملۇقتا مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قېپقالغان تارقاق يەتتە قەبىلىسىنى بىت ـ چىت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قاڭقىللار ساراسىمە ئىچىدە قالدى. ۋېي پادىشاھى داۋۋۇدى نيۇچۈەن جىلغىسىدىن قوشۇننى باشلاپ غەربكە مېڭىپ، كەڭ كۆلەمدە ئوۋ ئوۋلىدى ۋە قاڭقىل ئېلىنى ئوۋ ئوۋلاش دائىرىسى قىلدى. چەۋەندازلار، پىيادە لەشكەرلەر قاتار سەپ بولۇپ ھايۋانلارنى ئوۋلىدى. ئۇزۇنلۇقى 700 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۈرلۈك ھايۋانلارنى جۇغلاپ، ئۇلارنى پىڭچېڭ شەھىرىگە ھەيدەپ ئاپاردى. قاڭقىللارنى توپلاپ جەنۇبتا ئېگىز سۇپىلار، شىمالدا سەددىچىن، شەرقتە بەيدېڭ تېغى ۋە ئۇنىڭ تارمىقى بولغان شىشەن تېغى



تۇتاشتۇرۇلغان بۇغا باغچىسىنى ياساتتى. ئۇزاق ئۆتمەي قاڭقىللاردىن جىلىغ قەبىلىسىنىڭ موفوسى چىلجان 900 تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ قورغانغا كېلىپ بەيئەت قىلدى. چىلجان ھەيۋىدار سانغۇن قىلىنىپ تەيىنلەندى، قول ئاستىدا لەشكەر بېشى، مۇشاۋۇر دېگەن مەنسەپ تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭغا يەنە 20 مىڭ پاتمان ئاشلىق ئىنئام بېرىش بۇيرۇق قىلىندى. كېيىن قاڭقىللاردىن چۆبە قەبىلىسىنىڭ موفوسى فاندوجان 30 نەچچە تۈتۈن ئادەمنى باشلاپ كېلىپ بەيئەت قىلدى. ئۇمۇ ھەيۋىدار سانغۇن قىلىپ تەيىنلىنىپ، ئۇنىڭمۇ قول ئاستىدا لەشكەر بېشى، مۇشاۋۇر دېگەن مەنسەپ تەسىس قىلىندى. يەنە ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەك ئىنئام قىلىش، ھەر يىلى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش بۇيرۇق قىلىندى.

جورجانلاردىن سېللان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز قوۋمىدىكىلەرنى يىغىپ، چۆڭ قۇملۇقنىڭ شىمال تەرىپىگە كۆچۈرۈپ، قاڭقىللارنىڭ يېرىگە بېسىپ كىردى. قۇلاس قەبىلىسىنىڭ سەردارى بەگقۇلى ئەنسىرەپ: «سېللان ئادەملىرىنى يىغىشقا باشلىدى. ھازىر ئۇنىڭ لەشكىرى، ئېتى ئاز، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئاسان» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئادەملەر تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، سېللان قەبىلىسىنىڭ زېمىنىغا كىردى. قاڭقىللار مال ـ مۈلۈك ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كېتىپ ئاقىۋەتنى ئويلاشمىدى. ئۇلار جورجانلارنىڭ چېدىرلىرىنى بۆلۈشۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىشىپ، بەخىرامان ئۇخلاپ ياتتى. سېللان ئېگىز يەردە تۇرۇپ بۇ ئەھۋالنى كۆردى ـ دە، پىتىراپ كەتكەن 1000 ئادىمىنى يىغىپ، سەھەردە قاڭقىللارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قىرغىنچىلىق قىلدى. قاڭقىللارنىڭ ئاران ئوندىن ئىككى ـ ئۈچ قىسمى قېچىپ كېتەلىدى. بەگقۇلى ۋېي سۇلالىسىگە بېقىندى. بەگقۇلى ئاددىي ـ ساددا ئادەم بولۇپ، باتۇرلۇق ـ جاسارەتتە

باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشەتتى. جەڭلەردە ئالدىدا ھۇجۇمغا ئۆتكەچكە، كىشىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. شىماللىقلار ئۇنىڭدىن بەك قورقاتتى. يىغلاۋاتقان بالىغا «بەگقۇلى كەلدى» دېسە، دەرھال يىغىسىنى توختىتاتتى. رەسىدە بولغان قىزلار: «بولىسىدى يىگىتىم بەگقۇلىسىمان» دەپ قوشاق ئېيتاتتى. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقى ئەنە شۇ دەرىجىدە ئىدى. ئۇ 50 تال پالئوت ئارقىلىق پال سېلىشقا ئۇستا بولۇپ، سالغان پېلى دائىم توغرا چىقاتتى. شۇڭا پادىشاھ داۋۋۇدى ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىنئام بەردى. بەگقۇلىنىڭ كىچىك ئوغلى خېتاڭنى ئوردىغا بېرىپ، پادىشاھقا ياساۋۇل بولۇشقا بۇيرۇدى. بەگقۇلى ئۆلگەندە پادىشاھ داۋۋۇدى قاتتىق ئېچىنىپ ماتەم تۇتتى. ئۇنى ۋېي سۇلالىسىنىڭ يوسۇنى بويىچە دەپنە قىلدى ھەمدە «سادىقەتمەن قامەتلىك بەگ» دەپ نام بەردى. كېيىن سانغۇن يى ۋېي 20 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ شىمالدىكى قاڭقىللارنىڭ قالدۇق قوۋمى ئۇيغۇر غۇزلارغا زەربە بېرىشكە بۇيرۇلدى. ئۇ ئۇيغۇر غۇزلارنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلدى. پادىشاھ داۋۋۇدى زامانىدا، باشقا قوۋمدىكىلەر ئايرىم - ئايرىم قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. پەقەت قاڭقىللارنىڭ قوۋمدىكىلەرلا قوپال، ئاسان بويسۇنمايدىغان بولغاچقا، ئايرىم قەبىلە بولۇپ تەشكىللەندى.

پادىشاھ تەيۋۇدى جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن قايتتى. ئۇ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا كەلگەندە، قاڭقىللارنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ سىنىپو دېگەن جايدا ئىكەنلىكىنى، ئادەم ۋە مال - چارۋىلىرىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى، تۇرۇشلۇق جايىنىڭ ۋېي سۇلالىسى قوشۇنى تۇرغان جايدىن 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، سول قانات ياندىش بەگ ئەن يۈەن قاتارلىقلارنى ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتمەكچى بولدى. ئەمرى زېمىن جاڭسۈن



خەن، دېۋانبېگى ليۇجيې قاتارلىقلار پادىشاھنى نىيىتىدىن يېنىشقا ئۈندىگەن بولسىمۇ، پادىشاھ تەيۋۇدى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. ئەن يۈەن قاتارلىقلارغا يېڭىدىن بەيئەت قىلغان قاڭقىل لەشكەرلىرىنى قوشۇپ ئاران 10 مىڭ ئاتلىقنى سىنىپوغا ئەۋەتتى. چوڭ قوشۇننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن قاڭقىل قەبىلىلىرىدىن نەچچە 100 مىڭ تۈتۈن ئەل بولدى. 1 مىليوندىن ئارتۇق چارۋا ئولجا ئېلىنىپ، ھەممىسى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىن 1000 چاقىرىم يىراقلىققا يۆتكەلدى. قاڭقىللار ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردا يول يۈرەتتى. سۇ - ئوتلاق قوغلىشىپ، مال - چارۋا بېقىپ ئۇلارنى ئاۋۇتاتتى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئاشلىق يەيدىغان بولدى، ھەر يىلى ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى. مۇشۇنداق قىلغاندىن كېيىن، چارۋىلارنىڭ باھاسى بۇرۇنقىدىن ئەرزانلىدى، يۇڭ - تېرىلەرمۇ دۆۋىلىنىپ كەتتى. پادىشاھ ۋېنچېڭدى زامانىدا، قاڭقىللارنىڭ بەش قوۋمى يىغىلىپ تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر - چىراق قىلدى. بۇنىڭغا نەچچە ئون مىڭ ئادەم قاتناشتى. مەرىكىدە ئات چاپتۇرۇلدى، مال - چارۋىلار ئۆلتۈرۈلدى، سەيلى - ساياھەت قىلىنىپ، ناخشا - قوشاق ئېيتىلدى. مەرىكە خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتتى. خەقلەر بۇنداق مەرىكە ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان دېيىشتى. دەل شۇ چاغدا پادىشاھ ۋېنچېڭدىمۇ بۇ يەرگە كەلگەن بولۇپ، ناھايىتى خۇشال ئىدى. كېيىن پادىشاھ شياۋۋېندى قاڭقىللارنىڭ ئادەملىرىنى يىغىپ جەنۇبقا جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولدى. قاڭقىللار جەنۇبقا بېرىشقا ئۇنىماي، ئۇيغۇرلاردىن شۇجىنى خان قىلىپ ئارقا - ئارقىدىن يۈز ئۆرىدى ۋە جىنلىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى تالان - تاراج قىلدى. تۇتۇق يۈۋىن فۇ ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىمەن، دەپ ئۆزى مەغلۇپ بولۇپ قايتتى. يەنە شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، جاڭياڭ بېگى توغبات جى تۇتۇقلۇققا تەيىنلىنىپ، جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىلدى. توغبات جى ئالدى

بىلەن ئۇيغۇرلاردىن شۇجىنى بەزلەشكە ئادەم ئەۋەتتى. شۇج جورجانلار زېمىنىغا باردى. ئۇزاق ئۆتمەي پۇشايمان قىلدى، ئادەملىرى ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كېلىپ ئەل بولدى.

قاڭقىللارنىڭ بۇ قوۋمىنىڭ يەنە 12 ئۇرۇقى بار: ئۇلارنىڭ، بىرىنچىسى بۆركلى، ئىككىنچىسى تۆرە، ئۈچىنچىسى ئېلخان، تۆتىنچىسى تارلان، بەشىنچىسى قوغا، ئالتىنچىسى دابو، يەتتىنچىسى ئارۇن، سەككىزىنچىسى مويان، توققۇزىنچىسى ئىۋا، ئونىنچىسى پۇۋۇرغۇر، ئون بىرىنچىسى كىيان، ئون ئىككىنچىسى يۇسىفى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەسلىدە پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى جورجانلارغا بېقىناتتى. دۇلۇن قاغان دەۋرىدە جورجانلاردا مالىمانچىلىق يۈز بەرگەچكە، ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى بۆلۈنۈپ كەتتى. پۇۋۇرغۇرلاردىن ئاپۇرغۇر بىلەن ئىنىسى چۇڭچى قاڭقىللارنىڭ 100 مىڭ تۇتۇندىن كۆپرەك ئادىمىنى ئىدارە قىلاتتى. تەيخې 11 - يىلى (مىلادىيە 487 - يىلى) دولۇن چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىرمەكچى بولغاندا، ئاپۇرغۇر قاتارلىقلار ئۇنى توسقان بولسىمۇ، دولۇن ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرمىدى. ئاپۇرغۇر ئاچچىقلىنىپ قوۋمىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، دولۇندىن يۈز ئۆرۈدى. ئۇلار ئالدى قوشنىڭ غەربىي شىمالىغا باردى، ئاپۇرغۇر ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئېلىدىكىلەر ئۇنى كۆل بويلا دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ سۆز ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ «ئۇلۇغ خان» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ. چۇڭچى ئۆزىنى كۆلبەگ دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ «ئورۇنباسار خان» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئىككىسى ئىناق ئۆتۈپ، ئەلنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ باشقۇردى. ئاپۇرغۇر شىمالدا، چۇڭچى جەنۇبتا تۇردى. دولۇننىڭ جازا يۈرۈشلىرى كۆپ قېتىم ئاپۇرغۇر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاچقا، ئۇ قوۋمىنى باشلاپ شەرققە كۆچتى. تەيخې 14 - يىلى (مىلادىيە 490 - يىلى) ئاپۇرغۇر



غۇز سودىگەر يۈجىنى ۋېي پايتەختىگە ئەۋەتىپ، ئىككى باشاقنى ئوردىغا ھەدىيە قىلدى ھەمدە: «جورجانلار پادىشاھىنىڭ دۈشمىنى، مەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلسام ئۇلار گېپىمنى ئاڭلىمىدى. شۇڭا بىز ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ بۇ يەرگە كەلدۇق ۋە ئۆزىمىز خانلىق قۇردۇق. پادىشاھىنىڭ جازا يۈرۈشى قىلىپ جورجانلارنى يوقىتىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىمەن» دېدى. پادىشاھ شياۋۋېندى ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئەلچى يۈتىنى ئەۋەتتى. ئاپۇرغۇر بىلەن چۇڭچى ئەۋەتكەن ئەلچى بوج يۈتىغا ئەگىشىپ ئوردىغا كېلىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئولپان تاپشۇردى. پەخرىي چەۋەنداز مەھرەم كوزغۇن چاڭشىڭ بىلەن يۈتى قاڭقىللارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلىپ، ئاپۇرغۇر بىلەن چۇڭچىغا بىر يۈرۈشتىن كىيىم - كېچەك، 100 توپ رەڭدار تاۋار - دۇردۇن ئىنئام بېرىلدى.

چۇڭچى كېيىن ئېفتالىتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئوغلى مىئەتۇ قاتارلىقلارمۇ ئەسىر ئېلىندى. چۇڭچىنىڭ قوۋمىدىكىلەر تارقىلىپ كەتتى، بەزىلىرى ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشقا كەلدى، بەزىلىرى جورجانلارغا بېقىندى. پادىشاھ ھەيۋەندار سانغۇن، مۇھاپىزەتچىلەر نازارەتچىسى مېڭ ۋېينى بەيئەت قىلىشقا كەلگەنلەرنى بەزلەش - ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى گاۋپىڭ شەھىرىگە ماكانلاشتۇردى. ئاپۇرغۇرنىڭ چوڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ باشقا خوتۇنلىرى بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلغانلىقى ۋە ئاپۇرغۇرغا قەست قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپۇرغۇر ئۇنى ئۆلتۈردى. ئاپۇرغۇر زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغاچقا، كۆپچىلىكنىڭ ئۇنىڭدىن رايى ياندى. ئۇلار بىرلىكتە ئاپۇرغۇرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ جەمەتىدىن بالىيامىنى خان قىلىپ تىكلىدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئېفتالىتلار قاڭقىللارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ مىئەتۇنى ئېلىپ كېلىپ قويماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئېلىدىكىلەر بالىيامىنى ئۆلتۈرۈپ، مىئەتۇنى قارشى

ئېلىپ، ئۆزلىرىگە خان قىلدى.
مىئەتۇ خان بولغاندىن كېيىن، ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى. يەنە بىر پارچە ئالتۇن، بىر پارچە كۈمۈش، ئىككى ئالتۇن ھاسا، يەتتە ئات، ئون تۆگە ھەدىيە قىلدى. پادىشاھ مۇرۇڭ تاننى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ مىئەتۇغا 60 توپ رەڭدار تاۋار ـ دۇردۇن ئىنئام قىلىشنى بۇيرىدى. پادىشاھ شۇەنۋۇدى ㉙ مىئەتۇغا مۇنداق دېدى: «سىز ناھايىتى يىراق قۇملۇقنىڭ سىرتىدا ماكان تۇتۇپ تۇرغان بولسىڭىزمۇ، ئىناق ئۆتۈش سەممىيىتىڭىزنى كۆپ قېتىم ئىزھار قىلىپ، ساداقىتىڭىز ۋە ئىرادىڭىزنى ئىپادىلىدىڭىز. مەن بۇنىڭغا قايىللىقىم ۋە مەمنۇنلۇقىمنى بىلدۈرىمەن. جورجانلار، ئېفتالىتلار، تۇيغۇنلار ماڭىدىغان يول قوچۇدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، بۇ يەر قاتناش تۈگۈنى بولۇپ قالدى. ھازىر قوچۇ بىزگە بەيئەت قىلدى، ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنى قارشى ئېلىش ۋە يېتەكلەش كېرەك. ئەمما جورجانلار قاتناش يولىنى ئۈزۈۋېتىپ، بىزگە پايدىسىز ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى. بۇنداق چاكىنا ئادەملەرنىڭ چىشىمىز تېگىشىگە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. ئۇلار ئوردا ئەلچىلىرىنى توسۇۋالدى، بۇ خىل گۇناھنى ھەرگىز كەچۈرگىلى بولمايدۇ». مىئەتۇ ئۇزاق ئۆتمەي جورجان خانى فۇتۇ بىلەن باركۆلنىڭ شىمالىدا جەڭ قىلىپ، فۇتۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاچقا، غەربكە 300 نەچچە چاقىرىم قاچتى. فۇتۇ ئېۋىرغولنىڭ شىمالىدىكى تاغنى قوشۇن تۇرغۇزۇپ ساقلىدى. ئىلگىرى قوچۇ خانى چۈجيا مەكتۇپ يوللاپ سەددىچىننىڭ ئىچكىرىسىگە كۆچۈشنى تەلەپ قىلغانىدى، پادىشاھ شۇەنۋۇدى مىڭ ۋېينى ئۇنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى. مىڭ ۋېي ئېۋىرغولغا بارغاندا، جورجانلار ئۇنىڭ قوشۇنىنى كۆرۈپ، قورقۇپ قېچىپ كەتتى. مىئەتۇ جورجانلارنىڭ قورقۇپ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى قوغلاپ مەغلۇپ قىلدى. باركۆلنىڭ شىمالىدا فۇتۇنى



ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ چېچىنى كېسىپ مىڭ ۋېيگە ئەكېلىپ بەردى. يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ بەش تۇلپار، ئالتۇن، كۈمۈش، بۇلغۇن تېرىسى ۋە باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئوردىغا ھەدىيە قىلدى. پادىشاھ شۇەنۋۇدى دۇڭچېڭ ۋېكوندى يۇلياڭنى تەشەككۈر ئېيتىشقا ئەۋەتىپ، مىئەتۇغا چالغۇ ئەسۋابى، 80 سازەندە، ئون توپ قىزىل شايى، 60 توپ رەڭدار تاۋار ـ دۇردۇن ئىنئام قىلدى. مىئەتۇ موفوچۇفېن، ئويان چېخېجىننى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئوردىغا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئولپان تاپشۇردى.
ۋېي پادىشاھى شياۋمىڭدى زامانىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، مىئەتۇ بىلەن جورجان خانى چۇنۇ جەڭ قىلغان، جەڭدە مىئەتۇ مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن. چۇنۇ مىئەتۇنى ئاساۋ ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى جام قىلىۋالغان. مىئەتۇنىڭ قوۋمىدىكىلەر ئېفتالىت زېمىنىغا كەتكەن. نەچچە يىلدىن كېيىن ئېفتالىتلار مىئەتۇنىڭ ئىنىسى ئېلبەگنى ئېلىگە قايتۇرغان. ئېلبەگ ئېلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتكەن. پادىشاھ شياۋمىڭدى گۇكەي قاتارلىقلارنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ ئېلبەگنى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، شىخەي ۋىلايىتىنىڭ ئەل قۇرغۇچى گۇڭى، قاڭقىللارنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئېلبەگ يەنە جورجانلارنى مەغلۇپ قىلغان، جورجان خانى براھمان لياڭجۇغا قېچىپ بېرىپ بېقىنغانىدى.
جېڭگۇاڭ يىللىرى (مىلادىيە 520 — 524 ـ يىللار) ئېلبەگ ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى ۋە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قىزىل قۇش ㉚ سىزىلغان، ئادەم سۆرەيدىغان بىر ھارۋا، ھارۋا پەردىسى، ھارۋا سېلىنچىسى، ھارۋا قوشقۇنى، بىر كۇنلۇك، بىر يەلپۈگۈچ، بەش قارا رەڭلىك مەپە ياپقۇچ، بەش قىزىل سىرلانغان يەلپۈگۈچ، 10 بۇرغا ـ دۇمباق بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ بۇ نەرسىلەرنى بېرىشكە

قوشۇلدى. ئېلبەگ كېيىن جورجانلار بىلەن جەڭ قىلدى ھەم مەغلۇپ بولۇپ قايتتى. ئىنىسى يۈجۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى خان بولدى. تيەنپىڭ يىللىرى (مىلادىيە 534 — 537 ـ يىللار) جورجانلار يۈجۇنى مەغلۇپ قىلدى. ئېلبەگنىڭ ئوغلى بىش يۈجۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى خان بولدى. شىڭخې يىللىرى (مىلادىيە 539 — 542 ـ يىللار) بىشنى يەنە جورجانلار مەغلۇپ قىلدى، يۈجۇنىڭ ئوغلى چۇبىن جورجانلار زېمىنىدىن قېچىپ شەرقىي ۋېي سۇلالىسىگە بېقىندى. شېنۋۇدى يىراق جايلاردىن قوشۇن يىغماقچى بولغاچقا، پادىشاھقا چۇبىننى قاڭقىل بېگى، شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، شىجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلەشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي چۇبىن كېسەل بىلەن ئۆلدى.

ۋېي پادىشاھى داۋۇۋۇدى زامانىدا تۇتۇلىن قەبىلىسى نۇشۇي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقانىدى. ئۇلار جىرۇق قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشنا بولۇپ، ئىناق، دوستانە ئۆتەتتى، قارام ئەل بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايتتى. دېڭگو 3 ـ يىلى (مىلادىيە 388 ـ يىلى) پادىشاھ داۋۇۋۇدى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، رولوشۇي دەرياسىدىن ئۆتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىلىگە قاراپ ئاتلاندى. نۇشۇي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا بېرىپ، جىرۇق قەبىلىسىگە جازا يۈرۈشى قىلدى ۋە بۇ قەبىلىنى مەغلۇپ قىلدى. 2 ـ يىلى ئەتىيازدا، پادىشاھ بۇ قەبىلىنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى تالتۇكۇس بۇلىدى ۋە ئۇلارنى ھەيدەپ قايتىپ كەلدى.

يەنە بىر قوۋم خېتۇلىن قوۋمى㉛ بولۇپ، خېشى㉜ قوۋمى بىلەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا بىر قەبىلىگە تەئەللۇق بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئالدىغا ئاقساقىلى، سەردارى بار ئىدى. ئۇلار قوۋمىدىكىلەرنى يىغىپ، دائىم يىشىن تېغى بويلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى. دېڭگو 5 ـ يىلى (مىلادىيە 340 ـ يىلى) پادىشاھ داۋۇۋۇدى قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ئۇلارغا جازا



يۈرۈشى قىلدى. مۇرۇڭ لىن㉝ قوشۇننى باشلاپ ئۇلار بىلەن قوشۇلغاندا، داۋۇۋۇدى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىندى. خېتۇلىن قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ۋۇدىجان، خېشى قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى كۇخان قاتارلىقلار قوۋمىنى باشلاپ تەسلىم بولۇپ بەيئەت قىلدى. خۇاڭشى 2 ـ يىلى (مىلادىيە 397 ـ يىلى) پادىشاھ داۋۇۋۇدى جۇڭشەن ۋىلايىتىگە㉞ جازا يۈرۈشى قىلىپ، قوشۇنى بەيسىگە㉟ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇرۇڭ باۋ㊱ كەچقۇرۇن قارارگاھقا ھۇجۇم قىلغاندا، لەشكەرلىرى قورقۇپ كېتىپ ئۆز ئىلىگە قاچتى. ئۇلار بىڭجۇ ئايمىقىغا كەلگەندە، ئىسيان كۆتۈرۈپ جىنياڭغا ھۇجۇم قىلدى. بىڭجۇ ئايماقبېگى يۈەن يەن جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇلارنى جىمىقتۇردى. خېتۇلىن قوۋمىنىڭ سەردارى نىۋۇنى، خېشى قوۋمىنىڭ سەردارى چىنۇگېن قاتارلىقلار يەنە جىنياڭدىكى قالدۇق قوۋمىنى يىغىپ ئىسيان كۆتۈردى. نەنئەن گۇڭى يۈەنشۇن ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ، غەلىبە قىلالماي، نەچچە مىڭ ئادىمى ئۆلدى. پادىشاھ داۋۇۋۇدى بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ، يىراق جايلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن يۈيۈنى نىۋۇنى قاتارلىقلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى.

يەنە بىر قوۋم بولغان خۇلۇلىن قوۋمىنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بولۇپ، ئۇلار خەتەرلىك، مۇھىم جايلاردا مال ـ چارۋا باقاتتى. دېڭگو يىللىرىدا ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى چىبا كۇشۇي دەرياسى بويلىرىدا قاراقچىلىق قىلدى. دېڭگو 8 ـ يىلى (مىلادىيە 343 ـ يىلى) يازدا، پادىشاھ داۋۇۋۇدى ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ يەنە بىر سەردارى يەنگۇيان قاتارلىقلارنى تىرىك تۇتتى.

چىگەن قوۋمى ئۇچ قەلئە ئارىسىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ۋېي چېن يوقىتىلغاندىن كېيىن، بۇ قوۋمنىڭ سەردارى تەيشىفۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ چوڭ

قوشۇننى كۆرۈپ بەيئەت قىلدى، پادىشاھ داۋۇۋۇدى ئۇنىڭدىن هال سورىدى. داۋۇۋۇدى ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن ۋېي چىنىنىڭ ئوغلى چۇگەي چىگەن قوۋمىغا بېقىندى. داۋۇۋۇدى بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ تەيشىفۇغا چۇگەينى تۇتۇپ پايتەختكە ئەۋەتىپ بېرىشنى بۇيرىدى. تەيشىفۇ چۇگەينى چاقىرتىپ كېلىپ ئەلچىگە كۆرسەتتى ۋە: «هازىر ئۇنىڭ بارار يېرى قالمىغاچقا ماڭا بېقىندى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئۇنى پايتەختكە ئەۋەتمەيمەن» دېدى ۋە ئۇنى ئەۋەتىپ بەرمىدى. پادىشاھ داۋۇۋۇدى بۇنىڭدىن غەزەپكە كېلىپ، ئۆزى بېرىپ ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلدى. بۇ چاغدا تەيشىفۇ قوشۇن باشلاپ ساۋفۇيىنگە زەربە بېرىشكە ئاتلانغانىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قوشۇنى ئۇنىڭ زېمىنى بوش قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ شەھىرىدىكى پۇقرالارنى قىردى. تەيشىفۇنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ، ئۇنچە - مەرۋايىتلىرىنى ئولجا ئالدى ۋە ئادەملىرىنى كۆچۈرۈپ قايتىپ كەلدى. تەيشىفۇ ياردەمگە كەلگەن بولسىمۇ كېچىكىپ قالغاچقا، ياۋشىڭغا بېقىندى. ئۇزاق ئۆتمەي تاغنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتتى. شاڭجۇن ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىكى سىيانپىلار، شالغۇت غوزلار ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. تيەنشى 5 - يىلى (مىلادىيە 408 - يىلى) چۇگەي ئۇلارنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويغاچقا، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. تۇڭۋەن شەھىرى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، چىگەن قوۋمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ۋېي سۇلالىسىنىڭ نوپۇس رويخېتىگە كىرگۈزۈلدى.

چيەنتۇن تېغى سىيانپىلىرىغا تەۋە يەنە بىر قوۋم — پودولان قوۋمى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مۇشۇ قەبىلىگە باشچىلىق قىلىپ كەلگەنىدى. مۇيىگان دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ كۈچتۈڭگۈر، چەبدەس، قامەتلىك، باتۇر كىشى بولغاچقا، ئەتراپتىكىلەرنى بۇلاپ، غەربتە جىنچېڭغا بېسىپ كىردى، شەرقتە ئەندىڭغا ھۇجۇم



قىلدى. بىر نەچچە يىلدا ئۇ جايلاردىكى قوۋملارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدى. تيەنشىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 401 - يىلى) چاڭشەن بېگى تۇغبات زۇن گاۋپىڭغا — ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىلدى. مۇيىگان نەچچە مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، ئەلنى تاشلاپ قاچتى. ۋېي سۇلالىسى ئۇلارنىڭ قوۋمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى پايتەختكە كۆچۈردى. باشقا قوۋمىدىكىلەر ھەر قايسى جايلارغا تاراپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قولان چۇگەي تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

ئۇلاردىن يەنە چۇفۇ، سۇگۇيان قاتارلىق قوۋملار بولۇپ، باياشات ياشىغاچقا، ۋېي سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلماي كەلگەنىدى. تيەنشىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 402 - يىلى) مەشقاۋۇل سانغۇنخې تۇ 6000 چەۋەندازنى باشلاپ ئۇلارغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى ئەسىر ئالدى.

ئۇلاردىن باشقا يەنە يۆچىنبىننى قوۋمى بار ئىدى. تيەنشىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 402 - يىلى) ئۇلار باتا تېغىنىڭ غەربىگە كۆچۈپ مال - چارۋا باقتى. 7 - ئايدا، شى جىن ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىلدى ھەمدە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، كۆچۈرۈۋېتىپ قايتىپ كەلدى.

مۇئەررىختىن: جۇ خانلىقى دەۋرىدىكى شيەنيۈنلەر ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھونلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە زىيان يەتكۈزگەنلىكىگە دەرۋەقە ئۇزاق ۋاقىت بولدى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە تۈرلۈك قوۋملار بۆلۈنۈپ، قۇملۇقنىڭ ياقىلىرىغا كېلىپ - كېتىپ، چېگرا رايونلارغا كۆز تىكىپ كەلدى. شۇ ئارىلىقتا پاراكەندىچىلىك سالغانلار ياكى شەرقىي غوزلارنىڭ نەسلىدىن بولغانلار، ياكى باتۇر تەگرىقۇتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغانلار ئىدى. جورجانلار ھونلارنىڭ ئەۋلادى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەسلى زاتى ئېنىق ئايدىڭلاشمىدى. ئۇلارنىڭ تەققى - تۇرقى، ئۆزگەرگەن، ئۆزىگە قەبىھ قىلىقلارنى

مۇجەسسەملەشتۈرۈپ كىچىكلىكتىن زورايغان. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى تېز، تۇيۇقسىز كېلىپ، تۇيۇقسىز كېتىدۇ. ئۇلار دەي پايتەختنى كۆپ قېتىم ساراسىمگە سالغان، شۇ ۋەجىدىن ئۇرۇش تۈگىمىگەن. شۇڭا ۋېي سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتلىرى سەلتەنىتى ۋە ھەربىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، يا ئۇلارنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى ھەيدەپ چىقارغان، يا قەبىلىلىرىنى قوشۇۋېلىپ ئادەملىرىنى چۆل ـ جەزىرىلەردە ئۆلتۈرگەن ياكى ئادەمسىز جايلارغا قوغلىۋەتكەن. ئۇرۇشنى خالىمىغان بولساق، ئۇلار زوراۋانلىقنى تاشلارمىدى؟ ئىش ئادەمنىڭ رايىغا باقمايدۇ، كېسەلنى تېز داۋالاش ئۈچۈن مەرەزنى يوقىتىشقا توغرا كېلىدۇ. مەككار دى قوۋملىرىنىڭ قۇدرەت تېپىش ـ زەئىپلىشىش سەۋەبى، قۇۋ باسقۇنچى قوۋملارنىڭ ئىتتائەت قىلىش ـ يۈز ئۆرۈش جەريانى بۇ تەزكىرىگە پۈتۈلدى.

---

① پادىشاھ شېنيۈەن ( 神元 ) — توغباتلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسمى توغبات لىۋېي. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا پادىشاھ دەپ نام بېرىلگەن.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 2 — 3 ـ بەتلەر)

② جىن پادىشاھى مۇدى ( 晋穆帝 ) — ئىسمى سىما رەن، ئىككى ياشتا تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. 17 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ ئۆلگەن.
( «جىننامە. پادىشاھ مۇدى ھەققىدە خاتىرە» دىن)

③ ۋېي زېېن ( 卫辰 ) — جىن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى.
(مۇھەررىردىن)

④ جوشيې تېغى ( 涿邪山 ) — ئوربنى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي قىسمىدا.
( «جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 821 ـ بەت)



⑤ خېلۇڭ ( 和龙 ) — قەدىمكى شەھەر. شىمالىي يەن خانلىقىنىڭ پايتەختى. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى جاۋياڭ ناھىيىسىدە.
(مۇھەررىردىن)

⑥ دۇشيەن ( 窦宪 ) — شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدار، خەن پادىشاھى پىڭدىنىڭ ئانىسى دۇ خانىشنىڭ ئىنىسى. ئۇلۇغ سانغۇن بولۇپ ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان.
( «كېيىنكى خەننامە. دۇرۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

⑦ جۈنجى تېغى ( 浚稽山 ) — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى گوبى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 959 ـ بەت)

⑧ تۇتۇي تېغى ( 吐颓山 ) — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى پىڭلۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
( «جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 296 ـ بەت)

⑨لۇخۇن جىلغىسى ( 鹿浑谷 ) — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خارخېلىن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 ـ كىتاب، 54 ـ بەت)

⑩ گۇاڭزې سازلىقى ( 广泽 ) — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى چېچېرلېگنىڭ شىمالىدا.
( «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 4 ـ كىتاب، 54 ـ بەت)

⑪ موفو ( 莫何 ) — قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەنسەپ نامى. جورجانلار، قاڭقىللار، ئوغانلار، شىرۋىلار، قىتانلار، تۈركلەردە بۇ مەنسەپ تەسىس قىلىنغان.
( «مىللەتلەر لۇغىتى»، 899 — 900 ـ بەتلەر)

⑫ موفوچۇفېن ( 莫何去汾 ) — 11 ـ ئىزاھتىكى «موفو» بىلەن ئوخشاش مەنىدە.
(مۇھەررىردىن)

⑬ خېشى ۋۇلىيۇبا ( 纥奚勿六跋 ) — ئادەم ئىسمى. ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋۇلىيۇبا بولۇپ، «خېشى» ئۇنىڭ قەبىلىسىنى بىلدۈرىدۇ. «خېشى» سىيانپىيلارغا مەنسۇپ قەدىمكى قەبىلە. مىلادىيە 390 ـ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان.
(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 496 ـ بەت)

⑭ شادغۇن ( 是豆浑 ) — جورجانلار داخاننى «شادغۇن» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، شادغۇنلار كۆپىنچە ئايالLاردىن بولغان، تېۋىپلىكمۇ قىلغان. كېيىن ئۇلار «شادغۇن» نى ئۆزلىرىنىڭ فامىلىسى قىلىۋالغان.
(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 791 ـ بەت)

⑮ ئېلتەبىر ( 俟力发 ) — ئەمەل نامى. جورجان، تېلى، تۈرك، ئۇيغۇرلاردا تەسىس قىلىنغان. خان جەمەتىدىكىلەرگە بېرىلىدىغان مەنسەپ بولۇپ، بىرەر جاينىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان. كېيىن بەزىلەر بۇ مەنسەپ نامىنى فامىلە قىلغان.
(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 820 ـ بەت)

⑯ قارا دىۋاندىكى پۈتۈكچى بەگ ( 中书舍人 ) — پادىشاھنىڭ يارلىقىنى ئوقۇپ يەتكۈزىدىغان ئەمەلدار.
(بىر تومluq «سىخەي»، 322 ـ بەت)

⑰ دادخاھ ۋەزىر ( 廷尉 ) — ئەدلىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 497 ـ بەت)

⑱ ۋەيىس ( 尚书行台 ) — دىۋان ۋازارىتى جايلارغا ئەۋەتكەن ئەمەلدار.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1116 ـ بەت)



⑲ قىران چەۋەندازلار ئۇلۇغ سانغۇنى ( 骠骑大将军 ) — بۈيۈك سانغۇن بىلەن باراۋەر.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1145 ـ بەت)

⑳ خەنگو قوۋۇقى ( 函谷关 ) — ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شىنئەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«خەننامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىن)

㉑ يىشۈي دەرياسى ( 易水 ) — ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1390 ـ بەت)

㉒ گاۋ بېگى، يەنى شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ ئاتا پادىشاھى شېنۇۋدى گاۋخۇەن. ئەينى ۋاقىتتا گاۋخۇەن شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى ئىدى.
(مۇھەررىردىن)

㉓ خېيتا ( 黑獭 ) — جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاتا پادىشاھى ۋېندىنىڭ تەخەللۇسى. ئەينى ۋاقىتتا جۇۋېندى غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ گۇەنشى ئۇلۇغ تۇتۇقى ئىدى.
(مۇھەررىردىن)

㉔ تۇدۇفا ( 吐豆发 ) — قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەردە تەسىس قىلىنغان ئەمەل. دەسلەپتە جورجانلاردا بارلىققا كەلگەن، كېيىن تۈركلەردىمۇ مۇشۇ ئەمەل بولغان.
(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 417 ـ بەت)

㉕ چەلموفو ( 俟利莫何 ) — قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەردە تەسىس قىلىنغان ئەمەل. ئورنى ئېلتەبىر ۋە تۇدۇفادىن تۆۋەن، جورجان ۋە قاڭقىللارنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان. دائىم ئەلچىلىك قىلغان.

(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 820 ـ بەت)

㉖ لۇفەن ( 楼烦 ) — قەدىمكى قوۋۇق. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى نىڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1318 ـ بەت)

㉗ جىنچۇەن ( 金川 ) — قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى ئەنكاڭ ناھىيىسىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1690 ـ بەت)

㉘ رولوشۈي دەرياسى ( 弱洛水 ) — يەنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى غەربىي راملون دەرياسى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1092 ـ بەت)

㉙ پادىشاھ شۈەنۋۇدى ( 宣武帝 ) — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد پادىشاھى يۈەن كېنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندى يۈەن خوڭنىڭ 2 ـ ئوغلى ئىدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 131 — 143 ـ بەتلەر)

㉚ قىزىل قۇش ( 朱雀 ) — قەدىمكى زاماندا مۇنەججىملەر ئاسماندىكى 28 يۇلتۇزنى جايلاشقان ئورنى بويىچە تۆت گۇرۇھقا بۆلگەن بولۇپ، جەنۇب تەرەپتىكى بىر گۇرۇھقا تەۋە يەتتە يۇلتۇزنىڭ ئورۇنلىشىش شەكلى قۇشقا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى «قىزىل قۇش» دەپ ئاتىغان. شۇ سەۋەبتىن ھەربىي يۈرۈشتە ئالدىدا ماڭغانلار قىزىل قۇش سىزىلغان بايراقنى كۆتۈرگەن.

(بىر توملۇق «سىيۈەن»، 815 ـ بەت)

㉛ خېتۇلىن قوۋمى ( 纥突邻部 ) — سىيانپىيلارنىڭ بىر تارمىقى. يىشىن تېغى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى غەربىي راملون دەرياسىنىڭ شىمالىدا) دا ياشىغان. مىلادىيە 396 ـ يىلى، توغبات گۈي ئۇلارنى بەيئەت قىلدۇرغان. مىلادىيە 397 ـ يىلى، ئۇلار شىمالىي



ۋېي سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي مەغلۇپ بولۇپ، بىر قىسمى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان، يەنە بىر قىسمى جورجانلارغا قوشۇلغان.

(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 496 ـ بەت)

㉜ خېشى قوۋمى ( 纥奚部 ) — سىيانپىيلارنىڭ بىر تارمىقى. خېتۇلىن قوۋمى بىلەن بىر يەردە ياشىغان.

(«مىللەتلەر لۇغىتى»، 496 ـ بەت)

㉝ مۇرۇڭ لىن ( 慕容磷 ) — ئالدىنقى يەن خانلىقىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد خانى.

(«جىننامە. مۇرۇڭ لىننىڭ تەرجىمىھالى» دىن)

㉞ جۇڭشەن ۋىلايىتى ( 中山郡 ) — دائىرىسى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى لاڭيا تېغىنىڭ جەنۇبى، باۋدىڭ شەھىرىنىڭ غەربى، تاڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقى، خۇتو دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1406 ـ بەت)

㉟ بەيىسى ( 柏肆 ) — يەر نامى. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى گاۋچېڭ ناھىيىسىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 629 ـ بەت)

㊱ مۇرۇڭ باۋ ( 慕容宝 ) — كېيىنكى يەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خانى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 3207 ـ بەت)

## شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 99 ـ جىلد

# تۇركلەر، تېلىلار تەزكىرىسى

تۇركلەرنىڭ ئەجدادلىرى غەربىي دېڭىزنىڭ غەرب تەرىپىدە ماكانلىشىپ، ئۆز ئالدىغا قەبىلە بولۇپ ياشىغان. ئۇلار هونلارنىڭ بىر قوۋمى بولۇپ، ئۇرۇقىنىڭ فامىلىسى ئاشىنا. كېيىن ئۇلار قوشنا ئەل تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، قوۋمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يوقىتىلىپتۇ. ئۇلاردىن ئون ياشلىق بىر ئوغۇلنى ياۋ لەشكەرلىرى كىچىك كۆرۈپ، ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قولى بارماي پۇت ـ قوللىرىنى كېسىۋېتىپ، ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن سازلىققا تاشلىۋېتىپتۇ. بىر چىشى بۆرە ئۇنى گۆش بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ چوڭ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ھامىلىدار بولۇپتۇ. كېيىن قوشنا ئەلنىڭ خانى ئۇ ئوغۇلنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇپتۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بارغانلار ئۇنىڭ يېنىدا بىر بۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۆرىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇپتۇ. شۇ چاغدا ئەۋلىياغا ئوخشاش بىر مەخلۇق بۆرىنى غەربىي دېڭىزنىڭ شەرق تەرىپىگە، قوچۇ ئېلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغقا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. بۇ تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر غار بولۇپ، غار ئىچىدە بىر تۈزلەڭلىك بار ئىكەن. ئۇ يەردە بولۇق ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر بولۇپ، كەڭلىكى نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان بۇ يەرنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغانىكەن. بۆرە شۇ يەرگە يوشۇرۇنۇپ ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلار چوڭ بولۇپ، ئۆيلىنىپ ئاۋۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى بولۇپ، ئاشىنا ئۇلارنىڭ



بىرى ئىكەن. ئاشىنا ھەممىدىن قابىلىيەتلىك بولغاچقا، سەردار بولۇپتۇ. ئۇلار ئەسلىنى ئۇنۇتماسلىق ئۈچۈن، چېدىرگاھ ئالدىغا بۆرە بېشى سۈرەتلىك بايراق تىكلەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپىيىپ نەچچە يۈز تۈتۈنگە يېتىپتۇ. نەچچە دەۋر ئۆتۈپ ئاقىن شاد زامانىغا كەلگەندە، ئۇ قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ غاردىن چىقىپ جورجانلارغا بېقىنىپتۇ. بۈيۈك يابغۇ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ قوۋمى تەدرىجىي قۇدرەت تېپىپتۇ. ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئۇلارنىڭ ئىل قاغانى لەشكەرلىرىنى باشلاپ تېلىلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپتۇ. تېلىلاردىن 50 مىڭ تۈتۈندىن كۆپرەك ئادەم ئەل بولۇپتۇ. ئىل قاغان جورجانلارغا قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن ئاناغاي غەزەپكە كېلىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ئىل قاغاننى تىللاپتۇ. ئىل قاغان جورجان ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قوۋمىنى باشلاپ جورجانلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپتۇ ۋە ئۇلارنى تار ـ مار كەلتۈرۈپتۇ. ئىل قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى ئىل ئىشىگ قاغان تەخت ۋارىسى بولدى. ئۇمۇ جورجانلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئىل ئىشىگ قاغان كېسەل بىلەن ئۆلگەندە، ئوغلى ساتۇق ۋارىسلىقتىن قالدۇرۇلۇپ، ئىنىسى ئېرشۇ تەخت ۋارىسى بولۇپ، ئۆزىنى مۇقان قاغان دەپ ئاتىدى.

بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، تۇركلەر ئەسلىدە پىڭلياڭلىق شالغۇت غۇزلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىنىڭ نامى ئاشىنا ئىكەن. ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى تەيۇۋدى جۈرچى جەمەتىنى يوقاتقاندا، ئاشىنا ئۇرۇقىدىكى 500 تۈتۈن جورجانلارغا بېقىنغان. ئۇلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە ياشاپ، جورجانلارغا تۆمۈرچى بولغان. ئالتۇنتاغنىڭ شەكلى لەشكەرلەر بېشىغا كىيىدىغان دۇبۇلغا (تۇركە) غا ئوخشىغاچقا، ئۇلارنىڭ نامىمۇ ئاشۇ نام بىلەن «تۇرك» دەپ ئاتالغان.

يەنە بەزى رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ساك ئېلىدىن بولۇپ، ئۇ ئەل ھونلارنىڭ شىمالىغا جايلاشقانىكەن. ئۇلارنىڭ سەردارى ئاپامبەگ 70 ئاكا ـ ئۇكا ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى بۆرىدىن تۇغۇلغان بولۇپ، ئىسمى ئىگىل نىشاچۇر ئىكەن. ئاپامبەگ قاتارلىقلار ئەسلىدىنلا دۆت ـ گالۋاڭ بولغاچقا، ئېلى يوقىتىلىپتۇ. ئىگىل نىشاچۇردا باشقىچە خاسىيەت بولۇپ، ئۇ مۇشۇ خاسىيىتىگە ئاساسەن بوران ـ يامغۇرنى ئالدىن پەرەز قىلالايدىكەن. ئۇ ئىككى خوتۇن ئېلىپتۇ، ئۇلار ياز ئىلاھىنىڭ قىزى بىلەن قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەن. خوتۇنى بىر قېتىمدا تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭ بىرى ئاق ھاڭگىرتقا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ؛ يەنە بىرى ئاباقان دەرياسى① بىلەن كېم دەرياسىنىڭ② ئارىلىقىدا دۆلەت قۇرۇپ، نامىنى چىگىل دەپ ئاتاپتۇ؛ يەنە بىرى چىۋاكېم دەرياسىنىڭ بويىدا دۆلەت قۇرۇپتۇ؛ يەنە بىرى چىۋاكېمىش تېغىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ ئوغۇللارنىڭ چوڭى ئىكەن. تاغ ئارىسىدا ئاپامبەگ ئۇرۇقىدىكىلەرمۇ بولۇپ، سوغۇق تۇمان ـ تۇتەك بار ئىكەن. چوڭ ئوغۇل ئوت ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسسىتىپتۇ ۋە بېقىپتۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى سوغۇقتىن ئامان ـ ئېسەن ساقلاپتۇ. ئۇلار چوڭ ئوغۇلنى ئۆزلىرىگە خان قىلىپ، ئۇنىڭغا «تۈرك» دەپ نام بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ناردولا شاد بولۇپ، 10 خوتۇن ئېلىپتۇ. تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ھەممىسى ئانىسىنىڭ ئۇرۇقىنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپتۇ. ئاشىنا ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بالا ئىكەن. ناردولا شاد ئۆلگەندىن كېيىن 10 خوتۇندىن تۇغۇلغان بالىلار ئۆزلىرىدىن خان تاللىماقچى بولۇپتۇ. ئۇلار چوڭ دەرەخ ئاستىغا يىغىلىپ: «كىم دەرەخكە ئېسىلىپ سەكرىيەلىسە، شۇنى كۆرسىتەيلى» دەپ كېلىشىپتۇ. ئاشىنا ئىسىملىك ئوغۇل يېشى كىچىك بولسىمۇ، ھەممىدىن ئېگىز سەكرەپتۇ. شۇڭا بارلىق ئوغۇللار ئۇنى خان قىلىپ، «ئاكىن



شاد» دەپ ئاتاپتۇ.

يۇقىرىقى رىۋايەتلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە تۈركلەر بۆرىنىڭ ئەۋلادى دېيىلگەن. ئۇلارنىڭ كېيىنكى سەردارىنىڭ نامى تۇمەن بولۇپ، بۇ دەۋردە ئۇنىڭ قەبىلىسى بارا ـ بارا كۈچەيدى. ئۇلار چېگرا ـ قورغانلارغا تاۋار ـ دۇردۇن سېتىۋېلىشقا كېلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داتۇڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 545 ـ يىلى) جۇۋېندى جيۇچۈەنلىك غۇزلاردىن ئاننۇ پانتونى تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. تۈرك ئېلىدىكىلەر خۇشاللىق بىلەن: «چوڭ دۆلەتنىڭ ئەلچىسى كېلىپتۇ، ئېلىمىز ئەمدى كۈچىيىدىغان بولدى» دېيىشتى. داتۇڭ 12 ـ يىلى تۇمەن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوردىغا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ھەدىيە قىلدى. شۇ چاغدا تېلىلار جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولۇۋاتاتتى. تۇمەن قوۋمىنى باشلاپ بۆكتۈرمىدە تۇرۇپ تېلىلارغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. تېلىلارنىڭ 50 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادىمى ئەل بولدى. تۇمەن ئۆزىنى كۈچلۈك دەپ قاراپ، جورجانلارغا قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويدى. ئاناغاي بۇ تەلەپتىن غەزەپكە كېلىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ تۈركلەرنى: «سەنلەر مېنىڭ تۆمۈرچى قۇللىرىم تۇرۇپ، ئۇنداق تەلەپلەرنى قويۇشقا قانداق پېتىنىشتىڭ!» دەپ تىللىدى. بۇ گەپتىن تۇمەنمۇ غەزەپلەندى. ئۇ جورجان ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزدى ھەمدە ۋېي سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. جۇۋېندى بۇ تەلەپكە قوشۇلدى. داتۇڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 551 ـ يىلى) ۋېي سۇلالىسى چاڭلې مەلىكىنى تۇمەنگە ياتلىق قىلدى. شۇ يىلى ۋېي پادىشاھى ۋېندى ئۆلدى. تۇمەن ماتەم بىلدۈرۈشكە ئەلچى ئەۋەتىپ، 200 ئات تەقدىم قىلدى. فېيدىنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 552 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، تۇمەن قوشۇن

ئەۋەتىپ جورجانلارغا زەربە بېرىپ، خوەيخۇاڭنىڭ شىمالىدا جورجانلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئاناغاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ ئوغلى يانلۇغچىن چى سۇلالىسىگە قاچتى، قېپقالغانلىرى يەنە ئاناغاينىڭ تاغىسى دېڭشۇزىنى خان قىلدى. تۇمەن ئۆزىنى ئىل قاغان دەپ ئاتاپ، قەدىمكى تەڭرىقۇتلارغا ئوخشاتتى. خوتۇنىنى قاتۇن دەپ ئاتاپ، قەدىمكى ئالچىغا ئوخشاتتى. چى سۇلالىسى بىلەنمۇ ئەلچى ئەۋەتىشىپ باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇردى.

تۇمەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى قالا تەخت ۋارىسى بولدى. قالا ئىل ئىشىگ قاغان دەپ ئاتالدى. ئۇ ۋويېدىكى لەيشەن تېغىدا دېڭشۇزىنى مەغلۇپ قىلدى. قالا ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى تەخت ۋارىسى ۋەلىئەھد قىلماي، ئىنىسى ئىركىن تەخت ۋارىسى بولدى، مانا بۇ مۇقان قاغاندۇر.

ئىركىننىڭ يەنە بىر ئىسمى ئىلۇران بەگ بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى باشقىلارغا ئوخشىمايتتى. يۈزى بىر چىدىن كەڭ، قىپقىزىل، كۆزلىرى كۆپكۆك بولۇپ، سۇباتلىق، تاش يۈرەك، باتۇر، ئەقىللىق كىشى ئىدى. ئۇرۇشقا ئىنتايىن ھېرىس ئىدى. ئۇ قوشۇن باشلاپ دېڭشۇزىغا زەربە بېرىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. دېڭشۇزى قېپقالغان ئادەملىرىنى ئېلىپ غەربىي ۋېي سۇلالىسىگە بېقىندى. ئىركىن يەنە غەربتە ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلدى؛ شەرقتە قىتانلارغا زەربە بېرىپ ئۇلارنى قوغلىۋەتتى، شىمالدا چىگىللارنى قوشۇۋالدى. چېگرا قورغانلىرىنىڭ سىرتىدىكى ئەللەر ئۇنىڭ قۇدرىتىدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە لياۋخەي دېڭىزىنىڭ غەربىدىن غەربىي دېڭىزغىچە 10 مىڭ چاقىرىم، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن شىمالىي دېڭىزغىچە 5000 ـ 6000 چاقىرىم كېڭەيدى. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى بىلەن قارشىلاشتى. كېيىن ۋېي سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە چى سۇلالىسىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ،



بېكجۇ ئايمىقىغا باردى.

تۈركلەرنىڭ ئادىتىدە چېچىنى ئۇزۇن قويۇپ ئۆستۈرۈۋېتىدۇ، چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى سول ياندىن ئېتىدۇ، كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، سۇ ـ ئوتلاق بويلاپ كۆچىدۇ. چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق قىلىدۇ، گۆش يەپ، قىمىز ئىچىدۇ، تېرە جۇۋا ۋە كەندىر يىپىدىن توقۇلغان كاناپ ئىشتان كىيىدۇ. قېرىلارغا سەل قاراپ، قاۋۇل ياشلارنى قەدىرلەيدۇ. ئار ـ نومۇسقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. قائىدە ـ يوسۇنى يوق بولۇپ، ھونلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ خانى تەختكە چىققاندا مەھرەملىرى ۋە ئەمەلدارلىرى ئۇنى كىگىزگە سېلىپ كۆتۈرۈپ، كۈنگە قاراپ توققۇز قېتىم ئايلاندۇرىدۇ. ھەر قېتىمدا خاننىڭ قول ئاستىدىكىلەر بىر قېتىم تازىم قىلىدۇ. تازىم قىلىش ئاياقلاشقاندا خان ئۇلارغا ئۆزىنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرۈپ قويۇش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خاننىڭ بوينىنى شايى بىلەن چىڭگىپ قاتتىق بىر سىقىپ يېشىۋېتىدۇ، ۋە «سىز قانچە يىل قاغان بولالايسىز؟» دەپ سورايدۇ. خان ھوشىغا پۈتۈنلەي كەلمىگەچكە، سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيدۇ. قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ خان بولالايدىغان ۋاقتىنى بېكىتىپ قويۇشىدۇ. تۈركلەردە يابغۇ، ئۇنىڭدىن قالسا شاد، تېكىن، ئېلتەبىر، تۇتۇنبەگ قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار بولۇپ، ئادەتتە 28 دەرىجىدىكى ئەمەلدار بار. ئۇلارنىڭ مەنسىپى مىراس قالىدۇ. سۆڭەك ئوقيا، ئاۋازلىق ئوقيا، ساۋۇت، نەيزە، قىلىچ، خەنجەر قاتارلىق قورال ـ ياراقلىرى بار. بۇددا مۇنارىدەك زىننەت بۇيۇمى ئېسىۋالىدۇ. تۇغلىرىدا ھەل بېرىلگەن بۆرە بېشى بار. ياساۋۇل «بۆرە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېھتىمال ئەتىمالىم ئۆزلىرىنىڭ بۆرىدىن تۇغۇلغانلىقىنى، نەسلىنى ئۇنۇتماسلىق يۈزىسىدىن بولسا كېرەك. تۈركلەر ئات مىنىشكە، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، تەبىئىتى

قەبىھە، يېزىقى يوق. ئۇلار لەشكەرلەرنى يۆتكىگەندە، تۈرلۈك باج ـ سېلىق يىغقاندا، چارۋىلارنىڭ سانىنى ئالغاندا، ياغاچقا ئويۇپ خاتىرىلەيدۇ. ئالتۇن تىغلىق ئوقنى شام بىلەن پېچەتلەپ، ئۇنى ئىسپات قىلىدۇ. ئاينىڭ تولغان چېغىدا بۇلاڭچىلىقنى باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ جازا قانۇنى مۇنداق: ئاسىيلىق قىلغانلار، قاتىللار، باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلار، ئاتنىڭ چېتىقىنى ئوغرىلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. پاھىشەنىڭ تاناسىل ئەزاسىنى كېسىپ بېلىدىن چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. باشقىلارنىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلار نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك تۆلىتىپ، ئۇ قىزنى شۇنىڭغا ياتلىق قىلىدۇ؛ سوقۇشۇپ باشقىلارنى زەخىملەندۈرگەنلەردىن قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە ئاساسەن مال ـ مۈلۈك تۆلىتىلىدۇ. باشقىلارنىڭ كۆزىنى زەخىملەندۈرگۈچى قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ، قىزى بولمىسا قىز تويلۇقى نەرقىدە بايلىق تۆلەيدۇ. باشقىلارنىڭ پۇت ـ قولىنى زەخىملەندۈرگۈچى ئات بېرىدۇ. ئات ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئوغرىلىغانلار ئوغرىلىغان نەرسىسىنىڭ نەرقىدىن 10 ھەسسە كۆپ بايلىق تۆلەيدۇ. ئادەم ئۆلسە جەسەتنى كىگىز ئۆي ئىچىگە قويىدۇ، بالا ـ چاقىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئەر ـ ئايال دېمەي ئۆز ئالدىغا قوي، ئات ئۆلتۈرۈپ، كىگىز ئۆي ئالدىدا نەزىر ـ چىراق قىلىدۇ. ئات مىنىپ كىگىز ئۆينى يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ. كىگىز ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە يۈزىنى تىلىپ قان چىقىرىپ يىغلايدۇ. قان ۋە ياش يۈزىدىن ئېقىپ چۈشىدۇ، مۇشۇنداق يىغلاشنى يەتتە قېتىم داۋاملاشتۇرىدۇ. مۇۋاپىق كۈننى تاللاپ ئۆلگۈچى مىنگەن ئات ۋە كىيگەن كىيىم ـ كېچەكلەرنى جەسەت بىلەن بىللە كۆيدۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈلىنى يىغىپ بەلگىلەنگەن كۈن كەلگەندە ئاندىن كۆمىدۇ. ئەتىياز ۋە يازدا ئۆلگەنلەرنى ئوت ـ چۆپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ يەرگە چۈشكەن چاغدا، كۈز ۋە



قىشتا ئۆلگەنلەرنى گۈللەر ئېچىلغان چاغدا ئاندىن گۆر كولاپ سۇپا ياساپ دەپنە قىلىدۇ. دەپنە قىلىنغان كۈنى ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قوي، ئات ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىدۇ. سۈپىنى ئاتلىق ئايلىنىدۇ. ئۆلگۈچى يېڭىلا ئۆلگەن چاغدىكىگە ئوخشاش يۈزىنى تىلىپ قان چىقىرىدۇ. بەلگە ئۈچۈن قەبرە قىلىپ ئۆي سالىدۇ. ئۆي ئىچىگە ئۆلگۈچىنىڭ رەسىمى ۋە ئۇ ھايات چاغدا قىلغان جەڭلىرىگە دائىر رەسىملەر سىزىلىدۇ. ئۆلگۈچى بىر ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، بىر تاش تىكلىنىدۇ. بەزىلەر ئۈچۈن تىكلەنگەن تاش يۈزگە ياكى مىڭغا يېتىدۇ. يەنە نەزىرگە ئۆلتۈرۈلگەن قوي، ئاتلارنىڭ بېشى بەلگە قىلىپ ئېسىپ قويۇلىدۇ. شۇ كۈنى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئېسىل كىيىنىپ، ئۆلگۈچى دەپنە قىلىنغان يەرگە يىغىلىدۇ. يىگىت بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا، قايتىپ بېرىپلا ئادەم ئەۋەتىپ سوۋغا يوللاپ تويلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كۆپىنچە رەت قىلمايدۇ. ئاتىسى، ئاكىسى، تاغىسى ئۆلسە، ئوغلى، ئىنىسى، جىيەنى قاتارلىقلار ئۆگەي ئانىسى، تاغىسىنىڭ ئايالى، يەڭگىسىگە ئۆيلىنىدۇ. چوڭلار كىچىكلەرنى خوتۇن قىلىشقا بولمايدۇ. تۈركلەر دائىم كۆچۈپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا زېمىن دائىرىسى بار. قاغان دائىم ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرىدۇ. قارارگاھىنىڭ ئىشىكى شەرققە قارايدۇ، بۇمۇ قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلىدىغانلىقىغا چوقۇنۇشتىن بولسا كېرەك. قاغان ھەر يىلى بارلىق ئاقسۆڭەكلەرنى باشلاپ ئاتا ـ بوۋىلىرى تۇرغان جايدا نەزىر ـ چىراق قىلىدۇ. يەنە 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشقا كىشىلەرنى يىغىپ سۇ ئارقىلىق تەڭرىگە تېۋىنىدۇ. ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىدىن 500 چاقىرىم يىراقلىقتا چوخچىيىپ تۇرغان ئېگىز تاغ بولۇپ، ئۇ تاغنىڭ ئۈستىدە ئوت ـ چۆپ ۋە دەرەخ يوق، ئۇلار ئۇنى «بودنىمىش» (بوغدا تەڭرى) دەپ ئاتايدۇ. بۇ خەنزۇچە «يەر ئىلاھى» دېگەن مەنىدە.

تۈركلەرنىڭ خەت يېزىش ئۇسۇلى غوزلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئەمما تەقۋىم بىلمەيدۇ. يىللارنى ئوت - چۆپلەرنىڭ كۆكىرىشىگە قاراپ ھېسابلايدۇ. ئەرلىرى قىمارغا ھېرىسمەن، ئاياللىرى پوكزەك تېپىشكە ئامراق. ئۇلار مەس بولغىچە قىمىز ئىچىدۇ، ئاندىن جۇپ بولۇپ بېيىت ئېيتىشىدۇ. جىن - شاياتۇنلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ، باخشىلارغا ئىشىنىدۇ. جەڭدە ئۆلۈشنى شەرەپ، كېسەل بىلەن ئۆلۈشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتى ھونلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئېركىن قوۋمى كۈچەيگەندىن كېيىن، ئەلچى ئەۋەتىپ دېڭشۇزىغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. جۇۋبەندى بۇ تەلەپكە قوشۇلۇپ، دېڭشۇزى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 3000 ئادەمنى قولغا ئېلىپ، ئېركىننىڭ ئەلچىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. دېڭشۇزى قاتارلىقلار چىڭمېن قوۋۇقى سىرتىدا قەتلى قىلىندى. 3 - يىلى، ئېركىن تۇيغۇنلارغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. جۇ پادىشاھى مىڭدىنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 560 - يىلى) ئېركىن ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. باۋدىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 561 - يىلى) يەنە ئۈچ تۈركۈم ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ھەدىيە قىلدى. شۇ چاغدا، شىمالىي جۇ سۇلالىسى بىلەن چى سۇلالىسى توقۇنۇشۇپ قالغاچقا، ھەر يىلى ئۇرۇش قىلىشتى. شۇڭا ئۇلار تۈركلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇلاردىن تاشقى ياردەم ئالماقچى بولدى. بۇ غەربىي ۋېي پادىشاھى گوڭدى زامانىدا، ئېركىن قىزىنى جۇۋبەندىغا ياتلىق قىلىشقا قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن نىكاھ ئەھدى تۈزۈلمەي تۇرۇپلا جۇۋبەندى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئېركىن يەنە بىر قىزىنى جۇ پادىشاھى ۋۇدىغا بەرمەكچى بولدى. تېخى تويلاشماي تۇرۇپلا، چى سۇلالىسىدىكىلەر ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئېركىن چى سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ مال - مۈلكىنىڭ قىزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا، شىمالىي جۇ سۇلالىسى



بىلەن تۈزگەن نىكاھ ئەھدىنى بىكار قىلماقچى بولدى. ئەھۋالدا جۇ پادىشاھى ۋۇدى لياڭجۇ ئايماقبېگى ياڭ جيەن، ۋۇبو گرافى ۋاڭ چىڭ قاتارلىقلارنى ئېركىن بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئەۋەتتى. ۋاڭ چىڭ قاتارلىقلار ئېركىننىڭ قېشىغا بېرىپ، لەۋزىدە تۇرۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردى. ئېركىن چى سۇلالىسى ئەلچىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، شىمالىي جۇ سۇلالىسى بىلەن نىكاھ ئەھدى تۈزدى. ئېركىن چى سۇلالىسىگە جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۈي گوڭى ياڭ جۇڭ قاتارلىقلارغا 10 مىڭ ئادەمنى باشلاپ، تۈركلەر بىلەن بىللە چى سۇلالىسىگە جازا يۈرۈشى قىلىش بۇيرۇق قىلىندى. ياڭ جۇڭنىڭ قوشۇنى شىڭلىڭ تېغىدىن ئۆتتى، ئېركىن 100 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى. 2 - يىلى 1 - ئايدا، جىنياڭدا چى سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇچېڭدىغا ھۇجۇم قىلىنغان بولسىمۇ، جىنياڭ ئىشغال قىلىنمىدى. ئېركىن لەشكەرلىرىنى خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا قويۇپ بېرىپ، ئاندىن قايتىپ كەلدى. ياڭ جۇڭ ئوردىغا قايتىپ جۇ پادىشاھى ۋۇدىغا مۇنداق دېدى: «تۈرك قوشۇنلىرى قەبىھ ئىكەن، مۇكاپاتلاش - جازالاش قائىدىسىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن. سەردارلىرى كۆپ بولسىمۇ، قائىدە - نىزامى يوقكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ ئۇلارنى تىزگىنلەش تەس دېگىلى بولسۇن؟ يېقىندىن بېرى ئەلچىلەر ئۇلارنى بەك قۇدرەت تاپتى دەپ يالغان ئېيتىپ، ئوردىنى ئۇلارغا كەڭ قوللۇق قىلغۇزۇپ، ئۆزلىرىمۇ ئوتتۇرىدىن نەپ ئېلىشنى كۆزلەۋاتىدۇ. ئوردا ئۇلارنىڭ يالغان گەپلىرىگە چىن پۈتكەچكە، قوشۇندىكىلەرمۇ مىش - مىش گەپلەرگە ئىشىنىپ كېتىپ قورقىدىغان بولۇپ قالدى. تۈركلەر مەككار ۋە قامەتلىك كىشىلەر بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئاسان. كۆزىتىشىمچە، ئىلگىرى - كېيىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ» جۇ

پادىشاھى ۋۇدى ئۇنىڭ پىكرىنى لايىق كۆرمىدى. شۇ يىلى، ئىركىن يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى ۋە شەرقتىكى چى سۇلالىسىگە جازا يۈرۈشى قىلىشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى. جۇ پادىشاھى ۋۇدى تۈركلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ياڭ جۇڭنى قوشۇن باشلاپ ۋويىيدىن ئاتلىنىشقا، جىن گوڭگى يۈۋېن خۇنى لوياڭدىن ئاتلىنىشقا بۇيرىدى. جىن گوڭگى يۈۋېن خۇ ئۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغاچقا، ئىركىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوشۇننى باشلاپ چېكىندى. جۇمىڭدىنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 563 ـ يىلى) جۇ پادىشاھى ۋۇدى چېن گوڭگى يۈۋېن چۈن، ئەمرى زېمىن يۈۋېن گوي، شېنۇۋ گوڭگى دۇيى، نەنئەن گوڭگى ياڭ جيەنلەرنى تۈرك ئېلىگە بېرىپ، تۈرك مەلىكىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. تيەنخې 2 ـ يىلى (مىلادىيە 567 ـ يىلى) ئىركىن يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى. چېن گوڭگى يۈۋېن چۈن تۈرك ئېلىگە بارغاندىن كېيىن، تۈركلەر يەنە چى سۇلالىسى بىلەن ياخشىلاشماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا بوران ـ چاپقۇن بولغاچقا، چېن گوڭگى يۈۋېن چۈن قاتارلىقلارغا ھاۋا ياخشىلانغاندىن مېڭىشقا توغرا كەلدى. تيەنخې 4 ـ يىلى (مىلادىيە 569 ـ يىلى) ئۇلار يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

ئىركىن ئۆلگەندە، ئورنىغا ئوغلى تالاچ تەخت ۋارىسى بولماي، ئىنىسى تەختكە چىقتى. ئۇ تاپار قاغان دەپ ئاتالدى. تاپار قاغان ئىدۇگنى ئىرفۇ قاغان دەپ ئاتاپ، تۈركلەرنىڭ شەرقىي قىسمىغا باشچىلىق قىلغۇزدى؛ يەنە ئىنىسى رۇدان قاغاننى بۆرى قاغان دەپ ئاتاپ، غەرب تەرەپتە تۇرغۇزدى. ئىركىندىن باشلاپ تۈرك ئېلى بېيىپ قۇدرەت تاپقاچقا، ئۇلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنى ئانىي تېپىش غەرىزى تۇغۇلدى. ئوردا ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىپ، ھەر يىلى ئۇلارغا 100 مىڭ توپ يىپەك توقۇلما، تاۋار ـ دۇردۇن بەردى. پايتەختتىكى تۈركلەر



ئالىي ئىلتىپات، ئىززەت ـ ئىكرامدىن بەھرىمەن بولدى. كىمخاپ كىيىملەرنى كىيىپ، گۆش يەپ يۈردى. بۇنداق ئادەملەر مىڭدىن ئاشتى. چى سۇلالىسىدىكىلەرمۇ تۈركلەرنىڭ بۇلاڭچىلىقىدىن قورقۇپ، دۆلەت خەزىنىسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى تۈركلەرگە بەردى. تاپار قاغان تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە: «جەنۇب تەرەپتە ئىككى ئوغلۇم ۋاپادارلىق قىلىۋاتسا، نەرسە ـ كېرەك ئۆكسۈپ قېلىشتىن نېمە غەم؟» دېدى. چى سۇلالىسىدە خۇيلىن ئىسىملىك بىر راھىب بولۇپ، تۈركلەرگە ئەسىر چۈشكەنىدى. ئۇ تاپار قاغانغا: «چى سۇلالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، بېيىپ قۇدرەت تاپتى» دېدى ۋە سەۋەبكە لايىق نەتىجە بولىدۇ، دېگەن ئەقىدىنى چۈشەندۈردى. تاپار قاغان ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىپ، بىر بۇتخانا سالدۇردى ھەمدە «پاكنامە»، «نىرۋانا»، «بۇدداۋاتامساكاماھاۋارا پۇلياسۇترا» دېگەن بۇددا سۇترالىرىنى ۋە «ئون ئاغىلىق نوم»نى ئېلىپ كېلىشكە چى سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. ئۆزلۈكىدىن پەرھىز تۇتۇپ، مۇنارنى ئايلىنىدىغان بولدى ۋە سەددىچىنىنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇغۇلمىغانلىقىغا ئۆكۈندى. جيەندې 2 ـ يىلى (مىلادىيە 573 ـ يىلى) تاپار قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوردىغا ئات تارتۇق قىلدى. چى سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندا، چى سۇلالىسى دەۋرىدىكى دىڭجۇ ئايماقبېگى، فەنياڭ بېگى گاۋشاۋيى مايىدىن تۈركلەر زېمىنىغا كېلىپ بەيئەت قىلدى. تاپار قاغان گاۋشاۋيىنى چى پادىشاھى قىلىپ تىكلىدى ۋە چى سۇلالىسىدىكىلەرنى يىغىپ، چى سۇلالىسى ئۈچۈن قىساس ئالىمىز، دېدى. شۇەنجېڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 578 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا، تاپار قاغان يەنە يۇجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغاندا، ئالىي دۆلەت ئەركانى ليۇشيۇڭ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى. جۇ پادىشاھى ۋۇدى ئۆزى قوشۇن

باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولغاندا ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇنى چېكىندى. شۇ يىلى قىشتا، تاپار قاغان يەنە چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىرىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى ھەم جىيۇچۈەننى قورشىۋېلىپ تالان ـ تاراج قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. داشياڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 597 ـ يىلى) تاپار قاغان يەنە قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. جۇ پادىشاھى شىياۋجىڭدى جاۋ بېگى يۈۋېن جاۋنىڭ قىزىغا مەلىكە چيەنجىن دەپ نام بېرىپ، تاپار قاغانغا ياتلىق قىلىشنى بۇيرۇدى ھەمدە گاۋشاۋيىنى تۇتۇپ ئوردىغا ئەكېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تاپار قاغان بۇ تەلەپكە قوشۇلماي، بىڭجۇ ئايمىقىنى تالان ـ تاراج قىلدى. داشياڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 598 ـ يىلى) ئاندىن ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى ھەمدە مەلىكە چيەنجىننى كۆچۈرۈپ ئۇنىڭغا ئۆيلەندى، لېكىن گاۋشاۋيىنى يەنىلا ئەۋەتىپ بەرمىدى. پادىشاھ شىياۋجىڭدى خې رويىنى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە ئەۋەتكەندىن كېيىنلا، تاپار قاغان ئاندىن گاۋشاۋيىنى ئەۋەتىپ بەردى.

تاپار قاغان كېسەل بولۇپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، ئوغلى ئەنلوغا: «ئاڭلىشىمچە، ئاتا ـ بالىدىن يېقىن تۇغقان يوقكەن، ئاكام ئوغلىغا يېقىنچىلىق قىلماي، خانلىق تەختىنى ماڭا بەرگەن. مەن ئۆلسەم، ئۆزۈڭنى تالاچتىن يىراق تۇت» دېدى. تاپار قاغان ئۆلگەندە ئاستانىدىكىلەر تالاچنى قاغان قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەن بولغاچقا، ئەل ـ جامائەت ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايتتى. ئەنلونىڭ ئانىسىنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى بولغاچقا، تۈركلەر ئادەتتە ئۇنى بەك قەدىرلەيتتى. ئىدۇگ ئەڭ ئاخىرىدا ئاستانىدىكىلەرگە: «ئەنلو تەختكە چىقسا، مەن ئاكا ـ ئىنىلىرىمنى باشلاپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىمەن؛ ناۋادا تالاچ تەختكە چىقسا، مەن جەزمەن زېمىنىمنى قوغداپ، ئۆتكۈر قىلىچ ـ ئۆزۈن نەيزە بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىمەن» دېدى. ئىدۇگ يېشى ئەڭ چوڭ ھەم باتۇر بولغاچقا، ئاستانىدىكىلەر ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشقا پېتىنالمايتتى. شۇڭا ئاخىرى ئەنلو قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. تالاچ تەختكە ۋارىسلىق قىلالمىغاچقا، كۆڭلىدە ئەنلوغا غوم ساقلاپ، دائىم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى تىللىدى. ئەنلو ئۇنى باشقۇرالمىغاچقا، ئەلنى ئىدۇگقا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئاستانىدىكىلەر: «تۆت قاغاننىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىدۇگ ئەڭ قابىلىيەتلىك ئىكەن» دېيىشتى. شۇڭا ئۇلار ئىدۇگنى قاغاننىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە كۆتۈرۈشتى. ئۇنىڭ نامى ئىل كۈلۈگ شاد باغا ئىشبارا قاغان بولۇپ، يەنە ئىشبارا قاغان دېگەن نامىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆتۈكەن تېغىدا تۇردى. ئەنلو تەختتىن چۈشۈپ تۇغلا دەرياسى ③ بويىدا ماكانلىشىپ ئۈچىنچى قاغان دەپ ئاتالدى.

تالاچ ئىشباراغا مۇنداق دېدى: «ھەر ئىككىمىز قاغاننىڭ ئوغۇللىرى، ئاتىلىرىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىمىز. ھازىر سېنىڭ مەرتىۋەڭ ناھايىتى يۇقىرى، مېنىڭ مەرتىۋەم يوق، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟» ئىشبارا ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ، ئۇنى ئاپار قاغان قىلىپ، قوۋمىدىكىلەرنى باشقۇرۇشقا قايتۇردى.

ئىشبارا باتۇر بولۇپ، كىشىلەرنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتقاچقا، شىمالدىكى قوۋملارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بېقىندى. سۈي پادىشاھى ۋېندى تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىشباراغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىغاچقا، شىمالدىكى قوۋملار بۇنىڭدىن ئاغرىندى. يىڭجۇ ئايماقبېگى گاۋباۋنىڭ ئاسىيلىق قىلغاندا، ئىشبارا بىلەن گاۋباۋنىڭ بىرلىكتە قوشۇن چىقىرىپ لىنيۈ ھەربىي قورۇلىنى ئىشغال قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى تۈركلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن چېگرا بويلىرىدىكىلەرگە سېپىل ـ قورغانلارنى سېلىپ، سەددىچىننى پۇختىلاشنى تاپىلىدى. ئىشبارانىڭ خانىشى جۇ مەلىكىسى چيەنجىن جۇ سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇپ كەتكەنلىكىدىن نادامەت چەكتى. شۇڭا،

تۈركلەرنىڭ 400 مىڭ لەشكىرى بۇلاڭچىلىق قىلىشقا كەلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى دۆلەت ئەركانى فېڭ يۈنى يىفۇ كۆلى بويلىرىنى، لەنجۇ باشبۇغى چېلى چاڭچانى لىنتاۋنى، دۆلەت ئەركانى لى چۇڭنى يۇجۇنى، داشى چاڭرۇنى جۇيەننى قوغداشقا بۇيرۇدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەردىن مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەر مۇشيا ④، شىمېن ⑤ ئىككى يولدىن بۇلاڭچىلىققا كېلىپ، ۋۇۋېي، تيەنشۈي، ئەندىڭ، جىنچېڭ، شاڭجۈن، خۇڭخۇا، يەنئەن قاتارلىق جايلاردىكى بارلىق چارۋىلارنى بۇلاپ كەتتى. سۈي پادىشاھى ۋېندى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ قول ئاستىدىكىلەرگە مۇنداق يارلىق قىلدى:

«ئىلگىرى جۇ سۇلالىسى بىلەن چى سۇلالىسى قارشىلىشىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بۆلۈشۋالغان. تۈركلەر ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىپ كەلگەن. جۇ سۇلالىسى شەرق تەرەپتىن ئەنسىرەپ، چى سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كېتىشىدىن قورققان. چى سۇلالىسى غەرب تەرەپتىن ئەنسىرەپ، جۇ سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ يېقىنلىشىپ كېتىشىدىن قورققان. ئۇ ئىككى دۆلەتتىكىلەر تۈركلەرنىڭ بىزگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى دۆلىتىمىزنىڭ تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، دېيىشكەن. ئۇلار چوڭ دۈشمەندىن ئەنسىرەپلا قالماي، يەنە چېگرىدىكى مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئازايتىش مەسىلىسىنىمۇ ئويلاشقان. ئۇلار خەلقنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى خورىتىپ، تۈركلەرنىڭ باردى ـ كەلدىسىنى تەمىن ئەتكەن، خەزىنىدىكى مال ـ مۈلۈكلىرىنى قۇملۇققا تۆككەن. شۇ ۋەجىدىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كەڭ زېمىننىڭ جۇلغى چىقىپ پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان. پېقىر تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن پۈتۈن خەلققە پەرزەنتلىرىمدەك ئەجىر قىلدىم. قول ئاستىمدىكىلەرنىڭ دەرت ـ ئەلىمىگە ھېسداشلىق قىلىپ، بۇرۇنقى سەھۋەنلىكلەرنى تۈگەتتىم. مال ـ مۈلۈكلەرنى



قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنى لەشكەرلەرگە ھەسسىلەپ ئىنئام قىلدىم. يوللاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەنلەرنى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇپ، دېھقانچىلىق ۋە توقۇمىچىلىق قىلدۇردۇم. قەبىھلەر بىلىمسىز نادانلاردۇر. ئۇلار ياخشى مەپكۇرىلەردىن خەۋەرسىز بولغاچقا، جاھان تىنچىپ، ئەمىنلىككە ئېرىشكەن كۈنلەرنى يېغىلىق دەۋردىكىگە ئوخشىتىپ، بۇرۇنقى ھاكاۋۇرلۇقى بىلەن بۈگۈنكىدەك ئاداۋەتلەرنى پەيدا قىلدى. يېقىندىن بېرى تۈركلەر بارلىق ئادىمىنى ئىشقا سېلىپ، شىمالدىكى چېگرا رايونلىرىمىزغا بېسىپ كىردى. چەت، يىراق جايلارنى ساقلاۋاتقان ئاساسىي قوشۇنىمىز تۈركلەرگە يولۇقسىلا مەغلۇپ بولدى. ئاساسىي قوشۇنىمىز تېخى جەنۇبتىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ بارمايلا، تۈركلەر تېزلىكتە شىمال تەرەپلەرگە قېچىپ بولدى.

تۈركلەرنىڭ بەش چوڭ سەردارى بولۇپ، ھە دەپ تەخت تالىشىۋاتىدۇ. ئاتىلىرى بىلەن تاغىلىرى بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قەبىھلىك، زوراۋانلىق قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئائىلە قائىدە ـ نىزاملىرىمۇ رەھىمسىز. شەرق تەرەپتىكى قوۋملارقۇرغان ئەللەرنىڭ تۈركلەردىن قىساس ئالغۇسى بار. غەرب تەرەپتىكى قوۋم سەردارلىرىنىڭ ئۇلاردا كونا ئاداۋىتى بار. شىمالدىكى قىرغىز قوۋمى تۈركلەرگە بەك ئۆچ بولغاچقا، دائىم پۇرسەت كۈتۈپ تۇرىدۇ. تاردۇش قاغان بۇرۇن جيۇچۇەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇدۇن، پېرسىيە، ئابدال ئەللىرى بىرلا ۋاقىتتا تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈگەنىدى. ئىشبارا يېقىندا جۇپەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بوكە، شەرقىي توڭرا قەبىلىلىرىمۇ تۈركلەردىن يىراقلاشتى. ئىلگىرى لىجىچا كوگورى، موغاللار تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىنغان، ئىشبارا شادمۇ خېج قاغان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. تۈركلەر بىلەن قوشنا ئەللەرنىڭ ھەممىسى تۈركلەرنىڭ يوقىلىشىنى ئۈمىد

قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قوۋمىدىكىلەرنىڭ تۇركلەردە قىساسى بولغاچقا، تۇركلەرگە بەك ئۆچ. تۇركلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قاڭغىر قاقشاپ يىغا - زار قىلماقتا، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىپ كۆڭلىگە قىساس ئېلىشنى پۈكمەكتە. بېشى يۇمىلاق، پۇتى چاسىراق ئىنسانلاردا يۇقىرىقىدەك ئوي بولسىلا ئۇلارنىڭ نىيىتى مېنىڭكىگە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ. ئۇ يەردە بالايىئاپەت ئالامەتلىرى، ئاجايىپ غەيرىي ئەھۋاللار بارلىققا كەلگىنىگە 12 يىل بولدى. يىرتقۇچلار ئادەمدەك سۆزلەيدىغان، ئادەملەر ئەۋلىيالاردەك گەپ قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئېلى يوقىلىدۇ، دەپلا غايىپ بولۇپ كېتىدىغان بولدى. ھەر يىلى قىشتا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، يەر - زېمىنغا ئوت كەتتى. ئۇلار پەقەت سۇ، ئوت - چۆپكە تايىنىدۇ. ئۆتكەن يىل تۆت پەسىلدە قار - يامغۇر ياغمىغاچقا، دەريا - ئېقىنلار قۇرۇپ كەتتى. ھاشاراتلار ئاۋۇپ بالايىئاپەتكە ئايلاندى، گۈل - گىياھلار قۇرىدى. ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىك زىيان - زەخمەت پەيدا قىلىپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ يېرىمى ئۆلۈپ كەتتى. بۇرۇنقى ماكانلاردا ئوت - چۆپ ئۈنمەس بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ يەردىكى كىشىلەر قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ، غۇربەتچىلىكتە ئاران جان بېقىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇمۇ تەڭرىنىڭ غەزىپىدىن بولسا كېرەك. بۇ ئۇلارنىڭ جازاغا ئۇچرىشىنى تېزلىتىدۇ. ئىلاھ ۋە ئادەم ئىرادىسىنىڭ بىر - بىرىگە ماس كەلگەن ۋاقتى دەل مۇشۇ زاماندۇر.

شۇڭا، سەركەردىلەرنى تاللاپ لەشكەرلەرنى مەشق قىلدۇرۇش، ئاشلىق توشۇپ، ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى جۇغلاش كېرەك. قەيسەر ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغانلار غەيرەت ۋە غەزەپكە تولۇپ، داڭلىق بەگ - خانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى، تەڭرىقۇتنىڭ دۈمبىسىگە قامچا بىلەن ساۋاشنى ئارزۇ قىلىۋاتىدۇ. بۇ خۇددى ۋاڭ خۇي ⑥ ئېيتقاندەك ئوقيانى مەرەزگە



ئاتقانغا ئوخشايدۇ. بىزنى قانداق دۈشمەن توسىيالىسۇن، ئىشغال قىلغىلى بولمايدىغان قانداق جاي بولسۇن! لېكىن، قەدىمكى خان - پادىشاھلارنىڭ ئاياق ئىزى شىمالدا ئاران يۇجۇ ئايمىقىغا يەتكەن بولۇپ، چۆل - يىراق جايلار ئاساسەن تاشلىنىۋېتىلگەن يەرلەردۇر. ئۇ يەرلەرنى ئالغاندىن كېيىن، ماكان قىلغىلى بولمىسىمۇ، ئادەملىرىنى قىرغىن قىلىنىشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمىسىمۇ، جىق لەشكەرنى جاپاغا سالماي يىراق يەرگە بېرىپ چوڭقۇر دېڭىزنى ئىشغال قىلايلى. ئالەمدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مېنىڭ خىيالىمنى بىلدۈرەيلى».

شۇنىڭ بىلەن خېجيەن بېگى ياڭ خۇڭ، دۆلەت ئەركانى دۇلۇجى، دۇرۇڭدىڭ، سول قانات ياندىش بەگ گاۋجيۇڭ، ئوڭ قانات ياندىش بەگ يۇچېڭزىلار سانغۇن بولۇپ، چېگرا - قورغانلاردىن ئاتلىنىپ تۇركلەرگە زەربە بەردى. ئېشبارا ئاپار ۋە تامغان قاغانلارنى باشلاپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. شۇ چاغدا تۇركلەردە يەيدىغان نەرسە قالمىغاچقا، ئېچىرقاپ كېتىپ سۆڭەكلەرنى يەنچىپ يېدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپەت، كېسەللىك دەستىدىن نۇرغۇن ئادىمى ئۆلدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئىشبارا ئاپارنىڭ باتۇر، قەيسەرلىكىگە ھەسەت قىلىپ، ئۆزى ئالدى بىلەن قايتىپ كەتتى ۋە ئاپارنىڭ قەبىلىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى ھەم ئاپارنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈردى. ئاپار قايتىپ كېلىپ، تۇرىدىغان يېرى بولمىغاچقا، غەربكە بېرىپ تاردۇش قاغانغا بېقىندى. تاردۇشنىڭ ئىسمى دەنچۇر بولۇپ، ئىشبارانىڭ تاغىسى ئىدى، بۇرۇن كۆن پېتىش قاغانى بولغانىدى. بۇ ئىشتىن تاردۇش ناھايىتى ئاچچىقلاندى. ئۇ ئاپارنى قوشۇن باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. ئاپارنىڭ قوۋمىدىن ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەنلەر 100 مىڭ ئاتلىققا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار

ئىشبارا بىلەن جەڭ قىلدى. تەڭرى قاغان ئىسمىلىك يەنە بىر قاغان بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئاپار قاغان بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. ئىشبارا تەڭرى قاغان باشقۇرۇۋاتقان كىشىلەرنى بۇلاپ كېتىپ، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى قاغانمۇ تاردۇش قاغانغا بېقىندى. ئىشبارانىڭ جىيەن ئىنىسى تېكىن چۇرمۇ بىر قىسىم قەبىلىلەرنى ئىدارە قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭمۇ ئىشبارا بىلەن زىددىيىتى بار ئىدى. شۇڭا تېكىن چۇرمۇ قوۋمىدىكىلەرنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاپارغا تەۋە بولدى. ئىشبارا بىلەن ئاپار ئارىسىدا جەڭ ئۈزۈلمىدى. ھەر قايسىسى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، دوستانە ۋە ئىناق ئۆتۈشنى، ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ھېچقايسىسىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىدى.

مەلىكە چيەنجىن مەكتۇپ يوللاپ، ئىشباراغا ئوغلى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى چارپىانسات شۇپىڭخېنى ئىشباراغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. جىن بېگى ياڭ گۇاڭ بۇ چاغدا بىڭجۇ ئايمىقىنى ساقلاۋاتقان بولۇپ، تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى بۇ تەلەپكە قوشۇلمىدى. ئىشبارا ئەلچى ئارقىلىق خەت ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى: «ئەجدىھا يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تەڭرىدىن بولمىش بۈيۈك تۈرك ئىل كۈلۈگ شاد باغا ئىشبارا قاغان بۈيۈك سۈي سۇلالىسى پادىشاھىغا شۇنداق دەپ مەكتۇپ يوللايدۇكى: ئەلچى چارپىانسات شۇ پىڭخې يېتىپ كەلدى، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ، ئالىيلىرىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىدىن ۋاقىپلاندى. پادىشاھ خوتۇنۇمنىڭ ئاتىسى بولغاچقا، قېيىنئاتام ھېسابلىنىدۇ. پېقىر كۈيئوغۇل بولغاچقا، قائىدە ـ بويىچە ئۇنىڭ ئوغلىمەن. بىز ئىككى ئەلنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئوخشىمىسىمۇ، مېھرىمىز ئوخشاش. ئەمدىلىكتە قۇدا ـ باجا، ئەل ـ ئاغىنە



بولۇشۇپ كەتتۇق. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئەبەدىلئەبەد ئۈزۈلمەيدۇ. بۇنىڭغا تەڭرى گۇۋاھ بولسۇنكى، ھېچكىم ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ. مېنىڭ ئېلىمدىكى ئات ـ قويلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ مال ـ چارۋىلىرى، سىلەردىكى تاۋار ـ دۇردۇنلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بايلىقىمىزدۇر. ئۇلارنى سىزنىڭ، مېنىڭ دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوق». سۈي پادىشاھى ۋېندى جاۋاب مەكتۇپ يېزىپ مۇنداق دېدى: «بۈيۈك سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بۈيۈك تۈرك ئىل كۈلۈگ شاد باغا ئىشبارا قاغانغا شۇنداق دەپ مەكتۇپ يوللايدۇكى: سىزدىن كەلگەن مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالدىم، ياخشى نىيىتىڭىز ماڭا تېگىپ بولدى. مەن خوتۇنىڭىزنىڭ ئاتىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئەمدىلىكتە سىزنىڭ ئوغلۇمغا ئوخشاش ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ يەتتىم. قۇدىلا باجىلىق، ئەل ـ ئاغىنىلىك مېھىر ـ مۇھەببەت يۈزىسىدىن دائىم ئۆز ئارا ئەلچى ئەۋەتىشكەندىن باشقا، مەن ۋەزىر يۈچىڭزېنى بېرىپ قىزىمنى يوقلاشقا، يەنە سىزنىمۇ بىر قېتىم يوقلاشقا ئالاھىدە ئەۋەتتىم». ئىشبارا لەشكەرلىرىنى سەپراس قىلىپ، گۆھەرلەرنى تىزىپ، يۈ چىڭزې بىلەن كۆرۈشتى ۋە كېسىلىم بولغاچقا ئۆرە تۇرالمايمەن، دەۋالدى ھەمدە: «مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم باشقىلارغا ئەزەلدىن باش ئۇرمىغانىدى» دېدى. يۈ چىڭزې ئۇنى ئەيىپلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا قائىدە ـ يوسۇننى چۈشەندۈردى. مەلىكە چيەنجىن يۈچىڭزېغا خۇپىيانە ھالدا: «قاغان چىلبۆرى تەبىئەتلىك ئادەم، ئۇنىڭ بىلەن زىيادە تالاش ـ تارتىش قىلسىڭىز چىشلىۋالىدۇ» دېدى. جاڭسۈن شېڭ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. ئىشبارا قايىل بولۇپ تىزلىنىپ تازىم قىلىپ پېشانىسىنى يەرگە تەگكۈزدى ۋە پادىشاھنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ بېشىغا قويدى. قائىدە ـ رەسمىيەت تۈگىگەندە، ئىدۇگ قىلغانلىرىدىن خىجالەت بولدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر شۇ سەۋەبتىن يىغلىپ

يىغا ـ زار قىلىشتى. يۇ چېڭزې يەنە ئىشبارادىن ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئىشبارا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن «بەيئەت قىلىش دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سۇي ئېلىگە بەيئەت قىلغانلار بۇ يەردە مالاي دەپ ئاتالغانلارغا ئوخشاش» دەپ جاۋاب بەردى. ئىشبارا: «بۈيۈك سۇي سۇلالىسىنىڭ مالىيى بولالىغانلىقىمىز ياندىش بەگ يۇچېڭزېنىڭ تۆھپىسىدۇر» دېدى. ئىشبارا يۇچېڭزېغا 1000 ئات ھەدىيە قىلدى ھەمدە جىيەن سىڭلىسىنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەردى.

شۇ چاغدا، ئىشبارا تاردۇشنىڭ بېسىمى بىلەن قېيىن ئەھۋالدا قالغان ھەم شەرق تەرەپتە قىتانلاردىن قورقۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ سۇي سۇلالىسىدىن ياردەم بېرىشنى، قوۋمىدىكىلەرنى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈپ بەيداۋ تۈزلەڭلىكىگە ⑦ ئولتۇراقلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى. جىن بېگى ياڭ گۇاڭ قوشۇنى بىلەن ئىشباراغا ياردەم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەك ۋە ئوزۇقلۇق بېرىپ، ھارۋا جابدۇقلىرى، چالغۇ ئەسۋاب ئىنئام قىلدى. ئىشبارا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربتە ئاپارغا زەربە بەردى ۋە ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ ئەسىر ئالدى. ئابا ئېلىدىكى قەبىلىلەر ئىشبارانىڭ ئارقا سېپى بوش قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئىشبارانىڭ خوتۇنىنى تۇتۇپ كەتتى. سۇي سۇلالىسى قوشۇنى ئاباغا زەربە بېرىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ئولجا ئالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشباراغا قايتۇرۇپ بەردى. ئىشبارا خۇشال بولۇپ، چوڭلۇكنى پاسىل قىلىش توغرىسىدا ئەھد ـ پەيمان تۈزدى ھەم شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەكتۇپ يوللاپ مۇنداق دېدى: «بۈيۈك تۈرك ئېل كۇلۇگ شاد باغا ئىشبارا قاغان پېقىر ئىدۇگ شۇنى ئىزھار قىلىمەنكى: ئەلچى، دىۋانبەگنىڭ ياندىش بېگى يۇ چېڭزې يېتىپ كەلدى. مەن



پادىشاھنىڭ مەكتۇبىنى ئېگىلىپ تۇرۇپ ئالدىم، ئۇنىڭدا مېھرىبانلىق ۋە مەقسەت نامايان قىلىنىپتۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى پېقىر قوبۇل قىلىشنىلا بىلىپ، ئۇنىڭغا چۈشلۇق مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرەلمەيۋاتقانلىقىمنى تېخىمۇ چۈشەندىم. تەڭرى تۈركلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان 50 نەچچە يىلدا، بىز قۇملۇقنى ئىگىلەپ، ئۆزىمىزگە تەۋە جاينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆزىمىزنى خان دەپ ئاتىدۇق. زېمىنىمىزنىڭ كەڭلىكى 10 مىڭ چاقىرىمدىن، لەشكىرىمىز مىليوندىن ئاشتى. خېلىدىن بېرى قۇدرىتىمىزگە تايىنىپ رۇڭ تائىپىلىرىنى ئۆزىمىزگە قوشۇۋېلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر بىلەن تەڭ ـ باراۋەر مۇئامىلىدە بولدۇق. رۇڭ ـ دىلار ئىچىدە بىزدەك قۇدرەتلىكى يوق. يېقىندىن بېرى ھاۋا ياخشى، مۆتىدىل، بوران ـ چاپقۇنلارمۇ ئاز بولدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئاجايىپ دانىشمەن بارلىقىنى كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۈيۈك سۇي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ھەقىقىي پادىشاھتۇر. شۇنداق تۇرۇپ قانداقمۇ قوشۇننى ئىشقا سېلىپ تەۋەككۇل قىلغىلى، نام ئاتاقنى سۇيىئىستېمال قىلغىلى بولسۇن؟ ئەمدىلىكتە ساپ ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭغا مەھلىيا بولغانلىقىمىزدىن نىيەت ـ ئىقبالىمىز ئىزىغا چۈشتى. بىز جەنۇبقا يۈزلىنىپ ئوردىغا تاۋاپ قىلغان بولساقمۇ، لېكىن يوللار يىراق بولغاچقا، شىمال تەرەپنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن ۋاز كېچىشكە پېتىنالمايمىز. ئەمما قاغان ئوغلىنى پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولسۇن دەپ ئوردىغا ئەۋەتىمىز، ھەر يىلى تۇلپارلاردىن ئولپان تاپشۇرۇپ، ھەر ۋاقىت بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ، پادىشاھقا مۇتلەق ئىتائەت قىلىمىز. يەتتىنچى ئوغلۇم كۇخجىن قاتارلىقلارنى مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتتىم، ئەھۋاللاردىن ۋاقىپلانغايلا». سۇي پادىشاھى يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئىشبارا بۇرۇندىن بىز بىلەن ئىناق ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىز ھامان ئىككى ئەل ئىدۇق. ئۇ

هازىر ۋەزىرىم بولۇپ بىز بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندى. مۇناسىۋەتلىك مەھكىمىلەرگە يارلىق قىلىمەنكى، ئۇلار بۇنى پادىشاھ جەمەتى ئىبادەتخانىسىغا ئەدەپ بىلەن مەلۇم قىلسۇن، بۇ ئىشتىن ھەممە كىشىنى خەۋەردار قىلسۇن». شۇنىڭدىن باشلاپ پادىشاھنىڭ يارلىقلىرى ۋە جاۋاب مەكتۇپلىرىدا ئىشبارانىڭ ئىسمى ئاتالمايدىغان، ئۇنىڭ ئېلى باشقا قارام ئەللەردىن پەرقلەندۈرۈلىدىغان بولدى. ئىشبارانىڭ خاتۇنى مەلىكە چيەنجىنگە ياڭ دېگەن فامىلە ئىنئام قىلىنىپ، پادىشاھ جەمەتىنىڭ نوپۇس رويخېتىگە كىرگۈزۈلدى ۋە ئۇنىڭغا مەلىكە دايى دېگەن نام بېرىلدى. كۈخجىننى دۆلەت ئەركانلىقىغا تەيىنلەش، ئۇنىڭغا ئەنگو گۈڭى دەپ مەرتىۋە بېرىش، ئىچكى ئوردىدا زىياپەت راسلاپ كۈتۈۋېلىش، خانىش ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش، كۆپ ئىنئام بېرىپ ھال سوراش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈلدى. ئىشبارا بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى ئۈزۈلدۈرمەي ئولپان تاپشۇرۇپ تۇردى.

سۈي پادىشاھى ۋېندىنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 587 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، ئىشبارا ئوغلىنى يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئوردىغا ھەدىيە قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خېڭجۇ ئايمىقى بىلەن دەيجۈن ۋىلايىتىنىڭ ئارىلىقىدا ئوۋ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ بۇ تەلەپكە قوشۇلدى ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ ئىشباراغا ھاراق ـ شاراپ ئىنئام قىلدى. ئىشبارا قوۋمىنى باشلاپ ئىككى قېتىم تازىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئىنئامنى قوبۇل قىلدى. ئىشبارا بىر كۈندە 18 بۇغىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىنى ۋە تىلىنى پادىشاھقا ھەدىيە قىلدى. ئىشبارا زىخې ھەربىي قورۇلىغا قايتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ چېدىرگاھى كۆيۈپ كەتتى. ئىشبارا بۇ ئىشتىن كۆڭلى غەش بولۇپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە قازا قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈچ كۈن ئوردىغا چىقمىدى ھەمدە مۇراسىم



بېگىنى ماتەم بىلدۈرۈش بېغىشلىمىسى ۋە 5000 توپ گەزلىمە بىلەن ئەۋەتتى.

دەسلەپتە ئىدۇگ ئوغلى يارلۇقنى ياۋاش، ئاجىز دەپ قاراپ، ئىنىسى يابغۇ چۇلۇقنى تەخت ۋارىسى قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. يارلۇق چۇلۇقنى كۈتۈۋېلىشقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى تەختكە چىقارماقچى بولدى. چۇلۇق مۇنداق دېدى: «بىز تۈركلەردە مۇقان قاغاندىن باشلاپ كۆپ ھاللاردا، ئىنىسى ئاكىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، توقالنىڭ ئوغلى ئالچىدىن تۇغۇلغان ئوغۇلنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىۋاتىدۇ. بۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىغا خىلاپ كېلىدۇ، بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولىدۇ. سىز قاغانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشىڭىز كېرەك. مەن سىزنى قاغان قىلىپ تازىم قىلىشتىن قورقمايمەن». يارلۇق يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ چۇلۇققا مۇنداق دېدى: «تاغام بىلەن ئاتام بىر ئاتىدىن تۇغۇلغان قان ـ قېرىنداش. مەن بوۋامنىڭ ئىككىنچى بوغۇن پۇشتى، قانداقمۇ قاغان بولاي، غولنى قويۇپ شېخىنى ئاساس قىلغىلى بولمايدۇ، تاغامنىڭ شۆھلىنەمەسلىكىنى ئۆتۈنىمەن». ئۇلار شۇ تەرىقىدە قاغانلىقنى بىر ـ بىرىگە بەش ـ ئالتە قېتىم ئۆتۈنۈشۈپ، ئاخىرى چۇلۇق قاغانلىققا كۆتۈرۈلدى. چۇلۇق يابغۇ ئىدى. ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىلىپ بۇ ئەھۋال چۈشەندۈرۈلدى، سۈي پادىشاھى ۋېندى دۇمباق، بۇرغا، تۇغ ئىنئام قىلدى. چۇلۇق ئېگىزكى كەڭ، دۈمچەكرەك، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، باتۇر ۋە تەدبىرلىك ئادەم ئىدى. ئۇ سۈي سۇلالىسى ئىنئام قىلغان تۇغ ۋە دۇمباقنى ئېلىپ، غەربكە ــ ئاپارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. دۈشمەنلەر ئۇنى سۈي سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئوخشايدۇ دەپ قارىغاچقا، نۇرغۇنى ئەل بولۇشقا، بەيئەت قىلىشقا كەلدى. ئاپار قولغا چۈشتى. چۇلۇق ئوردىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئاپارنى ھايات قالدۇرۇش ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىسىدا

يولىيورۇق سورىدى. سۈي سۇلالىسى ئوردىسىدا بۇ مەسىلە مۇزاكىرە قىلىندى. سول قانات ياندىش بەگ گاۋ جيۇڭ ئالدىغا چىقىپ مۇنداق دېدى: «قان ـ قېرىنداشلار ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشىش نادانلىقنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىدۇر. ئاپارنى ھايات قالدۇرۇش ھەم بېقىش، شۇ ئارقىلىق كەڭ قورساقلىقىمىزنى بىلدۈرۈش لازىم». سۈي پادىشاھى: «دۇرۇس» دېدى. گاۋجۇڭ يەنە مۇنداق دېدى: «شۇەنيۇەندىن ⑧ بويان ھونلار چېگرىدا كۆپ قېتىم بالايىئاپەتكە ئايلانغان. ھازىر شىمالىي دېڭىزغا قەدەر جايلارنىڭ ھەممىسى بىزگە قارام بولدى. بۇنداق كاتتا ئىشنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدۇق، مەن بۇ ئىشنى قەدەھ كۆتۈرۈپ يەنە بىر قېتىم تەبرىكلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن».

كېيىن چۇلۇق يەنە غەربكە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، غايىپ ئوق تېگىپ ئۆلدى. تۈركلەر يارلۇقنى قاغان قىلدى. ئۇ ئىلتەرىش چۇر دۇلان قاغان دەپ ئاتالدى. يارلۇق ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، 3000 توپ گەزلىمە ئىنئام ئالدى ۋە ھەر يىلى ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. شۇ چاغدا ياڭ چىن ئىسىملىك بىر مۇساپىر تۈرك زېمىنىغا قېچىپ بېرىپ، پىڭگو گۇڭى ليۇ چاڭ بىلەن يۇۋېن جەمەتىدىكىلەر ئىسيان كۆتۈرمەكچى، دەپ گەپ تارقاتتى ۋە مەلىكە دايىنى قوشۇن ئەۋەتىپ چېگرىنى پاراكەندە قىلىشقا قۇتراتتى. دۇلان ياڭ چىننى تۇتۇپ سۈي سۇلالىسىگە تاپشۇرۇپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى ھەمدە كەندىر رەخت، يىلىق يىلىمى ھەدىيە قىلدى. دۇلاننىڭ ئىنىسى چىنيۇ شادنىڭ قەبىلىسى كۈچلۈك بولغاچقا، دۇلان ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ زەربە بەردى ۋە جەڭ مەيدانىدا شادنىڭ كاللىسىنى ئالدى. شۇ يىلى دۇلان ئانىسىنىڭ ئىنىسى رۇدەن تېكىننى ئوردىغا ئەۋەتىپ ئۆزدۇننىڭ قاشتېشى ھاسىسىنى ھەدىيە قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى رۇدەننى دۆلەت ئەركانى، كاڭگو گۇڭى قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. 2 ـ يىلى، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ سەردارلىرى



بىرلىكتە ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، 10 مىڭ ئات، 20 مىڭ قوي، 500 تۆگە، 500 كالا ئولپان تاپشۇردى. ئۆزۈن ئۆتمەي، ئۇلار ئەلچى ئەۋەتىپ چېگرا بويلىرىدا بازار ئېچىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر بىلەن سودىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. سۈي پادىشاھى بۇ تەلەپكە قوشۇلدى. سۈي سۇلالىسى چېن سۇلالىسىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، سۈي پادىشاھى ۋېندى چېن شۇباۋ⑨ نىڭ چىمىلدىقىنى مەلىكە دايىگە ئىنئام قىلدى. بۇ ئىشتىن مەلىكە دايىنىڭ كۆڭلى زادى ئارام تاپمىدى. شۇڭا، چېن سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشىنى ئۆز ھېسسىياتىغا بىرلەشتۈرۈپ چىمىلدىققا مۇنداق نەزمە پۈتتى:

«گۈللىنەمەك ھەم خارابلاشماق مىسالى تاڭ ۋە گۈگۈم،
ئىنسان تەقدىرىمۇ ھەم ياپراق كەبى بولار خازان.
باياشادلىق كېتىپ ئۇندا گەر گادايلىق كېلەر بولسا،
شانۇ شەۋكەت تەختى ھەم ھامان بىر كۈن بولار گۇمران،
بايلىق ھەم باياشادلىق ھالا بۈگۈن كەتتى نەگە؟
ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ئۆتمەكتە كۈن بىزارلىقتا.
نەغمىسىز ئىچسە شاراب، قىلچە بولماس ھۇزۇر ـ كەيپ،
ناخشىسىز ھايات ئىچرە قىينالدى جان ئىنتىزارلىقتا.
ئاجىزەبىر خانىكەمەن، تۇرار يېرىم چۆلى دەشت،
ئۆتكەن ئىشلار ئۆرتەيدۇ بۇ مەيۈس ـ مىسكىن دىلخانەمنى.
قەدىمدىن ئىش مۇشۇنداق نەچارە بۇ قىسمىتىمگە،
جاۋجۈن⑩ كۈيى قىلار ئىزھار باياۋاندا پىغانىمنى.»

سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ نەزمىسىدىن بىزار بولۇپ، تۈركلەرگە بۇرۇنقىدەك قائىدە ـ يوسۇن بىلەن مۇئامىلە قىلمايدىغان بولدى، ئىنئامىمۇ ئازايدى. مەلىكە دايى يەنە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىنال قاغانى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ئالاقە قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى مەلىكە دايىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، تۈرلۈك چارىلەر بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل

تۇرماقچى بولدى. بۇ چاغدا مەلىكە داىىنىڭ قول ئاستىدىكى تۈرك بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلغانلىقى پاش بولۇپ قالدى. شۇڭا سۈي پادىشاھى ۋېندى ئۇنىڭ مەلىكە دايى دېگەن نامىنى ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا يارلىق قىلدى. ئۇ دۆلاننىڭ يارلىقىدا ئىتائەت قىلماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، چىجاڭ گۈڭگى نيۇ خۇڭنى تۆت گۈزەل پاھىشەنى ئېلىپ، دولاننى مەھلىيا قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇ چاغدا ئىشبارانىڭ رامغان ئىسىملىك ئوغلى تولشاد قاغان دەپ ئاتالغان بولۇپ، شىمال تەرەپتە تۇراتتى. ئۇ ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى پېي جۈنى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا بۇيرۇپ: «مەلىكە دايىنى ئۆلتۈرسىڭىز، ئۆيلىنىش تەلىپىڭىزگە قوشۇلىمىز» دېگەن سۆزنى يەتكۈزدى. تولشاد بۇنى توغرا تاپتى ۋە مەلىكە دايىنىڭ يامان گېپىنى قىلدى. دۆلان بۇنىڭدىن غەزەپكە كېلىپ، چېدىردا مەلىكىنى ئۆلتۈردى.

دۆلان بىلەن تولشاد قاغاننىڭ زىددىيىتى بولغاچقا، كۆپ قېتىم بىر - بىرىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ياراشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلار قوشۇنىنى باشلاپ قايتىشتى. كەيخۇاڭ 17 - يىلى (مىلادىيە 597 - يىلى) تولشاد قىز كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئەلچى ئەۋەتتى. سۈي پادىشاھى ۋېندى ئەلچىلەرنى مۇراسىم بېگىنىڭ [11]مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتۇردى. مۇراسىم بېگى ئەلچىلەرگە ئالتە يوسۇننى [12] ئۆگەتتى ۋە مەشىق قىلدۇردى. خان جەمەتىدىن بولغان قىز مەلىكە ئەنيى تولشادقا ياتلىق قىلىندى. سۈي پادىشاھى ۋېندى شىمالدىكىلەرگە بۆلگۈنچىلىك قىلىش غەرىزىدە، تولشادقا جىق سوۋغات يوللاپ تۇردى. نيۇخۇڭ، سۇۋېي، قوغۇرسۇ شياۋچىن قاتارلىقلارنى ئارقا - ئارقىدىن تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. تۈركلەردىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئوردىغا 370 تۈركۈم ئەلچى كەلدى. تولشاد ئەسلىدە شىمالدا تۇراتتى. مەلىكىگە ئۆيلەنگەنلىكتىن جەنۇبقا — كونا ھەربىي قورۇل دۇجىنغا كۆچۈپ كېلىپ ئورغۇن



ئىنئام ئالدى. يارلۇق غەزەپكە كېلىپ: «مەن چوڭ قاغان تۇرۇقلۇق رامغانچىلىك بولالمايمەنمۇ!» دەپ، ئوردىغا سالامغا بېرىش، ئولپان تاپشۇرۇشنى توختاتتى ھەم چېگرىدا كۆپ قېتىم بالايىئاپەت پەيدا قىلدى.

كەيخۇاڭ 18 - يىلى (مىلادىيە 598 - يىلى) شۇ بېگى ياڭ شيۇغا لىڭجۇدىن ئاتلىنىپ يارلۇققا زەربە بېرىش يارلىق قىلىندى. كېيىنكى يىلى يەنە خەن بېگى ياڭ لياڭ سەركەردە قىلىنىپ، سول قانات ياندىش بەگ گاۋجيوڭ سانغۇن ۋاڭ چا، دۆلەت ئەركانى جاۋ جۇڭچىنلارنى باشلاپ بىرلا ۋاقىتتا شوجۇ[13] ئايمىقىدىن، ئوڭ قانات ياندىش بەگ ياڭ سۇ دۆلەت ئەركانى لى چې، خەن زېڭشۇلارنى باشلاپ لىڭجۇ ئايمىقىدىن، دۆلەت ئەركانى يەن رۇڭ يۇجۇ ئايمىقىدىن ئاتلىنىپ يارلۇققا زەربە بېرىشكە ئەۋەتىلدى. يارلۇق بىلەن دەنچۇر قوشۇن ئەۋەتىپ رامغانغا ھۇجۇم قىلىپ، رامغاننىڭ ئاكا - ئىنىلىرى، پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. رامغان خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ۋېيجۇ ئايمىقىغا كەتتى. رامغان كەچتە بەش چەۋەنداز ۋە سۈي سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭسۇن شېڭ بىلەن بىللە ئوردىغا قايتىپ كەلدى. سۈي پادىشاھى ۋېندى رامغاننى يارلۇقنىڭ ئەلچىسى قۇت تېكىننى ئەيىپلەپ مۇنازىرىلىشىشكە دەۋەت قىلدى. رامغاننىڭ سۆزلىرى قائىدە - يوسۇنلۇق بولغاچقا، پادىشاھ ۋېندى ئۇنى ئەتىۋارلىدى. يارلۇقنىڭ ئىنىسى دوسلۇ خوتۇنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى تاشلاپ، تولشاد بىلەن ئوردىغا قايتىپ كەلدى. پادىشاھ ئۇنى مۇكاپاتلىدى، رامغاننى دوسلۇ بىلەن قىمار ئويناپ ئۇنىڭغا ئازراق گۆھەر ئۇتتۇرۇپ بېرىشكە دەۋەت قىلىش ئارقىلىق، دوسلۇنىڭ سۈي سۇلالىسىگە قەتئىي ئىتائەت قىلىش ئىرادىسىنى كۈچەيتتى. 6 - ئايدا گاۋجيوڭ، ياڭ سۇلار تاردۇشقا زەربە بېرىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. رامغان ئىلچىن بۇمىن قاغانلىقىغا تەيىنلەندى. بۇنىڭ مەنىسى خەنزۇچە «ئەقلى - ھوشى

جايىدا قاغان» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇمىن ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ پادىشاھنىڭ شاپائىتىگە تەشەككۇر ئېيتتى. پادىشاھ شوجۇ ئايمىقىغا دالى شەھىرىنى بەرپا قىلغۇزۇپ، بۇمىننى شۇ شەھەرگە ماكانلاشتۇردى. بۇ چاغدا مەلىكە ئەنيى ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا، پادىشاھ ئۆز جەمەتىدىن مەلىكە يىچېڭنى بۇمىنغا ياتلىق قىلدى. نۇرغۇن قەبىلىلەر بۇمىنغا بەيئەت قىلدى. يارلۇق يەنە بۇمىنغا ھۇجۇم قىلدى، پادىشاھ يەنە ئۇنى چېگرىدىن كىرىشكە دەۋەت قىلدى. يارلۇق چېگرا رايونلارغا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىۋەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇمىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا يۆتكەلدى. شاجۇ، شېڭجۇ ئايماقلىرىنىڭ ئارىلىقىدا مەھبۇسلارغا خەندەك كولىتىلدى. شەرق، غەرب تەرىپىدىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ قىرغىقىغىچە بولغان نەچچە يۈز چاقىرىم ئارىلىقتىكى جاي بۇمىننىڭ مال - چارۋا باقىدىغان يېرى بولدى.

يۈگو گۇڭى ياڭ سۇ لىڭجۇدىن، ھەربىي يۈرۈشى باشبۇغى خەن زېڭشۇ چىڭجۇدىن⑭، تەيپىڭ گۇڭى شى ۋەنسۈي يەنجۇدىن⑮، بۈيۈك سانغۇن ياۋبيەن خېجۇدىن ئاتلىنىپ، دۈلانغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتىلدى. قوشۇن تېخى چېگرىدىن چىقمايلا، دۈلان قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تاردۇش ئۆزىنى بىلگە قاغان دەپ ئاتىدى. ئۇلارنىڭ ئېلى مالىمانچىلىشىپ كەتتى. تەيپىڭ گۇڭى شى ۋەنسۈي شوجۇدىن چىقىپ تاردۇشقا زەربە بېرىشكە ئەۋەتىلدى. ئۇ داجىن تېغىدا تاردۇشنى يولۇقتۇردى، تاردۇش جەڭ قىلمايلا قاچتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئوغلى قۇلبانى قۇملۇقنىڭ شەرقىدىن بۇمىنغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. سۈي پادىشاھى ۋېندى يەنە بۇمىننىڭ مۇھىم ئۆتكەللەرنى مۇداپىئە قىلىشىغا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتكەچكە، قۇلبا قۇملۇققا چېكىندى. بۇمىن ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بۈيۈك سۈي سۇلالىسىنىڭ مۇقەددەس مۇيۇەن قاغانى⑯ نىڭ خەير - ئېھسانىدىن پۇقرالار نەپ ئالغاچقا،



ئۇلار چىن قەلبىدىن ئىتائەت قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەددىچىننىڭ ئىچىگە كىردى، بەزىلىرى بەيداۋچۇەندە ماكانلاشتى. مەن رامغان قۇرۇغان دەرەخ قايتا كۆكلىگەندەك، قۇرۇپ قالغان سۆڭەك قايتىدىن ئەتلىك بولغاندەك بولدۇم. مەن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، ئۇزاق مۇددەت بۈيۈك سۈي سۇلالىسى ئۈچۈن قوي، ئات بېقىپ بېرىمەن».

رېنشۇ 1 - يىلى (مىلادىيە 601 - يىلى) دەيجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغى خەن خۇڭ خېڭئەندە تۈركلەردىن مەغلۇپ بولدى. ياڭ سۇغا يۈنجۇ ئايمىقىنىڭ ھەربىي يۈرۈشى سەركەردىسى بولۇپ، بۇمىن قاغاننى باشلاپ شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلىش بۇيرۇق قىلىندى. بۇمىنغا بەيئەت قىلىشقا باشلىغان قوشۇر قاتارلىق قەبىلىلەر شۇ ۋاقىتتا كەلگەندە ئىسيان كۆتۈردى. ياڭ سۇنىڭ قوشۇنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشقانىدى. دەل شۇ چاغدا، تۈركلەردىن ئاۋۇسىل ئېركىن قاتارلىقلار جەنۇبتا خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇمىن قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى ئەر - ئاياللارنى، مال - چارۋىلارنى بۇلاپ كەتتى. ياڭ سۇ بۈيۈك سانغۇن لياڭ مونى باشلاپ ئاۋۇسىل ئېركىننى قوغلاپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇ بۇلاپ كەتكەن ئادەم، چارۋىلارنى تارتىۋېلىپ بۇمىن قاغانغا بەردى. ياڭ سۇ يەنە دۆلەت ئەركانى جاڭ دىڭخې، بۈيۈك سانغۇن ليۇشېڭلارنى باشقا يولدىن ئۇلارغا توسۇپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار ئېركىننىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ قايتىپ كەلدى. سۈي سۇلالىسى قوشۇنى خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە، دۈشمەنلەر يەنە بۇمىن قاغاننىڭ قەبىلىلىرىدىكىلەرنى بۇلىدى. ياڭ سۇ قىران چەۋەنداز سانغۇن فەن گۈينى باشلاپ، كۇجيې جىلغىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا يەنە دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلدى.

شۇ يىلى، ئىنال قاغان بىلەن يابغۇ تېلىلاردىن مەغلۇپ بولدى. بىلگە قاغاننىڭ قەبىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا

مالىمانلىشىپ كەتتى. قۇمۇق، ئەقشىد قاتارلىق بەش قەبىلە سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كۆچتى. بىلگە قاغان تۈيغۇنلارغا ئەل بولدى. بۇمىن قاغان بىلگە قاغان قەبىلىسىدىكىلەرنى ئۆز ئىلىكىگە ئالدى. بۇمىن قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

دايې 3 - يىلى (مىلادىيە 607 - يىلى) سۈي پادىشاھى ياڭدى يۈلىنگە باردى. بۇمىن قاغان بىلەن مەلىكە يىچېڭ سۈي پادىشاھى ياڭدىنىڭ ۋاقىتلىق بارگاھىغا سالامغا كەلدى ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 3000 ئات ھەدىيە قىلدى. سۈي پادىشاھى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بۇمىنغا 13 مىڭ توپ يىپەك رەخت ئىنئام بەردى. بۇمىن بىلەن مەلىكە يىچېڭ ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ مۇنداق دېدى: «بۇرۇن مۇقەددەس پادىشاھ مويۇەن قاغان ھايات چېغىدا بىزلەرگە ھىمايىچى بولغان ھەمدە مەلىكىگە «ئەنىي» دەپ نام بەرگەنىدى. مېنىڭ ئەۋلادلىرىم مۇقەددەس پادىشاھنىڭ ھىممىتىگە ۋە شاپائىتىگە نائىل بولغاچقا، ئاكا - ئىنىلىرىم ھەسەتخورلۇق قىلىپ بىرلىكتە مېنى قەتلى قىلىشنى قەستلىگەنىدى. شۇ چاغدا مېنىڭ بارار يېرىم بولمىغاچقا، ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدىم. مۇقەددەس پادىشاھنىڭ گېپى ئېسىمگە كەلگەچكە، سۈي سۇلالىسىگە بېقىنىپ، جېنىمنى سۈي سۇلالىسىگە تاپشۇردۇم. مۇقەددەس پادىشاھ مېنىڭ بەيئەت قىلغانلىقىمنى كۆرۈپ، ھايات - ماماتىمغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ماڭا پاناھ بولدى ۋە بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى كۈتتى. مېنى چوڭ قاغان بولۇشقا ئەۋەتتى. تۈرك پۇقرالىرىنىڭ ئۆلگەنلىرىدىن باشقىلىرى مېنىڭ ئەتراپىمغا جەم بولۇپ، ماڭا پۇقرا بولدى. پادىشاھ ئالىيلىرى ھازىرمۇ مۇقەددەس پادىشاھ ھايات چاغدىكىدەك مېنى قاغان قىلدىلا، مېنى ۋە تۈرك پۇقرالىرىنى باقتىلا. بىزگە قىلىنغان شاپائەت ئەمەلىيەتتە بۇرۇنقىدىن ئازايمىدى. پادىشاھ ئالىيلىرى ھەقىقەتەن مېنىڭ قەدرىمنى قىلدىلا، شۇڭا چوڭ ئەلگە بەيئەت



قىلىشنى، كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى ئۆتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭكىگە ئوخشاش قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز». سۈي پادىشاھى ياڭدى بۇمىننىڭ تەلىپىنى ئەمەلدارلارنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويدى. ئەمەلدارلار بۇمىننىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇشنى ئۆتۈنۈۋىدى، پادىشاھ بۇ پىكىرنى توغرا تاپمىدى. ئۇ: «ئاقىللار كىشىلەرنى تەربىيىلىگەندە، ئۆرپ - ئادىتىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بىز قانداقمۇ ئۇلاردىن پەشمىز كىيىم كىيىشنى تەلەپ قىلىمىز، قانداقمۇ ئۇلارنى قورال - ياراق بىلەن تىزگىنلىمەكچى بولىمىز؟» دېدى. ئوردا پادىشاھنىڭ نامىدا جاۋاپ مەكتۇپ يوللاپ، قۇملۇقنىڭ شىمالى تېخى تىنچلانمىدى، ئۇ يەردە يەنە جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سىلەر ھەقىقىي بەيئەت قىلساڭلارلا بولدى، كىيىم - كېچەكلىرىڭلارنى ئۆزگەرتىش ھاجەتسىز، دېدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى مىڭ كىشىلىك چېدىر گاھقا بېرىپ، بۇمىن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 3500 ئاقساقالغا زىياپەت بەردى. بۇمىنغا 2000 توپ يىپەك رەخت، قول ئاستىدىكىلەرگە دەرىجىسىگە قاراپ ئىنئام بەردى. ئۇ يەنە بۇمىننى ماختاپ، ئۇنىڭغا ھارۋا، ئارغىماق، ناغرا - سۇناي، تۇغ ئىنئام بېرىشنى، مۇراسىم، تاۋاپ قىلىش سورۇنلىرىدا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرماسلىقنى يارلىق قىلدى. بۇمىننىڭ ئورنى بەگ - خانلاردىن ئۈستۈن بولدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى يۈنجۇڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. ئۇ جىنخې دەرياسى ئېقىنىغا قارشى شەرققە مېڭىپ، شىمالدا بۇمىننىڭ بارگاھىغا باردى. بۇمىن قەدەھ كۆتۈرۈپ ئۇنى تەبرىكلىدى ۋە تىزلىنىپ تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. سۈي پادىشاھى ياڭدى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، مۇنداق نەزمە ئوقىدى:

«لۇسەيدە قاداغلىق چوڭ تۇغ - ئەلەم،
قاغان ئوردىسىدىن قايتتۇق يېشىل ھارۋىدا.
چېدىرلىك بارگاھ قاراپتۇ شەرق تامانغا.

مالىمانلىشىپ كەتتى. قۇمۇق، ئەقشىد قاتارلىق بەش قەبىلە سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كۆچتى. بىلگە قاغان تۇيغۇنلارغا ئەل بولدى. بۇمىن قاغان بىلگە قاغان قەبىلىسىدىكىلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. بۇمىن قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇردى.

دايې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 607 ـ يىلى) سۈي پادىشاھى ياڭدى يۈلىنگە باردى. بۇمىن قاغان بىلەن مەلىكە يىچېڭ سۈي پادىشاھى ياڭدىنىڭ ۋاقىتلىق بارگاھىغا سالامغا كەلدى ۋە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 3000 ئات ھەدىيە قىلدى. سۈي پادىشاھى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بۇمىنغا 13 مىڭ توپ يىپەك رەخت ئىنئام بەردى. بۇمىن بىلەن مەلىكە يىچېڭ ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ مۇنداق دېدى: «بۇرۇن مۇقەددەس پادىشاھ مويۇەن قاغان ھايات چېغىدا بىزلەرگە ھىماتچى بولغان ھەمدە مەلىكىگە «ئەنيى» دەپ نام بەرگەنىدى. مېنىڭ ئەۋلادلىرىم مۇقەددەس پادىشاھنىڭ ھىممىتىگە ۋە شاپائىتىگە نائىل بولغاچقا، ئاكا ـ ئىنىلىرىم ھەسەتخورلۇق قىلىپ بىرلىكتە مېنى قەتلى قىلىشنى قەستلىگەنىدى. شۇ چاغدا مېنىڭ بارار يېرىم بولمىغاچقا، ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدىم. مۇقەددەس پادىشاھنىڭ گېپى ئېسىمگە كەلگەچكە، سۈي سۇلالىسىگە بېقىنىپ، جېنىمنى سۈي سۇلالىسىگە تاپشۇردۇم. مۇقەددەس پادىشاھ مېنىڭ بەيئەت قىلغانلىقىمنى كۆرۈپ، ھايات ـ ماماتىمغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ماڭا پاناھ بولدى ۋە بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى كۆتتى. مېنى چوڭ قاغان بولۇشقا ئەۋەتتى. تۈرك پۇقرالىرىنىڭ ئۆلگەنلىرىدىن باشقىلىرى مېنىڭ ئەتراپىمغا جەم بولۇپ، ماڭا پۇقرا بولدى. پادىشاھ ئالىيلىرى ھازىرمۇ مۇقەددەس پادىشاھ ھايات چاغدىكىدەك مېنى قاغان قىلدىلا، مېنى ۋە تۈرك پۇقرالىرىنى باقتىلا. بىزگە قىلىنغان شاپائەت ئەمەلىيەتتە بۇرۇنقىدىن ئازايمىدى. پادىشاھ ئالىيلىرى ھەقىقەتەن مېنىڭ قەدرىمنى قىلدىلا، شۇڭا چوڭ ئەلگە بەيئەت



قىلىشنى، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭكىگە ئوخشاش قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز». سۈي پادىشاھى ياڭدى بۇمىننىڭ تەلىپىنى ئەمەلدارلارنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويدى. ئەمەلدارلار بۇمىننىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇشنى ئۆتۈنۈۋىدى، پادىشاھ بۇ پىكىرنى توغرا تاپمىدى. ئۇ: «ئاقىللار كىشىلەرنى تەربىيىلىگەندە، ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بىز قانداقمۇ ئۇلاردىن پەشمىز كىيىم كىيىشنى تەلەپ قىلىمىز، قانداقمۇ ئۇلارنى قورال ـ ياراق بىلەن تىزگىنلىمەكچى بولىمىز؟» دېدى. ئوردا پادىشاھنىڭ نامىدا جاۋاپ مەكتۇپ يوللاپ، قۇملۇقنىڭ شىمالى تېخى تىنچلانمىدى، ئۇ يەردە يەنە جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سىلەر ھەقىقىي بەيئەت قىلساڭلارلا بولدى، كىيىم ـ كېچەكلىرىڭلارنى ئۆزگەرتىش ھاجەتسىز، دېدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى مىڭ كىشىلىك چېدىرگاھقا بېرىپ، بۇمىن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 3500 ئاقساقالغا زىياپەت بەردى. بۇمىنغا 2000 توپ يىپەك رەخت، قول ئاستىدىكىلەرگە دەرىجىسىگە قاراپ ئىنئام بەردى. ئۇ يەنە بۇمىننى ماختاپ، ئۇنىڭغا ھارۋا، ئارغىماق، ناغرا ـ سۇناي، تۇغ ئىنئام بېرىشنى، مۇراسىم، تاۋاپ قىلىش سورۇنلىرىدا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرماسلىقنى يارلىق قىلدى. بۇمىننىڭ ئورنى بەگ ـ خانلاردىن ئۈستۈن بولدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى يۈنجۇڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. ئۇ جىنخې دەرياسى ئېقىنىغا قارشى شەرققە مېڭىپ، شىمالدا بۇمىننىڭ بارگاھىغا باردى. بۇمىن قەدەھ كۆتۈرۈپ ئۇنى تەبرىكلىدى ۋە تىزلىنىپ تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. سۈي پادىشاھى ياڭدى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، مۇنداق نەزمە ئوقۇدى:

«لۇسەيدە قاداغلىق چوڭ تۇغ ـ ئەلەم،
قاغان ئوردىسىدىن قايتتۇق يېشىل ھارۋىدا.
چېدىر ـ بارگاھ قاراپتۇ شەرق تامانغا.

قوغشار تەگرىقۇت باش قويۇپ قىلغاچقا تەزىم،
تۇغ تەگرىقۇتتەك ئارقا ـ ئارقىدىن ئاگا ئەگەشكەن.
چاچلىرىنى تۇگۇشۇپ، قوي گۆشىنى كۆتۈرسەم،
قولقاپلىق قوللىرىدا خانغا قەدەھ سۇنۇشقان.
سورىساڭ خەن شاھىنىڭ ھالى نىچۈك دەپ،
چىقتى ئۇ تەگرىقۇتنىڭ قارارگاھىغا».

سۈي پادىشاھى بۇمىن ۋە ئۇنىڭ مەلىكىسىگە بىردىن ئالتۇن كومزەك ۋە كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، تاۋار ـ دۇردۇن، تېكىندىن تۆۋەن ئەمەلدارلارغا دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلىق ئىنئام بەردى.

ئەسلىدە كوگورى ئۆز ئالدىغا بۇمىن قاغان ھوزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە قىلغانىدى. بۇمىن چېگرا سىرتىدىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىنى يوشۇرۇشقا پېتىنالماي، شۇ كۈنى كوگورى ئەلچىسىنى پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە بۇيرىدى. يارلىق بويىچە، نيۇخۇڭ پادىشاھنىڭ مەقسىتىنى ئىزھار قىلىپ، كوگورى ئەلچىسىگە: «پادىشاھ بۇمىننى ئەل ئۇچۇن سەممىيلىك بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈچ چىقاردى دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ بارگاھىغا باردى. كېلەر يىلى جوجۇن ۋىلايىتىگە بارماقچى. سىز قايتقاندىن كېيىن كوگورى خانىغا تېزراق سالامغا كېلىشنى ئېيتىڭ» دېدى. كوگورى ئەلچىسى بەك قورقۇپ كەتتى. بۇمىن پادىشاھقا ئەگىشىپ، چېگرا رايونلاردىن ئۆتۈپ دېڭشياڭغا كەلدى، پادىشاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ قارام ئېلىگە قايتۇردى. 2 ـ يىلى، بۇمىن شەرقىي پايتەخت لوياڭغا سۈي پادىشاھى ياڭدىغا سالام بېرىشكە كەلدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور ئىلتىپات قىلدى ۋە تېخىمۇ جىق ئىنئام بەردى. شۇ يىلى، بۇمىن كېسەل بىلەن ئۆلدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا ماتەم بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۈچ كۈن ئوردىغا چىقمىدى.

بۇمىننىڭ ئوغلى تۇج شىبى قاغان دەپ ئاتالدى. ئۇ ئوردىغا



مەكتۇپ سۇنۇپ مەلىكە يىچېڭنى خوتۇن قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم، دەپ قوشۇلدى. دايې 11 ـ يىلى (مىلادىيە 615 ـ يىلى) شىبى قاغان شەرقىي پايتەختكە پادىشاھقا سالام بېرىشكە كەلدى. شۇ يىلى، سۈي پادىشاھى ياڭدى فېنياڭ قەسرىگە سالقىنداشقا كەلدى. 8 ـ ئايدا، شىبى قاغان قوۋمىدىكىلەرنى باشلاپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا كېلىپ، سۈي پادىشاھى ياڭدىنى يەنمېن قوۋۇقىدا قورشىۋالدى. ياردەمچى قوشۇن كېلىشكىلا، شىبى قاغان ئۇيەردىن كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇشنى توختاتتى. كېيىنكى يىلى ئۇ يەنە مايىنى بۇلىۋىدى، تاڭ گۇڭى ⑰ زەربە بېرىپ ئۇنى قاچۇردى. سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن نۇرغۇن ئادەم شىبىنىڭ زېمىنىغا بارغاچقا، ئۇ تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى. شىبى قاغان سۈي پادىشاھى ياڭدىنىڭ خانىشى شياۋنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى دىڭشياڭغا ئورۇنلاشتۇردى. شۆجۇ، دۇجيەندې، ۋاڭ شىچۇڭ، ليۇۋۇجۇ، لياڭ شىدۇ، لى گۈي، گاۋكەيداۋ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنى يۇقىرى چاغلاپ ئۆز ئالدىغا كاتتا ناملارنى قوللانسىمۇ، ھەممىسى شىبى قاغانغا بەيئەت قىلدى. ئۇلار شىبى قاغان بەرگەن نامنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچى ماڭدۇرۇپ تۇردى.

غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى تالاچ بولۇپ، تالاچ بىلەن ئىشبارانىڭ زىددىيىتى بولغاچقا، تۈركلەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. تالاچ تەدرىجىي قۇدرەت تاپتى. غەربىي تۈرك زېمىنىنىڭ شەرق تەرىپى ئۆتۈكەن تېغىغا، غەرب تەرىپى كۈسەنگە تۇتىشاتتى. تېلى، ئىغۇزغول ۋە غەربىي يۇرتتىكى قوۋملارنىڭ ھەممىسى غەربىي تۈرك ئېلىگە بېقىناتتى. تالاچنى چۇلۇق تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېلىدىكىلەر يانىشۇ تېكىننىڭ ئوغلى ئىنال قاغاننى تەختكە چىقاردى. ئىنال قاغان

ئۆلگەندە، ئوغلى دامان تەختكە چىقىپ، نىزۇك قارا قاغان دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ئانىسى شياڭ جەمەتىدىن بولۇپ، ئەسلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئىدى. ئۇ دامانىنى تۇغقاندا، ئىنال قاغان ئۆلۈپ كەتتى. دامانىنىڭ ئانىسى يەنە ئىنال قاغاننىڭ ئىنىسى پوش تېكىنگە تەگدى. كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، پوش تېكىن بىلەن خاتۇنى شياڭ بىرلىكتە ئوردىغا باردى. بۇ چاغدا تاردۇش مالىمانچىلىق تۇغدۇرغاچقا، ئۇلار پايتەختتە قېلىپ مۇراسىم مەھكىمىسىدە تۇردى. چۇلۇق قاغاننىڭ ماكانى مۇقىم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاخىرى كۆپرەك ئۇيسۇنلارنىڭ بۇرۇنقى ماكانىدا تۇردى. يەنە ئىككى كىچىك قاغان تىكلىنىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىگە تەۋە قەبىلىلەرنى ئىدارە قىلدى. بىرسى چاش ئېلىنىڭ شىمال تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى ئەللەرنى باشقۇردى. يەنە بىرسى كۇسەنىنىڭ شىمال تەرىپىدە تۇردى. ئۇ يەرنىڭ نامى يۇلتۇز دەپ ئاتىلاتتى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئېلتەبىر، ياغۇندا قاتارلىق ئەل ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان ئەمەلدارلىرى بار ئىدى. باشقا ئەمەلدارلىرى شەرقىي تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇلار ھەر يىلى 5 -، 8 - ئايلاردا يىغىلىپ نەزىر - چىراق ئۆتكۈزەتتى. ھەر يىلى ئەمەلدارلارنى ئاتا - بوۋىلىرى تۇرغان ئۆڭكۈرلەردە نەزىر - چىراق قىلىشقا ئەۋەتەتتى.

دايې يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، چۇلۇق قاغان بۇ ئەلنى باشقۇرۇشقا ئىلاجسىز قالغاچقا، ئېلىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلار تېلىلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشتى. تېلىلار ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. شۇ چاغدا ھەرەم ئاغىسى پېيى جۈ دۇنخۇاڭدا غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى ئەل كىشىلىرىدىن تۈرك ئېلىدە مالىمانچىلىق تۇغۇلغانلىقىنى ئاڭلىدى، يەنە چۇلۇقنىڭ ئانىسىنى سېغىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. شۇڭا ئۇ سۇي پادىشاھى ياڭدىغا



مەكتۇپ يوللاپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. سۇي پادىشاھى ياڭدى جارچى بەگ سۇي جۈنسۇنى پادىشاھنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ، چۇلۇقتىن ھال سوراشقا ۋە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتتى. چۇلۇق ناھايىتى ھاكاۋۇر مۇئامىلىدە بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشنى خالىماي، ئولتۇرغان پېتى پادىشاھنىڭ مەكتۇبىنى ئالدى. سۇي جۈنسۇ چۇلۇققا مۇنداق دېدى: «ئېلىڭىز ئەسلىدە بىر بولسىمۇ، روناق تېپىپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. سىلەر بىر - بىرىڭلارغا ئۆچمەنلىك قىلىپ قارشىلىشىپ، ھەر يىلى جەڭ قىلىشىۋاتىسىلەر. بۇنىڭغا 10 يىل بولغان بولسىمۇ، بىر - بىرىڭلارنى يوقىتالمىدىڭلار. ئېنىقكى، بۇنىڭغا بۇمىن ئېلى بىلەن سىزنىڭ ئېلىڭىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتى تەڭ ئىكەنلىكى سەۋەب بولدى. ھازىر بۇمىننىڭ قوۋمىدا يۈز تۈمەن كىشىلىك قوشۇن بولسىمۇ، ئۇ ئوردىغا كېلىپ پادىشاھقا بەيئەت قىلدى. ئۇنىڭدا سەمىمىي - سادىق قەلب بار. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ چۈنكى ئۇ سىزگە ناھايىتى ئۆچ، يەنە كېلىپ ئۆزى يالغۇز ۋەزىيەتنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ باش ئېگىپ پادىشاھىمىزنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتىدۇ. مەقسىتى خۇاشيا قوشۇنىدىن پايدىلىنىپ، بىرلىشىپ سىزنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. ئەمەلدار ۋە پۇقرالىرىمىز پادىشاھتىن بۇمىننىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ رايىغا ياق دېيەلمەيدۇ. قوشۇن ئەۋەتىش ۋاقتى بەك ئۇزاققا سوزۇلماسلىقى مۇمكىن. ئانىڭىز شياڭ خېنىمنى ئالساق، ئەسلىدە ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئىدى. ھازىر پايتەختتە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سىزنىڭ يوقىتىلىشىڭىزدىن قورقۇپ، ئەتىسى - ئاخشىمى ئوردىدىن كەتمەي زار - زار يىغلىدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ دەرھال قوشۇن ئەۋەتىش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شياڭ خېنىم يەنە ئېگىلىپ -

ئۆلگەندە، ئوغلى دامان تەختكە چىقىپ، نىزۇك قارا قاغان دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ئانىسى شىياڭ جەمەتىدىن بولۇپ، ئەسلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئىدى. ئۇ دامانىنى تۇغقاندا، ئىنال قاغان ئۆلۈپ كەتتى. دامانىنىڭ ئانىسى يەنە ئىنال قاغاننىڭ ئىنىسى پوش تېكىنگە تەگدى. كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، پوش تېكىن بىلەن خاتۇنى شىياڭ بىرلىكتە ئوردىغا باردى. بۇ چاغدا تاردۇش مالىمانچىلىق تۇغدۇرغاچقا، ئۇلار پايتەختتە قېلىپ مۇراسىم مەھكىمىسىدە تۇردى. چۇلۇق قاغاننىڭ ماكانى مۇقىم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاخىرى كۆپرەك ئۈيسۇنلارنىڭ بۇرۇنقى ماكانىدا تۇردى. يەنە ئىككى كىچىك قاغان تىكلىنىپ، ئايرىم-ئايرىم هالدا ئۆزلىرىگە تەۋە قەبىلىلەرنى ئىدارە قىلدى. بىرسى چاش ئېلىنىڭ شىمال تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى ئەللەرنى باشقۇردى. يەنە بىرسى كۇسەننىڭ شىمال تەرىپىدە تۇردى. ئۇ يەرنىڭ نامى يۇلتۇز دەپ ئاتىلاتتى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئېلتەبىر، ياغۇندا قاتارلىق ئەل ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان ئەمەلدارلىرى بار ئىدى. باشقا ئەمەلدارلىرى شەرقىي تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇلار هەر يىلى 5-، 8-ئايلاردا يىغىلىپ نەزىر-چىراق ئۆتكۈزەتتى. هەر يىلى ئەمەلدارلارنى ئاتا-بوۋىلىرى تۇرغان ئۆڭكۈرلەردە نەزىر-چىراق قىلىشقا ئەۋەتەتتى.

دائىي يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، چۇلۇق قاغان بۇ ئەلنى باشقۇرۇشقا ئىلاجىسىز قالغاچقا، ئېلىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلار تېلېلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۆزئارا هۇجۇم قىلىشتى. تېلېلار ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. شۇ چاغدا هەرەم ئاغىسى پېيى جۈ دۇنخۇاڭدا غەربىي يۇرتتىكى هەر قايسى ئەل كىشىلىرىدىن تۈرك ئېلىدە مالىمانچىلىق تۇغۇلغانلىقىنى ئاڭلىدى، يەنە چۇلۇقنىڭ ئانىسىنى سېغىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. شۇڭا ئۇ سۈي پادىشاھى ياڭدىغا



مەكتۇپ يوللاپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. سۈي پادىشاھى ياڭدى جارچى بەگ سۈي جۈنسۇنى پادىشاھنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ، چۇلۇقتىن هال سوراشقا ۋە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتتى. چۇلۇق ناهايىتى هاكاۋۇر مۇئامىلىدە بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشنى خالىماي، ئولتۇرغان پېتى پادىشاھنىڭ مەكتۇبىنى ئالدى. سۈي جۈنسۇ چۇلۇققا مۇنداق دېدى: «ئېلىڭىز ئەسلىدە بىر بولسىمۇ، روناق تېپىپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. سىلەر بىر-بىرىڭلارغا ئۆچمەنلىك قىلىپ قارشىلىشىپ، هەر يىلى جەڭ قىلىشىۋاتىسىلەر. بۇنىڭغا 10 يىل بولغان بولسىمۇ، بىر-بىرىڭلارنى يوقىتالمىدىڭلار. ئېنىقكى، بۇنىڭغا بۇمىن ئېلى بىلەن سىزنىڭ ئېلىڭىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتى تەڭ ئىكەنلىكى سەۋەب بولدى. هازىر بۇمىننىڭ قوۋمىدا يۈز تۈمەن كىشىلىك قوشۇن بولسىمۇ، ئۇ ئوردىغا كېلىپ پادىشاھقا بەيئەت قىلدى. ئۇنىڭدا سەمىمىي-سادىق قەلب بار. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ چۈنكى ئۇ سىزگە ناهايىتى ئۆچ، يەنە كېلىپ ئۆزى يالغۇز ۋەزىيەتنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ باش ئېگىپ پادىشاھىمىزنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتىدۇ. مەقسىتى خۇاشىيا قوشۇنىدىن پايدىلىنىپ، بىرلىشىپ سىزنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. ئەمەلدار ۋە پۇقرالىرىمىز پادىشاھتىن بۇمىننىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ رايىغا ياق دېيەلمەيدۇ. قوشۇن ئەۋەتىش ۋاقتى بەك ئۇزاققا سوزۇلماسلىقى مۇمكىن. ئانىڭىز شىياڭ خېنىمنى ئالساق، ئەسلىدە ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئىدى. هازىر پايتەختتە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سىزنىڭ يوقىتىلىشىڭىزدىن قورقۇپ، ئەتىسى-ئاخشىمى ئوردىدىن كەتمەي زار-زار يىغلىدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ دەرهال قوشۇن ئەۋەتىش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شىياڭ خېنىم يەنە ئېگىلىپ-

پۈكۈلۈپ ئۆزرىخالىق ئېيتتى ھەمدە ئەلچى ئەۋەتىپ سىزگە ئوردىغا كېلىپ بەيئەت قىلىشقا نەسىھەت قىلىشنى، سىزگىمۇ بۇمىنغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇپ خەير - ئېھسان قىلىپ، قائىدە - يوسۇن بىلەن كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغاچقا، ئەلچىنى بۇ يەرگە ئەۋەتتى. سۇلالىمىزگە تەۋە بولۇپ، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىسىڭىز، دۆلىتىڭىز مەڭگۈ تىنچ بولىدۇ، ئانىڭىزمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، شياڭ خېنىم پادىشاھنى ئالدىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىپ، كاللىسى تۈرك قارارگاھىغا ئەۋەتىلىدۇ. بۈيۈك سۈي سۇلالىسى قوشۇنى ئەۋەتىلىپ، شىمالدىكى قارام ئەللەرنىڭ ياردىمىدە ھەممە تەرەپتىن سىزگە زەربە بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەجەل كۈنىڭىز يېقىنلايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشنى راۋا كۆرمەي مېھرىبان ئانىڭىزنىڭ جېنىغا زامىن بولماقچى بولۇۋاتامسىز؟ بەيئەت قىلىمەن دېگەن سۆزنى دېيىشنى راۋا كۆرمەي ھون ئېلى زېمىنىدىن مەھرۇم قالماقچى بولۇۋاتامسىز؟» چۇلۇق بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇدۇكسىرەپ ئورنىدىن تۇردى، كۆز يېشى قىلىپ ئىككى قېتىم تىزلىنىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە پادىشاھنىڭ مەكتۇپىنى ئالدى.

سۈي جۇنسۇ يەنە چۇلۇققا مۇنداق دېدى: «بۇمىن بەيئەت قىلغانلىقتىن، مەرھۇم پادىشاھ ئۇنىڭغا ناھايىتى جىق ئىنئام بەرگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قوشۇنى قۇدرەت تېپىپ، ئېلى بېيىدى. ئەمدىلىكتە سىز كېيىن بەيئەت قىلغانلىقتىن، بۇمىن بىلەن پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىشنى تالىشىسىز. شۇڭا پادىشاھ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، سەمىمىي - سادىق نىيىتىڭىزنى نامايان قىلىشىڭىز كېرەك. ئارىلىق يىراق دەپ ئۆزىڭىز سالامغا بارالمىسىڭىز، بىرەر قېتىم تۆھپە يارىتىپ بەيئەت قىلىش ئىرادىڭىزنى ئىپادىلەڭ». چۇلۇق: «قانداق



قىلىپ تۆھپە يارىتىمەن؟» دەپ سورىدى. سۈي جۇنسۇ: «تۇيغۇن ئېلى بۇمىننىڭ كىچىك ئوغلى باغادۇرشادنىڭ ئانىسىنىڭ قوۋمىدۇر. ھازىر پادىشاھ يەنە مەلىكە يىچېڭنى بۇمىنغا خوتۇنلۇققا بەردى. بۇمىن پادىشاھنىڭ نوپۇزىدىن قورققاچقا، تۇيغۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. تۇيغۇنلار مۇشۇ ۋەجىدىن سۈي سۇلالىسىدىن ئاغرىنىپ قارام بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايدىغان، ئوردىغا ئولپان تاپشۇرمايدىغان بولۇۋالدى. سىز تۇيغۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى ئۆتۈنسىڭىز، پادىشاھ بۇ تەلەپكە جەزمەن قوشۇلىدۇ. خۇاشيالار ئىچكى جايلاردىن، سىز سىرتقى جايلاردىن تۇيغۇنلارغا زەربە بەرسىڭىز، تۇيغۇنلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، سىز ئوردىغا كېلىپ پادىشاھقا سالامغا كىرسىڭىز يولىڭىز ئوچۇق بولىدۇ. شۇ يۈرۈشتىن پايدىلىنىپ ياشانغان ئانىڭىزنى كۆرۈۋالايسىز. شۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ؟» دېدى. چۇلۇق خۇشال بولۇپ، سالام بېرىشكە ۋە ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەلچى ئەۋەتتى.

سۈي پادىشاھى ياڭدى غەربنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. دايې 6 - يىلى (مىلادىيە 610 - يىلى) ياساۋۇل تەپتىش بېگى[18] ۋېي جيې چۇلۇق بىلەن كۆرۈشۈشكە، چۇلۇققا «دادۇبا جىلغىسىدا پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىڭ» دېگەن گەپنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتىلدى. چۇلۇقنىڭ قوۋملىرى بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشكە قوشۇلمىغاچقا، چۇلۇق ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزرە ئېيتتى ۋە باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ كۆرۈشۈشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. سۈي پادىشاھى ياڭدى بۇنىڭدىن غەزەپكە كەلگەن بولسىمۇ، چۇلۇققا ھېچقانداق چارە قوللانمىدى. دەل شۇ چاغدا، چۇلۇق قەبىلىسىدىكى ئاقساقال شېئېر ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. پېي جۇ ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ مۇنداق دېدى: «چۇلۇقنىڭ پادىشاھقا سالام بېرىشكە كەلمەسلىكى ئۇنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىدىن بولغان. يېقىندا بىر ھىيلە بىلەن ئۇنى

ئاجىزلاشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمەن. ئۇنىڭ ئېلى بۆلۈنۈۋېتىلسە، ئۇنى ئاسان تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. شېئىر تۇغلۇقنىڭ ئوغلى، تاردۇشنىڭ نەۋرىسى. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قاغان بولۇپ، غەرب تەرەپنى ئىدارە قىلىپ كەلگەن. ئاڭلىشىمچە، ھازىر ئۇ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمايۋېتىپتۇ ھەمدە چۇلۇققا بېقىنىپتۇ. ئۇ ياردەم ئېلىشنى كۆزلەپ، بىرلىشىش مەقسىتىدە ئەلچى ئەۋەتكەن. مەن ئۇنىڭ ئەلچىسىنى كاتتا كۈتۈۋېلىشنى، شېئىرنى قاغانلىققا تەيىنلەشنى تەكلىپ قىلىمەن. شۇنداق قىلساق، تۈركلەر بۆلۈنۈپ كېتىدۇ - دە، ئىككىلىسى بىزگە ئىتائەت قىلىدۇ». سۈي پادىشاھى ياڭدى ئۇنىڭغا: «ئېيتقانلىرىڭىز دۇرۇس» دېدى. ۋە پېي جۈنى ئەتىسى - ئاخشىمى ئەلچى تۇرۇشلۇق مېھمانسارايغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ۋەز - نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتتى. سۈي پادىشاھى ياڭدى رېنفېڭ قەسرىدە شېئىرنىڭ ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، چۇلۇقنىڭ ئىتائەت قىلمايۋاتقانلىقىنى دارىتمىلاپ ئېيتىپ، شېئىرنىڭ نىيىتى ياخشى، دەپ ماختىدى. پادىشاھ شېئىرنى قاغانلىققا كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ چۇلۇقنى جازالاشقا قوشۇن ئەۋەتىشىنى، ئاندىن شېئىرنىڭ قۇدىلىشىش تەلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پادىشاھ ئاق پۆپۈكلۈك بامبۇك غوللۇق ئوقيانى شېئىرغا ئىنئام قىلدى ھەمدە شۇ پۇرسەتتە ئەلچىگە: «سىز بۇ ئىشلارنى سادىقتىن ئېتىلغان ئوقتەك تېز بېرىپ بېجىرىڭ» دەپ ئەسكەرتتى. ئەلچى قايتىشىدا چۇلۇقنىڭ زېمىنىدىن ئۆتتى. چۇلۇق بۇ ئوقيانى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئېلىپ قالماقچى بولدى. ئەلچى ئۇنى ئالداپ ئوقيانى ئۇنىڭغا قالدۇرمىدى. شېئىر بۇ ئەھۋاللاردىن ۋاقىپلىنىپ، ناھايىتى خۇش بولدى ھەم قوشۇن ئەۋەتىپ چۇلۇققا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. چۇلۇق قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، خوتۇن - بالىلىرىنى تاشلاپ، نەچچە مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ شەرققە قاچتى. ئۇلار يولدا يەنە بۇلاڭ - تالاڭغا



ئۇچراپ، قوچۇغا قاچتى ۋە شەرق تەرەپتە شىلومەن تېغىنى ساقلاپ ياتتى. قوچۇ خانى چۈبويا پادىشاھقا بۇ ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ پېي جۈنى شياڭ خېنىمنىڭ يېقىنلىرى ۋە مۇھىم ئادەملىرىنى باشلاپ، يۈمېن قوۋۇقىدىكى جىنچاڭ شەھىرىگە بېرىشقا ئەۋەتتى. پېي جۇ شياڭ خېنىمنى چۇلۇق تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ ئوردىنىڭ كەڭچىلىك قىلىش، شاپائەت كۆرسىتىش ئويىنى يەتكۈزۈشكە، چۇلۇققا ۋەز - نەسىھەت، تەربىيە بېرىشكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. چۇلۇق پادىشاھقا سالام بېرىشكە ئوردىغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا قايىل بولماسلىق ئالامىتى دائىم ئىپادىلىنىپ تۇردى.

دايې 7 - يىلى (مىلادىيە 611 - يىلى) قىشتا، چۇلۇق لىنشو قەسرىدە پادىشاھقا سالام بەردى. سۈي پادىشاھى ياڭدى زىياپەت بېرىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. چۇلۇق سەجدە قىلىپ، مۇنداق ئۆزرە ئېيتتى: «پېقىر غەرب تەرەپتىكى قارام ئەللەرنى ئىدارە قىلىۋاتقاچقا، بالدۇرراق سالامغا كېلەلمىدىم. ئەمدىلىكتە كۆرۈشۈشكە كېلىپ بەك كېچىكتىم. گۇناھىم ئېغىر، كۆڭلۈم غەش بولغاچقا، ھېسسىياتىمنى تولۇق ئىزھار قىلىشقا ئاجىزمەن». سۈي پادىشاھى ياڭدى مۇنداق دېدى: «بۇرۇن تۈركلەر كەينى - كەينىدىن بۇلاڭچىلىق قىلىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغاچقا، خاتىرجەم ياشىيالمىغانىدۇق. ھازىر جاھان تىنچىدى، ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن بولۇپ قالدۇق. مەن ھەممىڭلارنى ئامان - ئېسەن كۈتىمەن، ئەقىل - پاراسەتلىك قىلىمەن. ئاسماندا بىرلا قۇياش بولغاچقا، تىنچسىزلىق، نامۇۋاپىقلىق يوق. ناۋادا ئىككى، ئۈچ قۇياش بولغان بولسا، مەۋجۇداتلار تىنچ بولالامتى؟ يېقىندا سىزنىڭ زېمىنىڭىزنى بىر تۇتاش باشقۇرۇۋاتقانلىقىڭىز، ئىشلىرىڭىزنىڭ مۇرەككەپلىكى سەۋەبىدىن بالدۇرراق سالامغا كېلەلمىگەنلىكىڭىزدىن ۋاقىپلاندىم. بۈگۈن سىزنى كۆرۈپ كەيپىياتىم كۆتۈرۈلۈپ

خۇشاللىقتا چۆمدۇم. سىزمۇ كۆڭلىڭىزنى ئازادە تۇتۇڭ». كېيىنكى يىلى يېڭى يىل كۈنى پادىشاھ ئەمەلدارلارنى قوبۇل قىلغاندا، چۇلۇق تەبرىك سۆزى قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئاسماننىڭ ئاستى، يەرنىڭ ئۈستى، كۈن، ئاي نۇر چاچقانلىكى جايدا بىرلا بۈيۈك قاغان بار. بۈگۈن ئايەم كۈنى، بۈيۈك قاغاننىڭ مىڭ ياشقا، تۈمەن ياشقا كىرىشىنى، دائىم بۈگۈنكىدەك تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن». پادىشاھ چۇلۇقنىڭ قۇۋمىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاجىز، كېسەلمەن كىشىنى ئېلىپ قېلىپ، چۇلۇقنىڭ ئىنىسى تارتۇكۇل شاد ئۇلارنى خۇيىنىڭ ۋىلايىتىگە مال بېقىشقا ئورۇنلاشتۇرسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلدى. چۇلۇق پادىشاھقا ئەگىشىپ كوگورىغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئۇنىڭغا ئىسانا قاغان دەپ نام بېرىلىپ، جىق نەرسىلەر ئىنئام قىلىندى. دايې 10 - يىلى (مىلادىيە 614 - يىلى) 1 - ئايدا، مەلىكە شىنيى چۇلۇققا ياتلىق قىلىنىپ، كىمخاپ، 1000 چاپان، 10 مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن ئىنئام بېرىلدى. سۈي پادىشاھى ياڭدى چۇلۇقنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لياۋدۇڭدا ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقتىن بۇ ئىشقا چولىسى تەگمىدى. چۇلۇق دائىم پادىشاھقا ئەگىشىپ، جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. جياڭدۇ توپىلىڭىدا[19] يۈۋېن خۇاجىغا ئەگىشىپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا باردى. يۈۋېن خۇاجى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ پايتەختكە قېچىپ كەلگەندە، شىمالدىكى بەيئەت قىلغان تۈركلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

تېلېلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھونلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - قۇۋملىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، غەربىي دېڭىزنىڭ شەرقىدىن تارتىپ تاغ - جىلغىلارنى بويلاپ جايلاشقان. تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا بۆكە، توڭرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، بۆركلى قاتارلىق قۇۋملار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېركىن دېيىلگەن. يەنە مىڭچىن، تۇرغىيىش، ئىزگىل، غۇن، قوشۇر



قاتارلىق قۇۋملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىككە يارايدىغان 20 مىڭ ئادىمى بار ئىدى. ئېۋىرغولنىڭ غەربى، كىنگىتنىڭ شىمالى ۋە ئاقتاغ[20] ئەتراپلىرىدا چۈبە، بولاغ، ئازلار، سوپو، ناخ، ئوغۇز، خاككاس، ئېرتوش، ئۇنقۇ قەبىلىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىككە يارايدىغان تەخمىنەن 20 مىڭ ئادىمى بار ئىدى. ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدا سىر - تاردۇش، ئاياۋىر، زاپاندىر، داش قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ 10 مىڭدىن كۆپرەك لەشكىرى بار ئىدى. كانگنىيەنىڭ شىمالى، ئېدىل دەرياسى[21] بويلىرىدا ئادىز، گاسار، باخۇ، پىچىنگ، ئارال دېڭىزلىقلار، ھابنىيېچ، چەرچەس، يايىرمو، گوت قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ 30 مىڭدىن كۆپرەك لەشكىرى بار ئىدى. تېنگى دېڭىزنىڭ[22] شەرقىي ۋە غەربىي تەرىپىدە سارۇرغۇر، ساسكىن، مەرچى، سارقىش قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى 8000 دىن كۆپرەك ئىدى. فەرەڭنىڭ شەرقىدە ئاسكىل، ئالانىيلار، باشقىرت، قۇتىرغۇز، خوئۇم قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى 20 مىڭغا يېقىن ئىدى. شىمالىي دېڭىزنىڭ جەنۇبىدا تۇباس قاتارلىقلار بار ئىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئوخشاشمىسىمۇ، ھەممىسى تېلې دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ قەبىلە سەردارلىرى يوق بولۇپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرگە تەۋە ئىدى. بىر جايدا مۇقىم ماكانلاشماي، سۇ - ئوتلاق بويلاپ كۆچۈپ يۈرەتتى. ئادەملىرى قوپال، رەھىمسىز بولۇپ، ئات مىنىشكە، ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا ئىدى. مال - مۈلۈككە نەپسى تويماس بولۇپ، بۇلاڭچىلىق بىلەن جان باقاتتى. غەرب تەرەپكە جايلاشقانلىرى كۆپىنچە ئېكىنچىلىك قىلاتتى. كالىسى كۆپ، يىلقىسى ئاز ئىدى.

تۈرك ئېلى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرق ۋە غەرب تەرەپلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىشتا تېلېلارنىڭ كۈچىدىن

پايدىلىنىپ شىمال تەرەپلەرنى تىزگىنلىدى. كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، جىن بېگى ياڭ گۇاڭ شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، بۇمىننى ئۆزىگە قوشۇپ بىلگە قاغاننى مەغلۇپ قىلدى. تېلېلار شۇ چاغدا تارقىلىپ كەتتى. دايې 6 - يىلى (مىلادىيە 610 - يىلى) تۈركلەرنىڭ چۇلۇق قاغانى تېلې قەبىلىلىرىگە زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مال - مۈلكىنى ئېلىۋالدى. يەنە سىر - تاردۇش قاتارلىقلارغا ھەسەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرىدى ۋە سىر - تاردۇش قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ نەچچە يۈز ئاقساقىلىنى يىغىپ، ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە قەبىلىلەر بىراقلا ئىسيان كۆتۈرۈپ، چۇلۇققا قارشى چىقتى. ئۇلار ئىلتەبىر، ئېركىن چۆبە غالىننى ئىۋجىن باغا قاغانلىققا كۆتۈردى. ئۇ تەڭرىخان تېغىدا تۇردى. ئۇلار يەنە سىر - تاردۇشلاردىن ئېركىننىڭ ئوغلى ئىدۇرنى كىچىك قاغان قىلىپ تىكلىدى. چۇلۇق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنلا باغا قاغان قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. باغا باتۇرلۇق، شىجائەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەچكە، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى رام قىلىۋالدى. قوشنا ئەللەر ئۇنىڭدىن قورقتى. ئىۋىرغول، قوچۇ، كىنگىت قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بېقىندى.

تېلېلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى تۈركلەرنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. پەرقى شۇكى، ئەرلەر توي قىلغاندىن كېيىن خوتۇنىنىڭ ئائىلىسىگە بارىدۇ، پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىنلا ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى يەرگە كۆمىدۇ. بۇلار تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلەردۇر. دايې 3 - يىلى (مىلادىيە 607 - يىلى) تېلېلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ھەدىيە قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەدىيە بېرىش ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

مۇئەررىختىن: ئەتراپتىكى قوۋملارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك



ئۈچۈن بالايىئاپەت بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا ناھايىتى ئۇزاق بولدى. بولۇپمۇ شىمالدىكى دىلار بەك ئەدەپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - قوۋملىرى ھەقىقەتەن مۇرەككەپ ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى بېسىپ چېگرا رايونلاردىكى قەيسەر، كۈچلۈك قوۋم بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا ئۇزاق زامان بولغان بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ بىر مەھەللىك ئىش ئەمەس. مەسىلەن، بەش چوڭ ئاقساقال[23] زامانىدا شۇنيۇلەر [24] بار ئىدى؛ ئۈچ خانلىق دەۋرىدە[25] شيەنيۈن [26] لەر بار ئىدى؛ شەرقىي ۋە غەربىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ھونلار بار ئىدى؛ ۋېي پادىشاھلىقى ۋە جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوغانلار، سىيانپىيلار بار ئىدى؛ كېيىنكى ۋېي ۋە جۇ سۇلالىلىرى زامانىدا جورجانلار، تۈركلەر قۇدرەت تاپتى. ئۇلارنىڭ سەردارلىرى بىر - بىرىگە ۋارىس بولۇپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چارۋىچىلىققا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن، بۇلاڭچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان. ئۇلار تېز كېلىپ، تېز كېتەتتى. قۇشلاردەك يىغىلىپ، بۇلۇتتەك تۇيۇقسىز غايىپ بولاتتى. ئوردىدا پەم - پاراسەتلىك، تەدبىرلىك كىشىلەر ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىشنى مەسلىھەت قىلىشسا، جەڭلەردە ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان ئەمەلدارلار چېگرا - قورغانلاردا ئۇلارغا پىداكارلىق بىلەن زەربە بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى. لېكىن ئىشلارنىڭ مۇقىم قائىدە - يوسۇنى بولمايدۇ، ۋەزىيەت ھامان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ياكى ئاجىزلىقىغا قاراپ بىز بىلەن يېقىن ئۆتۈش - ئۆتمەسلىكنى بېكىتىپ، ئۆزىنىڭ كۈچەيگەنلىكى ياكى زەئىپلەشكەنلىكىگە قاراپ ئىتائەت قىلىش ياكى ئاسىيلىق قىلىشنى قارار قىلىدۇ. ئۇلار زەئىپلەشكەندە ئالدىمىزغا تازىمغا كېلىپ يارىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، كۈچەيگەندە قوشۇن باشلاپ بۇلاڭچىلىققا كېلىدۇ. ئۇلار ھەم باش ئېگەلەيدىغان ھەم ماسلىشالايدىغان بولىدۇ. سۇلالىمىزنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ئۇلارنىڭ زېمىنىغا

يەتمىگەندە، ئەخلاق ـ پەزىلەتمۇ ئۇلاردىن كۆتۈرۈلگەن. ئۇلار پايدا ـ مەنپەئەتنىلا كۆزلەپ، ئەھد ـ پەيمانغا ئېتىبارسىز قارىغاچقا، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشمەي، بىر ـ بىرىنى قوغدىماي، مەككارلىق قىلىپ، بىر ـ بىرىنى بوزەك ئەتكەن. قۇدىلىشىش ئەھدى تۈزۈش ۋە لەشكەر يۆتكەپ جەڭ قىلىش ئىشلىرى توغرىسىدىكى باھالار ئىلگىرىكى تارىخنامىلەردە تولۇق سۆزلەنگەچكە، بۇ يەردە قايتا مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيمىز.

جورجانلار زەئىپلەشكەندە، تۈركلەر قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. مۇقان زامانىغا كەلگەندە، ئۇلار شىمالدا دەۋران سۈردى. ئۇلارنىڭ زېمىنى شەرق تەرەپتە شەرقىي غۇزلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىن دائىرىسىگە، غەرب تەرەپتە ئۈيسۇنلارنىڭ زېمىنىغىچە كېڭەيدى. لەشكىرى نەچچە يۈز مىڭغا يېتىپ، دەيجۇننىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشتى. جەنۇبتا زېمىنى جۇ، چى سۇلالىلىرىنىڭ زېمىنىغا تۇتاشتى. جۇ، چى ئىككى دۆلەت ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمىغاچقا، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش، دوست بولۇشنى تالىشىپ، ئۇلاردىن بىرلىشىشنى، قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. جۇ سۇلالىسى تۈركلەر بىلەن ئىتتىپاقداش بولغاچقا، ئاخىر چى سۇلالىسى مۇنقەرز بولدى. سۇي پادىشاھى ۋېندى سۇلالە يەڭگۈشلىگەندە، تۈركلەر كۆرەڭلەپ كەتتى. ئۇلار پۇقرالىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، چىنجۇ ئايمىقى ئەتراپىنى دەپسەندە قىلماقچى بولدى. ئىچكى قىسىمدا قوۋملىرى بىر ـ بىرىگە تاقابىل تۇرۇش غەرىزىدە بولغاچقا، مالىمانچىلىق ئىچىدە قالدى. تاردۇش قاغان يىراق تامانغا قاچتى. بۇمىن چېگرا قورغانلىرى ئەتراپىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاچقانلارنى يىغىپ، قاچمىغانلارنى مۇستەھكەملەپ، ئۆز زېمىنىغا قايتىپ كېلىپ، قالدۇق كۈچلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ياردەملەشتى. شۇڭا قوۋمى قۇدرەت تاپتى. ئۇ رېنشۇ يىلى (مىلادىيە 601 ـ يىلى) ئۆلدى. تاكى ئۆلگەنگە قەدەر چېگرا



رايونلارغىمۇ بېسىپ كىرمىدى، سۇلالىمىزدىنمۇ يۈز ئۆرۈمىدى. شىبى قاغان دەۋرىگىچە ئۇلارنىڭ بەيئەت قىلىش قائىدە ـ يوسۇنىنى بەجا كەلتۈرۈشى ئازايمىدى. سۇي پادىشاھى ياڭدىنىڭ بەزلەش چارىسى توغرا بولمىغاچقا، پادىشاھ يەنمېن قوۋۇقىدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي توپ ـ توپ قاراقچىلار بىرلا ۋاقىتتا باش كۆتۈرۈپ چىققاچقا، تۈركلەر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ پەيدىنپەي كۈچەيدى. باتۇر ئەزىمەتلەر تۆھپە يارىتىپ ئاتاق قازانغان بولسىمۇ، پۇقرالار دېمىنى ئېلىپ تىرىكچىلىك قىلسۇن، دەپ تۈركلەر بىلەن دوست بولۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەمۇرىي ئورگانلار تەسىس قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە چىشى پاتمىدىغان بولدى. تۈركلەرگە قىز ۋە سوۋغاتلارنى يەتكۈزىدىغانلار يوللاردا كەينى ـ كەينىدىن قاتناپ تۇردى. ئەلچىلەر ئولتۇرغان ھارۋىلار بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ كېلىپ ـ كېلىشتى. قەدىمدىن بۇيان تەۋە ئەللەردىكى تائىپىلەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى، ئۆز سالاھىيىتىگە باقماي يۇقىرى ئۇنۋان ـ مەرتىۋىگە ئېرىشىشى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكىدەك چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ئەمەس.

دانىشمەن كىشىلەرنىڭ رايىغا بېقىپ، يامانلىق ئالامەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىنمۇ، تۈركلەر ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي، كۆڭلىدە يەنىلا سۇلالىمىز بىلەن قارشىلىشىش نىيىتىدە بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياۋۇزلۇقىنى باشلاپ، چېگرا رايونلىرىمىزدىكى توساق ـ تۈرلىرىمىزنى كۆپ قېتىم بۇزدى. يۇنجۇ، دەيجۇ ئايماقلىرىنى رەھىمسىزلەرچە خانىۋەيران قىلىپ، تەييۈەن ۋىلايىتىنى ساراسىمىگە سالدى، جىڭياڭنى خالىغانچە بۇلىدى. ۋېيشۇي دەرياسىنىڭ سۈيىدە ئاتلىرىنى سۇغاردى. تاڭ پادىشاھى تەيزۇڭ ئەپچىل چارە، ئاجايىپ پىلان تۈزۈپ، ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان تىزگىنلەنمەي

كەلگەن تۈركلەرنى بىراقلا يوقاتتى. دەشتى ماكان ۋە غۇزلارنىڭ يۇرتى جۇڭگونىڭ زېمىنى بولدى. يۈجۇدەك نامرات جايدىكىلەرمۇ ئۇپۇس رويخېتىگە كىرگۈزۈلدى. بۇ ئىشلارنى ئىلگىرىكى پادىشاھ - خانلار قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن، كىتابلاردىمۇ بۇنداق ئىشلار خاتىرىلەنمىگەن. مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا، قۇدرەت تېپىش ياكى زەئىپلىشىش دائىم بولغاندەك، ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىدىمۇ ئاقىلانىلىك ياكى ئەخمىقانىلىك بولىدۇ. بىر نەرسىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭكىلا قىلىۋالماسلىق كېرەك. ئاسمان - زېمىن ھەممىنى ئۆزىگە سىغدۇرغاندەك، قانۇنىيەتلىك ئىشلارنىڭ ئۆزگىرىشىنىمۇ سىغدۇرغىلى بولىدۇ. مانا بۇ يولغا قويۇشقا بولىدىغان چوڭ قائىدىدۇر. ئەسلىدە بۇنى بۇ يەردە دېمىسەكمۇ بولاتتى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 10 - توم، 3285 - 3305 - بەتلەر)

---

① ئاباقان دەرياسى ( 阿辅水 ) — يەنسەي دەرياسىنىڭ غەربىدە.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 70 - بەت)

② كېم دەرياسى ( 剑水 ) — ھازىرقى سىبىرىيەدىكى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئۇلۇكېم دەرياسى.

(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 47 - بەت)

③ تۇغلا دەرياسى ( 独洛水 ) — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى تۇلا دەرياسى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 822 - بەت)

④ مۇشيا ( 木峡 ) — ئۆتكەل. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى گۇيۇەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 159 - بەت)



⑤ شىمېن ( 石门 ) — ئۆتكەل. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شۇياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 265 - بەت)

⑥ ۋاڭ خۇي ( 王恢 ) — خەن پادىشاھى ۋۇدى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 108 - يىلى) كرورانغا يۈرۈش قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سەلتەنەت بەگ قىلىپ تەيىنلەنگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، 1056 - بەت)

⑦ بەيداۋ تۈزلەڭلىكى ( 白道川 ) — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى كۆكخوت شەھىرى ئەتراپىدا.

(مۇھەررىردىن)

⑧ شۈەنيۈەن ( 轩辕 ) — يەنى باش ئاقساقال خۇاڭدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، خۇاڭدىنىڭ فامىلىسى گوڭسۇن، ئىسمى شۈەنيۈەن ئىكەن.

(بىر توملۇق «سىيۈەن»، 1641 - بەت)

⑨ چېن شۇباۋ ( 陈叔宝 ) — چېن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى. تەختتە سەككىز يىل ئولتۇرۇپ، ئەيش - ئىشرەت بىلەنلا ئۆتكەن. ئاخىرى سۈي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان.

(«چېننامە» دىن)

⑩ جاۋجۈن ( 昭君 ) — ۋاڭ جاۋجۈن، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئايال. خەن پادىشاھى يۈەندى دەۋرىدە ئوردىغا كىرگەن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 33 - يىلى ئۆز رازىلىقى بىلەن ھون تەڭرىقۇتى قوغشارغا ياتلىق بولغان.

(«خەننامە. پادىشاھ شۈەندى ھەققىدە خاتىرە» دىن )

⑪ مۇراسىم بېگى ( 太常 ) — توققۇز ۋەزىرنىڭ بىرى. نەزىر - چىراغ، قائىدە - يوسۇنلارنى باشقۇرىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 640 - بەت)

⑫ ئالتە يوسۇن ( 六礼 ) — قەدىمكى زاماندىكى نىكاھ ئەدەپ ـ قائىدىسىدە بەلگىلەنگەن ئالتە چوڭ ئىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، ئەلچى ئەۋەتىپ تويلىشىشنى تەلەپ قىلىش؛ قىزنىڭ ئىسمى ۋە تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈننى سوراش؛ چوڭ چاي ئىچكۈزۈش؛ تويلۇقنى يەتكۈزۈش؛ توي ئۆتكۈزىدىغان كۈننى بەلگىلەش؛ يىگىت ئۆزى بېرىپ قىزنى كۆچۈرۈش.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 342 ـ بەت)

⑬ شۇجۇ ئايمىقى ( 朔州 ) — دائىرىسى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شوشيەن ناهىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1514 ـ بەت)

⑭ چىڭجۇ ئايمىقى ( 庆州 ) — دائىرىسى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چىڭياڭ، نىڭشيەن، خۇەنشيەن، خېشۇي، خۇاچى، جېڭنىڭ ناهىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 848 ـ بەت)

⑮ يەنجۇ ئايمىقى ( 燕州 ) — مەركىزى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى چاڭپىڭ ناهىيىسىدە.
( «جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» ، 1226 ـ بەت)

⑯ مويۇەن قاغان ( 莫缘可汗 ) — بۇ يەردە سۇي پادىشاهى ۋېندى ياڭ جيەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 3309 ـ بەتتىكى 38 ـ ئىزاهقا قاراڭ)

⑰ تاڭ گۇڭى ( 唐公 ) — يەنى لى يۈەن. ئۇ دايې 12 ـ يىلى (مىلادىيە 616 ـ يىلى) تەييۈەننى قوغدىغۇچى سانغۇن بولغان. كېيىن ئىسيان كۆتۈرۈپ سۇي سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسىنى قۇرغان.
( «يېڭى تاڭنامە. گاۋزۇ هەققىدە خاتىرە» دىن)



⑱ ياساۋۇل تەپتىش بېگى ( 侍御史 ) — ۋەزىپىسى قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى تەكشۈرۈش، ۋىلايەت، ناهىيىلەرنى نازارەت قىلىش ياكى پادىشاهنىڭ يارلىقى بىلەن پايتەختتىن چىقىپ ئالاهىدە ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 237 ـ بەت)

⑲ جياڭدۇ توپىلىڭى ( 江都之乱 ) — مىلادىيە 618 ـ يىلى سۇي پادىشاهى ياڭ گۇاڭنىڭ جياڭدۇ ۋىلايىتىدە يۈۋېن خۇاجىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
( «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، 470 ـ بەت)

⑳ ئاقتاغ ( 白山 ) — تەڭرىتاغنى كۆرسىتىدۇ.
(مۇھەررىردىن)

㉑ ئېدىل دەرياسى ( 阿得水 ) — هازىرقى ۋولگا دەرياسى.
( «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، 26 ـ بەت)

㉒ تېنگى دېڭىز ( 得嶷海 ) — هازىرقى كاسپىي دېڭىزىنى كۆرسىتىدۇ.
( «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، 18 ـ بەت)

㉓ بەش چوڭ ئاقساقال ( 五帝 ) — رىۋايەتلەردىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە جۇڭگودا ئۆتكەن بەش ئاقساقال، يەنى فۇشى، شېننۇڭ، خۇاڭدى، تاڭ ياۋ، يۈشۈن.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 32 ـ بەت)

㉔ شۈنيۇ ( 獯鬻 ) — شاڭ، جۇ خانلىقى دەۋرلىرىدە ئاساسەن هازىرقى شەنشى ، گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالى ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەبىلىلەر. كېيىن رۇڭلار ياكى دىلار دەپ ئاتالغان.
(بىر توملۇق «سىخەي» ، 822 ـ بەت)

㉕ ئۈچ خانلىق دەۋرى (三代) — شيا، شاڭ، جۇ ئۈچ خانلىق دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 14 ـ بەت)

㉖ شيەنيۈن (猃狁) — «شۈنيۇ» نىڭ باشقىچە يېزىلىشى.
(مۇھەررىردىن)



# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، 100 ـ جىلد

## لى خاۋنىڭ تەرجىمىھالى

لياڭ خانلىقىنىڭ ۋۇجاۋ خانى لى خاۋنىڭ يەنە بىر ئىسمى لى شۈەنشېڭ، ئەركىلەتمە ئىسمى لى چاڭشېڭ بولۇپ، جيەن گۇڭجى لى چاڭنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇغۇلغاچقا، مومىسى لياڭ خېنىم بېقىپ تەربىيىلىدى. كىچىككىدىنلا ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ئىدى. سالماق، زىرەك، كەڭ قورساق، تەققى ـ تۇرقى كېلىشكەن، سالاپەتلىك بولۇپ، كلاسسىك ئەسەرلەرنى پۇختا ئۆگەنگەنىدى. بولۇپمۇ خەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. قۇرامىغا يەتكەندە لەشكەرنىي ماھارەتنى مەشىق قىلدى: سۇنزى①، ۋۇچىلارنىڭ② ھەربىي دەستۇرلىرىنى ئوقۇدى. ئۇ دائىم لۈگۇاڭنىڭ سالنامىچىسى گونۇن ۋە ئۇنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا ئىنىسى سوڭ ياۋ بىلەن بىللە ئۇخلايتتى. بىر كۈنى گونۇن ئورنىدىن تۇرۇپلا سوڭ ياۋغا: «سىز ۋەزىر بولىسىز، لى خاۋ جەزمەن بىر تەرەپنى ئىگىلەپ تەپرىقچىلىك قىلىدۇ. ئۆيىمىزدىكى سېرىق بايتال ئاق قاشقىلىق تايچاق قۇلۇنلىغاندا شۇنداق بولىدۇ» دېدى. لۈگۇاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، دۈەن يې ئۆزىنى لياڭجۇ بېگى دەپ ئاتىغاندىن كېيىن، جاۋۋاڭ خانىنى شياۋگۇ ناھىيىسىگە ھاكىم قىلدى. ئەمما دۇنخۇاڭدىكى مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ ھىماتچىسى فېڭيىلىق گوچيەن، شاجۇ ئايماق مۇلازىمى دۇنخۇاڭلىق سۇشيەن قاتارلىقلار جاۋۋاڭ خانى مۇلايىم، قەيسەر، مېھرىبان، كەڭ قورساق، تۆھپىكار دەپ

قاراپ، ئۇنى شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، دۇنخۇاڭ ۋالىيلىقىغا كۆرسەتتى. جاۋۋاڭ خانى دەسلەپتە ئۇلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلدى. سۇڭ ياۋ دۆەن يىپىنىڭ ھوزۇرىدا ئەمەل تۇتتى. ئۇ خىزمىتىدىن ئىستىپا بىرىپ ئۆيىگە قايتقاندىن كىيىن، جاۋۋاڭ خانىغا: «سىز گونۇن دىگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئاق قاشقىلىق تايچاق تۇغۇلغىلى نەۋاق!» دەپ ۋەز - نەسىھەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، جاۋۋاڭ خانى شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، دۇنخۇاڭ ۋالىيسى بولۇشقا قوشۇلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇزغان سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى ۋە دۆەن يىغا قارام بولدى. دۆەن يې ئۆزىنى لياڭجۇ خانى دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ ئوڭ قانات قوغدىغۇچى سانغۇنى سۇسى دۆەن يىپىنىڭ ھوزۇرىدا جاۋۋاڭ خانىغا سۇيىقەست قىلدى. سۇسى دۇنخۇاڭ ۋالىيسى بولدى. ئۇ چەۋەندازلارنى باشلاپ غەربكە بارغاندا، جاۋۋاڭ خانى قوشۇنىدىكىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، زەربە بىرىپ سۇسىنى قوغلىۋەتتى.

① شۇنىڭ بىلەن، جىنچاڭ ۋالىيسى تاڭ ياۋ ئالتە ۋىلايەتكە خەت - ئالاقە تارقىتىپ، جاۋۋاڭ خانىنى بۈيۈك تۇتۇق، بۈيۈك سانغۇن، لياڭجۇ گۇڭى، چىنجۇ، لياڭجۇ ئىككى ئايماقىنىڭ بېگى، چاڭلارنى قوغدىغۇچى چىرىكچى قىلىپ كۆتۈردى. ئىشلار دۇرۇڭنىڭ بۇرۇنقى يوسۇنى بويىچە بىجىرىلدى. جاۋۋاڭ خانى ئۆزىگە تەۋە جايلاردا مەھبۇسلارنى كەچۈرۈم قىلدى. كىيىنرى يىلنامىسىنى قوللىنىپ، ئاتا - بوۋىلىرىغا ھۆرمەت نامى بەردى. خان مەھكىمىسىنى كىڭەيتتى. ئوڭ - سول دورغاپ، ئەمىر لەشكەر، مۇلازىم كەپتاۋۇل ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلارنى تەيىن قىلدى. زىمىنىنى كىڭەيتىپ، يۈمىن، ياڭگۈەن قوۋۇقلىرىدا لەشكەر تۇرغۇزۇپ قوغدىدى. شەرققە يۈرۈشى قىلىشقا ئۇزۇق - تۈلۈك جۇغلاش ئۈچۈن تېرىقچىلىق دائىرىسىنى كىڭەيتتى. جىڭگۈڭ سارىيىنى سالدۇرۇپ، ئۇ يەردە خانلىقىنىڭ



سىياسىي ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ھەربىي ئىشلارغا دائىر مەلۇماتلارنى كۆزدىن كەچۈردى. رەسىم سىزدۇرۇپ، ماقالە يازدۇرۇپ قەدىمدىن بۇيان ئۆتكەن مۇقەددەس پادىشاھلارنى، دانىشمەن خان - بەگلەرنى، ساداقەتمەن ئەمەلدارلارنى، ۋاپادار پەرزەنتلەرنى، باتۇر ئەربابلارنى، ئىپپەتلىك خوتۇن - قىزلارنى مەدھىيىلەتتى. ئۆزى كىرىش سۆز يىزىپ، قەدىمكىلەرنى ئۆرنەك قىلىشنىڭ رولىنى چۈشەندۇردى. شۇ چاغدىكى لەشكىرىي، مۇلكىي ئەمەلدارلار، بەگ - تۆرىلەرمۇ رەسىم، ماقالىلەر ئارقىلىق غايىسىدىكى ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى مەدھىيىلىدى. كىيىنرى 5 - يىلى (مىلادىيە 404 - يىلى) يىلنامى جيەنچۇغا ئۆزگەرتىلدى. زاكالەتچى خۇاڭ شى، لياڭ شىڭلاردىن جىن سۇلالىسىگە مەخپىي مەكتۇپ ئەۋەتىپ، بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇردى. شۇ يىلى، پايتەختنى دۇنخۇاڭدىن جيۇچۈەنگە يۆتكىدى. جىن سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن مەكتۇپقا جاۋاب بىرىلمىگەچكە، راھىب فاچۈەندىن جىن پايتەختى جيەنيىگە مەخپىي مەكتۇپ يوللاندى. شۇ چاغدا پۇقرالار خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىۋاتقاچقا، جيۇچۈەندە ئابىدىلەرگە خەت پۈتۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، باش مۇدەررىس ليۇ يەنمىڭنى ماقالە يىزىشقا، شاپائەت - پەزىلەتنى مەدھىيىلەيدىغان بىغىشلىمىنى ئابىدىگە پۈتۈشكە ئەۋەتتى. شۇ چاغدا يەنە ئاق بۆرە، ئاق توشقان، ئاق قۇشقاچ، ئاق قىرغاۋۇل قاتارلىقلار باغچىغا يىغىلىپ قىلىنىشتى. ئەمەلدارلار «ئاق رەڭ بەرىكەتنىڭ بىشارىتى، پاك روھتىن پەيدا بولغان. بۇ جان - جانىۋارلار شۇ چاغدىكى ئىناقلىق كەيپىياتىغا تەلمۈرۈپ يىغىلىشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلاھىي نۇر، خاسىيەتلىك يامغۇر چۈشۈۋاتىدۇ. تۈرلۈك گۈل - گىياھلار بىخ سۈرۈپ بولۇق ئۆسۈۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق ئالامەتلىرىدۇر» دەپ ھىسابلاپ، سالنامىچىلارنىڭ بۇ ئىشلار ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇشنى تەلەپ

قىلدى. جاۋۋاڭ خانى بۇ پىكىرلەرگە قوشۇلدى. زۆھرە يۇلتۇزى يىلان مۆچىلىگە توغرا كەلگەن كۈنى تاۋاپ قىلىنىپ، ئەگرى - بۈگرى ئېقىن ئۈستىدە زىياپەت راسلاندى. ئەمەلدارلار تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلارغا شېئىر - نەزمە ئوقۇتۇلدى. جاۋۋاڭ خانى مۇقەددىمە يازدى. جۇگې لياڭنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى «باللارغا يارديمى تېگىدۇ» دېگەن مەقسەتتە كۆچۈرۈلدى. جاۋۋاڭ خانى بىر ئۆمۈر كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلغاچقا، بارلىق پەھلىۋانلارنىڭ قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى. جەڭلەردە قان تۆكمەيمۇ دەۋران سۈرۈشكە يول ئاچتى. دۇنخۇاڭدىن ئىبارەت كونا چېگرا قورغىنىنى رېمونت قىلىپ ياخشىلىدى. جاۋۋاڭ خانى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ۋۇجاۋۋاڭ خانى، ئىبادەتخانىسىغا گاۋزۇ ئىبادەتخانىسى، قەبرىسىگە جيەنشى قەبرىسى دەپ نام بېرىلدى. ۋۇجاۋۋاڭ خانىنىڭ لى تەن، لى شىن، لى راڭ، لى يىن، لى شۈن، لى فەن، لى يۇ، لى خۇڭ، لى تياۋ، لى لياڭ ئىسىملىك ئون ئوغلى بولۇپ، چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان لى تەن بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

كېيىنكى خان لى شىن، يەنە بىر ئىسمى لى شىي بولۇپ، ۋۇجاۋۋاڭ خانىنىڭ 2 - ئوغلى ئىدى. ۋۇجاۋۋاڭ خانى ئۆلگەندىن كېيىن، خان مەھكىمىسىدىكى ئەمەلدارلار لى شىننى ھىمايە قىلىپ تۇتۇق، بۈيۈك سانغۇن، لياڭ گۇڭى، قوشۇمچە لياڭجۇ ئايماقبېگى، چياڭلارنى قوغداش چېرىكچىسى قىلدى. ئۇ ئۆز دائىرىسىدىكى مەھبۇسلارنى كەڭ كۆلەمدە كەچۈرۈم قىلىپ، يىلنامىنى جياشىڭغا ئۆزگەرتتى. ئانىسى يىن خېنىمغا خائىنا دەپ نام بەردى. ئۇ تەختكە چىقىپ 4 - يىلى جۈرچى مونسۇن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئېلى ھالاك بولدى. ۋۇجاۋۋاڭ خانى ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى داۋۋۇدىنىڭ تيەنشىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 399 - يىلى) خانلىق تەختىگە چىقتى. كېيىنكى خان پادىشاھ مىڭيۈەندى تەيچاڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 420 - يىلى)



ھالاك بولغانغا قەدەر خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىنى ئىگىلەپ، جەمئىي ئىككى ئەۋلاد، 21 يىل دەۋر سۈردى. چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغۇل لى جۇڭئېر چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ بېرىپ، سۇڭ سۇلالىسىدە ئەمەل تۇتتى. كېيىن ۋېي سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ، خېڭنۇڭ ۋالىيسى بولدى. ئۇ خان جەمەتىنىڭ 7 - بۇزرۇكۋاردۇر.

كېيىنكى خانىنىڭ ئىنىسى لى راڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى لى شىسۈن بولۇپ، سالماق، ھەققانىيەتچى، كىشىلەرگە ئەقىل - چارە كۆرسىتىشكە ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، قوشۇمچە غەربىي چياڭلارنى قوغدىغۇچى چېرىكچى، دۆلەتكە مەدەتكار سانغۇن، جىنچاڭ - دۇنخۇاڭ ۋالىيسى، شىنشياڭ بېگى دېگەن ئەمەللىرى بار ئىدى. ئۇنىڭغا يەنە قىران چەۋەنداز سانغۇن دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى، ئۆلگەندىن كېيىن «مۇ» دېگەن نام ئېنئام قىلىندى. لى راڭنىڭ ئىنىسى لى يىننىڭ يەنە بىر ئىسمى لى شىجيڭ بولۇپ، جىنچاڭ، دۇنخۇاڭلارغا ۋالىي بولغانىدى. لى يىننىڭ ئىنىسى لى شۈننىڭ يەنە بىر ئىسمى لى شىرۇ بولۇپ، ئىقتىدارلىق، تەدبىرلىك ئىدى. ئۇ جيۇچۈەن، دۇنخۇاڭلارغا ۋالىي بولغان، دۆلەت بالايىئاپەتكە ئۇچرىغاندا قازا تاپقانىدى. لى شۈننىڭ ئىنىسى لى فەننىڭ يەنە بىر ئىسمى لى شىجۇ، ئەركىلەتمە ئىسمى لى ۋۇجياڭ ئىدى. ئۇ باتۇر، قابىلىيەتلىك، مەردلەرچە چارە - تەدبىر تۈزىدىغان كىشى بولۇپ، ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى، چىلىيەن، جيۇچۈەن، جىنچاڭ ۋىلايەتلىرىگە ۋالىي بولغانىدى. لى فەننىڭ ئىنىسى لى يۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى لى شىنىڭ بولۇپ، شىنخەيگە ۋالىي بولغانىدى. لى يۇنىڭ ئىنىسى لى خۇڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى لى شىزەن بولۇپ، ئالدىچى سانغۇن، جۇڭخۇا ئامبىلى بولغانىدى. لى خۇڭنىڭ ئىنىسى لى تياۋنىڭ يەنە بىر ئىسمى لى شىيۈەن بولۇپ، سول قانات سانغۇن بولغانىدى. لى تياۋنىڭ

ئىنىسى لى لياڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى لى شىرۈڭ بولۇپ، ئوڭ قانات سانغۇن بولغانىدى.

لى باۋنىڭ يەنە بىر ئىسمى لى خۇەيسۇ، ئەركىنلەتمە ئىسمى لى يەنسۇن بولۇپ، جىنچاڭ ۋالىيسى لى فەننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ سالماق، ھەققانىيەتچى، باتۇر، باشقىلارنى بەزلەش ـ كۇتۇشكە ماھىر كىشى ئىدى. جەمەتى بالايىئاپەتكە ئۇچرىغاندا، ئۇنى جۇرچى مونسۇن گۇزاڭ شەھىرىگە قاماپ قويدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇ تاغىسى تاڭ چى بىلەن شىمالدىكى ئىۋىرغولغا قېچىپ، جورجانلارغا بەيئەت قىلدى. لى جەمەتىدىن قېپقالغانلار ئۇنىڭغا بېقىنغاچقا، ئۇنىڭ ئادىمى بارغانسېرى كۆپىيىپ 2000 غا يەتتى. لى باۋ ئۇلارنى ئىمكانقەدەر قائىدە ـ يوسۇن بىلەن كۇتۇۋالغاچقا، تېز ئارىدىلا ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشلىدى ھەم دائىم قىساس ئېلىشنى ئۈمىد قىلىدى. دەل شۇ چاغدا، ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى قوشۇن ئەۋەتىپ، دۇنخۇاڭدا جۇرچى ئۇرغۇغا جازا يۇرۇشى قىلدى. جۇرچى ئۇرغۇ شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. لى باۋ ئىۋىرغولدىن جەنۇبقا مېڭىپ، دۇنخۇاڭغا تەۋە بولدى. شەھەر ـ مەھكىمىلەرنى بىنا قىلدۇرۇپ، ئەجدادلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پىلانلىدى. ئىنىسى لى خۇەيدادىن بەيئەت قىلىش سەمىمىيىتى ئىزھار قىلىنغان مەكتۇپنى ئەۋەتتى. پادىشاھ تەيۋۇدى ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى ماختاپ، لى خۇەيدانى چەۋەنداز مەھرەملىككە ۋە دۇنخۇاڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ لى باۋنى ماندات تۇتقۇچى، شىغاۋۇل، غەرب تەرەپنىڭ لەشكىرىي ئىشلار تۇتقۇچى، غەربنى تىنچىتقۇچى بۈيۈك سانغۇن قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ ئوردا ئۇچ ئەمرىنىڭكىگە ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغۇچى، يەنە قوشۇمچە غەربىي رۇڭلارنى قوغدىغۇچى چېرىكچى، شاجۇ ئايماقبېگى، دۇنخۇاڭ گۇڭى بولۇپ يەنىلا دۇنخۇاڭدا تۇردى. تۆتىنچى دەرىجىدىن تۆۋەن



ئەمەلدارلارنى لى باۋ تۈزۈم بويىچە بىۋاسىتە مەنسەپكە تەيىنلىدى. تەيپىڭ جېنجۈن 5 ـ يىلى (مىلادىيە 444 ـ يىلى) ئوردىغا كېلىش بۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ پايتەختتە قېپقېلىپ، تاشقى تەپتىش بېگىلىككە تەيىنلەندى. ئاندىن جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇنلۇققا، بىڭجۇ ئايماق بېگىلىككە يۆتكەلدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىچكى تەپتىش بېگىلىككە تەيىنلەندى. پادىشاھ ۋېنچېڭدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى سىما ۋېنسىنىڭ ئورنىدا خۇەيخۇاڭنى ساقلىدى. ئاندىن شىمالنى تىنچىتقۇچى سانغۇنلۇققا يۆتكەلدى. تەيئەن 5 ـ يىلى (مىلادىيە 559 ـ يىلى) 53 يېشىدا ئۆلدى. ئۇنىڭغا بىر قۇر ئەمەلدارلىق كىيىمى ئىنئام بېرىش، بۇرۇنقى مەنسەپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا يارلىق قىلىندى. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا «شۇەن» دېگەن نام ئىنئام بېرىلدى. ئۇنىڭ لى چېڭ، لى ماۋ، لى فۇ، لى زو، لى گۇڭيې، لى چۇڭ ئىسىملىك ئالتە ئوغلى بولۇپ، لى گۇڭيې بۇرۇنلا قازا تاپقانىدى.

لى چېڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى لى بويې بولۇپ، كىچىك چېغىدىلا چارە ـ تەدبىرلىك ئىدى. بۇرۇن لى باۋ ئوردىغا بەيئەت قىلماقچى بولغاندا، ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنىڭ كۆپى بۇنىڭدىن نارازى بولغانىدى. لى چېڭ شۇ چاغدا ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، لى باۋنى تېز قارار چىقىرىشقا دەۋەت قىلغاچقا، لى باۋ بەيئەت قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. لى باۋ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن لى چېڭنى قۇتلۇقلاش مەكتۇپىنى ئېلىپ ئوردىغا بېرىشقا ئەۋەتتى. ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ئۇنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭغا ھەممىدىن ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، گۇزاڭ بېگى دېگەن مەرتىۋىنى بەردى.

ئوغلى لى جۇڭجيې كىچىك چېغىدىلا مەرد، جەسۇر، چارە ـ تەدبىرلىك ئىدى. سۇي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ يىللىرىدا، كۆپ قېتىم ھەربىي يۈرۈشى باشبۇغى بولۇپ،

تۇركلەرگە زەربە بېرىپ خىزمەت كۆرسەتتى. دۆلەت ئەركانى، ۋۇياڭ گۇڭى، شوجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغى بولدى.

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 10 ـ توم، 3314 — 3317 ـ، 3338 ـ بەتلەر)

---

① سۇنزى (孙子) — ئىسمى سۇن ۋۇ. چۇنچيۇ دەۋرىدە ئۆتكەن ھەربىيشۇناس بولۇپ، چى بەگلىكىدىن. «سۇنزى ھەربىي دەستۇرى» دېگەن 13 بابلىق كىتابنى يازغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1121 ـ بەت)

② ۋۇچى (吴起) — يېغىلىق دەۋرىدە ئۆتكەن ھەربىيشۇناس، ۋېي بەگلىكىدىن. «ۋۇچى» ناملىق 48 بابلىق كىتاب يازغان بولۇپ، بۇ كىتاب كېيىن يوقىلىپ كەتكەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 731 ـ بەت)



مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت مۆمىن تارىمى
ئالىمجان تاھىر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى

ئاپتورى: لى يەنشۇ
«24 تارىخ» تىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر
ماتېرىياللار توپلىمى ـ 6
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا
ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى نەشرگە تەييارلىدى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى شىنلۇ مەتبەئەچىلىك سودا ئىشلىرى
مەركىزى زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 ×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 18.75
2002 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2002 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—2.000
ISBN7—228—07729—6/K.1075
باھاسى: 26.00 يۈەن